شى شۇەن ، جىن چۇنمىڭ

# «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى سىرلار

— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تارىخى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى سىرلار

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



ISBN 7-228-05810-0

ISBN 7-228-05810-0/D·650

شى شۇەن ، جىن چۇنمىڭ

# «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى سىرلار

—— «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ تارىخى

تەرجىمە قىلغۇچى : دىلشات سۇلتان




شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

“文化大革命”简史：维吾尔文/席宣，金春明著；迪利夏提译。— 乌鲁木齐：新疆人民出版社，1999.11

ISBN7—228—05810—0

Ⅰ. 文… Ⅱ. ①席 … ②金…③迪… Ⅲ. 文化大革命 — 研究 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. D652

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第30784号

责任编辑：阿布力米提 · 伊明
封面设计：刘堪海
责任校对：乌麦尔江

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)
新疆新华书店发行
新疆人民出版社微机室排版
新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米 32开本 18.625印张 2插页
2000年8月第1版 2000年8月第1次印刷
印数：1 —— 3,000

---

ISBN7—228—05810—0/D · 650 定价：22.00元

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## مۇندەرىجە

**بىرىنچى باب « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە قوزغىلىشىدىكى سەۋەب ........ 1**

1 . « سول » چىل نەزەرىيە ۋە « سول » چىل ئەمەلىيەتنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى ........ 4

2 . شەخسىي هاكىممۇتلەقلىق ۋە شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى ........ 32

3 . خەلقئارادىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى شيۇ جېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى ........ 56

4 . ئۈچ خىل گىرەلەشمە تەسىرنىڭ يامان هالەتتە تەكرارلىنىشتا چەكتىن ئېشىپ كېتىشى ........ 77

**ئىككىنچى باب « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىشى ........ 100**

1 . بىر ھەيران قالارلىق پىلتە ........ 102

2 . ئومۇميۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ پروگراممىسى ۋە رەھبەرلىك ئورگىنى ........ 125

3 . « قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتۇش » ۋە « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى » نى قاتتىق پىپەن قىلىش ........ 155

**ئۈچىنچى باب ئومۇميۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يۇقىرى دولقۇنى ........ 189**

1 . « شاڭخەي يانۋار ئىنقىلابى » ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە قانات يېيىشى ........ 191

2 . ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرغان فېۋرالدىكى قارشىلىق ........ 209

3 . « خائىن تۇتۇش » غوۋغاسى ئىچىدە پەيدا بولغان ليۇشاۋ
چىغا ئۇۋال قىلىنغان ئەنزە.............................. 234
4 . « پۇتۇن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش قىپقىزىل بولۇشى » ۋە
قاتناشمىغان ئادىمى ئەڭ كۆپ بولغان پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى.............................. 273
**تۆتىنچى باب « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش**
**ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىق ۋە لىن بياۋ ۋەقەسى.............. 301**
1 . « ئىسيانچىلار » غەلىبە قىلغان پارتىيە 9 ـ قۇرۇلتىيى... 302
2 . « كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » يېڭى
قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.................. 316
3 . لۇشەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى......... 339
4 . لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ بەربات بولۇشى...................... 355
**بەشىنچى باب « لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » ۋە « لىن**
**بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش »............................ 367**
1 . « لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » ۋە
جۇ ئېنلەينىڭ « سول » چىللىقنى تۈزىتىشتە كۆرسەت-
كەن تىرىشچانلىقلىرى........................................ 368
2 . 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ خاتالىقىنى داۋاملاشتۇرغان پارتىيىنىڭ
10 ـ قۇرۇلتىيى............................................ 386
3 . شاخلىتىۋېتىلگەن « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن
قىلىش » ھەرىكىتى............................................ 396
**ئالتىنچى باب تەرتىپكە سېلىش بىلەن تەرتىپكە سېلىشقا قارشى تۇرۇش ،**
**« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئاخىرلىششى.............. 420**
1 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشى
ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش.......................... 421
2 . تەرتىپكە سېلىش جەريانىدىكى ئېلىشىش ۋە ئەگرى ـ
توقايلىقلار.................................................... 448
3 . توساتتىن پەيدا بولغان « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

قىلىش ، ئوكچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملىغا قايتۇرما
زەربە بېرىش ھەرىكىتى » ................ 469
4 . جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۇرۇش ، تيەنئەنمېن ۋەقەسى... 485
5 . ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتى ، « تۆت كىشىلىك گورۇھ » نىڭ
تارمار قىلىنىشى ................ 500
**يەتتىنچى باب ئون يىللىق بالايىئاپەتتىن كېيىنكى ئويلىنىش**................ 518
1 . ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى... 518
2 . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۇزۇل - كېسىل ئىنكار
قىلىش كېرەك ................ 542
3 . مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ساۋاق ................ 559
4 . تارىخنىڭ تۆلىمى ................ 580

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بىرىنچى باب

## « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ۋە قوزغىلىشىدىكى سەۋەب

1966 ـ يىلى يۈز بەرگەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » خۇددى تۇيۇقسىز كۆتۈرۈلگەن قۇيۇندەك ، ھەش ـ پەش دېگۈچە پۈتكۈل جۇڭگو زېمىنىنى قاپلاپ ، خەلقنى ئون يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بالايىئاپەت دېڭىزىغا غەرق قىلدى . بۇ بالا ـ قازانىڭ قەيەردىن كېلىپ چىققانلىقىنى كىشىلەر بىلمەيلا قېلىشتى . ئادەتتىكى پۇقرالارنى ئېيتمايلى ھەتتا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمۇ خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە « ھېچ چۈشىنەلمەي ، ئەستايىدىل بولالماي ، ئۇنىڭغا كۈچ قوشالماي » قالدى . كىشىلەر پەقەت ئەڭ ئالىي يولىيورۇق ، مەركەزنىڭ ھۆججەتلىرى ، باشلىقلارنىڭ سۆزلىرىدىن « روھىنى بىلىپ » ، كوچا خەۋەرلىرىدىن « ئەھۋالنى قىياس قىلىپ » يۈرۈشتى . بۇ خىل ئالاھىدە تارىخىي ھادىسە ، يەنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىشىدىنلا چۈشەنگىلى بولمايدىغان تۇس ئالغانىدى .

1976 ـ يىلى جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ جىنايى قىلمىشلىرى پاش قىلىنىپ ، پىپەن قىلىنغاندا ، پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى زاتلار ، چەت ئەللىك ئالىملار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان باھالارنى بەردى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ئۈستىدىكى ئىزدىنىش تەتقىقاتىنىڭ تېخىمۇ قىزىق نۇقتىسى بولۇپ قالدى . كىشىلەر سىياسىي ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت ، خالقئارا كوممۇنىزم

ھەرىكىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن ، ئوخشىمىغان تەرەپ ، بىردەك بولمىغان قاتلاملاردىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ سەۋەبىنى ئىزدەشكە كىرىشتى ، بۇ خىل قىممەتلىك تىرىشچانلىقلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى نىقابلاپ تۇرغان تۇمانلىق پەردىلەرنى ئېچىپ ، كۆپچىلىككە بىر قىسىم سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋىتى ۋە قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى كۆرسىتىپ بەردى .

لېكىن ، مۇلاھىزىلەر ھەرخىل ، مەسىلىلەر كۆپ بولغاچقا ، ھەرقانچە قارىغان بىلەنمۇ ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇرۇن جۇڭگو جەمئىيىتىدە ساقلانغان بارلىق ئىللەتلەر « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يۈز بېرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتەك بىلىندى . ھەتتا بەزىلەر « 50 ـ يىللارنىڭ يولى ( مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ) غا ئېچىلغان يول » دەپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى ، دېيىشتى . ھالبۇكى ، كىشىلەر نەزىرىنى بۇرۇنقى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە سالغىنىدا ، جۇڭگو جەمئىيىتىدە مەۋجۇت ئاساسلىق نۇقسانلارنىڭ ، يەنى مەسىلەن ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ قاتماللىقى ، ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىشى ، شەخسكە چوقۇنۇشتەك ئىشلارنىڭ باشقا بۇرۇنقى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىمۇ بارلىقىنى كۆرۈشتى ، پەقەت ئۇلارنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى ۋە دەرىجىسىلا ئوخشىمايتتى . ئۇ دۆلەتلەردە گەرچە بەزى قالايمىقانچىلىقلار بولغان بولسىمۇ ، ئەمما « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بولمىغانىدى . جۇڭگودىكى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالاھىدە مەزمۇنى بار ئىدى : ئۇ سوتسىيالىزم شارائىتىدا ، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ داھىيسى ئۆزى قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان ، ئاتالمىش « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » نى يېتەكچى قىلغان ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار چىقىرىپ ، پۈتۈن خەلقنى قاتنىشىشقا چاقىرىق قىلغان ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتەك مۇقەددەس نۇرلۇق چەمبەر تاج قىلىنغان ، ھەرىكەتنىڭ مۇھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇقتىسى ئاتالمىش پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بولغان، «بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» خاراكتېرىنى ئالغان سىياسىي چوڭ ئىنقىلاب بولۇپ، مىليونلىغان ئاممىنى تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە قوزغىتىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قاراڭغۇ تەرەپىنى ئېچىش، ھوقۇقنى ئومۇمىيۈزلۈك تارتىۋېلىش شەكلىنى ئالغانىدى. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇنداق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى مىسلى كۆرۈلمىگەن، جۇڭگونىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدىكى ئالاھىدە مەھسۇلى ئىدى.

تارىخشۇناسلىقنىڭ ئىلمىي قىممىتى، ئەمەلىي تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا كونكرېتنى تارىخىي جەريان ئۈستىدە تەتقىق ئېلىپ بېرىپ، ماھىيەتلىك، قانۇنىيەتلىك تونۇشنى كۆرسىتىپ بېرىپ، ئۇنى ئەينەك قىلىشتىن ئىبارەت. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدەنگەندە، شۇ چاغدىكى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى تارىخىي جەريانلار ئۈستىدە كونكرېتنى تەھلىل ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن كونكرېتنى، مۇھىم سەۋەبنى تېپىپ چىقىش كېرەك. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بۇرۇنقى جۇڭگو جەمئىيىتىدە ساقلانغان ھەرخىل ئىللەتلەرنى ئەمەلىي مىسال قىلىپ، ئۇنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا باغلىغاندا، بەزىبىر سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرگىلى، ئادەملەرنى قوزغاتقىلى ۋە تەربىيە بەرگىلى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا نېمە ئۈچۈن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» جۇڭگو خەلقىنىڭ بېشىغا كەلگەنلىكى ھەققىدە تارىخىي، ئىلمىي جاۋاب بەرگىلى بولمايدۇ.

پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 – ئومۇمىي يىغىنىنىڭ «دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى» دا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قوزغىلىش سەۋەبى ئۈستىدە ئىلمىي ھۆكۈم چىقاردى. ئۇن نەچچە يىللىق ۋاقىتنىڭ سىنىقى بۇ ھۆكۈملەرنىڭ تارىخىي رېئاللىققا ئۇيغۇن، چوڭقۇر، توغرا مۇقىملاشتۇرغان، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى تەت-

قىلىشتا يېتەكچى قىلغىلى بولىدىغان نوپۇزلۇق ھۆججەت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » جۇڭگونىڭ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتىدا يۈز بەرگەن ، بىزنىڭچە بۇ خىل ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنى تۆۋەندىكىدەك ئۈچ جەھەتتىن چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

## 1 . « سول » چىل نەزەرىيە ۋە « سول » چىل ئەمەلىيەتنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى

**دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە بەرگەن خاتا ھۆكۈمدىن باشلانغان**

بۇ يەردە ئېيتىلغان « سول » چىل نەزەرىيە ۋە « سول » چىل ئەمەلىيەت 1957 ـ يىلىدىن كېيىنكىگە قارىتىلغان . نېمىشقا 1957 ـ يىلىنى چەك قىلىمىز ؟ چۈنكى ، 1956 ـ يىلى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش تاماملىنىشتىن بۇرۇن جۇڭگو بىر سىنىپىي جەمئىيەت ئىدى . ئۇ چاغدا پارتىيە ئىچىدە كۆرۈلگەن « سول » چىل خاتالىق ئاساسەن ، دۆلىتىمىزنى دۈشمەن دەپ بىلىش ، زەربە بېرىش دائىرىسىنى كېڭەيتىۋېتىش ، ئىتتىپاقداشلىرىمىزنى ئازايتىۋېتىش ؛ كۈرەش جەريانىدا نامۇۋاپىق تاكتىكا ۋە ۋاستە قوللىنىش قاتارلىقلاردا كۆرۈلگەنىدى . ئۈچ چوڭ ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن ، جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ سۇبيېكتىپ ئەھۋالى ۋە ئاساسىي زىددىيەتتە تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسىدىمۇ تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولدى ، يەنى « كونا دۇنيانى پاچاقلاپ تاشلاش » دىن « يېڭى دۇنيانى بەرپا قىلىش » قا ئۆزگەردى . شۇڭا ، 1957 ـ يىلىدىن كېيىنكى « سول » چىل خاتالىق ئاساسەن ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش باسقۇچلىرى ھەققىدىكى تونۇشتا ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەشنى قانداق توغرا تونۇش ۋە ھەل قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەردە ئىپادىلەندى . بۇ چاغدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

« سول » چىل نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت ، بۇرۇنقىسى بىلەن تونۇش مەن-بەسى ۋە تارىخىي مەنبە قاتارلىق جەھەتلەردە ئالاقىسى بولسىمۇ ، سوۋېيېتنىڭ ئىجتىمائىي شارائىت ۋە نەزەرىيە ، ئەمەلىيەتنىڭ مەزمۇنى جەھەتتە چوڭ ئوخشىماسلىقلا ئىگە ئىدى . بۇ پەرقنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قايسى خىل « سول » چىللىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەتنىڭ يامانلىششى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقىنى بىلىۋېلىشىمىزدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە .

ئوبيېكتىپ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىن قارىغاندا ، 1957 ـ يىلدىن كېيىنكى پارتىيە ئىچىدىكى « سول » چىل ئىدىيىنىڭ ئەۋج ئېلىشى ھەقىقەتەنمۇ دۆلەت ئىچىدىكى سىنىپىي ۋەزىيەتنى نامۇۋاپىق مۆلچەرلەش ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە خاتا ھۆكۈم چىقىرىشتىن باشلانغان .

ئەسلىدە جۇڭگو زېمىنىدە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك تۈزۈمىگە بولغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغاندىن كېيىن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۆز ۋاقتىدا توغرا قارار چىقىرىپ ، ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدىكى زور سىياسەتنى ئوتتۇرىغا قويدى . 1956 ـ يىلى ئېچىلغان جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان سىياسىي دوكلات توغرىسىدىكى قاراردا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : « ئېلىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئەمدى خەلقنىڭ ئىلغار سانائەت دۆلىتى قۇرۇش تەلىپى بىلەن قالاق يېزا ئىگىلىك دۆلىتىدىن ئىبارەت رېئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ، خەلقنىڭ ئىقتىساد ، مەدەنىيەتنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ھازىرقى ئىقتىساد ، مەدەنىيەتنىڭ خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمىغانلىقى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بولۇپ قالدى . بۇ زىددىيەتنىڭ ماھىيىتى دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغان ئەھۋال ئاستىدا ، يەنى ئىلغار سوتسىيالىستىك تۈزۈم بىلەن قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتتىن ئىبارەت . » دۆلەت ئىچىدىكى زىد-

دىيەتنى بۇنداق ئىپادىلەشنىڭ خەت يۈزىدە تازا توغرا بولمىغان يەرلىرى بار . بىرىنچىدىن ، ئۇ كىشىلەردە ئوكتەبىردىن كېيىن قۇرۇلغان سوتسىيالىستىك تۈزۈم ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ ، دېگەن ئۇقۇمنى پەيدا قىلىپ قوياتتى ، ئەمەلىيەت بولسا ئۇنداق ئەمەس . ئۇنىڭدىن باشقا بىر خىل ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىقى ، ئىلغارلىقى ، ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ماسلىشىشى ھەم ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشىدە ئىپادىلىنىشى كېرەك ، ئۇنداق بولمايدىكەن ، ئۇنىڭ ئىلغارلىقىدىن گۇمانلىنىشقا توغرا كېلىدۇ ، قانچە يوغان ، قانچە ئومۇمىي بولسىلا شۇنچە ئىلغار بولغان بولمايدۇ . ئىككىنچىدىن ، ئۇ كىشىلەردە ئوكتەبىرلا بىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىز مۇكەممەللىشىپ بوپتۇ ، ئىسلاھ قىلىش ، تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەسكەن ، دېگەن ئۇقۇم پەيدا قىلىپ قوياتتى . گەرچە « 8 ـ قۇرۇلتاي » نىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنى ئىپادىلىشىدە خەت جەھەتتە تازا توغرا بولمىغان يەرلىرى بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ئىپادىلىگەن ئاساسىي روھ توغرا ئىدى ، كىشىدە ئېنىق بىر تونۇش پەيدا قىلالايتتى . يەنى ، بۇنىڭدىن كېيىن ، پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش .

« 8 ـ قۇرۇلتاي » نىڭ سىياسىي دوكلاتى توغرىسىدىكى قارار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا تەشۋىق قىلىپ يۈرگەنىدەك ، « ليۇ شاۋچى ماۋ زېدۇڭدىن يوشۇرۇنچە قىلغان » مۇ ؟ « سىنىپىي كۈرەش ئۆچتى نەزەرىيىسىنى تەرغىب قىلىدىغان شيۇجېڭجۇيىچە پەتىۋا » مۇ ؟ ئۇنداق ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ليۇ شاۋچى « 8 ـ قۇرۇلتاي » سىياسىي دوكلاتىنى يېزىپ چىقىشقا مەسئۇل بولغان مەزگىلدە نۇرغۇن قېتىم ماۋ زېدۇڭ بىلەن مەسلىھەتلەشكەن ھەمدە ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ئەستايىدىل ئۆزگەرتكەنىدى . ماۋ زېدۇڭمۇ ئوبدان ئۆزگەرتىلىپتۇ دەپ ، دوكلات نۇسخىسىنىڭ تىتولىغا ئۆز قولى بىلەن : « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇرۇلتىيىغا قىلغان سىياسىي دوكلاتى » دەپ يېزىپ ، ئاستىغا « ليۇ شاۋچى » دېگەن خەتنىمۇ يېزىپ قويغانىدى . 8 ـ نۆۋەتلىك ئومۇمىي يىغىندا ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلاتنى « ناھايىتى ئوبدان بىر تېزىس بوپتۇ » دەپ ماختىغانىدى .

« 8 ـ قۇرۇلتاي » مەزگىلىدە سىياسىي دوكلات ھەققىدىكى قارارنىڭ لايىھىسىدىكى ئاساسىي زىددىيەتنىڭ خەت بىلەن ئىپادىلىنىشىگە ماۋ زېدۇڭ ھەقىقەتەنمۇ قايتا ئويلىشىپ كۆرۈش كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەنىدى . مەسىلەن ، ئۇ ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ماھىيىتىنى كۆپرەك ئادەم بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ زىددىيىتىدىن يىغىنچاقلاش كېرەك ، دەپ تونۇغان . بۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇ كۆپ قېتىم بارلىق ئاكتىپ ئامىللارنى قوزغاپ ، ھەرخىل زىددىيەتلەرنى ئوبدان بىر تەرەپ قىلىپ ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ « تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلايلى » ، « يەر شارىغا ئۇرۇش ئېلان قىلايلى » دېگەندەك پىكىرلەرنى بەرگەنىدى . ئەمما ئۇ نەزەرىيە جەھەتتىن يىغىنچاقلىمىغانىدى ، بۇ ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پىكرى تېخى پىشىپ يېتىلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ئۆزگەرگەنلىكىدەك نېگىزلىك مەسىلىدە ، ئۇنىڭ مەركەزدىكى باشقا رەھبەرلەر بىلەن كۆز قارىشى بىردەك ئىدى . سىياسىي دوكلاتنىڭ لايىھىسىنى قاراپ چىقىشتا ، ئەگەر ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ زىددىيىتىنى كۆرسەتسەك ، كىشىلەر ئاسانلا ئەمەلىي مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان تۇرلۇك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرگە سەل قاراپ قالىدۇ ، دېگەن بىرلا پىكىر چۈشكەنىدى ، ماۋ زېدۇڭ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ ، ئازراق مەجبۇرىي ھالدا بولسىمۇ ، « 8 ـ قۇرۇلتاي » سىياسىي دوكلاتى توغرىسىدىكى قاراردىكى مەزمۇنغا قوشۇلغان .

« 8 ـ قۇرۇلتاي » دىن كېيىن ، دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ۋەنگرىيە ۋەقەسى ① يۈز بەردى . غەرب دۆلەتلىرى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ، خىروشىشېۋنىڭ مەخپىي دوكلاتىدىن كېيىنكى يەنە بىر قېتىملىق كوممۇنىزمغا قارشى يۇقىرى دولقۇن قوزغىدى . بۇ قېتىملىق بوران ـ

چاپقۇن ئالدىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى ئېغىر ـ بېسىق ، سالماق بولدى . ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ، ماۋ زېدۇڭ بىر مەزگىل « 8 ـ قۇرۇلتاي » نىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتىگە بەرگەن توپ باھاسىنى ئۆزگەرتمىدى . لېكىن ، ماۋ زېدۇڭ ۋېنگىرىيە ۋەقەسىدىن « شەرقىي ياۋروپادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى ئاساسىي مەسىلە سىنىپىي كۈرەشنى ياخشى ئېلىپ بارمىغانلىقىدا » دېگەن ئەڭ توپكى ساۋاقنى يەكۈنلەپ چىقتى ، بۇ ئۇنىڭ كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ۋە ۋەقەلەرنى تەھلىل قىلىشقا ، ھۆكۈم قىلىشقا تەسىر قىلماي قالمايتتى .

ۋېنگىرىيە ۋەقەسىنىڭ يۈز بېرىشى ، ماۋزېدۇڭنىڭ كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ، خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە تۈرتكە بولدى . بۇ مەزگىلدە ماۋ زېدۇڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا بىۋىجىك ۋە باشقا جايلاردا كۆپ قېتىم نۇتۇق سۆزلىدى . ماۋ زېدۇڭ 1956 ـ يىلى ئېلان قىلغان « خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا » دېگەن ئەسىرىدە پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى مەسىلىسىنى نەزەرىيە سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈپ شەرھلىگەن . ئۇ : « بىزنىڭ توپكى ۋەزىپىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشتىن يېڭى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۆزگەردى » دېگەنىدى . بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، تاكى 1957 ـ يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە بولغان كۆز قارىشى يەنىلا « 8 ـ قۇرۇلتاي » قارارىدىكى بىلەن بىردەك ئىدى .

### ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ قاتتىق تەسىرى

ئارىدىن 2 ـ 3 ئاي ئۆتۈپلا ، ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش باشلاندى . ئۇ « بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنىپىي كۈرەش » دەپ تونۇلدى . ئەمەلىيەتتە بۇ « سىنىپىي كۈرەش » نى ئاساسىي جەھەتتىن ئادەملەر كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى . ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش بىر زور تۈركۈم زىيالىيلارنى ، ۋەتەنپەرۋەر دېموكراتىك زاتلارنى ۋە پارتىيىلىك كادىرلارنى خاتا ھالدا « ئوڭچى » قىلىپ قويۇپ ، ئۇلارنى ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى زور بەختسىزلىككە گىرىپتار قىلىپلا قالماي ، يەنە جۇڭگو يەڭى ـ مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىۋەتتى ، « سول » چىل ئىدىيىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ، جۇڭگو جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىغا ۋە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يۈز بېرىشىگە زور تەسىر كۆرسەتتى .

ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا يۈز بەردى . 1957 ـ يىلى 27 ـ ئاپرېلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدىكى يوليورۇق » نى تارقاتتى . « يوليورۇق » تا مۇنداق دېيىلگەنىدى : ئىنقىلاب دەۋرىدىن قۇرۇلۇش دەۋرىگە ئۆتۈشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىش ، پارتىيە ئىچىدە ئەۋج ئېلىۋاتقان بيۇروكراتلىق ، مەزھەپچىلىك ۋە سۇبيېكتىپچىلىقنى يېڭىش ئۈچۈن ، پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك ، چوڭقۇر ھالدا ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىش تولىمۇ زۆرۈر . 30 ـ ئاپرېلدا ماۋ زېدۇڭ ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە مەسئۇللىرىنى ۋە پارتىيىسىز دېموكراتىك زاتلارنى تەكلىپ قىلىپ ، سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلارنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىشنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . 1 ـ ماي كۈنى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ « ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى توغرىسىدا يوليورۇق » ى « خەلق گېزىتى » ۋە باشقا گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىندى . 2 ـ مايدا « خەلق گېزىتى » « نېمە ئۈچۈن ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ بارىمىز » دېگەن تېمىدىكى باش ماقالە ئېلان قىلىپ ، كەڭ ئاممىغا كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ ئىستىل تۈزىتىشىگە ياردەم بېرىش توغرىسىدا چاقىرىق قىلدى . ئۇ چاغدا پۈتۈن مەملىكەتتە كەڭ ئامما پارتىيىگە ئاكتىپلىق بىلەن پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىدى

غان دولقۇن كۆتۈرۈلدى . مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەر سەمىمىي نىـ
يەتتە ئىدى ، لېكىن بەزى جايلاردا ۋە ئورۇنلاردا ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى
ئاز ساندا پارتىيە رەھبەرلىكىگە ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە دۈشمەنلىك
بىلەن قارايدىغان ئۇنسۇرلارنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىلىشقا بولمايتتى . ئۇلار
ۋېنگرىيە ۋەقەسىدىن كېيىنكى خەلقئارادىكى كوممۇنىزمغا قارشى دولـ
قۇننىڭ ئىلھامى بىلەن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىستىل تۈزىتىش ئېلىپ
بارغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ ، پارتىيىنىڭ رەھـ
بەرلىك ئورنىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا ئۇرۇندى . بىر قىسىم ئاما پارتىيىـ
نىڭ ئىستىل تۈزىتىشكە ياردەم بېرىش جەريانىدا ، ئىجتىمائىي تەجرىـ
بىسىنىڭ يوقلۇقى ياكى ئىدىيە جەھەتتىكى ئالدىراقسانلىق تۈپەيلىدىن
بەزى بەك ئۆتكۈر ، ئەمەلىيەتكە تازا ئۇيغۇن بولمىغان سۆزلەرنى قىلىپ
قويدى ، مۇراجىئەت قىلىش ، نامايىش قىلىشتەك پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ
قالدى ، نەتىجىدە بىر مەزگىل قالايمىقانچىلىق تۇغۇلدى . شۇ چاغدىكى
ۋەزىيەتكە قارىتا ماۋ زېدۇڭ دەسلەپتە ئۇنى « بىر مەھەللىك شامالنىڭ
كۆل سۈيىنى دولقۇنلىتىشى » دەپ مۆلچەرلەپ ، ئېغىر ھېس قىلمىغان ؛
ھەتتا ھەرخىل يول ۋە جامائەت پىكرى تەشۋىقاتى ئارقىلىق كۆپچىلىكنى
دادىل ئېچىلىپ ـ سايراشقا رىغبەتلەندۈرگەنىدى . كېيىن ئۇ ۋەزىيەتكە
بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتتى ، « قارا بۇلۇت شەھەر ئۈستىگە بېسىپ
كەلمەكتە » دەپ تونۇپ ، ئەگەر ئۇنىڭغا قايتۇرما زەربە بەرمىسەك ، بەزى
پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋەيران بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ، دېگەن يەرگە
كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، پۈتۈن پارتىيىنى قايتۇرما زەربە بېرىشكە ھەـ
رىكەتلەندۈرۈپ ، كەڭ كۆلەملىك ، ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۈرەشنى قاـ
نات يايدۇردى ، نەتىجىدە ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنى ھەددىدىن ئارتۇق
كېڭەيتىۋېتىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى .

بۇ ئىشتىن ئىككى يىل كېيىن ، يەنى 1959 ـ يىلى ، بىر قېتىملىق
چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاندا ماۋ زېدۇڭ : ۋېنگرىيە ۋەقەسى
بىز ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ ساۋاق . جۇڭگودا نەچچە مىڭ كىچىك ۋېنـ
گرىيە ۋەقەسى بولدى . بۇنداق قىلىش سوتسىيالىزم ئۈچۈن ناھايىتى

خەۋپلىك ، دېگەندى . بۇ سۆزلەردىن ۋېنگرىيە ۋەقەسى ماۋزېدۇڭنىڭ جۇڭگو ئەھۋالىنى مۆلچەرلىشىگە قانچىلىك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ .

ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىلىشى پارتىيە ۋە دۆلەتكە نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى . ئەڭ بىۋاسىتە ھەم ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغىنى ، دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە بولغان خاتا مۆلچەر ۋە دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە بەرگەن ھۆكۈمنىڭ تۈپتۈقسىزدىن ئۆزگىرىشى بولدى . ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش جەريانىدا ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن يوليورۇق ، ماقالە ۋە باش ماقالىلەرنى يېزىپ ، سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىنى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر دەپ يەكۈن چىقاردى . مەسىلەن ، « خەلق گېزىتى » نىڭ 1 ـ ئىيۇل ئۇچۇن يازغان باش ماقالىسى « نۇر گېزىتىنىڭ بۇرژۇئا يۆلىنىشى پىپەن قىلىنىشى كېرەك » دە ، ئوڭچىلار بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچىلىرى ، دەپ يەكۈن چىقاردى . بۇنداق دېگەنلىك بۇرژۇئازىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە سىنىپ ، دېگەنلىك ئىدى . « 1957 ـ يىلى ياز پەسلىدىكى ۋەزىيەت » دېگەن ئەسىرىدە ماۋ زېدۇڭ : « مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب دەۋرىدە ، كوممۇنىستىك پارتىيىگە قارشى ، خەلققە قارشى ، سوتسىيالىزمغا قارشى بۇرژۇئا ئوڭچىلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ، قارىمۇقارشى ، مۇرەسسە قىلغىلى بولمايدىغان ، ھايات ـ ماماتلىق زىددىيەت » دېگەنىدى .

دەل مۇشۇ بىر قاتار « سول » چىل ھۆكۈملەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، 1957 ـ يىلى سېنتەبىردىن ئۆكتەبىرگىچە ئېچىلغان پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ : « پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ، سوتسىيالىزم يولى بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ، بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق » دەپ جەزملەشتۈرگەن . بۇ سۆز بىر يىل بۇرۇن ئېچىلغان « 8 ـ قۇرۇلتاي » نىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت

توغرىسىدىكى ھۆكۈمدىن تۈپتىن پەرق قىلاتتى . ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلەت
ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدىكى خاتا يەكۈنى بۇ قېتىمقى
ئومۇمىي يىغىننىڭ قوشۇلۇشىغا ئېرىشتى . بۇنىڭ پارتىيىنىڭ ئاساسىي
ۋەزىپىسى ۋە پۈتكۈل سىياسەتلەردە مۇناسىپ ھالدا ئۆزگىرىش پەيدا قى-
لىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى . بۇ زور نەزەرىيە خاتالىقى ۋە سىياسەت خاتا-
لىقى ئىدى .
دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەتكە بەرگەن ھۆكۈمنىڭ ئۆز-
گەرگەنلىكى توغرىسىدا مۇشۇ 3 ـ ئومۇمىي يىغىننىڭ بىر قېتىملىق گۇ-
رۇپپا باشلىقلىرى يىغىنىدا ماۋزېدۇڭ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەنىدى :
« 8 ـ قۇرۇلتاي » ھۆججىتىدە كەڭ كۆلەملىك سىنىپىي كۈرەش ئاسا-
سىي جەھەتتىن ئاخىرلاشتى ، دېيىلگەن ، چۈنكى ئۇ چاغدا بۇرژۇئازىيە
داقا ـ دۇمباق چېلىپ چىقىپ ، رايىشلىق بىلەن بويسۇنغان ، مەسىلە تو-
لۇق ئاشكارىلانمىغانىدى . بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى مەسىلىسى ، ھاللىق
ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ ئىدىيىۋى مەسىلىسى ، بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي
كۈچلىرى ۋە ئىدېئولوگىيە مەسىلىسى ۋە ئۈستقۇرۇلمىدىكى مەسىلىلەرنى
ئۇ چاغدا ئانچە ئېنىق كۆرەلمىگەنىدۇق . بۇ قېتىمقى ئېچىلىپ ـ سايراش-
تا ، بۇرژۇئازىيە ئىسيان كۆتۈرمەكچى بولغاندا مەسىلە ئايدىڭلاشتى .
شۇڭا ، بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتنىڭ زىددىيىتى ئاساسىي زىددىيەت
دېيىش كېرەك . بۇ سۆزدىن ، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئاساسىي زىددىيەتكە بەرگەن خاتا يەكۈنى ، ئوڭ-
چىللارغا قارشى كۈرەشنىڭ ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىلىۋېتىشىنىڭ نەزەرىيە
جەھەتتىكى ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .
خاتا ئەمەلىيەتنى يىغىنچاقلىغاندا ، خاتا نەزەرىيىۋى كۆز قاراش
پەيدا بولغان ، ئۇنى ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىپ ، ئاندىن يەنە نەزەرىيە
دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن ، خاتا نەزەرىيە بالداقمۇ بالداق ئۆرلەۋەرگەن . ئۇ
يەنە ئەمەلىيەتكە يېتەكچى قىلىنغان ، بۇنداق گىرەلەشمە تەسىر ئوڭ-
چىللارغا قارشى كۈرەشتىن باشلانغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بىر قاتار خاتالىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى**

ئاساسىي زىددىيەتكە نىسبەتەن خاتا ھۆكۈم چىقىرىلغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى نەزەرىيىۋى كۆز قاراشتا بىرقاتار خاتا يەكۈنلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى مۇقەررەر ئىدى.

ئالدى بىلەن، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ ئېلىمىز سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىدىكى ئاساسىي زىددىيەت ئىكەنلىكىنى بېكىتىش ئۈچۈن، سوتسىيالىزم شارائىتىدا يەنىلا مۇكەممەل مەنىگە ئىگە بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇش كېرەك ئىدى. 1958 ـ يىلى مارتتا ئېچىلغان چېڭدۇ يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ، دۆلىتىمىزدە ئىككى ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى، ئىككى ئەمگەكچى سىنىپ مەۋجۇت دېگەنىدى. بۇ كۆزقاراش شۇ يىلى مايدا ئېچىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىكى ليۇ شاۋچىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئېنىق مۇقىملاشتۇرۇلغان ھەمدە: ئىككى ئەمگەكچى سىنىپ ئىشچىلار ۋە دېھقانلارنى كۆرسىتىدۇ، ئىككى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ، «بىرى سوتسىيالىزمغا قارشى ئوڭچىلار، ئاغدۇرۇلغان پومېشچىك، كومپرادور سىنىپلار ۋە باشقا ئەكسىيەتچىلەر؛ يەنە بىرى، مىللىي بۇرژۇئازىيە ۋە ئۇلارنىڭ زىيالىيلىرى» دەپ چۈشەندۈرۈلگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن، پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى نوپۇزى بىلەن 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدىكى توغرا يەكۈنىنى ئىنكار قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1956 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاچقان زىيالىيلار مەسىلىسى توغرىسىدىكى يىغىنىنىڭ زىيالىيلارنىڭ تەۋەلىكى ئۈستىدە چىقارغان توغرا ھۆكۈمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى، يەنى زىيالىيلارنىڭ «مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى ھازىر دۆلەت خىزمەتچىسى بولدى، ئۇلار سوتسىيالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتىدۇ، ئۇلار ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمى بولدى» دېگەن يەكۈنىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ زىيالىيلارنى باشقىدىن خاتا ھالدا بۇرژۇئازىيە ئىچىگە كىرگۈزۈپ قويۇشىدىكى سەۋەب ئېنىق ئىدى . ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەتتە 550 مىڭ ئوڭچى ئۇنسۇر بېكىتىلدى ، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىسى زىيالىي ئىدى . ② شۇڭا شۇ چاغدا مۇنداق بىر نەزەرىيە پەيدا بولدى ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىگە نىسبەتەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلىپ ، كونا بۇرژۇئازىيىنىڭ مال ـ مۈلكى تارتىۋېلىندى ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق كۈچى قالمىدى . ھازىر پرولېتارىيات بىلەن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىۋاتقىنى ، ئاساسلىقى بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىلىمى بار ، ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى بىلىمنى تارتىۋالغىلى بولمايدۇ . شۇڭا ، ئۇلارنىڭ بىز بىلەن رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تالىشىدىغان دەسمايىسى بار . زىيالىيلارنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى خاتا ھۆكۈم ، ئوڭچىلارغا قارشى ھەرىكەتتىن ئىبارەت خاتا ئەمەلىيەتتىن كەلگەنىدى .

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە قەدەم قويغان جۇڭگو زېمىنىدا يەنىلا ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى مەۋجۇت دەيدىغان نەزەرىيە ، نەزەرىيە جەھەتتىمۇ زور مۇجمەللىككە ئىگە ئىدى . چۈنكى ، ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپى بويىچە سىنىپ بىر ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ ، ئۇنى پەقەت ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىن ، يەنى سىنىپنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرۇش مۇناسىۋىتىدىن چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى . مانا بۇ سىنىپنى بېكىتىش ۋە پەرق ئېتىشنىڭ ئاساسى . بۇ خىل نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلارنى ماركس ، لېنىن ئاللىقاچان تولۇق ئىسپاتلاپ بولغان ، نەزەرىيە جەھەتتىن گۇمانلىنىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق ، ئەمەلىيەتتىمۇ شۇ بويىچە قىلىنغانىدى . جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت جەريانىدا ، مەيلى يەر ئىسلاھاتى ، ياكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە بولسۇن ، كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىغا ، نېمىنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقىغا ، قانچىلىك ئىگىلەپ تۇرغانلىقىغا ، قانداق ئىشلەتكەن دې-

www.uyghurkitap.com

گەندەك ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا قاراپ سىنىپ تەۋەلىكىنى ئايرىغانىدى . شۇڭا ، دۆلەت ئىچىدە يەنىلا ئىككى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ مەۋجۇت دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغانىدا ، شۇ چاغدىلا ، ئېلىمىزدە يەر ئىسلاھاتى ئېلىپ بېرىلغان ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن تاماملانغان تۇرسا ، يەنە نېمىگە ئاساسەن ئىككى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ مەۋجۇت دەيمىز ، دېگەن سوئال چىققاندى . بۇ چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك سوئال ئىدى .

ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭغا جاۋاب بەرگەندەك بولدى . 1958 ـ يىلى نويابىردا ۋۇچاڭدا ئېچىلغان يىغىندا ئۇ ئىقتىسادىي ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغان سىنىپنى يوقىتىش ئاسان ، بىز ئۇلارنى هازىر يوقاتتۇق دېيەلەيمىز ؛ يەنە بىر خىل سىياسىي ئىدىيىدىكى سىنىپ بار ، ئۇنى يوقاتماق تەس ، ئۇ تېخى يوقىمىدى . بۇنى بىز بۇلتۇر ئىستىل تۈزىتىش جەريانىدا ھېس قىلدۇق ، دېدى . شۇ يىلى نويابىردىن دېكابىرغىچە ئېچىلغان پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى مەزگىلىدە ، ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ نۇتۇق تېزىسىغا مۇنداق دەپ يازغان : ئېكسپىلاتاتسىيىنى ۋە سىنىپنى يوقاتتۇق دەپ ئېلان قىلىشقا ئالدىراپ كەتمەسلىك كېرەك ( ئىدىيىدىكى ۋە سىياسىيدىكى پومېشچىك ، بۇرژۇئازىيە سىنىپى ۋە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە سىنىپى يەنىلا مەۋجۇت ) . بۇ ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا خىلاپ كۆز قاراش ، يەنى ئاتالمىش « ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان سىنىپ » دىن باشقا يەنە « سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىمۇ سىنىپ بار » دەيدىغان خاتا كۆزقاراش ئىدى . بۇ كۆزقاراش بويىچە لوگىكىلىق خۇلاسە چىقارغاندا ، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ھەر زامان ، ھەر جايدا بولۇپ تۇرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك هادىسە ، دەپ تونۇشقا توغرا كېلىدۇ . بۇ نەزەرىيە جەھەتتىكى زور خاتالىق ، سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسىدە تارىخىي ماتېرىيالىزمدىن تارىخىي ئىدېئالىزمغا ئۆتۈپ كېتىشنىڭ باشلى-

نىشى بولۇپ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىش جەريانىدا بارغانچە يامان تەسىرلەرنى پەيدا قىلدى.

بۇ خاتالىق خاتا ئەمەلىيەتتىن كەلگەن. ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتە «بۇرژۇئا ئوڭچى ئۇنسۇرلىرى» نى بېكىتىشمۇ، تارىختىكى ۋە شۇ چاغدىكى كىشىلەرنىڭ ئىپادىسى بويىچە بېكىتىلدى. ھەرىكەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە «ئوڭچى ئۇنسۇرلارنى بېكىتىش ئۆلچىمى» تۈزۈپ، 16 ماددىلىق «ئۆلچەم» بېكىتىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەت مۇتلەق كۆپ ساندىكىلەرنىڭ خاتا بېكىتىلگىنىنى ئىسپاتلىدى. ئادەملەرنىڭ سىنىپىي تەركىبىنى ئايرىيدىغان بىر خىل سىياسىي ئىدىيىۋى ئۆلچەمنى تېپىپ چىقىش، ئىلمىي بولمىغان، شۇنداقلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى ئەھۋالى ئاددىي، ئۆزگەرمەس بولماستىن، بەلكى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئىچى ـ تېشى ئوخشاش بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. سىياسىي ئىدىيە ئەھۋالىغا قاراپ سىنىپ ئايرىشنىڭ ئىلمىي بولمايدىغان يېرىمۇ مانا مۇشۇ يەردە.

ئىككى سىنىپ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت دۆلىتىمىزدىكى ئاساسىي زىددىيەت دەيدىغان كۆزقاراش بېكىتىلگەندىن كېيىن، ئاساسىي زىددىيەتنى تۇتساق، باشقا زىددىيەتلەر ئۆزلۈكىدىن ھەل بولىدۇ، دەيدىغان پەلسەپە كۆزقارىشى بويىچە، سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇش جۇڭگونىڭ سىياسىي تۇرمۇشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي تېمىسى بولۇپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان «سول» چىل ئىدىيە تەدرىجىي ھالدا پارتىيە ئىچىدە، جەمئىيەتتە ئەۋج ئالدى.

### «سول» چىل نەزەرىيىنىڭ ئۆرلەپ كېتىشى

1958 ـ يىلى باشلانغان «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» نىڭ مەزمۇنى گەرچە تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىش بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتىن كېيىنكى «كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رۇش » ، « زىيالىيلار پارتىيىگە قەلبىنى تاپشۇرۇش » ، « قىزىل بايراقنى قاداپ ، ئاق بايراقنى يۇلۇپ تاشلاش » ، « چەتتە قاراپ تۇرغۇچىلار » نى ۋە « كېيىن ھېساب ئالغۇچىلار » نى پىپەن قىلىش قاتارلىقلارنىڭ سىياسىي بېسىمى بىلەن داغدۇغىلىق باشلىنىپ كەتتى . ئۇنى سىياسىي ھەرىكەت قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېز ئىلگىرى سۈرمەكچى بولغان بىر قېتىملىق سىناق دەپ ئېيتىشقىمۇ بولىدۇ . « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ھەرىكىتىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ، « سول » چىل ئىدىيە تازا ئەۋج ئالغان ، « مال ـ مۈلۈكنى ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش شامىلى » تازا كۈچەيگەن بولۇپ ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى . ماۋ زېدۇڭ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار بۇ ئەھۋالغا دىققەت قىلدى . ئىككى قېتىملىق جېڭجۇ يىغىنى ، ۋۇچاڭ يىغىنى ، كېيىنكى شاڭخەي يىغىنىدا « سول » چىللىقنى تۈزىتىش جەھەتتە بەلگىلىك تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئەمما بۇ تۈزىتىشلەرنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بەزىبىر ئەمەلىي خىزمەتلەرگە قارىتىلغان بولۇپ ، ھەرىكەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىگە قارىتىلمىغانىدى . 1959 ـ يىلى ئىيۇلدا ئېچىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا ( لۇشەن يىغىنى ) كەلگەندە ، « سول » چىللىقنى تۈزىتىش بىردىنلا ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇشقا ئۆزگىرىپ ، تېخىمۇ « سول » ھالدا ، پارتىيە ئىچىدىمۇ سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت ، دەيدىغان كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، بۇنىڭ بىلەن « سول » چىللىق نەزەرىيە يەنە بىر دەرىجە ئۆرلەپ كەتتى .

لۇشەن يىغىنى ئېچىلىدىغان چاغدا « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان ئاقىۋەتلەر ناھايىتى روشەن ئاشكارىلىنىپ قالغانىدى . بۇ يىغىن ئەمەلىي خىزمەتتىكى « سول » چىل خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئېچىلغانىدى . يىغىن جەريانىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى پېڭ دېخۇەينىڭ ماۋزېدۇڭغا يازغان خېتى مەزمۇنىنى يىغىنچاق

لىغانىدا ، ئەمەلىي خىزمەتتىكى بەزى « سول » چىل خاتالىقلارنى تۈزە-تىشتىن باشقا ، يەنە يېتەكچى ئىدىيە جەھەتتىكىمۇ « سول » چىللىقنى تازىلاش كېرەك ، دېگەندىن ئىبارەت ئىدى . بۇ خەت مەيلى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى ئىپادىلەش ئۇسۇلى جەھەتتىن بولسۇن ، توغرا ئىدى . بۇ جەھەتتە تارىخ ئالىقاچان خۇلاسە چىقاردى . لېكىن بۇ خەت « ئوگچىل ئاغمىچىلارنىڭ پروگراممىسى » دېيىلىپ ، شۇ چاغدىكى پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى « ئۈچ قىزىل بايراق » ③ دىن گۇمانلانغان ئادەملەرنى بېسىشنىڭ ۋە ئۇلارغا زەربە بېرىشنىڭ ، شۇنداقلا « ئوگچىل ئاغمىچىلارنىڭ غالجىرانە ھۇجۇمى » نى قايتۇرۇشتەك مەملىكەت خاراك-تېرلىك ھەرىكەت قوزغاشنىڭ سەۋەبى بولدى . پېڭ دېخۇەينى پىپەن قىلىشتەك خاتا ئەمەلىيەت ، ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە يەنە بىر يېڭى خۇلاسە چىقىرىشىغا تۈرتكە بولدى . ئۇ بىر تەستىقتا شۇنداق دەپ يازغان : « لۇشەندە بۇ قېتىم كۆرۈلگەن كۈرەش بىر مەيدان سىنىپىي كۈرەش ، ئۇ ئون يىللىق سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب داۋامىدىكى بۇرژۇئازىيە بىلەن پرولېتارىياتتىن ئىبارەت ئىككى قارىمۇ قارشى سىنىپنىڭ ھايات ـ ماماتلىق كۈرىشىنىڭ داۋامى » بۇ ، پارتىيە ئىچىدىكى ئوخشىمىغان پى-كىرلەر ئارا بولغان مۇنازىرىنى خاتا ھالدا سىنىپىي كۈرەش دەپ بىلىپ ، سىنىپىي كۈرەشنى بىۋاستە پارتىيە ئىچىگە ئېلىپ كىرگەنلىك ئىدى .

لۇشەن يىغىنىدىن كېيىنلا ئېچىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا پېڭ دېخۇەي ئۈستىدە خاتا ھالدا پىپەن قوزغىتىلدى ھەمدە لۇشەن يىغىنىدا پېڭ دېخۇەينىڭ كۆز قارىشىغا ئا-ساسىي جەھەتتىن قوشۇلىمەن دەپ پىكىر قىلغان خۇاڭ كېچېڭ ( پار-تىيە مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ، ئازادلىق ئارمىيە باش سەنمۇجاڭى ) ، جاڭ ۋېنتيەن ( پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كان-دىدات ئەزاسى ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ 1 ـ مۇئاۋىن مىنىستىرى ) ، جوۋ شياۋجوۋ ( پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى ، خۇ-نەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ) قاتارلىق يولداشلارنى ئاتال-مىش پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ ، دەپ بېكىتتى . ئومۇمىي يىغىن « يولداش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پىلك دىخۇەي باشچىلىقىدىكى پارتىيىگە قارشى گۇرۇھنىڭ خاتالىقى
تـوغرىسىدىكى قارار » ۋە « پارتىيىنىڭ باش لۇشيەنىنى قوغداپ ، ئوڭـ
چـىل ئاغمىچىلىققا قارشى كۇرەش قىلايلى » دېگەن قارارنى ماقۇللىدى .
ئومۇمىي يىغىن : « ئوڭچىل ئاغمىچىلىق هازىرقى پارتىيە ئىچىدىكى ئاـ
ساسىي خەۋپ بولۇپ قالدى . پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى
ئـىتتىپاقلاشتۇرۇپ ، باش لۇشيەننى قوغداپ ، ئوڭچىل ئاغمىچىلىقنىڭ
هـۇجۇمىنى قايتۇرۇش ، پارتىيىنىڭ نۆۋەتتىكى مۇهىم جەڭگىۋار ۋەزىـ
پىسى بولۇپ قالدى » دەپ تونۇدى .

8 ـ نـۆۋەتـلىك مەركىزىي كومىتېت 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېـ
يىن مەركەزدىن تارتىپ ئاساسىي قاتلامغىچە ئادەم چۆشىنىپ بولمايدىغان
« ئوڭـچىلىققا قارشى » كۇرەش قانات يايدۇرۇلدى . « چوڭ سەكرەپ
ئىلگىرىلەش » تە بەكلا « سول » بولۇپ كەتكەن بەزى كادىرلارمۇ ئۆـ
زىنىڭ « ئوڭچىل » لىقىنى تەكـشـۈردى ؛ « چـوڭ سـەكرەپ ئىلگىرىـ
لەش » ، خەلق كوممۇنىسى قۇرۇش جەريانىدىكى خاتالىقلار توغرىسىدا
بىرنەچچە ئېغىز راست گەپ قىلمىغان ئادەملەر « ئوڭچىل ئاغمىچى ئۇنـ
سۇر » قىلىپ قويۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ، « ئۈچ قىزىل بايراق » مۇقەدـ
دەس ماياك قىلىنىپ ، ئۇنىڭغا قارىتا هېچقانداق تىل تەگكۈزۈشكە بولـ
مايدىغان بولۇپ قالدى .

« ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش » نىڭ باشلىنىشى بىلەن « سول »
چىل خاتالىقلارنى تۈزىتىش ئىشى توختاپلا قالدى ، يەنە ئۆزىمىزنىڭ قىـ
يـىن ئەهۋالدا قېلىۋاتقانلىقىمىزغا قارىماي ، « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىـ
لەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرىمىز » دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى ، نەـ
تىجىدە بىز سۇبيېكتىپ ئىقتىسادىي قانۇنىيەتنىڭ جازاسىغا ئۇچرىدۇق .
مانا بۇ ، ئىقتىسادىي نىسبەت تەڭپۇڭسىزلىشىپ ، ماددىي ئەشيا ئېغىر دەـ
رىـجىدە كەمچىل بولۇش ، خەلق تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىقتا قېلىش ،
نۇرغۇن ئادەم نورمالسىز ئۆلۈپ كېـتـىـشـتەك ئۈچ يىلـلـىق ئېـغىر ئىقـ
تـىسادىي قـىـيىنـچىلـىـق ۋەزىـيـىـتـىـنـىـڭ كېلىپ چىقىشىدىكى
ئاساسىي سەۋەب .

## هالقىلىق رول ئوينىغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى

سىنىپىي سىياسىي ئىدىيىگە قاراپ ئايرىش ۋە پارتىيە ئىچىدىمۇ
سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت دەيدىغان كۆزقاراش ، « سول » چىل نەزە-
رىيىنىڭ بىر مۇھىم ئاساسى . بۇ خىل كۆزقاراش تىكلىنىدىكەن ، كىشى-
لەرنىڭ سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى دىققەت ـ ئېتىبارى كۆپرەك
پارتىيە ئىچىگە مەركەزلىشىدۇ ـ دە ، پارتىيە ئىچىدىكى مۇناسىۋەت جىد-
دىيلىشىپ ، سىياسىي تۇرمۇش نورمالسىزلىشىدۇ . بۇنىڭدا « مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى » نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بار . ئېچىنار-
لىقى شۇكى ، نەزەرىيە جەھەتتىكى تونۇش خاتالىقى ۋاقتىدا تۈزىتىلمەي ،
ئەمەلىيەت جەريانىدا بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ كەتسە ، ئاخىرىدا بىر پۈ-
تۈن گەۋدە بولۇپ شەكىللىنىدۇ ، ئۇ پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى دە-
رىجىسىگە كۆتۈرۈلسە ، ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بېرىشتىكى
قوللانما ، پارتىيە ئەزالىرى ، كادىرلار ، ئاممىنى تەربىيىلەشنىڭ ئاساسىي
تېمىسى بولۇپ قالىدۇ . بۇ جەرياندا ، 1962 ـ يىلى سېنتەبىردە ئېچىلغان
پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى ھالقىلىق
رول ئوينىدى .

8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئۇ-
نىڭدىن بۇرۇن ئېچىلغان بېيدەيخې مەركىزىي خىزمەت يىغىنىدا ، ماۋ
زېدۇڭ سىنىپ ، ۋەزىيەت ، زىددىيەت ۋە پارتىيە ئىتتىپاقى مەسىلىسى
توغرىسىدا كۆپ قېتىم سۆز قىلدى . ئۇ ، سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل تارى-
خىي دەۋرىدە بۇرژۇئازىيە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەمدە كاپىتالىزمنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ ، مانا بۇ پارتىيە ئىچىدىكى شىۇجىڭجۇيىنىڭ
مەنبەسى . شۇڭا ، پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ، سوتسىيالىزم يولى
بىلەن كاپىتالىزم يولى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك بولى-
دۇ ، دەپ تونۇغانىدى . شۇڭا ئۇ پۈتۈن پارتىيىدىن سىنىپىي كۈرەش
مەسىلىسىنى ھەر يىلى سۆزلەشنى ، ھەر ئايدا سۆزلەشنى ، كۈندە سۆز-
لەشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ سىنىپىي كۈرەش بولمىسا ، ماركسىزم بولمايدۇ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنىپىي كۈرەشنى 10 مىڭ يىل قىلىمىز ، دەپ بىلەتتى . ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى كېيىن يىغىنچاقلىنىپ ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ پۈتكۈل تارىخىي باسقۇچىدىكى تۈپ لۇشيەنى قىلىندى ھەمدە كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بارلىق نەرسىلەرنى سىنىپىي كۈرەش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىش ، تەھلىل قىلىش ، « سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماسلىق » توغرىسىدا تەربىيە بېرىلدى .

8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ ، مېنىڭ بۇ قېتىم « سىنىپىي كۈرەشنى باشقىدىن تىلغا ئېلىشىم » دېدى . بۇ سۆز تەھلىل قىلىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ . يۇقىرىدا سۆزلەپ كەتكىنىمىزدەك ، سىنىپىي كۈرەش ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى ، تۇتىدىغان خىزمىتىنىڭ مۇھىم ساھەسى بولۇپ كەلگەن ، ئۇنى ھەرگىز بوشاشتۇرۇپ قويمىغان ، تاشلاپ قويۇشتىن ئەسلا ئېغىز ئاچقىلى بولمايتتى ، « باشقىدىن تىلغا ئېلىش » دېگەن مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . لېكىن بۇ قېتىملىق « باشقىدىن تىلغا ئېلىش » نىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى .

ئۈچ يىللىق ئېغىر ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرگەن كىشىلەرنىڭ كاللىسى سەل سەگەكلەشتى ، ئۇلار « ئۈچ قىزىل بايراق » توغرىسىدا سەل ئەستايىدىل ئويلىنىشقا باشلىدى . 1962 ـ يىلى يىل بېشىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدا كېڭەيتىلگەن خىزمەت يىغىنى ئاچتى ( 7 مىڭ كىشىلىك يىغىن دەپمۇ ئاتىلىدۇ ) . 1958 ـ يىلدىن بۇيانقى خىزمەتلەردىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى مۇزاكىرە قىلغاندا ، ھەرقايسى جايلاردىكى ، ھەر دەرىجىلىك مەسئۇل كادىرلار ئۆز پىكىرلىرىدە « ئۈچ قىزىل بايراق » قا مۇناسىۋەتلىك كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا ئۆز نارازىلىقىنى ئىپادىلىدى . ماۋ زېدۇڭ گەرچە ناھايىتى كەڭ قورساقلىق بىلەن « كۈندۈزى قورساق كۆپۈككىڭلارنى چىقىرىڭلار ، كەچتە ئويۇن كۆرۈڭلار » دەپ ، ئۆز سۆزىدە پرىنسىپ جەھەتتە بەزى خاتالىقلارنىڭ رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن جياڭ چىڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »

دىكى سۆزلىرىدىن ئاشكارىلىنىشىچە ، ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ قېتىملىق يىغىن-
نىغا « قاتتىق قورساق كۆپۈكى بار » ئىكەن ، پەقەت لىن بياۋنىڭ
( پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ، 1959 ـ يىلدىكى
لۇشەن يىغىنىدىن كېيىن پېڭ دېخۇەينىڭ ئورنىغا دۆلەت مۇداپىئە مى-
نىستىرى بولغان ) سۆزىگىلا « چىن كۆڭلىدىن رازى بوپتۇ . »
7 مىڭ كىشىلىك يىغىندا لىن بياۋ بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ بولۇشى
« دەل بىزنىڭ ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى ، ماۋجۇشىنىڭ ئاگاھلاندۇ-
رۇشى ، ماۋ جۇشىنىڭ ئىدىيىسى بويىچە ئىش قىلمىغانلىقىمىزدىن بول-
غان » ، بىزنىڭ خىزمىتىمىزنىڭ ئوبدانراق بولغان ۋاقتى ، ماۋ جۇشى
ئىدىيىسى ئوڭۇشلۇق ئىزچىللاشقان ، ماۋ جۇشى ئىدىيىسى توسالغۇلارغا
ئۇچرىمىغان ۋاقتى . ئەگەر ماۋ جۇشىنىڭ پىكرى ھۆرمەتكە سازاۋەر
بولالمىسا ، ياكى زور توسالغۇغا ئۇچرىسا ، ئىشلىرىمىزدىن چاتاق چىقى-
دۇ » دېگەنىدى . بۇ خىل سۇبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە خىلاپ ، مەقسەتلىك
قىلىنغان خۇشامەت سۆزلىرى ماۋ زېدۇڭغا يېقىپ كەتكەنىدى .
ئۇ چاغدا ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتكە بولغان تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قول-
لىنىدىغان سىياسەت تەدبىرلىرى توغرىسىدا پارتىيە ئىچىدە ئوخشىمىغان
كۆزقاراش ۋە تەشەببۇسلار بار ئىدى . ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى مۆلچەر-
لەشتە ، ماۋ زېدۇڭ ئەڭ قىيىن ۋاقىتلار ئۆتتۈپ كەتتى ، دەيتتى . ليۇ
شاۋچى قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبەرلەر 1962 ـ يىلىدىكى مالىيىدە كۆ-
رۈلگەن قىزىل رەقەمگە ، تاۋار تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى
پەرقنىڭ چوڭلۇقىغا قاراپ ، بىز ھازىرمۇ « ئالاھىدە ئەھۋال » دا تۇرۇۋا-
تىمىز ، دەيتتى . بەزى سىياسەت تەدبىرلىرى ، مەسىلەن ، يېزىلاردا پەيدا
بولغان « مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بېرىش » قاتارلىق شەكىل-
لەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ، « ئاق بايراقنى يۇلۇش » ،
« ئوڭچىلىققا قارشى » قاتارلىق ھەرىكەتلەردە خاتا تەنقىد قىلىنغان ۋە
جازا بېرىلگەن پارتىيە ئەزاسى ، كادىرلارنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق
خىزمەتلەردە ئوخشىمىغان تونۇش بار ئىدى . پارتىيە ئىچىدە تونۇش
جەھەتتە پىكىر ئوخشىماسلىقىنىڭ ھەتتا بەس ـ مۇنازىرىنىڭ بولۇشى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسلىدە نورمال ئەھۋال ئىدى ، تەكشۈرۈپ ـ تەتقىق قىلىش ، دېموكرا-
تىك مۇزاكىرە ئارقىلىق ھەل قىلىۋېلىشقا بولاتتى . ئەمما ، ماۋ زېدۇڭ
1962 ـ يىلى سېنتەبىردە ئېچىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئېچىلغان مەركەزنىڭ
خىزمەت يىغىنىدا ، 7 مىڭ كىشىلىك يىغىنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئە-
مەلىيەتنى خاتا مۆلچەرلىدى ۋە خۇلاسىلىدى . ئۆزى بىلەن ئوخشىمىغان
پىكىردىكىلەرنى « قارا قۇيۇن » ، « يەككە ئىشلەش شامىلى » ، « ئەنزە
ئاغدۇرۇش شامىلى » دەپ تەنقىد قىلدى ھەمدە بۇ خىل پىكىر ئوخشى-
ماسلىقىنى سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ياكى كاپىتالىزم يولىدا مېڭىشتىكى
كۈرەش دەپ تونۇدى ، ھەتتا بۇنى پارتىيە ئىچىدە ، يۇقىرى
قاتلامدا پەيدا بولغان شىۋجىڭجۇيى دەپ بىلىپ ، تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن
ھالدا « پارتىيە دۆلەت ئىچىدە ، پارتىيىدە پەيدا بولغان شىۋجىڭجۇيىغا
قارىتا قانداق مۇئامىلىدە بولۇش مەسىلىسى » توغرىسىدانى ئوتتۇرىغا
قويدى ، بۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ، مۇتلەقلەش-
تۈرۈۋېتىش خاتالىقى بارغانچە كۆچىيىپ كەتتى .

بۇ مەزگىلدە ، خەلقئارا ، دۆلەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتتىكى بەزى
ئۆزگىرىش ۋە تەرەققىيات ، پارتىيە ئىچىدىكى « سول » چىل ئىدىيىگە
مەدەت بولدى . مەسىلەن : جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت
ئىككى پارتىيىنىڭ مۇنازىرىسى بارغانچە كۆچىيىپ كەتتى ، ئىختىلاپ
ئاشكارىلاندى ھەمدە دۆلەت مۇناسىۋىتىگە تەسىر يەتكۈزدى . سوۋېتئىت-
تىپاقى رەھبەرلىرى چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمى پوزىتسىيىسى بىلەن ، ھەر-
بىي ، سىياسىي ، ئىقتىسادىي جەھەتلەردىن جۇڭگوغا بېسىم ئىشلەتتى .
ئامېرىكا 1961 ـ يىلدىن كېيىن ۋېتنام ئۇرۇشىغا كىرىپ ، پۇل خەجلەپ ،
قورال چىقىرىدىغان « ئالاھىدە ئۇرۇش » دىن ، ئاخىرى ئۆزى بىۋاستە
ئۇرۇشقا قاتناشتى ؛ ئۇرۇش ئوتى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغىچە
كېڭەيدى . ھىندىستان ئارمىيىسى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قوللىشى بىلەن
جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ، شىزاڭ رايونلىرىغا تاجاۋۇز قىلىپ كىردى . تەي-
ۋەن دائىرىلىرى ىرقاتار سياسىي قوزغىتىش ۋە ھەربىي ئۇرۇنلاشتۇ-

رۇش ئېلىپ بېرىپ ، چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ۋاقىتلىق ئىقتىسادىي قىيىنچە-
لىق بولغانلىقىدىن پايدىلىنىپ ، « چوڭ قۇرۇقلۇققا ھۇجۇم قىلىمىز »
دەپ داۋراڭ سالدى . جەمئىيەتتىكى بەزى ئەكسىيەتچى ئۇنسۇرلار ، خى-
يانەتچى ، ئوغرىلار ، جىنايى ئىشلار جىنايەتچىلىرى پۇرسەتتىن پايدىلى-
نىپ ھەرىكەت قىلغاچقا ، ھەرخىل جىنايى قىلمىشلار كۆپىيىپ قالدى . بۇ
خىل ۋەزىيەتكە قارىتا ، پارتىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى بولغان ماۋ زې-
دۇڭنىڭ پۈتۈن پارتىيىنى سىنىپىي كۈرەشنى تۇتۇش مەسىلىسىگە دىق-
قەت قىلىشى توغرىسىدا ئاگاھلاندۇرۇشى زۆرۈر ئىدى ، توغرا ئىدى .
مەسىلە ، بىر مەزگىل ، بەلگىلىك دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەلۇم
دەرىجىدە كۈچىيىپ كېتىشىنى ئومۇميۈزلۈك سىنىپىي كۈرەش دەپ ،
سىنىپىي كۈرەشنى ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئورۇنغا قويغانلىقىدا . بۇ
پارتىيە ئىچىدىكى زىددىيەتنى ۋە دۆلەت ئىچى - سىرتىدىكى ۋەزىيەتنى
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالدا مۆلچەرلىگەنلىكنىڭ نەتىجىسى ،
سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپىي كۈرەش مەسىلىسى توغرىسى-
دىكى نەزەرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن بىر قېتىملىق ئاقىۋىتى ناھايىتى
ئېغىر بولغان خاتالىق .

**سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى « سىنىپىي كۈرەش »نى قوزغىدى**

8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 - ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ
زېدۇڭ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ شەھەر - يېزىلىرىدا سوتسىيالىستىك تەر-
بىيە ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . يىغىندىن كېيىن بەزى
رايونلار ئىستىل تۈزىتىش ۋە كوممۇنىنى رەتكە سېلىشتىن ئىبارەت ،
سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ باردى . خېبېي ئۆلكىسى باۋدىڭ ۋىلايىتى
« 4 نى ئېنىقلاش » ( ھېساباتنى ، ئىسكىلاتنى ، مال - مۈلۈكنى ، ئىش
نومۇرىنى ئېنىقلاش ) نى ئېلىپ بېرىپ ، بىر قىسىم كادىرلاردىكى كۆپ
يەپ ، كۆپ ئىگىلىۋېلىش ، خىيانەت ، ئوغرىلىقتەك قىلمىشلارنى تەكشۈ-
رۈپ چىقتى . خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكوم ئۈچ ئاي ۋاقىت سەرپ قىلىپ ،
10 - ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئەترەت باشلىق-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىن يۇقىرى بىر مىليون 200 مىڭ كادىرنى تەربىيىلەپ چىققان . تەربىيىلەش ئارقىلىق بۇ كادىرلار مۇنداق تونۇشقا كەلگەن : « نۆۋەتتە سىنىپىي كۈرەش ناھايىتى كەسكىن ، مەيلى يېزا ياكى شەھەر ـ بازارلاردا بولسۇن ، سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەرىكىتى بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ؛ سوتسىيالىزمغا قارشى قارا قۇيۇن بارغانچە كۈچەيمەكتە » ؛ « سىنىپىي كۈرەشنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ئىنكاسىمۇ بەكلا كۈچلۈك بولماقتا . »

ماۋ زېدۇڭ 1963 ـ يىلى فېۋرالدا ئېچىلغان مەركەزنىڭ خىزمەت يىغىنىدا ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بارغانلىق ۋە باۋدىڭ ۋىلايىتىنىڭ « 4 نى ئېنىقلاش » ئېلىپ بارغانلىق تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇپ ، « سىنىپىي كۈرەش تۇتۇلغان ھامان ، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ » دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھەرقايسى جايلارنىڭ سىنىپىي كۈرەش ۋە سوتسىيالىستىك تەربىيە مەسىلىسىگە دىققەت قىلىشىنى تەكىتلىدى . بۇ قېتىمقى يىغىن ، يېزىلاردا بىر قېتىملىق ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشنى ، شەھەرلەردە « 5 كە قارشى » ( خىيانەتچىلىككە ، ھايانكەشلىككە ، ئىسراپچىلىققا ، تارقاقچىلىققا ، بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ) ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى بېكىتتى . شۇنىڭ بىلەن سىنىپىي كۈرەشنى مەركەز قىلغان يەنە بىر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلدى .

« سىنىپىي كۈرەش تۇتۇلغان ھامان ، ھەممە ئىش يۈرۈشۈپ كېتىدۇ » دېگەن ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بارغان شەھەر ، يېزىلاردىكى ئورۇن ، ئورگانلار بىر تۇتۇپلا بىرمۇنچە ئاتالمىش سىنىپىي دۈشمەنلەرنى تېپىپ چىقىپ ، بىرمۇنچە ئاتالمىش سىنىپىي كۈرەش ھادىسىلىرىنى پاش قىلدى . شۇڭا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى : « نۆۋەتتە جۇڭگو جەمئىيىتىدە ئېغىر ھالدىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ئەھۋالى كۆرۈلمەكتە » دېگەن تونۇشقا كېلىپ ، يېزىلاردىكى « 4 نى ئېنىقلاش » ھەرىكىتىنى ۋە شەھەرلەر-

دىكى « 5 كە قارشى » ھەرىكەتنى « كاپىتالىزم كۈچلىرىنىڭ غالجىرانە
ھۇجۇمىغا زەربە بېرىدىغان ۋە ئۇنى تارمار قىلىدىغان سوتسىيالىستىك
ئىنقىلابىي كۈرەش » دەپ بىـــلـــدى . 1963 ـ يىلى سېنتەبىردە ماۋ زې-
دۇڭ « سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش » يېـتـەكچى فاڭجېنىنى
رەسـمىي بېكىتتى . سىنىپىي كۈرەشنى « تۇتقا » ئورنىغا قويۇش ، ئەمە-
لـىيەتتە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىلا بول-
غان ئىش ئىدى .

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىگە « سول » چىل ئىدىيە يې-
تـەكچىلىك قىلغاچقا ، نۇرغۇن مەجبۇرلاش ۋاستىلىرى قوللىنىلدى ،
بەزى « 4 دە ئېنىق ئەمەس » دەپ گۇمانلانغان كادىرلارنى ، بەزى تۇر-
مۇش ئىستىلىدا ، خىزمەت ئىستىلىدا ، يا ئۇنداق ، يا مۇنداق چاتىقى بار
كـادىرلارغا ئىسپات تولۇق بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا بۇزۇق ئادەملەر قاتا-
رىدا مۇئامىلە قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن بىر تۈركۈم ئاتالمىش سىنىپىي
دۈشمەنلەر تۇتۇپ چىقىلدى . نەتىجىدە « بىلمەي يۈرۈۋېتىكەنمىز ، بىر
تۇتۇۋىدۇق ، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك ئەھۋال پاش بولدى » دېگەندەك
خاتا ئۇقۇم پەيدا بولدى . بۇ خىل چۆچۈشتىن كېيىن يەنە ئوڭغا مايىل-
لىقنى تەكشۈردۇق ، ئاندىن بېرىپ يەنە « سىنىپىي دۈشمەن » لەرنى
تۇتۇشقا كىرىشتۇق . ئوڭچىل ئىدىيىگە قارشى تۇرغانسېرى « سول »
لاشتۇق ، « سىنىپىي دۈشمەن » لەرنى شۇنچە كۆپ تۇتتۇق . تۇتۇپ
بـولۇپ ئۆزىمىز چۆچۈپ كەتتۇق ، ئاندىن يەنە « ئوڭچىل » ئىدىيىنى
تـەكشۈردۇق ، يەنە تۇتۇشقا كىرىشتۇق ، شۇنىڭ بىلەن بىر خىل گىرە-
لەشمە تەسىر پەيدا بولدى . سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى بەزى را-
يـون ، ئورۇنلاردا ئېلىپ بېرىلغانىدى ، ئاخىرى « مەدەنىيەت زور ئىن-
قـىلابى » غا تۇتىشىپ كەتكەچكە ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ
بـېرىلمىدى ، شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭ جەمئىيەتتىكى تەسىرى ۋە زىيىنى-
لىكى سېلىشى ناھايىتى زور بولدى .

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى جەريانىدا بىرنەچچە قېتىم
سىياسەتلەر تەڭشەلدى ، ھەرىكەت داۋامىدا كۆرۈلگەن بەزى چەتنەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىشلەرنى تۈزەتتى ، بۇ ئىشلار مەلۇم دەرىجىدە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان زىياننى ئازايتتى . ئەمما بۇ ھەرىكەت بىلەن « سىنىپىي كۈرەش » دائىرىسى بەكلا يوغانلاپ ، « سىنىپىي دۈشمەن » لەرنىڭ سانى بەكلا كۆپىيىپ ، كىشىلەردە سىنىپىي كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە بەك كەسكىن ئىكەن دېگەن خاتا ئۇقۇمنى پەيدا قىلدى . بۇنداق خاتا ئۇقۇمنىڭ رەھبەرنىڭ سىياسەت بەلگىلىشىگە بولغان تەسىرى بەكلا چوڭ بولدى ، « سول » چىل نەزەرىيىنىڭ ئۆرلىشىگە زور تۈرتكە بولدى .

1964 ـ يىل دېكابىردا ماۋ زېدۇڭ بىر سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنىڭ نۇقتا دوكلاتىغا يازغان تەستىقىدا ، « بيۇروكراتلار سىنىپى »ۋە « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان رەھبەر » دېگەن سۆزنى ئىشلەتتى . 1965 ـ يىلى يانۋاردىكى « يېزا سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلىدىغان بەزى مەسىلىلەر » (23 ماددا ) دا مۇنداق ئوتتۇرىغا قويۇلدى : « بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش » ، « ئۇ ھوقۇقدارلارنى قوللىغانلارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندە ، بەزىلىرى يۇقىرىدا » ، « بەزىلىرى ھەتتا ئۆلكە ۋە مەركىزىي ئورگانلاردا ئىشلەيدىغان ئاشۇ سوتسىيالىزمغا قارشى كىشىلەر . » بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى پارتىيە ئىچىگە ۋە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا يۆتكەشتە نەزەرىيىۋى سىياسىي ئاساس بولدى .

### ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى ھەددىدىن ئاشقان پىپەن

سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاتالىقىنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىگە كېڭىيىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى . 1963 ـ يىلى مايدا شاڭخەي « نۇر گېزىتى » شۇ چاغدىكى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى كې چىڭشى بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ رەپىقىسى جياڭ چىڭ ئادەم ئۇيۇشتۇرۇپ يازغان ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . ماقالىدە ، مېڭ چاۋ يازغان كۇنجۇي تىياتىرى « لى خۇينياڭ » ۋە فەن شىڭ ( شۇ چاغدىكى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم بىرلىكسەپ بۇ-

سىنىڭ باشلىقى لياۋ مۇشا ) يازغان « جىنىنىڭ زىيىنى يوق نەزەرىيىسى » دېگەن ماقالىسى ئۇستىدە سىياسىي پىپەن ئېلىپ بېرىلغان بولۇپ ، بۇ ئەسەر ۋە ماقالە ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى ، دەپ كۆرسىتىلگەنىدى . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بىر قىسىم رومان ، كىنو ، تىياتىرلار ، مەسىلەن ، « ليۇ جىدەن » ، « غەزەپ ئوتى » ، « شىمالدىكى جياڭنەن » ، « باش باھارنىڭ فېۋرالى » ، « سەھنىدىكى ئاچا ـ سىڭىل » ، « لىن ئائىلىسىنىڭ دۇكىنى » ، « كېچە بولماس شەھەر » ، « ئەسكەرلىككە تۇتۇش » ، « قىزىل قۇياش » قاتارلىقلار ئۇستىدە پىپەن ئېلىپ بېرىلدى . پىپەنگە ئۇچرىغان بۇ ئەسەرلەرنىڭ كۆپىنچىسى شۇ مەزگىلدە ئىجادىيەتتە ۋە ئاممىغا قويۇشتا بىرقەدەر مۇنەۋۋەر دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ئەسەرلەر ئىدى . بۇ ئەسەرلەرنى ئۆتكۈر سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىككى يول كۈرىشىنىڭ ئىپادىسى دەپ ، ئۇلارغا « بۇرژۇئازىيە » ، « شيۇجېڭجۇيى » نىڭ ، « زەھەرلىك چۆپ » دېگەندەك سىياسىي قالپاقلار كىيدۈرۈلدى . بۇ زور ئالقىشقا ئېرىشكەن ئەسەرلەرنى كۆرگەن كىشىلەر بۇ خىل قاتتىق تەنقىدلەرنى كۆرۈپ چۈشەنمەيلا قېلىشتى . سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلغان « سول » چىل ئىدىيە ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن سىنىپىي تەربىيەنىڭ تەسىرىدە ، كىشىلەر سەممىيلىك بىلەن ياكى ئۆز ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا ئۆزىدىكى « سىنىپىي كۈرەش كۆز قارىشىنىڭ ئاجىزلىقى » ، « ماۋ جۇشىنىڭ تەلىمىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى » نى تەكشۈرۈشكە باشلىدى ، بۇ كەڭ ئاممىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوبۇل قىلىش ئىدىيىۋى ئاساسى بولۇپ قالدى .

1993 ـ يىل ئاخىرىدا ۋە 1994 ـ يىل ئوتتۇرىلىرىدا ماۋ زېدۇڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىگە ئىككى قېتىم تەستىق سېلىپ ، قاتتىق تەنقىد قىلدى . ئۇ مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنى « پادىشاھ ، خان ، ۋەزىرلەر مىنىستىرلىقى » ، « ئۆلىما ، ساھىبجامالار مىنىستىرلىقى » ، « چەت ئەللىك ئۆلۈكلەر مىنىستىرلىقى » دەپ تەنقىد قىلدى . ئۇ : « سەنئەتنىڭ ھەرخىل شەكىللىرىدە ـــ دراما ، تىياتىر ، مۇزىكا ، گۈزەل سەنئەت ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇسسۇل ، كىنو ، شېئىر ۋە ئەدەبىيات قاتارلىقلاردا مەسىلە ئاز ئەمەس ،
ئادەممۇ ئاز ئەمەس ، سوتسىيالىستىك تەربىيىنىڭ نۇرغۇن ئورۇنلاردىكى
ئۈنۈمى تازا دېگەندەك بولمىغان » دېگەن تونۇشتا بولغان . شۇ چاغدىكى
ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى توغرىسىدا ماۋزېدۇڭ : « بۇ
بىرلەشمىلەر ۋە ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان ژۇرناللارنىڭ كۆپىنچىسى
( ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىرنەچچە ياخشىسىمۇ بار ئىكەن ) 15 يىلدىن بۇ-
يان ئاساسىي جەھەتتىن ( ھەممە ئادەم ئەمەس ) پارتىيىنىڭ سىياستىنى
ئىجرا قىلمىدى ، ئەمەلدار ، غوجاملاردىن بولۇۋالدى ، ئىشچى ، دېھقان ،
ئەسكەرلەرگە يېقىنلاشمىدى ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنى
ئەكس ئەتتۈرمىدى . يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ھەتتا شيۇجېڭجۇيىنىڭ
گىرۋىكىگە بېرىپ قالدى . ئەگەر ئەستايىدىل ئۆزگەرتمەيدىغان بولسا ،
ھامان بىر كۈنى ۋېنگىرىيىدىكى پېدوفى كۇلۇبىغا ئوخشاش تەشكىلات
بولۇپ قالىدۇ » دېگەنىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمى-
تىنى بۇنداق قاتتىق تەنقىد قىلىشى ھەقىقەتەن ئادىل بولمىغانلىق ، ھەد-
دىدىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىك . شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدە
ھېچقانداق يامان خاھىشلار يوق ئىدى ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ھېچقانداق تە-
سىرى يوق ئىدى دەپ ئېيتالمايمىز ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ،
شۇ چاغدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە « سول » چىللىق ئاسا-
سىي ئورۇندا تۇراتتى ، « بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلسۇن ، ھەممە
بەس ـ بەستە سايرىسۇن » دېگەن فاڭجېن تازا دېگەندەك ئومۇملاشمى-
غان ئەھۋال مەۋجۇت ئىدى . ماۋ زېدۇڭ ئۇلارغا تېخىمۇ « سول » چىل
نەزەر بىلەن قاراپ ، سىياسىي جەھەتتىن تەنقىد قىلغان . بۇ ئەدەبىيات ـ
سەنئەت سېپىدىكىلەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى . مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ،
ھەرقايسى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىلىرى ۋە مەدەنىيەت مىنىس-
تىرلىقىغا قاراشلىق ھەرقايسى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئورۇنلىرى ئىككى
يولىيورۇق بويىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى ، ئىستىل تۈزىتىش قىلدى .
مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى چى يەنمىڭ ، شيايەن ،
شۈي گۇاڭشياۋ ، شۈي پىڭيۈي ، چېن خۇاڭمېي ، يازغۇچىلار جەمئىيىتى

پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى شاۋ چۈەنلىن ، مەملىكەتلىك ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ياڭ خەنشېڭ ، مەملىكەتلىك تىياتىرچىلار جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى تيەن خەن قاتارلىق بىر تۈركۈم ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى ۋەكىل خاراكتېرلىك كىشىلەر خاتا ، ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن پىپەنگە ئۇچرىدى ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ئالماشتۇرۇلدى .

1964 ـ يىلى يازدىن باشلاپ ، بۇ خىل پىپەن پەلسەپە ، ئىقتىسادشۇناسلىق ، تارىخ ، پېداگوگىكا قاتارلىق ھەرقايسى ئىلىم ساھەلىرىگە كېڭەيدى . پەلسەپە ساھەسىدىكىلەر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ياڭ شيەنجېننىڭ « ئىككىنىڭ قوشۇلۇپ بىر بولۇشى » نەزەرىيىسىنى ؛ ئىقتىسادشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئىقتىساد تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى سۇن يېفاڭنىڭ ئىقتىساد ئىدىيىسىنى ؛ تارىخ ساھەسىدىكىلەر ئاتاقلىق تارىخشۇناس جيەن بوزەن ، ۋۇ خەن قاتارلىقلارنىڭ ئاتالمىش « سىنىپسىز كۆزقاراش » ۋە « يول قويۇش سىياسىتى » نەزەرىيىسىنى پىپەن قىلدى . پىپەن جەريانىدا ئىلىم ساھەسىدىكى ئىككى خىل ئوخشىمىغان كۆزقاراش ئىككى سىنىپ ، ئىككى يول كۈرىشى دېيىلىپ ، ئىلىم مەسىلىسىمۇ سىياسىي مەسىلە دەپ قارالدى ، مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە خاتا ھالدا « شيۇجېڭجۇيىچى ئۇنسۇر » ، « پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر » دېگەندەك سىياسىي قالپاقلار كىيدۈرۈلۈپ ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يەكۈن چىقىرىلدى . ھەددىدىن بەك ئاشقىنى شۇ بولدىكى ، مەلۇم بىر ئىلمىي كۆزقاراش پىپەنگە ئۇچرىغان بولسا ، شۇنىڭغا ئوخشاش كۆزقاراش بولغان ، ئەمما پىپەن قىلىنغۇچىنى تونۇمايدىغان ئادەملەرمۇ چېتىلىپ ، تېگىشلىك بولمىغان زەربىگە ئۇچرىدى .

### ۋەزىيەت توغرىسىدىكى قورقۇنچلۇق مۆلچەر

سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى بىلەن 1965 ـ يىلىغا كەل-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

گەندە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان ھالەتتە مۆلچەرلەپ، كۆز ئالدىلىرىغا بىر قورقۇنچلۇق مەنزىرىنى كەلتۈردى.

يېزىلاردىكى ھۆكۈمەت ھوقۇقىنىڭ ئۈچتىن بىردىن كۆپرەكى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس؛

زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ خېلى كۆپ ساندىكىلىرىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ماركسىزمچىلار ۋە ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ قولىدا ئەمەس؛

مەكتەپلەر بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان دۇنيا؛

ئەدەبىيات ــ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى تېيىلىپ، شىۋجىيەنجۇيىنىڭ چېتىگە بېرىپ قالدى؛

جۇڭگودا «ئىشچىلارنىڭ قېنىنى شۈمۈرۈۋاتقان» بىر «بيۇروكراتلار سىنىپى» مەۋجۇت، پارتىيە ئىچىدە «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» مەۋجۇت؛

پارتىيىگە، ھۆكۈمەتكە ۋە ئارمىيىگە بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر تۈركۈم ۋەكىللىك ئادەملىرى ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي شىۋجىيەنجۇيىچى ئۇنسۇرلار سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان.

ۋەزىيەتكە مانا مۇشۇنداق باھا بەرگەچكە، ماۋزېدۇڭنىڭ ئويىچە، «پارتىيىنىڭ شىۋجىيەنجۇيىلىشىپ، دۆلەت رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى» رېئال خەۋپ بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەرخىل سورۇنلاردا كۆپ قېتىم «مەركەزدىن شىۋجىيەنجۇيى چىقسا قانداق قىلىش كېرەك» دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. 1965 ـ يىلى 10 ـ ئۆكتەبىردە، ماۋ زېدۇڭ چوڭ رايونلارنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋە چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ قوماندانلىرى بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبەتتە: مەركەزدىن شىۋجىيەنجۇيى چىقسا قانداق قىلىسىلەر؟ ئەگەر مەركەزدىن شىۋجىيەنجۇيى چىقسا، ئىسيان كۆتۈرۈڭلار، دېگەنىدى. بۇ ۋەزىيەتنى ئۇڭشاشنى ماۋ زېدۇڭ قانداق ئويلىغاندۇ؟ ئۇ بىر زاۋۇتلاردا كۆرەش ئېلىپ باردۇق، يېزىلاردا كۆرەش ئېلىپ باردۇق، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆرەش ئېلىپ باردۇق،

سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتىنى ئېلىپ باردۇق ، ھەممىسى مەسىلىنى ھەل قىلالمىدى ، چۈنكى ئۇلار ياماپ ، ياساپ قىلغاندەك ئىشلار ئىدى ، پۈتۈن بىر سىستېمىنى كۆرەش دەپ تۈتمىدۇق ، دەپ ئويلاپ ، شۇڭا بىر خىل شەكىل بىلەن مىليونلىغان ئاممىنى قوزغاپ ، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە ئۆزىمىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى پاش قىلىشىمىز كېرەك ، دېگەن تونۇشقا كەلگەن . ئۇنىڭ كۆڭلىدىكى مەسىلىنى تۈپتىن ھەل قىلىدىغان ئاممىۋى ھەرىكەت كېيىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دەپ ئاتالدى .

« سول » چىل نەزەرىيە ۋە « سول » چىل ئەمەلىيەتنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » قوزغىلىشىدىكى بىر تۈپكى سەۋەب .

تۈپكى سەۋەب بىردىنبىر سەۋەب ئەمەس ، باشقا سەۋەبلەرنىڭ بۆسۈپ كىرىشى ، ئۆزئارا تەسىرى بولمىسا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ پەيدا بولۇشى ناتايىن . باشقا جەھەتتىكى سەۋەبلەرنى بىز تۆۋەندە مۇلاھىزە قىلىمىز .

## 2 . شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىق ۋە شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى

ھوقۇق شەخسكە ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قالسا ، پارتىيە ئۆز داھىيسىنى كونترول قىلىش ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويىدۇ . تەشكىلىي تۈزۈم جەھەتتىكى بۇ مۇھىم نۇقسان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قوزغىلىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى . چۈنكى ، نەزەرىيەدىكى خاتالىق ۋە ۋەزىيەتكە بولغان خاتا ھۆكۈم دېموكراتىيىنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ، كوللېكتىپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان مەسىلە ئەمەس . سىياسىي نەزەرىيىدىكى خاتالىققا تەشكىلىي تۈزۈم جەھەتتىكى نۇقسان قوشۇلسا ، داھىينىڭ خاتالىقنى توختىتالماق ۋە تۈزەتمەك تەس بولىدۇ .

مەسىلە نەدىن چىقتى ؟ دېڭ شياۋپىڭ بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن : « بىز تۈزۈمنى ھەل قىلغۇچ ئامىل دەيمىز ، شۇ چاغلاردا تۈزۈم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاشۇنداق ئىدى . شۇ چاغلاردا كۆپچىلىك ھەممە تۆھپىنى شەخسكە مەنسۇپ قىلىپ قوياتتى . بەزى مەسىلىلەردە بىزمۇ ھەقىقەتەن قارشى تۇرمىغانىدۇق ، شۇڭا ، ئۆزىمىزمۇ ئاز تولا جاۋابكارلىقنى ئۈستىمىزگە ئېلىشىمىز لازىم . دەرۋەقە ، شۇ چاغدىكى شارائىتتا قارشى تۇرۇشمۇ تەس ئىدى . » بۇ يەردىكى « شۇ چاغلاردا تۈزۈم ئاشۇنداق ئىدى » ④ دېگەنلىك پارتىيىنىڭ توغرا تەشكىلىي تۈزۈمگە قارىتىلغان بولماستىن ، بەلكى ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىشى ۋە شەخسكە چوقۇنۇشقا قارىتىلغان . ئۇنداقتا ، ھوقۇقنىڭ بۇنداق مەركەزلىشىپ قېلىشى ۋە ئەسەبىيلەرچە شەخسكە چوقۇنۇش قانداق پەيدا بولدى ؟ ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قوزغىلىشىغا قانداق تەسىر كۆرسەتتى ؟ مانا بۇلار ئۈستىدە تارىخىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ .

**ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىشىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى**

ھەممىمىزگە مەلۇم ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تۈپكى تەشكىلىي پرىنسىپى دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى . بۇ تەشكىلىي پرىنسىپنى لېنىن ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن , ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالغا تەۋە ھەرقايسى ئەل كومپارتىيىلىرى قوبۇل قىلغان . جۇڭگو كومپارتىيىسى بۇنى ئۆز نىزامنامىسىگە يازغان . نەزەرىيە جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە تۈزۈمىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان توغرا تەشكىلىي پرىنسىپ . ماۋ زېدۇڭمۇ كۆپ قېتىم تەكىتلەپ ، دېموكراتىيە ــ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈش ۋە مەركەزلەشتۈرۈش يېتەكچىلىكىدىكى دېموكراتىيە . مۇشۇ تۈزۈمنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا : « بىر تەرەپتىن ، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۇرمۇشنى ھەقىقىي رەۋىشتە كېڭەيتكىلى ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، چېكىدىن ئاشقان دېموكراتىيىلەشتۈرۈش ۋە ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ئەركىنلىك يولىغا كىرىپ قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ . » ⑤ دېگەنىدى .

لېكىن ، بۇ تەشكىلىي پرىنسىپ ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىدىغان ھەمدە قوللانغىلى بولىدىغان كونكرېت ئۆلچەم بولۇپ شەكىللىنىدىغان بولغاچقا ، بولۇپمۇ ھەرقايسى ئەل كومپارتىيىلىرى قۇ-رۇلغاندىن باشلاپلا كەسكىن سىنىپىي كۈرەش ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان بولغاچقا ، دېموكراتىيە تازا دېگەندەك قانات يايماي قالدۇ ، ئەكسىچە مەركەزلەشتۈرۈشكە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ ۋە تەكىتلىنىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن دېموكراتىيە – مەركەزلەشتۈرۈش ھەرقايسى ئەل كومپارتىيىلىرى ئىچىدە دېگەندەك توغرا ئىزچىللىشىپ كېتەلمەيدۇ . ئوبيېكتىپ جەھەت-تىن ئېيتقاندا ، پرولېتارىيات تېخى ھاكىمىيەتنى قولغا ئالمىغان ، كومپار-تىيە يەر ئاستى كۈرىشى ، قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەھۋالدا مەركەزلەشتۈرۈشنى تەكىتلەش توغرا . بۇ تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى . 1919 – يىلى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونال قۇرۇلغاندا ، ئىنقىلابنى ئىلگىرى سۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىشنى نەزەردە تۇتۇپ ، ئىككىنچى ئىن-تېرناتسىئونالنىڭ چېچىلاڭغۇلۇق ساۋىقىنى ۋە روسىيە بولشېۋىكلار پار-تىيىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەجرىبىلىرىنى قوبۇل قىلىپ ، مەركەزلەش-تۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىش تۈزۈلمىسىنى قوللاندى . جۇڭگو كومپارتى-يىسى ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بىر ياچېيكىسى بولغاچقا تەبىئىي ھالدا ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانىدى . كېيىنكى خەلقئارا كوممۇنىزم ھە-رىكىتىنىڭ تارىخىي ئەمەلىيىتى ، ئۈچىنچى ئىنتېرناتسىئونالنىڭ بۇنداق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشكەن تەشكىلىي يېتەكچىلىك قىلىش تۈزۈل-مىسىنىڭ پايدىسىدىن زىيىنى كۆپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . 1935 – يىلى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ 7 – قېتىملىق ۋەكىللەر قۇرۇل-تىيىدا بۇ جەھەتتە چوڭ ئۆزگىرىش بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن كوممۇ-نىستىك ئىنتېرناتسىئونالمۇ تارقالدى ، ئەمما ئۇنىڭ تەسىرى يوقاپ كەتمىدى .

جۇڭگو كومپارتىيىسى قوراللىق كۈرەش ئېلىپ بېرىشتەك ئالا-ھىدە شارائىتتا تۇرغاچقا ، دەھشەتلىك ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن ، يۇكسەك دەرىجىدىكى مەركەزلەشكەن بىردەكلىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىدى . شۇ چاغدىكى قارارلار پرىنسىپ جەھەتتە توغرا ئىدى ، ئۇرۇش شارائىتىدا پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيە ، خەلقنىڭ ھەرخىل تەشكىلاتلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەڭشەش ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىش ، ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى . لېكىن ، پارتىيىنىڭ مەركەزلەشكەن رەھبەرلىكى ئەمەلىيلىشىش جەريانىدا كۆپ ھاللاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە پارتىيە ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ، ھەتتا پارتىيە ھەممىنى باشقۇرىدىغان ھالەتكە ئۆزگىرىپ قالاتتى . گەرچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆپ قېتىم ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ئىدىيە ، سىياسىي جەھەتتىكى رەھبەرلىك ، ئۇ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ نەمۇنىلىك رولى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ ، دەپ تەكىتلەپ كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ ئۆز ئورنىنى تاپقۇزىدىغان ئېنىق بىر بەلگىلىمە يوق ، ئۇنداق بىر بەلگىلىمىنى بېكىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . پارتىيە ھەممىنى بەلگىلەش ، پارتىيە ھەممىنى باشقۇرۇش ئەھۋالىنىڭ « ھەممە ئىش ئۇرۇشقا بويسۇنۇش » شەرتى ئاستىدا ھېچقانچە ئىللىتى كۆرۈنمەيتتى .

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ، مەركەزلەشكەن رەھبەرلىكنىڭ ھوقۇق يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلىشىش تۈزۈلمىسى داۋاملىشىپ كەلدى . دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردە ، بىر تەرەپتىن ، دېموكراتىك ئىنقىلابتىن قېپقالغان ۋەزىپىلەرنى داۋاملىق ئورۇندىدۇق ؛ يەنە بىر تەرەپتىن ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ تەييارلىقىنى قىلدۇق ؛ ھەر تەرەپتىكى خىزمەتلەر مۇرەككەپ ، كۈرەش كەسكىن ئىدى ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈش زۆرۈر ئىدى . شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش ئۈچۈن ، « تارقاقچىلىققا قارشى تۇرۇش » شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويدۇق .

سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغاندىن كېيىن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھوقۇق ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قالغان تۈزۈلمە تىنچ قۇرۇلۇش شارائىتىدا مۇۋاپىق بولمايدىغان-

لىقى ، ھوقۇقنى نىسپىي ، مۇۋاپىق ھالدا تارقاقلاشتۇرۇش لازىملىقىغا
دىققەت قىلىشقا باشلىدى . ماۋ زېدۇڭ 1956 ـ يىلى قىلغان « ئون چوڭ
مۇناسىۋەت توغرىسىدا » دېگەن ئاتاقلىق دوكلاتىدا ، مەركەز بىلەن يەر-
لىكنىڭ مۇناسىۋەت مەسىلىسى توغرىسىدا ئالاھىدە توختالدى . ئۇ :
« مەركەزنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىنى مۇستەھكەملەش شەرتى ئاستىدا
يەرلىكنىڭ ھوقۇقىنى ئازراق كېڭەيتىش ، يەرلىككە كۆپرەك مۇستەقىللىق
بېرىش ، يەرلىكنىڭ كۆپرەك ئىش قىلىشىغا يول قويۇش كېرەك » دەپ
كۆرسەتكەنىدى . جۇڭگو كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 8 ـ نۆۋەتلىك
قۇرۇلتىيىدا ليۇ شاۋچى بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا مۇنداق دەپ كۆر-
سەتكەنىدى : « نۆۋەتتە ھۆكۈمەت خىزمىتىدىكى بىر مۇھىم ۋەزىپە دې-
موكراتىك تۈزۈمنى يەنىمۇ كېڭەيتىش ، بيۇروكراتلىققا قارشى كۈ-
رەشنى قانات يايدۇرۇش » ئۇ يەنە : « يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان
مەركەزدىكى بەزى ئورۇنلار ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ ئىشنى ئۆز قولىدا
تۇتۇۋالغان . . . بۇنداق بولسا ، يەرلىكنىڭ خىزمىتىگىمۇ پايدىلىق بول-
مايدۇ ، مەركەزنىڭ زېھنىنىمۇ چېچىۋېتىدۇ ، بيۇروكراتلىقنى كۈچەيتىۋې-
تىدۇ . بىزنىڭكىدەك بۇنداق چوڭ دۆلەتتە ، مەركەزنى دۆلەتنىڭ ھەر-
خىل ئىشلىرىنى ھەممىسىنى ھۆددىگە ئېلىپ كېتىدۇ ھەمدە ھەممىسىنى
ئوبدان ئورۇندايدۇ ، دەپ تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدۇ . » دەپ كۆرسەت-
كەنىدى . سىياسىي دوكلاتتىكى بۇ بايانلار ، پارتىيە مەركىزىي كومىتې-
تىنىڭ ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىشى بيۇروكرات-
لىقنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىي روھىنى جارى
قىلدۇرۇشقا پايدىسىز بولغان بىر مۇھىم سەۋەب ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ
يەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . دېڭ شياۋپىڭ « پارتىيە نىزام-
نامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات » تىمۇ « ھوقۇقنى
مەركەزگە نامۇۋاپىق ھالدا ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشتۈرۈۋېلىش ئىق-
تىسادىي خىزمەت ، مەدەنىيەت خىزمىتى ۋە دۆلەتنىڭ باشقا مەمۇرىي
خىزمەتلىرىدىلا ئىپادىلىنىپ قالماستىن ، پارتىيە خىزمىتىدىمۇ ئىپادى-
لەندى . » دەپ كۆرسەتتى . شۇڭا ، پارتىيە نىزامنامىسىدە مەركەز بىلەن

www.uyghurkitap.com

يـەرلىكنىڭ ، يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىلەن تۆۋەن دەرىجىلىك
تەشكىلاتلارنىڭ هوقۇق دائىرىسىنى مۇۋاپىق ئايرىپ بەرگەن . دېڭ شـ
ياۋپىڭ بۇ دوكلاتىدا تارىخىي تەجرىبىلەرنى شەرھلىگەندە مۇنداق دەپ
كۆرسەتتى : « ‹ سول › چىل ئاغمىچىلىق پارتىيىدە هۆكۈمران ئورۇندا
تۇرغان چاغلاردا يۇقىرى دەرىجىلىك تەشكىلاتلار بىلەن تۆۋەن دەرىجە-
لىك تەشكىلاتلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى ئېغىش مەركەزلەشتۈرۈشنى هەد-
دىدىن ئاشۇرۇۋېتىشتىن ئىبارەت بولدى . »

« 8 ـ قۇرۇلتاي » دا ماقۇللانغان هەرقايسى چوڭ قارارلار ئەمدىلا
ئەمەلىيلىشىشكە باشلىغاندا ، ئۇنى ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش هەرىكىتى
ئۆزۈۋەتتى . سىنىپىي كۈرەشنىڭ كېڭەيتىلىۋېتىشىگە ئەگىشىپ ، مۇتلەق-
لىقنى ئالاهىدىلىك قىلغان « سول » چىل ئىدىيىنىڭ تەرەققىي قىلىشى
بىلەن هوقۇقنىڭ هەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىشىدەك هالەت هەل
بولۇشتا تـۇرمـاق ، ئـەكـسـىچە تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى . بۇ جەر-
ياندا ، 1958 ـ يىلىدىكى « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » تە ماۋ زېدۇڭ ،
پـارتكوملارنىڭ بىرىنچى شۇجىلىرى « ماركسىزمنىڭ چىن شىخۇاڭلى-
رى » دىن بولۇشى كېرەك ، دەپ ئوتتۇرىغا قويدى .

بۇنداق نامۇۋاپىق سۆزلەر پارتىيىنىڭ مەركەزلەشكەن رەهبەرلىك
پرىنسىپىنى تېخىمۇ ئېنىق ، تېخىمۇ مۇقىملاشتۇرغان هالدا « پارتىيە
هـەممىگە رەهبەرلىك قىلىدۇ » دەپ يىغىنچاقلىدى . هەمدە يولغا قويۇش
جەريانىدا بۇ پارتىيە هەممىنى بەلگىلەيدۇ ، پارتىيە هەممىنى باشقۇرىدۇ ،
دېگەنگە ئۆزگىرىپ كەتتى . هەتتا پارتكوملارنىڭ بىرىنچى شۇجىلىرى
هەممىگە رەهبەرلىك قىلىدىغان ، هوقۇقنى ئۆزى يالغۇز ئىگىلىۋېلىپ
شـەخسىي هاكىممۇتلەقلىق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى . بۇ هالەت كۆپ
يىللار داۋاملاشقاچقا ، پارتىيە ئىچى ۋە سىرتىدا هەيران قالغىلى بولمايد-
غان ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى .

**شەخسىي هاكىممۇتلەقلىقنى كۈچەيتىۋېتىدىغان بەلگىلىمىلەر ۋە ئادەتلەر**

پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىدىن قارىغاندا ، كوللېكتىپ رەه-

بەرلىك پارتىيە رەھبەرلىكىنىڭ ئەڭ ئالىي پرىنسىپلىرىنىڭ بىرى ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ پارتىيە رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى ئىپادىسى . پارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدۇ ، دېگەنلىك پارتىيىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىگە ، يەنى ھەر دەرىجىلىك كومىتېتلىرىنىڭ رەھبەرلىكىگە قارىتىلىشى كېرەك . بۇ تۈزۈم ئوبدان ئىجرا قىلىنسا ، نۇرغۇن خاتالىقلارنىڭ سادىر بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى . ئەمما ، ئەمەلىي خىزمەتتە « كوللېكتىپ رەھبەرلىك دېگەن قالپاق بىلەن شەخسىي ھاكىمۇتلەقلىقنىڭ ماھىيىتىنى يېپىش » تەك ( دېڭ شياۋپىڭ 8 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىدا ئېيتقان ) ئەھۋال كۆرۈلدى . بۇ خىل ئەھۋالنىڭ پەيدا بولۇشى جۇڭگونىڭ فېئوداللىق ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، لېكىن بەزى شەخسىي ھاكىمۇتلەقلىقنى كۈچەيتىۋېتىدىغان بەلگىلىمىلەر ياكى قەغەزگە يېزىلمىغان ئادەتلەر بىلەنمۇ ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىك .

1943 ـ يىلى مارتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا ماقۇللانغان « مەركىزىي ئورگانلارنى تەڭشەش ۋە قىسقارتىش توغرىسىدىكى قارار » دا : « ئىككى قېتىملىق مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى ئارىلىقىدا ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى پارتىيىنىڭ پۈتكۈل خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىشتەك مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ ، شۇڭا بارلىق چوڭ مەسىلىلەرنى بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق . سىياسىي بيۇرو يولداش ماۋ زېدۇڭنى رەئىس قىلىپ بەلگىلىدى . سىياسىي بيۇرو ھەر ئايدا ئىككى قېتىم يىغىن ئاچىدۇ » ، « شۇجىچۇ سىياسىي بيۇرو بەلگىلىگەن فاڭجېنلارغا ئاساسەن كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگان . ئۇ تەشكىلىي جەھەتتە سىياسىي بيۇروغا بويسۇنىدۇ . لېكىن ، سىياسىي بيۇرو بەلگىلىگەن فاڭجېنلار ئاساسىدا بارلىق كۈندىلىك خىزمەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋە بەلگىلەشكە ھوقۇقلۇق . » ، « يېڭى شۇجىچۇ ماۋ زېدۇڭ ، ليۇشاۋچى ، رېن بىشى قاتارلىق ئۈچ يولداشتىن تەركىب تاپىدۇ ، ماۋ زېدۇڭ رەئىس . يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان مەسىلىلەر توغرىسىدا رەئىسنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قارار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ . » دەپ بەلگىلەنگەن . بۇ بەلگىلىمىدە شۇجىچۇ-
نىڭ خاراكتېرى ۋە ھوقۇق دائىرىسى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن با-
زىلارنىڭ تارقاق بولغانلىقىدەك ئۈزۈش مۇھىتى تۈپەيلىدىن سىياسىي بې-
يۇرونىڭ يىغىنى بەلگىلىمە بويىچە ھەر ئايدا ئىككى قېتىم ئېچىلمىدى ،
شۇنىڭ بىلەن شۇجىچۇنىڭ رولى ئالاھىدە زور بولۇپ ، ماۋ زې-
دۇڭغا بېرىلگەن « ئەڭ ئاخىرىدا قارار قىلىش ھوقۇقى » بارغانچە يو-
غانلاپ كەتتى . ماۋ زېدۇڭ ئالاھىدە ئەقىل ـ پاراسەتلىك ، سىياسىي
تەجرىبىلەرنى كۆپ ئۆتكۈزگەن ، بىلىملىك بولغانلىقى ئۈچۈن پۈتۈن
پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇنىڭ رەھبەرلىكىدە دېموكراتىك
ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قولغا
كەلتۈردى . بۇ تارىخىي جەرياندا ماۋ زېدۇڭنىڭ « ئەڭ ئاخىرىدا قارار
قىلىش ھوقۇقى » نى قالايمىقان ئىشلەتمىگەنلىكىنى ئىقرار قىلىشىمىز
كېرەك . بىز تارىخىي ماتېرىياللاردىن ، ماۋ زېدۇڭ مەيدانى مۇستەھكەم
بولۇش ، يىراقنى كۆرۈش ، پەم ـ پاراسەت جەھەتلەردە باشقىلاردىن
ئۈستۈن تۇرۇپلا قالماي ، يەنە ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئاڭلايدى-
غان ، ئۆزىگە قارشى چىققان ئادەملەر بىلەن ئىتتىپاقلىشالايدىغان تەرىپى
بارلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئۇ ئىقتىدار جەھەتتە باشقىلاردىن يۇقىرى بو-
لۇپلا قالماي ، توغرا تەدبىردە چىڭ تۇرىدىغان ، كۆپ سانلىقلارنى ھۆر-
مەت قىلىدىغان ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالمايدىغان ئادەم . مانا بۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە يارى-
تىپ ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن كۆڭلىدىن
ئىززەتلىشىگە سازاۋەر بولۇشىدىكى سەۋەب .

پارتىيىنىڭ 7 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 8 ـ قۇرۇلتىيى ئۇنداق « ئەڭ ئا-
خىرىدا قارار قىلىش ھوقۇقى » نى قايتا بەلگىلىمىدى . ئەمما ، ماۋ زې-
دۇڭنىڭ ئۇنداق يۇقىرى ئىناۋىتى ۋە مەركەزلىشىپ قالغان ھوقۇقى ، ئە-
مەلىيەتتە ئۇنىڭغا قارشى چىقىشقا بولمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ ، دا-
ھىينىڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەردى . بۇنداق
شارائىتتا ، داھىينىڭ شەخسىي سالاپىتى ، ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى-

نىڭ گۈللىنىش ۋە بەربات بولۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ . ئەگەر داھىي جەمئىيەت تارىخىي شارائىتىنى توغرا تونۇپ ۋە تەھلىل قىلىپ ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىرلىشىپ ، خەلقنىڭ ئارزۇسىنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ ، خەلق مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ ، خەقنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلسا ، ئىشلىرىمىز غەلىبە بىلەن راۋاج تاپىدۇ ، ئەكسىچە بولسا ، ئىشلىرىمىز توسقۇنلۇققا يولۇقىدۇ ، مەغلۇپ بولىدۇ . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق ، بۇنداق مىساللارنى ناھايىتى كۆپ كۆرىمىز .

ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە قارىتا دېڭ شياۋپىڭ ناھايىتى ئەمەلىي باھا بەرگەن : « ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، 1957 ـ يىلدىن ئىلگىرى ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى توغرا بولغانىدى ، 1957 ـ يىلدىكى ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەشتىن كېيىن ئۇنىڭ خاتالىقى بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى . » ⑥ « 1958 ـ يىلى قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش تەنقىد قىلىنغان ۋە 1959 ـ يىلى « ئوڭچىللىققا قارشى كۈرەش » ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دېموكراتىك تۇرمۇشى پەيدىنپەي نورمالسىزلىشىپ كەتتى ، بىرلا ئادەم سۆزلەش ، چوڭ ـ چوڭ مەسىلىلەرنى شەخس بەلگىلەش ، شەخسكە چوقۇنۇش ، شەخسنى تەشكىلدىن ئۈستۈن قويۇش قاتارلىق ئائىلە باشلىقلىق ئەھۋاللىرى ئۈزلۈكسىز ئەۋج ئېلىپ باردى . » ⑦ رەھبەرلىك ئىستىلىدا ئۆزگىرىش بولۇشىدىكى سەۋەب نېمە ؟ بىز يەنە بىر ھۆججەتتىن بىر ئابزاس نەقىل كەلتۈرەيلى : « پارتىيىمىز ئۆز خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا يۆتكەشتىن ئىبارەت يېڭى ۋەزىپىگە يۈزلەنگەن ۋە شۇ سەۋەبتىن ئالاھىدە ئېھتىياتچان بولۇشقا توغرا كەلگەن پەيتتە ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئابرۇيىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتتى . ئۇ بارا ـ بارا مەغرۇرلىنىپ ، ئەمەلىيەتتىن ۋە ئاممىدىن ئايرىلىپ قالدى . ئۇنىڭ سۇبيېكتىپچىلىق ۋە ئۆز بېشىمچىلىق ئىستىلى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ ، ئۆزىنى بارغانسېرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن ئۈستۈن قويدى ، نەتىجىدە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپى بىلەن دېموكراتىك ــ مەركەزلەشتۈ-رۈش تۈزۈمى ئاجىزلىشىپ كېتىۋەردى ، ھەتتا بۇزۇلدى .» يۇقىرىقى ئۈچ ئابزاس نەقىلدىن بىز بىر ئۇلۇغ ئىنقىلاب داھىيسىنىڭ خاتالىق يولىغا قەدەم قويۇشىدىكى سەۋەب ۋە جەريانىنى كۆرۈۋالالايمىز .

## شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ كۈچلەندۈرگۈچىسى

ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىشى بىلەن شەخسكە چوقۇنۇش ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدۇ : ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىپ قېلىشى شەخسكە چوقۇنۇشنى ئۆستۈرىدۇ ، شەخسكە چوقۇنۇش بولسا شەخسىي ھاكىمموتلەقلىقنى كۈچەيتىدۇ . نە-تىجىدە تارىخىي تراگېدىيە پەيدا بولىدۇ . بۇ خىل تەسىر كۆرسىتىشتە شەخسكە چوقۇنۇش كۈچلەندۈرگۈچى بولىدۇ ، بۇنى بىز تارىخنى كۆ-زەتسەكلا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز .

شەخسكە چوقۇنۇش كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان چىرىك تار-ىخىي مىراس . شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش ماركسىزمنىڭ ئىزچىل پرىنسىپى . ئەمما ، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ تارىخىدىن قارى-غاندا ، ئۇنىڭ تەسىرى ۋە يامان ئاقىۋىتىنى سەل چاغلاشقا ، تۈۋەن مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ . ئۇنىڭدا ئىككى قېتىم ئېغىر ھالدىكى شەخسكە چوقۇنۇش بولغان ، يەنى ستالىنغا بولغان چوقۇنۇش ۋە ماۋ زېدۇڭغا بولغان چوقۇنۇش ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

ئەسلىدە ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭ ئۆزىمۇ بۇرۇنلا شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلغان ھەمدە بەزى ساقلىنىش تەدبىرلىرىنىمۇ قوللانغانىدى . دۆلىتىمىز قۇرۇ-لۇش ھارپىسىدا ئېچىلغان پارتىيە 7 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ــ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن ، پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلىمەسلىك ، يەر ناملىرى ، كوچا ، كارخانا قا-تارلىق جايلارنىڭ نامىنى ئۇلارنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىماسلىق توغرىسىدا قارار ماقۇللىغانىدى . بۇ ئەلۋەتتە بىر مۇھىم ، يىراقنى كۆرەرلىك قارار

بولسىمۇ ، لېكىن كېيىنكى ئەمەلىيەت بۇنداق تەدبىرنىڭ بولۇشىلا
شەخسكە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنىشتا ھەل
قىلغۇچ رول ئوينىيالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى .

دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 8 ـ قۇرۇلتى-
يىدا بەرگەن پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى
دوكلاتىدا شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ئالاھىدە
ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ : « شەخسكە چوقۇنۇش ۋە پەيدا بولغىنىغا ئۇزۇن
ۋاقىت بولغان بىر خىل ئىجتىمائىي ھادىسە ، بۇنداق ھادىسە پارتىيىمىز-
نىڭ ھاياتى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدىمۇ ئاز ـ تولا ئەكس ئەتمەي
قالمايدۇ . » دەپ كۆرسەتتى . بۇ سۆزلەر گەرچە سىپايىلىك بىلەن ئېيى-
تىلغان بولسىمۇ ، لېكىن مەسىلە ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، ئەپ-
سۇسلىنارلىقى شۇكى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى 8 ـ قۇرۇلتىيى بۇ خىل
ئېنىق تونۇش ئاساسىدا ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ تونۇشىنى يەنىمۇ ئۆستۈر-
مىدى ۋە شەخسكە چوقۇنۇشتىن ساقلىنىش توغرىسىدا كۈچلۈك تەدبىر
بەلگىلەپ ، شەخسكە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ كەڭ يامراپ كېتىشىنى
ئۈنۈملۈك توسمىدى . بۇنىمۇ تارىخىي چەكلىمىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى
دېيىشكە بولىدۇ .

دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق ،
1957 ـ يىلىدىن بۇرۇن پارتىيىنىڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى سىياسىي تۇر-
مۇش خېلى نورمال ، ساغلام بولغانلىقىنى كۆرۈۋالايمىز . لېكىن ، شۇ-
نىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، شۇ چاغلاردىلا بەزى مەسىلىلەر ساقلانغا-
نىدى ، مەسىلەن ، نەزەرىيىدە ، تەشۋىقاتتا داھىينى بىر پۈتۈن كوللېك-
تىپ دېمەستىن ، بىرلا ئادەم دەيدىغان ، ئىنقىلاب نەزەرىيىسىنى كوللېك-
تىپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى دېمەستىن ، بىر ئادەمنىڭ تۆھ-
پىسى دەيدىغان ، بارلىق نەتىجىلەرنى بىر ئادەمنىڭ دەپ ، پارتىيە ۋە
خەلق ئاممىسىنىڭ رولىنى سۆزلىمەيدىغان ياكى ئاز سۆزلەيدىغان ، دا-
ھىينى مۇتلەق توغرا دەپ ، داھىيدىمۇ كەمچىلىكلەر بولىدىغانلىقىنى ،
ھەتتا بەزىدە خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى ئېغىزغا ئالمايدىغان ئەھۋاللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بار ئىدى . مۇشۇنداق مەسىلىلەرنىڭ ساقلانغانلىقى ۋە ۋاقتىدا تۈزىتىلمىگەنلىكى تۈپەيلىدىن شەخسكە چوقۇنۇش توسالغۇسىز كۈچىيىپ كەتتى .

**شەخسكە چوقۇنۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئۈچ خىل كۈچ**

شەخسكە چوقۇنۇشنى ئۈچ خىل كۈچ ئىلگىرى سۈرگەن .

بىرى ، كەڭ ئاممىنىڭ داھىيغا بولغان سەمىمىي مۇھەببىتى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئازادلىققا ئېرىشتۈردى ، خەلق ئازاب ـ ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ ، يېڭى جۇڭگونىڭ خوجايىنى بولدى ، ئامما پارتىيىگە بولغان مىننەتدارلىقىنى ناھايىتى ئوڭايلا پارتىيىنىڭ داھىيسىغا يىغىنچاقلاپ ، ئۇنى قىزىل قۇياش ، نىجات يۇلتۇز ، شەپقەتچى دەپ مەدھىيىلەيدۇ . بۇ بىر خىل ساددا ھېسسىيات ، بۇ ھېسسىياتقا جۇڭگودىكى ئۇزۇن مۇددەتلىك فېئودال ھۆكۈمرانلىقنىڭ تەسىرى ۋە ئۇششاق ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ ئۆزىدىكى ئىدىيۋى چەكلىمىلىك ئارىلاشقان بولىدۇ . كونا جۇڭگو ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ زېمىنى ئىدى . كونا جەمئىيەتتىن كەلگەن بۇنداق ئەنئەنىۋى تەسىر ، ئۇنداق تېز يوقالمايدۇ ، ئەمما تەربىيە لايىقىدا بولسا ، توغرا باشلانسا سوتسىيالىزم شارائىتىدا ، بۇنداق ئەنئەنىۋى كۈچ شەخسكە چوقۇنۇش ئىدىيىسىنىڭ ئىلگىرى سۈرگۈچ كۈچى بولالماسلىقى مۇمكىن ، ئەمما ئۇ شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئاساسى ۋە ئوبدان مۇھىتى .

يەنە بىرى ، رەھبەرلەرنىڭ شەخسكە چوقۇنۇشقا جىم تۇرۇپ يول قويۇشى ، خۇشال بولۇشى ، ھەتتا تەشەببۇس قىلىشى چوڭ تەسىر قىلىش كۈچىنى پەيدا قىلىدۇ . 1958 ـ يىلى مارتتا ماۋ زېدۇڭ چېڭدۇ يىغىنىدا ، ئىككى خىل شەخسكە چوقۇنۇش بار ، بىرى توغرا ، ئۇ بولسىمۇ ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ، ستالىننىڭ توغرا نەرسىلىرىگە چوقۇنۇش . چۈنكى ، ھەقىقەت ئۇلارنىڭ قولىدا ؛ يەنە بىرى ، خاتا چوقۇنۇش ، يەنى تەھلىل قىلمايلا ، قارىغۇلارچە بويسۇنۇش ، دېگەنىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزى قارىماققا توغرىدەك بىلىنسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە خاتا ئىدى ،

ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرى شۇكى ، ئۇنىڭدا ھەقىقەتكە چوقۇنۇش بىلەن
شەخسكە چوقۇنۇشنى ئىبارەت ئىككى خىل تۈپتىن ئوخشىمايدىغان
ئىشنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن . ئۇنىڭ سۇبيېكتىپ ئۈنۈمى جۇڭگو كومپار-
تىيىسى ئىچىدە بىخلانغان ۋە تەرەققىي قىلغان شەخسكە چوقۇنۇشقا يې-
شىل چىراغ يېقىپ بېرىشتىن ئىبارەت . شۇ يىغىندا جۇڭگو كومپارتىيىسى
شاڭخەي شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ 1 - شۇجىسى بولۇۋاتقان كې چىڭشى
ئوتتۇرىغا چىقىپ : « ماۋ جۇشىغا خۇراپاتلىققا ئىشەنگەندەك ئىشىنىش ،
ماۋ جۇشىغا قارىغۇلارچە بويسۇنغاندەك بويسۇنۇش لازىم » دېدى .
ماركسىزم پرىنسىپىغا پۈتۈنلەي خىلاپ بولغان بۇنداق سۆز لايىقىدا تەن-
قىدكە ئۇچراش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئالقىشقا ئېرىشتى . يىغىنغا
قاتناشقان بەزى رەھبەرلەر بۇنى يىغىننىڭ مەزمۇنى قاتارىدا پارتىيە ئەزا-
لىرىغا يەتكۈزگەن . ئىككى ئايدىن كېيىن يەنى مايدا چاقىرىلغان پارتىيە
8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا ، بۇ قارى-
غۇلارچە بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلغان رەھبەر پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتى سىياسىي بيۇروسىغا تولۇقلاپ سايلاندى .
ئۈچىنچى ئىلگىرى سۈرگۈچى كۈچ ، پارتىيە ئىچىدىكى ئاز سان-
دىكى قارا نىيەتچى ، سۇيىقەستچىلەر ۋە باشقا نىيەتتىكى كىشىلەر .
« توغرا شەخسكە چوقۇنۇش » دېگەن كۆزقاراشنىڭ تىكلىنىشى بىر قى-
سىم قارا نىيەتچىلەرنى « سىياسىي كىلىمات » قا ئىگە قىلدى . ئۇلار
شەخسكە چوقۇنۇشنى « بىر ئادەمنىڭ ھوقۇق تۇتۇپ ، جاھان سورى-
شى » شەخسىي ھوقۇقىغا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئەپلىك يولى دەپ بىلدى .
1958 - يىلى يازدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ
كاندىدات ئەزاسى ، مەركىزىي نەزەرىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى كاڭ
شېڭ : « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ يۇقىرى پەل-
لىسى » دەپ ئوتتۇرىغا قويدى . 1959 - يىلى يىل ئاخىرىدا كاڭ شېڭ
يەنە : « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ ئەڭ ئالىي ئۆل-
چىمى ، ئەڭ ئاخىرقى ئۆلچىمى » دېدى . شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كې-
رەككى ، ئۇ چاغدا دېيىلگەن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ھازىر شەرھلىنىۋات-

www.uyghurkitap.com

قانداق كوللېكتىپنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى بولماستىن ، بەلكى بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ ئىدى . شەخسكە چوقۇنۇشنى ھەممىدىن بەك تەرغىب قىلغىنى ئەلۋەتتە لىن بياۋ ئىدى . لۇشەن يىغىنىدىن كېيىن لىن بياۋ دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولۇپ ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلدى . ئۇ ھەربىي قىسىم ئىچىدە « سىياسىنى گەۋدىلەندۈرۈش » نى قانات يايدۇرۇش نامى بىلەن ماۋ زېدۇڭغا بولغان شەخسكە چوقۇنۇشنى كۈچەيتتى ، ئۇ بۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ سىياسىي مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى . 1962 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئېچىلغان « يەتتە مىڭ كىشىلىك يىغىن » دىكى سۆزىدە ماۋ زېدۇڭ « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » تىن بۇيانقى خاتالىقلاردىكى ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى پرىنسىپ جەھەتتىن ئۈستىگە ئالدى . ئەمما ، لىن بياۋ بولسا « ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ھامان توغرا » دېدى ھەمدە مەسىلە چىقىشى ، قىيىنچىلىق پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب ، ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقى « بويىچە ئىشلىمىگەنلىك » ، « ماۋ جۇشىنىڭ پىكرى لايىقىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولمىغانلىقى ياكى ناھايىتى چوڭ توسقۇنلۇققا ئۇچرىغانلىقى » دىن ئىكەنلىكىنى قايتا ـ قايتا تەكىتلىدى . 1966 ـ يىلىنىڭ بېشىدا لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنىڭ « ھەر جۈملىسى ھەقىقەت ، بىر جۈملىسى تۈمەن جۈملىگە تەڭ » دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى . لىن بياۋنىڭ بۇ سۆزلىرى ئەمەلىيەتتە ماۋ زېدۇڭنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى . لىن بياۋنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنى ئايرىۋەتكەنلىكىمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . ماۋ زېدۇڭ 1963 ـ يىلى 16 ـ دېكابىردا ھەربىي قىسىم رەھبەرلىرىگە يازغان خېتىدە : ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سىياسىي ئىدىيىۋى خىزمىتى ۋە ھەربىي ئىشلىرى ، يولداش لىن بياۋ تۆتتە بىرىنچى ، ئۈچتە سەككىز ئىستىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن بۇيان بۇرۇنقىغا قارىغاندا چوڭ ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى ، تېخىمۇ كونكرېتلاشتى ۋە تېخىمۇ نەزەرىيىلەشتى ، دېگەنىدى . شۇڭا ، لىن بياۋ قىلغان بىر يۈرۈش نەرسىلەر « پۈتۈن مەملىكەت ئازادلىق ئارمىيىدىن ئۆگىنىش » شوئارى ئاستىدا ناھايىتى تېزلىك بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى .

لىن بياۋ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار پارتىيە ئىچىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرغان-لىقى ، قوللىرىدا مەلۇم جەھەتتىكى ھوقۇقنى ئىگىلەپ تۇرغانلىقى ، يەنە ئۇستىدە « ماۋ جۇشى ئەسەرلىرىنى ئەڭ ئوبدان ئۆگەنگەن » ، « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ئەڭ ئېگىز كۆتۈرگەن » ، « ماركسىزم نەزە-رىيىسى نوپۇزى » دېگەندەك ئادەمنى قورقۇتقۇدەك نىقابلىرى بولغانلىقتىن بىر قىسىم ئادەملەرنى ئېزىقتۇرۇپ ، زور قۇتراتقۇلۇق رول ئوينىدى .

## داھىينىڭ پوزىتسىيىسى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى

شەخسكە چوقۇنۇش ئەگەر داھىينىڭ ماختىشىغا ( ھېچبولمىغاندا جىم تۇرۇپ يول قويۇشقا ) ئېرىشمىسە كىلىمات بولۇپ شەكىللىنەلمەيدۇ . ماركس ، ئېنگېلس پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنى قۇرۇش ئەمەلىيە-تىدە ، ئىشچىلار ھەرىكىتىدە دائىم پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان رەھبەرلەرنى پرىنسىپسىز ماختاپ ، مەدھىيىلەيدىغان ئىشقا ئىنتايىن نەپرەتلىنىدىغانلى-قىنى كۆپ قېتىم ئېيتقانىدى . ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىدىن كېيىن لېنىن باشقىلارنىڭ ئۆزىنى پرىنسىپسىز ماختاپ مەدھىيىلىگەنلىكىگە قەت-ئىي قارشى تۇرغانىدى ، شۇڭا خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىنغا نىسبەتەن شەخسكە چوقۇنۇش بولمىغان . جۇڭگودا 1957 - يىلىدىن بۇرۇن شەخسكە چوقۇنۇش ئانچە گەۋدىلىك ئەمەس ئىدى ، شۇنىڭدىن كېيىن بولسا بارغانچە كۆچۈرۈپ كەتتى . بۇنىڭدا ماۋزېدۇڭنىڭ ساقىت قىلىپ بولمايدىغان مەسئۇلىيىتى بار . 1970 - يىلى ماۋزېدۇڭ ئامېرىكا مۇخبىرى سىنو بىلەن بولغان سۆھبىتىدە : « ئاز - تولا شەخسكە چوقۇنۇش بولىدۇ - دە » ، « ئۇ چاغلاردا مەن شەخسكە چوقۇنۇشقا بىر نېمە دېمەك تەس ، ئەمما ئازراق شەخسكە چوقۇنۇش لازىم ئىكەن دېگەنىدىم » ، « ئۆتكەنكى بىرنەچچە يىلدا ئازراق شەخسكە چو-قۇنۇش بولغىنى زۆرۈر ئىدى » دېگەن . بۇ قارىماققا ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش . بۇرۇن شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلى-نىش ئۈچۈن قارار قوبۇل قىلىشنى تەكلىپ قىلغان ، تەدبىر قوللانغان ئادەم ئەمدى قانداق قىلىپ ئوچۇق - ئاشكارا ھالدا شەخسكە چوقۇنۇشنى

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

تـەشەببۇس قىلىدۇ ؟ قائىدە بويىچە ، بىر داھىي ئۇتتۇرىغا قويغان ۋە يـۈرگۈزگەن خاتا فاكچىنىنىڭ خاتالىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ، ئاپەتـ لىك يامان ئاقىۋەت كەلتۈرۈپ چىقارغان ھەمدە بەزى مەسئۇل يولداشلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىغان بولسا ، داھىي مەسىلىگە سوـ غۇققانلىق بىلەن توغرا پوزىتسىيە تۇتۇشى كېرەك . لېكىن ، داھىي ئۆـ زىـنى توغرا دەپ بىلىپ ، جامائەت پىكرىگە پىسەنت قىلماي ، « ئېقىمغا قارشى » چىقسا ، ئۆزىنىڭ خاتا فاكچىنىنى يۈرگۈزۈپ ، دېموكراتىك تەرتىپ بويىچە كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ قوللىشىغا ئېرىشەلمىسە ، ئۆـ زىنىڭ شەخسىي مۇتلەق نوپۇزىغا تايىنىشقا تېخىمۇ موھتاج بولىدۇ . شۇڭا ئۇ شەخسكە چوقۇنۇشنى ھەقىقەتەن « زۆرۈر » دەپ بىلىدۇ .

شـەخسىي ھاكىممۇتلەقلىق بىلەن شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ گىرەـ لەشمە تەسىرى بىلەن پارتىيە ئەزالىرى ، پارتىيە تەشكىلاتى داھىيغا بولـ غان نـازارەت ۋە چـەكـلـەش رولىنى يوقىتىدۇ ؛ كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپى ۋە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى نامى بار ، ئەمەلـ يەتتە يوق نەرسە بولۇپ قالىدۇ . شەخسىي ، كوللېكتىپ ۋە تەشكىلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ . بۇ خىل ئەھۋال « 1958 ـ يىلى قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش تەنقىد قىلىنغان » دىن كېيىن بارغانچە گەۋدىلىك بولدى .

1958 ـ يىلى يانۋاردا ئېچىلغان نەنىنىڭ يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ 1956 ـ يىلى 20 ـ ئىيۇندا « خەلق گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان « كونسېرۋاـ تىزمغا ، شۇنداقلا ئالدىراقسانلىق كەيپىياتىغا قارشى تۇرايلى » دېگەن تـېمىدىكى باش ماقالىسىنى قاتتىق تەنقىد قىلدى . بۇ باش ماقالە مەركىـ زىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ پىكرى بىلەن يېزىلغانىدى . ئۇ چاغدا سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا ، شۇنداقلا يېزىلاردىكى ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش قاتارلىق خىزمەتلەردە ئالدىراقسانلىق ، قارامىلىق قـىلىش خاھىشى كۆرۈلگەنىدى . باش ماقالىدە : « تۆۋەندە كۆرۈلگەن ئالدىـراقسانلىق ، قارامىلىق قىلىشنىڭ كۆپىنچىسى يۇقىرىنىڭ بېسىمى بىـ لـەن بـولغان . » دەپ كـۆرسـىـتىلگەنىدى . ئۈچ ئايدىن كېيىن ئېچىلـ

غان « 8 ـ قۇرۇلتاي » ماقۇللىغان « سىياسىي دوكلات توغرىسىدىكى قارار » دا ئېنىق قىلىپ : « پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى ، ئوڭچىل كونسېرۋاتىپ ياكى « سول » چىل تەۋەككۈلچىلىك خاھىشىدىن ھەر دائىم ساقلىنىش ۋە تۈزىتىشكە دىققەت قىلىش ، خەلق ئىگىلىكىنى ئاكتىپلىق بىلەن ، شۇنداقلا پۇختا ، ئىشەنچلىك ئىلگىرى سۈرۈش » دەپ كۆرسەتكەنىدى . ئەمما ، ماۋزېدۇڭ قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش فاڭجېن خاراكتېرلىك خاتالىق ، « 600 مىليون خەلقنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدى » دېگەندە چىڭ تۇردى . ماۋزېدۇڭ ، قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەش دېگەن گەپنى ئېغىزغا ئالماڭلار ، بۇ سىياسىي مەسىلە ، دېگەن . ئۇ يەنە ، ئوڭچىلارنىڭ ھۇجۇمى ، بەزى يولداشلارنى ئوڭچىلارنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويىدى ، ئارىلىقى ئارانلا 50 مېتىر قالدى ، ئۇلار ھودۇقۇپ كەتتى ؛ « ھازىرقى بۇرۇنقىغا يەتمەيدۇ » ، « قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەشنىڭ زىيىنى كونسېرۋاتىپلىقنىڭ زىيىنىدىن زور بولدى » دېگەنلەرنى دېگەن . نېمىشقا قاراملىققا قارشى ھېلىقى باش ماقالىنى يازغانلىقىنى تەتقىق قىلىپ بېقىش كېرەك . مەن « كۆرمەيمەن » دەپ تەستىقلاپ بەرگەن ، ئۇنىڭدا مېنى تىللاپتۇ ، شۇڭا مەن كۆرمەيمەن دېگەنىدىم ، دېگەن . ئارقا ـ ئارقىدىن ، قايتا ـ قايتا قاتتىق تەنقىد قىلغان . ئۇ بۇ مەسىلىنى بەك ئېغىر دەپ ھېسابلىغاچقا ، ئۇ باش ماقالىنى ئېلان قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ليۇ شاۋچى ، جۇ ئېنلەي ، چېن يۈن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبەرلەر ئۆزلىرىنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان . شۇنىڭدىن باشلاپ « سول » چىللىققا قارشى تۇرۇش ، قاراملىق بىلەن ئىلگىرىلەشكە قارشى تۇرۇش چەكلەنگەن رايون بولۇپ ، « سول » ئوڭدىن ياخشى ، مەيلى « سول » بولسا بولسۇنكى ، ھەرگىز ئوڭ بولمىسۇن دەيدىغان « سول » چىل ئىدىيە تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى ، ئارقىدىنلا « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » بولدى . نەنىنىڭ يىغىنىدىن كېيىن ، ماۋزېدۇڭ سىياسىي بيۇرو يىغىنلىرىغا ئانچە قاتناشمايدىغان بولۇۋالدى ، دائىم يىغىندىن بۇرۇن كۆپچىلىكنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قوياتتى ، يىغىندىن كېيىن بولسا دوكلات

ئاڭلايتتى ، ئۇ قوشۇلسا ئاندىن ھېساب بولاتتى . بولمىسا ، ياكى باشقىدىن مۇزاكىرە قىلىناتتى ، ياكى ئۇنىڭ پىكرى بويىچە ئىجرا قىلىناتتى . ماۋزېدۇڭ بىلەن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئەمەلىيەتتە يۇقىرى ـ تۆۋەن مۇناسىۋىتىدەك بولۇپ قالغانىدى .

مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بارغانچە نورمالسىزلىنىشقا باشلىدى . 1959 ـ يىلدىكى لۇشەن يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ پېڭ دېخۇەينى پىپەن قىلىشنى بەلگىلىگەندىن كېيىن ، بىر قېتىملىق كىچىك كۆلەملىك يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى جۇدې سۆز ئېلىپ ، پېڭ دېخۇەينى مىجەزى قوپال ، تەرسا ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدۇ ، دەپ تەنقىد قىلدى . ماۋ زېدۇڭ بۇنى « پاقالچىقى قىچىشسا ، قونجىنى تاتىلىغانلىق » دەپ ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈۋەتتى . لۇشەن يىغىنىدىن كېيىنكى « ئوڭچىللىققا قارشى » ھەرىكەتتە جۇدې يەنە سەۋەبسىزلا تەنقىدكە ئۇچرىدى . مانا بۇ سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ مۇناسىۋىتى باراۋەر مۇناسىۋەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . 1964 ـ يىلى دېكابىردا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو ئاچقان مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ دېڭ شياۋپىڭ رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى بىلەن لى فۇچۈن رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان دۆلەتلىك پىلان كومىتېتىنى « ئىككى مۇستەقىل پادىشاھلىق » دەپ تەنقىد قىلدى . بىر شەخسنىڭ مەركەزدىكى مۇھىم رەھبىرىي ئورگاننى مۇنداق ئاساسسىز ئەيىبلىشى رەھبەرلىك مۇناسىۋىتىنىڭ نورمالسىزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . « 23 ـ ماددا » نى مۇزاكىرە قىلىنغاندا ، ھەرىكەتنىڭ خاراكتېرى ۋە « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » قاتارلىق مەسىلىلەردە ماۋ زېدۇڭ بىلەن ليۇ شاۋچىنىڭ پىكرىدە ئىختىلاپ بار ئىدى ، شۇڭا ئۇلار يىغىندا ھەر قايسىسى ئۆزىنىڭ پىكرىنى قىلدى . مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلغاندا پىكىرنىڭ ئوخشىماسلىقى ئەسلىدە نورمال ئەھۋال ئىدى ، ئەمما بۇ ماۋ زېدۇڭغا قىلىنغان ئەڭ چوڭ

ھۆرمەتسىزلىك دەپ تونۇلدى . شۇنىڭ بىلەن ، ليۇ شاۋچى ماۋ زېدۇڭ-
دىن ئالاھىتەن كەچۈرۈم سورىدى . يۇقىرىغا ئوخشاش ئەھۋاللار شۇنى
كۆرسىتىدۇكى ، بەزى چوڭ مەسىلىلەر مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ پىك-
رىدە ئوخشىماسلىق بار . ئەمما بۇ خىل ئىختىلاپ ھەرگىز ئاشكارىلانما-
غان ، ھەمدە ئەڭ ئالىي مەخپىيەتلىك دەپ قاتتىق ساقلانغان . بۇ بىر
تەرەپتىن مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ، پارتىيە
ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى مۇھىم دەپ بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ كۈ-
چىنىڭ مەنبەسى . يەنە بىر تەرەپتىن ، بۇ خىل باشقا رەھبەرلەرنىڭ ئو-
مۇملۇقنى كۆزلەپ ماۋزېدۇڭغا بويسۇنۇشى مەلۇم پاسسىپ رول پەيدا قى-
لىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دېموكراتىك تۈرمۇشى ۋە كول-
لېكتىپ رەھبەرلىكىگە زىيان يەتكۈزىدۇ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسىي ھا-
كىممۇتلەقلىقىنى ئۆستۈرىدۇ .

**شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ تونۇش سەۋەبى**

رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىدىن شەكىللەنگەن شەخسىي ھاكىممۇتلەق-
لىقنىڭ يەنە نەزەرىيىۋى تونۇش جەھەتتىمۇ سەۋەبى بار . ئۇزاقتىن بۇيان
جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخى توغرىسىدىكى كىتاب ۋە ھۆججەتلەردە
پارتىيە ئىچىدىكى لۇشيەن كۈرىشىنى سۆزلىگەندە ، خاتا لۇشيەننىڭ
ۋەكىللىرىنى تىلغا ئالماي قويمايتتى . خاتا لۇشيەننىڭ ۋەكىللىرى بولغا-
نىكەن ، ئەلۋەتتە توغرا لۇشيەننىڭ ۋەكىللىرى بولىدۇ . جۇڭگو كومپار-
تىيىسىنىڭ تارىخىدا ماۋ زېدۇڭ كۆپ قېتىم توغرا لۇشيەننىڭ ۋەكىلى
بولغان ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى . لېكىن ، لۇشيەننى بارغانچە ئې-
غىرلاشتۇرۇپ ، بارغانچە مۇقەددەس كۆرسىتىپ كەتكەچكە ، مۇتلەقلەش-
تۈرۈۋېتىدىغان نۇقسان كېلىپ چىقتى : لۇشيەن خاتالاشسا ، ھەممە
نەرسە خاتالىشىدۇ ؛ لۇشيەن توغرا بولسا ، ھەممە نەرسە توغرا بولىدۇ .
ماۋ زېدۇڭ توغرا لۇشيەننىڭ ۋەكىلى بولغاچقا ، كىمكى ئۇنىڭ پىكرىگە
قوشۇلمىسا ، تەبىئىي ھالدا توغرا لۇشيەنگە قوشۇلمىغان بولىدۇ دەپ تو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نۇلدى ، ھەتتا توغرا لۇشيەنگە قارشى چىققانلىق دېدى . بۇ سىياسىي قالپاقنىڭ ۋەزنى ھەقىقەتەن ئېغىر ئىدى . شۇڭا ، ماۋ زېدۇڭ بىر خىل تەشەببۇستا چىڭ تۇرغاندا ، ئوخشىمايدىغان پىكىر ئاڭلانمايتتى ، كۆپ۔ چىلىك « روھىي چۈشكۈنلۈك » كە ، « ئاكتىپ ئىزچىللاشتۇرۇش » قا تىرىشاتتى . لىن بياۋ بازارغا سالغان « چۈشەنسەكمۇ ئىجرا قىلىمىز ، چۈشەنمىسەكمۇ ئىجرا قىلىمىز » دېگەنى ئەسلىدە مۇستەقىل پىكىر قى۔ لىشنى ئىنكار قىلىپ ، قارىغۇلارچە بويسۇنۇشنى تەشەببۇس قىلىدىغان نادانلىق نەزەرىيىسى ئىدى ، ئەمما ئۇ خېلى كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ماختىشىغا ياكى ھەرىكەتسىزلىكىنىڭ قىبلىنامىسى دېيىشكە سازاۋەر بولۇش۔ دىكى سەۋەبمۇ مانا مۇشۇنداق سۈيىيكتىپ مۇھىتنىڭ بولغانلىقىدىندۇر . بۇنداق ھادىسىگە قاراپ ، مەركەزدىكى باشقا رەھبەرلەردىن « نادانلارچە سادىقلىق قىلغان » ، « جۈرئەتسىزلەر » ، پەقەت « ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلدار۔ لىق قالپىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولغانلار » دەپ ئاغرىنىشقا بولماي۔ دۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇرۇنقى رەھبەرلەردىن لىن بياۋ ، كاڭ شېڭ ، چېن بودا قاتارلىق ئاز ساندىكى قارا نىيەتچىلەردىن باشقى۔ لىرى ئاساسەن پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىناۋىتىنى قوغداشنى مەقسەت قىلغان ( شۇ چاغدا بۇ پارتىيىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى دەپ تونۇلغانىدى ) . شەخسىي ھاكىمىيەتلەشلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەھۋالدا داھىيغا بولغان پوزىتسىيىنىڭ قانداق بولۇشى ئەڭ يۇقىرى تەر۔ تىپ ـ ئىنتىزام دەپ قارىلاتتى . ئەگەر كىمكى ماۋ زېدۇڭ قىلماقچى بول۔ غان مەلۇم تەشەببۇسقا قارشى چىقىدىكەن ، ماۋ زېدۇڭغۇ يول قويمايتتى ، يەنە كېلىپ رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ چۈشىنىشىگە ۋە قوللىشىغىمۇ ئې۔ رىشەلمەيتتى . شۇڭلاشقا ،« شۇ چاغدىكى شارائىتتا قارشى تۇرۇشمۇ تەس ئىدى ، بۇنىسى ھەقىقىي ئەھۋال . »

ماۋ زېدۇڭ ئەلۋەتتە ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ، ئۇ ئەزەل۔ دىن نەزەرىيە جەھەتتە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك دېگەندەك پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىنى ئىنكار قىلغان ئەمەس . ئەمەلىيەتتە ، ئۇنىڭ ئىن۔

قىلابىي ھاياتىدا ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك دېگەنلەر ئۇ دائىم سۆزلەيدىغان تېمىلار ئىدى . ئۇ بېكىتكەن زور قارارلار ، ئادەتتە مەركەزدىكى رەھبەرلەر كوللېكتىپىگە تاپشۇرۇلۇپ بەلگىلىك يىغىندا مۇزاكىرىدىن ئۆتكۈزۈلەتتى . لېكىن ، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە تۇرمۇشى نورمالسىزلاشقان ئەھۋالدا ئۇ بېكىتكەن قارارغا ھەممەيلەننىلا قوشۇلاتتى . بۇنداق « كوللېكتىپ رەھبەرلىك دېگەن نىقاب شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىقنى يېپىۋالغان » ئەھۋال ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىرادىسىنى چىڭىتىپ ، ئۇنى ھەقىقەت ھەممىشە مېنىڭ قولۇمدا دەيدىغان ، ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرىدىغان قىلىپ قويدى . ئۇ ئۆزىچە ھەقىقەتتە چىڭ تۇردۇم دەپ جامائەت پىكرىنى چەتكە قاققان ، ‹ ئېقىمغا قارشى تۇرغان › دا ، بۇنداق قىلىشنى پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلغاندىنمۇ مۇھىم دەپ بىلگەن . شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ قارىشىدىكى توغرا سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ، شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىق قىلىشنى لايىق كۆرگەن . بۇنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغىغاندىكى بىرنەچچە ئىشتىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

### شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ بىرنەچچە مىسالى

« خەيرۇيىنىڭ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى » دېگەن دراما ئۈستىدىن پەيپەن ئېلىپ بېرىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇقەددىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . بۇ پۈتۈن پارتىيىنى ، پۈتۈن مەملىكەتنى قوزغىتىپ ئاتالمىش چوڭ پەيپەن ئېلىپ بارىدىغان چوڭ ئىش ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماقالىنىڭ تىغ ئۇچى بىۋاسىتە جۇڭگو كومپارتىيىسى بېيجىڭ شەھەرلىك كومىتېتىغا قارىتىلغان بولۇپ ، بۇ ئىش يەنە مەركەزدىكى خېلى نۇرغۇن رەھبەرلەرگە چېتىشلىق ئىدى . شۇڭا ، بۇنداق ماقالىنى ئادەتتىكى پەيپەن ماقالىسى دېيىشكە بولمايتتى ، بۇ چوڭ سىياسىي ئەھمىيەتكە ئىگە زور ئىش ئىدى . ئەمما ، ماقالە يېزىلىشقا باشلاپ تاكى ئېلان قىلىنغۇچە بولغان سەككىز ئايدىن ئارتۇق ۋاقىتقىچە پۈتۈنلەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن مەخپىي تۇتۇلغان ، بۇنى مەركىزىي كومىتېت سىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياسىي بيۇروسى ۋە شۇجىچۇدىكى يولداشلار بىلمىگەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىكى مەسئۇللارمۇ بىلمىگەن، پەقەت ماۋ زېدوڭ ئۆزىلا قارار قىلىپ بەلگىلىگەن. مانا بۇ شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىق بىلەن ئومۇمىي ۋەزىيەتتىكى چوڭ ئىشنى بەلگىلىگەنلىكنىڭ بىر مىسالى.

1965 ـ يىلى دېكابىردا مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى لورۇيچىڭنى كۆرەش قىلىشنى ماۋ زېدوڭ لىن بياۋنىڭ بەدناملىرىغا ئىشىنىپ، شاڭخەيدە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىننى ئېچىشنى ۋاقىتلىق بەلگىلەپ، شۇ يىغىندا قارار قىلدۇرغان. شۇ چاغدا بېيجىڭدا مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋاتقان مۇئاۋىن رەئىس ليۇ شاۋچى يىغىن ئېچىش ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋېلىپ يىغىن مەزمۇنىنى بىلمىگەچكە، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان سىياسىي بيۇرو ئەزاسى، مارشال خې لۇڭدىن سورىغان، خې لۇڭ: «قىزىق گەپ، سىز بىلمىگەن ئىشنى مەن قانداق بىلەي» دەپ جاۋاب بەرگەن. يىغىنغا قاتناشقان يولداشلار يىغىن مەزمۇنىدىن ئالدىن بىخەۋەر بولغاچقا، دېگەن گەپلەرگە شۇنداق ئوخشايدۇ دەپلا ئولتۇرغان.

1966 ـ يىلى پېڭ جېن رىياسەتچىلىك قىلىپ بېكىتكەن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى بەش كىشىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىلمىي مۇھاكىمىدىن دوكلات قىلىش تېزىسى» (فېۋرال تېزىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، بېيجىڭدىكى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلغان ھەمدە شۇ چاغدا سىرتتا تۇرۇۋاتقان ماۋ زېدوڭغا ئالاھىتەن بېرىپ دوكلات قىلغان (ماۋ زېدوڭ ئۇ چاغدا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرمىگەن) دىن كېيىن ئاندىن مەركىزىي كومىتېت ھۆججىتى قاتارىدا تارقىتىلغانىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ماۋ زېدوڭ ئۆزىلا «فېۋرال تېزىسى» نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى پىپەن قىلىشنى بەلگىلىدى. مانا بۇ شەخسنىڭ كوللېكتىپ قارارىنى ئىنكار قىلىۋەتكەنلىكىنىڭ مىسالى.

1966 ـ يىلى مايدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ رەسمىي باشلانغانلىقىنىڭ بەلگىسى . بۇ يىغىننىڭ مەزمۇنىنى ، مەسىلەن ، پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لۇ دىڭيى ، ياڭ شاڭكۇنلەرنىڭ كۈرەش قىلىش ، ھەممە ئۇلارنى « پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ » دەپ بېكىتىش ، « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » نى ماقۇللاش قاتارلىقلارنى يىغىندىن بۇرۇن ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىك قىلىپ بېكىتكەنىدى . رەسمىي يىغىن ئېچىلغاندا ماۋزېدۇڭ سىرتتىن بېيجىڭغا قايتىپ كەلمىدى . يىغىنغا ليۇ شاۋچى رىياسەتچىلىك قىلدى . بۇ شەخسىي قارار قىلغان ئىشنى شەكىلۋازلىق قىلىپ كوللېكتىپقا قارار قىلدۇرغانلىقىنىڭ مىسالى .

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ بەكلا نورمالسىز ئىكەنلىكىنى مەملىكەتلىك قۇرۇلتاي ۋە مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدىنلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . « 8 ـ قۇرۇلتاي » ماقۇللىغان پارتىيە نىزامنامىسىدە ، مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى بۇنىڭدىن كېيىن دائىمىي ۋاكالەتلىك تۈزۈمىدىكى قۇرۇلتايغا ئۆزگەرتىشنى ، ۋاكالەت مۇددىتى بەش يىل بولۇپ ، ھەر يىلى بىر قېتىم يىغىن ئۆتكۈزۈلىدۇ ، مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنى يىلدا ئاز دېگەندە ئىككى قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ ، دەپ بەلگىلىگەنىدى . « 8 ـ قۇرۇلتاي » پارتىيە نىزامنامىسىدە مۇنداق بەلگىلىشىدىكى سەۋەب ، بۇ « پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ تۈپكى تەلىپىنىڭ بىرى بولغانلىقى ، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك قۇرۇلتايلىرىنى قەرەلىدە ئېچىپ ۋە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ » ، « قۇرۇلتاينى پارتىيىنىڭ تولۇق ، ئۈنۈملۈك تەدبىر كۆرگۈچى ئالىي ئورگىنىغا ۋە نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئالىي ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇش » ⑧ ئۈچۈن ئىدى . ئەمەلىيەتتە 1958 ـ يىلى ئېچىلغان 8 ـ قۇرۇلتاي 2 ـ قېتىملىق يىغىنىدىن كېيىن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غىچە ھېچقانداق قۇرۇلتاي ئېچىلمىدى . 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 10 ـ ئومۇمىي يىغىنى « سىنىپىي كۈرەشنى باشقىدىن ئوتتۇرىغا قويغان » دىن كېيىن ، تۆت يىل ئۆتۈپ ، ئان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دىن 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى. قۇرۇلتاينى ۋە ئومۇمىي يىغىننى ۋاقتىدا ئاچالمىغانلىقىنىڭ سەۋەبى كۆپ، ئەمما پۈتۈن ھوقۇق بىر ئادەمگە مەركەزلىشىپ قالغان شارائىتتا، ماۋ زېدۇڭنىڭ «تەدبىر كۆرگۈچى ئالىي ئورگان ۋە نازارەتچىلىك قىلغۇچى ئالىي ئورگان» نىڭ ھېچبىر لازىمى يوق دەپ تونۇغانلىقىنى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى دېمەي تۇرالمايمىز. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلدە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزاسى ئاساسسىز كۈرەش قىلىندى، سولاندى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پاچاقلاپ تاشلاندى، كوللېكتىپ رەھبەرلىك شەكلىمۇ يوق بولدى. «ماۋ جۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى» «ئەڭ ئالىي يوليورۇق» نامى بىلەن بىۋاسىتە پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىپ ئىجرا قىلىندى. بۇ شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىقنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئەڭ روشەن، شۇنداقلا ئەڭ يۇقىرى شەكلى.

شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىق بىلەن شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى داھىي بولغان شەخسنى ئاما ۋە مەركىزىي رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان، مۇقەددەس نۇرلۇق چەمبىرىكى بار نوپۇزلۇق ئورۇنغا، ھەممىنى ئىدارە قىلىدىغان، ھەممىنى بەلگىلەيدىغان ھوقۇقى بار ئورۇنغا چىقىرىپ قويدى. بۇنداق شارائىتتا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش ـ قىلالماسلىق كۆپ ھاللاردا داھىي بىر ئادەمگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى مىليونلىغان خەلقنىڭ خۇشاللىق ـ قايغۇسى، ھەتتا ھايات ـ ماماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالىدۇ. بۇ مەنىدىن شۇنى كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى: «پارتىيە ئىچىدە دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ بولمىغانلىقى، كوللېكتىپ رەھبەرلىكنىڭ بولمىغانلىقى ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› نىڭ پەيدا بولۇشىدىكى تۈپكى سەۋەب.»

دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلىش خاتالىقى، پارتىيە، دۆلەت ۋە ھەر

مىللەت خەلقىگە زور بەختسىزلىك ئېلىپلا كەلمەي ، يەنە شەخسىي ھا-
كىممۇتلەقلىق يۈرگۈزگەن داھىينىڭ ئۆزىگىمۇ بەختسىزلىك ئېلىپ كې-
لىپ ، زور تارىخىي تراگېدىيە پەيدا قىلىدۇ . مانا مۇشۇ مەنىدىن دېڭ
شياۋپىڭ : « بىزدە بۇرۇن يۈز بەرگەن تۈرلۈك خاتالىقلار دەرۋەقە بەزى
رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىستىلى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ، ئەمما تەش-
كىلىي تۈزۈم ۋە خىزمەت تۈزۈمى جەھەتتىكى مەسىلە تېخىمۇ مۇھىم . . .
يولداش ماۋ زېدۇڭدەك ئۇلۇغ شەخسمۇ بەزى ناچار تۈزۈملەرنىڭ قاتتىق
تەسىرىگە ئۇچراپ ، پارتىيىگىمۇ ، دۆلەتكىمۇ ، ئۆزىگىمۇ چوڭ پېشكەللىك
تۇغدۇردى » ⑨ دېگەنىدى . بۇ بىز « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ
پەيدا بولۇش سەۋەبىنى تەتقىق قىلغاندا ، تۈزۈم مەسىلىسىنى ناھايىتى
مۇھىم ئورۇنغا قويۇشقا مەجبۇر بولغانلىقىمىزنىڭ سەۋەبى .

## 3 . خەلقئارادىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنىڭ گىرەلەشمە تەسىرى

يۇقىرىدىكى ئىككى پاراگرافتا بىز ئاساسلىق دۆلەت ئىچى ، بو-
لۇپمۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پارتىيە — جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسىنىڭ ئىچكى سىياسىي ئەھۋالى ۋە تەشكىلىي ئەھۋالى ئۈستىدە
ئەسلەش ۋە تەھلىل ئېلىپ باردۇق . لېكىن ، ھازىرقى دۇنيادىكى ھەر-
قانداق بىر دۆلەتتە يۈز بەرگەن ھەرقانداق بىر چوڭ سىياسىي ئۆزگى-
رىشنىڭ خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بولماي قالمايدۇ ، شۇنداقلا شۇ چاغ-
دىكى ئالاھىدە خەلقئارا مۇھىتتىن ئايرىلالمايدۇ . « شيۇجېڭجۇيىغا ( رې-
ۋىزىئونىزم ) قارشى تۇرۇپ ، شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش » ، « جاھان-
گىرلىك ، شيۇجېڭجۇيى ، ئەكسىيەتچىلەرنى يوقىتىش » نى مۇقەددەس
نىشان قىلغان جۇڭگونىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا ئوخشاش
بۇنداق پۈتۈن يەر شارىغا چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن سىياسىي بوران —
چاپقۇنىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى خەلقئارا ۋەزىيەتنىڭ تە-

www.uyghurkitap.com

رەققىيات ئۆزگىرىشى بىلەن، بولۇپمۇ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولماي قالمايدۇ. شۇڭا بۇ بىزدىن بۇ جەھەتتە قىسقىچە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزنى ھەمدە ئۇنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات ئۆزگىرىشى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تېپىپ چىقىشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

**جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى**

سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيالىستىك دۆلەت، ئۇ شۇ چاغدىكى سوتسىيالىزم لاگېرىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك «ئاكا» ئىدى، ئۇنىڭ ئىنقىلاب غەلىبىگە ئېرىشكەندىن كېيىنكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا ئىناۋىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى. ئۇ چاغلاردا «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۈگۈنى، بىزنىڭ ئەتىمىز» دەيدىغان شوئار ھەممە ئائىلىلەرگە سىڭىپ كەتكەن، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئارزۇسىغا ۋە غايىسىگە ئايلانغانىدى. لېكىن، 1953 ـ يىلى ستالىن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەھۋالدا تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولدى. جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىدىكى بۇرۇلۇش خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش 1956 ـ يىلى فېۋرالدا ئېچىلغان سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 20 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن باشلاندى.

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 20 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى، ئاساسىي مەزمۇنى ۋە تارىخىي ئورنى توغرىسىدا دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ئالىملارنىڭ ھەرخىل باھالىرى بار. لېكىن، بىر نۇقتا ناھايىتى ئېنىقكى، ئۇ بولسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خرۇشچېۋ قۇرۇلتايدا مەخپىي دوكلات بېرىپ پارتىيىنىڭ داھىيسى ستالىنغا ھەدەپ ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋەتكەن، بۇنىڭ بىلەن خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە زور زىيان سالىدىغان سىياسىي بوران ـ چاپقۇن پەيدا قىلغان، بۇ ئىش ماۋ زېدۇڭنىڭ ھوشيارلىقىنى قوزغاپ، ئۇنىڭ تونۇشىنى

« سول » تەرەپكە بۇرىغان ھەمدە ئۇنىڭ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش شوئارىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 20 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلغان چاغدا جۇڭگو كومپارتىيىسى تىنچلىق بىلەن ئۆتۈش مەسىلىسىگە ئوخشىمىغان پىكىردە بولغاندىن باشقا بۇ قۇرۇلتاينى مۇئەيـيەنلەشتۈرگەنىدى. ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىك قىلغان جۇڭگو كومپارتىـيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى مۇزاكىرە قىـلىـپ ماقۇللىغان، 1956 ـ يىلى 5 ـ ئاپرېلدا ئېلان قىلىنـغان « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى توغرىسىدا » دا مۇنداق كۆرسىتىلگەن: « شەخسكە چوقۇنۇش ئىنسانىيەتنىڭ ئۇزۇن يىللىق تارىخىدىن قېپقالغان بىر خىل چىرىك مىراس. » « سوۋېت ئىتـتىپاقى كومپارتىيىسى 20 ـ قۇرۇلتىيىدا ئېلىپ بېرىلغان شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى كۈرەش، سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستلىرى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى خەلقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ئىدىيىۋى توساقلارنى تازىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان بىر ئۇلۇغ قەھرىمانە كۈرىشى. » لېكىن بىر يىل ئۆتمەيلا، بولۇپمۇ 1956 ـ يىلى ئىيۇلدىن ئۆكتەبىرگىچە بولغان پولشا ۋەقەسى⑩ ۋە شۇ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىدىن نويابىرغىچە بولـغان ۋېنگىرىيە ۋەقەسىدىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت كومپارتىـيىسى 20 ـ قۇرۇلتىيىغا بولغان كۆز قارىشىدا روشەن ئۆزگىرىش بولدى، بۇنىڭ بەلگىسى 1957 ـ يىلى قىلغان « خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا » دېگەن دوكلاتىدا شيۇجېڭـجۇيىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسىنى ئېنىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: « شيۇجېڭجۇيى ياكى ئوڭچىل ئاغمىچىلىق بىر خىل بۇرژۇئازىيە ئىدىـيىسى، ئۇ دوگماتىزمغا قارىغاندا تېخىمۇ خەۋپلىك » دېگەن.

ئۇ چاغدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش » پەقەت ئىدىيىۋى سەپتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، « مەدەنىـيەت زور ئىنقىلابى » دا « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، شيۇجېڭجۇـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يىدىن ساقلىنىش » نى ئىدىيىۋى سەپ ۋە سىياسىي سەپتىكى ھەممىنى
بېسىپ چۈشىدىغان ئەڭ چوڭ ۋەزىپە قىلىش بىلەن ناھايىتى چوڭ
ئوخشىماسلىقى بار ئىدى .

1957 ـ يىلى قىشتا ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ ، رو-
سىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا قاتنى-
شىش ئۈچۈن موسكۋاغا باردى ، ئۇ يەنە سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر كوم-
پارتىيىلىرى ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىپ ، جۇڭگو ـ
سوۋېت ئىككى پارتىيە مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشتە خېلى نەتىجىلەرگە ئې-
رىشتى . قۇرۇلتاينىڭ خىتابنامىسىگە جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆ-
مىكىنىڭ نۇرغۇن پىكىرلىرىنى كىرگۈزدى ھەمدە سوتسىيالىزم يولىدا
ماڭغان دۆلەتلەر چوقۇم ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر قىسىم ئورتاق ئا-
ساسلىق قانۇنىيەتلەر توغرىسىدا تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈردى . بۇ قې-
تىمقى يىغىندا خرۇششېۋ ، سوۋېت ئىتتىپاقى 15 يىلدىن كېيىن ئەڭ ئا-
ساسلىق سانائەت ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى
جەھەتتە ئامېرىكىغا يېتىشىۋالىمىز ياكى ئېشىپ كېتىمىز ، دېدى . ماۋ
زېدۇڭمۇ ، جۇڭگومۇ مۇشۇ مۆھلەت ئىچىدە پولات ـ تۆمۈر ۋە باشقا مۇ-
ھىم سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ مىقدارى جەھەتتە ئەنگلىيىگە يېتىشىۋالى-
مىز ياكى ئېشىپ كېتىمىز دېدى . بۇ 1958 ـ يىلى قوزغىتىلغان « چوڭ
سەكرەپ ئىلگىرىلەش » نىڭ ئاچقۇچى بولدى . خرۇششېۋ جۇڭگونىڭ
1958 ـ يىلىدىكى « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ۋە خەلق كوممۇنىسى
ھەرىكىتىنى مەسخىرە قىلغانلىقى ، جىنمىننى زەمبىرەك ئوقىغا تۇ-
تۇشنى ⑪ ئەيىبلىگەنلىكى ۋە جۇڭگو سوۋېت بىرلەشمە فلوت قۇرۇش ،
جۇڭگودا سوۋېتلىكلەر باشقۇرىدىغان ئۇزۇن دولقۇنلۇق تېلېگراما ئىس-
تانسىسى قۇرۇپ ، جۇڭگو دېڭىز ئارمىيىسىنى كونترول قىلماقچى بولغان
ئورۇنسىز تەلەپلىرى ماۋ زېدۇڭنىڭ قەتئىي رەت قىلىشىغا ئۇچرىغانلىقى-
دەك ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشى بىلەن ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىككى پارتىيە-
نىڭ مۇناسىۋىتى بارغانچە يىرىكلىشىپ كەتتى . بولۇپمۇ 1959 ـ يىلىدىكى
لۇشەن يىغىنىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ماۋ زېدۇڭ : « يېقىندىن بۇيان

ئوگچىل ئاغمىچىلىق غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلىپ ، خەلق ئىشلىرىنىڭ
ئۇنىمسىمۇ بولمىدى ، بۇنىمسىمۇ بولمىدى ، دېيىشتى . دۇنيادىكى
جۇڭگوغا ، كوممۇنىزمغا قارشى ئۇنسۇرلار ۋە ئېلىمىزنىڭ پرولېتارىياتى
ئىچىدىكى ، پارتىيە ئىچىگە بۇرۇن سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئازىيە ،
ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرى ، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن بىرلە-
شىپ ، بىرلىكتە غالجىرلىق بىلەن ھۇجۇم قىلماقتا » دەپ تونۇدى . شۇڭا
ئۇ : « ھەممە گۈللەر بەس ـ بەستە ئېچىلىش ، خەلق كوممۇنىسى ، چوڭ
سەكرەپ ئىلگىرىلەش ، بۇ ئۈچ نەرسىگە خروششېۋ قارشى چىققان ياكى
گۇمانلانغان . . . بۇ ئۈچ ئىش پۈتۈن دۇنياغا ، جۈملىدىن پارتىيە ئىچى-
دىكى كۆپلىگەن ئۆكتىچىلەر ۋە گۇمانخورلارغا جەڭ ئېلان قىلىدۇ »
دېگەنىدى .

لېكىن سۇبيېكتىپ ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى كىشىلەرنىڭ ئوبيېك-
تىپ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدۇ . خروششېۋ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ قىل-
غانلىرىغا چىداپ تۇرالمىدى ، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە ھۇجۇم قوز-
غىدى . 1960 ـ يىلى 24 ـ ئىيۇندىن 26 ـ ئىيۇنغىچە رۇمىنىيە پايتەختى
بۇخارىستتا ئېچىلغان سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر كومپارتىيىلىرى ۋە ئىش-
چىلار پارتىيىلىرى ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ، ئىككى پارتىيە مۇناسىۋىتىدىكى
بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى . يىغىندىن بۇرۇن خروششېۋ باشچىلىقىدىكى
سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى تۇيۇقسىزلا ھەرقايسى
دۆلەت ۋەكىللەر ئۆمىكىگە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى 2 ـ ئىيۇندا
جۇڭگو كومپارتىيىسىگە تاپشۇرغان ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى . يىغىن جەر-
يانىدا خروششېۋ يەنە باشلامچىلىق بىلەن جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىل-
لەر ئۆمىكىدىكىلەرگە قورشاپ ھۇجۇم قىلدى ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنى
« ساراڭلار » ، « ئۇرۇش قوزغىماقچى » دەپ ھاقارەتلىدى ، پېڭ جېن
ئۆمەك باشلىقى بولغان جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى بەلگىلىگەن پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ، ئىتتىپاقلىقتا
چىڭ تۇرۇش فاڭجېنى بويىچە ، بىر تەرەپتىن ، جىددىي كۆرەش ئېلىپ
باردى ھەمدە يىغىندا يازما بايانات تارقىتىپ ، خروششېۋنىڭ بۇ يىغىندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۈيۈقسىز ھۇجۇم قىلغان رەزىل قىلمىشنى ئەيىبلىدى؛ يەنە بىر جەھەت-تىن، يەنىلا ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇپ يىغىن ئېلان قىلغان ئاخباراتقا ئىمزا قويدى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى رەھبەرلىرى يىغىندا جۇڭگو كومپارتىيىسىنى بويسۇندۇرالمىغانلىقىنى كۆرۈپ، يىغىندىن كې-يىن بېسىم ئىشلىتىپ، جۇڭگو ــ سوۋېت پارتىيىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىدىيىۋى ئىختىلاپنى دۆلەت مۇناسىۋىتىگە كېڭەيتىۋەتتى.

1960 ــ يىلى 16 ــ ئىيۇلدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە تۇيۇقسىزدىن نوتا تاپشۇرۇپ، جۇڭگودا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇتەخەسسىسلىرىنى ئۆزى قارار قىلىپلا چېكىندۈرۈپ كەتتى. 28 ــ ئى-يۇلدىن 1 ــ سېنتەبىرگىچە 1390 مۇتەخەسسىسنى ئەكەتتى. كېلىدىغان 900 نەپەر مۇتەخەسسىسنى كەلگۈزمىدى، 343 پارچە توختام ۋە توختام تولۇقلىمىسىنى يىرتىپ تاشلاپ، 257 تۈرلۈك پەن ــ تېخنىكا ھەمكارلى-شىش تۈرىنى ئەمەلدىن قالدۇردى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1 ــ بەش يىللىق پىلاندىن بۇيان، سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگوغا ھەمكارلاشماقچى بولغان تۈر 304 تۈرلۈك بولۇپ، 1960 ــ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە قۇرۇلغىنى 103 تۈر، قۇرۇلۇۋاتقىنى 201 تۈر. سوۋېت مۇتەخەسسىسلىرى كەتكەندە بارلىق چېرتيوژلار، پىلان ۋە ماتېرىياللارنى ئەكەتكەنتى ھەمدە قۇرۇلۇشقا جىددىي لازىملىق مۇھىم ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىنلەشنى توختاتتى، نەتىجىدە زور قۇرۇلۇش تۈرلىرى ۋە پەن ــ تەتقىقات تۈر-لىرى ئىلاجسىز توختاپ ياكى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيا-لىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زور زىيان كەلتۈردى.

1960 ــ يىلى نويابىردا ليۇ شاۋچى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىل-لەر ئۆمىكىنى باشلاپ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ 43 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇراسىمىغا ۋە 81 كومپارتىيە، ئىشچىلار پارتىيىسى ۋەكىللىرى قۇرۇلتى-يىغا قاتنىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا باردى. سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتى-يىسى يەنە بىر قېتىم بوخارىستتا ئىشلەتكەن ھۈنىرىنى ئىشلىتىپ، 26 دۆلەتتىن تەركىب تاپقان لايىھە تۈزەش كومىتېتى كۆپ قېتىم مۇزاكىرى-لەشكەن كېلىشىمگە پەرۋا قىلماي، يىغىندىن بۇرۇن ھەرقايسى دۆلەت

ۋەكىللەر ئۆمىكىگە ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قوپاللىق بىلەن ھۇجۇم قى-
لىنغان 60 مىڭ خەتتىن كۆپ ئۇزۇن بىر پارچە خەتنى تارقاتتى . يىغىن
جەريانىدا يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللىرىگە بولغان قورشاپ ھۇ-
جۇم قىلىشنى تەشكىللىدى ، نەتىجىدە يىغىن بۇزۇلۇپ كەتكىلى تاس
قالدى . نۇرغۇن قېرىنداش پارتىيىلەر ئىتتىپاقلىقنى قوغداپ ، بۆل-
گۈنچىلىككە قارشى تۇرغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ليۇ شاۋچى باشچىلى-
قىدىكى جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكى ئاكتىپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىك-
تىن ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى پارتىيە ئۆزئارا ئاز ـ تولا يول
قويدى . يىغىن ئاخىرىدا « دۇنيا ھەرقايسى دۆلەت كومپارتىيىلىرى ۋە
ئىشچىلار پارتىيىلىرى ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىنىڭ باياناتى » نى ماقۇللىدى
ۋە ئېلان قىلدى . ئەمما ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى پارتىيىنىڭ
مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يامانلىشىپ كەتتى .

1961 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەم-
لىكەتلىك 22 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئۆتكۈزدى . جۇڭگو كومپارتى-
يىسى جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكىنى ئەۋەتتى . يىغىندا
خرۇشېۋ ستالىننى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھاقارەتلىگەندە ، جۇئېنلەي يىغىن
مەيدانىدىن چىقىپ كېتىش بىلەن نارازىلىق بىلدۈرگەن ھەمدە ئالاھىتەن
قىزىل مەيدانغا بېرىپ ، ستالىن قەبرىسىگە گۈلچەمبىرەك قويغانىدى . ئۇ-
نىڭدىن كېيىن يۈز بەرگەن جۇڭگو ـ ھىندىستان چېگرا ۋەقە-
سىدە [12] سوۋېت ئىتتىپاقى ئوچۇق ـ ئاشكارا باياناتت ئېلان قىلىپ ،
جۇڭگونى ئەيىبلىدى . كۇبا راكېتا كرىزىسىدا [13] خرۇشېۋ ئامېرىكىغا
مۇرەسسە قىلىپ ، يول قويدى : مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ماۋ زېدۇڭ ۋە
جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شيۇجېڭجۇيىنىڭ خەۋ-
پىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى .

مۇشۇنداق خەلقئارا مۇھىت ۋە 1959 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ئېلىپ
بېرىلغان « ئوڭچىل ئاغمىچىلىققا قارشى تۇرۇش » نىڭ تەسىرى بىلەن
ماۋ زېدۇڭنىڭ سوۋېت شيۇجېڭجۇيىسىغا بولغان تونۇشى بارغانچە ئۆر-
لەۋەردى . 1962 ـ يىلى بېيدەيخېدا ئېچىلغان مەركىزىي كومىتېت خىز-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەت يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ ، شيۇجېڭجۇيىنى خەلقئارا كاپىتالىزم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئەكسىلئىنقىلابچىلار ، دەپ ئەيىبلىدى . ئۇ تەكىتلەپ ، بىز ئون مىڭ يىل سىنىپىي كۈرەش قىلىمىز ، بولمىسا بىزمۇ گومىنداڭ ، شيۇجېڭجۇيىچىلاردىن بولۇپ قالىمدۇق ، دېدى . پارتىيىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ ، جۇڭگودىكى ئوڭچىل ئاغمىچىلارنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتسەك بولغۇدەك ، جۇڭگو شيۇجېڭجۇيىچىلىرى دېسەك بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ، دېدى . بۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزىرىدە شيۇجېڭجۇيىنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتىپ بولغانىدى ، ئەمدىكى مەسىلە ئۇلارغا قارشى تۇرىدىغان كونكرېتنى تەدبىردە قالغانىدى . ئۇنىڭ بۇ خىل پوزىتسىيىسىنى چەت ئەللىك ئالىملار ئېنىق كۆرۈپ يەتكەنىدى . بىر ئامېرىكا پروفېسسورى مۇنداق دەپ يازغان : « ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭدىن بۇرۇن ، خىروشېۋ خاتالىق ئۆتكۈزگەن يولداش ، يامان يولدىن قايتىپ قالىدۇ ، دەپ تونۇپ كەلگەنىدى ، ئەمدى بولسا خىروشېۋ قۇتۇلدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان خائىن دەيدىغان بولدى . »

### بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك خەلقئارالىق بەس ـ مۇنازىرە

1963 ـ يىلى مارتتىن 1964 ـ يىلى ئۆكتەبىرگىچە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى پارتىيە « خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ باش لۇشيەنى توغرىسىدا » بىر مەيدان كەڭ كۆلەملىك بەس ـ مۇنازىرە ئېلىپ باردى ، بۇنىڭغا خېلى كۆپ دۆلەتلەرنىڭ كومپارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىسى قاتناشتى ، بۇ خەلقئارالىق بولۇپ ، تەسىرى خېلى زور بولدى .

1963 ـ يىلى مارتتا سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىغا بىر پارچە خەت يوللىدى . خەتتە ، دۇنيا ۋەزىيىتى ۋە خەلقئارا سەھنىدىكى سىنىپىي كۈچلەرنىڭ ئۆزگىرىشى « دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ئۇنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى تۈپكى ۋەزىپىسىگە ماس كېلىدىغان باش لۇشيەننى بېكىتىشنى تەلەپ قىلماقتا »

دېيىلگەن ، شۇڭا خەتتە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كو-
مىتېتى بــۇنــى « قــېــرىنداش پارتىيىلەر دىققەت قىلىدىغان مەركەز » ۋە
« بىزنىڭ ئورتاق ئىشلىرىمىز ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان مەركەز » نىڭ
بىرقانچە پرىنسىپال مەسىلىسى » دەپ تونۇيدىغانلىقى ئېيتىلغانىدى . 14 ـ
ئىيۇندا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « خەلقئارا كوممۇنىزم
ھەرىكىتىنىڭ باش لۇشيەنى توغرىسىدا تەكلىپ » تېمىسىدا ئۇزۇن خەت
يېزىپ ، بۇنىڭغا جاۋاب بەردى . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ خېتىدە
مۇنداق دېيىلدۇ : « بىزنىڭچە ، بىز بۇ يەردە ئېيتىلغان مەسىلىلەر خەلق-
ئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە زۆرۈر بولغان ۋە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك
مەركىزىي مەسىلىلەر . » ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزلىرى ئوتتۇرىغا قويغان
مەسىلىلەر خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە ھەل قىلىش زۆرۈر بولغان
مەركىزىي مەسىلىلەر دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدى ، ئەمما ھەر ئىككى تە-
رەپنىڭ نۇرغۇن كۆز قاراشلىرى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى ، ھەتتا قارىمۇ ـ
قارشى ئىدى ، شۇڭا مەسىلىھەتلىشىش زۆرۈر ئىدى .

5 ـ ئىيۇلدا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش
شۇجىسى دېڭ شياۋپىڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر
ئۆمىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شۇ-
جىسى سوسلوف باشچىلىقىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى ۋەكىل-
لەر ئۆمىكى بىلەن موسكۋادا سۆھبەت ئۆتكۈزدى . سۆھبەتنىڭ ئىناق
كەيپىياتتا بولمىغانلىقى ئېنىق ئىش ئىدى . سۆھبەت داۋاملىشىۋاتقان
مەزگىلدە ، يەنى 14 ـ ئىيۇلدا ، سوۋېت ئىتتىپاقى تۇيۇقسىزدىن « سوۋېت
ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھەرقايسى دەرىجىلىك پار-
تىيە تەشكىلاتلىرى ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرىغا يازغان ئوچۇق خېتى »
نى گېزىتتە ئېلان قىلدى ۋە رادىئودا ئاڭلاتتى . بۇنىڭ بىلەن ئىككى
پارتىيە ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنى جاھانغا ئاشكارىلىۋەتتى . جۇڭگو
كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقى ، ئامېرىكا ،
ئەنگلىيە ـــ ئۈچ دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ سۆھبىتى باشلىنىشتىن بۇرۇن
خىروششېۋنىڭ « ئامېرىكا جاھانگىرلىرىغا خۇشامەت يۈزىسىدىن ، ئۇلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلغان بىر ئەتىۋارلىق يۈز كۆرۈشۈش سوۋغىتى بولدى »دەپ تونۇدى . سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ ئىككى پارتىيە سۆھبىتىنى ئۆتكۈزۈشتە سەممىي نىيىتى بولمىغاچقا ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋەكىللەر ئۆمىكى سۆھبەتنى ۋاقىتلىق توختىتىشقا تەكلىپ بېرىپ قايتىپ كەلدى .

سۆھبەت بۇزۇلۇشى بىلەنلا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ گېزىت ، رادىئو ، تېلېۋىزىيە قاتارلىق ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ كەڭ كۆلەملىك ئېلىپ بارغان جىددىي مۇنازىرىسى باشلىنىپ كەتتى . سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ ئوچۇق خەتنى ئېلان قىلغاندىن تارتىپ ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى 2000 پارچىدىن ئارتۇق ماقالە ئېلان قىلدى . باشقا دۆلەتلەرنىڭ كومپارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ قوماندانلىق تايىقىغا ئەگىشىپ ، جۇڭگو كومپارتىيىسىگە قارشى نۇرغۇنلىغان ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى . جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى بۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى ، ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ قايتۇرما زەربە بەرگەن ماقالىلىرىدىن باشقا ، مەركىزىي نەزەرىيە گۇرۇپپىسى مەسئۇل بولغان يېزىش گۇرۇپپىسى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆز قارىشىنى شەرھلەيدىغان ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ سەپسەتىلىرى ، ھاقارەتلىرىگە جاۋاب بېرىدىغان سىستېمىلىق ، مۇھىم ماقالىلەرنى يازدى . بۇ ماقالىلەر 1963 ـ يىلى 6 ـ سېنتەبىردە « سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى رەھبەرلىرى بىلەن بىزنىڭ ئىختىلاپىمىزنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشى » دېگەن بىرىنچى ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن تارتىپ ، 1964 ـ يىلى 14 ـ ئىيۇلدا « خروششېۋنىڭ يالغان كوممۇنىزمى ۋە دۇنيا تارىخىدىكى ساۋاق » دېگەن ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە جەمئىي 9 پارچە ماقالە ئېلان قىلىنىپ ، « 9 باھا » دەپ ئاتالدى . 1964 ـ يىلى ئۆكتەبىردە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى خروششېۋنىڭ بارلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىغاندىن كېيىن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « خروششېۋ تەختتىن قانداق چۈ-

شۇپ كەتتى » دېگەن خۇلاسە خاراكتېرلىك ماقالە ئېلان قىلدى . ماقالىدە : « خرۇششېۋنىڭ تەختتىن چۈشۈشى پۈتۈن دۇنيا ماركسىزم ـ لېنىنىزمچىلىرىنىڭ شىۋجېڭجۇيىغا قارشى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ، بۇ ھازىرقى زامان شىۋجېڭجۇيىسىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . » « ئۇن بىر يىلدىن بۇيان خرۇششېۋنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ئۇ ئىجرا قىلىۋاتقان سىياسەتنىڭ ، جاھانگىرلىك بىلەن بىرلىشىپ ، سوتسىيالىزمغا قارشى تۇرۇش ؛ ئامېرىكا بىلەن بىرلىشىپ ، جۇڭگوغا قارشى تۇرۇش ؛ ھەرقايسى ئەل ئەكسىيەتچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ، مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى ۋە ھەرقايسى ئەل ئىنقىلابىغا قارشى تۇرۇش ؛ تىتو گۇرۇھى ۋە ھەرخىل خائىنلار بىلەن بىرلىشىپ ، بارلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزمچە قېرىنداش پارتىيە ۋە جاھانگىرلىككە قارشى كۈرەش قىلىۋاتقان بارلىق ئىنقىلابچىلارغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت » دەپ كۆرسىتىلگەن . بۇ يۇقىرى پرىنسىپقا كۆتۈرۈلگەن ، ئىشلەتكەن سۆزلىرى ناھايىتى قاتتىق ماقالىلەر ئىدى . ئۇ چاغدا قارشى تەرەپ بولغان خرۇششېۋ تەختتىن چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا ، بۇ مۇنازىرىمۇ تەبىئىي ھالدا ئاياغلاشتى .

بۇ بەس ـ مۇنازىرە توغرىسىدا دېڭ شياۋپىڭ 1989 ـ يىلى 16 ـ مايدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىي سوۋېتىنىڭ رەئىسى ، سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى گورباچېۋ بىلەن كۆرۈشكەندە : « كۆپ يىللاردىن بۇيان ماركسىزمنى ، سوتسىيالىزمنى چۈشىنىش مەسىلىسى ساقلىنىپ كەلدى . 1957 ـ يىلى 1 ـ قېتىملىق موسكۋا سۆھبىتى ئۆتكۈزۈلگەن ۋاقىتتىن تارتىپ ، 60 ـ يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان مەزگىلدە جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىلىرى ئوتتۇرىسىدا قاتتىق مۇنازىرە بولدى . مەن شۇ مۇنازىرىگە قاتناشقانلارنىڭ بىرى . مەن شۇ مۇنازىرىدە مۇھىم رول ئالغان . 20 نەچچە يىللىق ئەمەلىيەتنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن ، ئۆتكەن ئىشلىرىمىزغا قارايدىغان بولساق ، ھەر ئىككى تەرەپ نۇرغۇن قۇرۇق گەپ قىلىپتىكەنمىز . »⑭ دېگەنىدى . ئۇ يەنە : « 60 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى پۈت-

كۆل جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا ، جۇڭگو ـ موڭغۇلىيە چېگرىسىدا ھەربىي مۇئەسسەسىلىرىنى كۆچەيتتى ، باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتتى ، بۇلار سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بارلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبىلىرىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە توغرا كېلىدۇ ، ھەربىي قوشۇنىنىڭ ، جۇملىدىن موڭغۇلىيىگە ئەۋەتىلگەن ھەربىي قوشۇنىنىڭ ئادەم سانىنى ئۆزلۈكسىز كۆپەيتىپ ، جەمئىي 1 مىليونغا يەتكۈزدى . جۇڭگوغا سېلىنىۋاتقان تەھدىت نەدىن كېلىدۇ ؟ بۇ ھەقتە ، جۇڭگو يەكۈن چىقاردى . بۇ ناھايىتى تەبىئىي ئىش . 1963 ـ يىلى مەن ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ موسكۋاغا باردىم ، سۆھبەت بۇزۇلدى . شۇنداق دېيىش كېرەككى ، بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز 60 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ يامانلاشتى ، ئاساسىي جەھەتتىن ئۈزۈلدى . بۇنىڭدا ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن مۇنازىرە قىلىنغان مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇۋاتقىنىم يوق ، بۇ جەھەتتە بىزمۇ ھازىر شۇ چاغدا دېگەنلىرىمىزنىڭ ھەممىسى توغرا دەپ قارىمايمىز . بۇنىڭدىكى ھەقىقىي ماھىيەتلىك مەسىلە ـــ تەڭسىزلىك ، جۇڭگولۇقلار خورلانغانلىقىنى ھېس قىلدى . شۇنداق بولسىمۇ ، بىز جۇڭگونىڭ 1 ـ بەش يىللىق پىلانى مەزگىلىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ سانائىتىمىزگە بىر ئاساس سېلىپ بەرگەنلىكىنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالغىنىمىز يوق . » ⑮ دېگەنىدى .

بۇ قېتىملىق مۇنازىرە ماركسىزمنىڭ تۈپ نەزەرىيىسىدىكى نۇرغۇن جەھەتلەرگە چېتىشلىق بولۇپ ، يادرولۇق مەسىلە سوتسىيالىزم دېگەن نېمە ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلە ئىدى . نۇرغۇن مەسىلىلەرنى رەتلەشكە ۋە خۇلاسىلەشكە توغرا كېلىدۇ ، ئەمما ئۇ بۇ كىتابتا ھەل بولىدىغان مەسىلە ئەمەس . ئەمما شۇنىسى ئېنىق بولدىكى ، بۇ قېتىملىق مۇنازىرە ئارقىلىق جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدە پەيدا بولغان « سول » چىل كۆزقاراش سىستېمىلاشتى ۋە نەزەرىيىلەشتى ھەمدە پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى تەربىيە ۋە ھەربىر پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كىرىپ چوڭقۇرلاشتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ قېتىملىق مۇنازىرە ماۋ زېدۇڭنى سوۋېت ئىتتىپاقىنى شىۇجېڭجۇيى تەختىگە

چىقتى ، لېنىن ئۆز قولى بىلەن قۇرغان دۇنيادىكى بىرىنچى سوتسىيالىس-
تىك دۆلەتنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كەتتى ، دېگەنگە تېخىمۇ ئىشەندۈر-
دى ، ئۇ جۇڭگوغا قاراپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن شىۇجېڭجۇيى چىقتى ،
بىزدىنمۇ شىۇجېڭجۇيى چىقىپ قېلىشى مۇمكىن ، دېگەن يەكۈننى چى-
قاردى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇنىڭدا جۇڭگودا شىۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇ-
رۇپ ، شىۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش كۈرىشىنى ئېلىپ بېرىشنىڭ زۆرۈر-
لۈك تۇيغۇسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى .

## خرۇششېۋدىن كېيىنكى جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى

خرۇششېۋنىڭ تەختتىن چۈشۈشى سۇبيېكتىپ جەھەتتە
جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى پارتىيىلىرى مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشقا بىر
خىل مۇمكىنچىلىك يارىتىپ بەردى . جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي
كومىتېتى بۇنىڭغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى . شۇڭا ، ئۆكتەبىر ئىنقىلا-
بىنىڭ 47 يىللىقىنى خاتىرىلەشتىن پايدىلىنىپ ، جۈپ يىللىق چوڭ تەب-
رىكلەش مۇراسىمى بولمىغان شارائىتتىمۇ جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى يۇ-
قىرى دەرىجىلىك جۇڭگو پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ۋەكىللەر ئۆمىكىنى
موسكۋاغا ئەۋەتتى . لېكىن ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى پارتىيە-
نىڭ سۆھبىتى تېخى رەسمىي باشلانمايلا ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى-
نىڭ بىر يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېرالىنىڭ بىمەنە ھەرىكىتىدىن بۇزۇلۇپ
كەتتى . يەنى 7 ـ نويابىر كەچتە سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى ئۆتكۈز-
گەن كۈتۈۋېلىش زىياپىتىدە ، خې لۇڭ سوۋېت ئىتتىپاقى مارشالى ژۇ-
كوۋ بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندا ، سوۋېت ئىتتىپاقى دۆلەت مۇداپىئە مىنىس-
تىرى مالىنوۋسكىي خې لۇڭغا : « بىز ھازىر خرۇششېۋنى ئاغدۇرۇۋەت-
تۇق ، سىلەرمۇ بىزنى دوراپ ، ماۋ زېدۇڭنى تەختتىن چۈشۈرۈۋېتىڭلار .
شۇنداقتا بىز ئىناق بولۇپ قالىمىز » دېگەن . ئۇنىڭ زەھەرخەندىلىك
كۈشكۈرتۈشىنى خې لۇڭ قېقۋەتكەن ھەمدە دەرھال جۇ ئېنلەيگە مەلۇم
قىلغان . جۇ ئېنلەي شۇ ھامان برېژنېۋ قاتارلىق سوۋېت ئىتتىپاقى رەھ-
بەرلىرىگە سوئال قويدى . برېژنېۋ مالىنوۋسكىينى مەست بولۇپ قاپتۇ ،

دەپ ئىشنى ياپماقچى بولدى. جۇ ئېنلەي شۇئان، بۇ ھەرگىز «مەست بولۇپ قېلىپ دېگەن گەپ ئەمەس»، بەلكى «ھاراق ئىچىپ قىلغان راست گەپ» دېگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۆتكۈزۈلگەن ئىككى پارتىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ سۆھبىتىدە جۇ ئېنلەي يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى، نەتىجىدە برېژنېۋ ئامالسىز كەچۈرۈم سورىدى. بۇ ئىشنى باشقا ئىشلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى برېژنېۋنىڭ قىلىۋاتقىنى «خرۇششېۋ يوق خرۇششېۋىزم ئىكەن» دېگەن يەكۈننى چىقاردى. شۇندىن كېيىن جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتى ياخشىلاندى ئەمەس، بەلكى ئەكسىچە بارغانچە يامانلىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى جۇڭگو – سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىغا مىليون ئەسكەر كۆپەيتتى، موڭغۇلىيىگە ئارمىيە كىرگۈزدى، جۇڭگو چېگرىسىنى كۆپ ئەسكەر قورشاپ ياتقان ۋەزىيەت شەكىللەندى.

بۇ ئىشنىڭ ماۋزېدۇڭغا قانچىلىك تەسىر بەرگىنىنى ئېنىق بىلىش ئەلۋەتتە تەس. لېكىن، كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال دەۋرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونالنىڭ تەشكىلىي ۋاستىسى بىلەن باشقا دۆلەت پارتىيە رەھبەرلىرىنى ئۆزگەرتىۋەتكەن. كوممۇنىستىك ئىنتېرناتسىئونال تارقالغاندىن كېيىن، ستالىن دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باشقا دۆلەت پارتىيىلىرى ئىچىدىن گۇماشتا تېپىپ ھەم بېسىم ئىشلىتىپ، تەسىر كۆرسىتىپ، ئىچكى جەھەتتىن ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئۆزىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىغان رەھبەرلەرنى ئۆزگەرتىپ كېلىۋاتقانلىقى ھېچبىر مەخپىيەتلىك ئەمەس ئىدى. سىياسىئون ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىس بولغان ماۋ زېدۇڭ ئەلۋەتتە قورغاننى ئىچىدىن ئېلىش ئەڭ ئاسان بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى، شۇڭا ئۇ بۇ جەھەتتە ئېھتىيات قىلماي قالمايتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئۇ دىققەت – ئېتىبارىنى «يېنىدا ئۇخلاۋاتقان خرۇششېۋ» نى سېزىۋېلىش مەسىلىسىگە كۆپرەك بېرىدىغان بولدى، بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك ئىدى. ئېچىنارلىقى شۇكى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بۇنداق زور سىياسىي مەسىلىدە ماۋ زېدۇڭ دى-

ئالېكتىك ماتېرىيالىزم مەيدانىدا چىڭ تۇرماي ، بەلكى ئەكسىچە يولغا ماڭىدى .

ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىدا ، كۆپىنچە نۇرغۇن تاسادىپىي ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ . مەسىلەن ، يۇقىرىدا سۆزلەنگەن مالىنوۋسكىي ۋەقەسى . لېكىن ، بۇنداق قارىماققا تاسادىپىي بولغاندەك ۋەقەلەر كۆپ ھاللاردا سۇبيېكتىپ تارىخ قانۇنىيىتىنىڭ مۇقەررەرلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تاسادىپىي ۋەقەلەردىكى ئادەملەرنىڭ ئورنى ۋە ھوقۇقىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن تارىخ تەرەققىياتىغا بولغان تەسىرى ۋە رولىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ . شۇڭا تارىخىي ماتېرىيالىزم بىزگە تارىخ مۇقەررەرلىكىگە ھۆرمەت قىلىش ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھەر خىل تاسادىپىيلىققا سەل قارىماسلىق توغرىسىدا تەلىم بېرىدۇ . ماركس شۇنداق كۆرسەتكەنىدى : « ئەگەر تاسادىپىيلىق ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىسە ، ئۇنداقتا دۇنيا تارىخى ناھايىتى سىرلىق خاراكتېردە بولۇپ قالىدۇ . بۇ تاساددىپىيلىقلارنىڭ ئۆزى تەبىئىي ھالدا ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىغا كىرگەن ھەمدە باشقا تاسادىپىيلىقلار تەرىپىدىن تولۇقلانغان بولىدۇ . لېكىن ، تەرەققىياتنىڭ سۈرئىتى ۋە ئارقىغا سوزۇلۇشى ، زور دەرىجىدە دەسلەپتىلا ھەرىكەتنىڭ ئەڭ ئالدىدا تۇرغان ئاشۇ ئادەملەرنىڭ مىجەزىدىن ئىبارەت بىر خىل ‹ تاسادىپىي ئەھۋال › نى ئۆز ئىچىگە ئالغان شۇ ‹ تاسادىپىيلىق › قا باغلىق بولىدۇ .» بۇ نوقتىئىنەزەر بىزنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبىنى مۇلاھىزە قىلىشىمىزدا يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە .

**خەلقئارادىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشى**

شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى مەملىكەتلىك 20 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى بىلەن پەيدا بولغان . دەسلەپكى باسقۇچتا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشى ، ئاساسلىقى خروششېۋ ۋەكىللىكىدىكى ھازىرقى زامان شيۇ جېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ئىدى . لېكىن ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىت-

تىپاقى ئىككى پارتىيە زىددىيىتىنىڭ بارغانچە كەسكىنلىشىشى ۋە خەلق-
ئارالىق مۇنازىرىنىڭ قانات يېيىشى بىلەن، « سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا »
قىلغان « سول » چىل كۆزقاراش تەدرىجىي سىستېملاشتى ۋە نەزەرىيە-
لەشتى . بۇ خىل « سول » نەزەرىيە بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە باشقا
سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرنى كۆزەتكەندە ۋە تەھلىل قىلغاندا ، سوۋېت
ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى شيۇجېڭجۇيى گۇرۇھى ئىگى-
لەپ بوپتۇ ، لېنىن ئۆز قولى بىلەن قۇرغان دۇنيادىكى تۇنجى سوتسىيا-
لىستىك دۆلەت رەڭگىنى ئۆزگەرتىپتۇ ، دۇنيادىكى كۆپ ساندىكى كوم-
پارتىيە ۋە ئىشچىلار پارتىيىلىرى ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئاساسى تولۇق
ئەمەس ، ھۆكۈمى توغرا ئەمەس دەپ ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ ، دې-
گەن خۇلاسىنى چىقارغىلى بولاتتى . شۇنىڭ بىلەن بىر گە تەبىئىي ھالدا
شۇ خىل نەزەرىيە بىلەن ئۆزىمىزنى كۆزەتسەك ، جۇڭگو كومپارتى-
يىسىدە شيۇجېڭجۇيى پەيدا بولۇشنىڭ شەرتى بارمۇ ، شيۇجېڭجۇيى
كۈچلىرى پەيدا بولدىمۇ ، كۈچىيىۋاتامدۇ دەپ تەھلىل قىلىپ
مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ . بۇنىڭ بىلەن ،
خەلقئارادىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى
شيۇ جېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش بىۋاستە
باغلانغان بولىدۇ .

ماۋ زېدۇڭ دۆلەت ئىچىدە شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ،
شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش ۋەزىپىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، مۇھىم نۇقتا
شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش ئىدى . يەنى جۇڭگو كومپارتىيىسىدە شيۇ-
جېڭجۇيىنىڭ پەيدا بولماسلىقىدىن قانداق ساقلىنىش ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ
يىلتىزىنى قانداق قىلىپ مۇداپىئە خاراكتېرلىك يۇلۇپ تاشلاش كېرەك
دېگەن مەسىلىدە ئىدى . مەسىلەن ، 1963 ـ يىلى مايدا ماۋ زېدۇڭ
جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ كادىرلارنىڭ ئەمگەككە قاتنىشىشى توغرىسىدىكى
يەتتە ماتېرىيالغا تەستىق سالدى . ئۇ ، كادىرلارنىڭ ئەمگەككە قات-
نىشىشى « شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش » نىڭ بىر ئۇبدان ئۇسۇلى ، دەپ
تونۇپ ، پۈتۈن پارتىينى ، ئەگەر سىنىپىي كۈرەشنى بوشاشتۇرۇپ قو-

يىدىغان بولساق ، ئۇ چاغدا ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ، ئاز دېگەندە نەچچە يىل ، ئون نەچچە يىل ، كۆپ بولغاندا نەچچە ئون يىلدا مەملىكەت خاراكتېرلىك ئەكسىلئىنقىلابىينىڭ تىرىلىشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمچى پارتىيە شيۇجېڭجۇيىچى پارتىيىگە ، فاشىستچە پارتىيىگە ئايلىنىپ ، پۈتۈن جۇڭگونىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ، دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى . شۇ چاغدا ئېچىلغان خاڭجۇ يىغىنىدىمۇ ماۋ زېدۇڭ تەكىتلەپ ، بىـزنىـڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب قىلىشىمىز ، شەھەر ـ لەردە « 5 كە قارشى » تۇرۇشىمىز ، يېزىلاردا « 4 نى ئېنىقلاش » نى ئېلىپ بېرىشىمىز ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ يىلتىزىنى يۇلۇش ئۈچۈندۇر ، دېگەنىدى . بۇ ماتېرىياللاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، شۇ ۋاقىتتىچە ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان دۆلەت ئىچىدىكى « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ، شيۇجېڭجۇيىـدىـن ساقـلىنىش » ۋەزىپىسىنىڭ مۇھىم نۇقـتىسى يەنىلا « شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش » دا ئىدى . ئۇنىڭ پارتىيىنىڭ شيۇجېڭجۇيى بولۇپ كېتىشىدىن ، دۆلەت رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىشى ، ئۇنىڭدىكى ھەددىدىن ئارتۇق سىياسىي ھوشيارلىقتىن بولۇۋاتقان ئىش ئىدى .

ئەسلىدە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيە داھىيسىنىڭ ئىچكى جەھەتتە خەلقنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ، تاشقى جەھەتتە زومىگەرلىك قىلىدىغان خاتا يولغا مېڭىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ، پارتىيىدە ۋە دۆلەتتە ساقلىنىۋاتقان يامان تەرەپلەرنى پاش قىلىشقا ، تۈزىتىشكە دائىم دىققەت قىلىشى كېرەك ھەم زۆرۈر ئىدى . شۇڭا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىش تەشەببۇسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قوبۇل قىلدى ھەمدە پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكىلەرنىڭ قوللاپ ـ قۇۋۋەتلىشىگە ۋە ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشتى . مەسىلە شۇ يەردىكى ، ئەگەر پەقەت بىر خىل سىياسىي ھوشيارلىق بولۇپ ، ئۇ ئاز ـ تولا ھەددىدىن ئېشىپ كەتسىمۇ بەك چوڭ يامان ئاقىۋەت كەلتۈرمەيتتى . لېكىن بۇ ھوشيارلىق ئەمەلىي پەرەز قىلىش ۋە سىياسەتكە ئايلىنىپ كەتسە ، ئۇنىڭ خاراكتېرى باشقىچە بولاتتى .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى، شۇنىڭدەك جەمئىيەتتىكى سىنىپىي مۇناسىۋەت ئۈستىدە پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان پەرەزدە بولسا، نېمىنىڭ شيۇجېڭجۇيى ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئېنىق بىر تەبىر بەرمەيلا، خاتا فاڭجېن قوللانسا، تەبىئىي ھالدا ئاقىۋىتى ئارزۇسىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان نەتىجە كېلىپ چىقاتتى. مانا بۇ ماۋ زېدۇڭ تراگېدىيىسىنىڭ پەيدا بولۇش نۇقتىسى.

ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدىكى ۋە دۆلەت ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر دەپ پەرەز قىلغانلىقتىن، دىققەت - ئېتىبارىنى شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىشتىن شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشقا، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى تۆۋەن قاتلامدىن يۇقىرى قاتلامغا، ھەتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئاساسلىق رەھبەرلەرگە قاراتتى. بۇنى ئۇ تەستىقلىغان بەزى تەستىقلاردىن ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، 1964 - يىلى 5 - دېكابىر كۈنى ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى شې فۇجىنىڭ نۇقتىدا تۇرغان جايى توغرىسىدىكى دوكلاتى «شىنياڭ مېتال تاۋلاش زاۋۇتىدىكى كاپىتالىزمچە ئىگىلىك باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنىڭ خىللىرى» غا يازغان تەستىقىدە: «بىزنىڭ سانائىتىمىزنىڭ زادى قانچىلىكى ئىگىلىك باشقۇرۇش جەھەتتە كاپىتالىزملىشىپ كەتتى، ئۇچتىن بىرىمۇ، ئىككىدىن بىرىمۇ ياكى بۇنىڭدىن كۆپرەكمۇ، بۇنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ ئۆزگەرتكەندىن كېيىنلا ئاندىن بىلگىلى بولىدۇ» دېگەن، يەنە شۇ تەستىقتا، بۇ خىل كاپىتالىزمچە ئىگىلىك باشقۇرۇشنىڭ «ئاساسلىق مەنبەسى» يۇقىرىدىن كەلگەن، دېگەن. 12 - دېكابىر كۈنى ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى، يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى چېن جېڭرېننىڭ لوياڭ تراكتور زاۋۇتىدا نۇقتىدا تۇرغانلىقى توغرىسىدىكى دوكلاتىغا يازغان تەستىقىدا مەسىلىنى تېخىمۇ ئۆتكۈر، تېخىمۇ قاتتىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويغان. تەستىقتا ئىككى سىنىپىي دۈشمەن توغرىسىدىكى يېڭى ئۇقۇم-

نى ، « بيۇروكراتلار سىنىپى » ۋە « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان رەھبەر-
لەر » دېگەننى يازغان . تەستىقتا ، بيۇروكراتلار سىنىپى بىلەن ئىشچىلار
سىنىپى ، كەمبەغەل ، تۆۋەن - ئوتتۇرا دېھقانلار بىلەن ئىنتىمۇ ئىنتىغ قار-
شىلاشقان سىنىپ . بۇ ئادەملەر ئىشچىلارنىڭ قېنىنى شۈمۈرىدىغان بۇر-
ژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىغا ئۆزگىرىپ كەتتى ۋە ئۆزگەرمەكتە . . . بۇلار كۈ-
رەشنىڭ ئوبيېكتى ، ئىنقىلابنىڭ ئوبيېكتى ، سوتسىيالىستىك تەلىم -
تەربىيە ھەرىكىتىدە ھەرگىز ئۇلارغا تايىنىشقا بولمايدۇ ، دېگەن . 1965 -
يىلى يانۋاردا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى بېيجىڭدا
مەملىكەتلىك خىزمەت يىغىنى ئېچىپ ، « يېزا سوتسىيالىستىك تەلىم -
تەربىيە ھەرىكىتىدە نۆۋەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بەزى مەسىلىلەر »
( « 23 ماددا » ) نى تۈزۈپ ماقۇللىدى . ئۇنىڭدا ، ھەرىكەتنىڭ مۇھىم
نۇقتىسى پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئە-
دىپىنى بېرىش ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەندى . يىغىندا ماۋ زېدۇڭ بېي-
جىڭدا ئىككى « مۇستەقىل پادىشاھلىق » بار دەپ تەنقىدلىدى ( مەركى-
زىي كومىتېت باش شۇجىسى دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىك قىلىۋاتقان
مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇ-
روسىنىڭ ئەزاسى ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لى فۇچۈن رەھبەر-
لىك قىلىۋاتقان دۆلەت پىلان كومىتېتىنى دېمەكچى ) .

1965 - يىلى كۈزدە ، ماۋ زېدۇڭ ، ئەگەر مەركەزدىن شيۇجېڭ-
جۇيى چىقىپ قالسا ، قانداق قىلىش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ئېنىق ئوت-
تۇرىغا قويدى . 1965 - يىلى سېنتەبىردىن ئۆكتەبىرگىچە ئېچىلغان مەر-
كىزىي خىزمەت يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ : « ئەگەر مەركىزىي شيۇجېڭجۇيى
چىقسا ، سىلەر قانداق قىلىسىلەر ؟ » دېگەن سوئالنى قويدى ھەمدە
« چىقىشى مۇمكىن ، بۇ ئەڭ خەتەرلىكى » دېدى . 10 - ئۆكتەبىر كۈنى
ماۋ زېدۇڭ چوڭ رايونلارنىڭ 1 - شۇجىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋېتىپ ،
مەركەزدىن شيۇجېڭجۇيى چىقسا ، سىلەر قانداق قىلىسىلەر ؟ ئەگەر
مەركەزدىن شيۇجېڭجۇيى چىقسا ، سىلەر ئىسيان كۆتۈرۈڭلار ، ھەرقايسى
ئۆلكىلەردە كىچىك ئۈچ سەپ بار ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە بولىدىغۇ ، دې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دى. بۇنىڭدىن ماۋ زېدۇڭنىڭ پارتىيىدىن شيۇجېڭجۇيى چىقىشى، دۆلەت رەڭگىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا قالغان رېئال خەتەرلىك ئىش دەپ بىلىۋاتقانلىقىنى، « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش » نىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش » قا ئۆزگەرتىپ، ئۇنى ئۆز خىزمىتىنىڭ بىرىنچىسى قىلغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىلغان خەلقئارادىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇشنىڭ گىرەلەشمە رولى تەبىئىي ھالدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەزالىرى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ئىدىيىسىگە، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇ تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە جەھەتتە ئىپادىلەندى:

بىرىنچى، بارلىق پارتىيىلىك كادىرلاردا شيۇجېڭجۇيىنىڭ تىرىلىش خەۋپى بارلا ئەمەس، بەلكى بۇ قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش، دېگەننى ھېس قىلدۇرۇپ، بىر خىل كۈچلۈك سىياسىي خەۋپ تۇيغۇسى پەيدا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ماركسىزم ـ لېنىنىزمدا چىڭ تۇرۇپ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇپ، دۇنيا ئىنقىلابىنى ئالغا سۈرۈشتەك تارىخىي بۇرچنى ئادا قىلىش تۇيغۇسى پەيدا بولدى. بۇ خىل قارىغۇلارچە ئەسەبىي ئېتىقاد، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قاتنىشىشىدىكى بىر خىل ئىدىيىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى.

ئىككىنچى، خەلقئارالىق مۇنازىرىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، جۇڭگو كومپارتىيىسىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان « سول » چىللىق نەزەرىيە بارغانچە كۈچەيدى ۋە سىستېمىلاشتى، ئۇ: « ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتورىسى توغرىسىدىكى تەلىماتىنى دەۋر بۆلگۈچ ئۇلۇغ تەرەققىياتقا ئېرىشتۈردى »، « ماركسىزم ـ لېنىنىزم تەرەققىي قىلىپ بىر يېڭى باسقۇچقا، يەنى ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى باسقۇچىغا يەتكەنلىكىنىڭ بىر ئۇلۇغ بەلگىسى » دەپ ئاتالدى.

ئۈچىنچى، كەڭ تەشۋىق قىلىش ۋە چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش تەشۋىقاتى ھەربىر ئائىلىلەرگە يەتتى، ھەر بىر ئادەم بىلدى دېگۈدەك دەرىجىدە چوڭقۇرلاشتى ۋە ئومۇملاشتى. بۇ ئەمەلىيەتتە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قوزغىلىشىدا ئىدىيىۋى ۋە جامائەت پىكرى جەھەتتىكى تەييارلىق بولدى.

تۆتىنچى، «سوۋېت ئىتتىپاقى شىۋجېڭجۇيىسى بىلەن قارشى ئىش قىلىش» نى ئالاھىدىلىك قىلغان مېتافىزىك تەپەككۇر ئۇسۇلىنى ئىلگىرى سۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، گۇمانلىنىدىغان ۋە ئىنكار قىلىدىغان، پىكىر بېرىشكە جۈرئەت قىلالايدىغان ھەرقانداق ئىجادچانلىق تەپەككۇرنى يوق قىلدى. «دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز ھىمايە قىلىشىمىز لازىم؛ دۈشمەن ھىمايە قىلغانلىكى نەرسىگە بىز قارشى تۇرۇشىمىز لازىم.» ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ بىر ئابزاس ئۆزۈندىسى مۇتلەقلەشتۈرۈلۈپ، ھۆكۈمران ئورۇننىڭ تەپەككۇر فورمۇلىسىغا ئايلىنىپ قالدى. ھەرقانداق ئادەمدە كىچىككىنە ئوخشىمايدىغان كۆز قاراش بولسىلا، گەرچە ئۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق پىكىر بولسىمۇ، غەيرىي ئەقىدە دەپ قارىلىپ، تەنقىد قىلىشقا ۋە زەربە بېرىشكە ئۇچرىدى، ھەتتا شىۋجېڭجۇيىچى دېگەن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ رەھىمسىزلەرچە قىينالدى. بۇ خىل ھالەت قارىغۇلارچە بويسۇنۇشقا مەدەت بېرىپ، مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى يوقاتتى، نەتىجىدە پۈتۈن مىللەت خاتا يېتەكلىنىپ، پالاكەت گىردابىغا پاتتى.

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى پارتىيە مۇنازىرىسىنى مەركەز قىلغان ئاتالمىش ھازىرقى زامان شىۋجېڭجۇيىسىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ھەقىقەتەنمۇ بىر كۈچلۈك كاتالىزاتور بولۇپ، جۇڭگو كومپارتىيىسىدىكى «سول» چىل ئىدىيە ئېقىمىنىڭ بارغانچە يوغىناپ كېتىشىدىكى مۇھىم ئامىل، ئۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىشى ئۈچۈن ئىدىيىۋى نەزەرىيە تەييارلىقى بولدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 4 . ئۈچ خىل گىرەلەشمە تەسىرنىڭ يامان ھالەتتە تەكرارلىنىشتا چەكتىن ئېشىپ كېتىشى

ئۈچ خىل گىرەلەشمە تەسىر 50 ـ ، 60 ـ يىللاردىكى جۇڭگونىڭ رېئال تۇرمۇشىدا زىچ بىرلەشكەن بولۇپ ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىپ ، ئۆزئارا ئىلگىرى سۈرۈپ ، قارشى تۇرۇش تەس بولغان زور ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەنىدى . ماۋ زېدۇڭ بۇ ئېقىمنىڭ باشلامچىسى ۋە يېتەكچىسى ئىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ئۇنىڭ پىكىر قىلىشى ۋە ھەرىكىتى ئۇ ئېقىمنىڭ تەسىرى بىلەن ، ئۆزلۈكسىز « سول » چىللىقنىڭ چېكىگە قاراپ كېتىۋەردى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگو سىياسىي ۋەزىيىتى ئۈستىدىكى ئېغىر خاتا مۆلچەرى ، ئۇنىڭدا ھەتتا پايتەخت بېيجىڭدا « ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش » بولۇپ قېلىشى مۇمكىن دېگەن ئەندىشىنى پەيدا قىلدى ، شۇڭا ئۇ ئالدىنى ئېلىش ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىنى قىلىپ قويدى . 1966 ـ يىلى مايدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا لىن بياۋ بىر خەۋەرنى ئاشكارىلاپ قويدى . ئۇ : « ماۋ جۇشى يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ، نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى . لو رۇيچىڭ مەسىلىسى چىققاندىن كېيىن ، ئۇ بۇ مەسىلىنى ئېيتقان . بۇ قېتىم پېڭ جېن مەسىلىسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ، ماۋ جۇشى يەنە باشقىلارغا بۇ مەسىلىنى سۆزلىگەن . ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىش ، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ مۇھىم ئورۇنلىرىمىزنى ، رادىئو ئىستانسىسى ، ئالاقىلىشىش ئورنى قاتارلىقلارنى ئىگىلىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئەسكەر يۆتكىدى . ھەربىي قىسىم ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى سىستېمىسى ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى . ماۋ جۇشى مۇشۇ بىر نەچچە ئايدىن بۇيان مۇشۇ ئىشنى قىلدى . » لىن بياۋنىڭ بۇ سۆزىنى كېيىن ماۋ زېدۇڭ كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججىتى قىلىپ تارقاتتى . ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزلەرنى ئۆزگەرتمىگەنلىكى ئۇنى

ئېتىراپ قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

ماۋ زېدۇڭنىڭ كـۆڭـلـىـدىكىنى بىلىۋېلىشقا ئەڭ ئۇستا بولغان لــىن بياۋ 1966 ـ يىلى مايدىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ۋارقىراپ تۇرۇپ : « ماۋ جۇشى هاياتلا بولىدىكەن ، مەيلى ئۇ 90 ياش ، 100 ياشقا كىرسۇن . هامان بىزنىڭ ئەڭ ئالىي داهىيمىز ، ئۇنىڭ سۆزى بىزنىڭ ھەرىكەت مىزانىمىز . كىم ئۇنىڭغا قـارشـى چىقىدىكەن ، پۈتۈن پارتىيە لەنەت ئوقۇيدۇ ، پۈتۈن دۆلەت لەنەت ئوقۇيدۇ . كىمكى ئۇنىڭ كەينىدىن خىروشچېۋقا ئوخشاش مەخپىي دوكلات قىلىدىكەن ، ئۇ چوقۇم قارا نىيەتچى ، ئەڭ يامان ئادەم ، پۈتۈن پارتىيە لەنەت ئوقۇيدۇ ، پۈتۈن دۆلەت لەنەت ئوقۇيدۇ » دېگەن . بۇ سۆزلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆڭلىگە ياققانىدى . لىن بياۋنىڭ ئۆچ ئايدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭنىڭ بېكىتىشى بىلەن ئىزباسار بولالىشىدا ، ئۇنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىدە بۇ سۆز مۇھىم شوتا بولغان بولۇشى مۇمكىن .

ماۋ زېدۇڭ بىر ئۆمۈر ئىنقىلابىي غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ، قـەيسەر ئىرادىلىك ، باش ئەگمەس ئىنقىلابچى . ئۇ توغرا دەپ تونۇغانلىكى ئىشنى ، ھەرقانچە كۆپ ئادەم قارشى تۇرسىمۇ قىلاتتى . ئۇنىڭ هايـاتـىدا مەغلۇپ بولغان ئىشلىرى ناهايىتى ئاز بولغان . مانا بۇ ئۇ تەشەببۇس قىلغان « ئېقىمغا قارشى تۇرۇش » روهى . بۇ خىل ئەھۋال 1966 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇلدا ئۇنىڭ جياڭ چىڭغا يازغان خېتىدە ئېنىق ئىپادىلەنگـەن . ئۇ : « پۈتۈن دۇنيادا 100 دىن كۆپ پارتىيە بار ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا ئىشەنمەس بولۇپ قالدى ، ماركس ، لېنىنلارنىمۇ كىشىلەر پاچاقلاپ تاشلىدى ، بىزدە قانداق بولماقچى ؟ » دېگەن . ئۇ خەتتە يەنە ، جۇڭگودىكى پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇرلار « ئۇلار پۈتۈن پارتىيىمىزنى ۋە مېنى يوقاتماقچى » دېگەنىدى . ۋەزىيەتنى بۇنداق كەسكىن هالەتتە دەپ مۆلچەرلەش ، پۈتۈنلەي ئۇنىڭ قىياسەن ھۆكمى ئىدى . بـۇ هـۆكـۈمـگە ئاساسەن ئۇ ، چوقۇم كۆكرەك كېرىپ چىقىپ ، « ئېقىمغا قارشى تۇرۇش » پرىنسىپى بويىچە ، ماركسىزمنى ، جـۇڭگونى ۋە دۇنيا ئىنقىلابىنى شيۇجېڭجۇيىنىڭ شىددەتلىك قورشاۋ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن قۇتۇلدۇرۇشۇم كېرەك دەپ ھېس قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى «پاچاقلاپ تاشلانسىمۇ» پىسەنت قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇ پەرەز قىلغان جۇڭگو «شيۇجېڭجۇيى» كۈچلىرىنىڭ يىلتىزى چوڭقۇر، ھەممە يەرگە چىرمىشىپ كېتىشىدەك ۋەزىيەتكە قارىتا، ماۋ زېدۇڭ ئاممىنى قوزغىتىپ، ئاممىنىڭ كۈچىگە تايانغاندىلا، ئاندىن غەلىبە قىلىش مۇمكىن دەپ تونۇغان. شۇڭا ئۇ مىليونلىغان ئاممىنى قوزغىتىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىپ، پۈتۈن جاھاننى مالىماتاڭ قىلىپ، بارلىق جىن ـ شەيتانلارنى تازىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئاندىن جاھاننى تۈزىمەكچى بولغان. مانا بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى».

ماۋ زېدۇڭنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قوزغاشتىكى ئىدىيىسى ۋە مۇددىئاسىنى تەتقىق قىلىپ بۇ يەرگە كەلگەندە خېلى بىر ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولىمىز. لېكىن، يەنە بىرقانچە مەسىلىگە سەل قاراشقا بولمايدۇ.

## ئىز باسار مەسىلىسىدىكى ئەندىشە

ئىزباسار مەسىلىسى مۇنداق ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، ئومۇمىي نەزەردىكىسى، يەنى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ئىزىنى ياش ئەۋلادلارنىڭ بېسىشىغا قارىتىلغان. يەنە بىرى، ئالاھىدە ئەھۋالدىكىسى، يەنى پارتىيىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىزىنى بېسىشقا قارىتىلغان. شۇ چاغدىكى ماتېرىيال ئەھۋالدىن ماۋ زېدۇڭ ئىنتايىن رازى ئەمەس ئىدى. 1965 ـ يىلى ئاۋغۇستتا ئۇ چەت ئەللىك مېھمانلارنى قوبۇل قىلغاندا، بۈرۈن ئۆزىمىزدە ئۇنىۋېرسىتېت پروفېسسورلىرى، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى يوق ئىدى، بىز گومىنداڭ قالدۇرۇپ كەتكەن ئادەملەرنى قوبۇل قىلىپ ئۆزگەرتتۇق، بىر قىسمىلار ئۆزگەردى، يەنە بىر قىسمىلار يەنىلا شۇ پېتىچە تۇرماقتا، دېگەن. كېيىن يەنە بىر قېتىملىق يىغىندا ئۇ يەنە، ھازىر ئۇنىۋېرسىتېت، ئوتتۇرا مەكتەپ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى

بۇرژۇئازىيە ، ئۇششاق بۇرژۇئازىيە ، پومېشچىك ، باي دېھقان سىنىپىدىن كېلىپ چىققان زىيالىيلار ئىگىلەپ تۇرماقتا ، دېگەن . ئۇ مەكتەپ بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ئىگىلەپ تۇرغان دۇنيا ، دەپ تونۇغان . دۆلىتىمىز قۇرۇلۇپ 17 يىلدىن كېيىنكى مائارىپ ئەھۋالىنى بۇنداق مۆلچەرلەش ئەلۋەتتە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى . زىيالىيلارغا ئىشەنمەسلىك نۇقتىسىدىن چىقىپ ، ئۇ ئىزباسارنىڭ يېشى كىچىك بولۇشى ، ئاز ئوقۇغان بولۇشى ، مەيدانى مۇستەھكەم ، سىياسىي تەجرىبىسى بار ئادەم بولۇشى كېرەك ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى . ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بولغان تورېسنىڭ بەزى نۇتۇق ۋە ماقالىلىرىدە ، ئامېرىكا ۋە ئۇنىڭ غەربتىكى ئىتتىپاقداشلىرىغا سوتسىيالىستىك دۆلەتلەرگە نىسبەتەن « تىنچ ئۆزگەرتىپ بېرىش » ئىستراتېگىيىسىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغانلىقىغا دىققەت قىلغانىدى . ماۋ زېدۇڭ ، جاھانگىرلىكنىڭ ھۆكۈمالىرى سوۋېت ئىتتىپاقىدا يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرگە قاراپ ، « تىنچ ئۆزگەرتىپ بېرىش » ئۈمىدىنى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۈچىنچى ياكى تۆتىنچى ئەۋلادىغا باغلىماقتا . بىز جاھانگىرلىكنىڭ بۇنداق ئالدىن قىلغان ھۆكۈملىرىنى چوقۇم تەلتۆكۈس تارمار قىلىشىمىز كېرەك ، دېگەنىدى . بۇ مەزگىلدە ئۇ ياشلارغا بولغان تەربىيە مەسىلىسىگە ، ئىنقىلاب ئىشلىرىنىڭ ئىزباسارلىرى مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئېتىبار بەردى . 1964 ـ يىلى ئىيۇندا ئۇ ئىزباسارلارنىڭ بەش شەرتىنى ئوتتۇرىغا قويدى⑯ . ئۇ پۈتۈن پارتىيىنى ، بولۇپمۇ ياش ئەۋلادلارنىڭ سىنىپىي كۈرەشتە تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش چېنىقىشىدىن ئۆتۈشىنى ئېيتقان . شۇڭا ئۇ « جاھاننىڭ مالىماتاڭ بولۇشى » دەك خەتەرگە قارىماي ، ياشلارنى بوران ـ چاپقۇندا چېنىقتۇرۇش ئۈچۈن بىر مەيدان سىنىپىي كۈرەشنى قوزغىدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى .

شۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭنىڭ قارىشىچە جىددىي مەسىلە ، پارتىيىنىڭ داھىيسى ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ ئىزباسار مەسىلىسى ئىدى . ئۇ ئۆزىگە ئۆزى بىر ئىشەنچلىك ئىزباسار تاللىماقچى بولدى . ماۋ زېدۇڭ ، سوۋېت ئىتتىپاقىدىن خروششېۋنىڭ چىقىشىدا ستالىننىڭ ئۆز ئىزباسارىنى ياخشى

تاللىمغانلىقى بىر مۇھىم سەۋەب بولغان، دەپ بىلەتتى. 1962 ـ يىلدىن
كېيىن ئۇ، ليۇ شاۋچى ئىشەنچلىك نامزات ئەمەستەك قىلىدۇ، باشقىنى
تاپسام بولغۇدەك، دېگەننى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. ماۋ زېدۇڭ
1966 ـ يىلى ئىيۇندىكى بىر قېتىملىق چەت ئەللىك مېھمانلار بىلەن بول‑
غان سۆھبىتىدە، بىز ھەممىمىز 70 تىن ئاشتۇق، ماركس ھامان بىزنى
چاقىرىپ كېتىدۇ. ئىزباسار زادى كىم بولىدۇ، بېرنشتېينمۇ، كائۇتىس‑
كىمۇ ياكى خرۇششېۋمۇ بىلىپ بولمايدۇ. بۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش كې‑
رەك، يەنە ئۈلگۈرگىلى بولىدۇ دېگەنىدى. ئىزباسارنى ئالماشتۇرۇشنى
بۇنداق جىددىي ئويلىغانلىقى، ماۋ زېدۇڭنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنـ‑
قىلابى» نى قوزغاشقا نىيەت قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

**«بۇرژۇئا» نى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەش**

ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىشىغا
تەسىر قىلغان يەنە بىر نەرسە «بۇرژۇئا» ۋە «تىكلەش» نىڭ مۇنا‑
سىۋىتى تۇغرىسىدىكى بىر تەرەپلىمىلىك قاراش. ماۋ زېدۇڭ قوز‑
غىغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» «بۇرژۇئا» ۋە «تىكلەش» دىن
ئىبارەت ئىككى مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ پەلسەپۋى
ئىدىيىسىدىكى بۇرژۇئا بىلەن تىكلەشنىڭ مۇناسىۋىتى بولسا، «بۇزمى‑
غۇچە تىكلىگىلى بولمايدۇ»، «بۇزغاندىلا، تىكلەشمۇ بولىدۇ»،
«جاھان تازا مالىماتاڭ بولغاندىلا، جاھاننى تۈزىگىلى بولىدۇ» دېگەن‑
لەردىن ئىبارەت بولۇپ، دائىملا «بۇرژۇئا» نى ئالدىغا قويغانىدى. بۇ
خىل كۆزقاراش مېتافىزىكىنىڭ بەزى مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش خاھىشىنى
ئالغان بولۇپ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمىغا
خىلاپ ئىدى. ئەمما ئۇ ماۋ زېدۇڭدەك بىر ئىنقىلابچىنىڭ خاراكتېر ئالا‑
ھىدىلىكىنى ئىپادىلىگەنىدى. ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەل‑
قىگە رەھبەرلىك قىلىپ، گومىنداڭ ھۆكۈمرانلىقىنى «بۇرژۇئا» نى ئو‑
مۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغاندىمۇ، «تىكلەش» ۋەزىپىسىنى ئوت‑
تۇرىغا قويغانىدى. ئۇ پۈتۈن پارتىيىگە، ئىشلەپچىقىرىش، قۇرۇلۇشنى

مەركىزىي خىزمەت قىلىپ ، « شەھەرلەردىكى باشقا خىزمەتچىلەر ، مە-
سىلەن ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي خىزمىتى ، ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ
خىزمىتى ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى خىزمىتى ، باشقا تۈرلۈك خەلق تەش-
كىلاتلىرى خىزمىتى ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ خىزمىتى ، ئەكسىلئىنقىلاب-
چىلارنى يوقىتىش خىزمىتى ، ئاگېنتلىق ، گېزىت ۋە رادىئو ئىستانسىسى
خىزمىتىگە ئوخشاش خىزمەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇ-
لۇشتىن ئىبارەت مۇشۇ مەركىزىي خىزمەت ئەتراپىدا بارىدۇ ۋە مۇشۇ
مەركىزىي خىزمەت ئۈچۈن ئىشلەيدۇ » ⑰ دەپ چاقىرىق قىلغانىدى .
گەپ شۇنداق دېيىلدى ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئە-
مەلىي خىزمەتمۇ ئاساسىي جەھەتتىن ئاشۇنداق ئىشلەندى ھەمدە ئىقتىساد
تېزلىك بىلەن ئەسلىگە كېلىش ۋە تەرەققىي قىلىشتەك پارلاق نەتىجى-
لەرگە ئېرىشتى . ئەمما ماۋ زېدۇڭنىڭ دىققىتى يەنىلا ئاساسلىق ، كونا
ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ، كونا ئىدېئولوگىيە ، كونا تۇرمۇش ئۆرپ ـ
ئادەتلىرىنى بۇزۇشتەك ئىشلاردا بولدى . ئۇ : « مەن كۆپرەك تۈزۈم
جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئۈستقۇرۇلما
جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە دىققەت قىلدىم ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچى جە-
ھەتتە مېنىڭ بىلىمىم ئاز » دېگەنىدى . ئازادلىقتىن كېيىن ، ھەرخىل
سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغانلىقى بۇنىڭ ئەمەلىي
ئىسپاتى .

ئەلۋەتتە ، ماۋ زېدۇڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇ-
رۇشقا كۆڭۈل بۆلمىگەن ۋە تەشەببۇس قىلمىغان ئەمەس . ئەكسىچە ئۇ
بەزىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مەلۇم تەرەپلىرىنى ناھايىتى دەرى-
جىدە تەكىتلەپ كەتكەنىدى ، مەسىلەن ، « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرى-
لەش » مەزگىلىدىكى « پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى ئۆستۈرۈش »
نى ئالاھىدە يۆلەش بۇنىڭ بىر مىسالى . لېكىن ، كۆپ ئەھۋاللاردىن قا-
رىغاندا ، ئۇ تۈزۈم جەھەتتىكى ، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى ۋە ئۈستى-
قۇرۇلما جەھەتتىكى مەسىلىلەرگە كۆپرەك ئەھمىيەت بەردى . بۇمۇ
ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر خىل پەلسەپە ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈردى ، يەنى ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشىمىغان تارىخىي شارائىتنى پەرقلەندۈرمەستىن ، ئىشلەپچىقىرىش
مۇناسىۋىتى ، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئەكس رولىنى ، ئىدېئولوگىيىنىڭ رولىنى
ئىـزچىل ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلەپ كەلدى ؛ ئىنقىلاب بىلەن ئىشلەپ-
چىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈشنى تەشەببۇس قىلدى . شۇڭلاشقا ئۇ « سى-
ياسىينى قوماندان قىلىش » ، « تۆتنە بىرىنچى » ، « سىياسىينى گەۋدى-
لەندۈرۈش » دەك بەزى توغرىدەك قىلغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە خاتا شو-
ئارلارنى ئاڭلاپ زوقلىنىپ كەتكەن ھەم مۇقىملاشتۇرغان . بۇنداق تە-
شەببۇسلار ئەمەلىيەتتە دەككىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن مەسلەن ، « چوڭ
سەكرەپ ئىـلـگـىرىلەش » مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ماۋ زېدۇڭ
تـەجرىبە ـ ساۋاقلارنى توغرا يەكۈنلىمەي ، بەلكى قارا ـ قويۇقلا سەۋە-
بىنى سىنىپىي كۈرەش ، لۇشيەن كۈرىشىدىن تاپماقچى بولدى . پارتىيە
ئىچىدىكى ئىختىلاپنى بارغانچە ئېغىر دەپ بىلىپ ، سوتسىيالىزم قۇرۇش-
نىڭ ئوخشىمىغان ئۇسۇلى جەھەتتىكى ئىختىلاپنى ئىككى سىنىپ ،
ئىككى يول كۈرىشى دەپ قارىدى ، پارتىيە ئىچىدىكى ۋە جەمئىيەتتىكى
« قاراڭغۇلۇق » نى بارغانچە ئېغىر دەپ بىلگەچكە ، خەۋپ تۇيغۇسى
پەيدا بولدى . شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى شىجائىتى بىلەن
جۇڭگو زېمىنىدىن بارلىق جىن ـ شەيتان ، ئالۋاستىلارنى سۈپۈرۈپ
تاشلاپ ، چوڭ بۇزۇشتا بىر ساپ ، گۈزەل غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇپ ،
دۇنيا كوممۇنىزم ھەرىكىتىدە شانلىق ئۈلگە يارىتىپ بەرمەكچى بولدى .

**« جاھاننى تۈزەش » نىڭ غۇۋا پىلانى**

ماۋ زېدۇڭ ئىنتىلگەن غايىۋى جەمئىيەت زادى قانداق ؟ بۇنى ماۋ
زېدۇڭمۇ ئېنىق ئېيتمىغان . ماۋ زېدۇڭ قوزغىغان « مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابى » نىڭ ئىـجـتـىمائىي نىشانى نېمە ؟ يەنى ماۋ زېدۇڭ ئىنتىلگەن
« جاھاننى تۈزەش » نىڭ پىلانى زادى قانداق ؟ بۇنى « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » نىڭ پروگراممىا خاراكتېرلىك ئىككى ھۆججىتىدىمۇ تىلغا ئې-
لىنمىغان . « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » دا پەقەت نېمىنى « تارتىۋېلىش » ،
نېمىنى « پېپەن قىلىش » ، نېمىنى « تازىلاش » ھەققىدە سۆزلىنىپ ،

پۈتۈنلەي « بۇزۇش » گېپى بولغان ، نېمىنى تىكلەش ھەققىدە گەپ بولمىغان . « 16 ماددا » دا « تۆت يېڭى » نى تىكلەش دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن « تۆت يېڭى » نىڭ كونكرېت مەزمۇنىنىڭ نېمىلىكىنى ھېچكىم ئېنىق ئېيتىمىغانىدى . شۇڭا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تولۇق پروگراممىسى يوق دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . بىر ئىنقىلابنىڭ پروگراممىسىدا يەتمەكچى بولغان ئىجابىي ئىجتىمائىي نىشان بەلگىلەنگەن بولىدۇ . نىشانىمۇ ئېنىق بولمىغانىنى ، پروگراممىسى تولۇق ئەمەس دېيىشكە بولىدۇ . ماۋ زېدۇڭ قوزغىغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يەتمەكچى بولغان ئىجتىمائىي نىشانىنى باشقا تارىخىي ماتېرىياللاردىن تېپىشقا توغرا كېلىدۇ .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » يېڭى باشلانغاندا ، يەنى 1966 ـ يىلى 7 ـ ماي ماۋ زېدۇڭ لىن بياۋغا بىر پارچە خەت يازدى ، كېيىن بۇ « 7 ـ ماي يوليورۇقى » دەپ ئاتالدى . بۇ خەتتە ماۋ زېدۇڭ ئۆز ئارزۇسىدىكى غايىۋى جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى سىزىپ بەرگەنىدى . 1 ـ ئاۋغۇستتا ، « خەلق گېزىتى » « پۈتۈن مەملىكەت ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ چوڭ مەكتىپى بولۇشى كېرەك » دېگەن تېمىدىكى باش ماقالە ئېلان قىلىپ ، « 7 ـ ماي يوليورۇقى » نىڭ مەزمۇنىنى بايان قىلدى ھەمدە : « يولداش ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ھەر ساھە ھەر كەسىپلەرنى سانائەت بىلەنمۇ ، يېزا ئىگىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللىنالايدىغان ، ئەلەمدىمۇ بار ، قەلەمدىمۇ بار ئىنقىلابىي چوڭ مەكتەپ قىلىپ چىقىش ئىدىيىسى بىزنىڭ پروگراممىمىز » دېگەننى تەكىتلىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ دېگىنى بويىچە قىلغاندا « كوممۇنىزمنىڭ يۇقىرى سىياسىي سەۋىيىگە ئىگە ، ئەتراپلىق يېتىشكەن مىليونلىغان يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈپ » ، « كۆپ ، تېز ، ياخشى تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرغىلى ، كاپىتالىزمنىڭ ، شىۇجېڭجۇيىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى ۋە ئىدىيىۋى ئاساسىنى قومۇرۇپ تاشلىغىلى بولاتتى » ، « شۇنداق قىلغاندا پۈتۈن مەملىكەت ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ چوڭ مەكتىپى ، كوممۇنىزمنىڭ چوڭ مەكتىپى بولاتتى . » « 7 ـ ماي يولىيورۇقى » دىن بۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ھۆكۈمنى چىقىرىش قارىماققا مەنتىقىگە ئۇيغۇندەك ئىدى، چۈنكى ھەمىمەيلەن «چوڭ مەكتەپ» نى قۇرغاندا، «ئۈچ چوڭ پەرق» ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كېتىدىغاندەك، ھەممە ئادەم «كۆپ ئىقتىدارلىق» بولۇپ، «بولقىنى ئېلىپ زاۋۇتتا ئىشلىيەلەيدىغان، ئوتىغۇچنى ئېلىپ يەر تېرىيالايدىغان، مىلتىقنى ئالسا دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلالايدىغان، قەلەمنى ئالسا ماقالە يازالايدىغان» لاردىن بولۇپ كېتىدىغاندەك بىلىنەتتى. بۇنداق بولغاندا، ماركس «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دە ئېيتقان «كىشىلەرنى خىزمەت تەقسىماتىغا قۇللارچە بويسۇندۇرۇش ئەھۋالى» مەۋجۇت بولمايتتى. ھەممە ئادەم سانائەت بىلەن، يېزا ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولغاچقا، تاۋار ئالماشتۇرۇشنىڭ ھاجىتى بولمايتتى. بۇلار گويا كلاسسىك يازغۇچىلار تەسۋىرلىگەن كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى ئىدى. لېكىن، كوممۇنىزمنىڭ ئاساسلىق شەرتى ۋە ماددىي ئاساسى بولغان «ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلار ئىنتايىن مول بولۇش» نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن پەن ــ مەدەنىيەتنى چوقۇم يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، پۈتۈن خەلقنى يۇكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە كوممۇنىزم كىشىلىرىدىن قىلىپ چىقىشنىڭ يوللىرى، مەيلى «7 ــ ماي يوليورۇقى» دا بولسۇن، مەيلى «خەلق گېزىتى» نىڭ باش ماقالىسىدە بولسۇن، بىر ئېغىزمۇ تىلغا ئېلىنمىغان. ناھايىتى ئېنىقكى، «7 ــ ماي يوليورۇقى» دا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن غايىۋى جەمئىيەت ئاساسەن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەشتەك تەبىئىي ئىقتىسادىي ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغان، تەڭ تەقسىماتچىلىق تۈسى كۈچلۈك بولغان ئۇششاق ئىشلەپ چىقارغۇچىلارنىڭ خىيالىي پادىشاھلىقىدىن ئىبارەت ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئۆزىچە كوممۇنىزمنىڭ يېڭى بىر دۇنياسىنى تاپتىم دەپ ئويلىغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ «سول» چىل خىيالپەرەسلىكنىڭ تارىخىي مىراسلىق تۈسى قويۇق بولغان، جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپ خاتا قېلىپ ئىچىگە كىرىپ قالغانىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ «7 ــ ماي يوليورۇقى» دا ئوتتۇرىغا قويغان جەمئىيەت قۇرۇلمىسى ھەققىدىكى پىكرى ئۇنىڭ بىر مەھەللىك ھاياجان-

لـىنىشى بىلەن پەيدا بولغان بولماستىن ، بەلكى چوڭقۇر ئىدىيىۋى ئا-
ساسى بار ئىدى . ئۇنى ئاز دېگەندە 1958 ـ يىلىغىچە ئاپىرىش مۇمكىن
ئىـدى . شـۇ يىلدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ دادىللىق بىلەن بىر قاتار قوزغى-
تىش خاراكتېرىگە ئىگە تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ « بىزنىڭ يۆنى-
لـىشىمىز تەدرىجىي ، تەرتىپلىك هالدا سانائەت ، يېزا ئىگىلىكى ، سودا ،
مـەدەنـىيەت ـ مائارىپ ، هەربىيدىن تەركىب تاپقان چوڭ كوممۇنا تەش-
كىل قىلىشتىن ئىبارەت ، ئۇ دۆلىتىمىز جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى
بـولىدۇ » دەپ تونۇغان ، مۇشۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە دۆلىتىمىزدە
خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلدى . 1958 ـ يىلى دېكابىردىكى ۋۇچاڭ يىغىنىدا
ئۇ « ئۈچ دۆلەت تەزكىرىسى » دىكى « چاڭ لۇنىڭ تەرجىمھالى » نى
بېسىپ تارقاتتى ھەمدە ئۇنىڭغا بىر چۈشەندۈرۈش يازدى . چاڭ لۇنىڭ
دېھقانلارنىڭ تەڭ تەقسىماتچىلىق ئاساسىغا قۇرۇلغان قەدىمىي سوتسىيا-
لىزم سىياسىتى ماۋ زېدۇڭنىڭ زوقىنى كەلتۈرگەن ھەمدە ئۇنى خەلق
كوممۇنىسىنى قۇرۇش ھەرىكىتىدە يولغا قويىدىغان تەڭ تەقسىماتچىلىق
تەدبىرىنىڭ تارىخىي سىپلىشتۇرمىسى ۋە ئىسپاتى قىلماقچى بولغان . بۇ-
نىڭدىن باشقا ئۇ يەنە بەزى يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان ، مە-
سىلەن ، دۆلىتىمىز ھەم كەمبەغەل ، ھەم ئاق . كەمبەغەللىك ياخشى
ئىش ، « كەمبەغەل ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش كويىدا بولىدۇ ، ئىشلەي-
دۇ ، ئىنقىلاب قىلىدۇ . » ئاق بولسا تېخىمۇ ياخشى ، « بىر پارچە ئاق
قەغەزنى ئـالـساق ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ھېچ نەرسە بولمايدۇ ، ئۇنىڭغا ئەڭ
يېڭى ۋە ئەڭ چىرايلىق خەتلەرنى يازغىلى بولىدۇ ، ئەڭ يېڭى ۋە ئەڭ
چىرايلىق رەسىملەرنى سىزغىلى بولىدۇ . » ئۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ ،
ئويلاشقا ، سۆزلەشكە ، ئىشلەشكە جۈرئەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان .
ئۇ قـارىغۇلارچە ئىشىنىشنى تۈگىتىشنى ، ئالىملارغا نىسبەتەنمۇ ، مارك-
سىزمنى ئۆگىنىشتىمۇ قارىغۇلارچە ئىشىنىشنى تۈگىتىشنى ئوتتۇرىغا قوي-
غان . ئۇ : « كىتابنى كۆپ ئوقۇغانسېرى دۆتلىشىپ كېتىدۇ » دېگەن .
ھەتتا مـاركـسىـزم كـىـتـابـلىـرىـنـىمۇ كۆپ ئوقۇماسلىق كېرەك ،
« كۆپ ئوقۇپ كەتسە ئەكسىگە مېڭىپ ، دوگماتىزم ياكى شيۇجېڭجۇيى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالىدۇ » دېگەن .

بۇ كۆزقاراشلار ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەينى چاغدا سوتسىيالىزمنىڭ ئومۇمىي مەنزىرىسىنى مۆلاھىزە قىلغاندىكى ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . لېكىن ، دەرىجىدىن تاشقىرى ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە مەشھۇر ئەرباب بولسىمۇ ، ئۇنىڭ بىلىشى ، دەۋر تەمىنلەپ بېرىدىغان چوڭقۇرلۇق ۋە كەڭلىك جەھەتتە چەكلىمىگە ئىگە شەرتتىن ھالقىپ كېتەلمەيدۇ . ماۋزېدۇڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتقاندا ، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى تېخى ئەمدىلا باشلانغان بولۇپ ، بىزدە ئەينەك قىلغۇدەك نەتىجىلىك تەجرىبىلەر ياكى مەغلۇپ بولغان ساۋاقلار يوق ئىدى . سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسى 20 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدىن كېيىن ، سوۋېت ئىتتىپاقى سوتسىيالىزمنىڭ نۇقسانلىرى بارغانچە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى ، ئۇنى ئۆلگە قىلغىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى . غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر يېڭى بىر قېتىملىق تېخنىكا ئىنقىلابىنى باشلىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلار ماۋ زېدۇڭ ئىنتايىن ئۆچ بولغان كاپىتالىزم بولغاچقا ، ئۇنى تېخىمۇ ئۆلگە قىلىشقا بولمايتتى . شۇڭا ، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو سوتسىيالىزم چوڭ بىناسىنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە مۆلاھىزە يۈرگۈزگەندە ، پەقەت ئۇرۇش يىللىرىدىكى تەجرىبىلەر ۋە جۇڭگودىكى قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان « چوڭ بىرلىك دۇنياسى » ھەققىدىكى ھەر خىل تەسەۋۋۇر ، شۇنىڭدەك ماركسىزم ئەسەرلىرىدىكى سوتسىيالىزم ، كوممۇنىزم توغرىسىدىكى پۇتۇنلەي توغرا دەپ كەتكىلى بولمايدىغان پەرەزلەرگە ئاساسلاندى . بۇنداق تارىخىي چەكلىمىلىك ئالدىدا ، مەيلى ماۋ زېدۇڭدەك بۇنداق ئۇلۇغ ئەرباب بولغان تەقدىردىمۇ جەمئىيەت سەھنىسىدە خالىغانچە ھەرىكەت قىلالمايتتى . ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇر كۈچى قانچە مول ، جاسارىتى قانچە چوڭ بولغانسېرى خاتالىق شۇنچە چوڭ بولاتتى .

ماۋ زېدۇڭ تا ئاخىرغىچە ئۆزى قۇرماقچى بولغان سوتسىيالىزم بىناسىنىڭ ئومۇمىي لايىھىسىنى پۈتتۈرەلمىدى ، بىزگە تولۇق بولغان چېرتيوژ قالدۇرۇپ كېتەلمىدى . بىز پەقەت ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى سۆز-

لىرى ۋە يازغانلىرىدىن ئۇ ئارزۇ قىلغان غايىۋى جەمئىيەتنىڭ تازا ئېنىق بولمىغان ئىزناسىنىلا كۆرەلىدۇق .

ئۇنداق جەمئىيەتتە تەقسىمات ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ تەقسىم قىلىش بىلەن بولىدۇ . تەمىنلەش تۈزۈمى بىر خىل يامان ئەمەس شەكىل بولۇپ ، تەدرىجىي ھالدا تاماققا پۇل ئالمايدىغان ، كىيىم ـ كېچەككىمۇ پۇل ئالمايدىغان بولىدۇ . قىزىق ئىش شۇكى ، ماۋ زېدۇڭغا قوغدىغۇچىلار باشلىقى بولغان لى يىڭچاۋنىڭ ئەسلىشىچە : « ماۋ زېدۇڭ پۇلغا بەك ئۆچ ئىدى ، ئۇ ئۆز ۋاقتىدا جياڭ جېيشى بىلەن قول ئېلىشقان بىلەن ، ھەرگىز قولىغا پۇل ئالمايتتى . ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىكى ۋاقتىدا پۇل تۇتۇپ باقمىغان ، شەنبېيدا ئايلىنىپ جەڭ قىلغاندىمۇ پۇل تۇتمىغان ، شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن پۇل تۇتمىغان . » ماۋ زېدۇڭ : « ھەي ، پۇل دېگەن بۇ نەرسە ئادەمنى بىزار قىلىدىغان نەرسە ، ئەمما مېنىڭ ئۇنىڭغا ئامالىم يوق » دېگەنىدى . ماۋ زېدۇڭ ئۇرۇش مەزگىللىرىدىكى ئىنقىلابىي بازىلارنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە پاراڭ بولۇپ قالسا ، شادلىنىپ ئەسلەپ كېتەتتى . ئۇ تەمىنلەش تۈزۈمىنى ياقتۇراتتى ، مائاش تۈزۈمىنى ياقتۇرمايتتى . ئۇ ، پارتىيىمىز 20 نەچچە يىل ئۇدا جەڭ قىلىپ كەلگەن پارتىيە ، ئۇزاق مەزگىل تەمىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ كەلدۇق . تاكى ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىگىچە ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ تەقسىم قىلىپ بېرىش تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزۈپ كەلدۇق ، خىزمەتتە ھەممىسى تىرىشچان ، جەڭدە باتۇر ئىدى . بۇ تارىخىي تەجرىبىلەر بىزنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشىمىزدا چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە ، دېگەنىدى . بەزى يولداشلاردىكى تەمىنلەش تۈزۈمىگە بولغان ئوخشىمىغان پىكىرلەرگە قارىتا ماۋ زېدۇڭ : بەزىلەر تەڭ تەقسىماتچىلىق ھۇرۇنلارنى تەربىيىلەيدۇ ، دەيدۇ . ئۆتۈپ كەتكەن 22 يىلدا قانچىلىك ھۇرۇن چىقتى ؟ مەن تۈزۈك كۆرمىدىم . تەمىنلەش تۈزۈمىنى يولغا قويسا كىشىلەرنىڭ ھۇرۇنلىشىپ كېتىدىغانلىقىغا ، كەشپ ـ ئىجادىيەتلەرنىڭ ئازلاپ كېتىدىغانلىقىغا ، ئاكتىپلىق تۆۋەنلەپ كېتىدىغانلىقىغا مەن ئىشەنمەيمەن . چۈنكى ، نەچچە ئون يىللىق تەجرىبە ئۇنداق بول-

www.uyghurkitap.com

مايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىغان ، دېگەن . ماۋ زېدۇڭ مائاش تۈزۈمگە ئۆزد-
نىڭ بەك ئۆچلۈكىنى ئىپادىلەپ كەلگەن . ئۇ : ئازادلىقتىن كېيىن پۈ-
تۈنلەي مائاش تۈزۈمىنى يولغا قويدۇق ، دەرىجە باھالىدۇق . ئەكسىچە
مەسىلىلەر كۆپىيىپ كەتتى ، بەزىلەر دائىم دەرىجە تالىشىپ سوقۇشتى ،
ئۇلارغا قايىل قىلىش خىزمىتىنى ئىشلەشكە توغرا كەلدى ، دېگەنىدى .
ئۇ ، 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەر ، يەر ئىنقىلابى ، ئازادلىق ئۇرۇشىدا
بىز مائاش ئېلىپ كۈن ئۆتكۈزگەنمىدۇق ؟ دەپ سوئال قويغان . ماۋ
زېدۇڭنىڭ بۇ خىل كۆزقاراشلىرى ئەلۋەتتە ئۇرۇش يىللىرىدىكى نەتى-
جىلىك تەجرىبىلەردىن كەلگەن . ئۇ بۇ ئالاھىدە شارائىتتا ، پۈتۈن مەم-
لىكەت مىقياسىدا ئاز ساندىكى ئىلغارلار ئارىسىدا يۈرگۈزۈلگەن نەتىجى-
لىك تەجرىبىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇۋەتكەن ، مۇقىملاشتۇرۇۋەتكەن ، مۇت-
لەقلەشتۈرۈۋەتكەن . ئۇ ئۇرۇش مۇھىتىغا ماس كېلىدىغانلىقىنى تىنچ مۇ-
ھىتقىمۇ ماس كېلىدۇ ، دەپ بىلىپ ، شۇ ئاساسقا سوتسىيالىستىك جەم-
ئىيەتنىڭ جازىسىنى قۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان ، ئاخىرىدا بۇ قۇرۇق خىيال
بولۇپ قالغان .

ماۋ زېدۇڭنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى جەمئىيەت ، شەھەرلەردىكى ،
يېزىلاردىكى نۇرغۇن خەلق كوممۇنىسىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ ، ئۇ
تەقسىماتتا ئاساسىي جەھەتتىن تەڭ تەقسىم قىلىشنى يولغا قويۇشتا ئېھ-
تىياجلىق بولغان ئاساسىي قاتلامدىكى تەشكىلىي بىرلىك بولۇپ ھېساب-
لىنىدۇ . ماۋ زېدۇڭ : خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى ، بىرى چوڭ ،
ئىككىنچىسى ئومۇمىي ، يېرى كەڭ ، بايلىقى مول ، نوپۇسى كۆپ ، سانا-
ئەت ، دېھقانچىلىق ، سودا ، مائارىپ ، ھەربىي ، دېھقانچىلىق ، ئورمانچى-
لىق ، چارۋىچىلىق ، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنالايدۇ . چوڭ بولغىنى
ئاجايىپ ئىش ، ئادەم كۆپ بولسا كۈچ زور بولىدۇ . ئومۇمنىڭ نەرسىسى
سوتسىيالىزمدا كوپىراتىپقا قارىغاندا كۆپ بولىدۇ ، كاپىتالىزمنىڭ قال-
دۇقلىرىنى تەدرىجىي تازىلايمىز ، دېگەن . ئۇ يەنە : كوممۇنىنىڭ خاراك-
تېرى سانائەت ، يېزا ئىگىلىكى ، سودا ، مائارىپ ، ھەربىي ئۆزئارا بىر-
لەشكەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلمىدىكى ئاساسىي قاتلام بىرلىكى ، ئۇ

ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشنى تەشكىللىگۇچى ، شۇنىڭ بىلەن بىر گە ھاكىمىيەتنىڭ قالدۇرۇشقا تېگىشلىك بولغان بىر قىسىم رولىنى گەۋدىلەندۇرىدۇ ، دېگەن . ئۇ ، خەلق كوممۇنىسى ئىككى ئۆتۈشنى ( كوللېكتىپ ئىگىلىكتىن ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىگە ئۆتۈش ، ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىشتىن ئېھتىياجىغا قاراپ تەقسىم قىلىشقا ئۆتۈش ) ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى . چوڭ ھەم ئومۇمنىڭ بولۇشى ئىككى ئۆتۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ، ئۇ يەنە كەلگۈسىدىكى كوممۇنىزم جەمئىيىتىنىڭ ئاساسىي قاتلام بىرلىكى بولىدۇ دەپ بىلگەن . ئېنىقكى ، ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو زېمىنىدا مىڭلىغان ، تۈمەنلىگەن نىسپىي مۇستەقىل ، ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ، كونكرېتنى ھالدىكى ئىجتىمائىي گەۋدىلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى ، بۇلاردىن « كوممۇنىزمنىڭ چوڭ مەكتىپى » نى تەشكىل قىلىشنى ئارزۇ قىلغان . بۇنداق تەسەۋۋۇر ، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىش يۆنىلىشى ئىجتىمائىيلاشقان چوڭ ئىشلەپچىقىرىشقا قاراپ راۋاجلىنىش تەلىپى بىلەن قارىمۇ قارشى ئىدى .

ئۇنداق جەمئىيەتتە يولغا قويۇلغان تەڭ تەقسىماتچىلىق ، كىشىلەر ئارىسىدىكى باراۋەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ، كىشىلەرنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن . ماۋ زېدۇڭ دۆلەتنىمىزدىكى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ساقلانغان كادىرلار ئالاھىدە بولۇۋېلىش ، بيۇروكراتلىق ، دەرىجە تۈزۈمى قاتارلىقلارغا ئىنتايىن نارازى بولغان . ئۇ ئەيىبلەپ شۇنداق دېگەن : مائاشنى دەرىجىگە قاراپ بېرىدۇ ، كىيىمنىڭ رەڭگى ئۈچ خىل ، تاماقمۇ بەش دەرىجىگە بۆلۈنگەن . ئىش ئۈستىلى ، ئورۇندۇقلارمۇ دەرىجىگە بۆلۈنگەن ، نەتىجىدە ئامىدىن ئايرىلىش كېلىپ چىقىدۇ ، ئەسكەر ئوفىتسېرنى ھۆرمەت قىلمايدۇ ، خەلق كادىرنى قوللىمايدۇ . ئۇ بۇنداق باراۋەر بولمىغان كادىر بىلەن ئامما مۇناسىۋىتى — چاشقان بىلەن مۈشۈك مۇناسىۋىتى ياكى ئاتا - بالا مۇناسىۋىتى ، بۇنى چوقۇم يوقىتىش كېرەك ، دېگەنىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ جەمئىيەتتىكى بۇنداق ئىللەتلەرگە بولغان ئۆچمەنلىكى ، ئۇنىڭدىكى ئۇرۇش يىللىرىدىكى بازا تۇرمۇشىغا بولغان سېغىنىشنى قوزغىغان . ئۇ شۇنداق دېگە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نىدى : ياپون تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدە 2 ـ 3 مىليون
ئادەم ، ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە 4 ـ 5 مىليون ئادەم ھەربىي كوممۇ-
نىزم تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن ، يەكشەنبە يوق ئىدى ، ئەسكەر بىلەن ئو-
فىتسېرلار بىردەك ، ھەربىيلەر بىلەن خەلق بىردەك بولۇپ ، خەلقنى قىز-
غىن سۆيۈپ ، ھۆكۈمەتنى قوللايتتى ، ياپون ئالۋاستىلىرىنى قوغلىۋەت-
تۇق ، جياڭ جيېشىنى مەغلۇپ قىلدۇق . ئۇ ، شۇ چاغدىكى تەمىنلەش
تۈزۈمى ماركسىزمچە ئىستىلدە بولۇپ ، كوممۇنىزم خاراكتېرىدە ئىدى ،
دەپ بىلەتتى . ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ كۆزقاراشلىرى ، ئۇنىڭ خەلق مەنپەئى-
تىگە ۋەكىللىك قىلىشنى ئۆز ۋەزىپىسى دەپ بىلىدىغان ئىنقىلابچى قىيا-
پىتىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . لېكىن ، نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ساقلى-
نىپ كېلىۋاتقان ئىجتىمائىي ئىللەتلەرنى ، سىياسىي ئىقتىسادىي ، مەدەنى-
يەت تەرەققىيات سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ تۇرۇۋاتقان رېئال تۇرمۇشتا
بىرنەچچە قېتىملىق ئاممىۋى ھەرىكەت بىلەن پاكىز تازىلىۋېتىشنى ئۈمىد
قىلىش ، بۇنداق خىيالنىڭ زىيانلىق خام خىيال ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت
ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان .

ماۋ زېدۇڭنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم يولى ئۈستىدىكى ئىزدى-
نىشلىرىدىن پەيدا بولغان بەزى خىياللار ، « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرى-
لەش » نىڭ مەغلۇپ بولۇشى بىلەن داۋاملىق راۋاج تاپمىغان ۋە سىستېما
بولۇپ شەكىللەنمىگەن . ئەمما ئۇ ئاشۇ تەسەۋۋۇرلىرىدىن ھەرگىز ۋاز
كەچكىنى يوق . ئۇ ئاشۇ تەسەۋۋۇرلارنى قەدەممۇ قەدەم ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇش ، ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلغانلىق ، دەپ بىلەتتى . ئۇنىڭ ئويلىغان-
لىرىغا قوشۇلمايدىغان ئادەملەر ، ئۇنىڭ قارىشىچە ، كاپىتالىزم يولىدا
ماڭماقچى بولغان ، شيۇجېڭجۇيى بىلەن شۇغۇللانماقچى بولغان ئادەملەر
ئىدى . ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولۇشىنىڭ ئالدىدا غەزەپلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق
دېگەن : « بەزى يولداشلارنىڭ ، ئاساسلىقى پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ئى-
دىيىسى يەنىلا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا توختاپ قالغان ،
ئۇلار سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى چۈشەنمەيدۇ ، زىتلاشماقتا ، ھەتتا
قارشى تۇرماقتا . » « نېمە ئۈچۈن ؟ چوڭ ئەمەلدار بولدى ، چوڭ ئە-

مەلدارلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىشى كېرەكتە . ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى بار ، ماشىنىسى بار ، يۇقىرى مائاشى بار ، خىزمەتچىسى بار ، كاپىتالىستلار-دىنمۇ نوچى . » شۇڭلاشقا ئۇ بۇرژۇئازىيە كوممۇنىستىك پارتىيە ئىچىدە بار ، دېگەن ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك خاتا ھۆكۈمنى چىقاردى . كا-پىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى يوقىتىش ، جۇڭگودا ئەڭ ساپ ، ئەڭ گۈزەل سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ توسالغۇلىرىنى تازىلاش ئىكەنلىكى ، ماۋ زېدۇڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاشتىكى بىر خىل كۆچلۈك سۇبيېكتىپ پىكرى . شۇنىڭ بىلەن ، سوتسىيالىزم شارائىتىدا بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان سىياسىي چوڭ ئىنقىلابنى يادرو قىلغان « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيە » سى شەكىللەندى ھەمدە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يېتەكچى قائىدىسى بولدى .

### ئاساسىي ئېقىمى ھوقۇق تالىشىش ئەمەس

بۇ يەردە ئېقىپ يۈرگەن ھەمدە خېلى بازار تاپقان بىر كۆزقاراشقا جاۋاب بېرىپ ئۆتۈپ كېتەيلى . ئۇ بولسىمۇ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بەزى كىشىلەر دەپ يۈرگەن : « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك قاتلىمىدىكى ھوقۇق تالىشىش ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدىكى « ھوقۇق تالىشىشنىڭ چوڭ پارتلىشى » دېگەن گەپ ؛ يەنە بەزىلەر دېگەن ، ماۋزېدۇڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ليۇ شاۋچىنى يوقىتىش ئۈچۈن قوزغىغان ، دېگەندەك گەپلەر . بۇ جۇڭگونىڭ سىياسىي ئەھۋالىنى چوڭقۇر چۈشەنمىگەنلىكتىن كېلىپ چىققان بىر خىل خاتا چۈشەنچە . بىز « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ باشلىنىشىدىلا ھوقۇق تارتىۋېلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى ، باشتىن - ئاخىرغىچە ھوقۇق تارتىۋېلىش سىگنۇرۇلگەنلىكىنى ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىق قارا نىيەتچىلەرنىڭ ھەقىقەتەنمۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئىنكار قىلمايمىز . لېكىن ، ماۋ زېدۇڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ، ئەگەر ئۇنىڭ مەقسىتى مەر-

www.uyghurkitap.com

كەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ ئىچىدىكى بەزى يولداشلارنى كۆزدىن نېرى قىلىش بولسا ، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى پارتىيە ئىچىدىكى ئورنى ۋە نوپۇزى بىلەنلا ئىشنى ھەل قىلىپ كېتەلەيتتى ، پۈتۈن ئاممىنى قوزغاپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى . پېڭ جېن ، لۇ دىڭيى ، لو رۇيچىڭ ، ياڭ شاڭكۇن قاتارلىق مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، كاندىدات ئەزاسى ، شۇجىچۇنىڭ شۇجىسى ، كاندىدات شۇجىسى بولغان يولداشلارنى بىرنەچچە قېتىملىق كىچىك يىغىن بىلەنلا « چۈشۈرۈۋەتتىغۇ » ! دۆلەت رەئىسى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ليۇ شاۋچى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى دېڭ شياۋپىڭنى بىر كونا گېزىتنىڭ ئۈستىگە قېرىنداش بىلەن 203 خەتنى ( « قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتۇش — مېنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتىم » دېگەن شۇ ) يېزىپلا « ئاغدۇرۇۋەتمىدىمۇ » ! ليۇشاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ « ئاغدۇرۇپ تاشلانغان » دىن كېيىنمۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » يەنە ئون يىل داۋاملاشتى ، ئۇنداقتا بۇنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن ؟ شۇ چاغدا چەكسىز نوپۇزغا ئىگە بولۇپ تۇرۇۋاتقان ماۋ زېدۇڭ ، مەركەزدىكى بىرنەچچە رەھبەرنى ئېلىپ تاشلاشنى ئەلۋەتتە سەۋەب تېپىپ ، « قانۇنلۇق » رەسمىيەت بويىچە قىلالايتتى ، « مەدەنىيەت زو ئىنقىلابى » نى قوزغاش ھاجەتسىز ئىدى . ئىككى ، ماۋ زېدۇڭ قوزغىغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يوقاتماقچى بولغىنى ، ئۇ « سول » چىل كۆز قاراش بىلەن كۆرگەن ، جۇڭگو زېمىنىدە يامراپ كەتكەن « شيۇجېڭجۇيى سىياسىي لۇشيەن ۋە شيۇجېڭجۇيى تەشكىلىي لۇشيەن » بولۇپ ، « بارلىق زىيانداشلارنى يوقىتىپ ، يېڭىلمەس » بولۇشنى ئۈمىد قىلغانىدى . شۇڭا ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دەك ئاممىۋى كۈرەشنى تەشەببۇس قىلغان ھەم « كۆپ قېتىم » ، « يەتتە – سەككىز يىلدا بىر قېتىم قىلماقچى » بولغان .

ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئازادلىقتىن كېيىن ، ماۋ زېدۇڭنىڭ پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن ئارمىيە ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئىچىدىكى ئىناۋىتى بارغانچە ئېشىپ كېتىۋاتاتتى ؛ يەنە شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ بارغانچە

كۆچىيىشى بىلەن نېرۋىسى جايىدا بولغان ھەرقانداق ئادەم ، « ئورنىنى
بېسىش » چۈشىنىمۇ قىلالمايتتى . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دې-
موكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىن ئىبارەت تەشكىلىي پرىنسىپى
ۋە رەھبەرلەرنى تەيىنلەش تەرتىپى بولغاچقا مەلۇم بىر ئادەمنىڭ كىشىلەر
رايىغا خىلاپ ھالدا ماۋ زېدۇڭنىڭ داھىيلىق ئورنىنى تارتىۋېلىشى ئەسلا
مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئازادلىقتىن كېيىن گاۋگاڭ ، راۋ شۇشىلارنىڭ
پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنۇش ۋە-
قەسى بولغان ، نەتىجىدە ئۇلار « نۇتۇق سۆزلەپ يۈرگەن » چاغدىلا «
يىقىتىلمىدىمۇ » ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ داھىيلىق ئور-
نىنى كۆزلەشكە ئوچۇق ـ ئاشكارا جۈرئەت قىلالمايتتى .
بەزىلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ 1970 ـ يىلى سنو بىلەن قىلغان سۆھبى-
تىدە دېگەن : « ئۇ چاغدىكى پارتىيە ھوقۇقى ، تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ
ھوقۇقى ، ھەرقايسى ئۆلكىلەرنىڭ پارتىيە ھوقۇقى ، ھەرقايسى جايلارنىڭ
ھوقۇقى ، مەسىلەن ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ھوقۇقىنى مەن
باشقۇرالمايدىغان بولۇپ قالغانىدىم » دېگەن گېپىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ،
ماۋ زېدۇڭ « ھوقۇقىنى كەتكۈزۈپ » قويغاچقا ، شۇ كەتكەن ھوقۇقلارنى
تارتىۋېلىش ئۈچۈن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغىغان ، دې-
گەننى ئىسپاتلىماقچى بولدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇ سۆزى ھەقىقەتەنمۇ مۇ-
نازىرە تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالغان . لېكىن بۇ سۆزلەر چەت ئەللىك
مۇخبىرغا ، نېمىشقا شەخسكە چوقۇنۇش قىلىسىلەر ، نېمىشقا ليۇ شاۋچىنى
يوقاتماقچى بولدۇڭلار ، دېگەن مەسىلىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئېيتىل-
غان گەپلەر . بۇ ئىككى مەسىلىنى باشقا گەپلەر بىلەن چۈشەندۈرۈش
ھەقىقەتەن تەسرەك . لېكىن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالدى-
دىكى تارىخ ئۈستىدە ئاز ـ تولا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارساقلا ، ئەمەلىيەت
ئۇنداق ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھوقۇق
كۈرىشىنىڭ مەھسۇلى ، شۇنداقلا ھوقۇق كۈرىشىنىڭ قورالى » دېگەندەك
گەپلەر ، بەزى يۈزەكى ھادىسىلەرنى تۇتۇۋېلىپ ، بۇرژۇئازىيە سى-
ياسىي پارتىيىلىرىنىڭ كۈرەش قانۇنىيىتى بويىچە چۈشەندۈرگەن-

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

لىكتىن كېلىپ چىققان .

**مۇرەككەپ سەۋەبنى يەنىلا كۆپ تەرەپلىمە تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ**

بىزنىڭ كۆزقارىشىمىزنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قوزغىلىش سەۋەبلىرىدىكى بارلىق زىددىيەت ، بارلىق ئامىللارنىڭ توغرا يەكۈنىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى دېيىشكە بولامدۇ ؟ ئەلۋەتتە بولمايدۇ .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قوزغىلىش سەۋەبى توغرىسىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماقۇللىغان « دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى » ئومۇمىي جەھەتتىن ئىلمىي خۇلاسە چىقاردى . قارارda مۇنداق دېيىلگەن : « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يۈز بېرىشىگە ۋە ئۇن يىلغىچە داۋام قىلىشىغا ، يۇقىرىدا تەھلىل قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىك جەھەتتىكى خاتالىقى بىۋاستە سەۋەب بولغاندىن باشقا ، ئۇنىڭدا مۇرەككەپ ئىجتىمائىي ۋە تارىخىي سەۋەبلەرمۇ بار . كۆرسىتىلگەن ئىجتىمائىي ، تارىخىي سەۋەبلەرنى يىغىنچاقلىغاندا ئاساسىي جەھەتتىن : سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا بولغان تولۇق ئىدىيىۋى تەييارلىق ۋە ئىلمىي تەتقىقات كەمچىل بولدى ؛ رەھبەرلەرنىڭ ئىدىيىسىدە بۇرۇنقى ئاممىۋى خاراكتېرلىك كۆرەش ئۇسۇلى ۋە تەجرىبە ئادەتكە ئايلىنىپ قالغاچقا ، سىنىپىي كۆرەشنى ئېغىر دەرىجىدە كېڭەيتىۋېتىش كېلىپ چىقتى ؛ ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ، ستالىن ئەسەرلىرىدىكى بەزى تەسەۋۋۇر ۋە كۆز قاراشلارنى خاتا چۈشىنىۋالغان ياكى دوگما چۈشەنگەن ، نەتىجىدە سىنىپىي كۆرەشنى كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقىنى ماركسىزمنىڭ ساپلىقىنى قوغداش دەپ بىلگەن ؛ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چوڭ دۆلەت شوۋىنىزمىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى دۆلەت ئىچىگە تەتبىقلاپ ، شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ، شىۋجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىپ ، پارتىيىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى بارغانچە جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن ؛ پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپى ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى

ئۆزلۈكسىز ئاجىزلاپ كەتتى ھەتتا بۇزۇلدى؛ كوممۇنىزم ھەرىكىتى تارىخىدا داھىي بىلەن پارتىيىنىڭ مۇناسىۋىتى توغرا ھەل قىلىنمىغانلىقتىن، ئۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىگە سەلبىي تەسىر كۆرسەتتى دېگەندەك. «قارار» دا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن: «جۇڭگو فېئودالىزم تارىخى ئۇزاق داۋام قىلغان مەملىكەت، پارتىيىمىز فېئودالىزمغا، بولۇپمۇ فېئوداللىق يەر تۈزۈمىگە ۋە زالىم ـ زومىگەرلەرگە قارشى ئەڭ قەتئىي، ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىل كۈرەش ئېلىپ باردى، فېئودالىزمغا قارشى كۈرەش داۋامىدا ئېسىل دېموكراتىك ئەنئەنىلەرنى يېتىشتۈردى؛ بىراق ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن فېئودال مۇستەبىتلىكنىڭ ئىدىيە، سىياسىي جەھەتلەردىكى زەھەرلىرىنى تازىلاش بەرىبىر ئاسانغا چۈشمەيدۇ، يەنە كېلىپ خىلمۇخىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيىنى ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە ۋە قانۇنغا ئايلاندۇرالمىدۇق ياكى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىققان بولساقمۇ، ئۇنىڭ تېگىشلىك نوپۇزىنى تىكلىيەلمىدۇق. بۇ ھال پارتىيە ھوقۇقىنىڭ شەخسنىڭ قولىغا ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ قېلىشى، پارتىيە ئىچىدە ئۆز بېشىمچىلىق ۋە شەخسكە چوقۇنۇش خاھىشلىرىنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەردى، بۇ ھال پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قوزغىتىلىشى ۋە ئەۋج ئېلىشىدىن ساقلىنىشى ۋە ئۇنى توسۇشنى قىيىنلاشتۇردى.»

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىر خىل مۇرەككەپ تارىخىي ھادىسە، ئۇنىڭ قوزغىلىشىغا نىسبەتەن ئەلۋەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر، تېخىمۇ ئىنچىكە، كۆپ تەرەپلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزغا ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز پەقەت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغىلىشتىن بۇرۇنقى ئون يىللىق تارىخىي تەرەققىيات ئۈستىدە ئىخچاملا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق، ئوقۇرمەنلەر ئەمدى بايان قىلماقچى بولغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەرەققىيات جەريانىدىن تېخىمۇ ئېنىق، تېخىمۇ كونكرېتنى، تېخىمۇ ھەقىقىي بولغان تونۇشقا ئىگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

www.uyghurkitap.com

## ئىزاھاتلار

① 1956 ـ يىلى 23 ـ ئۆكتەبىردە ، ۋېنگرىيە پايتەختى بۇداپېشتتا 200 مىڭ ئادەم قاتناشقان نامايىش بولدى ، ئۇلار بۇرۇنقى رەھبەر راكشىنىڭ خاتالىقى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتنى تازىلاشنى ھەمدە سابىق مىنىستىرلار سوۋېتنىڭ رەئىسى ناجىنىڭ ئورنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى . نامايىش جەريانىدا رادىئو ئىستانسىسىغا ، پوچتا ئىدارىسىگە ، ھەربىي قورال ـ ياراغ ئىسكىلاتىغا بېسىپ كىرىش يۈز بېرىپ قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن . ناجى تەختكە چىققاندىن كېيىن ۋەزىيەتتە باشقىچە ئېغىر ۋەقەلەر بولغان . كادار باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم رەھبەرلەر ئۆز ئالدىغا ئىشچى ـ دېھقانلار ھۆكۈمىتىنى قۇرۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىنىڭ كېلىپ باستۇرۇشىنى تەلەپ قىلدى . 4 ـ نويابىردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسى بۇداپېشتقا كېلىپ توپىلاڭنى باستۇردى . بۇ ۋەقەگە قارىتا تا ھازىرغىچە ئوخشىمىغان كۆزقاراشلار بار .

② پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن شۇ چاغدىكى 550 مىڭ ئوڭچى ئۈستىدىن قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى . ئۇلارنىڭ ئىچىدە خاتا بېكىتىلىپ ئۆزگەرتىلگىنى 98% تىن ئېشىپ كەتتى .

③ پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان زور غەيرەتكە كېلىپ ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ ، كۆپ ، تېز ، تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش باش لۇشيەنى ۋە « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » ، خەلق كوممۇنىسى ، شۇ چاغدىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا « ئۈچ قىزىل بايراق » دەپ ئاتالاتتى .

④ دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » ، 2 ـ توم ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 670 ـ بەت .

⑤ «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى » 2 ـ توم ، ئۇيغۇرچە نەشرى ، 362 ـ بەت .

⑥ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ـ توم ، 638 ـ بەت .

⑦ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ـ توم ، 715 ـ بەت .

⑧ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 1 ـ توم ، 329 ـ بەت .

⑨ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ـ توم ، 722 ـ بەت .

⑩ 1956 ـ يىلى 28 ـ ئىيۇلدا پولشانىڭ مۇھىم شەھىرى پوزناندا ئىشچىلار-
نىڭ مائاشنى ئۆستۈرۈپ ، باجنى كېمەيتىشنى تەلەپ قىلغان نامايىش بولدى . نا-
مايىش داۋامىدا بەزىلەر پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا بېسىپ كىردى ، ساق-
چىلارنىڭ قوراللىرىنى تارتىۋېلىپ ئوق چىقاردى ، ھۆكۈمەت ئۇلارنى قوراللىق
باستۇرۇشقا بۇيرۇق چۈشۈردى ، نەچچە يۈزلىگەن ئادەم ئۆلدى ، يارىلاندى ،
قولغا ئېلىندى .

⑪ 1958 ـ يىل 23 ـ ئاۋغۇستتىن 25 ـ ئۆكتەبىرگىچە جۇڭگو خەلق ئازاد-
لىق ئارمىيىسى جىنمىندە تۇرۇۋاتقان جياڭ جېيشى ئارمىيىسىنى زەمبىرەك ئوقىغا
تۇتتى . بۇ ماۋ زېدۇڭ ئۆزى بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلغان ھەربىي ، سىياسىي ،
دىپلوماتىيە ، تەشۋىقات ئىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇرەككەپ جەڭ بولۇپ ،
بىر قېتىملىق خەلقئارا ئەقىل ـ پاراسەت جېڭى ئىدى ، نەتىجىدە جياڭ جېيشى
ئارمىيىسىگە زەربە بېرىلدى ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قاراتقان
ئىستراتېگىيىلىك مەقسىتىنى بىلىۋالدۇق ، ئارمىيىمىزنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈردۇق ،
خرۇشچېۋنىڭ قارا نىيىتىگە زەربە بەردۇق .

⑫ جۇڭگو ـ ھىندىستان ۋەقەسى 1962 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ، جۇڭگو چېگرا
مۇداپىئە قىسىملىرىمىز تېررىتورىيىمىزگە كىرىپ بېسىۋالغان ھىندىستان ئارمىيە-
سىگە قىلغان قايتۇرما زەربىسىنى كۆرسىتىدۇ . 22 ـ نويابىردا جۇڭگو ھۇجۇمنى
توختاتتى ، 1 ـ دېكابىر كۈنى 1959 ـ يىلى 7 ـ نويابىردىن بۇرۇن ئىگىلەپ تۇر-
غان جۇڭگو زېمىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە بارلىق ھىندىستان ئەسىرلىرىنى قايتۇرۇپ
بەردى .

⑬ 1962 ـ يىلى ئاۋغۇستتا سوۋېت ئىتتىپاقى كۇباغا ھۇجۇمچى راكېتا با-
زىسى قۇرۇش ئۈچۈن 5000 نەپەر ھەربىي خادىمنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئامېرىكا سې-
زىپ قالدۇ . 22 ـ ئۆكتەبىردە كېنىدى كۇبانى قوراللىق قامال قىلىش توغرىسىدا
بىرنەچچە تۈرلۈك قارارنى ئېلان قىلدۇ ، ئامېرىكا ئارمىيىسى پۈتۈن يەر شارى
خاراكتېرلىك جىددىي ھالەتكە كىردۇ . ئامېرىكا ـ سوۋېت ئىتتىپاقى كۆپ قېتىم
سۆزلىشىش ئارقىلىق ، ئاخىر 28 ـ ئۆكتەبىردە خرۇشچېۋ ھۇجۇمچى قوراللارنى
چۇۋۇپ ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتۇرۇپ كېلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈردۇ ،
بۇ ئىش شۇنداق قىلىپ خرۇشچېۋنىڭ ئامېرىكىنىڭ بېسىمىغا تىز پۈكۈشى بىلەن
ئاخىرلىشىدۇ .

⑭ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 ـ توم ، 598 ـ بەت .

⑮ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 3 ـ توم ، 606 ـ بەت .

⑯ ماۋ زېدۇڭ 1964 ـ يىلى 16 ـ ئىيۇندىكى سۆزىدە : كېيىنكى ئىشلارغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەييارلىق قىلىش ئىزباسار مەسىلىسى. شيۇجېڭجۇيىنىڭ چىقىشىدىن قانداق ساق-لىنىش، پرولېتارىيات ئىزباسارلىرىنى قانداق تەربىيىلەشتە، مېنىڭچە بەش شەرت بولۇشى كېرەك: (1) ماركسىزم - لېنىنىزم بىلەن شۇغۇللىنىش، شيۇجېڭ-جۇيى بىلەن شۇغۇللانماسلىق كېرەك. (2) ئاز ساندىكى، ئېكسپىلاتاتسىيە سىنى-پىنىڭ مەنپەئىتىنى ئەمەس، كۆپ ساندىكى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئىزلىشى كې-رەك. (3) كۆپ ساندىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىش كېرەك. (4) دېموكرا-تىك ئىستىلى بولۇش، «بىرلا ئادەمنىڭ گېپى گەپ» دېمەسلىكى، ئائىلە باش-لىقلىق ئىستىلى بولماسلىقى كېرەك. (5) ئۆزىدە خاتالىق بولسا ئۆزىنى ئۆزى تەن-قىد قىلىشى كېرەك.

⑰ «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» 4- توم، 576 - بەت.

# ئىككىنچى باب

## « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئومۇميۈزلۈك قوزغىلىشى

ئۈچ خىل گىرەلەشمە تەسىرنىڭ بىرلىشىشى، يامان تەرەپكە قاراپ كۆچىيىپ، ئاخىر جۇڭگو زېمىنىنى ھالاكەتلىك قالايمىقانچىلىق ئىچىگە ئېلىپ كىردى. بۇ ھازىرقى زامان تارىخشۇناسلىرى نۇرغۇنلىغان مۇرەككەپ تارىخىي جەريانلار ئىچىدىن تېپىپ چىققان بىر يىپ ئۇچى. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قاتناشقان كىشىلەر خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە بۇ سىياسىي بوران – چاپقۇنىنىڭ بەكلا تۇيۇقسىز كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىشقانىدى. چۈنكى بىر جەھەتتىن، « سىنىپىي كۈرەش تۇتقا » دېگەن ئادەم تۇتاشتۇرغان سىنىپىي كۈرەش ئوتى بارغانچە ئۇلغايغانىدى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار ۋە ئامما شۇنداق بىر چوڭ بالايىئاپەتنىڭ كېلىدىغانلىقىنى پەقەتلا ھېس قىلىشمىغانىدى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق چوڭ پەرق بولىدۇ؟ تۆپكى سەۋەب شۇكى، شۇ چاغدىكى جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قىلىشتەك سۇبيېكتىپ تەلىپى يوق ئىدى، كەڭ ئاممىنىڭمۇ بۇنداق ئارزۇسى يوق ئىدى.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن قارايدىغان بولساق، بىرنەچچە يىللىق تەڭشەشتىن كېيىن، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئەسلىگە كەلگەن ۋە تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولۇۋاتاتتى، جەمئىيەت تۇرمۇشىمۇ بىرقەدەر مۇقىم ئىدى. 1965 ـ يىلى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مىقدارى 198 مىليارد 400 مىليون يۈەن بولۇپ ، « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » تىن بۇرۇنقى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن ، 1957 ـ يىلدىكىدىن 59% ئاشقانىدى . دۆلەتنىڭ مالىيە ئەھۋالى ياخشىلىنىپ ، كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭلىنىپ ، ئازراق ئېشىنچىمۇ بولغانىدى ؛ دۆلەت ئىچكى بازىرى مۇقىم بولۇپ ، ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش بارغانچە كۆپىيىۋاتاتتى ، خەلقنىڭ تۇرمۇشىمۇ ئاز ـ تولا ياخشىلانغانىدى . ئۈچ يىللىق ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق ئەھۋالى كىشىلەرنىڭ مۆلچەرىدىن بۇرۇن ياخشىلانغانىدى . 1966 ـ يىلدىن باشلاپ 3 ـ بەش يىللىق پىلاننى ئىجرا قىلىشقا كىرىشكەنىدۇق . كەڭ خەلقنىڭ قىيىنچىلىق مەزگىللىرىدە تۇرۇلۇپ كەتكەن قاپاقلىرى ئېچىلغان ، زور ئىشەنچ بىلەن ئاكتىپ ئىشلەشكە كىرىشكەنىدى . بۇ ، كەڭ ئاممىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، قۇرۇلۇشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ، تۇرمۇشنى ياخشىلاش ئىدى دېگەنلىك .

سىياسىي تۇرمۇش جەھەتتە ، گەرچە يېزا ـ شەھەرلەردە سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن بۇ كۆپچىلىك ئادەتلىنىپ كەتكەن پارتكوم رەھبەرلىكىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى قىلىدىغان ئىش ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا « 23 ماددا » نىڭ ئىجرا قىلىنىشى بىلەن ئاساسىي قاتلام كادىرلىرىغا ھەددىدىن ئارتۇق زەربە بېرىدىغان « سول » بەلگىلىمىلەر ۋە ھەرىكەتلەر بەزى جەھەتلەردىن تۈزىتىلگەنىدى . « مەھسۇلاتى ئاشتىمۇ ياكى تۆۋەنلەپ كەتتىمۇ » دېگەن مەسىلە ھەرىكەتنى ياخشى قىلغان ـ قىلمىغانلىقنىڭ بىر ئۆلچىمى قىلىنىپ ، ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان كادىرلاردىن بىر قىسىم دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قارىتىش تەلەپ قىلىنغانىدى . 1966 ـ يىلى ئەتىيازغىچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئۈچتىن بىر ناھىيە ، كوممۇنىدا سوتسىيالىستىك تەربىيە ئېلىپ بېرىلغان . شەھەرلەردە ، 1965 ـ يىلى ئېيۇلدىكى ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسىدا 3.9% دىكى ئورۇن ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ؛ مالىيە ـ سودا ، مەدەنىيەت ـ مائارىپ ، سەھىيە ، مەھەللە كارخانىلىرى ۋە شەھەر ئاھالىلىرى ئىچىدە پەقەت ئاز سان-

دىكى ئورۇنلاردىلا سىناق ئېلىپ بېرىلغان . شۇڭا ، سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتكە ئومۇميۈزلۈك تەسىر كۆرسەتمىگەن ، ھەرىكەت جەريانىدىكى چېكىدىن ئاشقان « سول » چىللىق ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان سەلبىي تەسىر پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئېيتقاندا ، پەقەت بىر قىسىم جايلاردىلا بولغان . ئەلۋەتتە ، سىياسىي تۈزۈلمە ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىمىزدە بەزى نۇقسانلار بولغاچقا ، شۇنداقلا تارىختىن بۇيانقى سىياسىي ھەرىكەتلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان يامان تەسىرلەر نەتىجىسىدە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەت كۆپ ، بەزىلىرى ھەتتا خېلىلا كەسكىن ئىدى . بۇ زىددىيەتلەرنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا توغرا بىر تەرەپ قىلساقلا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولاتتى .

دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋەزىيىتى بىرقەدەر ياخشى تەرەققىي قىلىۋاتقان ، كەڭ ئامما قۇرۇلۇشنى ئوبدان قىلىپ ، تۇرمۇشنى ياخشىلاشنى جىددىي تەلەپ قىلىۋاتقان پەيتتە ، بىر مەيدان يېڭى قالايمىقانچىلىق — « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ھېچقانداق ئىدىيۋى تەييارلىقى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا باشلاندى .

## 1 . بىر ھەيران قالارلىق پىلتە

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە زور بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن ، پۈتۈن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان سىياسىي بوران - چاپقۇننىڭ ئوت ئالدۇرغۇچى پىلتىسى بىر يەرلىك گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ، دېگەندەك تونۇلمىغان بىرەيلەننىڭ بىر تىياتىرنى باھالاپ يازغان ماقالىسى ئىدى . بۇ ھەقىقەتەنمۇ جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخىدا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان ھەيران قالارلىق ھەم ئالاھىدە بىر ئەھۋال ئىدى . بۇ 1965 - يىلى 10 - نويابىردا « نۇر گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان « يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما ‹ خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى › غا باھا » دېگەن ماقالە بولۇپ ، ئاپتورى ياۋ ۋېنيۈەن ئىدى .

ياۋ ۋېنيۈەن ئازراق نامى بار « سول » چىل ئەدەبىياتچىلارنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئوبزورچىسى بولۇپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەر ئىچىدە « توقماق » دەپ نامى بار ئىدى . ئۇ شۇ چاغدا شاڭخەي ئازادلىق گېزىتىنىڭ تەھرىر ھەيئىتى ئىدى . ياۋ ۋېنيۈەننىڭ بۇرۇنقى ماقالىلىرىنى نۇرغۇن كىشىلەر ئەدەپ يۈزىسىدىن قاراپ قويىسىمۇ ، ئانچە ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى . ئەمما ، ئۇنىڭ بۇ ماقالىسى ھەقىقەتەن ئالاھىدە بولۇپ ، زور شۇنداقلا ئالاھىدە بىر خىل ئارقا كۆرۈنۈشى بار ئىدى . پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكى رەھبەرلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپنىڭ بىر نامى ئانچە چىقمىغان ئەدەبىي توقماقچىنىڭ قەلىمى بىلەن ، بىر تارىخىي درامىنى پىپەن قىلىش نامىدا ئوتتۇرىغا چىقىشى ھەمدە بىر مەيدان مىسلى كۆرۈلمىگەن بالايىئاپەتنى قوزغىشى ، ھەقىقەتەنمۇ بىر مۇرەككەپ ۋە ئالاھىدە تارىخىي ھادىسە .

**ماقالىنىڭ ئېلان قىلىنىش جەريانى**

ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىدە پىپەن قىلىنغان « خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » مىڭ سۇلالىسى تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچى ئاتاقلىق ئالىم ، ئاتاقلىق دېموكراتىك زات ، كومپارتىيە ئەزاسى ، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ئۇخەن يازغان ، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە داڭ چىقارغان پاك ئەمەلدار خەيرۇيىنى تەسۋىرلەيدىغان جىڭجۈي تىياتىرىنىڭ سەھنە ئەسىرى ئىدى . ئۇخەن بۇ ئەسەرنى ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسىغا ئاۋاز قوشۇپ يازغانىدى . 1959 ـ يىلى ئاپرېلدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شاڭخەيدە خىزمەت يىغىنى ئاچقان مەزگىللەردە ، نۇرغۇن يولداشلار « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » نىڭ تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى يەكۈنلىگەندە راست گەپ قىلىشقا جۈرئەت قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ماۋ زېدۇڭ يىغىندا ، خەيرۇيدىن ئۆگىنىشنى ، خەيرۇيىنى تەشۋىق قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ يەنە ، خەيرۇيىنىڭ ئەمىلىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقماس قەيسەر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر كىچىك ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ ، گەرچە خەيرۇي پادىشاھنى قاتتىق سۆككەن بولسىمۇ ، لېكىن پادىشاھقا يەنىلا سەممىي ، سادىق

بولغان ، دېدى . يىغىن مەزگىلىدە ماۋ زېدۇڭ خەيرۇي چىقىدىغان تىيا-
تىر « هايات ـ مامات تاختىسى » نى كۆرۈپ ماختىغان ھەمدە بىرنەچچە
تارىخشۇناسلارنى تېپىپ تەتقىق قىلىپ ، ماقالە يازدۇرايلى ، دېگەن .

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجى-
سى ، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇچياۋمۇ بېيى-
جىڭگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇخەننى « خەلق گېزىتى » ئۈچۈن
خەيرۇيگە بىرقەدەر ئەتراپلىق باھا بېرىلگەن بىر پارچە ماقالە يېزىپ بې-
رىشكە تەكلىپ قىلغان . سۆھبەت جەريانىدا ئۇخەن يەنە خەيرۇي باش
قەھرىمان قىلىنغان بىر دراما يېزىشقىمۇ ماقۇل بولغان . بۇنىڭدىن بۇرۇن
ئۇخەن « خەيرۇينىڭ پادىشاھنى تىللىشى » دېگەن ماقالىسىنى ليۇ
ميەنجى تەخەللۇسى بىلەن 1959 ـ يىلى ئىيۇندا « خەلق گېزىتى » ئېلان
قىلغانىدى .

1959 ـ يىلى ئاۋغۇستتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى لۇشەندە 8 ـ
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 8 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىپ ، پىڭ دې-
خۇەي ئۈستىدە خاتا پىپەن ئېلىپ باردى . يىغىندا ماۋ زېدۇڭ شاگخەي
يىغىنىدىكى سۆزىگە قارىتا بەزى تولۇقلاش ، ئۆزگەرتىشلەرنى بەردى ۋە
ئاتالمىش سولچى خەيرۇي بىلەن ئوڭچى خەيرۇينى پەرق ئېتىش مەسى-
لىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، پىڭ دېخۇەي « ئوڭچى خەيرۇي » نىڭ رو-
ھىنى ئىپادىلىگەن دېدى .

1959 ـ يىلى سېنتەبىردە ، ئۇخەن « خەلق گېزىتى » دە « خەي-
رۇي توغرىسىدا » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . ماقالىنىڭ ئاخىرى-
سىغا ، ئۆزىنىڭ پىڭ دېخۇەيدىن چەك ئايرىپ ، « سولچى خەيرۇي »
روھىنى تەشەببۇس قىلماقچى بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ ، بىرنەچچە ئابزاس
« ئوڭچىل ئاغمىچىلار » نى تىللايدىغان سۆزلەرنى يېزىپ قويغانىدى . بۇ
شۇ چاغلاردا ماقالە يازغاندا ئۆزىنى قوغدايدىغان چارە ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا خەيرۇينى تەشۋىق قىلىدى-
غان تىياتىرلار قويۇلدى . مەسىلەن ، « خەيرۇينىڭ بايانامە سۇنۇشى » ،
« خەيرۇينىڭ كىمە تارتىشى » قاتارلىقلار . 1959 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يې-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رىمدا ، بېيجىڭ جىڭجۈي تىياتىر ئۆمىكىدىكى ئاتاقلىق ئارتىس مايېنلىياڭنىڭ تەلىپى بىلەن ئۇخەن ئۇلارغا خەيرۇينىڭ بىر دراما ئەسىرىنى يېزىپ بەرمەكچى بولدى . ئەسەر 1960 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى پۈتتى ، ئەسەرنىڭ ئەسلى ئىسمى « خەيرۇي » بولۇپ ، ئاساسلىقى خەيرۇي يىگىتىيەن ياملدا باش مۇپەتتىش بولغان مەزگىللىرىدە زومىگەرلەرنى جازالاپ ، ئېتىزلارنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىك ئىشلىرى تەسۋىرلەنگەنىدى . كېيىن بوتانىڭ سەي شىتاۋنىڭ ، ئەسەر خەيرۇينىڭ بىر ئىشى توغرۇلۇق يېزىلغان ، ئۇنىڭ پۈتۈن ھاياتى تەسۋىرلەنمىگەن تۇرسا ، دېگەن پىكرىگە ئاساسەن « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » گە ئۆزگەرتىلگەن . ناھايىتى ئېنىقكى ، ئۇخەننىڭ بۇ ئىسمنى ئىشلىتىشى ھەرگىز پېڭ دېخۇەيىنىڭ « ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » غا دالىتىملاش ئەمەس ئىدى . جىڭجۈي تىياتىرى « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » 1961 ـ يىلى يانۋاردا بېيجىڭدە تۇنجى مەيدان قويۇلدى .

1962 ـ يىلغا كەلگەندە ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدە « چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش » نىڭ خاتالىقىنى تونۇش ، خاتالىقنى تۈزىتىش ، قىيىنچىلىقنى يېڭىشتە قوللانغان تەڭشەش تەدبىرلىرىگە بولغان قاراش قاتارلىق مەسىلىلەردىكى ئىختىلاپ ئازراق كۆچىيىپ قالدى . يانۋاردا ئېچىلغان « 7 مىڭ كىشىلىك يىغىن » دا ليۇ شاۋچى ، پېڭ دېخۇەي خېتىدە ئېيتىلغان بەزى كونكرېت ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىدى . سىياسىي بيۇرونىڭ بىر ئەزاسى پارتىيىنىڭ رەئىسىگە بىر پارچە خەت يازسا ، خەتتىكى بەزى مەزمۇنلار خاتا بولغان تەقدىردىمۇ خاتالىق ئۆتكۈزدى دېگىلى بولمايتتى ، دېدى . يەنە ، پېڭ دېخۇەي « گاۋگاڭ ، راۋشۇشى پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى » غا قاتناشقان ، ئۇلارنىڭ « خەلقئارا ئارقا كۆرۈنۈشى بار » دېگەندەك مەسىلىلەرنىمۇ تىلغا ئالغانىدى . ئىيۇندا پېڭ دېخۇەي ماۋ زېدۇڭغا ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا 80 مىڭ خەتلىك ئۇزۇن بىر پارچە خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ تارىخنى تەپسىلىي سۆزلىگەن ، يەنى ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلغان ، ئىسپاتلار بىلەن ئۆزىنى ئاقلاپ ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەكشۈرۈپ چىقىشىنى

ئىلتىماس قىلغانىدى . سىنتەبىردە ئېچىلغان پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ، پېڭ دېخۇەينىڭ ئۆزىنى ئاقلاپ
يازغان خېتى « ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى » نىڭ بىر خىل ئىپادىسى قى-
لىنىپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى . مانا مۇشۇنداق پەيتتە ،
ئۇزۇن مۇددەت ئاغرىقمەن ، دەپ يېتىۋالغان ، خىزمەت قىلمايدىغان ، شۇ
چاغدا مەملىكەتلىك كىنوچىلىقىغا يېتەكچىلىك قىلىش كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى بولغان جياڭ چىڭ بىردىنلا هاياجانلىنىپ كەتتى . ئۇ ماۋ زې-
دۇڭغا كۆپ قېتىم ، « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » دا مەسىلە
بار ، تەنقىد قىلىنىشى كېرەك ، دېدى . ماۋ زېدۇڭ دەسلەپتە بۇنىڭغا
قوشۇلمىغانىدى ، كېيىن ئۇ « كۆندۈرۈلدى » . 1964 ـ يىلى كاڭ
شېڭمۇ ماۋ زېدۇڭغا ، « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » لۇ-
شەن يىغىنى بىلەن ، پېڭ دېخۇەي مەسىلىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ،
دېدى .

1965 ـ يىلى فېۋرالدا ، جياڭ چىڭ شاڭخەيگە كېلىپ ، شاڭخەي
شەھەرلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى كې چىڭشىنىڭ قوللىشى ئارقى-
سىدا ، جاڭ چۇنچياۋ بىلەن ، ياۋ ۋېنيۈەنگە « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن
قالدۇرۇلۇشى » نى تەنقىد قىلىدىغان ماقالە يازدۇرۇشنى پىلانلىدى .
مارتتا يېزىشقا باشلاپ ، نويابىردا ئېلان قىلىنغۇچە بولغان پۈتۈن جەريان
مەخپىي هالەتتە بولدى . بۇنى ماۋ زېدۇڭدىن باشقا هېچقانداق سىياسىي
بيۇرونىڭ ئەزاسى بىلمەيتتى . ماۋ زېدۇڭ 1967 ـ يىلى دېكابىردىكى چەت
ئەللىك مېهمانلار بىلەن بولغان سۆهبىتىدە : « دەسلەپتە مەنمۇ بىلمەيت-
تىم ، جياڭ چىڭلار قىلغانىكەن » ، « ماقالە پۈتكەندىن كېيىن ماڭا
كۆرسەتتى ، پەقەت سىزگىلا كۆرسەتتۇق ، دېيىشتى » دېگەنىدى . ماۋ
زېدۇڭنىڭ ئۇ ماقالىنى ئۈچ قېتىم كۆرۈپ چىققانلىقى ، ئۇ ماقالىنى نەقە-
دەر مۇهىم بىلگەنلىكىنى ۋە قوللىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ . جياڭ چىڭ كې-
يىن « رەئىس رۇخسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ، مەن ئاندىن بۇ ماقالىنى ئو-
يۇشتۇرغانىدىم » ، باشقا رەهبەرلەردىن مەخپىي تۇتۇشتىكى سەۋەب ،
« ئۇلار بىلىپ قالىدىغان بولسا ، ئۇلار بۇ ماقالىنى ئېلان قىلدۇرمايتتى »

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېگەن . ئۇ يەنە : « خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » نى تەنقىد قىلىش ، ئىلىم مەسىلىسى بولماستىن ، پېلىڭ دېخۇەيىنىڭ ئەنزە ئاغدۇرۇشىغا زەربە بېرىش ئىدى » دېگەن . مانا بۇ جياڭ چىڭنىڭ بۇ ماقالىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ، زور سىياسىي مەقسەت بارلىقىنى ، مەركەزدىكى بەزى رەھبەرلەرگە زەربە بېرىشنى بۆسۈش ئېغىزى قىلىپ تاللىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

« يېڭىدىن يېزىلغان تارىخىي دراما ‹ خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى › غا باھا » دېگەن ماقالىدە ، تىياتىر « خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » دا يېزىلغان « ئېتىزلارنى قايتۇرۇش » ، « ئۇۋال بولۇپ تۇرمىگە كىرىپ قالغانلارنى بوشىتىش » قاتارلىقلارنى ھېچبىر ئاساسسىز ھالدا 1961 ـ يىلدىكى ئاتالمىش « يەككە ئىشلەش شاملى » ، « ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى » بىلەن باغلاپ ، قەستەن « ئۇلار شۇ چاغدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتورىسى ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابقا قارشى قىلغان كۈرىشىنىڭ مەركىزىي نۇقتىسى » ، « خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » بۇ سىنىپىي كۈرەشنىڭ بىر خىل شەكلىنىڭ ئىپادىسى « بىر زەھەرلىك چۆپ » دەۋالدى . ھەيران قالارلىقى شۇكى ، 1960 ـ يىلى يېزىلغان « خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » نى 1961 ـ يىلى يۈز بەرگەن « يەككە ئىشلەش شاملى » ، « ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى » نى ئەكىس ئەتتۈرگەن دېدى ، « يەككە ئىشلەش شاملى » ۋە « ئەنزە ئاغدۇرۇش شاملى » نى پەيپەن قىلىش بولسا ، 1962 ـ يىلى بولغان ئىش ئىدى . جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان سىياسىي مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئەڭ ئەقەللىي پاكىتلارغىمۇ پەرۋا قىلمىدى .

### بىر پارچە ماقالە قوزغىغان غايەت زور سىياسىي دولقۇن

ئورۇنسىز مۇتتەھەملىك قىلىنغان ، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈپ ، ئىسمىنى ئاتاپ پەيپەن قىلغان ، خالىغانچە پرىنسىپقا كۆتۈرگەن ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن ، جامائەتچىلىك ئىچىدە ھەرخىل

قىياس ۋە مۇلاھىزىلەرنى پەيدا قىلدى . ئىلىم ئەھلىلىرى ئومۇميۈزلۈك
نارازى بولۇپ ، نۇرغۇن كىشىلەر گېزىتخانىغا ئۆزىنىڭ ياۋ ۋېنيۈەن ماقا-
لىسىگە قوشۇلمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى . جياڭ چىڭ قاتارلىقلاردىن
باشقا ئۇ ماقالىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرگەنلىكىنى ھەمدە ئېلان قىلىشقا
قوشۇلغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى . ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسى ئورۇنسىز
مۇتتەھەملىك قىلغانلىقى ھەمدە ئاتاقلىق ئالىم ، يۇقىرى دەرىجىلىك كا-
دىرنى ئىسمىنى ئاتاپ پىپەن قىلغانلىقى ئۈچۈن شەرقىي جۇڭگودىكى
ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەرلەرنىڭ گېزىتى كۆچۈرۈپ باسقاندىن باشقا ،
ئون نەچچە كۈنگىچە بېيجىڭ ۋە باشقا ئۆلكە ـ شەھەرلەرنىڭ گېزىت ـ
ژۇرناللىرى كۆچۈرۈپ باسمىدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجى-
چۇسى بۇ ئىشقا ئېھتىياتچانلىق پوزىتسىيە تۇتتى ، ماقالىنىڭ ئېلان قىلى-
نىش ئارقا كۆرۈنۈشىنى ئاساسىي جەھەتتىن بىلگەندىن كېيىن يەنى 18
كۈندىن كېيىن ، بۇ ماقالىنى بېيجىڭدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللار
كۆچۈرۈپ باستى . بۇ ئىش شۇ چاغدا شاڭخەيدە تۇرۇۋاتقان ماۋ زې-
دۇڭنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېيجىڭ شەھەرلىك
پارتكومنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئاتالمىش « يىڭنە سانجىغىلى بولمايدىغان ، سۇ
سەپسە ئۆتمەيدىغان » « مۇستەقىل پادىشاھلىق » ئىكەنلىكىگە تېخىمۇ
ئىشەندى .

« خەلق گېزىتى » 30 ـ نويابىر ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىنى كۆ-
چۈرۈپ باسقاندا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ،
گوۋۇيۈەننىڭ زۇڭلىسى جۇئېنلەي ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىيا-
سىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇ-
جىسى پېڭ جېننىڭ پىكرى بويىچە مۇنداق تەھرىر ئىلاۋىسى
قوشقانىدى : « بۇ قېتىمقى مۇنازىرە ئارقىلىق ھەرقايسى پىكىرلەر ئوتتۇ-
رىسىدىكى ئۆزئارا بەس ـ مۇنازىرىنى ۋە ئۆزئارا تەنقىدنى يەنىمۇ ئىلگىرى
سۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز . بىزنىڭ فاڭجېنىمىز : تەنقىد قىلىش ئەركىن-
لىكىگىمۇ يول قويۇش ، تەنقىدكە رەددىيە بېرىش ئەركىنلىكىگىمۇ يول
قويۇش ؛ خاتا پىكىرگە قارىتا سۆز بىلەن قايىل قىلىش ئۇسۇلىنى قوللى-

نىپ، ھەقىقەتىنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا قايىل قىلىشتىن ئىبارەت.» بۇنداق باراۋەرلىك ئاساسىدا ئىلمىي مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىش فاڭجېنى، ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» نى پىپەن قىلغان ماقالىنى ئېلان قىلغۇزۇشتىكى خىيالىي ۋە سىياسىي مۇددىئاسىغا ماس كەلمەيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن بېيجىڭ ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى گېزىت - ژۇرناللار «خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» نى باشقا نۇقتىدىن تۇرۇپ پىپەن قىلغان بەزى ماقالىلەرنى ۋە ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ئاز ساندىكى ماقالىسىگە رەددىيە بەرگەن ماقالىلەرنىمۇ ئېلان قىلدى.

ماۋ زېدۇڭ ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىنى كۆرگەندە «خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» نىڭ «ئەجەللىك مەسىلىسى» نى كۆرسەتمىگەندى. 1965 - يىلى 21 - نويابىردا، ماۋ زېدۇڭ خاڭجۇدا چېن بودا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىمۇ ناھايىتى ياخشى؛ ئىسمىنى ئاتاپتۇ، بۇنىڭ تىياتىر ساھەسىدىكىلەر، تارىخ ساھەسىدىكىلەر، پەلسەپە ساھەسىدىكىلەرگە بولغان تەسىرى زور بولدى، لېكىن ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزەلمەپتۇ. «خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» نىڭ «ئەجەللىك يېرى ‹ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى› دا پادىشاھ جياجىڭ خەيرۇيىنىڭ ئەمىلىنى ئېلىۋەتكەن، بىزمۇ 1959 - يىلى پېڭ دېخۇەيىنىڭ ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلىدۇق. پېڭ دېخۇەيمۇ ‹خەيرۇي›» ① دېگەنىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى «خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» ئۈستىدىكى پىپەنگە تېخىمۇ قويۇق سىياسىي تۈس كىرگۈزدى. سىياسىي ھەرىكەتكە، بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭ ئېنىق ئىپادە بىلدۈرگەن سىياسىي ھەرىكەتكە پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ناھايىتى سەزگۈر ئىدى، شۇ چاغدىكى سىياسىي شارائىتتا، پەقەت قوللاش ۋە ئاۋاز قوشۇشقىلا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، پىپەن ھەرىكىتى ناھايىتى تېز قانات يايدۇرۇلدى. 1966 - يىلى كىرگەندە «خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» ئۈستىدىكى پىپەن، خەيرۇي تېمىسىدىكى تىياتىر ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرگىلا چېتىلىپ قالماستىن، يەنە

تارىخ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، پەلسەپە قاتارلىق ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى مۇھىم ساھەلىرىگىچە كېڭەيدى؛ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئۇخەن ۋە باشقا بەزى پروفېسسور، مۇتەخەسسىس، ئالىملارنى پىپەن قىلىدىغان ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى سىياسىي پىپەن دولقۇنىنى شەكىللەندۈردى.

**بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى بولغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى ھۆججىتى**

بۇ خىل ۋەزىيەتكە قارىتا، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئېنىق بىر يېتەكچى فاڭجېنى بولۇشنى تەلەپ قىلىشتى. 1966 ـ يىل 3 ـ فېۋرالدا پېڭ جېن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى بەش كىشىلىك گۇرۇپپىسى» نىڭ يىغىنىنى ئاچتى. بۇ گۇرۇپپا 1964 ـ يىلنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، شۇ جىچۈنىڭ دائىمىي شۇجىسى پېڭ جېننى گۇرۇپپا باشلىقى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لو دىڭيى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نەزەرىيە گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى كاڭ شېڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جۇياڭ، خەلق گېزىتى ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۇلىڭشىنى گۇرۇپپا ئەزاسى قىلىپ بېكىتكەنىدى. بۇ قېتىمقى يىغىنغا يەنە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى، «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەرنىڭ مەسئۇللىرى شۈي لىچۈن، خۇ شېڭ، ياۋ چىن، ۋاڭ لى، فەن رۇيۈي، ليۇ رېن، جېن تيەنشياڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.

يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنغان پىكىر بويىچە «مەدەنىيەت ئىنقىلابى بەش كىشىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىلمىي مۇزاكىرىسىدىن دوكلات قىلىش تېزىسى» (قىسقىچە «فېۋرال تېزىسى» دېيىلىدۇ) نى تۈزۈپ چىقتى. بۇ تېزىستا گەرچە يەنە شۇ چاغدىكى ئەھۋالدا ساقلانغىلى بولمايدىغان نۇرغۇن «سول» چىل ئاتاشلار ۋە سۆزلەر بولسىمۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لېكىن ئاساسىي مەقسىتى قانات يايدۇرۇلغان پىيەن ھەرىكىتىنى مۇۋاپىق چەكلەش ، ئۇنى پارتىيە تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىكىگە كىرگۈزۈش ھەمدە پەقەت ئىلىم ساھەسىدىلا ئېلىپ بېرىپ ، ئۇنىڭ مەركەزلەشكەن ئېغىر سىياسىي پىيەن بولۇپ كېتىشىنى قوللىماسلىق ئىدى .

5 ـ فېۋرالدا ليۇ شاۋچى بېيجىڭدا بار سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىنىنى ئېچىپ ، « فېۋرال تېزىسى » ( لايىھە ) نى مۇزاكىرە قىلدى . كېيىن پېڭ جېن ئۆزگەرتتى ، بېيجىڭدىكى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى كۆرۈپ قوشۇلغاندىن كېيىن ، 7 ـ فېۋرالدا ئۇخەندىكى ماۋ زېدۇڭغا تېلېگرامما ئارقىلىق ئەۋەتىلدى . 8 ـ فېۋرال پېڭ جېن ، لودىڭيى ، ئۇلەنشى ۋە كاڭ شېڭ ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلغىلى ئۇخەنگە باردى . ماۋ زېدۇڭ تېزىسقا قارشى ئىپادە بىلدۇرمىدى ، شۇنىڭ بىلەن 12 ـ فېۋرالدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ قول قويۇشى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى قىلىنىپ ، پۈتۈن پارتىيىگە تارقىتىلدى .

كېيىن « فېۋرال تېزىسى » غا كاڭ شېڭ قوشۇلمايدىكەن ، ئۇنىڭدىن « يوشۇرۇنچە » قىلىنغانىكەن ، دېگەن گەپ چىقتى . يۇقىرىدىكى جەريانلاردىن بۇنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ . مۇزاكىرە قىلىشتىن ھۆججەتنى تۈزۈپ چىققۇچە ۋە ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلىشتەك پۈتۈن جەريانلارغا كاڭ شېڭ قاتناشقان ھەمدە ھېچقانداق قارشى پىكىر بەرمىگەن . بۇ يالغان گەپنى ئۇ « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » تۈزۈش گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى بولۇش قولايلىق شارائىتىدىن پايدىلىنىپ ، « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » نىڭ قوشۇمچە ھۆججىتى قىلىپ تارقىتىدىغان « 1956 ـ يىلى سېنتەبىردىن 1966 ـ يىلى مايغىچە مەدەنىيەت سېپىدىكى ئىككى يول كۈرىشى چوڭ ئىشلار خاتىرىسى » يېزىۋاتقان چاغدا قەستەن ئويدۇرۇپ چىقارغانىدى .

« فېۋرال تېزىسى » دا كەسكىن ھالدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەنىدى : « مۇزاكىرە ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ، ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇش پرىنسىپى ، ئادەمنى داۋلى بىلەن قايىل قىلىش ، ئىلىم زومىگەرلىرىگە ئوخشاش قارىسىغىلا ھۆكۈم قىلماسلىق ۋە

تەسىر كۆچى بىلەن بىسىم ئىشلەتمەسلىك ئاساسىدا بولۇشى كېرەك . »
بۇ سۆزلەردىن كېيىن جاڭ چۇنچياۋ پايدىلىنىپ ، ماۋ زېدۇڭغا قارىتىلغان دەپ بۇرمىلاپ كۆرسەتكەن .

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « فېۋرال تېزىسى » نى مۇزاكىرە قىلىپ ۋە تۈزەۋاتقان چاغدا ، جياڭ چىڭ لىن بياۋ بىلەن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈردى ، 1966 ـ يىلى 2 ـ فېۋرالدىن 20 ـ فېۋرالغىچە جياڭ چىڭ مەيدانغا چىقىپ ، شاڭخەيدە « ھەربىي قىسىملار ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەت يىغىنى » نى ئاچتى . بۇ يىغىن ناھايىتى غەلىتە بولۇپ ، يىغىن ئاچقان جياڭ چىڭنىڭ يا ھەربىي ئەمىلى ، يا پارتىيە ـ ھۆكۈمەتتە رەھبەرلىك ۋەزىپىسى يوق ئىدى ، ئۇ پەقەت لىن بياۋنىڭ شەخسىي ھاۋالىسى بىلەنلا ئاچقانىدى . بۇ يىغىن ناھايىتى ئالدىراش چاقىرىلغان بولۇپ ، يىغىندىن بۇرۇن ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى يىغىندا نېمە مۇزاكىرە قىلىنىدىغانلىقىنىمۇ بىلمىگەچكە ، ھېچقانداق تەييارلىق قىلمىغان . ئۇ ئاتاقتا سۆھبەت يىغىنى بولغان بىلەن ، ئەمەلىيەتتە جياڭ چىڭ ئۆزىنىڭ بىر يۈرۈش « سول » ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقاراشلىرىنى ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋەزىيىتىگە بولغان باھاسىنى سۆزلىگەن ، يىغىنغا قاتناشقان يولداشلارنىڭ ئەركىن پىكىر بايان قىلىشىغا يول قويمىغان ۋە ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئاڭلىمىغان . ئون نەچچە كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا ئوتتۇز نەچچە قىسىم كىنو ۋە تىياتىر كۆرگەن .

يىغىندىن كېيىن يىغىنغا قاتناشقانلار باش سىياسىي بۆلۈم پارتكومىغا دوكلات قىلىدىغان بىر پارچە يىغىن خاتىرىسى تەييارلىغان . بۇنى جياڭ چىڭ كۆرۈپ رازى بولمىغان ، ئۆزى ئۇنى ھېچقانداق ھەربىي خىزمىتى يوق جاڭ چۇنچياۋغا تۈزىتىشكە بەرگەن . ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، چېن بودا ئالاھىتەن شاڭخەيگە كېلىپ ، جاڭ چۇنچياۋ بىلەن بىللە ئۆزگەرتكەن . بۇ خاتىرىنى ماۋ زېدۇڭمۇ ئۈچ قېتىم ئۆزگەرتكەن . ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، بۇ ئاتالمىش « يولداش لىن بياۋ يولداش جياڭ چىڭغا ھاۋالە قىلىپ ئاچقان ھەربىي قىسىملار ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمەت سۆھبەت يىغىنىنىڭ خاتىرىسى » 10 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپرېلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى شەكلىدە پۈتۈن پارتىيىگە تارقىتىلدى، ئۇنىڭغا يېزىلغان تەستىق سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «خاتىرىدىكى ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىدىكى سىنىپىي كۈرەش ۋەزىيىتى ئۇستىدىكى تەھلىل ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان پرىنسىپ، فاڭجېن، سىياسەتلەر ھەربىي قىسىملارغىلا مۇۋاپىق بولۇپ قالماستىن، يەرلىكلەرمۇ، پۈتۈن ئەدەبىيات - سەنئەت سېپىگىمۇ لايىق كېلىدۇ.»

لىن بياۋ ماختاپ «سوتسىيالىستىك دەۋردىكى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىگە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن جاۋاب بەرگەن، زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، يەنە چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە» دېگەن ھۆججەتنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى نېمە؟ «خاتىرە» ئالدى بىلەن ئازادلىقتىن بۇيانقى ئەدەبىيات - سەنئەت خىزمىتىنىڭ نەتىجىلىرىنى يوققا چىقارغان، قارىغۇلارچە باھا بېرىپ، ئازادلىقتىن بۇيان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسى «ماۋ جۇشىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت لۇشيەنى» نى ئاساسىي جەھەتتىن ئىجرا قىلمىغان، «ماۋ جۇشى ئىدىيىسى بىلەن قارىمۇقارشى بولغان، پارتىيىگە قارشى، سوتسىيالىزمغا قارشى بىر قارا يىپ بىزنىڭ ئۇستىمىزدىن دىكتاتورا يۈرگۈزگەن» دېگەن. ئۇنىڭدا ئېيتىلغان بىرقاتار خاتا ھۆكۈملەر ئاساسىدا، «خاتىرە» «مەدەنىيەت سېپىدە بىر مەيدان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىپ، ئۇ قارا يىپنى ئۇزۇل - كېسىل يوق قىلايلى» دەپ چاقىرىق چىقارغان ھەمدە تەكىتلەپ، «بۇ بىر مەيدان جاپالىق، مۇرەككەپ، ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەش، ئۇنىڭغا نەچچە ئون يىل ھەتتا نەچچە يۈز يىل تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ دۆلىتىمىز ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش، شۇنداقلا دۇنيا ئىنقىلابىنىڭ ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش» دەپ كۆرسەتكەن. بۇ «خاتىرە» «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بوران - چاپقۇنىنىڭ ئالدى بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدە چىقىشىغا تارىخىي ۋە نەزەرىيە جەھەتتىن باھانە كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە ئېغىر روھىي

كىشەن بولۇپ قالغان . « خاتىرە » نىڭ بىۋاستە ئىجادكارى جياڭ چىڭ
بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى سى-
نىپىي كۆرەشنى بەكلا ئېغىر ھالەتتە دەپ قىياس قىلغانلىقىنى ۋە بىر
مەيدان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئېلىپ بېرىش ئىرادىسىنى ئەكس
ئەتتۈرۈپ بەردى .

« خاتىرە » نىڭ مەيدانغا چىقىش جەريانى ، لىن بياۋنىڭ جياڭ
چىڭ بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، پارتىيە ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈ-
ۋېلىش قارا نىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويدى . « ھەربىي قىسىملار ئەدە-
بىيات ـ سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى » ئېچىشتىن بۇرۇن ، جياڭ
چىڭ 1966 ـ يىل 21 ـ يانۋاردا شاڭخەيدىن سۇجۇغا بېرىپ لىن بياۋ بى-
لەن مەخپىي مەسلىھەتلەشكەن . 22 ـ يانۋاردا لىن بياۋ ئازادلىق ئارمىيە
باش سىياسىي بۆلۈمىگە ئاغزاكى يوليورۇق بەرگەن ، ئۇنى شۇ چاغدىكى
« لىن بياۋ ئىشخانىسى » نىڭ مۇدىرى يې چۈن تېلېفوندا يەتكۈزگەن .
لىن بياۋ : « يولداش جياڭ چىڭ تۈنۈگۈن سۇجۇغا كېلىپ مەن بىلەن
سۆزلەشتى . ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتىدە ئۇ سىياسىي جەھەتتە
كۈچلۈك ، سەنئەت جەھەتتە كەسىپ ئەھلى ، ئۇنىڭ نۇرغۇن قىممەتلىك
پىكىرلىرى بار ئىكەن ، سىلەر كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىڭلار ھەمدە يولداش
جياڭ چىڭنىڭ پىكرىنى ئىدىيە جەھەتتىن ، تەشكىلىي جەھەتتىن ئەس-
تايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇڭلار » دېگەن . كېيىن جياڭ چىڭ تېخىمۇ ئاش-
كارا ھالدا ئۆزىنىڭ لىن بياۋنى ئىزدىشى « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ
ئىلاھى » نى تەكلىپ قىلىپ ، « پارتىيە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان
ئاشۇ بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىگە ھۇجۇم » قىلماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ،
دېمەك ئۇ لىن بياۋ ئارقىلىق خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كۈچىدىن پاي-
دىلىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە ھوقۇقىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋېلىش قارا
نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان . لىن بياۋ بولسا جياڭ ـ چىڭنىڭ ئالاھىدە
سالاھىيىتىدىن پايدىلىنىپ تېخىمۇ يۇقىرى مەنسەپكە چىقماقچى ؛ جياڭ
چىڭ لىن بياۋنىڭ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ، ئۆزىنىڭ سىياسىي قارا نى-
يىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان . بۇ « خاتىرە » نىڭ مەيدانغا چى-

قىشى ، لىن بياۋ بىلەن جياڭ چىڭنىڭ تىل بىرىكتۈرۈپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن پايدىلىنىپ ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنىڭ باشلانغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ .

بىرلا ۋاقىتتا دېگۈدەك مۇزاكىرە قىلىنىپ ۋە تۈزۈپ چىقىلغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى ھۆججىتىنىڭ يېتەكچى خاھىشى پۈتۈنلەي بىر ـ بىرىگە قارشى ئىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللايدىغىنى پېڭ جېن قىلغان « فېۋرال تېزىسى » بولماستىن ، بەلكى جياڭ چىڭ قىلغان « فېۋرال خاتىرىسى » ئىدى ، بۇنى كىشىلەر خېلى بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئاندىن بىلدى . كېيىنكى ئەمەلىيەت جياڭ چىڭ قىلغان « خاتىرە » نىڭ زېيىنى زور ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . « ئەدەبىيات ـ سەنئەت قارا يىپى دىكتاتورىسى نەزەرىيىسى » نىڭ مەيدانغا چىقىشى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى نەتىجىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىپلا قالماي ، يەنە پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئىدىيىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى ، « ھەممىدىن گۇمانلىنىش » ئىدىيىسىنى ئۆستۈرۈۋەتتى . « قارا يىپ دىكتاتورىسى نەزەرىيىسى » ئۇزاق ئۆتمەي باشقا ساھەلەرگىمۇ كېڭىيىپ ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى 17 يىللىق بارلىق خىزمەتلەرنى ئىنكار قىلىپ ، بىر مەيدان ئاتالمىش « بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان سىياسىي چوڭ ئىنقىلاب » ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بەردى ۋە شۇ چاغدىكى ناھايىتى كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقان سىياسىي پېيىن ھەرىكىتىگە ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيغاندەك ئىش بولدى .

**پۈتۈن پارتىيىنى زىلزىلىگە سالغان « پېڭ جېن ، لو دىڭيى ، لو رۇيچىڭ ، ياڭ شاڭكۇن ۋەقەسى**

ماۋ زېدۇڭ ئېيتقان : « مەركەزدىن شيۇجېڭجۇيى چىقسا قانداق قىلىسىلەر؟ » دېگەن ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە ، سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش خاتالىقى مەركەزنىڭ ئىچكى قىسمىغىچە كىرىپ ، كەينى ـ كەينىدىن پۈتۈن پارتىيىنى زىلزىلىگە سالىدىغان ۋەقەلەر يۈز بەرگىلى تۇردى .

1965 ـ يىلى 10 ـ نويابىردا ، يەنى ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسى ئېلان قىلىنغان كۈنى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ كاندىدات شۇجىسى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى ياڭ شاڭكۇن مەركەزدىكى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى . ئۇنى ئاتاققا گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومغا شۇجى قىلىپ يۆتكىدۇق دېگەن بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى تەكشۈرۈۋاتاتتى . ئۇنىڭ گۇناھى « مەركەزدىن يوشۇ-رۇن ھالدا ئوغرىلىقچە ئاڭلاش ئەسۋابى ئورناتقان » ، « نۇرغۇنلىغان مەخپىي ھۆججەت ۋە ئارخىپلارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن باشقىلارنىڭ كۆچۈرۈۋېلىشىغا بەرگەن » ئىدى . بۇ بەتناملارنى كاڭ شېڭ ، جياڭ چىڭلار ئويدۇرۇپ چىقارغان بولۇپ ، بىر ئۇۋال ئەنزە ئىدى . پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، سابىق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى ۋە ياڭ شاڭكۇننىڭ ئۇۋال ئەنزىسى ئۇستىدە قايتا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى ، پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى بەڭگۇڭتىڭى قايتا تەكشۈرۈش دوكلاتى يازدى ، بۇنى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى تەستىقلىغاندىن كېيىن ، نامى ئۇزۇل ـ كېسىل ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . قايتا تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇنداق يې-زىلغانىدى : « يولداش ياڭ شاڭكۇن بەنگۇڭتىڭ مەخپىي ئىشلار ئىشخا-نىسىنىڭ ئۈننالغۇ خىزمىتىدە ھەرگىز سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى قىل-مىغان ، يولداش ياڭ شاڭكۇننىڭ بۇرۇن پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدا ئېلان قىلىنغان مۇشۇ مەسىلىگە چېتىشلىق ئاتالمىش خاتالىقى مەۋجۇت ئە-مەس . » ئاتالمىش ئارخىپنى كۆچۈرۈش مەسىلىسى پارتىيە تارىخى ، ئارمىيە تارىخى ، ئۇرۇش تارىخىنى يېزىش ئېھتىياجى بىلەن بولغان ئار-خىپ ماتېرىياللىرىدىن نورمال پايدىلىنىش ئىدى . ئۇنىڭ ئالدىن ئۆتەي-دىغان قاتتىق تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش رەسمىيەتلىرى بولۇپ ، « مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاش » مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى .

شامالنىڭ يۆنىلىشىنى بىلىشكە ماھىر لىن بياۋ بۇ پۇرسەتنى غە-نىيمەت بىلىپ ھەرىكەتكە كىرىشتى . 1965 ـ يىلى 30 ـ نويابىردا لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭغا بىر پارچە خەت يازغان ، ئۇنى باشقىلارنى قۇترى-

www.uyghurkitap.com

تىپ يازدۇرغان ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش كاتىپى ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش سەنمۇجاڭى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى ، گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى لو رۇيچىڭنى قەستلىگەن ماتېرىياللار بىلەن بىللە يې چۈن ئارقىلىق شاڭخەيدىكى ماۋ زېدۇڭغا ئەۋەتتى . ئۇلار لو رۇيچىڭنى « سىياسىينى گەۋدىلەندۇرۇش » كە قارشى تۇردى ، ئارمىيە ھوقۇقىنى تارتىۋالماقچى بولدى دەپ تۆھمەت قىلغانىدى . بۇ تۆھمەتكە ماۋ زېدۇڭ ئىشەندى ھەمدە بۇ ئىشنى قوللاپ ، تەستىقلاپ بەردى . 2 ـ دېكابىردا ماۋ زېدۇڭ : « سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئىشەنمەيدىغان ، سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈشكە نىسبەتەن كۆرۈنۈشتە ئىتائەت قىلغان بولۇپ ، ئاستىرتىن قارشى تۇرغان ، ئۆز ئالدىغا بىر يۈرۈش كېلىشتۈرمىچىلىكنى ( ئاغمىچىلىق ) تارقىتىپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەردىن كۆپچىلىك ھەزەر ئەيلىشى كېرەك » دەپ تەستىق سالدى . بۇ تەستىق لىن بياۋنىڭ « سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈش » دېگەن بىر نىمىسىنى ئېنىق مۇقىملاشتۇرغان بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئادەم ئۇرىدىغان قورال بەرگەنىدى . كىمكى لىن بياۋنىڭ « سىياسىينى گەۋدىلەندۈرۈش » ىگە قارشى تۇرسا ، شۇ « كېلىشتۈرمىچى » بولىدۇ ، « كېلىشتۈرمىچى » دېگەنلىك ئاغمىچىلىق ( ئوپپورتۇنىزم ) شىيۇجىڭجۈيى دېگەنلىك ئىدى . لو رۇيچىڭغا مانا مۇشۇ سىياسىي قالپاق كىيدۈرۈلگەنىدى ، شۇ چاغدىكى مەركەزدىكى بەزى رەھبەرلەر بۇنداق تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش شەكلىدىكى يولسىزلارچە پىپەنگە قوشۇلمىغان بولسىمۇ ، ئامالسىز ئىدى .

8 ـ دېكابىردىن 15 ـ دېكابىرغىچە ، ماۋ زېدۇڭ شاڭخەيدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ ، لو رۇيچىڭ ئۈستىدىن ئاتالمىش پاش قىلىشنى ئېلىپ باردى ، يىغىندا لىن بياۋنىڭ ماۋ زېدۇڭغا يازغان خېتىنى ۋە ئاشۇ زىيانكەشلىك قىلىنغان ماتېرىياللارنى بېسىپ تارقاتتى . 10 ـ دېكابىردا شۇ چاغدا كۈنمىڭدا قىسىملارنى كۆزدىن كەچۈرۈۋاتقان لو رۇيچىڭنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە ئەكىلىپ ، دەرھال ئايرىپ تەكشۈ-

رۇشكە ئورۇنلاشتۇردى ھەم ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاقلاشتەك قانۇنىي ھوقۇقىنىمۇ بەرمىدى . 1966 ـ يىل ئاپرېلدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى لو رۇيچىڭ ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش يەكۈنىنى تەستىقلىدى .

بۇ يەكۈندە ، كىشىلەرنىڭ شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ تەسىرى ئاس- تىدا ، ھەق ـ ناھەقنىڭ قانداق ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ ، تۆھمەت قى- لىنغان ئادەمگە گۇناھ چاپلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا ياردەم بېرىدى- غان بىر ئابزاس سۆز بار . يەكۈندە لو رۇيچىڭنىڭ « ئاساسلىق خاتالىق- لىرى » نىڭ بىرىنچىسى قىلىپ : « يولداش لو رۇيچىڭ ماۋ زېدۇڭ ئى- دىيىسىگە ئىـــنــتــايــىــن ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ . يولداش لىن بـ- ياۋ ، ‹ جوشىنىڭ كىتابىنى ئارمىيىمىزنىڭ ھەرقايسى خىزمەتلىرىنىڭ ئەڭ ئالىي يوليورۇقى قىلىشىمىز › كېرەك ، دېسە ، يولداش لو رۇيچىڭ ئۆزىچە بىلجىرلاپ : بۇ ‹ دۆلتىمىزنىڭ تۈزۈلمىسىگە ماس كەلمەيدۇ › ، دېگەن . يـولداش لىن بياۋ ، ‹ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى زامانىمىزدىكى ئەڭ يۇقىرى ، ئەڭ جانلىق ماركسىزم ـ لېنىنىزم › دېگەننى ئوتتۇرىغا قويسا ، يولداش لو رۇيچىڭ جـۆيلۈپ ‹ ئۇنداق دېسەك بولمايدۇ ، ئەڭ يۇقىرى دېسەك ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن سەل تۆۋەنرەكى بارما ؟ ئەڭ جانلىق دېسەك ، ئۇنداق- تـا ، ئازراق جانلىقى بارما ؟ ئەڭ يۇقىرى ، ئەڭ جانلىق دېگەننى چۈشەن- مـەك تەس ، چەت ئەللىكلەرمۇ تەرجىمە قىلالمايدۇ ، › دېگەن . يولداش لىن بياۋ ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى زامانىمىزدىكى ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسى ، دەپ كۆرسەتسە ، لو رۇيچىڭ ئۆزىچە ، بۇ گەپنى بـۇنداق دېسەك بولمايدۇ ، چەت ئەللىكلەرگە تەسىرى ياخشى بولمايدۇ دېـگەن . يـولـداش لـو رۇيـچىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنى- شىدە ‹ شەخسىي تالانت › نىڭ ئامىلى بار دېگەن سۆزگىمۇ قوشۇلمىغان ، ئۇ ، ھازىر ھېچكىم شەخسىي تالانت دېگەن گەپنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى ، دېگەن . يولداش لىن بياۋ ، ‹ ماۋ جۇشىنىڭ كـىتابىنى ئوقۇپ ، ماۋ جۇشىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ، ماۋ جۇشىنىڭ يول- يـورۇقى بـويـىـچـە ئـىش قىلىپ ، ماۋ جۇشىنىڭ ياخشى جەڭچىسى بولايلى › دېگەننى ئوتتۇرىغا قويسا ، لو رۇيچىڭ بۇ تۆت جۈملە گەپنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چەت ئەلگە تەشۋىق قىلىشقا ۋە تونۇشتۇرۇشقا قارشى تۇرغان. يولداش لىن بياۋ «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» گە دائىم ماۋ جۇشىنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈزۈندىنى بېسىشلار دەپ يوليورۇق بەرسە، لو رۇيچىڭ بەك كۆپ بولۇپ كەتتى، دېگەن.» مانا بۇ لو رۇيچىڭنىڭ «جىنايىتى» نىڭ ئاساسى، دەۋرنىڭ تراگېدىيىسى ئىدى. ئۇرۇشلاردا ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان، كۆرسەتكەن خىزمىتى ئالاھىدە زور بولغان بىر پېشقەدەم ئىنقىلابچىنى، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىنى مانا مۇشۇنداق يەر بىلەن يەكسان قىلىۋەتتى. لو رۇيچىڭنىڭ خاتالىقى ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان پىپەن ۋە ئۇنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشى، پارتىيە ئىچىدىكى كۆرەش ۋەزىيىتىنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى.

ئۇنىڭ ئارقىدىن پىپەنگە ئۇچرىغىنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ دائىمىي شۇجىسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى پېڭ جېن بولدى. پېڭ جېن ياۋ ۋېنيۈەننىڭ «خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى» نى پىپەن قىلىپ يازغان ماقالىسىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللايدىغانلىقىنى بىلمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بىر مەزگىل بۇ ماقالىگە قارشى تۇرغاندى، بۇ ھال ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويدى. لو رۇيچىڭنى پىپەن قىلغاندىمۇ پېڭ جېن بىرنەچچە ئېغىز لىللا گەپ قىلدى، ئەمما بۇ گەپلەر «قانات ئاستىغا ئالغانلىق»، «يان باسقانلىق» دېيىلدى. 1966 ـ يىلى مارتنىڭ ئاخىرىدا، ماۋ زېدۇڭ شاڭخەيدە جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ، جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلار بىلەن سۆھبەتلەشكەندە، كاڭ شېڭ ماۋ زېدۇڭغا چېقىمچىلىق قىلىپ، پېڭ جېن ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلىش ئىشىنى نېمشقا بىزگە دەپ قويمايدۇ، دەپ تەكشۈرۈپ يۈرۈپتۇ، بۇ «جۇشىنى سوراق قىلىپ تەكشۈرگەنلىك ئەمەسمۇ؟» دېگەن. ماۋ زېدۇڭ شۇ ھامان ئەيىبلەپ، ئۇ خەن شۇنچىۋالا كۆپ ئەكسىلئىنقىلابىي ماقالىلەرنى يازسا، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى دەپ قويمايدىكەنۇ، ياۋ ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىنى ئېلان قىلىمىز دەپ تەشۋىقات بۆلۈمىگە دەپ قويىدىكەنمىزما؟ دېگەن.

يەنە ، « فېۋرال تېزىسى » سىنىپىي چەكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىمىغان ، خاتا ، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى دوزاخ خۇداسى قارار گاھى ، ئەزرائىلنى يوقىتىپ ، شاكىچىكنى ئازاد قىلىش كېرەك ! مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمى بىلەن بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم يامان ئادەملەرنى قانات ئاستىغا ئېلىپ ، سولچىلارنى بېسىپ ، ئىنقىلاب قىلىشقا يول قويمىغان ؛ ئەگەر يامان ئادەملەرگە يەنىلا يانتاياق بولىدىغان بولسا ، مەركىزىي تەشۋىقات بۆلۈمىنى تارقىتىۋېتىش كېرەك ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىمۇ ، بەش كىشىلىك گۇرۇپپىنىمۇ تارقىتىۋېتىش كېرەك ، دې- گەن . ماۋ زېدۇڭ ، مەن ئەزەلدىن شۇنى تەشەببۇس قىلىپ كەلدىم ، مەركەزدىكى ئورگانلار يامان ئىش قىلسا ، يەرلىكلەرنىڭ ئىسيان كۆتۈ- رۈپ ، مەركەزگە ھۇجۇم قىلىشىنى چاقىرىق قىلىمەن ، دېگەن . ئۇ ، سولچىلارنى قوللاپ ، قوشۇن تۈزۈپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئې- لىپ بېرىش كېرەك ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان .

9 ـ ئاپرېلدىن 12 ـ ئاپرېلغىچە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسى بېيجىڭدا يىغىن ئاچتى . كاڭ شېڭ يىغىندا ماۋ زېدۇڭنىڭ مارتنىڭ ئا- خىرىدىكى شاڭخەيدە قىلغان سۆزىنى يەتكۈزدى . يىغىن پېڭ جېننى پىپەن قىلدى ھەم « فېۋرال تېزىسى » نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، پىپەن قىلىدىغان پارتىيە ئىچكى ئۇقتۇرۇشىنى تۈزۈپ چىقىشنى قارار قىلدى . يىغىن يەنە مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھۆججەتلىرىنى تۈزۈپ چىقىش گۇرۇپ- پىسى قۇرۇشنى قارار قىلدى . 16 ـ ئاپرېلدا ماۋ زېدۇڭ خاڭجۇدا مەركە- زىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ ، مەركەزلىك ھالدا پېڭ جېن ئۈستىدىن پاش قىلىش ، پىپەن قىلىشنى ئېلىپ باردى . ئاپرېلنىڭ ئاخىرىدا پېڭ جېن خىزمەتتىن توخ- تىتىلدى . بۇ ئىشتىن بىز شۇنى كۆرۈۋالالايمىزكى ، ھوقۇق بىر ئادەمگە ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ قالغان ئەھۋال ئاستىدا ، داھىينىڭ خاتا- لىقىغا ئازراق قارشى تۇرۇپ قويسا ، بالا ـ قازا كېلىدىكەن . شۇڭا ، دېڭ شياۋپىڭ : « شۇ چاغدىكى شارائىتتا قارشى تۇرۇشمۇ تەس ئىدى ، بۇنىسى ھەقىقىي ئەھۋال » ② دېگەن .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى « دوزاخ خۇداسى قارار-
گاھى » دەپ ئەيىبلەنگەنىكەن . بۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقى بولغان پارتىيە
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى لو دىڭيى
ئەلـۋەتتە « دوزاخ خۇداسى » بولاتتى . بۇنىڭ بىلەن ، لو دىڭيىنىڭمۇ
تەقدىرى بېكىتىلدى . كېيىن لو دىڭيىغا بەزى بەتنامىلار ئارتىلدى ، مە-
سىلەن ، « زامانىمىزدىكى ماركسىزم ــ لېنىنىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسى بول-
غان مـاۋ زېـدۇڭ ئىــدىــيىسىنى جانلىق ئۆگىنىپ ، جانلىق ئىشلە-
تىشنى 〈 پراگماتىزم 〉 ، 〈 چـاكـىـنـىـلىق 〉 ، 〈 ئاددىيلاشتۇرۇۋېتىش 〉
دەپ تىللىغان » ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەسىلىسىدە مەيدان ۋە
كۆز قاراشتا « پېڭ جېن بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش » بولغان دېگەن-
دەك . ئەمەلىيەتتە بۇ ، گۇناھ ئارتاي دېسەڭ باھانە تېپىلماي قالامتى دې-
گەننىڭ ئۆزى ئىدى . لو دىڭيىنىڭ ئايالى يەن ۋېيبىڭ يازغان « پارتى-
يىگە قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي نامسىز خەت » نىڭ لو دىڭيى بىلەن « زىچ
مۇناسىۋىتى بار » دېگەن سۆز قىلچە ئاساسسىز ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە
نـامـسىز خەتنىڭ مەزمۇنى لىن بياۋ ، يې چۈننى ئەيىبلەيدىغان خەت بو-
لۇپ ، ئاساسەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىنى يازغانىدى ، بۇ بىر خىل
غەزەپتىن كېلىپ چىققان پاش قىلىش ۋە ئەيىبلەش ئىدى . نامسىز خەت
يېزىش ئۇسۇلى مۇۋاپىق دېمىسەكمۇ ، لېكىن شۇ چاغدىكى تارىخىي
شارائىتتا ئامالنىڭ يوقىدىن قىلىنغان ئىش ئىدى ، ئۇنى « پارتىيىگە ،
ئىنقىلابقا قارشى » دېيىشنىڭ قىلچە ئاساسى يوق ئىدى .

پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لو دىڭيى ، ياڭ شاڭكۇن قاتارلىق تۆت
ئادەم ئەسلى ئوخشاشمىغان ئەھۋالدا ، ئوخشىمىغان مەسىلىدە ، ئايرىم ــ
ئايـرىـم پــېـەن قىلىنغانىدى ، لېكىن كېيىن بىرىپ ئۇلار چېتىپ قويۇ-
لۇپ « پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ » دەپ بېكىتىلدى . پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىدا مۇھىم مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان ، پارتىيە ئىشلىرى ،
ھەربىي ئىشلار ، تەشۋىقات ، مەخپىي ئىشلار ، پايتەختنىڭ خىزمىتى قا-
تارلىق ئىنتايىن مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن ، زور ئىناۋىتى بار ، پۈتۈن
پـارتىيىنىڭ ئـىـشـەنـچىسىگە ئېرىشكەن بۇ پېشقەدەم يولداشلار تۇيۇق-

سىزدىنلا « شيۇجېڭجۇيېچە ئۇنسۇر » ، « پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ » بو-لۇپ ، پاش قىلىش ، پىپەن قىلىشقا ئۇچرىدى . بۇ ھال پۈتۈن پارتىيىنى زور زىلزىلىگە سالدى ، شۇنداقلا بەكلا جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان پارتى-يىنىڭ ئىچكى تۇرمۇشىغا يەنە يېڭى جىددىيلىشىش ئامىللىرىنى قوشتى . بۇ يەنە ئاللىقاچان تۇتاشقان پىپەن قىلىش ئوتىغا يېڭى ئوت ئالغۇچ قوشتى .

1966 ـ يىل 24 ـ ئاپرېلدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىپ ، كاڭ شېڭ ، چېن بودا باشچىلىقىدا تۈزۈلۈپ چىقىلغان ، ماۋ زېدۇڭ يەتتە قېتىم ئۆزگەرتىپ بېكى-تىپ بەرگەن « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى » ئاساسىي جەھەتتىن ماقۇللاندى . يىغىن بۇ ئۇقتۇرۇشنى يېقىندا ئېچىلىدىغان سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاشنى قارار قىلدى .

### چوڭ پىپەن قىلىش ئوتى بارغانسېرى ئۇلغايدى

بۇ مەزگىلدە « ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن قىلىش » ۋەزىيىتى بار-غانچە كۈچەيدى . ئۇخەتنى پىپەن قىلىش ، ئۇخەن بىلەن بىللە « ئۈچ ئائىلىلىك كەنت » ( سەنجياسۇن ) ستونىدا بىرلىكتە ماقالە يازىدىغان بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى دېڭ تو ۋە بېيجىڭ شەھەر-لىك پارتكوم بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ باشلىقى لياۋ مۇشالارغىمۇ چې-تىلدى . ئارقىدىنلا « ئۈچ ئائىلىلىك كەنت خاتىرىلىرى » نى باسىدىغان بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى « ئالدىنقى سەپ » ۋە « بېيجىڭ گېزىتى » گىمۇ چېتىلدى . 8 ـ مايدا « ئازادلىق ئارمىيە گې-زىتى » كۆرۈنەرلىك يېرىگە ، جياڭ چىڭنىڭ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسى گاۋ جۇ دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان « پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى قارا يىپقا ئوت ئاچايلى » دېگەن ماقالىسىنى باستى . ماقالىدە : « دېڭ تونىڭ « يەنشەندىكى كېچە پاراڭلىرى » ۋە ئۇ (ئۇخەن ) ، نەن ( مانەنسۈن يەنى دېڭ تو ) ، شىڭ (فەن شىڭ يەنى لياۋ مۇشا ) نامى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىلەن يېزىلغان « ئۈچ ئائىلىلىك كەنت خاتىرىلىرى » ، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە سىنىپىي كۈرەش يەنىلا ناھايىتى ئۆتكۈر ، مۇرەككەپ ، كەسكىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ » ، « دېڭ تو ، ئۇخەن ، لياۋ مۇشا بىرلىشىپ ئاچقان « ئۈچ ئائىلىلىك كەنت » قارا دۇكىنىنىڭ خوجايىنى ، بىر ئوچۇم پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى ئۇنسۇرلارنىڭ كاتتىۋېشى . ئۇلار « ئالدىنقى سەپ » ، « بېيجىڭ گېزىتى » ۋە « بېيجىڭ كەچلىك گېزىتى » نى ئىگىلىۋېلىپ ، پارتىيىگە قارشى قورال قىلىپ ، نۇرغۇنلىغان زەھەرلىك ئوقلارنى ئاتتى ، پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا غالجىرانە ھۇجۇم قىلدى » دەپ كۆرسىتىلگەن ، ماقالىدە يەنە : « كەلگەنگە جاۋاب بەرمىسە ، ئەدەپسىزلىك بولىدۇ دېگەن گەپ بار . بىز چوقۇم سىلەرنى بوش قويۇۋەتمەيمىز ، بارلىق جىن ـ ئالۋاستىلارنى بوش قويۇۋەتمەيمىز ، پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى قارا يىپقا چوقۇم ئوت ئېچىپ ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىمىز ، غەلىبە قىلمىغۇچە توختاتمايمىز » دېيىلگەنىدى ، شۇ كۈندىكى « نۇر گېزىتى » « مەدەنىيەت ئىنقىلابى ھۆججەت تۈزۈش گۇرۇپپىسى » نىڭ ئەزاسى گۈەن فېڭنىڭ خې مىڭ دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان « كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ ، راست ـ يالغاننى پەرق ئېتەيلى » دېگەن تېمىدىكى ماقالىسىنى باستى . بۇ ماقالە غەزەپ بىلەن « ئالدىنقى سەپ » ، « بېيجىڭ گېزىتى » نى سوراق قىلىپ : « سىلەر پرولېتارىياتنىڭ ئورگىنىمۇ ياكى بۇرژۇئازىيىنىڭكىمۇ ؟ سىلەر پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ قورالىمۇ ياكى كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشنى تەرغىب قىلىدىغان قورالمۇ ؟ سىلەر زادى نەگە ماڭماقچى ؟ » دېگەنىدى . بۇ بىۋاستە بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومغا قارىتىلغان ، ۋەھشىيلىك چىقىپ تۇرىدىغان ئىككى ماقالىنى كۆرگەن ئادەم « ئۇلارنىڭ كېلىشى قالتىس » كەن ، بوران ـ چاپقۇن تېخى ئارقىدا ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالاتتى .

ئاردىن ئىككى كۈن ئۆتۈپلا ، شائخەيدىكى « نۇر گېزىتى » ، « ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى » بىرلا ۋاقىتتا ياۋ ۋېنيۈەننىڭ « ‹ ئۈچ ئائىـ

لىلىك كەنت › كە باھا » دېگەن ئۇزۇن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى ، ماقا-
لىدە : « ‹ ئالدىنقى سەپ › ، ‹ بېيجىڭ گېزىتى › ۋە ‹ بېيجىڭ
كەچلىك گېزىتى › پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى ئوڭچىل ئاغمىچىلار
يەنى شيۇجېڭجۇيى لۇشيەننىڭ غالجىرلىق بىلەن يۈرگۈزۈپ ، ئەكسىيەت-
چىل سىنىپنىڭ ۋە ئوڭچىل ئاغمىچىلارنىڭ پارتىيىگە ھۇجۇم قىلىدىغان
كانىيى بولۇپ كەلدى › ، ‹ ئۈچ ئائىلىلىك كەنت › نىڭ يىلتىزىنى قو-
مۇرۇپ تاشلاپ ، ‹ ئۈچ ئائىلىك كەنت › نىڭ زەھىرىنى پاكىز تازىلاي-
لى » دېيىلگەنىدى . 11 ـ مايدا « قىزىل بايراق » ژۇرنىلى « مەدەنىيەت
ئىنقىلابى ھۆججەت تۈزۈش گۇرۇپپىسى » نىڭ ئەزاسى چى بېنيۈينىڭ
« ئالدىنقى سەپ ، بېيجىڭ گېزىتى »نىڭ بۇرژۇئازىيە مەيدانىغا باھا دې-
گەن ماقالىسىنى باستى . شۇ چاغدا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇ-
روسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلىۋاتاتتى ، بۇ ماقالىلەر يىغىندىكى
پېڭ جېن قاتارلىق يولداشلارنى تەنقىد قىلىشقا ماسلاشقانىدى . بۇنىڭ
بىلەن ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم قورشاۋ ئىچىدە قالدى
ھەمدە « يىلتىزنى قومۇرۇش » تىكى مەقسىتىنى ئېنىق ئاشكارىلاشقا
باشلىدى .

بۇلارنىڭ ھەممىسى جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار تەشكىل-
لىك ، پىلانلىق ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلار ئىدى . لىن بياۋ پارتىيە 9 ـ
نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا بەرگەن سىياسىي دوكلاتىدا : « ماۋ جۇشى يەنە
« خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » قاتارلىق زەھەرلىك چۆپلەرگە
قارىتا پىپەننى قوزغىدى ، تىغ ئۇچى شيۇجېڭجۇيى گۇرۇھىنىڭ
ئۇۋىسى ــ ليۇشاۋچى كونتروللۇقىدىكى ئاشۇ يىڭنىمۇ ئۆتمەيدىغان ،
سۇمۇ سىڭمەيدىغان ‹ مۇستەقىل پادىشاھلىق › ــ بېيجىڭ شەھەرلىك
پارتكومغا قارىتىلغانىدى » دېگەنىدى . بۇ سۆز خاتا بولسىمۇ ، لېكىن بىز
ئۇنىڭدىن « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » نى پىپەن قىلىشنى
قوزغىغۇچىلارنىڭ بەزى سۇبيېكتىپ مەقسىتىنى ۋە شۇ چاغدىكى تارىخ
تەرەققىياتىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىۋالالايمىز .

www.uyghurkitap.com

## 2. ئومۇمييۈزلۈك ھەرىكەتلەندۈرۈشنىڭ پروگراممىسى ۋە رەھبەرلىك ئورگىنى

ماۋ زېدۇڭنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، جياڭ چىڭنىڭ بىۋاسىتە قوماندانلىقىدا، «يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما ‹خەيرۇيىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى› غا باھا» دېگەن ماقالىنى پىلانلىق قىلىپ قوزغالغان «ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن» ئوتى بارغانچە ئۇلغىيىپ، يېرىم يىل ئىچىدىلا پۈتۈن مەملىكەتكە تۇتاشتى. نۇرغۇنلىغان يازغۇچى، ئالىملار گېزىت، ژۇرناللاردا ئىسمى ئاتىلىپ پىپەن قىلىندى، نەزەرىيە، تەشۋىقات ساھەسى پۈتۈنلەي قالايمىقانلاشتى. بۇ پىپەن قىلىش ھەرىكىتى پەقەت ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىلا ئېلىپ بېرىلىپ، كەڭ ئىشچى - دېھقان ئاممىسىنىڭ ۋە ئەمەلىي ئورۇنلاردا خىزمەت قىلىۋاتقان كۆپ ساندىكى كادىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتمىغانىدى. لو رۇيچىڭ، ياڭ شاڭكۇن، لودىڭيى، پېڭ جېن قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبەرلەرنىڭ كەينى - كەينىدىن پاش قىلىنىپ، پىپەن قىلىنىشى ھەمدە بىر تۈركۈم پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنىڭ بولارغا چېتىلغانلىقى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدە زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئەمما بۇ ئىش پەقەت پارتىيە ئىچىدىكى خېلى كىچىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى بىلمەيتتى، ئەمەلىي خىزمەت ئورۇنلىرىغا بولسا ئانچە چوڭ تەسىر كۆرسەتمىگەنىدى. بۇ خىل ھالەتكە، بىرمەيدان «ئوچۇق - ئاشكارا، ئومۇمييۈزلۈك، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە كەڭ ئاممىنى قوزغاپ، بىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىمىزنى پاش قىلىدىغان» ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈككەن ماۋ زېدۇڭ ئەلۋەتتە نارازى بولاتتى، پۈتۈن ئاممىنى قوزغاش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېتەكچى خاراكتېرلىك رەسمىي ھۆججەت چىقىرىپ، چاقىرىق قىلىشى لازىم ئىدى. شۇڭا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئېچىش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

### مايدا سىياسىي بىيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى

1966 - يىلى 4 - مايدىن 26 - مايغىچە پارتىيە مەركىزىي كومى-

تېتى سـىـياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى بېيجىڭدە ئېچىلدى ( مـاي سىياسىي بيۇرو يىغىنى دەپ ئاتىلىدۇ ) . يىغىنغا سىياسىي بيۇرو-نىڭ ئەزالىرى ، كاندىدات ئەزالىرىدىن باشقا ، يەنە مۇناسىۋەتلىك ئو-رۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ۋە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھۆججەت تۈزۈش گـۇرۇپپىسى » نىڭ ئەزالىرىدىن جياڭ چىڭ ، جاڭ چۇنچياۋ ، گۇەن فېڭ ، چى بېنيۈ قاتارلىق سەككىز ئادەم بولۇپ ، جەمئىي 76 ئادەم قات-ناشتى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭگە قـايتىپ كەلمىدى ۋە يىغىنغا قاتناشمىدى ، ئۇ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قى-لىشنى مۇئاۋىن رەئىس ليۇشاۋچىغا ھاۋالە قىلدى . يىغىن ئەھۋالىنى ماۋ زېـدۇڭغا دوكلات قىلىشقا كاڭ شېڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقى بېكىتىلگە-نـىدى . بۇ يىغىننىڭ ئاساسلىق كۈن تەرتىپى ئىككى بولۇپ ، بىرى ، پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لودىڭيى ، ياڭ شاڭكۇن قاتارلىقلارنىڭ كىيىن « پارتىيىگە قارشى خاتالىقى » دەپ ئاتالغان خاتالىقىنى پاش قىلىش ۋە تـەنقىد قىلىش ، يەنە بىرى ، « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركى-زىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى » نى ماقۇللاش ئىدى .

يىغىن باشلىنىش بىلەنلا كاڭ شېڭ پۈتۈن بىر كۈن سۆز قى-لىپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ 1962 ـ يىلدىن بۇيانقى پېڭ جېن ، لودىڭيى قاتار-لىق يولداشلارنى پىپەن قىلغان سۆز ياكى يوليورۇقلىرىنى يەتكۈزدى ، يەنە يىغىن ماقۇللىماقچى بولغان « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مـەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى » نى تۈزۈش جەريانىنى تونۇشتۇ-رۇپ ، بۇنى ماۋزېدۇڭ يەتتە قېتىم ئۆزگەرتكەن دېگەننى ئالاھىدە تەكىت-لىدى ھەمدە قايسى سۆز ، جۈملىلەرنى ماۋ زېدۇڭ قوشقانلىقىنى بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ ئۆتتى . بۇنداق ھۆججەت ، شۇ چاغدىكى سىياسىي كەيپىياتتا بىر ئېغىزدىن ماقۇللىنىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى . ئارقىدىنلا جاڭ چۇنچياۋ ئۇزۇن سۆز قىلدى ، ئۇ سۆزىدە ئاساسلىق ھالدا « خەيرۇينىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى » نى پىپەن قىلىدىغان ماقالە ئېلان قىلىنىش ئالدى ـ كەي-نىدىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت سېپىدىكى « ئىككى لۇشيەن كۈرىشى » ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى ، گېپىنىڭ نېگىزى پېڭ جېن ۋە بېيجىڭ شە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەرلىك پارتكومغا ھۇجۇم قىلىش بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن چېن بودا سۆز قىلدى . ئۇ « ئومۇمىي ھېساب ئېلىش » ئۇسۇلى بويىچە مەخسۇس پېڭ جېننى « پاش قىلىپ پىپەن قىلدى . » ئۇنىڭ گېپىچە ، پېڭ جېن 1923 ـ يىلى ئىنقىلابقا قاتناشقاندىن بۇيان پارتىيىگە ، ماۋ زېدۇڭغا قارشى تۇرۇپ كەلگەنىدى . يىغىننىڭ دەسلەپكى تۆت كۈنىدىكى ئۈچ ئادەمنىڭ سۆزى ئەمەلىيەتتە بۇ يىغىنغا مۇقام بەلگىلەپ بەرگەنىدى . بولۇپمۇ كاڭ شېڭ يەتكۈزگەن بىرمۇنچە « ئەڭ ئالىي يوليورۇق » لار ، تىرىشىپ چۈشىنىشكە بولىدۇكى ، ھەرگىز گۇمانلىنىشقا بولمايتتى .

يىغىن يېرىم يىلدىن بۇيانقى پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لودىڭيى ، ياڭ شاڭكۇن ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان پاش قىلىش ، پىپەن قىلىش ئەھۋالى توغرىسىدىكى تونۇشتۇرۇشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ، بۇ تۆت يولداش ئۈستىدىن پىپەن ئېلىپ باردى . بۇنداق پىپەن قىلىش ئەمەلىيەتتە يىغىندىن بۇرۇن ئۇلارنىڭ خاتالىقى ئۈستىدىن قىلىنغان پىپەننى ، كېڭەرەك دائىرىدىكى مەركەزنىڭ يىغىنىغا ئېلىپ كىرىش ، تېخىمۇ بەكرەك ۋارقىراش ، تېخىمۇ كۆپرەك گۇناھ تېپىش ، چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈش ئىدى . لو رۇيچىڭ ، ياڭ شاڭكۇن يىغىنغا قاتناشتۇرۇلمىدى ، پېڭ جېن ، لو دىڭيى يىغىنغا قاتناشتۇرۇلغان بولسىمۇ ، پەقەت بىر قىسىم كۈنلەرگىلا قاتناشتۇرۇلدى ،ئۆزىنى ئاقلاشقا رۇخسەت قىلىنمىدى . لىن بياۋ ئۆز سۆزىدە بۇ تۆتەيلەننى ھېچبىر ئاساسسىزلا بىر ـ بىرىگە باغلاپ ، ئاتالمىش « پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لو دىڭيى ، ياڭ شاڭكۇن پارتىيىگە قارشى سۇيىقەستچىلەر گورۇھى » دەپ ئاتىدى ھەمدە ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى ، دەپ تۆھمەت چاپلىدى . يىغىن پېڭ جېن ، لو دىڭيى ، لو رۇيچىڭنى مەركىزىي كومىتېت شۇ جىچۇسىنىڭ شۇجىسى ۋەزىپىسىدىن توختىتىپ قويۇشنى ، ياڭ شاڭكۇننى شۇجىچۇنىڭ كاندىدات شۇجىسى ۋەزىپىسىدىن توختىتىپ قويۇشنى ، كېيىن مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈشنى ۋە قارار قىلىشنى بېكىتتى . پېڭ جېن بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىلىق ، شەھەر باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن ، لو دىڭيى مەركە-

زىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىدىن ئېلىپ تاشلاندى . يىغىن مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان مەركەزدىكى بىر قىسىم رەھ-بەرلەرنى خاتا پىپەن قىلدى ۋە تـەشـكـىـلـىي جەھەتتىن چارە كۆردى ھەمدە مەركەزدىن راستىنلا « شيۇجېڭجۇيى چىقتى » دېگەننى ئىسپاتلى-ماقچى بولغاندەك مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىپ تەكشۈ-رۈشنى قارار قىلدى ، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيىدە كاپىتالىزمنىڭ تى-رىـلىش خەۋپى بەكلا يېقىنلاپ قاپتۇ دەيدىغان خاتا سەزگۈنى پەيدا قىلدى .

### « 16 – ماي ئۇقتۇرۇشى » ئۈستىدىكى تەھلىل

16 ـ مـايدا يىغىن « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كـومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇشى » نى ( « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » دەپمۇ ئاتى-لىدۇ ) ماقۇللىدى . بۇ ئۇقتۇرۇش شەكلىدىن قارىغاندا ، پېڭ جېن رى-ياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن « فېۋرال تېزىسى » غا قارشى ، ئۇنى پىپەن قىلىش يۈزىسىدىن چىقىرىلغاندەك قىلىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە 1957 ـ يىلدىن بۇيان تەدرىجىي شەكىللەنگەن سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى سىنىپ ۋە سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى خاتا نەزەرىيىنى سىستېمىلىق شەرھلەپ ، « سول » فاڭجېن ، سىياسەتلەرنى بېكىتكەن ، كېيىن « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » دەپ ئا-تـالغان نەزەرىيىنى بىرىنچى قېتىم بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ئىسپاتلاپ چىققان . شۇڭا بۇ تەسىرى بەك زور بولغان ، « مەدەنىيەت زور ئىن-قىلابى » نى قوزغاشنىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتىدۇر .

« 16 ـ مـاي ئۇقتۇرۇشى » دا :« مەركىزىي كومىتېت 1966 ـ يىل 12 ـ فېۋرالدا تارقىتىلغان ‹ مەدەنىيەت ئىنقىلابى بەش كىشىلىك گۇرۇپ-پىسىنىڭ نۆۋەتتىكى ئىلمىي مۇزاكىرىدىن دوكلات قىلىش تېزىسى › نى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى قارار قىلدى »، « ئاتالمىش ‹ بەش كىشىلىك گۇ-رۇپپىنىڭ دوكلات قىلىش تېزىسى ، ئەمەلىيەتتە پېڭ جېن بىر ئادەمنىڭ دوكلات قىلىش تېزىسى › پېڭ جېن ‹ بەش كىشىلىك گۇرۇپپا › نىڭ

ئەزاسى يولداش كاڭ شېڭ ۋە باشقا يولداشلاردىن يوشۇرۇنچە، ئۆزىنىڭ پىكرى بويىچە تۈزۈپ چىققان نەرسە»، پېڭ جېن «نامۇۋاپىق ۋاستىلەردىن پايدىلىنىپ، ئۆكتەملىك قىلىپ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، مەركىزىي كومىتېتنىن ئوغرىلىقچە پۈتۈن پارتىيىگە ئالدىراپ — سالدىراپ تارقاتقان» دېيىلگەن. بۇ سۆزلەر پۈتۈنلەي پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس، كاڭ شېڭ «16 — ماي ئۇقتۇرۇشى» نى تۈزۈشكە مەسئۇل بولۇش قۇلايلىقىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنى كۈشكۈرتۈپ ئۆزىنى مەسئۇلىيەتتىن قاچۇرۇش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان سۆزلەر ئىدى. پېڭ جېن گەرچە بۇ قېتىمقى پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك يىغىنىغا قاتناشقان بولسىمۇ، ئىسپات كەلتۈرۈپ ھەقىقەتنى ئاچىدىغان ئىمكانىيىتى يوق ئىدى. مانا بۇ پارتىيىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ نەقەدەر نورمالسىزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەخسىي ھاكىممۇتلەقلىق، شەخسكە چوقۇنۇش ئەۋج ئالغان شارائىتتا، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە — مەركەزلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تەشكىلىي پرىنسىپى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇلغانىدى.

«16 — ماي ئۇقتۇرۇشى» دا شۇنداق تەلەپ قىلىنغان: «پرولېتارىيات مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاشۇ پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى ئاتالمىش ‹ئىلىم نوپۇزلىرى› نىڭ بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچىل مەيدانىنى ئۇزۇل — كېسىل پاش قىلىپ، ئىلمىي تەتقىقات ساھەسىدە، مائارىپ، ئاخبارات، ئەدەبىيات — سەنئەت، نەشرىياتچىلىق ساھەسىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئەكسىيەتچى ئىدىيىسىنى تەلتۆكۈس پىپەن قىلىپ، بۇ ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش كېرەك. بۇنى ئورۇنداش ئۈچۈن پارتىيىگە، ھۆكۈمەت ئىچىگە، ئارمىيىگە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنىمۇ پىپەن قىلىش، ئۇلارنى تازىلاش كېرەك، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ۋەزىپىسىنى يۆتكەش لازىم.» «ئۇقتۇرۇش» تا: ئۇلار «بىر تۈركۈم ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېنگجۇيىچىلار، پۇرسەت كەلگەن ھامان ئۇلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، پرولېتارىيات

دىكتاتورىسىنى بۇرژۇئازىيە دىكتاتورىسىغا ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ » دېيىلگە-
نىدى . بۇنداق « سول » چىل كۆزقاراشنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ،
دۈشمەن ئەھۋالىنى مۇبالىغە قىلىپ ، ۋەزىيەتنى ئەمەلىيەتتىن ئايرىغان
هالدا مۆلچەرلەش ۋە تاقابىل تۇرۇش فاكچىنىنى تۈزۈش ، « مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى » نى قوزغاشنىڭ ئاساسلىق ئاساسلىرىدىن بولۇپ قالغان .
ئەمەلىيەتتە ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 17 يىلدىن بۇيان مەدەنىيەت
سېپىدىكى ھەرقايسى ساھەلەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە
نۇرغۇنلىغان پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىلدى ، نەتىجە ئاساسىي ئورۇندا
تۇراتتى . ئىقتىسادتا ، مەدەنىيەتتە ناھايىتى ئارقىدا قالغان بىر دۆلەتتە
سوتسىيالىزم قۇرۇش بىر جاپالىق ، مۇرەككەپ ۋەزىپە ، ئەمەلىي خىزمەتتە
كۆرۈلگەن مەسىلە ۋە خاتالىقلار ، ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ، شەيئىلەرنىڭ
تەرەققىياتى ۋە تونۇشنىڭ ئۆسۈشى داۋامىدىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان
ئىش . بۇ مەسىلە ۋە خاتالىقلارنىڭ ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، كۆپ
ساندىكىلىرى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە مەنسۇپ ئىشلار ، ئۇ ھەرگىز
سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئىنكاسى ئەمەس ، « بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى » ،
« ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجىڭجۇيىچىلار » دېگەندەك سىنىپىي دۈشمەنلەر-
نىڭ پىلانلىق ئېلىپ بارغان « ھوقۇق تارتىۋېلىشى » ، پرولېتارىيات
دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇۋېتىشتەك ھەرىكىتىمۇ ئەمەس . پەقەت رەھبەرلىك
ئىدىيىدە ھوشيار بولۇپ ، ئوبيېكتىپ شەيئىلەرگە نىسبەتەن توغرا ئىن-
كاس قايتۇرۇپ ، ئۇلارغا قارىتا ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللانسا ، ھەرخىل مە-
سىلىلەرنى تەدرىجىي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ . ئەمەلىي خىزمەتتە
ساقلانغان مەسىلىلەردە ئوڭچىل مەسىلىمۇ بار ، ئەمما ئاساسلىقى
« سول » چىللىق مەسىلىسى . مەدەنىيەت سېپىدىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى
بۇرژۇئازىيە تارتىپ كەتتى ، ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا ھوقۇق تارتىۋېلىش كۆ-
رىشىنى ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك ، دەيدىغان تونۇش ، پۈتۈنلەي قىياسەن
ھۆكۈمدىن ئىبارەت . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، مەدەنىيەت سېپىدىكى ھوقۇق
تارتىۋېلىشنى پارتىيىگە ، ھۆكۈمەتكە ، ئارمىيىگە كىرىۋالغان ئاتال-
مىش « بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى » بىلەن چېتىپ ، پارتىيىمىز شيۇجىڭ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جۇيىلىشىپ كېتىش ، دۆلىتىمىزنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ كېتىش خەۋپى ئاستىدا تۇرماقتا دەپ سىگنال چېلىپ ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئارقىلىق « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش » مەقسىتىگە يېتىشنى تەلەپ قىلىش ، ئىنتايىن خاتا بولغان قاراردۇر . ئۇنىڭ ئاقىۋىتىدە ، ئۆزىنى ئۆزى قالايمىقانلاشتۇرۇش ، ئۆزىنى ئۆزى ئىنكار قىلىش ، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ، ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش پەيدا بولۇپ ، مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ قالايمىقانچىلىق ۋە زور بالايىئاپەت كېلىپ چىقاتتى .

« ئۇقتۇرۇش » تىكى « فېۋرال تېزىسى » ئۈستىدىن قىلىنغان پىپەندە تىلغا ئېلىنغان دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىي ۋەزىيىتى ، پارتىيىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ، دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 17 يىلدىن بۇيانقى نەتىجە ۋە سەۋەنلىكلەر توغرىسىدىكى ھۆكۈملەر ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قىلچە ئۇيغۇن كەلمىگەن ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىنغان . « فېۋرال تېزىسى » نىڭ ئاتالمىش خاتا كۆز قاراشلىرىنى پىپەن قىلغاندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن نەزەرىيىۋى كۆز قاراشلار ، ماركسىزمدىن روشەن ھالدا چەتنەپ كەتكەچكە ، ناھايىتى ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى .

« ئۇقتۇرۇش » تا نەقىل كەلتۈرۈلگەن « كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى » دىكى « بارلىق سىنىپىي كۈرەشلەر سىياسىي كۈرەشتۇر » دېگەن ئاتاقلىق ھۆكۈمنى ئاساس قىلىپ ، ئىلىم مەسىلىسىنى سىياسىي مەسىلىدىن ئايرىۋېتىشنى تەشەببۇس قىلغانلىق ، ئەمەلىيەتتە « مەدەنىيەت سېپىدىكى سىياسىي كۈرەشنى بۇرژۇئازىيە دائىم تەشۋىق قىلىپ كەلگەن ئاتالمىش ‹ نوقۇل ئىلمىي › مۇھاكىمە ئىچىگە كىرگۈزۈشتىن ئىبارەت » دېگەن . بۇ ماركسنىڭ ئەسىرىنى خاتا چۈشىنىۋېلىشتىن ئىبارەت .
« كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى » نىڭ ئەسلى مەنىسى ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، سىياسىي كۈرەشتىن ئىبارەت . ئۇنىڭدا سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەرقانداق شەكلىنى سىياسىي كۈرەش دېمىگەن . ئىلىم مەسىلىسى ، بولۇپمۇ

ئىجتىمائىي پەن ساھەسىدىكى ئىلىم مەسىلىلىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى سىنىپىي كۈرەش بىلەن مەلۇم چېتىشلىقى بولىدۇ ، لېكىن ھەممىسى شۇنداق بول- مايدۇ . سىنىپ ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغان سوتسىيالىستىك جەمئى- يەتتە ، ئىنقىلابىي قوشۇندا ، ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇنلىغان ئوخشىمى- غان كۆزقاراش ۋە ئىختىلاپلار سىنىپىي كۈرەش كاتېگورىيىسىگە كىر- مەيدۇ . ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىياسىي كۈرەش دېيىش ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولمايدۇ . « ئۇقتۇرۇش » نىڭ ئۇنداق دېگەنلىكى ، ئەمەلىيەتتە ئىلىم مەسىلىسىنى سىنىپىي كۈرەش ، سىياسىي كۈرەش دېگەنلىكى ؛ « سول » چىللىق نەزەرىيە بىلەن ئوخشىمايدىغان كۆزقاراش ۋە پىكىرلەرنى بۇرژۇ- ئازىيە ئىدىيىسى دېگەنلىكى بولۇپ ، ئىجتىمائىي پەن ، تەبىئىي پەننى تە- رەققىي قىلدۇرۇشتا ئېھتىياجلىق بولغان ئەركىن ئىلمىي مۇھاكىمىنى ئىن- كار قىلغانلىق ، « ھەممە بەس - بەستە سايرىسۇن » دېگەن فاڭجېننى يېنىكلىك بىلەن چەتكە چۆرۈۋەتكەنلىكتۇر . بۇنداق سىنىپىي كۈرەشنى خالىغانچە كېڭەيتىش نەزەرىيىسى ، ماركسىزمنىڭ سىنىپىي كۈرەش نۇق- تىئىنەزىرىگە ماس كەلمەيدۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ، نۇرغۇنلىغان نەزەرىيە تەتقىقاتچىلىرى ، ئالىم ، مۇتەخەسسىس ، پارتىيە - ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ « ئەكسىلئىنقىلابىي ئىلىم نوپۇزى » ، « ئەك- سىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىچى » دەپ ئاتىلىپ ، ۋەھشىيلەرچە زىيانكەش- لىككە ئۇچرىشى ، دەل ئاشۇ خاتا كۆز قاراشنىڭ تەسىرىدە ، ئىلىم مەسە- لىسىنى سـىـيـاسـىي مەسىلە دەپ قارىغانلىقتىن كېلىپ چىققان يامان ئاقىۋەتتۇر .

« ئۇقتۇرۇش »يەنە « پرولېتارىياتنىڭ ئۈستقۇرۇلمىدىكى ، جۈم- لىدىن ھەرقايسى مەدەنىيەت سېپىدىكى دىكتاتورىسى » دېگەن خاتا ئا- تالغۇنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۈستقۇرۇلما بەلگىلىك ئىقتىساد ئاساسىغا قۇ- رۇلغان ئىدېئولوگىيە ۋە شۇنىڭغا مۇناسىپ كەلگەن ھەرخىل تۈزۈم ، ئەسلىھەلەرنىڭ يىغىندىسى . ئۇ ئۆز ئىچىدىن سىياسىي ئۈستقۇرۇلما ۋە ئىدېئولوگىيە ئۈستقۇرۇلمىسى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ . سىياسىي ئۈست- قۇرۇلمىدىكى پرولېتارىيات دىكتاتورىسى ، ئۇ ئەلۋەتتە ماركسىزم پرىنسى-

www.uyghurkitap.com

پېغا ماس كېلىدۇ . سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ئىدېئولوگىيە ئۇست-
قۇرۇلمىسىدىكى پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي ئىدېئولوگىيىسىدە ماركسىزم
رەھبەرلىك ئورۇندا تۇرىدۇ ، بۇنىڭدا شەك ـ شۈبھە يوق . لېكىن ، ئى-
دېئولوگىيە ــ مەدەنىيەت ساھەسى بىرقەدەر مۇرەككەپ ، ئۇنىڭدا توم-
تاقلا دىكتاتورا يۈرگۈزۈش دەپ ئوتتۇرىغا قويساق ، تازا مۇۋاپىق بول-
مايدۇ . دىكتاتورا بىر خىل مەجبۇرلاش ۋاستىسى . لېنىن پرولېتارىيات
دىكتاتورىسىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلىگەندە : « دىكتاتورا ، بىر رەھىم-
سىز ، قاتتىق ، قان پۇراپ تۇرىدىغان ، ئازابلىق سۆز ، بۇنداق سۆزنى
قالايمىقان دېيىشكە بولمايدۇ » دېگەنىدى . « ھەرقايسى مەدەنىيەت سا-
ھەسىدىكى دىكتاتورا » دېگەن سۆزنى ئوتتۇرىغا قويغاندا ، ئىدىيە جە-
ھەتتە ناھايىتى زور قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى ، كىشىلەر
مەدەنىيەت ساھەسىدىكى مەسىلىلەرنى دىكتاتورىدىن ئىبارەت مەجبۇرلاش
ۋاستىسى بىلەن ھەل قىلىدىغان ئوخشايمىز ، دەپ خاتا چۈشىنىپ
قالاتتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا دەل شۇنداق بولدى . دۆلىتىمىز
قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەرخىل مەدەنىيەت ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ، يەنى
ئەدەبىيات ، *تىياتىر ، ئەلنەغمە ، مۇزىكا ، گۈزەل سەنئەت ، كىنو ، ئۇس-
سۇل ۋە شېئىر قاتارلىقلارلا ئەمەس ، يەنە ئىجتىمائىي پەننىڭ ھەرقايسى
ساھەلىرىدىكى ئىلمىي ئەسەرلەرمۇ لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار تە-
رىپىدىن « فېئودال ، بۇرژۇئازىيە ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ قارا ماللىرى » دې-
يىلىپ قالماستىن ، يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئىنقىلاب غەلبىسى
ئۈچۈن زور تەسىر كۆرسەتكەن ھەرخىل ئەسەرلەرمۇ « قارا يىپ » نىڭ
مەھسۇلى دەپ قارىلاندى ؛ نۇرغۇنلىغان « ھەرقايسى مەدەنىيەت ساھە-
سىدىكى » خىزمەتچى خادىملار « يەرگە يىقىتىلىپ »، « پەقەت ئەدەپ
بىلەن جىملا تۇرىدىغان ، قالايمىقان سۆز ـ ھەرىكەتتە بولمايدىغان »
قىلىۋېتىلدى . ماۋ زېدۇڭ 50 ـ يىللاردا « خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى
توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى ھەققىدە » دېگەن ئەسىرىدە : « خەلق ئى-
چىدىكى ئىدىيە مەسىلىسىنى ، روھىي دۇنيا مەسىلىسىنى ئاددىي ئۇسۇللار
بىلەن ھەل قىلىش ئۇنۇم بەرمەيلا قالماستىن ، بەلكى ناھايىتى زىيانلىق

بـولىدۇ ... مۇزاكىرە قىلىش ، تەنقىد قىلىش ، داۋلى سۆزلەش ئۇسۇللى-
رىنى قوللانغاندىلا ، ھەقىقىي تۈردە توغرا پىكىرلەرنى راۋاجلاندۇرغىلى ،
خـاتا پىكىرلەرنى تۈگەتكىلى ، مەسىلىنى ھەقىقىي ھەل قىلغىلى بولىدۇ »
③ دەپ ئوتتۇرىغا قويغاندى . « ئۇقتۇرۇش » تىكى ھەرقايسى مەدەنىيەت
ساھەلىرىدىكى دىكتاتورا توغرىسىدىكى كۆزقارىشى ، ماركسىزمنىڭ
تۈپكى پرىنسىپىغا خىلاپ بولۇپلا قالماي ، يەنە ماۋ زېدۇڭنىڭ يۇقىرىدا
ئېيتىلغان ھۆكۈمى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى .

« ئۇقتۇرۇش » تا يەنە « ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر »
دېگەن ماركسىزمنىڭ كۆزقارىشىنى ، « بۇرژۇئازىيىنىڭ شوئارى » دەپ
سۆككەن . بۇ « سول » چىل كۆزقاراشنىڭ كونتروللۇقىدا ئىككى ئوخ-
شاش بولمىغان خاراكتېردىكى مەسىلىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنلىكتۇر .
ماركسىزم ، ھەقىقەت ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ
كىشىلەرنىڭ تەپەككۇرىدىكى توغرا ئىنكاسى ، سۇبيېكتىپ تەپەككۇر
بىلەن ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنىڭ بىردەكلىكىدىن ئىبارەت ، دەپ بىلىدۇ .
ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ھەرقانداق ماتېرىيالىزمچى ئورتاق ئېتىراپ
قىلغان بىرىنچى ئالاھىدىلىكتۇر . ئۇ ھەرقانداق شەخس ، گۇرۇھ ، سى-
نىپنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەيدۇ . شۇڭا ، ھەرقانداق ئادەم-
نىڭ ھەقىقەتنى بىلىش ، ئىگىلەش ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇش ھوقۇقى
بولىدۇ . لېكىن ، سىنىپىي جەمئىيەتتە ، ھەربىر ئادەمنىڭ ئىجتىمائىي
ئورنى ئوخشىمىغاچقا ، ھەقىقەتنى بىلىشى ۋە ئىگىلىشى سىنىپىي تامغىنىڭ
تەسىرىگە ئۇچرىماي قالمايدۇ ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي ساھەدىكى ھەقىقەتنى
بىلىش جەھەتتە شۇنداق بولىدۇ . شۇڭا بۇ جەھەتتە ھەرقايسى سىنىپلار
ئەمەلىيەتتە پۈتۈنلەي باراۋەر بولالمايدۇ . بۇنى ئېتىراپ قىلماسلىق ، بىلىش
تولۇق بولمايدۇ ، ئەگەر بىر تەرەپلىمىلىك ھالدا بۇنى مۇبالىغە قىلساق ،
« ھەقىقەت ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر » دېگەن توغرا پرىنسىپنى ئىنكار
قىلىۋەتكەن بولىمىز ، بۇ تېخىمۇ خاتا . « ئۇقتۇرۇش » نىڭ « ھەقىقەت
ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر » دېگەنگە قارشى تۇرغانلىقى نەزەرىيىۋى
كۆزقاراش جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپلا قالماي ، يەنە

ئوبيېكتىپ جەھەتتە قارىغۇلارچە ئىشىنىش ۋە قارىغۇلارچە ئەگىشىشنى قوللايدىغان بىر خىل فېئوداللىق ئىمتىياز ئىدىيىسىنىڭ ئىپادىسى . ئەمەلىيەتتە ھەقىقەتنى پەقەت مەلۇم كىشى ، مەلۇم كىشىلەرلا ئىگىلەيدۇ ، باشقىلار سوراشقا بولمايدۇ ، پەقەت باش ئېگىپ بويسۇنۇشلا كېرەك ، دېگەننى تەرغىب قىلغانلىق . بۇ كۆزقاراش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا تەرەققىي قىلىپ ، ھوقۇقنىڭ ئۆزى ھەقىقەت بولدى . كىمنىڭ ھوقۇقى چوڭ بولسا ، شۇنىڭدىكى « ھەقىقەت » ئەڭ كۆپ بولدى . بۇ خىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن ھوقۇق تارتىۋېلىش ، ھوقۇق تالىشىش تۈگىمەيدىغان ، پاكىت كەلتۈرۈپ ، داۋلى سۆزلەشنىڭ ئورنىنى پىپەن قىلىپ سېستىش ، ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىگىلىگەن ئېغىر ۋەزىيەت پەيدا بولدى .

« 16 – ماي ئۇقتۇرۇشى » دىكى دۆلەت ئىچى ۋە پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتكە بولغان خاتا مۆلچەر ، كۈرەشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغان خاتا ئوبيېكتى ، تۈزۈلگەن بىر يۈرۈش « سول » چىل فاڭجېن – سىياسەتلەر ۋە « سول » چىل خاتا كۆزقاراشنىڭ تەشۋىق قىلىنىشى ، بۇنىڭدىن كېيىنكى ھەرىكەتتە ئېغىر ، يامان تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى .

**لىن بياۋنىڭ 18 – مايدىكى سۆزى ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى تەڭشەش**

بۇ قېتىمقى يىغىندا ئەڭ ئاساسلىق دوكلاتنى بەرگىنى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بەش مۇئاۋىن رەئىسىنىڭ ئەڭ ئاخىردىكىسى لىن بياۋ بولدى . ئۇ 18 – ماي كۈنى ناھايىتى ئۇزۇن سۆز قىلدى . بۇ سۆز ئالاھىدە ئىدى . ئۇ ئالدى بىلەن قەدىمدىن ھازىرغىچە ، جۇڭگودىن چەت ئەلگىچە بولۇپ كەلگەن سىياسىي ئۆزگىرىشلەردىن مىسال كەلتۈرۈپ كېلىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچىدە بەزىلەر سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى ، ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى دېگەن يالغان گەپنى ئويدۇرۇپ چىقاردى . ئۇ گويا شۇنداق ئىش باردەكلا قىلىپ : « ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش بولۇشى ، ئادەم ئۆلۈشى ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشى ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشى ، سوتسىيالىزمنى يوق قىلىۋې-

تىشى مۇمكىن » ، « ماۋ جۇشى يېقىنقى بىرقانچە ئايدىن بۇيان ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشتىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ ، نۇرغۇن تەدبىرلەرنى قوللاندى »، « خەتەر يۇقىرى قاتلامدىن چىقىدۇ » ، « سىلەر لو رۇيچىڭغا ، پېڭ جېنغا ، لودىڭيى ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىغا ، ياڭ شاڭكۇنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشى ئارقىلىق بىر نەرسىنى ، ئوق دورىسىنىڭ پۇرىقىنى پۇرىغانسىلەر . بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋەكىللىرى پارتىيىمىز ئىچىگە ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋېلىپ ، ھوقۇقدار بولۇۋالدى ، ھۆكۈمەت ئاپپاراتىنى ئىگىلەپ ، ھاكىمىيەت ، ئارمىيە ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزىۋالدى ، ئىدىيىۋى سەپنىڭ قوماندانلىق شتابىنى ئىگىلىۋالدى . ئۇلار بىرلىشىپ ئاغدۇرمىچىلىق قىلماقچى ، چوڭ قالايمىقانچىلىق چىقارماقچى » ، « ئەلەمنىمۇ ، قەلەمنىمۇ ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ، جامائەت پىكرىنى تۇتماقچى ، ئەمدى قورالنى تۇتىدىغانلا بولسا ، ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلالايدۇ » دېدى ۋە ئەسەبىيلەرچە ۋارقىراپ تۇرۇپ : « بۇ گۇيلار تەۋەككۈلچىلىك قىلماقچى ، ئۇلار پۇرسەت كەلسىلا قوزغىلىدۇ . ئۇلار بىزنى ئۆلتۈرمەكچى ، بىز ئۇلارنى باستۇرۇۋېتىشىمىز كېرەك ! » دېدى . لىن بياۋنىڭ بۇ كىشىنى ھاڭ ـ تاڭ قالدۇرىدىغان سۆزلىرى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىچىدە ھەممە ئادەم خەتەرلىكتەك ھېس قىلدۇرۇپ ، قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندەك كەيپىيات پەيدا قىلدى .

لىن بياۋ سۆزىدە شەخسكە چوقۇنۇشنى كۈچىنىڭ بارىچە تەرغىب قىلىپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسىي تالانتىنى ماختىدى . ئۇ : « 19 ـ ئەسىردىكى تالانت ئىگىسى ماركس ، ئېنگېلس ، 20 ـ ئەسىردىكى تالانت ئىگىسى لېنىن بىلەن يولداش ماۋ زېدۇڭ » ، « ماۋ جۇشى ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا تالانتلىق بىلەن ، ئىجادىي ھالدا ، ئومۇميۈزلۈك ۋارىسلىق قىلدى ، ئۇنى قوغدىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى بىر يېڭى پەللىگە كۆتۈردى » . « بەزىلەر تالانتنى ئىقرار قىلمايدۇ ، بۇ ماركسىزم ئەمەس » . « ماۋ جۇشىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ھەر جۈملىسى ھەقىقەت ، بىر جۈملىسى ئون مىڭ جۈملىگە باراۋەر » . « ئۇنىڭ سۆزلىرى

ھەرىكىتىمىزنىڭ قىبلىنامىسى . كىمكى ئۇنىڭغا قارشى چىقىدىكەن ، پۈ-تۈن پارتىيە ئەيىبلەيدۇ ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئورتاق جازالايدۇ » دېدى . لىن بياۋنىڭ ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپىنى قوپاللىق بۇزى-دىغان ، شەخسكە چوقۇنۇشنى ھەددىدىن زىيادە تەرغىب قىلغان بۇ سۆزلىرى يىغىندا ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى . بۇنىڭ كىنايىلىك يېرى ، كېيىن سۇيىقەست بىلەن سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان ، ماۋ زېدۇڭغا قارشى چىقىپ ، ھەتتا ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بول-غانلار ، دەل لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ بولۇپ قالغىنى بولدى .

لىن بياۋنىڭ سۆزى ناھايىتى زور ئازدۇرۇش ۋە قۇتراتقۇلۇق رو-لىغا ئىگە ئىدى . ئۇ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كېڭەي-تىلگەن يىغىنىدىلا يىغىننىڭ كەيپىياتىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىپ قالماي ، ئۇ مەركەزنىڭ يېڭى روھى سۈپىتىدە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن نۇرغۇن كىشىلەردە ، مەركەزدىن راستتىنلا شىۋجېڭجۇيى چىققان ئوخشايدۇ ، ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋې-تىپتۇ ، دېگەن خاتا تۇيغۇنى پەيدا قىلىپ ، ناھايىتى زور تەسىر قوزغى-ۋەتتى . شۇ چاغدا تۆۋەندە تولانغان « ماۋ جۇشىنى ئىسسىق قېنىمىز ۋە ھاياتىمىز بىلەن قوغدايمىز » ، « پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، ماۋ جۇ-شىنى جان تىكىپ قوغدايمىز » دېگەن شوئارلار لىن بياۋنىڭ سۆزى بى-لەن ناھايىتى زور مۇناسىۋەتلىك .

لىن بياۋنىڭ بۇ ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپىغا خىلاپ ۋە ئەمەلى-يەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سۆزى ، سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغى-نىدا ھېچقانداق تەنقىدكە ياكى قارشى تۇرۇشقا ئۇچرىماي ، ئەكسىنچە يىغىن تەرىپىدىن قوبۇل قىلىندى . بۇ ، ئىككى كۈن بۇرۇن ماقۇللانغان « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » بىلەن قوشۇلۇپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاشتىكى « سول » چىل نەزەرىيە كۆزقارىشى ، شۇ چاغدىكى ئىنتايىن نورمالسىز بولغان سىياسىي كەيپىياتتا مەركىزىي كومىتېت تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . گەرچە بۇ

نەزەرىيىۋى كۆزقاراش ماركسىزمغا زىت ، جۇڭگو ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن
بولمىسمۇ ، سىنىپىي كۇرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن
پەيدا قىلىنغان سىنىپىي كۇرەش خاتالىقى بارغانچە چوڭقۇرلىشىپ كەت-
كەچكە ، مەركىزىي كومىتېتتىكى باشقا رەھبەرلەر بۇنى دەرھال سېزەل-
مىدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشى ئىنتايىن
نورمالسىزلاشقان ئەھۋال ئاستىدا ، ماۋ زېدۇڭ ئۆزى رىياسەتچىلىك قى-
لىپ تۈزۈپ چىققان ھۆججەت ئۈستىدە ئەستايىدىل ، ھەقىقەتنى ئەمەل-
يەتتىن ئىزدىگەن ھالدا مۇزاكىرە قىلىش ھەقىقەتەن تەس ئىدى . ھۆج-
جەتتىكى كالڭ شېڭنىڭ دېگىنىدەك ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆز قولى بىلەن ياز-
غانلىرىغا قارىتا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەلىپى بويىچە ، لىن بىياۋنىڭ ئاتالمىش
« چۈشەنسەكمۇ ئىجرا قىلىش ، ۋاقتىنچە چۈشەنمىسەكمۇ ئىجرا قىلىش »
پوزىتسىيىسىنى قوللىنىش كېرەك ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شۇ چاغدىكى
تونۇش بويىچە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تەرەققىي قىلىپ كې-
يىنكى ئاشۇ دەرىجىگە بېرىپ ـ يېتىشىنى ھېچكىم مۆلچەرلىيەلمەيتتى . مانا
ئاشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈش ئاستىدا ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇ-
روسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » نى قوبۇل
قىلدى . بۇ قېتىمقى يىغىن « سول » چىل خاتا فاڭجېننىڭ ھۆكۈمران
ئورۇنغا چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى .

بۇ قېتىمقى يىغىن 23 ـ مايدا ماقۇللىغان قاراردا ، يۇقىرىدا ئېيتىل-
غان پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لودىڭيى ، ياڭ شاڭكۇننىڭ ۋەزىپىسىنى
ئېلىپ تاشلاشتىن باشقا ، يەنە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئوتتۇرا
جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى تاۋجۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى
شۇجىچۇسىنىڭ دائىمىي شۇجىلىقىغا ، قوشۇمچە پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتى تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقلىقىغا ؛ يې جيەنيىڭنى پارتىيە مەرك-
زىي كومىتېتى شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقىغا ، قوشۇمچە مەركىزىي ھەربىي
ئىشلار كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا ؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شى-
مالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى لى شۆفېڭنى بېيجىڭ شەھەر-
لىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىلىقىغا تەيىنلەشنى بېكىتتى .

www.uyghurkitap.com

سىياسىي بىيۇرونىڭ مايدىكى يىغىنىدىن كېيىن، « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » دىكى « ئەسلىدىكى ‹ مەدەنىيەت ئىنقىلابى بەش كىشىلىك گۇرۇپپا › نى ۋە ئىش بېجىرىش ئورگانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، يېڭىدىن مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى قۇرۇش، ئۇ سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا تەۋە بولۇش » توغرىسىدىكى بەلگىلىمە بويىچە، 28 ـ مايدا مەركەز ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقىنى ئېلان قىلدى. چېن بودا گۇرۇپپا باشلىقى؛ كاڭ شېڭ مەسلىھەتچى ( 2 ـ ئاۋغۇستتا تاۋجۇ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىلىكىنى قوشۇمچە ئۆتەشكە تەيىنلەندى، 1967 ـ يىلى يانۋاردا ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، ئۇ جەمئىي بەش ئاي مەسلىھەتچى بولدى )؛ جياڭ چىڭ، ۋاڭ رېنجۇڭ، ليۇ جىجيەن، جاڭ چۇنچياۋ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى؛ شې تاڭجۇڭ، يىن دا، ۋاڭ لى، گۇەن فېڭ، چى بېنيۈي، مۇشىن، ياۋ ۋېنيۈەنلەر گۇرۇپپا ئەزاسى بولدى. ئۇنىڭدىن باشقا تۆت چوڭ رايون ئەۋەتكەن ئادەملەر، شىمالىي جۇڭگودىن گو يىڭچۇ، شەرقىي شىمالدىن جېڭ جىچياۋ، غەربىي شىمالدىن ياڭ جىلىن، غەربىي جەنۇبتىن ليۇ ۋېنجېنلەر ئەزا بولدى، بۇلار چوڭ رايونلاردىكى تەشۋىقات خىزمىتىگە مەسئۇل بولغانلار ئىدى، بۇ تۆت يولداش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىنلىرىغا بىرنەچچە قېتىم قاتناشتۇرۇلدى، ئەمما ئۇزاق ئۆتمەيلا چەتكە قايرىپ قويۇلدى.

مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى بەلگىلىمە بويىچە « سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتى رەھبەرلىكى » دە بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ماۋ زېدۇڭ بىر ئادەمنىڭ رەھبەرلىكىدىكى ئالاھىدە بىر ئورگان ئىدى. شۇڭا، دەسلەپتىلا ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئەمەلىي قوماندانلىق ئورگىنى بولۇپ قالدى. 30 ـ ئاۋغۇستتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى: « يولداش

چىن بودا ئاغرىق مەزگىلىدە ياكى بۇنىڭدىن كېيىن سىرتقا چىقىپ
كەتكەن چاغلاردا ، ئۇنىڭ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى ، 1 ـ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى يولداش جياڭ
چىڭ ۋاقىتلىق ئۆتەپ تۇرىدۇ » دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى . مانا بۇ جياڭ
چىڭ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەمەلىي مەسئۇلى
بولدى دېگەنلىك ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنـ
قىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ هوقۇقى بارغانچە زورىيىپ باردى ، ۋاڭ رېنجۇڭ ،
ليۇجىجيەن قاتارلىق بەزى ئەزالار ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلىپ ، جياڭ چىڭ
مۇستەقىل هوقۇق تۇتقان ۋەزىيەت شەكىللەندى .
بۇ يەردە يەنە ، سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلـ
غان مەزگىللەردە ماۋ زېدۇڭ چىقارغان « 7 ـ ماي يوليورۇقى » توغرىـ
سىدىكى گەپنى ئېيتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ . بۇ يوليورۇقنىڭ ئاساـ
سىي مەزمۇنى توغرىسىدا بىز 1 ـ بابنىڭ تۆتىنچى پاراگرافىدا سۆزلەـ
دۇق ، بۇ يەردە قايتىلاپ ئولتۇرمايمىز . دىققەت قىلىشقا تېگىشلىـ
كى ، « 7 ـ ماي يوليورۇقى » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا « ئەڭ ئاـ
لىي يوليورۇق » سۈپىتىدە كەڭ تارقالدى ، ئۇنىڭدا سوتسىيالىستىك زاماـ
نىۋى ئىگىلىك بەرپا قىلىش بىلەن ماس كەلمەيدىغان تەلەپ ۋە كۆزـ
قاراشلار بولۇپ ، ئۇلار نۇرغۇن جەھەتلەردە سەلبىي تەسىر پەيدا قىلدى .
« 7 ـ ماي يوليورۇقى » دا ماۋ زېدۇڭ : « ئوقۇش مۇددىتى قىسقارتىلىـ
شى ، مائارىپتا ئىنقىلاب ئېلىپ بېرىلىشى ، بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى مەكـ
تەپلىرىمىزگە هۆكۈمرانلىق قىلىدىغان هادىسە يەنە داۋاملىشىۋەرمەسلىكى
كېرەك » دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 17 يىلدىن
بۇيانقى جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ھەرخىل مەكتەپلەرنى ،
بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى هۆكۈمرانلىق قىلغان ئورۇنلار دەپ قارىغان . بۇ
پۈتۈنلەي ئەمەلىي پاكىتى بولمىغان گەپ . بۇنىڭ ئەكسىچە ، 17 يىلنىڭ
كۆپ ۋاقىتلىرىدا ، « سول » چىل خاتالىق تۈپەيلىدىن زىيالىيلار توغرا
مۇئامىلىگە ئېرىشەلمىدى ، ئۇلار بېسىم ئاستىدا ، ئۆزگەرتىش ئورنىدا تۇـ
رۇپ كەلدى ، ئۇلار ھەرگىزمۇ مەكتەپلەرگە هۆكۈمرانلىق قىلدى دېگىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ . بۇ « ئەڭ ئالىي يوليورۇق » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا كەڭ ئـوقـۇتـقـۇچىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشنىڭ بىر ئاساسى بولۇپ كەلدى .

**ئومۇميۈزلۈك قوزغاشنىڭ بىر يۈرۈش تەدبىرلىرى**

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئوتتىنى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە لاۋۇلداپ ياندۇرۇش ئۈچۈن ، ماۋ زېدۇڭ ۋە ئۇنىڭ قوماندانلىقىدىكى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى بىر يۈرۈش ھەيران قالارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى .

« 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ماقۇللانغاندىن كېيىن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى سۈپىتىدە پارتىيە ئىچىدە دەرىجىمۇ دەرىجە يەتكۈزۈلدى ، كېيىن گېزىت باش ماقالىسى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇلدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەسمىي ماقۇللىغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت بولغاچقا ، يەنە مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدەك ئەمەلىي قوماندانلىق ئورگىنى بولغاچقا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مىسلى كۆرۈلمىگەن قىياپەت ۋە ھەيۋەت بىلەن ، كەڭ كۆلەملىك سـىـيـاسـىـي ھـەرىـكەت سۈپىتىدە پۈتۈن مەملىكەتتە قانات يايدۇرۇلدى .

25 ـ مايدا ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پەلسەپە فاكۇلتېتىنىڭ پارتىيە باش ياچېيكا شۇجىسى نيې يۈەنزى قاتارلىق يەتتە ئادەم بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى ۋە بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومغا تۆھمەت چاپلاپ ، ھۇجۇم قىلغان بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىتنى چاپلىدى . بۇ ئۆتكۈر سىياسىي خاراكتېرگە ئىگە چوڭ خەتلىك گېزىت ، كاڭ شېڭنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ يول كۆرسىتىشى بىلەن يېزىلغان بولۇپ « بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوت يېقىپ ، يۇقىرىغا تۇتاشتۇرۇش » نى مەقسەت قىلغانىدى . چوڭ خەتلىك گېزىتتە ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى ئوتتۇرىغا قويغان ، ھەرىكەتتە « رەھ-

بەرلىكنى كۈچەيتىش ، خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇش » كېرەك ، « ئامما
قوزغالدى ، ئۇلارنى توغرا يولغا باشلاش كېرەك » ، « داۋلى سۆزلەشتە
چىڭ تـۇرۇش كـېـرەك » ، « ئۇلارنى نەزەرىيە جەھەتتىن مات قىلىش
لازىـم » دېگەندەك تەلەپلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن بولۇپ ، ئۇنى « ئاممە-
نىڭ ئىنقىلابىنى بېسىش » تىكى قانۇنىيەت ، « سېپى ئۆزىدىن بولغان
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى شيۇجېڭ-
جۇيىـچە لۇشيەن » دېگەندى . ئۇلار چاقىرىق چىقىرىپ ، « بارلىق ئىن-
قىلابىي زىيالىيلارنىڭ كۆرەش قىلىدىغان ۋاقتى كەلدى » ، « شيۇجېڭ-
جۇيىنىڭ قاتمۇ قات كونتروللۇقىنى ۋە بارلىق ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بۇ-
زۇپ ، بـارلىق جىن ـ شەيتانلارنى ، بارلىق خىروششېۋچە ئەكسىلئىنقىلا-
بىي شيۇجېڭجۇيىچىلارنى قەتئىي ، تەلتۆكۈس ، پاكىز ، تولۇق يوقىتاي-
لى » دېگەندى . بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلانغاندىن كېيىن ، شۇ
ھامان كەڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچرى-
دى . يېرىم كۈن ئىچىدە مىڭ پارچىدىن ئارتۇق رەددىيە بېرىلگەن چوڭ
خـەتلىك گېزىتلەر چاپلاندى ، نۇرغۇن ئادەملەر چوڭ خەتلىك گېزىتنى
چـاپلىغان يەتتە ئادەمنى تېپىپ مۇنازىرىلەشتى ، ئەلۋەتتە ئۇلارنى قوللى-
غانلار ناھايىتى ئاز ساندىكىلەر ئىدى .
بـۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ باسما نۇسخىسىنى كاڭ شېڭ ، شۇ
چـاغدا بـېـيـجـىڭدە مەركەزنىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىۋات-
قان ليۇشاۋچى ۋە دېڭ شياۋپىڭدىن يوشۇرۇن ھالدا جەنۇبتا تۇرۇۋاتقان
ماۋ زېدۇڭغا يەتكۈزۈپ بەردى . 1 ـ ئىيۇندا ماۋ زېدۇڭ بىر پارچە « مە-
دەنىيەت ئىنقىلابى خەۋىرى » گە تەستىق سېلىپ : « بۇنى شىنخۇا ئا-
گـېنتلىقى تولۇق تېكستى بىلەن رادىئودا ئاڭلاتسۇن ، پۈتۈن مەملىكەت-
تىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىشمۇ ناھايىتى زۆرۈر .
بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئىبارەت بۇ ئەكسىيەتچى قورغان ئەمدى بۇ-
زۇلۇشقا باشلىدى » دەپ يازدى . ماۋ زېدۇڭ يەنە خاڭجۇدىن كاڭ
شېڭ ، چېن بوداغا تېلېفون بېرىپ ، بۇ ئىشنى ئۇقتۇردى . شۇ كۈنى
شىنخۇا ئاگېنتلىقى نىبي يۈەنزى قاتارلىقلارنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتىنى

www.uyghurkitap.com

تولۇق تېكستى بىلەن رادىئودا ئاڭلاتتى . بۇ ئىش ، بۇ چوڭ خەتلىك گېزىتنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاش ئېھتىياجىغا تازا باپ كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، ماۋ زېدۇڭ باشقا ھەيران قالارلىق تەدبىرلەرنىمۇ قوللاندى . ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 31 ـ ماي كۈنى چېن بودا باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى خەلق گېزىتى ئىدارىسىگە بېرىپ ھوقۇق تارتىۋالدى ، چېن بودا باشچىلىقىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى بارغاننىڭ ئىككىنچى كۈنى ( 1 ـ ئىيۇن كۈنى ) ، « خەلق گېزىتى » « بارلىق جىن ـ شەيتانلارنى سۈپۈرۈپ تاشلايتتى » دېگەن تېمىدىكى باش ماقالىنى ئېلان قىلدى . بۇ باش ماقالىدىن لىن بياۋنىڭ 18 ـ ماي سۆزىدىكى مۇقام بويىچە ، « ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ قورالىنى ئولجا ئالدۇق ، تامغىنى خەلق تارتىۋالدى ، لېكىن ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى ئەكسىيەتچى ئىدىيە يەنە ساقلانماقتا » ، « ئۇلار نىيىتىدىن يانمايدۇ » ، « ئازادلىقتىن بۇيانقى 16 يىلدىن بېرى ئىدىيە مەدەنىيەت سېپىدىكى ئۈزلۈكسىز بولۇپ كېلىۋاتقان كۈرەش ، تاكى مۇشۇ چوڭ ـ كىچىك ‹ ئۈچ ئائىلىك كەنت › پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى قارا يىپ پاش قىلىنغانغا قەدەر تىرىلىش ۋە تىرىلىشكە قارشى كۈرەش بولۇپ كەلدى » دېگەننى تەكىتلىگەنىدى . باش ماقالە : « ئاتالمىش بۇرژۇئازىيە ‹ ئالىملىرى ›، ‹ مۇتەخەسسىس › ، ‹ نوپۇزلۇقلىرى ›، ‹ بوۋىلار › نى ئاغدۇرۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتايلى » دەپ چاقىرىق چىقارغانىدى .

2 ـ ئىيۇندا « خەلق گېزىتى » نېي يۈەنزى قاتارلىقلارنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتىنى تولۇق تېكستى بىلەن باستى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە « بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىتىنى تەنتەنە قىلايلى » دېگەن ئوبزورچى ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . بۇ ماقالىنى ۋاڭ لى ، گۇەن فېڭلار يازغان بولۇپ ، ماقالىدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى « پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى جاھىل قورغان » بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى « يالغان كومپارتىيە » ، « شيۇجېڭجۇيى پارتىيىسى »

دەپ قارا چاپلىنىپ ، « ئۇلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، ئۇلارنىڭ قارا شاي-
كا ، قارا تەشكىلى ، قارا ئىنتىزامىنى ئۇزۇل - كېسىل بىتچىت قىلايلى » ،
« ئۇلارنىڭ مەرتىۋىسىنىڭ قانچىلىك يۇقىرى ، سالاھىيىتىنىڭ قانچىلىك
كونا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر » دەپ چاقىرىق قىلىنغانىدى . شۇ كۈنى
ماۋ زېدۇڭنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ، ئۆزگەرتىلگەن بېيجىڭ شەھەرلىك
پارتكوم جاڭ چىڭشيەن ④ گۇرۇپپا باشلىق بولغان خىزمەت گۇرۇپپى-
سىنى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئەۋەتىپ ، « پارتكومنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۆ-
تەپ » ، « سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا رەھبەرلىك قىلى-
دىغان بولدى » .

4 - ئىيۇندا « خەلق گېزىتى » پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان
قىلدى : پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شىمالىي جۇڭگو بيۇروسىنىڭ 1 -
شۇجىسى لى شۆفېڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ، جىلىن
ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ 1 - شۇجىسى ئۇدى شەھەرلىك پارتكومنىڭ 2 -
شۇجىسى بولدى . پايتەخت پارتكومنى ئۆزگەرتىش ھەمدە شۇ ھامان
گېزىت - ژۇرنال ، رادىئودا ئاشكارا ئېلان قىلىش ، دۆلەتىمىز قۇرۇلغان-
دىن بۇيانقى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى . يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئالاھىدە
تەدبىرلەر ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى .
بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا چوڭ خەتلىك گېزىت كۆرگىلى ، « تەجرىبە »
ئۆگەنگىلى بارىدىغان ئادەملەر نەچچە ئون مىڭ ئادەمگە يېتىپ ، قاتناش
بەكلا بېسىقچىلىق بولۇپ كەتتى .

## خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش مەسىلىسىدىكى تالاش - تارتىش

ياش ئوقۇغۇچىلار پارتىيىگە ۋە ماۋ زېدۇڭغا ئىشەنچىسى بولغاچ-
قا ، ئالدى بىلەن چاقىرىققا ئاۋاز قوشۇپ ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى
نېي يۈەنزى قاتارلىقلارنى دوراپ ، « شيۇجېڭجۇيى ئۇستىدىن ئىسيان »
كۆتۈردى . ئالىي مەكتەپ ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئوقۇغۇچىلار ئالدى بى-
لەن ھەرىكەتلىنىپ ، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ ، پىپەن قىلىش يې-

غىنلىرىنى ئاچتى ، ھەرىكەت پايتەختتە ۋە چوڭ شەھەرلەردىن ھەرقايسى جايلارغا كېڭەيدى . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاساسىي قاتلام پارتكوملىرى ئالدى بىلەن زەربىگە ئۇچراپ ، « ئىسيان كۆتۈرۈش » نىڭ نىشانى بولۇپ قالغاچقا ، نورمال رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئىشلىيەلمىدى . نۇرغۇن مەكتەپ ، ئورگان ، زاۋۇتلارنىڭ مەسئۇللىرىغا ھەرخىل گۇناھلار ئارتىلىپ ، پاش قىلىشقا ، كۈرەش قىلىشقا ئۇچرىدى ، مەكتەپلەردە دەرس توختىدى ، زاۋۇتلاردا ئىش توختىدى . ئېغىر قالايمىقانچىلىق ئەھۋالى كېلىپ چىقتى ، ئۇلار يۇقىرى رەھبەرلىكنىڭ ئادەم ئەۋەتىپ رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشىنى تەلەپ قىلىشتى .

ئۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭدا ئەمەس ئىدى ، مەركەزدىكى خىزمەتلەرنى ليۇ شاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ باشقۇرۇۋاتاتتى ، ئۇلار ئاساسىي قاتلام مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى ئۇزۇن يىللىق چارە ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى تەستىقلاپ ، خەلق گېزىتى ئىدارىسى ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەن ئەھۋالغا قاراپ ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا رەھبەرلىك قىلىشنى قارار قىلدى . نۇرغۇن ئۆلكە ، شەھەرلەرمۇ بۇنى دوراپ ، ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتتى .

ھەرىكەتكە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ رەھبەرلىك قىلىشتەك بۇ ئەنئەنىۋى چارىنى قوللىنىشتىكى مەقسەت ، پارتىيىنىڭ ھەرىكەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى ئۈمىد قىلىش ، نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا كۆرۈلگەن قالايمىقانچىلىق ئەھۋاللىرىنى تۈگىتىش ئىدى .لېكىن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » قوزغىتىشنىڭ ئۆزى خاتا بولغاچقا ، مەقسەتمۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى ، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى ئاممىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ماۋ زېدۇڭ قوزغىغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىشىمۇ ھەرخىل ئىدى ، ئۆز ئورنىنىڭ رەھبەرلىكىگە بولغان كۆزقاراش ۋە تۇتقان پوزىتسىيىسىمۇ ئوخشىمايتتى . شۇڭا ، ھەرىكەت باشلىنىشى بىلەنلا ، « ئىسيان-

چىلار » ( ئادەتتە ئاز سانلىقلار ئىدى ) ۋە « قوغدىغۇچىلار » ( ئادەتتە كـۆپ سانلىقلار ئىدى ) غا بۆلۈنۈپ كەتتى ۋە ئۆزئارا جىددىي كۈرەشكە كـىرىشىپ كەتتى . ھەرقايسى ئورۇنلارغا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلـ. گەندىن كېيىن ، ئۇلارنىڭ ئىككى تەرەپ كۈرىشىدىن مۇستەسنا تۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، ئۇلار بىلەن بىر قىسىم ئاما ۋە بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىللىرى ئوتتۇرىسىدا ئوڭاي ھەل قىلىپ كەتكىلى بولمايدىغان زىددىيەتلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئىدى . جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ ئىغۋاگەرچىلىك قىلىشى ۋە قۇترىتىشى قوشۇلۇپ ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قوغلايدىغان ئەھۋال بارغانچە كۆپىيىپ كەتتى ، نەتىجىدە خىزمەت گۇرۇپپىسى بارغانچە قالايمىقانلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەـ زىيەتنى ئوڭشاش بۇياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئۆزى زىددىيەت نۇقتىسى بولۇپ قېلىشتەك قىيىن ئەھۋال كېلىپ چىقتى .

كۆرۈلگەن مەسىلىنى ھەل قىلىش ھەمدە قالايمىقان ۋەزىيەتنى بەلگىلىك كونترول قىلىش ئۈچۈن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ليۇ شاۋچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ، 8 ـ ئىيۇندا دائىمىي كومىتېتنىڭ كېڭەيـ. تىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ ، سەككىز ماددىلىق يوليورۇقنى چىقاردى . ئۇـ نىڭدا ، « ئىچكى ـ تاشقىنىڭ پەرقى بولۇشى كېرەك » ، « مەخپىيەتـ. لىكنى ساقلاشقا دىققەت قىلىش » ، « چوڭ خەتلىك گېزىتنى كوچىغا چىقارماسلىق كېرەك » ، « نامايىش قىلماسلىق كېرەك » ، « كەڭ كۆـ لەملىك شىكايەت يىغىنى ئۆتكۈزمەسلىك كېرەك » ، « خىيىباڭ ( قارا گـۇرۇھ ) لارنىڭ ئائىلىسىنى قورشىۋالماسلىق كېرەك » ، « ئادەم ئۇرـ ماسلىق ، تىللىماسلىق كېرەك » دېگەنلەر بار ئىدى . مەركەزنىڭ سەكـ. كىز ماددىلىق يوليورۇقنىڭ يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشى ، كۆپ ساندىكى ئاما ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ قوللاپ ، ھىمايە قىلىشىغا ئېـ رىشتى ، لېكىن « ئاز سانلىقلار » ھەر خىل شەكىللەر بىلەن قارشى تۇردى . نەتىجىدە ، بەزى مەكتەپلەردە جىددىي قارشىلىق قىلىش ۋەقەـ لىرى سادىر بولدى .

نەنجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە پارتكوم شۇجىسى كۇاڭ

يامىڭ بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەددىدىن ئاشقان ھەرىكەتلىرىنى تەنقىدلىگەنلىكى ئۈچۈن، بارلىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ، ئاتالمىش « ئىنقىلابىي ئاما ھەرىكىتىنى باستۇرغان ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە » دېگەن چوڭ قالپاق كىيدۈرۈلدى. 16 ـ ئىيۇن كۈنى « خەلق گېزىتى » بۇ ۋەقەنى باستى ۋە « ئاممىنى پائال قوزغىتىپ، ئەكسىلئىنقىلابىي قارا گۇرۇھ ( خېيباڭ ) نى ئۆزۈل ـ كېسىل يوقىتايلى » دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلدى. بۇ باش ماقالىدە شۇنداق دېيىلگەن : « بۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرى ئىگىلىۋالغان ئاشۇ ئورۇن ۋە ئورگانلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، بىر مەيدان ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى، بۇرژۇئازىيە دىكتاتورىسىنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىغا ئۆزگەرتىش كۈرىشى » ، « ھەرىكەت ئەمدىلا باشلاندى، ئاما تېخى تولۇق قوزغىتىلغىنى يوق، ئەمما ئۇلار تەتۈر قۇيۇن چىقىرىپ، پىتنە ـ پاسات تارقىتىپ، قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىپ، نىشانى ئۆزگەرتىپ، قاتمۇقات توسالغۇ پەيدا قىلماقتا، ئاممىنىڭ پۇت ـ قولىنى چۈشەپ قويماقتا » « بىز ئۆزۈل ـ كېسىل ئىنقىلاب قىلىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىپ، بارلىق*جىن ـ شەيتانلارنىڭ ھەممىسىنى تارتىپ چىقىرىشىمىز، ئۇلارنى كۈرەش قىلىپ سېسىتىشىمىز، كۈرەش قىلىپ ئاغدۇرۇشىمىز، كۈرەش قىلىپ يوقىتىشىمىز لازىم. » چېن بودانىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئېلان قىلىنغان بۇ باش ماقالىنىڭ روھى، مەركەزنىڭ سەككىز ماددىلىق يوليورۇقى بىلەن قارىمۇ قارشى ھالەتتە ئىدى. بۇ ئەھۋال بۇ ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىشتا بىر ـ بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل فاكچىيىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئاشكارىلاپ قويىدى.

بۇنداق ۋەزىيەتتە، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا يۈز بەرگەن « 18 ـ ئىيۇن ۋەقەسى » نىڭ تەسىرى ناھايىتى زور بولدى. 18 ـ ئىيۇن كۈنى بەزىلەر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ يىغىن ئېچىۋاتقانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ئاتالمىش « جىن ـ شەيتانلارنى كۈرەش قىلىش سۇپىسى » ياساپ، قىرىق نەچچە ئادەمنى قالايمىقان تارتىپ چىقىپ كۈرەش قىلغان، ئۇلارنىڭ ئىچىدە پارتىيە، ئىتتىپاق كادىرلىرى،

ئوقۇتقۇچىلار، ئوقۇغۇچىلار بار ئىدى. كۆرەش قىلىش جەريانىدا يۈزىگە قارا سۈركەش، ئۇزۇن قالپاق كىيگۈزۈش، يۈكۈندۈرۈپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇش، قوللىرىنى قايرىش، ئاياللارنى ھاقارەتلەشتەك ئەھۋاللار كۆرۈلدى. بۇ ئىشنى خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلگەندىن كېيىن دەرھال ئۇنى توستى، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى پۈتۈن مەكتەپكە رادىئو نۇتقى سۆزلىدى، مەكتەپ دەرۋازىسى تاقاپ، رەتلەش قىلدى. خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ بۇ ئىشنى مەركەزگە دوكلات قىلغان قىسقا خەۋەرلەر گېزىتىدە شۇنداق دېيىلگەن، بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە زىيانلىق ئىش، بۇ ۋەقەنىڭ سادىر بولۇشىنىڭ ئۆزى مۇرەككەپ بىر سىنىپىي كۆرەش، يامان ئادەملەرنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلارغا سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەسلىك توغرىسىدا چاقىرىق چىقاردۇق، خىزمەت گۇرۇپپىسى يەنە سولچىلارنى پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي تەرتىپىنى ساقلاشقا تەشكىللىدى. كىمنى كۆرەش قىلماقچى بولسا، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈشنى بېكىتتى. ليۇ شاۋچىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 20 ـ ئىيۇندا بۇ قىسقا خەۋەرلەر گېزىتىنى تەستىقلاپ تارقاتتى ھەمدە ئىلاۋە قوشتى: «بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ قالايمىقان كۆرەش قىلىش ئەھۋالىنى بىر تەرەپ قىلغان چارىسىنى مەركەز توغرا بولغان، ۋاقتىدا بولغان دەپ تونۇيدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋال كۆرۈلسە، ھەرقايسى ئورۇنلار مۇشۇ چارە بويىچە بىر تەرەپ قىلسا بولىدۇ». بىر ئايدىن كېيىن بۇ قىسقا خەۋەرلەر گېزىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ۋە بۇ ئىش ليۇ شاۋچىنىڭ بىر جىنايىتى بولۇپ قالدى.

ھەرقايسى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى مەركەزنىڭ «سەككىز ماددىلىق يوليورۇق» نى ۋە تەستىقلاپ تارقاتقان بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ قىسقا خەۋەرلەر گېزىتىنىڭ روھىنى خېلى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرغانلىقى ئۈچۈن، قالايمىقان تۇتۇش، قالايمىقان كۆرەش قىلىش ئىشىنى مەلۇم دەرىجىدە توسۇپ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەتنى خېلى تۈزەتكەن بولدى. ئەمما بۇ ئىش ئاز ساندىكى

ئىسيانچىلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى . ئۇلار ، خىزمەت گۇرۇپ-پىسى شىۋ جېڭجۇيى لۇشيەننى ئىجرا قىلىپ ، ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي ئىس-يان كۆتۈرۈش روھىنى باستى ، بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكەتنى باستۇرغانلىق بولىدۇ ، دەپ تونۇغاچقا ، خىزمەت گۇرۇپپىسى بىلەن « ئىسيانچىلار » ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق پەيدا بولدى . جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭلار-نىڭ قوللىشى ۋە قۇترىتىشى بىلەن نۇرغۇن مەكتەپلەردە خىزمەت گۇ-رۇپپىسىنى ھەيدەشتەك ئەھۋال كۆرۈلدى . خىزمەتنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن بەزى خىزمەت گۇرۇپپىلىرى نامۇۋاپىق بولغان بەزى ئاتال-مىش « توسقۇنلۇقنى يوقىتىش » تەدبىرلىرىنى قوللانغانىدى . بەزى ئو-رۇنلار « ئىسيان كۆتۈرۈش » كە باشلامچىلىق قىلغان ، خىزمەت گۇ-رۇپپىسىنى ھەيدىگەنلەرنى كۈرەش قىلدى ھەمدە ئۇلارغا « پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر » ، « يالغان سولچى » ، « ئوڭچى ئوقۇغۇچى » دېگەندەك گۇناھلارنى ئارتتى . شۇ چاغدا بۇ خىل تەدبىرلەرگە قارىتا ، پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدا قوللايدىغان ۋە قوللىمايدىغان ئىككى خىل كۆزقاراش بار ئىدى . جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار بۇنى ھە دەپ سۆزلەپ ، بۇ دېگەن « ئاممىنى باستۇرغانلىق » ، « ئاق تېررورلۇق »، « ئىنقىلابقا قارشى تۇرغانلىق » دەپ ، خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ئىنتايىن زور جىنايەتنى ئارتماقچى بولدى .

18 ـ ئىيۇل كۈنى ماۋ زېدۇڭ « چاڭجياڭ دەرياسىدا سۇ ئۈزدى » دېگەن كەڭ تۈردىكى تەشۋىقاتتىن كېيىن ئۇخەندىن بېيجىڭگە قايتىپ كەلدى . 25 ـ ئىيۇل كۈنى ئۇ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپى-سىدىكىلەرنى قوبۇل قىلغاندا : « مەن بېيجىڭگە كەلگىلى بىر ھەپتە بولدى ، دەسلەپكى ئۆت كۈندە جاڭ چىڭشيەننى قوغداشقا مايىل ئىدىم ، كېيىن ئۇنى قوللىمىدىم » دېگەن . مانا بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ خىزمەت گۇ-رۇپپىسى ئەۋەتىش مەسىلىسىدىكى كۆزقارىشىدا بىر ئۆزگىرىش بولغانلى-قىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . بۇ جەرياندا جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭلارنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان دوكلاتى ۋە بەرگەن ماتېرىياللىرى ماۋ زېدۇڭغا زور تە-سىر كۆرسەتكەن . ئەڭ تۈپكى سەۋەب ، ماۋ زېدۇڭ « جاھان تازا قالاي-

مقانلاشسا ، ئاندىن ئۇنى تۈزىگىلى بولىدۇ » دېگەنگە بەكلا ئىشىنەتتى .
ئۇ ، بېيجىڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » « بەكلا جىمجىت » ئىكەن
دەپ ھېس قىلغان . ئۇ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى « يامان رول ئويناپ ،
ھەرىكەتكە توسقۇنلۇق قىپتۇ » دەپ ئەيىبلىگەن . ئۇ« خىزمەت گۇرۇپ-
پىسىنىڭ لازىمى يوق ، ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچى - ئوقۇتقۇچىلار ئۆزى ئىن-
قىلاب قىلسۇن » دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقى
بويىچە ، 28 - ئىيۇلدا بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم « ھەرقايسى ئالىي
مەكتەپلەردىكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش توغرىسى-
دىكى قارار » نى چىقاردى . 29 - ئىيۇل كۈنى خەلق سارىيىدا ئون مىڭ
كىشىلىك يىغىن ئېچىپ ، بۇ قارارنى يىغىندا ئېلان قىلدى ، شەھەرلىك
پارتكومنىڭ شۇجىسى لى شۆفېڭ بۇ قارارنى ئوقۇش بىلەن بىرگە ،
مەركەزنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ ئىن-
قىلاب قىلىشى ئۈچۈن يېرىم يىل تەتىل بولىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى .
ليۇ شاۋچى ، جۇ ئېنلەي ، دېڭ شياۋپىڭ بۇ يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز
قىلدى . ليۇ شاۋچى ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېدى : « پرولېتارىيات مەدەنى-
يەت زور ئىنقىلابىنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى ، سىلەرگە ئانچە
ئېنىق ئەمەس ، سىلەر بىلمەيسىلەر ، سىلەر بىزدىن سورىساڭلار ، مەن
راست گېپىمنى قىلسام ، مەنمۇ بىلمەيمەن ، مېنىڭچە ، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتىدىكى باشقا يولداشلار ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرىمۇ بىل-
مەيدۇ . » دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېگەنىدى : « پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار
يېڭى مەسىلىگە يولۇقتى . » مەركىزىي كومىتېتتىكى يۇقىرى دەرىجىلىك
رەھبەرلەرنىڭ ئون مىڭ ئاممىنىڭ ئالدىدا بۇنداق ئاشكارا سۆزلىشىنى ناھا-
يىتى نورمالسىزلىق دېيىش كېرەك . يىغىن ئاخىرلىشىشتىن بۇرۇن ماۋ
زېدۇڭ سەھنىگە چىقىپ ، سەھنىنىڭ ئالدىنى چۆگىلەپ ئاممىغا قول
سىلكىپ سالام بەردى . بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئۆتنەلغۇ لېنتىسىنى ھەر-
قايسى ئۆلكە ، شەھەرلەردە ئاڭلاتتى ، ھەرقايسى جايلاردىكى خىزمەت
گۇرۇپپىلىرى چېكىندۈرۈپ كېتىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن خىزمەت گۇ-
رۇپپىسىغا ئارتىلغان گۇناھ بارغانچە ئۆرلەۋەردى ، ئاخىر بېرىپ ، يۆنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىش ، لۇشيەن خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزدى ، دەپ ئەيىبلەندى ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەنلىكنى « ئەمەلىيەتتە بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇپ ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىغا قارشى تۇرغانلىق » دەپ ئەيىبلىدى .

پارتىيە ئىچىدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ، ئەمەلىيەتتە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئېلىپ بېرىشتىكى مەقسەت ۋە ئۇسۇل مەسىلىسىدىكى تالاش ـ تارتىش ئىدى . پەقەت مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغاندىلا ئاندىن تولۇق سوتسىيالىستىك دۆلەت بولغىلى بولىدۇ ، دېگەن سۆزنى لېنىن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن ئانچە ئۇزاق ئۆتمەيلا ئوتتۇرىغا قويغانىدى . 1958 ـ يىلى ماۋ زېدۇڭ ، بەش ئىنقىلاب قىلىمىز ، ئۇنىڭ ئىچىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابى بار ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان . 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ليۇ شاۋچى ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى چوقۇم ئېلىپ بېرىش كېرەك مەسىلىسىنى شەرھلەپ ئۆتكەنىدى . شۇڭا ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ئېلىپ بېرىشنى ھەممەيلەن قوللايتتى ، لېكىن مەيلى لېنىن ، ياكى بىزنىڭ پارتىيىمىز ئوتتۇرىغا قويغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى ، ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش ، خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە مائارىپنى ، ئىلىم ـ پەننى ، مەدەنىيەت ، سەنئەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەرگە قارىتىلغانىدى . شۇ چاغدىكىدەك پارتىيە تەشكىلىنىڭ رەھبەرلىكىنى قايرىپ قويۇپ ، ئاممىۋى ھەرىكەت بىلەن ، زور قالايمىقانچىلىق ئىچىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ مەقسىتىگە يېتىش مەسىلىسىدە ، نۇرغۇن ئادەملەردە ئوخشىمىغان كۆزقاراش بار ئىدى . بولۇپمۇ شۇ چاغدىكى « قالايمىقانچىلىق » مەسىلىسىگە بولغان قاراشتىلا زور ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى .

**« قالايمىقانچىلىق » قا بولغان ئوخشىمىغان قاراشلار**

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلار كېلىپ چىققان قالايمىقانچىلىقتىن ئەنسىرەپ ، پارتىيىنىڭ ھەرىكەتكە بولغان رەھبەرلىكىنى ساقلاپ قېلىشنى ، بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ

كەتكەن ھەرىكەتنى بەلگىلىك تىزگىنلەشنى ئۈمىد قىلدى ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىش ئاشۇ خىيالدىن كېلىپ چىققان بىر خىل تەدبىر ئىدى . 21 ـ ئىيۇندا ئېچىلغان سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ليۇ شاۋچى ، ھەرىكەتتە پارتىيە ، ئىتتىپاق تەرمۇش يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلمەيۋاتىدۇ ، تەشكىل چېچىلاڭغۇلىشىپ كەتتى ، ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك . سېسىپ كەتكەن پارتكوملارنىڭ ھوقۇقىنى خىزمەت گۇرۇپپىسى يۈرگۈزسە بولىدۇ ، دېگەنىدى . 1 ـ ئاۋغۇستتىكى پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئۇ يەنە ، چېن بودا ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئۈچ قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتمەسلىكنى ياكى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى چېكىندۈرۈپ چىقىشنى ئېيتتى ، مەركەز « مۇزاكىرە قىلغاندا ، كۆپ ساندىكى يولداشلار خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ساقلاپ قالايلى دېيىشتى ، مەنمۇ شۇنداق پىكىر بەرگەن » ، « مەن ئۇ چاغدا ، ھەرىكەت بۇنداق چوڭ تۇرسا ، بېيجىڭدىكى ھەرقايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ تەشكىلى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى ، پارتىيە رەھبەرلىكنى ئۈزۈپ قويساق بولماس ، دېگەننى ئويلىغانىدىم » دېگەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە ، شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېتتىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى « تۆتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتى » بىلەن بىرلەشتۈرۈپ قارىدى . « تۆتنى ئىنقىلاش ھەرىكىتى » دە يۇقىرىدىن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلگەن ، ئورۇنلاشتۇرۇش ئاساسىدا ، پىلانلىق ، رەھبەرلىكى بولغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان . 12 ـ ئىيۇلدا خاڭجۇدا ئېچىلغان سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭمۇ : مەدەنىيەت ئىنقىلابى بىر سىياسىي كۈرەش ، سىنىپىي كۈرەش ، ئۇ ئىدىيىنى تازىلاش ، سىياسىينى تازىلاش ، تەشكىلنى تازىلاش ، ئىقتىسادنى تازىلاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، دەپ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى « تۆتنى ئىنقىلاش » بىلەن بىرلەشتۈرگەنىدى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ تۈپكى خىيالى « قالايمىقانچىلىقتىن قورقماسلىق » ئىدى . ئۇ دەسلەپتە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشكە قوشۇلغان ، ئەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇرۇن ئەۋەتىلگەن خىزمەت گۇرۇپپىسى ئۇنىڭ قوشۇلۇشى ۋە تەستىق-
لىشى بىلەن ئەۋەتىلگەنىدى . ئىيۇننىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خاڭجۇدا ئۆتكۈ-
زۈلگەن دائىمىي كومىتېت كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بولسا ، ھازىر مەكتەپ-
لەرگە خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشكە ئالدىراپ كەتمەيلى ، ئۇلار بىر
قالايمىقان بولسۇن ، قالايمىقاندىن قورقماسلىق كېرەك ، دېدى . ئەمما بۇ
چاغدا خىزمەت گۇرۇپپىلىرى ئەۋەتىلىپ بولۇنغان بولۇپ ، ئۇلار دەرھال
قايتۇرۇپ كېلىنمىسە ، قالايمىقانچىلىقنى كۈچەيتىۋېتەتتى ، بۇ پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلار ناھايىتى ئەن-
دىشە قىلىدىغان ئىش ئىدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ تەشەببۇسىنىڭ ئۆزگىرى-
شى ، ئۇنىڭ « قالايمىقانچىلىق » قا بولغان كۆزقارىشى بىلەن بىۋاستە
مۇناسىۋەتلىك ئىدى . ئۇ 8 ـ ئىيۇلدا جياڭ چىڭغا يازغان خېتىدە ، ئۆ-
زىنىڭ « قالايمىقانچىلىق » قا بولغان قارىشىنى ۋە « مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابى » دىكى بەزى خىياللىرىنى يازغانىدى ، ئۇ ، «جاھان تازا قالايمى-
قانلاشسا ، ئاندىن ئۇنى تۈزىگىلى بولىدۇ » ، « ھازىرقى ۋەزىيەت پۈتۈن
پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەتتە ( تولۇق بولۇپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس )
ئوڭچىلارنى•يوقىتىش ، ھەممە يەتتە ، سەككىز يىلدىن كېيىن يەنە بىر
قېتىم جىن ـ شەيتانلارنى يوقىتىدىغان ھەرىكەت ئېلىپ بارىمىز ، بۇنىڭ-
دىن كېيىن بۇنداق تازىلاشنى كۆپ قېتىم ئېلىپ بارىمىز » ، « بۇ قې-
تىمقى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى بىر قېتىملىق مانېۋىر » دەپ تونۇغان .
ماۋ زېدۇڭنىڭ پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەتتە ئاساسىي جەھەتتىن
ئاتالمىش ئوڭچىلارنى يوقىتىش توغرىسىدىكى خىيالى ، ئۇنىڭ كېيىن
ئوتتۇرىغا قويغان « كەڭ ئاممىنى ئاشكارا ، ئومۇميۈزلۈك ، تۆۋەندىن
يۇقىرىغىچە قوزغىتىپ ، بىزنىڭ قاراڭغۇلۇقىمىزنى پاش قىلغۇزۇش »
چاقىرىقى بىلەن ئومۇمىي جەھەتتىن بىردەك ئىدى . بۇ ئەمەلىيەتتە ، ئۆ-
نىڭ ئۆزىنىڭ ھېس قىلىشىچە ، شيۇجېڭجۇيى يولىغا ماڭدى دېگەن پار-
تىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلىرىنى يوقىتىشتىن
ئىبارەت ئىدى . بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، ماۋ زېدۇڭ ، بۇرۇن ئىش-
لىتىپ كەلگەن چارىنى قوللانساق بولمايدۇ ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك

تەشكىللىرىگىمۇ تايىنىشقا بولمايدۇ ، پەقەت كەڭ ئاممىغا بىۋاسىتە تايد-
نىپ ، جاھاننى قالايمىقان قىلىپ ، چوڭ ـ كىچىك شىۋجېڭجۇيىچىلارغا
قاچىدىغان يەر قويماسلىق كېرەك ، شۇ چاغدىلا جاھاننى تۈزەش نىشانىغا
يەتكىلى بولىدۇ ، دەپ ئويلىغانىدى . شۇڭا ئۇ قالايمىقانچىلىقنى مەدھىيد-
لىگەن ، تەرغىب قىلغان ، قوللىغان . لېكىن شۇ چاغدا ، پارتىيە مەركد-
زىي كومىتېتىدىكى مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەھبەرلەر ئۇنىڭ بۇ خىياللى-
رىنى بىلمەيتتى . بايا دەپ ئۆتكەن 29 ـ ئىيۇلدا ئېچىلغان « بېيجىڭدىكى
ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت ئىند-
قىلابى ئاكتىپلىرى يىغىنى » دا دېڭ شياۋپىڭ ، جۇ ئېنلەي سۆز قىلىپ ،
ھەر ئىككىلىسى ، « پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ يېڭى مەسىلىگە يولۇ-
قۇشى » دېدى . ليۇ شاۋچى تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ : « پرولېتارىيات مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قانداق ئېلىپ بېرىش مەسىلىسى » نى « مەنمۇ
بىلمەيمەن » دېدى . دۆلەتنىڭ رەئىسى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ
مۇئاۋىن رەئىسى ، باش شۇجى چېغىدا ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئې-
لىپ بېرىلىۋاتقان سىياسىي ھەرىكەتنى قانداق ئېلىپ بېرىشنى ۋە نېمە
مەقسەتكە يېتىشنى بىلمەيتتى . بۇ شەخسىي ھاكىممۇتلەق كەلتۈرۈپ چد-
قارغان نورمالسىز ھالەت ئىدى ، بۇ يەنە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
نىڭ بىر خىل ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەتتى .

لىن بياۋ گۇرۇھى بىلەن جياڭ چىڭ گۇرۇھى جاھاننىڭ مالىما-
تاڭ بولماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى . ئۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتا ھۆكۈمى
ۋە تەشەببۇسىدىن پايدىلىنىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتا-
لىقىنى يامان غەرەزدە پەللىگە كۆتۈرۈۋەتتى ، ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقماي-
دىغان ئوقۇغۇچىلار ، ياش ئىشچىلار ۋە ياش كادىرلارنى قۇترىتىپ ،
پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا بېسىپ كىرگۈزۈپ ،
جەمئىيەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، « قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھوقۇق
تارتىۋېلىش » نىيىتىگە يەتمەكچى بولدى . لىن بياۋ 8 ـ ئاۋغۇست مەر-
كىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى قوبۇل قىلغاندا ، ئو-
چۇق ـ ئاشكارا ھالدا ، « يەر ـ جاھاننى ئاستىن ـ ئۈستۈن ، داغدۇغد-

www.uyghurkitap.com

لىق ، بوران ــ چاپقۇنلۇق ، قالايمىقان قىلىپ ، يېرىم يىل بۇرژۇئازىيىنى ئۇخلىيالمايدىغان ، پرولېتارىياتنىمۇ ئۇخلىيالمايدىغان قىلىش كېرەك » دېگەنىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى « قالايمىقانچىلىق » نى شۇ چاغدا ، دۈشمەنلىرىمىزنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئاممىنى چېنىقتۇردى ، دەپ چۈشەندۈرۈشتى . پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ، بىر چوڭ رايوندىن كەلگەن رەھبىرىي يولداش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەنلىك خاتالىقىنى تەكشۈرگەندە : « بىزنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋەتكەنلىكىمىز ، قالايمىقان بولۇپ كېتىشتىن قورققانلىقىمىز . جۇشى ، كۆپ ساندىكى رەھبەرلىك ھوقۇقى بىزنىڭ قولىمىزدا ئەمەس ، دەپ ئېيتتىنغۇ ، قالايمىقان بولۇشتىن بىز نېمە دەپ قورقىمىز ! » دېگەن ، بۇمۇ « قالايمىقانچىلىقتىن قورقماسلىق » نىڭ بىر خىل چۈشەندۈرۈلۈشى . ئەمما ، ئەمەلىيەتتە ، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىلىقىدىكى دۆلەتتە ، ھاكىمىيەت خەلق قولىدا بولىدۇ ، بۇنداق ئەھۋالدا قالايمىقانچىلىق بولسا ، خەلقنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇشىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ ، ھەرقايسى جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق ۋە زىيان ئېلىپ كېلىدۇ ؛ نۇرغۇن يىللىق تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق بەرپا قىلغان جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ياخشى قائىدە ـ تۈزۈملەر بەربات بولىدۇ . بۇ داۋلىنى ئەمەلىيەت تولۇق ئىسپاتلىغان .

## 3 . « قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتۇش » ۋە « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى » نى قاتتىق پىپەن قىلىش

**پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 11 . ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىشى**

يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا بولغان ئۇخشىمىغان تونۇشى ۋە نۇرغۇن ئىشلارغا تۇتقان قارشىلىشىش كەيپىياتى ، شۇنداقلا

چۈشەنمەسلىكىنى ماۋ زېدۇڭ « توسالغۇ » دەپ بىلدى . شۇڭا ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىشنى تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ بېكىتكەن رەسمىي قارارنىڭ بولۇشى زۆرۈر ئىكەن ، شۇ چاغدىلا ئاتالمىش « ھەرىكەت توسالغۇ » لىرىنى يوق قىلىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىــنــقــىلابى » نىڭ ئوتىنى پۈتۈن مەملىكەتتە تېخىمۇ لاۋۇلداتقىلى بولىدىكەن ، دەپ ئويلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېيجىڭگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئومۇمىي يىغىنىنى ئېچىشنى بېكىتتى .

قىسقا ۋاقىتلىق ئالدىراپ قىلىنغان تەييارلىقتىن كېيىن ، 1966 ـ يىلى 1 ـ ئاۋغۇستتىن 12 ـ ئاۋغۇستقىچە ، ماۋ زېدۇڭنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ، پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدە ئېچىلدى . يىغىنغا مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ، كاندىدات ئەزالىرى بولۇپ 141 نەپەر كىشى ( 26 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە كاندىدات ئەزاسىنى يىغىنغا قاتناشتۇرماسلىق « قارار » قىلىنغانىدى ، 13 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە كاندىدات ئەزاسى رۇخسەت سورىدى ) قاتناشتى . ھەرقايسى مەركىزىي بيۇرو ۋە ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەرلىك ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارنىڭ مەسئۇللىرى ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ، مەركەزدىكى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ، پايتەختتىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ « ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار » ۋەكىللىرى بولۇپ 47 ئادەم يىغىنغا سىرتتىن قاتناشتى . بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نېي يۈەنزى « ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار » ۋەكىلى بولۇپ يىغىنغا قاتناشتى . يىغىن ۋاقتى بەش كۈن قىلىپ بېكىتىلىپ ، كۈن تەرتىپكە تۆت ئىش كىرگۈزۈلدى : بىرىنچىسى ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى قارارنى ماقۇللاش ؛ ئىككىنچى ، 10 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيانقى مەركەزنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارا مەسىلىلەردىكى زور تەدبىرلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش ۋە تەستىقلاش ؛ ئۈچىنچى ، يىغىننىڭ ئاخباراتىنى ماقۇللاش ؛ تۆتىنچى ، مايدا ئېچىلغان سىياسىي بيۇرونىڭ

www.uyghurkitap.com

كېڭەيتىلگەن يىغىنىنىڭ مەركەزدىكى بىر قىسىم كادىرلارنى بېكىتىش ھەم ئېلىۋېتىش توغرىسىدىكى قارارىنىڭ تولۇقلاپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى بېجىرىش .

1 ــ ئاۋغۇست كۈنى ليۇ شاۋچى ، 10 ــ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلەت ئىچى ، خەلقئارا مەسىلىلەردىكى تەدبىرلىرى توغرىسىدا دوكلات بېرىپ ، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشتىكى ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالدى . بۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ سۆز قىستۇرۇپ ، خىزمەت گۇرۇپپىسى « ئاممىنى باستۇرۇش ، ئاممىغا توسالغۇ بولۇش رولىنى ئوينىدى » ، « توقسەن پىرسەنتتىن ئارتۇق خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەسكى ئىش قىلدى » دەپ ئەيىبلىدى . بۇ يىغىن پۈتۈن مەملىكەت خاراكتېرلىك قالايمىقانچىلىق باشلىنىش ، نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلار زەربىگە ۋە قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا ئۇچراۋاتقان ئەھۋالدا تۇيۇقسىزلا ئېچىلدى . يىغىنغا قاتناشقانلار يىغىن مەزمۇنى ھەققىدە كۆڭلىدە سان يوق ئىدى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ماۋ زېدۇڭنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسىنى قاتتىق ئەيىبلىگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، يىغىن كەيپىياتى باشقىچىلا جىددىيلىشىپ كەتتى .

كېيىنكى ئىككى كۈنلۈك چوڭ يىغىن ۋە گۇرۇپپا يىغىنىدا ، مەركەزدىكى بىر قىسىم كومىتېتلارنىڭ ۋە ھەرقايسى چوڭ رايونلارنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇۋاتقان مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئۆز سۆزىدە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قانداق قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا سىستېمىلىق پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى ، ئەكسىچە ھەممىسى ئۆزىنى تەكشۈردى . ئۇلار ئۆزىنىڭ « ۋەزىيەتكە يېقىندىن ئەگىشەلمىگەنلىكىنى » ، « جۇشقا يېقىندىن ئەگىشەلمىگەنلىكىنى » ، « يۆنىلىش ، لۇشيەن خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكى » قاتارلىقلارنى تەكشۈرۈشتى .

4 ــ ئاۋغۇست ئۆتكۈزۈلگەن سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا ، ماۋ زېدۇڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىشنى تېخىمۇ قاتتىق ئەيىبلىدى . ئۇ : « بۇ دېگەن باستۇرۇش ، تېررورلۇق ، بۇ

تېرروررلۇق مەركەزدىن كەلگەن » ، خىزمەت گۇرۇپپىسىنى ئەۋە-
تىش « ئوچۇق – ئاشكارا بۇرژۇئازىيە تەرەپتە تۇرۇپ پرولېتارىياتقا
قارشى تۇرغانلىق » دەپ ، ئاشكارا قىلىپلا : « مۇشۇ ئولتۇرغانلار ئىچىدە
جىن – شەيتانلار بار » دېدى ، ئۇ : « بۈگۈن چوڭ يىغىن ئاچمايلى ،
گۇرۇپپا يىغىنى ئاچقان ياخشى ، بۇ يەردە ئېيتىلغانلارنى كۆپچىلىككە
يەتكۈزۈڭلار ، سىلەر ھەرقايسى گۇرۇپپىلارغا بېرىپ قاتنىشىڭلار » دەپ
ئېلان قىلدى . بۇ يىغىن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي
كومىتېت يىغىنىدا ئەمدى باراۋەر ئولتۇرۇپ ، مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىد-
لىش دېگەن نەرسىنىڭ يوق بولغانلىقىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى .
ماۋ زېدۇڭنىڭ « سول » چىل خاتا شەخسىي رەھبەرلىكى ، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكىنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن ،
ھەممىدە بىرلا ئادەمگە بويسۇنۇش شەكىللەنگەنىدى .

**« قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتۇش » دېگەن « چوڭ خەتلىك گېزىت »**

ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئەسلىدىكى كۈن تەرتىپى بويىچە ، 5 – ئاۋ-
غۇست پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى قارارنى ما-
قۇللىماقچى ، ئاندىن يىغىن ئاخىرلاشماقچى ئىدى . ئەمما ، 4 – ئاۋغۇست-
تىكى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەي-
تىلگەن يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ ناھايىتى ئۆتكۈر سۆز قىلدى ، ئۇنىڭ ئۇس-
تىگە ئۇ ناھايىتى زور مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىۋاتقاچقا ، يىغىن كەيىنگە
سۈرۈلدى .

5 – ئاۋغۇست ماۋ زېدۇڭ « قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇ-
تۇش — مېنىڭ بىر پارچە چوڭ خەتلىك گېزىتىم » نى يېزىپ ، ئىيۇن-
نىڭ باشلىرىدا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىلگەندىن بۇيانقى « ئەللىك
نەچچە كۈندە ، مەركەزدىن يەرلىككىچە بولغان بەزى رەھبىرىي
يولداشلار . . . ئەكسىيەتچى بۇرژۇئازىيە مەيدانىدا تۇرۇپ ، بۇرژۇئازىيە
دىكتاتورىسىنى يۈرگۈزگەن ، داغدۇغىلىق كۆتۈرۈلگەن پرولېتارىيات مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابىنى باستۇرۇۋەتمەكچى بولغان » ، « 1962 – يىلدىكى

www.uyghurkitap.com

ئوگـچىللىق ۋە 1964 ـ يىلدىكى كۆرۈنۈشتە ‹ سول › ئەمەلىيەتتە ئوڭ
بولغان خاتا خاھىشقا باغلايدىغانلا بولساق ، كىشىنى چۆچۈتمەي قالام-
دۇ ؟ » دەپ ئەيـىبلىدى . بۇ « چوڭ خەتلىك گېزىت » تە بىۋاستە
ئىسىم ئاتالمىغان بولسىمۇ ، لېكىن مەزمۇنىغا قاراپلا ، بۇرژۇئازىيىنىڭ قو-
ماندانلىق شتابىنىڭ كاتتىۋېشى ھەم توپقا تۇتىدىغان ئادەمنىڭ كىملى-
كىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى . بۇ « چوڭ خەتلىك گېزىت » نىڭ ئەسلى
تېكىستىنى ماۋ زېدۇڭ قېرىنداش قەلەم بىلەن 1966 ـ يىل 2 ـ ئىيۇندىكى
« بېيجىڭ گېزىتى » نىڭ ياندىكى ئاق يېرىگە مۇنداقلا يېزىپ قويغانى-
دى . ئۇنـى ئاقـقا كۆچۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ ئۇنى يەنە
ئۆزگەرتىپ ، ماۋزۇ قويغان . ئۇ 7 ـ ئاۋغۇستتا پۈتۈن يىغىندىكىلەرگە
بېسىپ تارقىتىپ بېرىلدى . بۇ « چوڭ خەتلىك گېزىت » نىڭ ئېلان
قىلىنىشى ، ئومۇمىي يىغىننىڭ كۈن تەرتىپىنى ۋە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتى-
ۋەتتى ، شۇنىڭ بىلەن ، ليۇ شاۋچى ۋە دېڭ شياۋپىڭ ئۈستىدىن پاش
قـىلىش ، پىپەن قىلىش باشلاندى ، بۇ ناھايىتى يامان ئاقىۋەتنى كەل-
تۈردى . خـىـزمـەت گـۇرۇپـپىسى ئەۋەتىش بىۋاستە پاكىت قىلىنىپ ،
1962 ـ يىلدىن بۇيانقى مەركىزىي كومىتېتنىڭ خىزمەتتىكى يېتەكچىلىك
فاڭجېنى ئۈستىدىكى ئىختىلاپلار ئوتتۇرىغا چۈشتى ، ماۋ زېدۇڭ باشچى-
لىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن باشقا ، يەنە ليۇ شاۋچى باش-
چـىلىقىدىكى بۇرژۇئازىيە قوماندانلىق شتابى بار ، ئۇنى توپ ئوقىغا تۇ-
تۇش كېرەك دېيىش ، ھەقىقەتەنمۇ ئادەمنى قايىل قىلالمايدىغان گەپ
ئىدى . بۇ دەل ئاشۇ « چوڭ خەتلىك گـېـزىـت » نـىـڭ ، « خەلق
گـېزىتى » نىڭ باش ماقالىسىدە « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى-
نىڭ يۈرۈش سىگنالىنى چالدى » دەپ ئېيتقىنىدەك رول ئوينىغانلىقىنى
كۆرسىتىدۇ . 17 ـ ئاۋغۇستتا بۇ « چوڭ خەتلىك گېزىت » « مەركىزىي
كومىتېت ھۆججىتى » بولۇپ تۆۋەنگە تارقىتىلدى ، ناھىيە ، تۈەن دەرى-
جىسىگىچە يەتكۈزۈلدى . قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ كۆچۈرۈپ تارقىتىشى
بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىلىپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن ، مەركەزدىكى
ھـەرقـايسى پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر-

لىك ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلارنى « توپقا تۇتىدىغان » ، « توپ بىلەن پارتلىتىۋېتىدىغان » دولقۇن كۆتۈرۈلدى . ئەمەلىيەتتە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئون يىللىق پاش قىلىشى ، پىپەن قىلىشى نەتىجىسىدىمۇ ، لىۇ شاۋچى باشچىلىقىدا بىر بۇرژۇئازىيە قوماندانلىق شتابى بارلىقى ئىسپاتلاپ چىقىلمىدى . مەركەزدىكى بىر رەھبەرنىڭ يەنە بىر رەھبەر ئۈستىدىن تۇيۇقسىزدىن « چوڭ خەتلىك گېزىت » يازىدىغان بۇ خىل شەكىلنىڭمۇ قوبۇل قىلىدىغان يېرى يوق ئىدى .

## « 16 ماددا » نىڭ ئاساسىي مەزمۇنى

يىغىن 8 ـ ئاۋغۇست كۈنى « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى قارار » نى ( يەنى « 16 ماددا » ) ماقۇللىدى . بۇ « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » دىن كېيىنكى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » توغرىسىدىكى يەنە بىر « سول » چىل خاتالىققا تولغان پروگراما خاراكتېرلىك ھۆججەت ئىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئوبيېكتى توغرىسىدا « 16 ماددا » دا مۇنداق بەلگىلەنگەن : « بۇ قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ، پارتىيە ئىچىدىكى ئاشۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش » ، ھۆججەتتە « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دېگەن بۇ ئىلمىي بولمىغان ئۇقۇم ھەققىدە ئېنىق بىر پەرقلەندۈرۈش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويمىغان ۋە قويالىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . شۇڭا ، بۇنىڭ ناھايىتى زور خاھىشچانلىقى بار بولۇپ ، كۈرەشنىڭ نىشانىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىغا قارىتىپ ، دۈشمەن بىلەن ئۆز مۇناسىۋىتىنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشتەك ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى . سۇبيېكتىپ ئويدۇرما بىلەن قىياس قىلىنغان دۈشمەننى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ۋە ھۇجۇم قىلىش ئوبيېكتى قىلىش ، « 16 ماددا » نىڭ بىر تۈپ خاراكتېرلىك خاتالىقى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئاياغ كۈچى ھەققىدە « 16

www.uyghurkitap.com

ماددا » دا مۇنداق بەلگىلەنگەن : « پارتىيە رەھبەرلىكى سولچىلارنى باي-
قاشقا ماھىر بولۇشى ، سولچىلار قوشۇنىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە
كۈچلەندۈرۈشى كېرەك ، ئىنقىلابىي سولچىلارغا قەتئىي تايىنىش كې-
رەك » ، « ئوتتۇرىدىكىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ ، ئەڭ ئەكسىيەتچى ئوڭ-
چىلارنى يېتىم قالدۇرۇش كېرەك » ، لېكىن ھۆججەتتە ئوخشاشلا ،
سولچىلار ، ئوڭچىلار ۋە ئوتتۇرىدىكىلەرنى ئايرىشنىڭ ئۆلچىمىنى ئېيتمى-
غاندى . چەكنى بۇنداق ئايرىش لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ
گۇرۇھىدىكىلەر ئۈچۈن ئاجايىپ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بەرگەندى . ئۇلار
سولچى دېگەن تاجنى خالىغانچە ھەدىيە قىلاتتى ، ئوڭچى دېگەن قالپاقنى
كىيگۈزۈپلا كىشىلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرەتتى . بۇنىڭ بىلەن ، ئامما ئارى-
سىدا بۆلگۈنچىلىك ۋە تەرەپبازلىق كۈرىشى بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى .
يېپىلىش يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ : « ئەزەلدىن پارتىيە سىرتىدا پارتىيە بو-
لۇپ ، پارتىيە ئىچىدە بولسا مەزھەپ بولۇپ كەلگەن ، بۇ نورمال ئەھۋال »
دېدى . كېيىن يەنە : « تەرەپبازلىققا قارىتا سىنىپىي تەھلىل قىلىش
كېرەك » دېگەن ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويدى . مەزھەپ بىلەن تەرەپباز-
لىقنى قانۇنلاشتۇرۇش ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى تەرەپبازلىق
كۈرىشىنىڭ بارغانچە كۈچىيىپ كېتىشىدىكى بىر مۇھىم سەۋەب .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئۇسۇلى توغرىسىدا ،
« 16 ماددا » دا « جۈرئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش كېرەك » دېگەننى
ئالاھىدە تەكىتلەپ ، « چوڭ خەتلىك گېزىت ، چوڭ مۇنازىرە قاتارلىق
شەكىللەردىن تولۇق پايدىلىنىپ ، چوڭ ئېچىلىش ، چوڭ سايراشنى ئې-
لىپ بېرىش كېرەك » دېگەننى تەشەببۇس قىلىپ ، ئوچۇق ـ ئاشكارا
ھالدا ، « قالايمىقانچىلىق چىقىشىدىن قورقماسلىق كېرەك » ، « ئۇنداق
نەپىس ، ئۇنداق بىمالال ، نازاكەتلىك ئۇنداق مۇلايىم ، رەھىمدىل ، ئە-
دەپلىك ، تەمكىن ۋە كەمتەر بولۇپ كەتمەسلىك كېرەك » دېگەننى چا-
قىرىق قىلغان . مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەسمىي ھۆججىتىدە چوڭ خەت-
لىك گېزىت قاتارلىق نامۇۋاپىق ئۇسۇل ۋە چەكتىن ئېشىپ كېتىدىغان
كۈرەش قىلىش تەلىپىنى يەنە بىر قېتىم مۇقىملاشتۇرۇشى ، ئامما ئارىسىدا

قالايمىقان ئۇرۇش ـ چېقىش ، قالايمىقان كۈرەش قىلىش ئەھۋالى كۆ-
رۈلۈۋاتقان ئەھۋالدا ، ئوتتۇرىدىكى ئۈستىگە ياغ قۇيۇش رولىنى ئويناپ ، ھە-
رىكەتنى كونترول قىلغىلى بولمايدىغان ، دېموكراتىيە ۋە قانۇن خالىغانچە
دەپسەندە قىلىنىدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ رەھبەرلىكى توغ-
رىسىدا « 16 ماددا » دا ، « يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى پار-
تىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە » ، « پارتىيە مەركىزىي كو-
مىتېتى ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن توغرا رەھبەرلىكنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ » دەپ يېزىلغان بولسىمۇ ، لېكىن مۇنا-
سىپ ھالدىكى كونكرېتنى بەلگىلىمىلەر يوق ئىدى ، بۇ ھال « پارتكومنى
تېپىپ تاشلاپ ئىنقىلاب قىلىش » قا يول ئېچىپ بەردى .

« 16 ماددا » نىڭ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىدىغان تەييارلىق يى-
غىنىدا ، جۇ ئېنلەي ، تاۋجۇ ۋە باشقا يولداشلارنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن
ئەسلى نۇسخىدىكى « خىباڭ ( قارا گۇرۇھ ) » ، « قارا يىپ » دېگەندەك
سۆزلەر چىقىرىپ تاشلىنىپ ، چەكلەش خاراكتېرىدىكى بەزى بەلگىلىمى-
لەرنى قوشتى ، مەسىلەن ، « خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل
قىلىش » ،« قەلەم كۈرىشى قىلىش ، ئەلەم كۈرىشى قىلماسلىق » ،
« توقسەن بەش پىرسەنتتىن يۇقىرى كادىرلار ، توقسەن بەش پىرسەنت-
تىن يۇقىرى ئامما بىلەن ئىتتىپاقلىشىش » دېگەندەك . لېكىن كېيىنكى
ئەمەلىيەت ، بۇ قوشۇمچە قىلىپ قوشۇپ قويغان كۈچسىز بەلگىلىمىلەر ،
چوڭ دېموكراتىيە ئارقىلىق ئاتالمىش كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھو-
قۇقدارلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈشكە ئىلھام بېرىدىغان ئاساسىي بەل-
گىلىمىلەر بىلەن زىت بولغاچقا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يامان
خاراكتېرلىك تەرەققىياتى جەريانىدا ھېچقانداق تىزگىنلەش رولىنى
ئوينىيالمىدى .

مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى تۈزۈشكە مەسئۇل
بولغان ، ماۋ زېدۇڭ ئۆزى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن « 16 ماددا » ھەرىكەت-
نىڭ ئوبيېكتى ، تايانچ كۈچى ، ئۇسۇلى ، رەھبەرلىكى قاتارلىق تۈپكى

www.uyghurkitap.com

مەسىلىلەردە ناھايىتى خاتا تەھلىل قىلغان ۋە خاتا بەلگىلىمە چىقارغان. لېكىن، يىغىنغا قاتناشقان مۇتلەق كۆپ ساندىكى يولداشلاردا ھەم ئىدىيىۋى تەييارلىق، ھەم نورمال بولغان تىنچ مۇزاكىرە قىلىپ بەلگىلەش ئىمكانىيىتى بولمىغاچقا، بۇ خاتا قارار ئومۇمىي يىغىننىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتۈپ كەتكەن. «16 ماددا» نىڭ ماقۇللۇقتىن ئۆتكەنلىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «سول» چىل خاتا يېتەكچى قائىدىسىنى رەسمىي ئېتىراپ قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئېلىپ بېرىشتەك قانۇنىي كۈن تەرتىپىنى ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەركىزىي كومىتېت ئاپپاراتلىرىنىڭ ئۆزگەرتىپ قۇرۇلۇشى ۋە ئومۇمىي يىغىن ئاخباراتى

ئومۇمىي يىغىننىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنى، يەنى 12 - ئاۋغۇستتا، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپى بىلەن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنى قايتىدىن سايلاش كۈن تەرتىپىنى قوشتى. ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان نامزاتلار ئاساسىدا سايلام نەتىجىسى بويىچە يەتتە ئادەمدىن 11 ئادەم بولدى. ئۇلار: ماۋ زېدۇڭ، لىن بياۋ، جۇ ئېنلەي، تاۋ جۇ، چېن بودا، دېڭ شياۋپىڭ، كاڭ شېڭ، ليۇ شاۋچى، جۇدې، لى فۇچۈن، چېن يۈندىن ئىبارەت. لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ كەينىگىلا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىزباسار بولغانىدى. ليۇ شاۋچى بۇرۇنقى ئىككىنچى ئورۇندىن سەككىزىنچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالدى، بۇ ئۇنىڭ ئىزباسارلىق لاياقىتىدىن ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى كۆرسەتتى. چېن بودا، كاڭ شېڭ سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىغا كىرگەنىدى. ئومۇمىي يىغىن رەئىس، مۇئاۋىن رەئىسنى ئۆزگەرتىپ سايلىمىدى، ئەمما يىغىندىن كېيىنكى ھەرقانداق ھۆججەتتە مۇئاۋىن رەئىسلەر ليۇ شاۋچى، جۇئېنلەي، جۇدې، چېن يۈنلەرنىڭ ئىسمى ئاتالماي، جىمجىتلا يوقاپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. ئەمما، لىن بياۋ يەنىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دەپ ئاتىلىپ، بىردىنبىر مۇئاۋىن رەئىس بولۇپ قالدى. يىغىن تاۋجۇ، چېن بودا، كاڭ شېڭ، شيې شاڭچيەن، نې

رۇگجېن ، يې جيەنيىڭلارنى سياسىي بىيۇرونىڭ ئەزالىقىغا ، لى شۆفېڭ ، سۇڭ رېنچۇڭ ، شې فۇجىلەرنى كاندىدات ئەزالىقىغا ، شې فۇجى ، ليۇ. نىڭيىلەرنى مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىلىقىغا تولۇقلاپ سايلىدى . ياڭ دېجى ، ۋېي گوچىڭ ، لو گۇيبو ، جاڭ جىڭۋۇ ، شې جۆزەي ، يې فېيلەرنى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىقىغا تولۇقلىدى . يىغىن ـ لىش يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ : « بۇ قېتىم تەشكىلىي جەھەتتىن بەزى ئۆز. گىرىشلەر بولۇپ ، سىياسىي بىيۇرو ئەزالىرى ، كاندىدات ئەزالىرى ، شۇ. جىچۇنىڭ شۇجىلىرى ، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى تەڭشەلدى ، بۇلار مەركىزىي كومىتېتنىڭ بۇ قارارى ۋە ئاخباراتىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپا. لەتلىك قىلىدۇ » دېدى .

ئومۇمىي يىـــغــــن ئاخباراتى مۇنداق دەپ چاقىرىق چىقاردى : « ئۇلۇغ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ ، ئىتتىپاقلاشقىلى بولىدىغانلىكى كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ ، ئەكسىل. ئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيى ۋە « ئوڭ » چىل ئاغمىچىلىق تەرەپتىن كېلى. دىغان توسالغۇنى ، قىينىچىلىقلارنى ، كەمچىلىكنى ، خاتالىقنى ، پارتىيە ئىچى ۋە جەمئىيەتتىكى قاراڭغۇلۇقنى يېڭىپ ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى . »

8 ـ نـۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن ئۆتكۈزۈپ ، تەشكىلىي رەسمىيەتلەر رەسمىي ئۆتىگەچكە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەتكە تېڭىلدى . يىغىندىن كېيىن ليۇ شاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ ۋە باشقا مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار كەينى ـ كەينىدىن تەكشۈرۈلدى ۋە پىپەن قىلىنىشقا ئۇچرىدى . ئومۇمىي يىغىندا تەڭشەلگەندىن كېيىنكى مەركىزىي كومىتېت ئورگىنى نورمال خىزمەت ئېلىپ بارالمىدى . پەقەت مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ شەخسىي رەھبەرلىكىدە بارغانچە زور رول ئوينىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مانا مۇشۇنداق ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

### قىزىل قوغدىغۇچىلار ئاۋانگارتلىق رول ئوينىدى

ماۋ زېدۇڭنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئوتىنى تۇتاشتۇرۇشتىكى بىر مۇھىم تەدبىرى ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى قوللاپ ، ئۇلارنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ شامىلىنى چىقىرىپ ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئوتىنى تۇتاشتۇرغۇچى » ئاۋانگارتلار قىلىش بولدى .

ئىيۇننىڭ بېشىدىلا ، بېيجىڭدىكى بەزى ئوتتۇرا مەكتەپلەردە قىزىل قوغدىغۇچىلار ( خۇڭۋېيبىڭ ) تەشكىلى بار ئىدى . بۇنداق تەشكىلنىڭ بولۇشى مۇۋاپىقمۇ ـ قانداق دېگەن مەسىلىدە ، مەكتەپلەردە ۋە جەمئىيەتتە ھەر خىل پىكىرلەر بار ئىدى ، شۇڭا بۇ تەشكىل تەرەققىي تاپمىدى . داھىينىڭ قوللىشىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار ماۋ زېدۇڭغا بىر پارچە خەت يازدى ۋە ئۆزلىرى يازغان « ياشىسۇن پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي ئىسيان كۆتۈرۈش روھى » دېگەن ئىككى پارچە چوڭ خەتلىك گېزىت ⑤ بىلەن بىللە ئەۋەتىپ بەردى . بۇ « سول » چىللىق چىقىپ تۇرغان گۆدەكلەرچە يېزىلغان چوڭ خەتلىك گېزىت ، ئويلىمىغان يەردىن ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ قالدى . 1 ـ ئاۋغۇست ماۋزېدۇڭ ئۇلارغا خەت يېزىپ ، ئۇلارنى قىزغىن قوللاپ ، « ئەكسىيەتچىلەر ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق ئىكەن » دېدى ھەمدە : « مەيلى بېيجىڭدە ، ياكى پۈتۈن مەملىكەتتە بولسۇن ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتىدە سىلەرگە ئوخشاش ئىنقىلابىي پوزىتسىيە تۇتقانلارنىڭ ھەممىسىنى بىز قىزغىن قوللايمىز » دېدى . بۇ خەت 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھۆججىتى قاتارىدا بېسىپ تارقىتىلدى . « 16 ماددا » دا ياش ئوقۇغۇچىلارنى « باتۇر ئەزىمەتلەر » دەپ ماختاپ ، « ئۇلارنىڭ ئىنقىلابىي يۆنىلىشى باشتىن ـ ئاخىر توغرا » دەپ مۇقىملاشتۇردى . بۇنداق ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن باھالار ، بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ خېتى ، زور تۈركۈمدىكى ياشلارنىڭ « ئىسيان كۆتۈرۈش » نى ئىلھاملاندۇرۇش رولىنى ئوينىدى .

18 ـ ئاۋغۇستتا ماۋ زېدۇڭ ھەربىي فورما كىيىپ ، قىزىل قوغدى-
غۇچىلارنىڭ يەڭ بەلگىسىنى تاقاپ ، تيەنئەنمېن راۋىقىدا مەملىكەتنىڭ
ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مىليون ئاما ۋە قىزىل قوغدىغۇچىلارنى
قوبۇل قىلىپ ، ئۆزىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتىنى قەتئىي
قوللايدىغانلىقىنى بىلدۇردى . بۇ قوبۇل قىلىش يىغىنىدا لىن بياۋ قۇتردى-
تىش خاراكتېرىدىكى سۆز قىلدى . ئۇ : « بۇ قېتىمقى پرولېتارىيات مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئەڭ ئالىي قوماندانى بىزنىڭ ماۋ جۇشىمىز ، ماۋ
جۇشى دېگەن سەركەردە » ، « ماۋ جۇشى ئوتتۇرىغا قويغان پرولېتارى-
يات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ، كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى بىر ئۇلۇغ مۆ-
جىزە ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابتىكى بىر ئۇلۇغ مۆجىزە ! » « بۇ بىر
چوڭ جەڭ ، بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپنىڭ
ئىدىيىسىگە قارىتىلغان زور ھۇجۇم » ، « بىز سىلەرنىڭ بۆسۈشكە ،
ئىشلەشكە ، ئىـــنـقىلاب قىلىشقا ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە جۈرئەت قىلىشتەك
پرولېتارىياتچە ئىنقىلابىي روھىڭلارنى قەتئىي قوللايمىز ! » « كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى يوقىتايلى ، بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى نو-
پۇزلۇقلىرىنى يوقىتايلى ، بارلىق بۇرژۇئازىيە مۇنارخىستلىرىنى ( باۋ-
خۇاڭپەي ) يوقىتايلى ، ھەرخىل شەكىلدىكى ئىنقىلابنى باسىدىغان ھە-
رىكەتلەرگە قارشى تۇرايلى ، بارلىق جىن ـ شەيتانلارنى يوقىتايلى » ،
« ئۇلارنى تەلتۆكۈس يوقىتىپ ، ئاغدۇرۇپ ، ھەيۋىسىنى يەر بىلەن يەك-
سان قىلىپ ، مەڭگۈ قەددىنى كۆتۈرەلمەس قىلىۋېتەيلى ! » دەپ تەشۋىق
قىلدى . شۇنىڭدىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتتە قىزىل قوغدىغۇچىلار ھە-
رىكىتى بىردىنلا ئەۋج ئېلىپ ، ئۇچقۇندىن يانغىن چىققاندەك بولۇپ
كەتتى .

قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتى بىلەنلا ئەۋج ئالغىنى ، مەملىكەت
خاراكتېرلىك چوڭ ئالاقىلىشىش بولدى . « چوڭ ئالاقىلىشىشنى ماۋ
جۇشى قوللاپ كەلگەن ، ھەممە ئاممىنىڭ بۇ خىل ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنى
كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان » [8]. 5 ـ سېنتەبىردە
پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن « باشقا جايدىكى ئالىي مەكتەپ

ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلىرى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرى ۋە ئىنقىلابىي ئوقۇتقۇچى - خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ بېيجىڭگە كېلىپ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى » نى تارقاتتى، بۇنىڭ كىرا ھەققىنى ۋە تۇرمۇش قوشۇمچە ياردەم پۇلىنى دۆلەت بېرەتتى. مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار بىراقلا يوپۇرۇلۇپ بېيجىڭغا كەلدى، بېيجىڭدىكى ئوقۇغۇچىلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، باشقا يەرلەرگە ماڭدى، شۇنىڭ بىلەن ئون مىليونلىغان كىشىلىك مەملىكەت خاراكتېرىدىكى چوڭ ئالاقىلىشىش باشلىنىپ كەتتى. نويابىرنىڭ ئاخىرىغىچە ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭدە سەككىز قېتىم 110 مىليون ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار ۋە قىزىل قوغدىغۇچىلارنى قوبۇل قىلدى. چوڭ ئالاقىلىشىش جەريانىدا، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ قاتنىشى ئالاھىدە بېسىقچىلىق بولۇپ كەتتى، ھەرقايسى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەرنىڭ جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشقا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ مەملىكەت خاراكتېرلىك چوڭ قالايمىقانچىلىقنىڭ مۇقەددىمىسى ئىدى.

قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ مەزمۇنى دەسلەپتە ئاساسلىقى « تۆت كونا » نى بۇزۇش بولدى. 18 - ئاۋغۇست ماۋ زېدۇڭ قىزىل قوغدىغۇچىلارنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن، بېيجىڭ ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار « مەكتەپتىن جەمئىيەتكە چىقىپ كەتتى »، « كوچىلارغا چىقتى »، چوڭ خەتلىك گېزىت چاپلاپ، تەشۋىق ۋەرەقى تارقىتىپ، نۇتۇق سۆزلەپ، خېلى كۆپ ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتكەن ھەرىكەتلەرنى قىلدى. بەزى قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۆزلىرى « سىنىپىي دۈشمەن » دەپ بىلگەنلەرنى تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلدى، تەن جازاسى بەردى، ئۆيلىرىنى ئاختۇردى؛ ئۆزلىرى « فېئودالىزم، كاپىتالىزم، شيۇجېڭجۇيىنىڭ نەرسىلىرى » دەپ بىلگەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلىدى؛ نۇرغۇن كونا داڭقى بار دۇكانلار ۋە كوچا

ئىسىملىرى ، « شەرق شامىلى » ، « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇ-
رۇش » ، « قىزىل قوغدىغۇچى » دېگەندەك ئوخشاش مەنىدىكى ئى-
سىملارغا ئۆزگەرتىلدى . ئۇ چاغدا ، مائارىپ سىستېمىسى ، ئىلمىي تەتقى-
قات ، ئاخبارات ، ئەدەبىيات ــ سەنئەت ، نەشرىيات سىستېمىسىدىكى رەھ-
بىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك « قارا گۇرۇھ » ، « كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » ، « ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىچى » دەپ
قارىلىپ ، پىپەن ۋە كۈرەش قىلىندى ، ئۆيلىرى ئاختۇرۇلدى ؛ نۇرغۇن
ئىجتىمائىي پەن ئالىملىرى ، ئەدىب ، سەنئەتكار ، ئالىم ، دوختۇر ۋە ئا-
تاقلىق پروفېسسور ، مۇھەررىر ، مۇخبىر قاتارلىقلار « ئەكسىيەتچى ئىلىم
نوپۇزى » ، « ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىچى » دېيىلىپ ، پىپەن ۋە
كۈرەش قىلىندى ، ئۆيلىرى ئاختۇرۇلدى ؛ نۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرى ،
ئىتتىپاق ئەزالىرى ، كادىر ، ئوقۇتقۇچى ، ئەمگەك نەمۇنىچىلىرى « باۋ
خۇاڭپەي ( مۇنارخىستلار ) » ، « جىن ــ شەيتانلار » ، « قارا چوماقلار »
دېيىلىپ ، پىپەن ۋە كۈرەش قىلىندى . ھەتتا بىر قىسىم ئۆگىنىشتە
ياخشى ئوقۇغۇچىلارمۇ « شيۇجېڭجۇيىنىڭ مايسىسى » دېيىلىپ ، چەتتە
قالدۇرۇلدى ۋە زەربە بېرىلدى . بەزى قىزىل قوغدىغۇچىلار « تۆت كو-
نىنى بۇزۇش » نامى بىلەن ، ئۇلار ئۆي ئاختۇرۇپ تېپىپ چىققان
جۇڭگونىڭ ۋە چەت ئەللەرنىڭ كلاسسىك نادىر ئەسەرلىرىنى ، قىممەت-
لىك ئاسار ئەتىقە ، رەسىم ــ ھۆسنخەتلەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى ۋە بۇزۇ-
ۋەتتى . ئېنىق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، بېيجىڭ شەھىرىدە
1966 ــ يىل سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە 32600 دىن كۆپ ئائىلە ئاختۇرۇل-
غان . شاڭخەيدە 23 ــ ئاۋغۇستتىن 8 ــ سېنتەبىرگىچە بولغان يېرىم ئايدا
ئاختۇرۇلغان ئائىلە 84200 دىن ئېشىپ كەتكەن . تيەنجىن شەھىرىدە
12000 ئائىلە ئاختۇرۇلغان . مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى قە-
دىمكى بۇتخانا ، ئىبادەتخانا ، خاتىرە راۋىقى قاتارلىق ئاتاقلىق قۇرۇلۇشلار
ۋە تارىخىي مەدەنىي مىراسلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . مەسىلەن ، بېي-
جىڭ شەھىرىدە 1958 ــ يىلى قوغدىلىدىغان ئاسارئەتىقە يادىكارلىقلىرى
دەپ بېكىتكەن 6843 جاينىڭ 4922 سى بۇزۇۋېتىلگەن . ھەتتا ، مەملىكەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بويىچە نۇقتىلىق قوغدىلىدىغان ئاسار ئەتىقە دېيىلگەن نۇرغۇن جايلارنىڭ، مەسىلەن، شەندۇڭ چۈفۇدىكى ئىككى مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە كۇڭزى ئىبادەتخانىسى قاتارلىقلار قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلانغان.

قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ بۇ ھەرىكىتى، جەمئىيەتنىڭ نارازىلىقىنى ۋە قارشى تۇرۇشىنى قوزغىماي قالمايتتى. بەزى جايلاردا، قىزىل قوغدىغۇچىلار بىلەن ئىشچىلار، دېھقانلار ھەتتا خەلق ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش بولغان. شۇنىڭ بىلەن، مەركىزىي كومىتېت كېيىنى ـ كەينىدىن ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ، ساقچى ۋە قورال-لىق قىسىملار بىلەن ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنى باستۇرۇشنى چەكلىدى. 11 ـ سېنتەبىر «خەلق گېزىتى» ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر تەستىقىنىڭ روھىغا ئاساسەن، «ئىشچى ـ دېھقان ئاممىسى بىلەن ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بايرىقى ئاستىدا ئىتتىپاقلىشىشى كېرەك» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا ئوقۇغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ «چوڭ يۆنىلىشى ئەزەلدىن توغرا، بۇ ھەرىكەتنىڭ ئاساسىي ئېقىمى، ئىشچىلار، دېھقانلار كۆزىمىزنى روشەنلەشتۈرۈپ، ھوشيارلىقىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك، ھەرقانداق كىشىنىڭ ھەرقانداق باھانە، ھەر-قانداق شەكىل بىلەن ئىشچى ـ دېھقانلارنى قۇترىتىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قارشى تۇرۇشىغا قەتئىي يول قويۇلمايدۇ» دېيىلگەنىدى. باش ماقالە، ئىشچىلار، دېھقانلار ۋە ئىنقىلابىي ئوقۇغۇچىلار ئىتتىپاقلىشىپ، ھەممە-پەس، تەقدىرداش بولۇپ، بىرلىكتە كۆرەش قىلىشى كېرەك، دەپ چا-قىرىق قىلغانىدى. بۇنداق تەشەببۇس ۋە قوللاش ئاستىدا، قىزىل قوغ-دىغۇچىلار ھەرىكىتى بارغانچە كۈچەيدى، ئۇنىڭدىن كېيىن تەرەققىي قىلىپ، مەملىكەت خاراكتېرلىك ھەرقايسى جايلاردىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگانلىرىنى «توپقا تۇتۇش» باشلىنىپ كەتتى، قورشىۋېلىش، كىرىپ ئىگىلىۋېلىش، تارتىپ چىقىپ كۆرەش قىلىش قاتارلىق شەكىللەر قوللىنىلدى، نۇرغۇن جايلار ۋە ئورۇنلارنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك ئورگىنى ئومۇميۈزلۈك ئېغىر زەربىگە

ئۈچراپ، كۈندىلىك خىزمەتلەرنىمۇ قىلالماس ھالغا چۈشۈپ قالدى.
پارتىيە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلق ئازادلىق ئارمىيە دالا قى-
سىملىرىدىكىلىرىدىن باشقىلىرى پائالىيىتىنى توختاتتى، كەڭ پارتىيە
ئەزالىرى تۇرمۇش كۈنىنى ئۆتكۈزەلمەيدىغان بولدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بېشىدا قىزىل قوغدىغۇچىلار
ھەرىكىتىگە قاتناشقانلار ماۋ زېدۇڭغا بولغان ئىشەنچىسى بىلەن،
«شيۇجېڭجۇيى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈڭلار» دېگەن چاقىرىققا
ئاۋاز قوشۇپ قاتناشقانىدى، ئۇلاردا «قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ رەڭگى
مەڭگۈ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنى قوغدايمىز» دەيدىغان سەممىي نىيەت
بار ئىدى. لېكىن، ئۇلار ياش، ئىجتىمائىي تەجرىبىسى كەمچىل، سى-
ياسىي جەھەتتە گۆدەك بولغاچقا، لىن بياۋ، جياڭ چىڭلارنىڭ قۇترا-
قولۇق قىلىشى بىلەن كۆپ ھاللاردا ئەسەبىيلەرچە، قارىغۇلارچە ئىش
قىلىپ قويدى. ئاز ساندىكى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكۈچىلەرنى ھېسابقا ئال-
مىغاندا، ھەرىكەت جەريانىدىكى چەكتىن ئاشقان سولچىلىق ھەرىكەتلى-
رىنى قىزىل قوغدىغۇچىلار قوللىمايتتى، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك
رەھبىرىي كادىرلىرىنى رەھىمسىزلەرچە كۈرەش قىلىشنىمۇ قوللىمايتتى.
كېيىنكى ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئوخشىمىغان ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ
ئۆتۈپ، سەۋىيىسىنى ئۆستۈردى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا
نىسبەتەن ئاز - تولا گۇمانلىنىش پەيدا بولۇپ، ئاكتىپ قاتنىشىشتىن
پاسسىپ ھالەتتىكى قاراپ بېقىشقا ئۆزگەردى، بەزىلەر ھەتتا قارشىلى-
شىش، قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلارمۇ
ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە زەربىگە ئۇچرىدى. بەزى پۇرسەتپەرەس-
لەر، قارا نىيەتلەر، سۇيىقەستچىلەر بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك ھالدا لىن
بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلاردىن كۆرسەتمە ئېلىپ، ئالتۇپىلاڭ كۆتۈ-
رۈپ، نۇرغۇن يامان ئىشلارنى قىلدى. قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتى
«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئالاھىدە ئىجتىمائىي تارىخ شارائىتى-
نىڭ مەھسۇلى. ئۇنىڭ كۆتۈرۈلۈپ چىقىشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلا-
بى» نىڭ بۇزغۇنچىلىقىنى كۈچەيتىۋەتتى، پارتىيە، دۆلەت ۋە خەلققە،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

شۇنىڭدەك ياشلارنىڭ ئۆزىگە زور زىيان كەلتۈردى .

قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتىدە كۆرۈلگەن جەمئىيەت بۇزىدىغان ، دېموكراتىيە ـ قانۇن تۈزۈمىنى دەپسەندە قىلىدىغان ھەرخىل ھەرىكەتلەر ، كەڭ كادىر ، ئاممىنىڭ نارازىلىقىنى ۋە ئوخشىمىغان دەرىجىدىكى قارشىلىشىشىنى قوزغىدى . قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلاتى ئىچىدىمۇ تونۇش ۋە ھەرىكەت جەھەتتە ئىختىلاپ بولغاچقا ، دائىم بۆلۈنۈش ۋە قايتا تەشكىللەش بولۇپ تۇردى . مەسىلەن ، بېيجىڭدىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار دەسلەپكى بىر تەشكىلاتتىن ئىككىنچى قوماندانلىق شتابى بۆلۈنۈپ چىقتى ، كېيىن يەنە ئۈچىنچى قوماندانلىق شتابى بۆلۈنۈپ چىقتى ، ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا ئادەم توپلاپ ، ھەر خىل شەكىلدىكى ، بەزىدە خېلى كەسكىن بولغان مۇنازىرە ۋە تالىششلارنى ئېلىپ باردى . بۇنىڭ ئىچىدە ،« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇسۇلى جەھەتتىكى بەزى تونۇش ئىختىلاپلىرى ، يەنە بەزى رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان باھا ئۇستىدىكى ئىختىلاپلار ، يەنە شۇنداق تەرەپبازلىقنىڭ تەسىرىدىن بولۇۋاتقان ئىشلارمۇ بار . بۇ جەرياندا بىر قىسىم ئوتتۇرا مەكتەپ قىزىل قوغدىغۇچىلىرى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى سوراق قىلغان ۋە ئۇلارغا قارشى تۇرغان ئاتاقلىق ۋەقە يۈز بەردى ، مانا بۇ « بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىش كومىتېتى ۋەقەسى » دۇر .

ئاتالمىش « بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىش كومىتېتى »دېگەن « پايتەخت قىزىل قوغدىغۇچىلىرى بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىش كومىتېتى » نىڭ قىسقارتىلىپ ئاتىلىشى . بۇ تەشكىلنى قۇرغۇچىلار بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى ، نېفىت ئىنستىتۇتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپى ، « 1 ـ ئاۋغۇست » مەكتىپى قاتارلىق خەيدىيەن رايونىدىكى ئون نەچچە ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىزىل قوغدىغۇچىلار تەشكىلىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ ، ئۇلار 16 ـ 17 ياشتىكى ياشلار ئىدى . ئۇلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغان چاغدا ، سەممىي ھېسسىياتى بىلەن ھەرىكەتكە قاتناشقان ، ھەتتا بەزى

ئەسەبىيلەرچە پائالىيەتلىرىنىمۇ ئىلىپ بارغانىدى . ھالبۇكى ، بىرنەچچە ئايلىق ھەرىكەتنىڭ ئەمەلىي تەرەققىياتىنى كۆرۈپ ، ئۇلاردا ئاستا ـ ئاستا گۇمانلىنىش پەيدا بولغان . ئۇلار ، نېمە ئۈچۈن يۇقىرىدىن دۆلەتنىڭ رەئىسى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى ۋە بىر تۈركۈم ئاجايىپ ئۇرۇش تۆھپىلىرىنى ياراتقان پېشقەدەم قوماندان ، گېنېراللار ، تۆۋەندە ھەرقايسى رايون ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ مەسئۇللىرى ، جۇمـلىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرىمۇ بىر كېچىدىلا « خىباڭ ( قارا گۇ۔ رۇھ ) » ، « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » ، « ئۈچكە قارشى ئۇنسۇر » بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشىنەلمەي قېلىشتى . جۇڭگو خەلقىگە رەھـبەرلىك قىلىپ ئۇچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلىغان شەرەپلىك ، ئۇلۇغ ، توغرا دەيدىغان پارتىيىدە ، ماۋ جۇشىدىن قالسا ، پەقەت مەدەنىـيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكى ئاشۇ بىرنەچچىلا ئادەم توغرا بولامدۇ ؟ ئۆز ۋاقـتىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇقىملاشتۇرۇشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشكەن ، ئەڭ بالدۇر ئىسيان كۆتۈرگەن قىزىل قوغدىغۇچىلار ئەمدىلىكتە « خىباڭ ( قارا گۇرۇھ ) باللىرى » ، « ئىت كۈچۈكى » بولۇپ قالدىما ؟ بۇنداق رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئۇلارنى ئويلىنىشقا ، جىياڭ چىڭ قاتارلىقلارغا چوڭ يۈرەكلىك بىلەن گۇمانىي سوئال قويۇشقا مەجبۇر قىلدى . 1966 ـ يىل 27 ـ نويابىردا ئۇلار بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى شۆبە ئوتتۇرا مەكتىپىگە جەم بولۇپ ، ۋەزىيەتنى تەھلىل قىلىپ ، تاقابىل تۇرۇش يوللىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ ، تەشكىل قۇرۇشنى ئويلاشتى . 5 ـ دېكابىردا « پايتەخت قىزىل قوغدىغۇچىلىرى بىرلەشمە ھەرىكەت قىلىش كومىتېتى بۇگۈن قۇرۇلغانـلىقىنى ئېلان قىلىدۇ » دېگەن خىتابنامىنى جاكارلىدى . بۇ تەشكىلات ناھايىتى تېز تەرەققىي قىلدى ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا بېيجىڭدىكى نەچچە يۈز ئوتتۇرا مەكتەپتىكى قىزىل قوغدىغۇچىلارنى بىرلەشتۈردى ، يەنە شاڭخەي ، شېنياڭ ، نەنجىڭ ، ۋۇخەن ، چاڭشا قاتارلىق جايلاردىكىلەر بىلەن ئالاقىلەشتى . ئۇلار توپ ـ توپ بولۇپ ، ۋېلسىپىت مىنگەن ھالدا كوچىلاردا شـوئـار تـوۋلاپ ، كـوچىلارغا لوزۇنكىلارنى چاپلىدى . ئۇلار « پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى قالايمىقان تارتىپ چىقىشقا قارشى تۇ۔

www.uyghurkitap.com

رىمىز » ، « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكى بەزىلەر
بەكلا ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كەتمەڭلار » ، « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنـ
قىلابى گۇرۇپپىسى بىزنى قىستاپ مۇشۇ كۈنگە كەلدى ، بىز ئەمدى
قارشى تۇرماي ئامالىمىز قالمىدى » دېگەندەك شوئارلارنى تازا كۆزگە
چېلىقىدىغان يەرلەرگە چاپلىدى . 26 ـ دېكابىردا ئۇلار بېيجىڭ كۆر-
گەزمە سارىيى تىياتىرخانىسىدا نەچچە مىڭ كىشىلىك يىغىن ئاچتى .
يىغىندا ئۇلار « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكى بەزىلەر-
نىڭ يېقىندىن بۇيان سۆزلىگەن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى سۆزلى-
رىنى قەتئىي پىپەن قىلىمىز » دېگەن تەشۋىق ۋەرەقىسىنى ئوقۇدى ، بۇ
پۈتۈن زالنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى .

بۇ تەشكىلاتنىڭ بىر يۈرۈش ھەرىكەتلىرى مەركىزىي مەدەنىيەت
ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكىلەرنىڭ غەزىپىنى قوزغىغاچقا ، ئۇلارنىڭ رە-
ھىمسىزلەرچە زەربە بېرىشىگە ۋە باستۇرۇشىغا ئۇچرىدى . جياڭ چىڭ
قاتارلىقلار بىر جەھەتتىن كۇەي دافۇ ، نېي يۈەنزى قاتارلىقلارنى ئالىي
مەكتەپتىكى قىزىل قوغدىغۇچىلارنى باشلاپ « بىرلەشمە ھەرىكەت كومى-
تېتى » نىڭ يىغىنلىرىنى بۇزۇۋېتىشقا كۆرسەتمە بەرسە ، يەنە بىر جەھەتتىن
شې فۇجى ساقچىلارغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، « بىرلەشمە ھەرىكەت كومى-
تېتىنىڭ غوللۇق ئادەملىرى » نامى بىلەن بىر تۈركۈم ياشلارنى ۋە يۇ-
قىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى قولغا ئالدى . شۇ چاغدا
تۈرمىگە تاشلانغان ئادەم 139 نەپەر بولدى . بۇ ئىشنى كېيىن جۇ ئېنلەي
بىلىپ قېلىپ ، ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلدى . 1967 ـ يىل 22 ـ ئاپرېلدا
ماۋ زېدۇڭ ئۆزى بۇيرۇق قىلىپ ، قولغا ئېلىنغان بارلىق « بىرلەشمە ھە-
رىكەت كومىتېتى » نىڭ ئادەملىرىنى بوشىتىۋەتتى . « بىرلەشمە ھەرىكەت
كومىتېتى » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرى-
دىكى بىر خىل ئاممىۋى تەشكىلات سۈپىتىدە ئاللىقاچان يوقالدى ، ئەمما
ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بىلەن قارشى-
لىشىدىغان ، قارشى تۇرىدىغان كۈچلەرنىڭ بولغانلىقىنى مەلۇم بىر جە-
ھەتتىن ئىپادىلەپ بېرىدۇ .

**ئاتالمش « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەن » نى پىپەن قىلىش**

كادىر ، ئاممىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا نارازى بو-
لۇشى ، ئۇنى توسۇشى ، قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتىنىڭ بۆلۈنۈشى ۋە
ئۆزئارا توقۇنۇشى ، بەزى جايلاردىكى ئىشچى - دېھقان ئاممىسىنىڭ قوز-
غىلىپ ، شۇ جايدىكى پارتكوملارنى قوغدىشى ھەمدە پارتكوملارغا بېسىپ
كىرگەن قىزىل قوغدىغۇچىلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشى ، بۇلار « مە-
دەنىيەت زور ئــىــنــقــىــلابى » نى قوزغىغۇچى ۋە رەھبەرلىك قىلغۇچىنى
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ توغرىلىقى ۋە مۇۋاپىقلىقى ئۈستىدە
قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلالمىدى . ئەكسىچە ئۇلارنى دۈشمەننىڭ كۈچى
خېلى بار ئىكەن ، سىنىپىي كۈرەش ۋە ئىككى يول كۈرىشىنى تېخىمۇ
گەۋدىلەندۈرۈشىمىز كېرەككەن ، دېگەن نىيەتكە كەلتۈردى . ھەمدە يۇ-
قىرىدىكى ئەھۋاللارنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ پائالىيە-
تىنىڭ ئىپادىسى ، ئۇلار « ئاممىنى قۇترىتىپ ئاممىغا كۈرەشكە سالدى »
دېدى . شۇنىڭ بىلەن ، ئۇلار يېڭى بىر گۇناھنى ، يەنى « بۇرژۇئازىيە
ئەكــســيەتچى لۇشيەن » دېگەن نەرسىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى . ماۋ زې-
دۇڭ « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەننى قەتئىي پىپەن قىلىش كې-
رەك » دېگەننى دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغاندا ، جۇ ئېنلەي قوشۇلمايدىغان-
لىقىنى بىلدۈرگەن ھەمدە ماۋ زېدۇڭنى تېپىپ ، ئۆزىنىڭ كۆزقارىشىنى
ئوتتۇرىغا قويغانىدى ، ئەمما ئۇ قوبۇل قىلىنمىدى .

1 ـ ئۆكــتـەبىردە ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى-
نىڭ 17 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا لىن بياۋ بۇ يېڭى جىنايەتنى
ئوتتۇرىغا چىقاردى . ئۇ : « ماۋ جۇشى ۋەكىللىكىدىكى پرولېتارىيات ئىن-
قىلابىي لۇشيەنى بىلەن بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى ئوتتۇرىسى-
دىكى كۈرەش ھازىرمۇ داۋاملاشماقتا » دېدى . 2 ـ ئۆكتەبىر نەشر قى-
لىنغان « قىزىل بايراق » ژۇرنىلىنىڭ 1966 ـ يىللىق 13 ـ سانىدىكى باش
ماقالىدە تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ : « بەزى جايلار ، بەزى ئورۇنلاردىكى
ئىككى يول كۈرىشى يەنىلا ناھايىتى ئۆتكۈر ، ناھايىتى مۇرەككەپ بول-

ماقتا . ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر يېڭى شەكىللەر بىلەن ئاممىنى ئالدىماقتا ، 16 ماددا بىلەن قارشىلاشماقتا ، بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەننى جاھىللىق بىلەن ئىجرا قىلىپ ، ئاممىنى قۇترىتىپ ئاممىغا كۆرەشكە سېلىش شەكلىنى قوللىنىپ ، ئۆزلىرىنىڭ مەقسىتىگە يەتمەكچى بولماقتا . » ، « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەننى پىپەن قىلىش ـ قىلماسلىق ، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ 16 ماددىسىنى ئىجرا قىلىش ـ قىلماسلىق ، كۆرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىشنى كەڭ كۆلەملىك ، توغرا ئېلىپ بېرىش ـ بارالماسلىقنىڭ ھالقىسى » دېيىلگەن ھەمدە « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەننى چوقۇم ئۇزۇل ـ كېسىل پىپەن قىلىش كېرەك » دەپ چاقىرىق قىلغان . شۇنىڭ بىلەن ، بىر مەيدان « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەن » نى پىپەن قىلىش بوران ـ چاپقۇنى يەنە بىر قېتىم پۈتۈن مەملىكەتنى قاپلىدى .

پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتى ۋە پارتىيىنىڭ كادىرلىرى « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەن » نى ئىجرا قىلغۇچىلار دەپ ئەيىبلىنىپ ، پىپەن قىلىشنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى بولۇپ قالدى . 5 ـ ئۆكتەبىردە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى لىن بياۋنىڭ تەكلىپى بىلەن جىددىي يوليورۇق چىقاردى . مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ئۆزگەرتكەن ھەمدە ماۋ زېدۇڭ تەكشۈرۈپ ، تەستىقلىغان ھۆججەتتە ، « ھەربىي ئالىي مەكتەپلەرنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتى خىزمەت گۇرۇپپىسى چېكىنىپ چىققاندىن كېيىن ، مەكتەپ پارتكومى رەھبەرلىك قىلىدۇ دېگەن بەلگىلىمە » نى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغاندى . ئۇنىڭدا يەنە « ئاممىۋى ھەرىكەتنى بوغىدىغان ئاشۇ رامكىلارنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش كېرەك » دېيىلگەندى .

6 ـ ئۆكتەبىر كۈنى بېيجىڭ ئىشچىلار تەنتەربىيە سارىيىدا بېيجىڭ شەھىرىدىكى ۋە مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 100 مىڭ ئادەم قاتناشقان « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنگە كۈچلۈك ئوت ئېچىش قەسەميات يىغىنى » ئېچىلدى . يىغىندا جاڭ چۇنچياۋ مەر-

كىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ، باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ جىددىي
يولىيورۇقنى ئوقۇپ ئۆتتى . مەركىزىي كومىتېت بۇ يولىيورۇقنى پۈتۈن
پارتىيىگە تارقىتىپ ، « قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىش كېرەك »
دە ئىلاۋە قوشتى . بۇ جىددىي يولىيورۇق قىزىل قوغدىغۇچىلار ۋە باشقا
ئىسيان كۆتۈرۈش تەشكىلاتلىرىدا يامان خاراكتېردە كۆچىيىپ كېتىۋات-
قان ھۆكۈمەتسىزلىك خاھىشىنى كۈچەيتىپ ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىدىغان ئاتالمىش «
پارتكومنى تېپىپ تاشلاپ ئىنقىلاب قىلىش » قا رەسمىي ھۆججەت ئا-
ساسىنى تېپىپ بەردى . بۇ جىددىي يولىيورۇقنىڭ تەسىرى بىلەن پۈتۈن
مەملىكەتتە « پارتىيە ياچېيكىسى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرەيلى » دېگەن
دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى . پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ۋە ئاساسىي
قاتلام تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى ئومۇميۈزلۈك تارتىپ چىقىلىپ
كۈرەش قىلىندى ، پارتىيىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتى توختاپ قېلىش
گىردابىغا يەتتى . « جىددىي يولىيورۇق » « پارتكومنى تېپىپ تاشلاپ
ئىنقىلاب قىلىش » نى قانۇنلۇق قىلىپ قويغانلىقى ، « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » نىڭ ئۇزاق مەزگىللىك ئىچكى قالايمىقانچىلىق بولۇپ قېلى-
شىدىكى تۈگۈنلۈك سەۋەب .

### ئۆكتەبىردىكى مەركىزىي كومىتېت خىزمەت يىغىنى

1966 ـ يىلى 9 ـ ئۆكتەبىردىن 28 ـ ئۆكتەبىرگىچە ، ماۋ زېدۇڭ-
نىڭ تەكلىپى بىلەن ، مەركىزىي كومىتېت بېيجىڭدا خىزمەت يىغىنى
ئاچتى .

نېمشقا بۇ خىزمەت يىغىنىنى ئاچىدۇ ؟ بۇنى ماۋ زېدۇڭ 25 ـ
ئۆكتەبىردىكى يىغىندا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېدى : بۇ قېتىمقى يىغىن
« تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ ، سىياسىي ـ ئىدىيۋى خىزمەت ئىشلەش
ئۈچۈن » ، « ئىدىيىدىن ئۆتمىگەن » مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن
ئېچىلدى . ئۇ يەنە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ ئوتنى مەن
ياقتىم ، ۋاقىت سەل زىچ بولۇپ قالدى ، پەقەت بىرنەچچە ئايلا . . . ئى-

دىيىدىن ئانچە ئۆتمىگەنلىكى ، زىنلىششىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ ، بۇ تەبىئىي ئەھۋال » دەپ ، كۆپچىلىككە تەسەللى بېرىپ : « لۈشيەن خاتالاشسا ، توغرىلىسىلا بولمىدىمۇ . كىم سىلەرنى يوقىتىمىز دەيدۇ ؟ مەن سىلەرنى يوقاتمايمەن ، مېنىڭچە قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭمۇ سىلەرنى يوقىتىشى ناتايىن » دېدى . بەلكىم ، ماۋ زېدۇڭنىڭ سۇبيېكتىپ خىيالى ، كۆپ ساندىكى كادىرلارنى يوقىتىش ئەمەس ، پەقەت لىيۇ شاۋچى قاتارلىق ئاز ساندىكى ئادەملەرنىلا يوقىتىش بولۇشى مۇمكىن . لېكىن ، خاتا فاڭجېن ، خاتا ئوبيېكت بېكىتىلىپ ، خاتا ئۇسۇل قوللانغانىكەن ، كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ زەربىگە ئۇچرىشى ۋە يوقىتىلىشىدەك ۋەزىيەتنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولمايتتى . شۇڭا ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزىنىڭ ھېچقانچە ئەمەلىي ئۈنۈمى بولمايدىغانلىقى تەبىئىي ئەھۋال ئىدى .

يىغىندا چېن بودا « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى ئىككى لۈشيەن » دېگەن تېمىدا دوكلات بەردى . ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تۈرلۈك قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىگە كۈچىنىڭ بارىچە چاپان يېپىپ ، « ئۇلۇغ قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتى پۈتۈن جەمئىيەتنى زىلزىلىگە سېلىپلا قالماي ، پۈتكۈل دۇنيانى تىترىتىۋەتتى . قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەرىكىتى شانلىق نەتىجىلەرنى قازاندى . بىز شۇنى ئىپتىخارلىق بىلەن ئېيتالايمىزكى ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پارىژ كوممۇنىسىدىنمۇ ، ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىنمۇ ، جۇڭگو تارىخىدىكى بىرنەچچە قېتىملىق چوڭ ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەتلەردىنمۇ چوڭقۇر ، قاينام ـ تاشقىنلىق بولدى . بۇ خەلقئارادىكى ئەڭ يۇقىرى باسقۇچتىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ھەرىكىتى . » ئۇ دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتكەن تۈرلۈك قىلمىشلارنى « ئىلغارلار قالاقلاردىن ، قالاقلار ئىلغارلاردىن بولۇپ قېلىش ئەھۋالى بىزنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىمىزدا ناھايىتى چوڭقۇر ئىپادىلەندى » ، « تارىختىكى سىنىپىي كۈرەشلەر ھەقىقەتەن شۇنداق بولۇپ كەلدى ، ئەسلى ئىنقىلاب تەرەپتە تۇرغان بەزى كىشىلەر ، دۈشمەنلەرنىڭ

تەھدىتى ، ئالدىشى بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىپ ، ئىنقىلابنىڭ دۈشمەنلىرى تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ » دەۋالدى ، ئۇ ئېنىقلا قىلىپ : « خاتا لۇشيەننى ئوتتۇرىغا قويغانلار ، خاتا لۇشيەننىڭ ۋەكىللىرى ليۇ شاۋچى ۋە دېڭ شياۋپىڭدىن ئىبارەت . ئۇلار ئاساسلىق مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدۇ » ، « ليۇشاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ خاتا لۇشيەننىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى بار ، بۇ ئىجتىمائىي ئاساسنىڭ ئاساسلىقى بۇرژۇئازىيىدۇر . پارتىيە ئىچىدە بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ۋە خېلى بىر تۈركۈمدىكى دۇنيا قارىشى ئۆزگەرتىلمىگەن ياكى ياخشى ئۆزگەرتىلمىگەن دۆت ئادەملەر بولغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ خاتا لۇشيەننىڭ پارتىيە ئىچىدە خېلى تەسىرى بار » دېدى . ئۇ ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىشقا خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتكەنلىكىنى ، كەڭ كادىرلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا بولغان نارازىلىقى ۋە قارشىلىشىشىنى بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى دەپ ھاقارەتلىدى ؛ پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان ، « ئامما ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەش ، ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىش » نى كۆچەيتىۋېتىدىغان تەشەببۇسنى « پرولېتارىيات ئىنقىلابى لۇشيەنى » دەپ ماختىدى . ئۇ يەنە ، ئىككى لۇشيەننى پەرق ئېتىشنىڭ بەلگىسى « ئاممىغا بولغان پوزىتسىيە » ، « ئاممىنى باسقان ، ئىنقىلابىي ئاكتىپلارغا زەربە بەرگەن لۇشيەن ، بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى بولىدۇ » ، دەپ « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى » دېگەن ئىلمىي بولمىغان ھەم لوگىكىغا ماس كەلمىگەن جىنايەت ئۈچۈن نەزەرىيە ئاساس تاپىماقچى بولدى . ئۇ زەھەرخەندىلىك بىلەن « چاڭجياڭ دەرياسىدىكى دولقۇنلار بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ ماڭىدۇ ، دۇنيادىكى يېڭى ئادەملەر كونىلارنى قوغلايدۇ » دېگەننى تەرغىب قىلدى ، ئاممىنى قۇترىتىپ « كونىلار » نى قوغلىماقچى ، يەنى پېشقەدەم كادىرلارنى يوقاتماقچى بولدى . لىن بياۋ يىغىندا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇھىم ئەھمىيىتى توغرىسىدا كۆچەپ سۆزلەپ ، « بۇ ھەرىكەت دۇنيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلگە ياراتتى » ، « ئەگەر بىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى چىڭ تۇتمايدىغان ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بارمايدىغان بولساق، دۆلىتىمىزنىڭ رەڭگى يېرىم يولدىلا ئۆزگە-
رىپ كېتىدۇ»، شۇڭا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئېلىپ بارغانلى-
قىمىز «بىزنىڭ بەختىمىز، شۇنداقلا ئىنتايىن شەرەپلىك ئۇلۇغ ۋەزىپى-
مىز» دېدى. ئۇ «ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي ھەرىكىتى، ئۇ تەبىئىي ھالدا
مۇۋاپىق بولىدۇ» دېگەننى تەشۋىق قىلىپ، ئەمەلىيەتتە يۈز بەرگەن قا-
نۇننى بۇزىدىغان، كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى ـ تەرۇز قىلىدىغان، ئىش-
لەپچىقىرىشقا توسقۇنلۇق قىلىپ، تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان ھەر-
خىل رەزىل قىلمىشلارنى ئاقلىماقچى بولدى. ئۇ يەنە، بۇ دېگەن پەقەت
«كىچىككىنە قالايمىقانچىلىق»، «ئاساسىي ئېقىم يەنىلا ياخشى»،
جۇرئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، قالايمىقانچىلىقتىن قورقماسلىق كې-
رەك دېدى. ئۇ ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ،
«ئاممىنى باسىدىغان، ئىنقىلابقا قارشى تۇرىدىغان لۇشيەن» نى ئىجرا
قىلدى، دەپ ھاقارەتلىدى ھەمدە «بىر قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا، ليۇ،
دېڭ لۇشيەنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇدەك ئورۇنغا چىقىپ قالدى، پۈتۈن
مەملىكەت شۇ لۇشيەننى ئىجرا قىلمىدىمۇ» دەپ، كۈرەشنىڭ تىغ ئۇ-
چىنى ئېنىقلا قىلىپ، ليۇشاۋچى، دېڭ شياۋپىڭغا، مەملىكەتتىكى ھەر
دەرىجىلىك پارتكوملارغا قاراتتى.

لىن بياۋ، چېن بودانىڭ يىغىندىكى سۆزى، ماۋ زېدۇڭنىڭ
تەستىقى: «كىتابچە قىلىنىپ، ھەربىر ياچېيكا، ھەربىر قىزىل قوغدى-
غۇچىلار كىچىك ئەترەتلىرىگە، ئاز دېگەندە بىر پارچىدىن تارقىتىل-
سۇن» بويىچە تارقىتىلدى. بۇ ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسىنىڭ تېخىمۇ
يامراپ كېتىشىگە تۈرتكە بولۇپلا قالماي، مەملىكەت خاراكتېرلىك ئاتال-
مىش بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەننى پىپەن قىلىش دولقۇنىنىڭ
كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولدى.

«مۇئاۋىن باش قوماندان» نىڭ تيەنئەنمىن راۋىقىدا ئوچۇق ـ
ئاشكارا چاقىرىق قىلىشى، «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى باش ماقالىسىنىڭ
نەزەرىيە جەھەتتىن دەلىللىشى، مەركىزىي كومىتېت ئاچقان خىزمەت
يىغىنىدا مۇقىملاشتۇرۇلۇپ تەكىتلىشى، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتار-

لىقلارنىڭ قۇترىتىشى ۋە كۆرسەتمە بېرىشى بىلەن ، قىزىل قوغدىغۇچىلار ھەممىلا يەردە « ئۇت يېقىش » ۋە « توپ ئۇقىغا تۇتۇش » ئېلىپ بار- غاچقا ، پىپەن ھەرىكىتىنىڭ كۆلىمى بارغانچە كېڭىيىپ كەتتى . غال- جىرانە چىقىقان « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەن » نى پىپەن قىلىش بورىنى پەقەت چوڭ ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك شەھەرلەردە چە- قىپلا قالماي ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرى ۋە يېزىلارنىمۇ قاپلىدى .

**كارخانا ۋە يېزىلارنىڭ قاتنىششى**

مەركىزىي كومىتېتنىڭ دەسلەپكى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى مەدەنىيەت ، مائارىپ تارماقلىرى ۋە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبىرىي ئورگانلىرى ئىدى . سانا- ئەت ـ قاتناش كارخانىلىرى ۋە يېزىلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ، رەھبەرلىكى بولغان ، پىلانلىق ، تۈركۈمگە ، مۇددەتكە بۆلگەن ھالدا ئېلىپ بېرىلماقچى ئىدى . شۇڭا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن ئىيۇلدىن سېنتەبىرگىچە مۇناسىۋەتلىك ئۇقتۇرۇش ۋە بەلگىلىمىلەرنى كۆپ قېتىم تارقاتتى . مە- سىلەن ، 2 ـ ئىيۇلدىكى « پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەننىڭ سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرى ۋە ئاساسىي قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى قانداق ئېلىپ بېرىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇ- رۇشى » دا ، بۇ ئورۇنلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ، « تۆتنى ئېنىقلاش » ھەرىكىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ، ‹ 12 ماددا › دىكى بەلگە- لىمىلەر ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئەسلىدىكى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ، مۇددەتكە ، تۈركۈمگە بۆلۈپ ، رەھبەرلىكى بولغان ، پىلانلىق ھالدا ئېلىپ بېرىش » ، بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ چىقماسلىقى ، « ئىنقىلابتىمۇ ، ئىشلەپچى- قىرىش ، قۇرۇلۇشتىمۇ غەلىبە قىلىش » تەلەپ قىلىنغانىدى . 14 ـ سېن- تەبىردىكى « پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ناھىيىدىن تۆۋەن يېزىلار- دىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى بەلگىلىمىسى » دە ، « نا-

www.uyghurkitap.com

ھىيدىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى، يەنىلا
بۇرۇنقى 〈 تۆتنى ئېنىقلاش 〉 ھەرىكىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى بويىچە
بىرلەشتۈرۈلۈپ ئېلىپ بېرىلىدۇ » ، « كۆزلۈك ھوسۇل يىغىۋېلىشنىڭ
ئالدىراش مەزگىللىرىدە، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۆزلۈك ھوسۇل يى-
غىش، كۆزلۈك تېرىم ۋە كۆزلۈك سېتىۋېلىش ئىشلىرىنى ئوبدان ئىش-
لەش كېرەك، 〈 تۆتنى ئېنىقلاش 〉 ھەرىكىتىنى ۋاقتىنچە توختىتىپ تۇر-
سىمۇ بولىدۇ » دېيىلگەنىدى. بۇ بەلگىلىمىدە يەنە، « بېيجىڭ ۋە باشقا
جايدىكى ئوقۇغۇچىلار، قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۆلكە، ۋىلايەتلەرنىڭ ئاي-
رىم ئورۇنلاشتۇرغانلاردىن باشقىلارنىڭ ناھىيدىن تۆۋەن ھەر دەرىجى-
لىك ئورگان ۋە كوممۇنا، ئەترەتلەرگە بېرىپ ئالاقە باغلىماسلىقى كې-
رەك » دېگەندەك بەلگىلىمىلەر بار ئىدى. بۇ جۇ ئېنلەي قاتارلىق ئادەم-
لەرنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتكە تەسىر يېتىشىدىن ئەنسىرەپ، « ئىنقىلاب
ۋە ئىشلەپچىقىرىش » تا قوش غەلىبە قازىنىشنى ئويلىغان سۇبيېكتىپ
ئارزۇسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. لېكىن، « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇش-
يەنىنى پىپەن قىلىش » نىڭ تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ ئۇقتۇرۇش
ۋە بەلگىلىمىلەر رولىنى يوقاتتى، پۈتۈن سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىش-
لەپچىقىرىش سىستېمىسى قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى.

16 - نويابىردا، دۆلەتلىك ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇ-
دىرى گۇ مۇ بىلەن نېفىت سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى يۈي
چيۇلى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن، بەش مى-
نىستىرلىق ( مېتاللورگىيە، سۇ ئېلېكتر ) تۆمۈريول، خىمىيە سانائىتى،
ماشىنىسازلىق، يەتتە شەھەر ( بېيجىڭ، شاڭخەي، تيەنجىن، شېنياڭ،
خاربىن، گۇاڭجۇ، ۋۇخەن ) ۋە ھەرقايسى چوڭ رايونلارنىڭ مەسئۇل-
لىرى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئاچتى، يىغىندا سانائەت - قاتناش
كارخانىلىرى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قانداق ئېلىپ بېرىش
مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان يولداشلار ئۆز
سۆزىدە، سانائەت - قاتناش سېپىدىكى 17 يىللىق نەتىجىلەرنى تولۇق
مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىشنى توختىتىپ قويۇشقا بولمايدۇ، سا-

نائەت ـ قاتناش كارخانىلىرىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ، مەدەنىـ
يـەت ـ مائارىپ ئورۇنلىرى ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭكىدىن
پەرق قىلىشى كېرەك ، دەپ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى مۇددەتكە ،
تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلىپ ، ئىشچىلار ئىچىدە
بىرلەشمە ئىسيان كۆتۈرۈش تەشكىللىرىنى قۇرۇشنى ۋە ئورۇنلار ئارا
ئالاقە باغلاشنى قوللىمايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈپ ، تەدبىر قوللىنىپ ،
ئىـنقىلاب بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبدان بىر تەرەپ قىـ
لىـشنى تەلەپ قىلدى . بۇ سۆھبەت يىغىنى 20 كۈن ئېچىلدى . كۆپچىـ
لىـك مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى تۈزۈپ چىققان ، سانا ـ
ئەت ـ قـاتناش كارخانىلىرىدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئومۇمـ
يۈزلۈك ئېلىپ بېرىشنى تەشەببۇس قىلغان يولىيورۇق لايىھىسىنى « پىپەن
قىلىپ ، ھېچبىر ئاساسسىز نەرسىگە ئايلاندۇرۇپ قويدى » . بۇ « مەدەـ
نىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ كۆلىمىنى چەكلەشكە قارىتا قىلىنغان بىر
قېتىملىق كۈرەش ئىدى .

4 ـ دېكابىردىن 6 ـ دېكابىرغىچە ، لىن بياۋنىڭ رىياسەتچىلىكىدە
سىياسىي بيۇرونىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى ، يىغىن گۇمۇنىڭ
سانائەت ـ قاتناش سۆھبەت يىغىنى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلىدى ،
يەنە مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى تۈزگەن ، سانائەت ـ
قـاتناش كارخانىلىرىدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئومۇميۈزلۈك قاـ
نات يايدۇرۇش تەشەببۇس قىلىنغان « ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچىقىـ
رىشنى ئىـلـگـىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئون بەلگىلىمە » ( قىسقارـ
تـىپ « سانائەت ئون ماددىسى » دېيىلدى ) مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانـ
ماقچى ئىدى . سانائەت ـ قاتناش سۆھبەت يىغىنىدىكى كۆپ ساندىكى
يـولداشلارنىڭ توغرا تەشەببۇسى ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىـ
لەرنىڭ ئورۇنسىز ئەيىبلىشىگە ئۇچرىدى .

يـىغىندا جـيـاڭ چـىڭ سانائەت ـ قاتناش سېپىدىكى رەھبەرـ
لەرنى « ھېچقانداق پرولېتارىيات ھېسسىياتى يوق ، ئىشچىلارغا نەچچە يۈز
جـىڭلىق ئېغىر تاشنى ئارتىپ قويغان ، سېپى ئۆزىدىن ئەكسىلئىنقىلابىي

www.uyghurkitap.com

ھەرىكەت . شيۇجېڭجۇينىڭ ئاشۇ بىر يۈرۈش نەرسىلىرى بىلەن شۇ-
غۇللىنىپ كەلگەن ، مېنىڭچە مۇشۇ ئىنقىلابتا بىر تەرەپ قىلمىساق ، ئامال
يوق » دەپ ئەيىبلىدى . كاڭ شېڭ قارىغۇلارچىلا : « زاۋۇتلاردىكى مە-
سىلە مەكتەپلەرنىڭكىدىن ئاز بولۇشى ناتايىن » ، « ھازىرقى زاۋۇتلار
بۇرژۇئازىيە بولمىغان بۇرژۇئازىيىچە زاۋۇتلار » دېدى . جاڭ چۈنچياۋ
سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرگەن « دوكلات تېزىسى »
نى « بىر قىسىم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ كەيپىياتىنى
ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىپتۇ » ، « زاۋۇتلاردىكى ئىككى يول كۈرىشىنى
كۆرگىلى بولمايدۇ » دەپ ھۇجۇم قىلدى . لىن بياۋ خۇلاسە سۆزىدە :
« بۇ قېتىمقى سانائەت ـ قاتناش يىغىنى 20 كۈن ئېچىلىپتۇ ، ئەمما
ياخشى ئېچىلمىغان ، خاتا ، ئىدىيىسى توغرا ئەمەس »، « ليۇ شاۋچى ،
دېڭ شياۋپىڭنىڭ 50 كۈنلۈك مەسىلىسى ئەمەس ، ئون يىللىق ، 20 يىل-
لىق مەسىلىسى بار ، سانائەت ـ قاتناش سىستېمىسى ليۇ شاۋچى ، دېڭ
شياۋپىڭنىڭ تەسىرىگە كۈچلۈك ئۇچرىغان » دەپ ، سانائەت ـ قاتناش
سىستېمىسى « 180 گرادۇسلۇق چوڭ بۇرۇلۇش قىلىشى ھازىر تولىمۇ
زۆرۈر » دەپ قاتتىق بۇيرۇق قىلدى . يىغىننىڭ ئاخىرقى كۈنىدە ، مەر-
كىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكى ۋاڭ لى قاتارلىقلار تاۋ جۇغا
تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، تاۋ جۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى
قوغداش توغرىسىدىكى تەشەببۇسى « ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئىنقىلابنى
باسقانلىق » دەپ ئەيىبلىدى . بۇ تاۋجۇ بىلەن جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ
نۇرغۇن مەسىلىلەردىكى پىكىر ئىختىلاپىنىڭ بىر قېتىملىق ئاشكارىلىنىشى
ئىدى . يىغىن مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى تۈزگەن « سا-
نائەت 10 ماددىسى » نى ماقۇللىدى . بۇ ھۆججەت 9 ـ دېكابىر پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ھۆججىتى نامى بىلەن تارقىتىلىپ ، مەركىزىي كو-
مىتېتنىڭ بۇرۇنقى ئورۇنلاشتۇرۇشىنى ئۆزگەرتىپ ، سانائەت ـ قاتناش
كارخانىلىرىدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئومۇميۈزلۈك قانات يايـ
دۇردى . ھۆججەتتە گەرچە « سەككىز سائەتلىك ئىش تۈزۈمىنى قەتئىي
داۋاملاشتۇرۇش كېرەك » ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئىشتىن

سىرتقى ۋاقىتلاردا ئېلىپ بېرىش كېرەك ، دېيىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىشچىلار « ئىنقىلابىي ئالاقە باغلاش » ئېلىپ بارسا بولىدۇ ، « شۇ شەھەردىكى مەكتەپلەرگە ۋەكىل ئەۋەتىپ ئىنقىلابىي ئالاقە باغلىسا » بولىدۇ ، ئوقۇغۇچىلارمۇ زاۋۇت ـ كانلارغا بېرىپ « ئىنقىلابىي ئالاقە » باغلىسا بولىدۇ . ئىشچىلاردا « ئىنقىلابىي تەشكىلاتلارنى قۇرۇش هوقۇقى بار » دېگەنلەر بەلگىلەنگەنىدى . شۇنىڭ بىلەن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » تېزلىك بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى سانائەت ـ قاتناش ، مالىيە ، سودا تارماقلىرىغىچە كېڭەيدى ھەمدە ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر بىلەن بىرلەشتى . بۇ ھال نورمال ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپىنى تەسىرگە ئۇچرىتىپ ۋە بۇزۇپ ، سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ئومۇمىيۈزلۈك قالايمىقانلىشىش گىردابىغا بېرىپ قالدى .

شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » تېزلىك بىلەن يېزىلارغا كېڭەيدى . 15 ـ دېكابىر پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « يېزىلارنىڭ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى يوليورۇق » ( قىسقارتىلىپ « يېزا ئون ماددىسى » دېيىلىدۇ ) نى تارقاتتى . ئۇنىڭدا : « تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتىنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا كىرگۈزۈش كېرەك » دەپ بەلگىلەندى ، شۇنىڭ بىلەن ئەسلىدىكى تۆتنى ئېنىقلاش ھەرىكىتىدە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك ، دېگەن ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆزگەرتىپ كەتتى . ئۇنىڭدا يەنە ، يېزىلاردا قىزىل قوغدىغۇچىلارنى تەشكىللەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك ، « تۆت چوڭ » نى قانات يايدۇرۇش ، كوممۇنىلار ، ئەترەتلەر ئارا ئالاقە باغلاشنى ئېلىپ بېرىش ، « بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى يېزىلارغا بېرىپ ئالاقە باغلاشقا تەشكىللىسىمۇ بولىدۇ » دېگەندەك بەلگىلىمىلەر بار ئىدى . بۇ ھۆججەتنىڭ يەتكۈزۈلۈشى بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەملىكىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا قانات يايدى .

### كادىرلارغا بولغان قاتتىق زەربە

« بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى پىپەن قىلىش » نىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۇچلۇك تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » تونۇ-
رىسىغا تەرەققىي قىلىپ ، سانائەت ـ قاتناش كارخانىلىرى ، مالىيە ـ
سودا تارماقلىرى ۋە يېزىلارغا كېڭەيدى . « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى
لۇشيەنىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتىدە ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتنىڭ
ئالدىنقى سېپىدە ئىشلەۋاتقان كادىرلار ئالدى بىلەن زەربىگە ئۇچرىدى ،
بىر تۈركۈم شۇنداق كادىرلار ئاغدۇرۇپ تاشلاندى .

لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر كادىرلارنى رەھىمسىز
كۈرەش قىلغان ، ئۇلارغا قاتتىق زەربە بەرگەن باش جىنايەتچى . شۇ
چاغدا پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاپ ، قاتتىق زىلزىلە پەيدا قىلغان بىرنەچچە
ئىش : ( 1 ) ئۇلارنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ، پايتەخت قىزىل قوغدىغۇ-
چىلار 3 ـ قوماندانلىق شتابى دېكابىردىن باشلاپ ، پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا نامايىش تەشكىللىدى ، پايتەخت ۋە باشقا
جايلاردا لوزۇنكا چاپلاپ ، ليۇشاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭنى يوقىتايلى دېگەن
شوئارلارنى توۋلىدى . ( 2 ) ئۇلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ۋاستىسىنى
قوللىنىپ ، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن
بۇيان ، جۇ ئېنلەيگە ياردەملىشىپ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك
خىزمەتلىرىنى قىلىۋاتقان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو-
سىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ، شۇجىچۇنىڭ دائىمىي شۇجىسى ، گو-
ۋۇيۇەنىنىڭ مۇئاۋىن باش زۇڭلىسى ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى
گۇرۇپپىسىنىڭ مەسلىھەتچىسى تاۋجۇنى « جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ بۇر-
ژۇئازىيە خانپەرەس ( باۋ خۇاڭپەي ) » ۋە « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
ئۇچىنچى نومۇرلۇق ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار » قىلىپ ئاغدۇرۇۋەتتى . تاۋجۇ
رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، 1969 ـ يىلى 30 ـ نويابىردا
ئەنخۇي ئۆلكىسى خېجى شەھىرىدە ۋاپات بولدى . ( 3 ) ئۇلار چى بېن-
يۈينى ئالدىغا چىقىپ ، قىزىل قوغدىغۇچىلارنى قۇترىتىپ ، « مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالدىدا غەربىي ـ جەنۇب ئۇچ لىنىيە قۇرۇلۇشىنىڭ
مۇئاۋىن باش قوماندانى بولغان مارشال پېڭ دېخۇەينى « ئەكسىلئىنقىلا-
بىي شيۇجېڭجۇيىچى » ، « چوڭ مىلىتارىست » دەپ تۆھمەت قىلىپ ،

چىڭدۇ شەھىرىدىن بېيجىڭغا باغلاپ ئېلىپ كېلىپ سولاپ قويدى. پېڭ دېخۇەي ئارقا ـ ئارقىدىن كۈرەش قىلىشلارغا، قىيناش، ئۇرۇشلارغا ئۇچرىغاچقا، قوۋۇرغىلىرى سۇنۇپ، ئۆپكىسى يارىلاندى. 1974 ـ يىلى 29 ـ نويابىردا ناھەقچىلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى.( 4 ) ئۇلار، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مارشال خې لۇڭنى « چوڭ قاراقچى »، « چوڭ قارا نىيەتچى »، ئاتالمىش « فېۋرال ھەربىي ئۆزگىرىش » ⑦ قىلماقچى بولغان « چوڭ سۇيىقەستچى » دەپ، قارا چاپلاپ، ئۇنىڭغا رەھىمسىزلەرچە زىيانكەشلىك قىلدى. جۇ ئېنلەي ئۇنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغدىغان بولسىمۇ، يەنىلا قۇتۇلدۇرۇپ قالالمىدى. ئۇ 1969 ـ يىل 9 ـ ئىيۇندا « ئايرىپ تەكشۈرۈش » جەريانىدا، ناھەقچىلىك ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار يەنە جۇدېغا چوڭ مىلىتارىست، دەپ تۆھمەت چاپلاپ، ئۇنى يوقىتىشنى تەلەپ قىلدى، ھەمدە قىزىل قوغدىغۇچىلارنى قۇترىتىپ، نۇرغۇن ئاتاقلىق دېموكراتىك زاتلارغا زەربە بەردى.

جۇ ئېنلەي ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئەھۋال ئاستىدىمۇ، ئامال قىلىپ ماۋ زېدۇڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، بىر قىسىم تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان كونا كادىر ۋە ئاتاقلىق دېموكراتىك زات، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى كۈچىنىڭ بارىچە قوغداپ قالدى، ⑧ لېكىن ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ كادىرلارغا بولغان زىيانكەشلىكلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ كېتەلمەيتتى.

## ئىزاھاتلار

① كېيىنكى بىر قېتىملىق سۆزىدە، ماۋ زېدۇڭ، ئۇخەننىڭ ماقالىسىنىڭ ئەجەللىك يېرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشتا دېگەنىدىم، بۇنى ماڭا كاڭ شېڭ ئېيتىپ بەرگەن، ئىجاد قىلىش ھوقۇقى كاڭ شېڭدا. « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە بۇنى كاڭ شېڭمۇ كۆپ قېتىم دېگەن. ئىجاد قىلىش ھوقۇقى كىمدە بولسۇن، ماۋ زېدۇڭ بۇ پىكىرگە قوشۇلغان ھەمدە « ئەڭ ئالىي

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

يولىيورۇق » قىلىپ تۆۋەنگە تارقاتقان ، زور تەسىر قوزغىغان ، بۇ شەك ـ شۈب-
ھىسىز ئىدى .

② « دېڭ شياۋ پىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ـ توم ، 670 ـ بەت .

③ « ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى » 5 ـ توم ، 720 ـ بەت .

④ جاڭ چىڭشيەن ئۆزگەرتىلگەن بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇ-
جىسى بولۇپ ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ قارارى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقلىشى
بىلەن بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى قىلىنىپ ئەۋە-
تىلگەن .

⑤ بۇ چوڭ خەتلىك گېزىت شۇنداق يېزىلغان : « ئىنقىلاب دېمەك ئىس-
يان كۆتۈرۈش دېمەكتۇر ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ جېنى ئىسيان كۆتۈرۈش » ،
« ئىسيان كۆتۈرمىگەنلەر يۈزدە يۈز شيۇجېڭجۇيى » ، « شيۇجېڭجۇيى مەكتەپلە-
رىمىزگە 17 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلدى ، ئەمدى قارشى تۇرمىساق ، قاچان قارشى
تۇرىمىز ؟ » « بىز ئىسيان كۆتۈرىدىكەنمىز ، ھەرگىز سىلەرگە قاراپ تۇرمايمىز !
بىز ئۇرۇش پۇرىقىنى كۈچلۈك قىلىمىز ، پارتلاتقۇچ تۇرۇبا ، گىراناتلارنى تەڭلا
ئاتىمىز ، بىر مەيدان چوڭ ئېلىشىش ، ئۆلتۈرۈش ـ قىرىش بولسۇن . ( ئادەم-
گەرچىلىك ) ، ( يۈز ـ ئابرۇي ) دېگەنلەر ئۇزۇنغا چىقسۇن ! » « بىز ئاشۇنداق
توقماقنى پۇلاڭلىتىپ ، كارامىتىمىزنى كۆرسىتىپ ، سېھرىي كۈچ ئىشلىتىپ ،
كونا دۇنيانى يەر بىلەن يەكسان قىلىپ ، ئەبجىقىنى چىقىرىۋېتىمىز ، تازا قالايمى-
قان قىلىۋېتىمىز ، قانچە قالايمىقان بولسا شۇنچە ياخشى ! »

⑥ جېن بودانىڭ 1966 ـ يىل ئۆكتەبىردە ماۋ زېدۇڭ ئاچقان مەركەز
خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى .

⑦ « فېۋرال ھەربىي ئۆزگىرىشى » دېگەن لىن بياۋ ، كاڭ شېڭلارنىڭ خې
لۇڭ ، پېڭ جېنلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىغۋا بولۇپ ، ئىش
مۇنداق بولغانىدى . 1966 ـ يىل فېۋرالدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ
يولىيورۇقىغا ئاساسەن ، بېيجىڭ ھەربىي رايونى بېيجىڭنىڭ قوغداش خىزمىتىنى
كۈچەيتىش ئۈچۈن سىرتتىن بىر پولك ئەسكەرنى يۆتكەپ كېلىدۇ . ئۇلارنىڭ
گازارمىسىنى تەييار قىلىپ بولالمىغاچقا ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، خەلق ئۇنىۋېر-
سىتېتى قاتارلىق جايلاردىن ياتاق ئىجارە ئالىدۇ ، ئەمەلىيەتتە كېيىن ئۇ يەرلەردە
تۇرمايدۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن كېيىن ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسى-
تېتىدىكى بىر ئىنتىپاق كادىرلىرى بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ ، « ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك
فېۋرال ھەربىي ئۆزگىرىشى » دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتنى يازىدۇ . كېيىن بۇنى
باشقىلار كۆچۈرۈپ ناھايىتى زور تەسىر پەيدا قىلىدۇ . بۇ ئىشنى كاڭ شېڭ تۇتۇ-

ۋېلىپ، 27 ـ ئىيۇلدا بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدا سۆزلىگەن سۆزىدە: « بېيجىڭ شەھىرىدە پېكىڭ جېن دېگەن بۇ چوڭ خىباڭ ( قارا گۇرۇھ ) سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنى پىلانلىغان . . . بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، خەلق ئۇنىۋېرسىتېتى ھەربىي مەكتەپتە بىر باتالىيون ئەسكەر تۇرغۇزۇشنى پىلانلىغان. بۇ ھەقىقەتەن راست بولغان ئىش . . . بۇ ئىشتا ناھايىتى زور سۇيىقەست بار » دەپ، ئاممىنى قۇتراتماقچى بولغان. كېيىن كاڭ شېڭ يەنە: « خې لۇڭ ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ ئەسكەر يۆتكەپ، فېۋرال ھەربىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بولغان » دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان. لىن بياۋمۇ بۇ ئىشتىن بەك پايدىلانغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1980 ـ يىلى خې لۇڭنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەندە، ئېنىق قىلىپ: « فېۋرال ھەربىي ئۆزگىرىش » دېگەن پۈتۈنلەي ئىغۋا، دەپ كۆرسەتتى.

⑧ 1966 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇستتا، جۇئېنلەي تۈزۈپ چىققان ھەم ماۋ زېدۇڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغان قوغداپ قالىدىغان كادىرلارنىڭ ئىسىملىكىدە، سۇڭ چىڭلىڭ، گومورو، جاڭ شىجاۋ، چېڭ چيەن، خې شياڭنىڭ، فۇزويى، جاڭ جىجۇڭ، شاۋ لىزى، جياڭ گۇاڭنەي، سەي تىڭكەي، شا چيەنلى، جاڭ شىرۇلار بار ئىدى. ( 1 ) مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن كومىتېت باشلىقلىرى: خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى، دۆلەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ( 2 ) مىنىستىر، مۇئاۋىن مىنىستىرلار، ( 3 ) سىياسىي كېڭەش مۇئاۋىن رەئىسلىرى، ( 4 ) گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىرى، ( 5 ) ھەرقايسى دېموكراتىك پارتىيە ـ گۇرۇھلارنىڭ مەسئۇللىرى، ( 6 ) ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىرى، لى زۇڭرېن بار ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۈچىنچى باب

## ئومۇميۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىشنى ئالاھىدىلىك قىلغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يۇقىرى دولقۇنى

نەچچە ئايلىق « باش شتابنى توپقا تۇتۇش » ۋە « بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەننى ئۈزۈل ـ كېسىل پىپەن قىلىش » ، ئەسەبىيلەرچە ئاممىۋى ھەرىكەتنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ، « كۆيدۈرۈشى » ، « توپ ئوقى بىلەن گۇمران قىلىۋېتىشى » ، پاچاقلاپ تاشلىشى ، يوقىتىشى بىلەن ، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق ، كومىتېتلىرى ۋە ئۆلكە ، شەھەر ، ناھىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى . ھەر دەرىجىلىك مەسئۇللار تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى ، سولاندى ، خىزمەت قىلالمىدى . ئورگاننىڭ خىزمىتىنى ئىشلەيدىغان ئادەم بولمىدى ، كۈندىلىك خىزمەت ، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى گۇمران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى . بۇنداق ھۆكۈمەتسىزلىك قالايمىقان ھالەتنى ئۇزاق ۋاقىت داۋاملاشتۇرۇشقا بولمايتتى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ھالقىلىق پەيتكە كېلىپ قالغانىدى .

بۇ خىل ئەھۋالنى ماۋ زېدۇڭ سەزدى . 1966 ـ يىل 25 ـ دېكابىردىكى بىر قېتىملىق باش قوشۇش يىغىنىدا ، ماۋ زېدۇڭ ، 1967 ـ يىل « مەملىكەت بويىچە سىنىپىي كۈرەش ئومۇميۈزلۈك قانات يايغان بىر يىل بولىدۇ » دەپ پەرەز قىلدى . بۇ دېمەك ، ماۋ زېدۇڭ سىنىپىي كۈرەش

فاكجىنىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ، ھازىرقى قىين ئەھۋالنى ھەل قىلالماقچى بولۇۋېتىپتۇ ، دېگەنلىك ئىدى . ئۇ يەنە : « شاڭخەينىڭ ۋەزىيىتىدە ئۈمىد بار » دېدى ، ئۇنىڭ شاڭخەينىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە قىينچىلىقنى يېڭىشتە ئۈلگە بولۇشىنى ئۈمىد قىلغۇاتقانلىقىنى بىلدۈرەتتى .

1967 ــ يىلى 1 ــ يانۋاردا « خەلق گېزىتى » ، « قىزىل بايراق » ژۇرنىلى « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارايلى » دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ ئوي ـ پىكرى بويىچە ، باش ماقالە « 1967 ــ يىل پۈتۈن مەملىكەتتە سىنىپىي كۈرەش ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايغان بىر يىل بولىدۇ » دەپ جا- كارلاپ ، « پارتىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھو- قۇقدارلارغا ۋە جەمئىيەتتىكى جىن ــ شەيتانلارغا ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاش » توغرىسىدا چاقىرىق قىلدى . باش ماقالىدە « ھوقۇق تارتىۋې- لىش » دېگەن سۆز ئىشلىتىلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ماقالىنىڭ مەزمۇنى- دىن قارىغاندا ، « ئومۇمىي ھۇجۇم » دېگەننىڭ ماھىيىتى دەل « ھوقۇق تارتىۋېلىش » دېگەنلىك ئىدى .

« 16 ــ ماي ئۇقتۇرۇشى » دا ، پارتىيىگە ، ھۆكۈمەتكە ، ئارمىيىگە ۋە مەدەنىيەت ساھەسىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان بۇرژۇئازىيە ۋەكىللىرىنى تازىلاش ، « شۇ ساھەلەرنىڭ رەھبەرلىك ھو- قۇقىنى تارتىۋېلىش » نى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . « 16 ماددا » دا يەنە بىر قېتىم ئېنىق قىلىپ : « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى ئېلىپ تاشلاپ ئالماشتۇرۇش ، ئۇ يەرلەردىكى رەھبەرلىك ھوقۇقىنى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك » دەپ كۆرسەتكەنىدى . شۇڭا ، ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ئىدى . « ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاش » نى چاقى- رىق قىلغان يېڭى يىل باش ماقالىسى ، ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن چىقارغان قوزغىتىش بۇيرۇقى ئىكەنلىكىدە گەپ يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر بىۋاستە قوماندانلىق قىلغان شاڭخەينىڭ ئاتالمىش « يانۋار ئىنقىلابى »، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىسيانچىلارغا ئۇ-مۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش جەھەتتە بىر ئۈلگە كۆرسىتىپ بەردى .

## 1 . « شاڭخەي يانۋار ئىنقىلابى » ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە قانات يېيىشى

**ئىشچىلار باش شتابى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە قېتىملىق ئېغىر ۋەقەلەر**

شاڭخەي سىياسىي ، ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇھىم ئورۇندا تۇر-غاچقا ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر شاڭخەينىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى . جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ بۇرۇن نېي يۈەنزى قاتارلىق ئادەملەرنى شاڭخەيدىكى ياشلارنى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنى « توپ ئوقى بىلەن گۇمران قىلىۋې-تىش » كە قۇترىتىشقا ئەۋەتكەن ، لېكىن بۇ مەقسەتكە يېتەلمىگەنىدى . 1966 ـ يىل 9 ـ نويابىردا پايتەخت قىزىل قوغدىغۇچىلار ئۈچىنچى قو-ماندانلىق شتابى شاڭخەيدە تۇرۇشلۇق ئالاقىلىشىش ئورنى قاتارلىق ئىس-يانچىلارنىڭ قوللىشى بىلەن ، شاڭخەي دۆلەت ئىگىلىكىدىكى 17 ـ پاختا توقۇمىچىلىق فابرىكىسى قوغداش بۆلۈمىنىڭ كادىرى ۋاڭ خۇڭۋېن قا-تارلىقلار باش بولغان « شاڭخەي ئىشچىلار ئىنقىلابى ئىسيان كۆتۈرۈش باش شتابى » ( قىسقارتىپ « ئىشچىلار باش شتابى » دېيىلىدۇ ) قۇ-رۇلدى . ئۇلار قۇرۇلۇش خىتابنامىسىدە « بىز ھوقۇقنى تارتىۋالىمىز » دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى . يىغىندىن كېيىن نامايىش بولدى ، ئۇلار شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئالدىغا كېلىپ ، ئۆزلىرىنى « ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتى » دەپ ئېتىراپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇلار شەھەرلىك پارتكومنىڭ رەت قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن ، بېيجىڭغا ئەرز قىلغىلى بارىمىز ، دېگەننى باھانە قىلىپ ، پويىزغا يولسىزلارچە چىقىۋالغان ، ئۇلار چىققان پويىز شاڭخەي شەھەر ئەتراپىدىكى ئەنتىڭ پويىز ئىستانسىسىدا توسۇۋېلىنغان . ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ قوماندانلىقىدا ئىشچىلار رېلىستا يېتىۋې-

لىپ ، تۆمۈريول قاتنىشىنى 30 سائەتتىن ئارتۇق توختىتىپ قويغان . بۇ بىر مەھەل زىلزىلىگە سالغان « ئەنتىك ۋەقەسى » ئىدى .
ئەنتىك ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن ، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم بۇنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلدى . شۇ چاغدىكى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى چېن بودا تېلېفون بېرىپ ، پارتىيە شەرقىي جۇڭگو بيۇروسى ۋە شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنى مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئىشچىلارنىڭ ساھە ھالقىپ تەشكىلات قۇرۇشىغا يول قويماسلىق بەلگىلىمىسىدە چىڭ تۇرۇشنى ، ئىشچىلار باش شتابىنى ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ قانۇنلۇق تەشكىلاتى دەپ ئېتىراپ قىلماسلىقنى ئېيتقان . جاڭ چۈنچياۋ شۇ چاغدا چېن بودانىڭ پىكرىگە قوشۇلغان . شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم بۇ يوليورۇققا ئاساسەن ، ئىشچىلار باش شتابىنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىش بىلەن بىللە ، ئەنئەنىگە كىيىم ـ كېچەك ، يېمەكلىك ئايرىپ بېرىپ ، ئىشچىلارنى زاۋۇتقا قايتىپ كېتىپ ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدا ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلىگەن . ۋەقەنى ئەسلى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەيلا ھەل قىلىغىلى بولاتتى . لېكىن ، 12 ـ نويابىر كۈنى جاڭ چۈنچياۋ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئايروپىلان بىلەن شاڭخەيگە كەلگەندىن كېيىن ، ئەھۋالدا تۇيۇقسىزدىن ئۆزگىرىش بولدى . ئۇ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ بەش تۈرلۈك شەرتىگە قوشۇلۇپ ئىمزا قويدى . ① ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىقلار چىقارغان ۋەقەنى « ئىنقىلابىي ھەرىكەت » دەپ ئېتىراپ قىلدى ھەمدە شاڭخەي شەھىرىنىڭ باشلىقىنى خاتالىقنى ئاشكارا تەكشۈرىدۇ ، دېدى . جاڭ چۈنچياۋنىڭ بۇ ئىشى ، بىر ئۇقتىنا ئۈچ پاختەكنى يىقىتقانلىق بولدى ، يەنە بىرى ، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومغا بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى جاھىللىق بىلەن يۈرگۈزۈپ ، ئاممىنى باستۇرغان ، دېگەن گۇناھنى ئارتتى ؛ ئىككىنچىسى ، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومغا قارشى تۇرغان كۈچلەرنى قوللاپ يۆلىدى ، شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلار باش شتابى شاڭخەينى قالايمىقانلاش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرىدىغان ئاساسىي كۈچ بولۇپ قالدى؛ ئۇچىنچىسى، ۋاڭ خۇڭۋېن باشچىلىقىدىكى بىر تۈركۈم تەرەپبازلىق كۈچلىرىنى ئۆز ئەتراپىغا يىغدى.

ئىشچىلار باش شتابىنىڭ قۇرۇلۇشى، بىر يامان باشلىنىش بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن شاڭخەيدە قىزىل قوغدىغۇچىلاردىن باشقا ھەرخىل ھەر نامدىكى ئامموۋى تەشكىلاتلار قۇرۇلدى. بۇ تەشكىلاتلار تارتىپ چىقىرىپ كۆرەش قىلىش، ئۆي ئاختۇرۇش، نامايىش قىلىش، يىغىلىش قىلىش، جازالاش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇش قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللاندى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرى ئومۇمەن زەربە يەپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، شۇنىڭ بىلەن شاڭخەينىڭ ۋەزىيىتى يەنىمۇ يامانلاپ كەتتى. دېكابىرنىڭ باشلىرىدا ئازادلىق گېزىتى ئىدارىسىنى سەككىز كېچە ـ كۈندۈز قورشىۋېلىش ۋەقەسى② يۈز بەردى. 30 ـ دېكابىردا جاڭ چۈنچياۋنىڭ قوللىشى بىلەن ۋاڭ خۇڭۋېن نەچچە ئون مىڭ ئادەم قاتناشقان ئەلەم كۆرۈشى پەيدا قىلىپ، قان تۆكۈش ۋەقەسى (« كاڭپىڭلۇ كوچىسى ۋەقەسى ③ ») بولدى. بۇ ئەلەم كۆرۈشتە يەنە بىر تەرەپتىكى ئەڭ چوڭ ئىشچىلار تەشكىلاتى قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەتنى يوق قىلىۋەتتى. ئەلەم كۆرۈشى بولغان ئورۇن شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسى تۇرۇشلۇق ئورۇن بولغاچقا، بۇ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن، جاڭ چۈنچياۋ كۆرەڭلىگەن ھالدا: « بىز تېلېفوندا ئىسيانچىلارنى دەرھال جەڭگە قاتنىشىڭلار دېدۇق، بۇ قېتىمقى ئېلىشىش بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بۇ ئۇرۇش بىلەن شەھەرلىك پارتكوم پالاچ بولۇپ قالدى، ئاغدۇرۇلدى، گەپ قىلسا گېپى ئۆتمەس بولۇپ قالدى » دېدى. كاڭپىڭلۇ كوچىسى ۋەقەسى كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرۈشىنىڭ باشلىنىشى بولدى. كەينى ـ كەينىدىن يۈز بەرگەن ئېغىر ۋەقەلەر، شاڭخەينىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

**جاڭ چۈنچاۋ ، ياۋ ۋېنيۈەننىڭ شاڭخەيگە كېلىپ ، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قوماندانلىق قىلىشى**

شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ پالەچ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى ۋە جەمئىيەت تەرتىپىنىڭ ئېغىر قالايمىقانلىشىشىغا قاراپ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ شەرتلىرى تەييار بوپتۇ ، دېگەن تونۇشقا كەلدى ، جاڭ چۈنچياۋنىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا ، « شاپتۇل پىشقانىدى » . شۇنىڭ بىلەن ، 1967 ـ يىل 4 ـ يانۋاردا جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرگۈچىسى » دېگەن نام بىلەن شاڭخەيگە كېلىپ ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنى پىلانلىدى . شۇ كۈنى ، شاڭخەي « نۇر گېزىتى » دىكى ئىسيانچىلار گېزىتخانىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى ۋە ھوقۇق تارتىۋېلىش خىتابنامىسىنى ئېلان قىلدى . ئەتىسى ، « ئازادلىق گېزىتى » دىكى ئىسيانچىلار ھوقۇق تارتىۋېلىپ ، بۇ گېزىتنىڭ ئەمدى شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا بايانات ئېلان قىلدى . 5 ـ يانۋاردا ، جاڭ چۈنچياۋ ئىشچىلار باش شتابىنىڭ كاتتىۋاشلىرىغا : « نۆۋەتتىكى تۈپكى مەسىلە ، رەھبەرلىك ھوقۇقىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش ، ئىنقىلابىي ئىسيانچىلارنىڭ مۇھىم ئورۇنلارنى كونترول قىلىۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن » دېدى . 6 ـ يانۋاردا ، شاڭخەي ئىشچىلار باش شتابى باشچىلىقىدىكى 32 « ئىسيانچىلار » تەشكىلاتىنىڭ نامىدا « شەھەرلىك پارتكومنى يوقىتىش چوڭ يىغىنى » ئېچىلدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شەرقىي جۇڭگو بيۇروسى ، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى چېن پېيشيەن ، ساۋ خۇچيۇ ، ۋېي ۋېنبو قاتارلىقلار تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى ۋە پۈتۈن شەھەردىكى نەچچە يۈز ئىدارىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار تارتىپ چىقىرىلىپ ، كۈرەشكە ھەمراھ قىلىندى . بۇ چوڭ يىغىن ئۈچ تۈرلۈك ئومۇمىي بۇيرۇق چىقاردى : ساۋ خۇچيۇنى ئەمدى شاڭخەي شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى دەپ ئېتىراپ قىلماسلىق ؛ چېن پېيشيەنگە ئاتالمىش « ئەكسىلئىنقىلابىي

www.uyghurkitap.com

جىنايىتى » نى تاپشۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق قىلىش ؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش . بۇ چوڭ يىغىننىڭ شوئارلىرى ۋە سۆزلىرىنى جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر تەكشۈرۈپ بېكىتكەنىكەن .

بۇ چوڭ يىغىندىن كېيىن شەھەرلىك پارتكوم ، شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بارلىق ئورگانلىرىنىڭ خىزمىتى مەجبۇرىي توختىتىلدى . 8 ــ يانۋاردا جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەننىڭ قوماندانلىقىدا ، « شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق شتابى »قۇرۇلدى . بۇ پۈتۈن شەھەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى ئەمەلىي ئورگان ئىدى . بۇنى جاڭ چۇنچياۋ « ئىقتىسادىي سوۋېت » دەپ ئاتىدى . ئارقىدىن « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قوغداش كومىتېتى » قۇرۇلۇپ ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ، ئەدلىيە ئورگانلىرىنىڭ ئورنىنى ئالدى . ئۇلار يەنە « شاڭخەي شەھەرلىك ئىسيانچىلار تەشكىلاتى ئالاقىلىشىش پونكىتى » نى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورنىغا دەسسەتمەكچى بولدى . شۇنداق قىلىپ ، پۈتۈن شەھەرنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى ئەمەلىيەتتە جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن ، ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىقلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى . شاڭخەي شەھىرىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى تازا ئوڭۇشلۇقمۇ بولۇپ كەتمىدى . باشقا ئىسيانچى تەشكىلاتلار ئىشچىلار باش شتابىنىڭ جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەننىڭ قوللىشى بىلەن ھوقۇق تۇتۇشىغا رازى بولمىدى . 6 ــ يانۋاردىكى شەھەرلىك پارتكومنى يوقىتىش چوڭ يىغىنىدىن كېيىنكى بىر ئاي ئىچىدە ، باشقا تەشكىلاتلار تۆت قېتىم شەھەر مىقياسىدا ھوقۇق تارتىۋېلىشنى ئېلىپ باردى ، ئەمما بۇلار جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن ، غەزەپلەنگەن شاڭخەي شەھەرلىك قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىنقىلابىي كومىتېتى ( قىسقارتىلىپ « قىزىل ئىنقىلابىي كومىتېتى » دەپ ئاتىلىدۇ ) 28 ــ يانۋاردا « جاڭ چۇنچياۋنى توپقا تۇتۇش » پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى . مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ « ئالاھىدە جىددىي تې-

لىيگرامىسى » كېلىپ ، جاڭ چۇنچياۋنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنـ
لىكى ئۈچۈن ، ئۇلار رەھىمسىزلەرچە باستۇرۇلدى . بۇنداق گەپ ئاڭلىـ
مايدىغان تەشكىلاتلارنى يوقاتقاندىن كېيىن 5 ـ فېۋرالدا شاڭخەي خەلق
كوممۇنىسى ④ قۇرۇلدى . جاڭ چۇنچياۋ مۇدىر ، ياۋ ۋېنيۈەن ، ۋاڭ
خۇڭۋېن قاتارلىقلار مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
نىڭ ئېھتىياجىغا ماس كېلىدىغان يېڭى رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ شەـ
كىللەندى . مانا بۇ جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلارنىڭ پارىژ كوممۇنىسى بىلەن
تەڭلەشتۈرگەن ئىنقىلابى دەپ ماختىغان شاڭخەي « يانۋار ئىنقىلابى »
ئىدى .

## ماۋ زېدۇڭنىڭ شاڭخەيدىكى ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قوللىشى

شاڭخەينىڭ « يانۋار ئىنقىلابى » ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇقىملاشتۇرۇـ
شىغا ئېرىشتى . 8 ـ يانۋاردىكى بىر قېتىملىق يىغىندا ، ئۇ شاڭخەيـ
دىكى « ۋېنخۇي گېزىتى » ، « ئازادلىق گېزىتى » نىڭ ھوقۇق تارتىۋېـ
لىش مەسىلىسىنى سۆزلەۋېتىپ : « بۇ بىر سىنىپنىڭ يەنە بىر سىنىپنى
ئاغدۇرۇۋېتىشى ، بۇ بىر چوڭ ئىنقىلاب » ، « ئىككى گېزىتنىڭ ھوقۇق
تارتىۋالغانلىقى ، بۇ مەملىكەت خاراكتېرلىك مەسىلە . بىز ئۇلارنىڭ ئىسـ
يان كۆتۈرۈشىنى قوللىشىمىز كېرەك » ، « شاڭخەيدىكى ئىنقىلابىي
كۈچلەر كۆتۈرۈلۈپ چىقسىلا ، پۈتۈن مەملىكەتتىن ئۈمىد كۆتكىلى بوـ
لىدۇ . ئۇ پۈتۈن شەرقىي جۇڭگوغا ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى
ئۆلكە ، شەھەرلىرىگە تەسىر كۆرسەتمەي قالمايدۇ » دېگەنىدى . 10 ـ
يانۋاردا ، ماۋ زېدۇڭ يەنە بىر تەستىقىغا ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي
گۇرۇپپىسى « مەركىزىي كومىتېت ، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي
ئىشلار كومىتېتىغا ۋاكالىتەن شاڭخەيدىكى ھەرقايسى ئىنقىلابىي ئىسيانچى
تەشكىلاتلارغا بىر تەبرىك تېلېگراممىسىنى يېزىپ ، ئۇلارنىڭ فاڭجېن ،
ھەرىكىتىنىڭ توغرا بولغانلىقىنى ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە ، ھۆكۈـ
مەت ، ئارمىيە ، خەلق شاڭخەينىڭ تەجرىبىسىنى ئۆگىنىپ ، بىردەك ھەـ
رىكەتكە كېلىشىنى چاقىرىق قىلىش » نى تەلەپ قىلىپ يازدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ تەبرىك تېلېگراممىسى 11 ـ يانۋاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدا ئەۋەتىلدى. مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابىي گۇرۇپپىسىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىلەن بىر قاتاردا قويۇش، بۇ تۇنجى قېتىملىقى ئىدى. تەبرىك تېلېگراممىسىدا:

«سىلەر ئوتتۇرىغا قويغان فاكچېن ۋە سىلەر قوللانغان ھەرىكەت، پۈتۈنلەي توغرا».«سىلەرنىڭ بۇ ئىنقىلابىي ھەرىكىتىڭلار، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئەمگەكچى خەلق، بارلىق ئىنقىلابىي ئامما ئۈچۈن، بىر شانلىق ئۈلگە تىكلىدى» دەپ يېزىلغانىدى. مەركىزىي كومىتېتنىڭ نامى بىلەن بۇنداق مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ماختاشنىڭ بولغانلىقى، شاڭخەي «يانۋار ئىنقىلابى» نىڭ ئورنىنى زور دەرىجىدە كۆتۈرۈپ، ھوقۇق تارتىۋېلىش بوران ـ چاپقۇنىنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتىۋەتتى.

16 ـ يانۋاردا «خەلق گېزىتى» «قىزىل بايراق» ژۇرنىلى ئوبزورچىسىنىڭ «پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىرلىشىڭلار» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. بۇ ماقالە ئاتالمىش شاڭخەي تەجرىبىلىرىنى تېخىمۇ يىغىنچاقلاپ: «ئۇ تەجرىبىلەرنى بىر نوقتىغا يىغىنچاقلىغاندا، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىرلىشىپ، پارتىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇقنى تارتىۋېلىپ، شاڭخەي شەھىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھوقۇقىنى ئۆزىمىزنىڭ قولىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت». بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ «يېڭى ۋەزىيەتتە قوللانغان يەنە بىر ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى، بۇ تەدبىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى يېڭى بىر يۈكسىلىشكە ئىگە قىلىدۇ» دېدى. ماقالە شاڭخەي «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتى ئاستىدا، پارتىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىش تەجرىبىلىرىنى ياراتتى، ئۇلار بىزنى توغرا فاكچېن، سىياسەت، تەشكىلىي شە-

كىل ۋە كۈرەش ئۇسۇلى بىلەن تەمىنلىدى » دەپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيە ، خەلق ، ھەر ساھەگە شاخەي تەجرىبە-لىرىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىق چىقارغانىدى . 23 ـ يانۋار « خەلق گېزى-تى » يەنە « پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى بىرلىشىپ ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالايلى ! » دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلدى . باش ماقالىدە : « پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىسيانچىلىرى بىرلىشىپ ھوقۇق تارتىۋېلىشتەك ئۇلۇغ ئىنقىلابىي بوران ، ئۇلۇغ داھىي-مىز ماۋ جۇشىنىڭ ئۇلۇغ چاقىرىقى بىلەن تاغنى تالقان قىلىدىغان ، يەر ـ جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان كۈچ بىلەن پۈتۈن جۇڭگونى قاپلاپ ، دۇنيانى تىترەتمەكتە » ، « پرولېتارىيات ، مەدەنىيەت زور ئىن-قىلابى باشلىنىشىدىنلا بىر مەيدان ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى ئىدى » ، « ئىنقىلابىي ئاما ئۆز تەقدىرىگە ئۆزى ئىگە بولۇشى ، قانچە دېگەن بى-لەن تېگى ـ تەكتىدىن ئېيتقاندا ، تامغىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت ! ھوقۇق بولسا ، ھەممە بار بولىدۇ ؛ ھوقۇق بولمىسا ھەممە نەرسە يوقايدۇ . ئۇمۇ مۇھىم ، بۇمۇ مۇھىم ، ھەممىدىن ھوقۇق مۇھىم » ، شۇڭا ، « ھەقىقىي ئىنقىلابىي سولچىلارنىڭ كۆرىدىغىنى ھوقۇق تارتىۋېلىش ، ئويلايدىغىنى ھوقۇق تارتىۋېلىش ، قىلىدىغىنى يەنە ھوقۇق تارتى-ۋېلىش ! » ، « تۆۋەندىن ـ يۇقىرىغىچە ھوقۇق تارتىۋېلىش » ، « پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئومۇميۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك » دەپ چاقىرىق قىلىنغانىدى .

ئومۇميۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ، ماۋ زېدۇڭ بىرمۇنچە تەدبىرلەرنى تەستىقلىدى . 1967 ـ يىلى 13 ـ يانۋاردا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن « پرولېتا-رىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا جامائەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە » ( « جامائەت خەۋپسىز-لىكى ئالتە ماددا » ) نى ئېلان قىلدى . « بەلگىلىمە » دە ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىدىن « چوڭ ئېچىلىش ، چوڭ سايراش ، چوڭ خەتلىك گېزىت ، كەڭ مۇنازىرە ، ئالاقە باغلاشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىشىغا كاپالەتلىك قىلىش » ، « ئىنقىلابىي ئامما ۋە ئىنقىلابىي ئامما تەشكىلاتلىرىنى ، سولچىلارنى قوغداش » ، « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش » تەلەپ قىلىنغانىدى . ئۇنىڭدا ، « ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى ۋە ئۇنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى يولداش لىن بياۋغا ھۇجۇم قىلىپ ھاقارەتلىگەنلەرنىڭ ھەممىسى نەق ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت ، قاتتىق جازالىنىشى كېرەك » دەپ ئالاھىدە بەلگىلەنگەنىدى . بۇ بەلگىلىمىنى ئىجرا قىلىش جەريانىدا ، ئەمەلىيەتتە ، جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ ، چېن بودادەك بىرنەچچە ئاتالمىش پرولېتارىيات قوماندانلىق شتابىنىڭ ئەزالىرىغا نارازى بولغانلىق ، « پرولېتارىيات قوماندانلىق شتابىنى توپ ئوقىغا تۇتقانلىق » دەپ قارىلىپ ، ئۇنداقلارغا نەق ئەكسىلئىنقىلابچى دېگەن جىنايەت ئارتىلدى . بۇ خىل يۇقىرى بېسىملىق ۋاسىتىلەر ھەقىقەتەنمۇ مەلۇم دەرىجىدە كەڭ ئاممىنىڭ پۇت - قولىنى چۈشەپ ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ قارشىلىقىنى ئازايتتى ، شۇنداقلا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا نۇرغۇن ئۇۋال ئەنزە ، خاتا ئەنزىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى مۇھىم سەۋەب بولۇپ قالدى .

**خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بۇيرۇققا بىنائەن سولچىلارغا ياردەم بېرىشى**

23 - يانۋاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر تەستىقىغا ئاساسەن « خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ئىنقىلابىي سولچىلارغا قەتئىي ياردەم بېرىشى توغرىسىدىكى قارار » نى ئېلان قىلدى . بۇ ھۆججەت « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغان چاغدىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى يەرلىكنىڭ ھەرىكىتىگە ئارىلاشماسلىق توغرىسىدىكى بەلگىلىمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى . « قارار » دا ، « ماۋ جۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى يېڭى بىر باسقۇچنى باشلىدى . بۇ يېڭى باسقۇچنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى ، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى چوڭ بىرلىشىپ ، پارتىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ۋە بۇرژۇئازىيە ئەكسى-

يەتچى لۇشيەنىدە چىك تۇرغان جاھىل ئۇنسۇرلارنىڭ قولىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشتىن ئىبارەت . » « پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىدىن ھوقۇق تارتىۋالىدىغان بۇ ئۇلۇغ كۈرەشتە ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قەتئىي ھالدا پىرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى تەرەپتە تۇرۇشى ، پرولېتارىيات ئىنقىلابى سولچىلارنى قەتئىي قوللاپ ، ياردەم بېرىشى كېرەك » دەپ يېزىلغانىدى . شۇڭا ، ھەربىي قىسىملاردىن كەڭ ئىنقىلابىي سولچىلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاش كېرەك . ھەقىقىي پرولېتارىيات سولچىلىرى ھەربىي قىسىملاردىن ياردەم تەلەپ قىلىدىغانلا بولسا ، ھەربىي قىسىملار ئادەم چىقىرىپ ئۇلارنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللىشى كېرەك ، دەپ تەلەپ قىلىنغانىدى .

ئازادلىق ئارمىيە شۇ چاغدىكى مەملىكەت بويىچە بىردىنبىر تەشكىلىي سىستېمىسىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە كۈچلۈك جەڭگىۋار كۈچ بولۇپلا قالماي ، يەنە جۇڭگو ئىنقىلابى قوراللىق كۈرەشكە تايىنىپ غەلىبە قىلغاچقا ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ھەر مىللەت خەلقى ئىچىدە زور ئىناۋەتكە ئىگە بولۇپ ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ھەرىكەتكە قاتنىشىشى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتمەي قالمايتتى . ھەربىي قىسىمنىڭ ياردەم بېرىشى ، كۆپ ھاللاردا ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ غەلىبە قىلىش ـ قىلالماسلىقىدىكى ھەل قىلغۇچ ئامىل . بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ سولچىلارغا ياردەم بېرىشى ، سىياسىي جەھەتتە بولۇپ ، ھەربىي جەھەتتە ئەمەس ئىدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىيەتنىڭ ئېھتىياجىغا ئەگىشىپ ، ھەربىي قىسىملارغا يەنە يېڭى ۋەزىپە ئارتىلدى . 19 ـ فېۋرالدا ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭ گارنىزونىنىڭ ئىككى دوكلاتىغا ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ۋە پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ، ھەربىي ئورگانلىرىدا ھەربىي مەشىق ئېلىپ بېرىش توغرىسىدا تەستىق يازدى . ئۇ ئالىي ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ۋە ئورگان كادىرلىرىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۆستۈرۈپ ، تەشكىلىي ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسىنى ھەربىي قىسىملارغا تاپشۇرغانىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نۇرغۇن جايلاردىكى ئىسيانچىلار ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن ، ئىقتىسادىي خىزمەتلەرنى باشقۇرالماسلىق ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا مەسىلە كۆپ بولۇشتەك ئەھۋالغا قاراپ ، ھەربىي قىسىمغا يەنە بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىنى يۈكلىدى . 3 ـ مارتتا ماۋ زېدۇڭ « ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ تېلېگراممىسى » غا : « ھەربىي قىسىملار يەرلىككە ھەمكارلىشىپ ، يېزا ئىگىلىكىنى باشقۇرۇپلا قالماي ، سانائەتنىمۇ باشقۇرۇشى كېرەك » دەپ تەستىق سالدى . رەھبەرلىكى كاردىن چىققان ، لېكىن يەرلىككە ئوخشاش ھوقۇق تارتىۋېلىشقا بولمايدىغان مەركەزدىكى ئورگانلار ۋە رادىئو ئىستانسىسى ، مەخپىي ئىشلار ، ئارخىپ ، ئاشلىق ئامبىرى ، خەزىنە ، تۈرمە قاتارلىق ئورۇنلارغا ھەربىي قىسىملاردىن كادىر ئەۋەتىپ رەھبەرلىك قىلغۇزۇشقا توغرا كەلدى . شۇنىڭ بىلەن ، 28 ـ مايدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى گوۋۇيۈەننىڭ بەزى مىنىستىرلىقلىرى ، كومىتېتلىرىغا قارىتا ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يۈرگۈزۈش توغرىسىدا قارار چىقاردى . شۇنىڭ بىلەن ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ ۋەزىپىسى شۇ چاغلاردا « ئۈچ ياردەم ، ئىككى ھەربىي » دەپ ئاتالدى ( سولچىلارغا ياردەم بېرىش ، سانائەتكە ياردەم بېرىش ، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىش ، ھەربىي ئىدارە قىلىش ، ھەربىي مەشىق ) .

بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئازادلىق ئارمىيە 2 مىليون 800 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم چىقاردى . ئۇلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىنتايىن قىيىن ئەھۋال ئاستىدا ، ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى ، بۇ خىزمەتلەر بىلەن جىددىيلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەتنى پەسەيتىپ ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلىدى ، بىر قىسىم كادىرلارنى قوغداپ قالدى ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىكىدىكى ۋە خەلقنىڭ ھاياتى ، مال ـ مۈلكىگە كەلگەن زىياننى ئازايتتى . لېكىن ، ھەربىي قىسىملارغا بۇ ۋەزىپىلەرنى بېرىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە يېتەكچى ئىدىيىسى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىدى .

« ئۈچ ياردەم ئىككى ھەربىي » نىڭ يادروسى سولچىلارنى

قوللاش ئىدى. لېكىن، ئارمىيە بۇيرۇققا بىنائەن ياردەم قىلماقچى بولغان «ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابى سولچىلىرى» دەل ئاشۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل لۇشيەننى ئەڭ ئاكتىپ، ئەڭ قەتئىي ئىجرا قىلغان ئادەملەر ئىدى. سولچىلارغا ياردەم بېرىش دېمەك بىر تەرەپكە ياردەم بېرىش دېگەنلىك ئىدى. گەرچە شۇ چاغلاردا «بىر چىنە سۇنى تەكشى كۆتۈرۈش» كېرەك دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنى ئورۇنلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا شەكىللەنگەن ئىككى تەرەپنىڭ مەيلى قايسى تەرەپ بولسۇن، ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ھەممىسى خاتا ئىش قىلغانلار، ھەممىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە تارىخىي شارائىتنىڭ مەھسۇلى، خاتا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار ئىدى. ئۇلاردا بەزى كونكرېتنى ئىختىلاپلار بولسىمۇ، لېكىن خاراكتېر جەھەتتە ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

ھەربىي مەشىق، ھەربىي ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى شۇ چاغدىكى شارائىتتا سولچىل بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى قوللاشتا، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كوماندىر — جەڭچىلىرى ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، لېكىن كۆپىنچىسى شۇ يەردىكى ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغان «سولچىلار» نى قوللاش بولدى، شۇلار ئارقىلىق سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى تۇتۇپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى، تۇرمۇشنى قوغدىدى.

شۇڭا، ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي ئومۇمىي جەھەتتىن ئالغاندا «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتى ئاستىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى» نى يېتەكچى قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ بىر يۈرۈش چېكىدىن ئاشقان سولچىل فاڭجېن، لۇشيەن، سىياسەت ۋە ئۇسۇلى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ، خېلى كۆپ خاتا نەرسىلەرنى ئىجرا قىلدى. بولۇپمۇ لىن بياۋ، جياڭ چىڭدەك قارا نىيەتچى، سۇيىقەستچىلەرنىڭ قول تىقىشى، ئارىلىشىشى، بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن،

ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي خىزمىتىدە نۇرغۇنلىغان كەمچىلىك، خاتالىقلار كۆرۈلۈپ، بەزى ئېغىر، سەلبىي ئاقىۋەتلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئارمىيە بىلەن يەرلىك ئوتتۇرىسىدا، ئارمىيىنىڭ ئىچكى قىسمىدا بەزى كېلىشمەسلىكلەرنى پەيدا قىلىپ، ئارمىيىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدىيە، ئىستىل ۋە تەشكىلىي قۇرۇلۇشىغا تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلق قوشۇنىنىڭ كەڭ ئامما ئىچىدىكى ئىناۋىتىنى بۇزدى. ئۈچ ياردەم، ئىككى ھەربىي ئارقىلىق، ئارمىيە يەرلىكنىڭ خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك قاتنىشىپ، يەرلىكتىكى تەرەپبازلىق كۈرىشىگە بىۋاسىتە ئارىلىشىپ قالدى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ يامان خاراكتېردە تەرەققىي قىلىشىنى بىر مەزگىل كۈچەيتتى، نەتىجىدە، يەرلىكمۇ، ئارمىيىمۇ ئوخشاشلا زىيان تارتتى. 1967 ـ يىلى يانۋاردىكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ سولچىلارغا ياردەم بېرىشى، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۈرۈش، بىرنەچچە ئۆلكىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىدا مۇھىم، ھەتتا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى.

### ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلىنىشى

شاڭخەي «يانۋار ئىنقىلابى» نىڭ يېتەكلىشى، بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرۈشى ۋە بىر يۈرۈش ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئاكتىپ ياردەم قىلىشى بىلەن، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئىسيانچىلار تەرەپ ـ تەرەپتىن قوزغىلىپ كەتتى، ھوقۇق تارتىۋېلىش پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندى.

ئەڭ بۇرۇن ھەرىكەتلىنىپ ھوقۇق تارتىۋالغان ئۆلكە شەنشى بولدى. 8 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، شەنشى ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ بىرى بولغان ليۇ گېيىڭ بېيجىڭدا كاڭ شېڭنىڭ يوليورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، شۇ كېچىدىلا تەييۇەن شەھىرىگە قايتىپ كېتىپ، «شەنشى ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي ئىسيانچىلار باش شتابى» نى قۇرغان. 1967 ـ يىل 12 ـ يانۋاردا بىرىنچى نومۇرلۇق ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشنى ئېلان قىلىپ، «شۇ كۈندىن تارتىپ شەنشى ئۆل-

كىلىك پارتكومىنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا بولغان بارلىق رەھبەرلىك
ھوقۇقىنى تارتىۋالغانلىقى » نى جاكارلىغان . بۇ قېتىمقى ھوقۇق تارتىۋې-
لىش شەنشى ئۆلكىلىك ھەربىي رايون ۋە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىك
ئەمگەك نەمۇنىچىسى ، داجەي ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى چېن يۇڭگۈينىڭ
قوللىشىغا ئېرىشكەن . 25 ـ يانۋاردا « خەلق گېزىتى » دە « شەنشى
ئۆلكىسىدىكى پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبى-
سى » دېگەن باش ماقالە ئېلان قىلىنىپ ، بۇ قېتىمقى ھوقۇق تارتىۋېلىش
مۇقىملاشتۇرۇلدى . باش ماقالىدە : « شەنشى ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ ئى-
چىدىكى ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئىنقىلابىي
رەھبىرىي كادىرلارغا ياخشى ئۆلگە يارىتىپ بەردى . شەنشى ئۆلكىلىك
ھەربىي رايوندىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قىسىملىرى پۈتۈن مەملى-
كەتتىكى خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى كوماندىر ـ جەڭچىلىرى ئۈچۈن قىپ-
قىزىل بايراق تىكلەپ بەردى . شەنشى ئۆلكىسىدىكى ئىنقىلابىي ئىسيان-
چىلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ چوڭ يۆنىلىشى تامامەن
توغرا » دېيىلگەنىدى . شەنشى ئۆلكىسى ھوقۇقنى بالدۇر تارتىۋالغان بى-
لەن ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن زىددىيەت كۆپلەپ كەتتى . ئىككى
ئايدىن كېيىن يەنى 18 ـ مارتتا ئاندىن ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېت
رەسمىي قۇرۇلدى . ليۇ گېيىڭ مۇدىر ھەيئەت ، چېن يۇڭگۈي مۇئاۋىن
مۇدىر ھەيئەت بولدى .

ئارقىدىنلا شەندۇڭ ئۆلكىسى ھەرىكەتكە كەلدى ، باشلامچىلىق
بىلەن ئىسيان كۆتۈرگىنى چىڭداۋ شەھىرىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شەھەر
باشلىقى ۋاڭ شىياۋ يۈي بولدى . ئۇ كاڭ شېڭنىڭ ئوغلى جاڭ زىشى
( شۇ چاغدا چىڭداۋدا خىزمەت قىلاتتى ) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ، جاڭ
زىشى ئارقىلىق كاڭ شېڭنىڭ « دەل ھوقۇق تارتىۋېلىڭلار » دېگەن يول-
يورۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ھەرىكەتكە كەلگەن . 22 ـ يانۋاردا ئۇلار
چىڭداۋ شەھىرىنىڭ پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ھوقۇقىنى تارتىۋالدى . ئارقى-
دىنلا ئامىنى باشلاپ جىنەنگە بېرىپ ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى شەن-
دۇڭدا تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەندىن كېيىن ، شەندۇڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆلكىلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى . 3 ـ فېۋرال كۈنى شەندۇڭ ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇردى . 2 ـ مارتتا « خەلق گېزىتى » « ئىنقىلابىي ‹ ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش › ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلىشىنىڭ كاپالىتى » دېگەن باش ماقالە ئېلان قىلدى . باش ماقالىدە : « شەندۇڭنىڭ تەجرىبىسى شۇنى تولۇق چۈشەندۈردىكى ، پەقەت ئىنقىلابىي ‹ ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش › بولغاندىلا ، ئاندىن سىنىپىي دۈشمەنلەرنىڭ ھەرخىل سۇيىقەست ، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا بۇزۇپ تاشلاپ ، ئارمىيە خەلقنىڭ ماسلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ، ئۇلارنىڭ يالغان ھوقۇق تارتىۋېلىشىنى قايتا ھوقۇق تارتىۋېلىشتەك جىنايى قىلمىشلىرىنى بىتچىت قىلغىلى بولىدۇ » دېيىلگەنىدى . ئاتالمىش « ئىنقىلابىي ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش » دېگەنلىك ، بۇ باش ماقالىنىڭ چۈشەندۈرۈشى بويىچە : « كەڭ ئىنقىلابىي ئاما ۋە ئىنقىلابىي ئاما تەشكىلاتلىرى ، ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ ئاساسى » ، « ئىنقىلابىي رەھبىرىي كادىرلار ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشىنىڭ غەلىبە قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ » ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى « پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك يۆلەنچۈكى » ئىدى . شۇنىڭدىن كېيىن « ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش » ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇشتىكى بىر ئاساسىي تەجرىبە بولۇپ قالدى .

ئۈچىنچى بولۇپ گۈيجۇ ئۆلكىسى چىقتى . باش بولغىنى لى زەيخەن بولۇپ ، بۇ ئۆلكىلىك ھەربىي رايوننىڭ سابىق مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى ئىدى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇ جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بىلەن ئالاقە باغلىغانىدى . يۇقىرىدا قوللايدىغان ئادەمى بولغاچقا ، ئۇ چىقىپ ئىسيان كۆتۈردى ھەمدە « گۈيجۇ ئۆلكىلىك پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىسيان كۆتۈرۈش باش قوماندانلىق شتابى » نى قۇردى . 25 ـ يانۋاردا بۇ باش شتاب ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلىپ ، گۈيجۇ ئۆلكىلىك پارتكوم ، خەلق ھۆكۈمىتى ۋە گۈيياڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ ، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ « بارلىق ھوقۇقى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىسيانچىلىرىغا مەنسۇپ بولىدۇ » دەپ جا-

كارلىدى . 1 ـ فېۋرال « خەلق گېزىتى » « غەربىي جەنۇبتىكى باھار گۈلدۈرمامىسى » دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلىپ ، « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ گۈيجۇ ئۆلكىسىدىكى غەلىبىسىنى تەنتەنە قىلىمىز » ، « بۇ غەلىبە بىر يۈرۈش تەسىر كۆرسىتىپ ، غەربىي ـ جەنۇب رايونىدىكى پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش كۈرىشى دولقۇن يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلەيدۇ » دېدى .

تۆتىنچىسى خېيلۇڭجياڭ بولدى . ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ سابىق 1 ـ شۇجىسى ، پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى فەن فۇشېڭ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ جىيەنى ماۋ يۈەنشىن قاتارلىقلار تايانچ بولغان داڭقى چىققان ئىسيانچىلار ـــ خاربىن ھەربىي قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتى قىزىل ئىسيانچىلار تەشكىلاتىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ، 31 ـ يانۋاردا قەسەمىيات يىغىنى ئېچىپ ، خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىلىك پارتكوم ، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ، ئۆلكىلىك ۋاقىتلىق رەھبەرلىك ئاپپاراتى ـــ قىزىل ئىسيانچىلار ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلىدى . خېيلۇڭجياڭنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشى ئەڭ بالدۇر بولمىسىمۇ ، لېكىن پۈتۈن ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلار ئىچىدە ئىنقىلابىي كومىتېت نامى بىلەن ئاتالغانلىرىنىڭ بىرىنچىسى بولدى . شۇڭا شۇ چاغدا نەشر قىلىنغان ئىنقىلابىي كومىتېتقا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردا خېيلۇڭجياڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلدى . 2 ـ فېۋرال « خەلق گېزىتى » « شەرقىي ـ شىمالدىكى يېڭى تاڭ نۇرى » دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلىپ : « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ پارلاق نۇرى ئاستىدا خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى باشقىدىن دۇنياغا كەلدى ! ... كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ئىگىلەپ ياتقان پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، مالىيە ، مەدەنىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋالدى » دېدى . بۇ دېگەنلىك ، ھەربىي ھوقۇق ، دىپلوماتىيە ھوقۇقىدىن باشقا ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، مالىيە ، مەدەنىيەت ـــ تۆت ھوقۇقنى تارتىۋېلىشقا بولىدۇ ، دېگەنلىك ئىدى . باش ماقالە خېيلۇڭجياڭ ئىسيانچىلىرىنىڭ « سوتسىيالىزم باسقۇچىدا سىنىپىي كۈرەشنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئېتىراپ قىلىپ ، سوتسىيالىزم

باسقۇچىدا كەسكىن ، مۇرەككەپ هوقۇق تارتىۋېلىش كۆرىشىنىڭ بولـ دىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمىغانلار ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ قىزىل قوغدى- غۇچىسى ۋە ماۋ جۇشىنىڭ ياخشى جەڭچىسى بولالمايدۇ » دېگەن سۆ- زىنى مۇقىملاشتۇرۇپ ، « هوقۇق تارتىۋېلىش كۆرىشىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىگە كۆتۈرۈش ، ھەربىي ئىنقىلابىي ئىسيانچىلار ئەستايىدىل ئويلىنىدىغان ئەڭ چوڭ ئىش » دېدى . بۇ هو- قۇق تارتىۋېلىشقا نەزەرىيىۋى ئاساس تېپىپ بەرگەنلىك ئىدى .

شاڭخەيدە باشلىنىپ ، ئارقىدىن شەنشى ، شەندۇڭ ، گۇيجۇ ، خېيلوڭجياڭ ئەگەشكەن بىر شەھەر ، تۆت ئۆلكىنىڭ هوقۇق تارتىۋېلىش كۆرىشى 1967 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىدىكى مەملىكەت خاراكتېرلىك هوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ بىرىنچى دولقۇنى بولدى . ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيە ۋە ھەرقايسى ئورۇن ، ئورگانلارنىڭ هوقۇقىنى تارتىۋېلىش بارغانچە كۆ- پەيدى . بىر تەرەپ هوقۇق تارتىۋالسا ، يەنە بىر تەرەپ تارتىپ كېتەت- تى . هوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ئاي ، كۈنى بولماي قالاتتى ، بەزىلىرىنى كۈنلۈك ھېسابلىسا بولاتتى . هوقۇق تارتىۋېلىش كۆرىشى ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى ، تەرەپبازلىق مۇنازى- رىسى ئەلەم كۆرىشىگە ئايلاندى ، مەملىكەت بويىچە تېخىمۇ چوڭ قالايمى- قانچىلىق ۋەزىيىتى شەكىللەندى .

### هوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاقىۋىتى

شاڭخەيدىن باشلانغان بۇ خىل مەملىكەت خاراكتېرلىك هوقۇق تارتىۋېلىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يېڭى باسقۇچى دەپ ئا- تىلىپ ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا شۇ چاغدا ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەنىدى . شاڭخەي « ۋېنخۇي گېزىتى » نىڭ « شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى قۇ- رۇلغانلىقىنى تەنتەنە قىلىپ » يازغان باش ماقالىسىنىڭ تېمىسى « ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك ئىنقىلابىي ئىجادىيەت » ئىدى . باش ماقالىدە ئۆ- زىنى ئۆزى ماختاپ : « شاڭخەي خەلق كوممۇنىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقى ، پرولېتارىياتنى باشقىدىن هوقۇق تارتىۋېلىشتا مۇھىم تەجرىبە بىلەن تە-

مىنلىدى » ، « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ يېڭى يەرلىك دۆلەت ئاپ-
پاراتى بولغان شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى دۇنياغا كەلدى ، ئۇ پارىژ
كوممۇنىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ، سوۋېت-
نىڭ تەجرىبىلىرىنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ، ماركسىزم ـ لېنى-
نىزمنى بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى » ، « ئۇ چەكسىز هاياتىي كۈچكە
ئىگە يېڭى شەيئى ، ئۇنىڭ يەر ـ جاهاننى زىلزىلىگە سالىدىغان كۈچى
پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ ، ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىق باهارىنى مەڭگۈ
ساقلايدۇ » دېگەنىدى . لېكىن ، تارىخنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرى ئۇنىڭ
بۇ گۈزەل سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن توقۇلغان نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ ، بۇ
خىل هوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ خاتالىقىنى ۋە بىمەنە ماهىيىتىنى رەھىمسىز-
لەرچە ئاشكارىلىۋەتتى ھەمدە ئۇنىڭ جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك هاكى-
مىيەت قۇرۇلۇشىدىكى بىر قېتىملىق ئەكسىيەتچىلىك ئىكەنلىكىنى ئىس-
پاتلىدى . ئۇ فرانسىيە پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ۋە روسىيە سوۋېتىنىڭ
تەجرىبىلىرىنى بېيىتقان ۋە تەرەققىي قىلدۇرغان ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن
دۇنيا پرولېتارلىرى هۆرمەت قىلىدىغان قىممەتلىك تەجرىبىلەرنى بۇرمى-
لىغان ، ئۆزگەرتىۋەتكەن .

قىسقىسى ، ئومۇميۈزلۈك هوقۇق تارتىۋېلىش خاتا لۇشيەن يې-
تەكچىلىكىدىكى خاتا هەرىكەت . ئومۇميۈزلۈك هوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ئا-
قىۋىتى ، خەلق ئاممىسى ۋە كادىرلار قوشۇنىدىكى بۆلگۈنچىلىكنى كۈ-
چەيتىۋەتتى . هوقۇق تارتىۋېلىشقا نارازى بولغان كەڭ كادىرلار ، ئاما
هەرخىل شەكىللەر بىلەن ئارقىمۇ ئارقىدىن هوقۇقنى قايتا تارتىۋېلىش
كۈرەشلىرىنى ئېلىپ باردى . نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي كادىرلار تارتىپ
چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان بولسىمۇ ، بېسىمغا تاقابىل تۇرۇپ ، هو-
قۇقنى « ئىسيانچىلار » غا تاپشۇرمىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بەزى
ھەددىدىن ئاشقان ئۇنسۇرلار ، جەمئىيەت داشقاللىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك
قارا نىيەتچىلەر پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ هوقۇق تارتىۋالماقچى بولدى .
بۇنداق مۇرەككەپ كۈرەشتە ، پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئاجايىپ
قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى .

www.uyghurkitap.com

## 2 . ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرغان فېۋرالدىكى قارشىلىق

**دۆلەت ۋە خەلقنىڭ غېمىنى يەپ ، قارشىلىق كۆرسىتىش**

مەملىكەت مىقياسىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش قۇيۇنى
جەمئىيەتنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىك
ئىشلەپچىقىرىشىنى يەنىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى ، جەمئىيەت تەرتىپى
يەنىمۇ بۇزۇلدى ، خەلقنىڭ ھاياتى ، مال ـ مۈلكى كاپالەتكە ئىگە بولال-
ماي قالدى ، تۇرمۇشتىكى تەمىنلەشمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدى . بۇ خىل
ئېغىر ۋەزىيەت ، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇش ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىل-
غان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلاردا ئەندىشە ۋە غەم پەيدا قىلدى .

شۇ چاغلاردا ئادەم غەزەپلەنگۈدەك بىرنەچچە ئىشلار بولۇپ ئۆت-
تى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومى-
تېت ئەزاسى تاۋجۇ مەركەزنىڭ ھېچقانداق يىغىن قارارىدىن ئۆتكۈزۈل-
مەيلا ، تۇيۇقسىزدىن يوقىتىلدى ؛ ئاجايىپ جەڭ تۆھپىلىرىنى ياراتقان
مارشال خې•لۇڭ تۆھمەتكە ئۇچراپلا كۈرەش قىلىندى ، ئۆيى ئاختۇ-
رۇلدى ؛ كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ، پارتىيە 8 ـ نۆ-
ۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى جاڭ لىنجى قىزىل
قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن كۈرەش قىلىنىپ ، قامچا بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈۋېتىلدى ؛ يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى ، 8 ـ نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كاندىدات ئەزاسى يەن خۇڭيەن ئىسيان-
چىلارنىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى ۋە چېن بودا ، جياڭ چىڭلارنىڭ زە-
ھەرلىك ھاقارەتلىرىگە چىدىماي ، غەزەپ ئىچىدە ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ؛
نۇرغۇن ئۆلكە ، شەھەرلەرنىڭ پارتىيە مەسئۇللىرى ، مەسىلەن ، شاڭ-
خەيدىكى چېن پىيشيەن ، ئەنخۇيدىكى لى باۋخۇا ، فۇجيەندىكى يې فېي
قاتارلىقلارنى ئىسيانچىلار تارتىپ چىقىرىپ كۈرەش قىلىپ ئېلىپ كەت-
كەن ، ھەر تەرەپتىن سوراۋشتە قىلىپمۇ ، ئىز ـ دېرىكىنى قىلالمىغان ؛
ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ، ھەربىي

ئىشلار كومىتېتى مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ليۇ جىجيەن ، تۇيۇقسىزدىن « خائىن » دەپ قارا چاپلىنىپ ئاغدۇرۇلدى ؛ ھەتتا ياشانغان ، ئالىيجاناب ، تەڭداشسىز تۆھپە ياراتقان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش قوماندانى جۇدېمۇ « چوڭ مىلىتارىست » دەپ قارىلىنىپ ، ئۇنىڭغا « يوقىتايلى » دېگەن چوڭ خەتلىك گېزىتلەر چاپلاندى . بۇنداق ئارقا ـ ئارقىدىن كەلگەن شۇم خەۋەرلەر ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى قاتتىق ھەيران قالدۇردى ۋە غەزەپلەندۈردى ، ئۇلاردا قوزغالغان دۆلەت ، خەلق ئۈچۈن غەم يېيىش ھېسسىياتى ۋە لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئېقىمغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە بولغان چەكسىز غەزەپ ، ئاخىر ئۇلارنى 1967 ـ يىل يانۋارنىڭ ئاخىرى ۋە فېۋرالنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى پارتىيە ۋە ئارمىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام يىغىنلىرىدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى خاتا ھەرىكەتلەر ۋە جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئېقىمغا قارشى ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا قاتتىق تەنقىد ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇر قىلدى ، بۇ بىر مەيدان كۈچلۈك قارشىلىقنى قوزغىدى . بۇ شۇ چاغدا « ئىككى قالايمىقان قىلىش » دەپ ئاتالغان ، يەنى جىڭشى مېھمانخانىسىنى قالايمىقان قىلىش ، خۇەيرىنتاڭ زالىنى قالايمىقان قىلىش دەپ ئاتالدى . فېۋرالدىكى خۇەيرىنتاڭ زالىدىكى بىر قېتىملىق كۆرەشنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » دەپ ئاتالدى . بىز ئۇنى تۈزىتىپ فېۋرال توغرا ئېقىمى ، بىر مەيدان ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرغان فېۋرالدىكى قارشىلىق دېيىشىمىز كېرەك .

ئەمەلىيەتتە كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرى ۋە خەلق ئاممىسى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا نىسبەتەن چۈشەنمەسلىكتىن گۇمانلىنىشقا ، تەرەققىي قىلىپ نارازى بولۇش ، تەنقىد قىلىش ، قارشىلىشىشقا كۆچكەن ، بۇ خىل كۆرەش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغان چاغدىلا مەۋجۇت بولۇپ ، توختاپ قالغىنى يوق ، بەلكى بارغانچە چوڭقۇرلىدى ، بارغانچە كۈچەيدى . پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ئىدى . بۇ ئىش فېۋرالدىكى قارشىلىقتىن بۇرۇن نۇرغۇن قېتىم ئاشكارىلانغان ، مەسىلەن ، 1966 ـ يىل 8 ـ نويابىردا بېيجىڭدا ئارمىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىچىدىكى ( ئاساسلىقى ھەربىي مەكتەپلەردىكى ) ئىسيانچىلار دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا بۆسۈپ كىرىشتەك ئىش يۈز بەردى . بۇ ئىشتىن كېيىن ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى 13 ـ نويابىر ، 19 ـ نويابىر ئىككى قېتىم يىغىن ئېچىپ، تەنتەربىيە سارىيىدا ھەربىي مەكتەپلەر ۋە مەدەنىيەت ، تەنتەربىيە ئورۇنلىرىدىن يىغىنغا كەلگەن نەچچە ئون مىڭ كىشىلىك يىغىن ئاچتى . يىغىندا بىرنەچچە مارشال ئۆزلىرىنىڭ تەنقىد پىكىرلىرىنى ئوچۇق ئوتتۇرىغا قويدى . چېن يى : « خىيالى ( قارا گۇرۇھ ) دەپ ، ھەممىنىلا خىيالى قىلىۋەتتى ؛ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار دەپ ، ھەممىنى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار قاتارىغا چىقىرىۋەتتى ؛ بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى دەپ ، ھەممىنىلا بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى دەۋالدى . بۇنداق قىلسا زەربە بېرىلىدىغانلار كەڭ كۆلەملىك ، كۆپ بولۇپ كېتىدۇ . . . ئۇلۇغ ، شەرەپلىك ، توغرا پارتىيىنى ئىنكار قىلىۋەتتى ، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ شانلىق ئەنئەنىسىنى ئىنكار قىلىۋەتتى » دېدى . ئۇ مېنىڭ سۆزۈم « سوغۇق سۇ سەپكەنلىك » ، « سوغۇق سۇ سېپىش ياخشى ئەمەس ، بەزىدە بەكلا قىزىپ كەتكەندە ، ئاز ـ تولا سوغۇق سۇ سېپىپ قويسا ، پايدىسى بولىدۇ » دېدى . يې جيەنيىڭ : « ھەقىقەت دېگەن ھەقىقەت ، ھەقىقەتتىن بىرقەدەملا چەتنەپ كەتسە ، سەپسەتە بولۇپ قالىدۇ » ،« بەزىلەر بەزى كادىرلارنىڭ يۈرەك كېسىلى قوزغىلىپ قالسىمۇ ، يېتىپ قالسىمۇ ، تۇتۇپ ئاپىرىپ كۈرەش قىلدى . بۇ ئادەملەرگە مېنىڭ بەكلا غەزىپىم بار . ئۇلاردا پرولېتارىيات ھېسسىياتى يوق ، ئۇلار پرولېتارىياتنىڭ ھەربىيلىرى ئەمەس ! » « ئۇلار دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنى دۈشمەننىڭ ئىستىھكامى دەپ بىلىپ ھۇجۇم قىلغان ، ئازادلىق ئارمىيەت جەڭچىلىرىنى دۈشمەن بىلىپ ئۇرغان ، يەنە بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر خاتالىق بولامدۇ ! » دېدى . شۈي شياڭچيەن ۋە خې لۇڭمۇ يىغىندا سۆز قىلدى . مارشاللارنىڭ بۇ سۆزلىرى ئىسيانچىلارغا ياقمايدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى ، شۇڭا نەق مەيداندا بەزىلەر باغاقچە يېزىپ سوئال قويدى ، بۇ ئىشتىن كېيىن يۇقىرىغا ئەرز قىلغانلار چىقتى ، مارشاللار تەنقىدلەندى . ئەمما بۇ ئۇلار-

نىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك غەزەپ ئوتىنى باسالمىدى.

**قارشىلىقنىڭ بىرىنچى دولقۇنى**

1967 ـ يىلى 19 ـ يانۋاردا يۈز بەرگەن ئازادلىق ئارمىيە باش سىـ
ياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى شياۋ خۇانى كۈرەش قىلىش ۋەقەسى، فېۋرال
قارشىلىقىنىڭ بىرىنچى دولقۇنى بولدى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن
مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ھەرقايسى چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ
مەسئۇللىرىنى چاقىرىپ جىڭشى مېھمانخانىسىدا يىغىن ئاچتى. يىغىندا
قىسملارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنـ
ماقچى ئىدى. يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشقان مەركىزىي مەدەنىيەت
ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى چېن بودا بىلەن جياڭ چىڭ تۇيۇقـ
سىزدىنلا سۆز سۆزلەپ، شياۋخۇانى «قىسىم خىزمىتىنى بۇرژۇئازىيە يوـ
لىغا باشلاپ كەتتى»، «مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنى
كۆزگە ئىلمايدۇ، ھۆرمەت قىلمايدۇ»،«تۆت مارشالنى قوبۇل قىلىشقا
تەكلىپ قىلىپ ... مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى بىلەن
قارشى مۇقام تۇتۇلغان» دەپ تىللاپ، شياۋخۇاغا «بۇرژۇئازىيە سىياـ
سەتۋازى» دېگەن چوڭ قالپاقنى كىيگۈزدى ۋە شياۋخۇاغا شۇ كۈنى
كەچتە ئۆلار ئاچماقچى بولغان تەنتەربىيە سارىيىدىكى يۈز مىڭ كىشىلىك
چوڭ يىغىندا ئۆزۈڭنى تەكشۈرىسەن، دەپ بۇيرۇق قىلدى. يىغىندىن
كېيىن شياۋخۇا ئەمدىلا ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇشىغا، ئۇنىڭ كەلگەنلىـ
كىدىن خەۋەر تېپىپ ئۆي ئاختۇرغىلى، ئۇنى تۇتقىلى كەلگەن ئىسيانـ
چىلار ئىشىكنى گۇمبۇرلىتىپ ئۇرغىلى تۇردى. بەختكە يارىشا، يىغىندىن
كېيىن يې جيەنيىڭ ماۋ زېدۇڭغا تېلېفوندا دوكلات قىلغاچقا،
شياۋخۇا «ماۋ جۇشى ئىشخانىسى» دىن كەلگەن كۈرەش يىغىنىغا قاتـ
ناشماسلىق توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى ۋاقتىدا تاپشۇرۇۋېلىپ، بىر قېـ
تىملىق بالا ـ قازادىن قۇتۇلۇپ قالدى. ئەمما ئۇنىڭ ئۆيى ئاختۇرۇلدى،
ئايالى تۇتقۇن سۈپىتىدە تۇتۇپ كېتىلدى. جياڭ چىڭ قاتارلىقلار
ماۋ زېدۇڭنىڭ شياۋخۇانى كۈرەش قىلىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلگەنـ

دىن كېيىن ، يەنە بىر تەرەپنى قۇترىتىپ ، يىغىن مەيدانىغا بۆسۈپ كىرگۈزۈپ ، كۈرەش قىلىش يىغىنىنى بۇزۇۋەتتى ھەمدە جۇئېنلەينى ئۇتتۇرىغا چىقىپ ئۇلار ئۈچۈن « رەددىيە بېرىش » كە مەجبۇرلىدى . جۇ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ، بۇ ئىشنى ئۆز لايىقىدا بىر تەرەپ قىلىپ ، ھەربىي قىسىمنىڭ مۇقىملىقىنى چوقۇم ساقلاشنى تەكىتلىدى .

ئەتىسى ، 20 ـ يانۋار ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يىغىنى جىڭشى مېھمانخانىسىدا داۋاملىق ئېچىلدى ، غەزەپلىنىپ ، ئۆزىنى باسالماي قالغان مارشاللار ۋە گېنېراللار ماۋ زېدۇڭنىڭ شياۋخۇانى كۈرەش قىلىشقا قوشۇلمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ، تېخىمۇ مەدەت تاپقاندەك بولدى . ئۇلار بەس ـ بەس سۆزگە چىقىپ ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسيانچىلارنىڭ پېشقەدەم كادىرلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ، ھەربىي قىسىملارغا بۆسۈپ كىرگەنلىكىنى ھەمدە باشقا ھەرخىل ئۈچىغا چىققان قانۇنسىز جىنايەتلىرىنى غەزەپ بىلەن پاش قىلىشتى . ئون كۈن بۇرۇن ئۆزگەرتىپ تەشكىللەنگەن ئازادلىق ئارمىيە مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولغان شۈي شياڭچيەن مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە قاتتىق سوئال قويۇپ : « يولداش ليۇ جىجيەن قانداقلارچە خائىن بولۇپ قالىدۇ ؟ يولداش شياۋخۇا قانداقمۇ بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسەتۋازى بولسۇن ؟ »، « بىز ئەسكەرلەرگە باشلىق بولغانلار ، ئارمىيىنىڭ كادىرلىرى بىز بىلەن بىللە جەڭ قىلغان ، ئەجابا بىز ئۇلارنى چۈشەنمەمدۇق ؟ بىز بىر ئۆمۈر ئارمىيىدە بولدۇق ، خەلقنىڭ ئارمىيىسىنى سىلەر بىرنەچچىڭلار نابۇت قىلىۋەتمەكچىمۇ ؟ » دېدى ، غەزەپلىنىپ كەتكەن مارشال ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەندەك مۇشتۇمى بىلەن ئۈستەلنى نەچچىنى سالدى : كىمكى ئارمىيىنى قالايمىقان قىلىۋەتمەكچى بولىدىكەن ، ياخشى ئاقىۋەت كۆرمەيدۇ ! ئۇ ئۈستەلگە بەك قاتتىق ئۇرۇۋەتكەچكە ، بارماقلىرى سۇنۇپ كەتتى . مانا بۇ ئاتالمىش « جىڭشى مېھمانخانىسىنى قالايمىقان قىلىش » ئىدى .

22 ـ يانۋاردا ماۋ زېدۇڭ خەلق سارىيىدا بۇ يىغىنغا قاتناشقان
ئارمىيىنىڭ باشلىقلىرىنى قوبۇل قىلدى . قوبۇل قىلىش جەريانىدا ، بۇ
كونا جەڭچىلەر ئۆزىنىڭ قوماندانىغا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا بو-
لۇۋاتقان بەزى مەسىلىلەرنى دوكلات قىلدى ، بولۇپمۇ شەرقىي دېڭىز
فىلوتىنىڭ قوماندانى ، ئاتاقلىق گېنېرال تاۋ يۇڭ ـــ ئەر ـ ئايالنىڭ ئې-
چىنىشلىق ئۆلۈشى ، ماۋ زېدۇڭغا تەسىر قىلماي قالمىدى .

**ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ سەككىز ماددىلىق بۇيرۇقىنىڭ ئېلان قىلىنىشى**

شۈي شياڭچيەن ، يې جيەنيىڭ قاتارلىق ھەربىي ئىشلار كومىتې-
تىنىڭ مەسئۇللىرى يىغىندىكى پىكىرلەرنى يىغىنچاقلاپ ، مۇزاكىرە قى-
لىپ ، كېيىن يەنە چېن يى ، نې رۇڭجېن ، ليۇ بوچېڭ قاتارلىقلارمۇ قات-
ناشقان ھالدا بىللە مۇزاكىرە قىلىپ ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى
گۇرۇپپىسىنىڭ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ۋەقە چىقىرىشىدىن ساقلىنىش ،
ئارمىيىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش ئۈچۈن ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كو-
مىتېتىنىڭ نامىدا بىر ھۆججەت تۈزۈپ چىقىپ ، ماۋ زېدۇڭ تەستىقلىغان-
دىن كېيىن ، پۈتۈن ئارمىيىگە تارقىتىشنى ئويلاشتى . بۇ ھۆججەت تۈ-
زۈپ چىقىلغاندىن كېيىن شۈي شياڭچيەن لىن بياۋنىڭ ئۆيىگە بېرىپ
دوكلات قىلدى ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى ئالغاندىن كېيىن 25 ـ يانۋاردا ماۋ
زېدۇڭغا ئاپىرىپ بەردى . ماۋ زېدۇڭ يې جيەنيىڭ ، چېن يى ،
شۈي شياڭچيەن ، نې رۇڭجېننى چاقىرتىپ ، ھۆججەتنى ماددىمۇماددا
مۇزاكىرە قىلدى ھەمدە « رېئاكتىپچە » قىلماسلىقنى ( شۇ چاغدا كۆرەش
قىلىشتا قوللانغان ، ئادەمنىڭ قولىنى كەينىگە قايرىپ ، باش ئەگدۈرۈپ
تۇرغۇزىدىغان بىر خىل ھالەت ) ، ئۇزۇن قالپاق كىيدۈرمەسلىكنى قو-
شۇپ قويۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى . 28 ـ يانۋاردا ماۋ زېدۇڭ بۇ ھۆج-
جەتنى ئۆز قولى بىلەن تەستىقلىدى . بۇ « مەركىزىي ھەربىي ئىشلار
كومىتېتىنىڭ بۇيرۇقى » ئىدى .

بۇ بۇيرۇق جەمئىي سەككىز ماددا بولۇپ ، « مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابى » نى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە « ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىنى قەتئىي قوللاش » شەرتى ئاستىدا ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ كوماندىر ـ جەڭچىلىرىگە بىرنەچچە تۈرلۈك چەكلەش بەلگىلىمىسىنى چىقاردى . مەسىلەن ، « بارلىق كوماندىر ـ جەڭچىلەر . . . ئۆز خىزمەت ئورنىدا تۇرۇشى كېرەك ، خىزمەت ئورنىدىن رۇخسەتسىز ئايرىلىشقا بولمايدۇ » ؛ « ئىككى خىل زىددىيەتنى قاتتىق ئايرىش كېرەك . خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى دۈشمەنگە قوللانغان ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشقا بولمايدۇ ، بۇيرۇقسىز ئادەم تۇتۇشقا ، خالىغانچە ئۆي ئاختۇرۇشقا ، ئۆيلەرنى پېچەتلەشكە بولمايدۇ ، تەن جازاسى ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن تەن جازاسى بېرىشكە بولمايدۇ . مەسىلەن ، ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈش ، قارا تاختاي ئېسىش ، كوچىدا سازايى قىلدۇرۇش ، جازالاپ يۈكۈندۈرۈپ قويۇش قاتارلىقلار . » ، « ھەربىي رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا بۆسۈپ كىرگەنلەرنى پەرقلەندۈرۈپ مۇئامىلە قىلىش كېرەك . . . بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنداق قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ » ، « جۇڭدىن يۇقىرى ئورگانلار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى بەلگىلىمە بويىچە مۇددەتكە ، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئېلىپ بېرىشى كېرەك . جۇن ، دىۋىزىيە ، پولك ، باتالىيون ، روتا ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بەلگىلىگەن ئالاھىدە ئورۇنلار ئىجابىي تەربىيە بېرىش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك » قاتارلىقلار . بۇ بۇيرۇقنىڭ چۈشۈرۈلۈشى ئارمىيىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاشتا پايدىلىق رول ئوينىدى . لېكىن ئۇ چاغدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » جىددىي ئېلىپ بېرىلىۋاتقاچقا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ توختاتماي كاشىلا ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلىشى بىلەن بۇ بۇيرۇقنىڭ پايدىلىق رولىمۇ ناھايىتى چەكلىك بولدى ، ۋەزىيەتنىڭ بارغانچە يامانلىشىپ كېتىشىنى توسيالمىدى .

### ھەرخىل زىددىيەتلەرنىڭ يىغىلىشى

بارغانچە يامانلىشىپ كېتىۋاتقان ۋەزىيەت ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيىنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇۋاتقان جۇ ئېنلەيگە زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى . جۇ ئېنلەينىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنـ

قىلابى » غا بولغان تونۇشى ۋە ئۇنى چۈشىنىشى ، شۇ چاغدىكى تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىماي قالمايتتى . دەسلەپتە ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى سەممىي ، ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ياخشى تەرەپتىن چۈشىنىشكە تىرىشتى ، لېكىن رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئۇنىڭ سەممىي نىيەت بىلەن ئويلىغان غايىسىنى بەربات قىلدى . ئۇ داھىي ئۆزى قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قارشى چىقالمايتتى ، يەنە شۇنداقلا شۇ قالايمىقانچىلىق ئىچىدىمۇ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ كىيىم - كېچەك ، قورسىقىغا ۋە دۆلەتنىڭ تۇرمۇشىنىڭ ئەڭ ئەقەللىي بولسىمۇ نورمال مېڭىشىغا كاپالەتلىك قىلماسا بولمايتتى . بۇنداق تەڭشىمەك تەس بولغان زىددىيەت ئىچىدە جۇ ئېنلەي « مەن تارتمىسام جاپانى ، كىم تارتسۇن بۇ جاپانى ؟ مەن كىرمىسەم دوزاخقا ، كىم كىرەر ئۇ دوزاققا ؟ » دېگەندەك ھېسسىياتتا ، پارتىيە ۋە خەلققە بولغان چەكسىز سادىقلىقى ، ئاجايىپ ئەقىل - پاراستى ۋە ئالاھىدە خىزمەت ئۇسۇلى بىلەن ، ھەرخىل ئار - نومۇسقا چىداپ ، ئېغىر ۋەزىيەتنى زىممىسىگە ئارتىپ ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۈچىنىڭ بارىچە ئىگىلەپ تۇردى .

شۇ چاغدىكى ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ قارا قۇيۇنى پۈتۈن مەملىكەتتە قۇتراپ يۈرگەن شارائىتتا ، جاڭ لىنجى ، يەن خۇڭيەن ، تاۋ يۇڭ قاتارلىق ئادەملەرنىڭ رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈلۈشىدەك ساۋاقنى كۆزدە تۇتقاندا ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى قوغداپ قېلىش ناھايىتى جىددىي بىر چوڭ ئىش بولۇپ قالغانىدى . بۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ ، جۇ ئېنلەي لى فۇچۈن ، چېن يى ، لى شيەنىيەن ، تەن جېنلىن قاتارلىق شۇ چاغدىمۇ خىزمەت قىلىۋاتقان مۇئاۋىن زۇڭلىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، بىر ئىسىملىكنى تۈزۈپ چىقتى ، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقىنى ئالغاندىن كېيىن لياۋ چىڭجى ، ۋاڭ جېن ، يۈ چيۇلى ، گومو ، فاڭ يى ، ياۋ يىلىن قاتارلىق گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى مىنىستىرلىق ، كومىتېتلىرىنىڭ 30 نەچچە مەسئۇلىنى نۆۋەت بىلەن جۇڭنەنخەيگە ئەكىرىپ ، ئۇلارنى قوغداپ قالدى ۋە دەم ئالدۇردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، سۇڭ رىنچيۇڭ ، لى جىنچۈەن ، ۋاڭ رىنجۇڭ ، يې

www.uyghurkitap.com

فى ، جياڭ خۇا ، خۇاڭ خوچىڭ ، ۋاڭ خېشۇقاتارلىق چوڭ رايون ۋە ئۆلكە ، شەھەرلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرىنى بېيجىڭگە ئەكىۋالدى . ئۇ جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى قوغدىدى » ، « ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي كەيپىياتىغا زەربە بەردى » دېگەن ھۇجۇملىرىغا پىسەنت قىلماي ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار كۈشكۈرتكەن ئىسيانچىلارنىڭ ئاختۇرۇشى ۋە توختاۋسىز ھۇجۇم قىلىشلىرىدىن چەتنەپ ، ئۇ مەسئۇل يولداشلارنى نۇرغۇن قېتىم ھەرخىل ئامال ـ چارىلەر بىلەن ئىشەنچلىك جايلارغا يۆتكەپ قوغداپ قالدى . يەنە بەزى ئۆلكە ، شەھەرلەرنىڭ مەسئۇللىرى ئىسمىلىكتە بار ، ماۋ زېدۇڭمۇ تەستىقلىغان بولسىمۇ ، لېكىن شۇ جايدىكى ئىسيانچىلار جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ قوللىشى بىلەن ئۇلارنى قويۇۋەتمەي تۇتۇۋالدى ، شاڭخەيدىكى چېن پېيشيەن شۇنداقلارنىڭ بىرى ئىدى .

بۇ چاغدا يەنە شاڭخەي خەلق كوممۇنىسىنىڭ ئىسمىنى ئۆزگەرتىش مەسىلىسى بولدى . جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلار شاڭخەيدە ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن ، قۇرغان ئورگىنىغا خەلق كوممۇنىسى دېگەن نامنى قويۇشى ماۋ زېدۇڭنى بىر خۇشال قىلىۋېتىش ئىدى . چۈنكى ، ماۋ زېدۇڭ 1958 ـ يىلى « خەلق كوممۇنىسى ياخشى » دېگەن سۆزنى ئېيتىپلا قالماي ، يەنە بىرنەچچە ئاي ئاۋۋال بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى نېي يۈەنزى قاتارلىقلارنىڭ چوڭ خەتلىك گېزىتىنى « 20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدىكى بېيجىڭ خەلق كوممۇنىسىنىڭ خىتابنامىسى » دېگەنىدى . ئۇلارنىڭ شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتىلىشى ، ئۆزلىرىنى « پارىژ كوممۇنىسىنىڭ ئىنقىلاب پېشۋالىرىنىڭ ئىنقىلابىي روھىنى جارى قىلدۇرغان » دېمەكچى ، يەنە بىر جەھەتتىن ، « ماۋ جۇشىنىڭ ئۇ ئاقىلانە ھۆكمى يەنە شاڭخەي رايونىدا ئەمەلگە ئاشتى » ①دېمەكچىدى . لېكىن ، ماۋ زېدۇڭنىڭ باشقىچە خىيالى بار ئىدى . شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغاندا ماۋ زېدۇڭغا بەرگەن خۇش خەۋەر تېلېگراممىسى ۋە « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » نىڭ باش ماقالىسىنى مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئاڭلاتمىدى ، « خەلق گېزىتى » مۇ ئېلان قىلمىدى . 12 ـ فېۋرال

جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر بېيجىڭگە چاقىرتىلدى ، ماۋ زېدۇڭ ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەشتى . ماۋ زېدۇڭ ، ئەگەر ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلار شاڭخەينى ئۆگىنىپ ، خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتىسا ، ئۇنداقتا گوۋۇيۈەننى نېمە دەيمىز ؟ دۆلەت نامىنى ئۆزگەرتەمدۇق ؟ ئەگەر جۇڭخۇا خەلق كوممۇنىسى دېسەك ، دۆلەت رەئىسىنى كوممۇنا مۇدىرى دەپ ئاتاشقا توغرا كېلىدۇ . دۆلەت نامى ئۆزگەرسە ، چەت ئەللەر بىزنى باشقىدىن ئېتىراپ قىلىش مەسىلىسى كېلىپ چىقىدۇ ، دېدى . ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلار ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىنكى يېڭى ئورگاننى ئىنقىلابىي كومىتېت دەپ ئاتاشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى ، شاڭخەينىڭ ئىسمى ئۆزگەرتىش مەسىلىسىنى ئۇلار شاڭخەيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئامما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بېكىتىشنى ئېيتتى . 19 - فېۋرال پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەسمىي ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ، « ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى شەھەرلەرنىڭ ھاكىمىيەت تەشكىلى شەكلى ، شاڭخەيگە مەركەز ئايرىم يوليورۇق بەرگەندىن باشقا ، خەلق كوممۇنىسى دېگەن نامنى قوللانماسلىقى كېرەك » دېدى . بۇ جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلارغا بېرىلگەن بىر قېتىملىق تەنقىد ئىدى . شۇڭا ، 17 - فېۋرال ۋاڭ لى قاتارلىقلار ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلغاندا ، ماۋ زېدۇڭ ، بۇ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ « خۇەيرېنتاڭنى قالايمىقان قىلىشى » « مېنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنى تەنقىد قىلغان شەرق شامىلىدىن پايدىلانغان » لىقى دېگەن .

### قارشىلىشىشنىڭ ئىككىنچى دولقۇنى

مانا مۇشۇنداق ھەرخىل ئامىللار بىر يەرگە توغرا كېلىپ قالغان شارائىتتا ، روبىرو ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش ئاخىر پارتىيىنىڭ يۇقىرى قاتلام يىغىنىدا — مەركەزنىڭ باش قوشۇش يىغىنىدا پارتلىدى . ئۇ چاغلاردا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ۋە شۇجىچۇ نورمال يىغىن ئاچالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى . شۇڭا ، جۇ ئېنلەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە ، يەنە خىزمەت قىلىۋاتقان سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى ، مۇئاۋىن

www.uyghurkitap.com

زوڭلىلار ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى قاتناشقان باش قوشۇش يىغىنى ئېچىلدى. بۇ ئەمەلىيەتتە ئەڭ يۇقىرى قاتلامدىكى يىغىن ئىدى. 11 – فېۋرال ۋە 16 – فېۋرالدا، جۇ ئېنلەينىڭ رىياسەتچىلىكىدە جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئېچىلغان ئىككى قېتىملىق يىغىندا تىغمۇ تىغ مۇقابىل تۇرۇلغان كۈرەش بولدى.

11 – فېۋرالدىكى يىغىندا ئەسلىدە « ئىنقىلابنى تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش » مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنماقچىدى. شۇڭا، گوۋۇيۈەندە ئىشلەپچىقىرىشقا مەسئۇل بولۇۋاتقان يۈي چيۇلى بىلەن گۇمۇ يىغىنغا قاتناشتى. لېكىن، يىغىندا ئارمىيە مەسىلىسى ئۈستىدە مۇنازىرە بولۇپ كەتتى، بۇ پارتىيە رەھبەرلىكى ۋە باشقا مەسىلىلەرگە بېرىپ چېتىلدى. مۇزاكىرىدە يې جيەنيىڭ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنى ئەيىبلەپ، سىلەر پارتىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتىڭلار، ھۆكۈمەتنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتىڭلار، زاۋۇت، يېزىلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتىڭلار! بۇنى ئاز دەپ، يەنە ئارمىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەكچى بولۇۋاتىسىلەر، سىلەر زادى نېمە قىلماقچى؟ دېدى. شۈي شياڭچيەن غەزەپ بىلەن ئۈستەلنى ئۇرۇپ تۇرۇپ، ئارمىيە دېگەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ تۈۋرۈكى، ئارمىيىنى مۇشۇنداق قالايمىقان قىلىۋەرسەڭلار، تۈۋرۈك يەنە لازىممۇ؟ بىز ھەممىمىز كارغا كەلمەس بولۇپ قالدۇقما! كۆەي دافۇ ( شۇ چاغدىكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىسيانچىلار تەشكىلاتى جىڭگاڭشەن بىڭتۇەننىڭ كاتتىۋېشى ) دەك ئادەملەرنى ئارمىيىگە قوماندان قىلماقچىما؟ دېدى. ئۇ باش سىياسىي بۆلۈمنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ليۇ جىجيەننى خائىن دەپ قارىلىغانلىق توغرىسىدا چېن بوداغا سوئال قويۇپ، ليۇ جىجيەن خائىن ئەمەس، دېدى. چېن بودا ئۆكتەملىك بىلەن، ليۇ جىجيەننىڭ خائىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ئەنزە بېكىتىلىپ بولدى، ئەمدى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، دېدى. مارشاللار چېن بودانىڭ يولسىزلىقىغا قاتتىق غەزەپلەندى. يې جيەنيىڭ شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى مەسىلىسىنى تۇتۇۋېلىپ چېن

بـوداغا سوئال قويدى : شاڭخەيدە هوقۇق تارتىۋېلىپ ، شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى دەپ ئاتىدى ، دۆلەت تۈزۈلمىسىگە تاقىشىدىغان بۇنداق چوڭ مەسىلىنى سىياسىي بيۇرودا مۇزاكىرە قىلماي ، ئۆزۈڭلارچىلا قىلدىڭلار ، سىلەر زادى نېمە قىلماقچى ؟ دېدى . ئۇ چېن بودانى يۇمۇرلۇق مەسخىرە قىلىپ ، بىز كىتاب ئوقۇمىغان ، گېزىت كۆرمىگەن ، شۇڭا پارىژ كوممۇ-نىسىنىڭ پرىنسىپىنىڭ نېمىلىكىنىمۇ بىلمەيمىز ، سەن چۈشەندۈرۈپ بەرگىنە ، پارىژ كوممۇنىسىنىڭ پرىنسىپى نېمە ؟ ئىنقىلابتا پارتىيە رەھ-بەرلىكى بولمىسا بولامدۇ ؟ ئارمىيە بولمىسا بولامدۇ ؟ دېدى . نې رۇڭجېن مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچى-لىرىدىن تەشكىل قىلىنغان پايتەخت قىزىل قوغدىغۇچىلار بىرلەشمە هە-رىكەت كومىتېتىنى ئەكسىيەتچى تەشكىلات دەپ بېكىتىپ ، نۇرغۇن ئۆسمۈر باللارنى قاماپ قويغانلىقى توغرىسىدا سوئال قويدى . ئۇ ، سىلەر كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرى ۋە نۇرغۇن ياش ـ ئۆسمۈرلەرگە بىرلەشمە هەرىكەت كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، ئەكسىيەتچى ، كونىلىقنى قوغدىغۇچىلار دەپ ، زەربە بېرىپ زىيانكەشلىك قىلدىڭلار ، بىر قىسىم ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقمايدىغان ياشلارنى قۇترىتىپ ئۇلارنى تارتىپ چىقىپ كۆ-رەش قىلدىڭلار ، بەزىلىرىنى قاماپ قويدۇڭلار ، بۇنداق قىلىش پۈتۈنلەي خاتا . سىلەر دادىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن بالىسىنى ، ئائىلە تەۋەلىرىنى كۈرەش قىلساڭلار بولمايدۇ . پېشقەدەم كادىرلارغا رەھىمسىزلارچە زىيان-كەشلىك قىلىش ، ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەكتەك ئىش قىلىش ، بۇ نى-يىتى يامانلارنىڭ قىلىقى ، دېدى . بۇ قېتىمقى يىغىن تالاش ـ تارتىش ئىچىدە نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى .

16 ـ فېۋرالدىكى يىغىندا تېخىمۇ قاتتىق مۇنازىرە بولۇپ كەتتى ، ھەتتا يىغىن تېخى باشلانماي تۇرۇپلا كۈرەش باشلىنىپ كەتتى . جۇڭ-نەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىنىڭ ئىشىك ئالدىدا تەن جېنلىن جاڭ چۇنچياۋغا ئۇچراپ ، ئۇنىڭدىن : « يولداش چېن پېيشيەن قايتىپ كەل-دىمۇ ؟ » دەپ سورىدى . چۈنكى ، تەن جېنلىن ماۋ زېدۇڭ تەستىقلىغان بېيجىڭگە قايتىپ كېلىدىغانلار ئىسمىلىكىدە چېن پېيشيەننىڭ بارلىقىنى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەمما ئۇنى شاگىخەيدە تۇتۇپ قالغانلىقىنى بىلگەندى. كونا سەپدىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ بۇنداق سوئالنى سورىشى ئەسلى نورمال ئىش ئىدى. ئەمما، جاڭ چۇنچياۋ ئەمەلدارلارچە ئاھاڭدا، ئاما ئۇنىمايۋاتىدۇ، دېدى. تەن جېنلىن، پارتىيە تەشكىلى خىزمەت ئىشلىسە بولمامدۇ، دېدى. جاڭ چۇنچياۋ، پارتىيە كارغا كەلمەي قالدى. شاگىخەيدە بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ ھەممىسى چەتكە چىقىرىۋېتىلدى، دېدى. تەن جېنلىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەكلا ئاچچىقلىنىپ كەتتى. شۇڭا، يىغىن باشلىنىشى بىلەنلا ئۇ چېن پېيشيەن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ: «چېن پېيشيەن قىزىل ئارمىيىگە قاتناشقان كىچىك بالا ئىدى، ئۇنىڭ نېمە مەسىلىسى بولسۇن؟ بىرنەچچە چوڭ رايونلارنىڭ شۇجىلىرى، نۇرغۇن ئۆلكىلىك پارتكوملارنىڭ شۇجىلىرىنىڭ نېمە مەسىلىسى بولسۇن؟ ئاما دېگەن نېمە، كەچكىچە ئاما، ئاما دەۋالىدىكەن، يەنە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى بارغۇ! پارتىيە رەھبەرلىكىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، كەچكىچە ئاما ئۆزىنى ئۆزى ئازاد قىلىدۇ، ئۆزىنى ئۆزى تەربىيىلەيدۇ، ئۆزلىرى ئىنقىلاب قىلىدۇ، دەيدىكەن. بۇ نېمە دېگەنلىك، بۇ دېگەن مېتافىزىكا، دېدى. ئۇ جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلارنى قاتتىق ئەيىبلەپ: سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار كونا كادىرلارنى يوقىتىش. كونا كادىرلارنى بىردىن ـ بىردىن يوق قىلىش. كونا كادىرلارنىڭ ھە[illegible]نى يوق قىلىش. كونا كادىرلار كۈرەش قىلىندى، قىرىق يىل ئىسلاب قىلغانلار ئاخىر ئۆلۈپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى. بۇ قېتىم پارتىيە تارىخىدىكى ئەڭ ۋەھشىي كۈرەش بولدى، تارىختىكى ھەرقانداقىدىن ئېشىپ كەتتى دېدى.

يىغىنغا قاتناشقان پېشقەدەم كادىرلار بەس ـ بەستە سۆز قىلىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى بەزى خاتا ئىشلار ئۈستىدە قاتتىق تەنقىد ئېلىپ باردى. لى شيەننەن: پارتىيىمىز ئەزەلدىن كۆپ ساندىكى كادىرلار ۋە ئاما ياخشى دەپ تەكىتلەپ كەلگەن. ھازىرقىدەك قىلىدىغان بولساق، ئىككى توقسان بەش پىرسەنت بىلەن ئىتتىپاقلىشىشنى لازىم قىلامدۇق ـ يوق؟ كونا كادىرلارنىڭ ھەممىسى يوقىتىلسا، ئىنقىلابنى

كىم بىلەن قىلىمىز ؟ ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە قىيناپ
ئىقرار قىلدۇرۇش بولۇۋاتىدۇ ، دېدى . ئۇ يەنە ، كونا كادىرلارنى پۈتۈن-
لەي يوقىتىش ، 1966 ـ يىلدىكى « قىزىل بايراق » ژۇرنىلىنىڭ 13 ـ سا-
نىدىكى باش ماقالىدىن باشلانغان دەپ كۆرسەتتى . جۇ ئېنلەي دەرھاللا
كاڭ شېڭدىن ، ئۇ ماقالىنى سىز كۆرگەنمۇ ؟ دەپ سورىدى . كاڭ شېڭ
ئۇ باش ماقالىنى يېزىشقا ۋە بېكىتىشكە قاتناشقان تۇرۇقلۇق يالغان ئېيت-
تىپ ، كۆرمىگەن دېدى . جۇئېنلەي غەزەپلىنىپ ، مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى
نېمىشقا بىزگە كۆرسەتمەيسىلەر ! دېدى .

چېن يى ، مېنى ھېچكىم كونا كادىرلارنىڭ ۋەكىلى دەپ سايلى-
مىغان بولسىمۇ ، مەنمۇ كونا كادىرلار ئۈچۈن سۆز قىلىمەن ، دېدى . ئۇ
لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ جۇدې ، خې لۇڭلارغا ھۇجۇم
قىلىپ ، ھاقارەتلىگەن ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ ، ئەگەر ئازادلىق
ئارمىيىمىز « چوڭ مىلىتارىست » ، « چوڭ قاراقچى » نىڭ رەھبەرلىكىدە
جەڭ قىلغان بولسا ، خەلق ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى قانداق
چۈشەندۈرۈش كېرەك ؟ دېدى . ئۇ يەنە يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىشنىڭ
تارىخىغا باغلاپ ، زادى كىمنىڭ ماۋ جۇشىغا قارشى ئىكەنلىكىنى تېخى
كېيىن يەنە كۆرىمىز ، ئۇنى يەنە تارىخىي ئەمەلىيەت ئىسپاتلايدۇ ، دېدى .

يې جيەنيىڭ ، پېشقەدەم كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ قىممەت-
لىك بايلىقى ، نەدە ئۇنداقمۇ خالىغانچە يوقىتىدىغان ئىش بولسۇن ؟
مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ، ئادەمنىڭ ھاياتى كاپالەتكە ئىگە بولمىسا ، قانداق
خىزمەت قىلىمىز ؟ دېدى .

پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەققانىي ئىشتا چىڭ تۇرۇپ قىلغان
قاتتىق ، ھەققانىي تەنقىدلىرىدىن چېن بودا ، كاڭ شېڭ ، جاڭ چۈنچياۋ
قاتارلىقلار كۆزلىرى ئالاق ـ جالاق بولۇپ ، گەپ تاپالماي قېلىشتى . پە-
قەت شې فۇجىلا گەپ قىستۇرۇپ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنى ئاقلىماقچى
بولدى ، ئۇ ، جياڭ چىڭ ۋە مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى
تەن جىنلىنىنى نەچچە قېتىم قوغداپ قالدى ؛ كۆپچىلىك « شەخ-
سىيىنى چىقىش نۇقتىسى قىلماي ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كۆزدە تۇتايلى »

www.uyghurkitap.com

دېگەندەك گەپلەرنى قىلدى. ئەمما، تەن جېنلىن، لى شيەننيەن قاتارلىقلارنىڭ قاتتىق رەت قىلىشىغا ئۇچرىدى. بۇ بىر قېتىملىق ھەققانىيەت يامان كەيپىياتنى بېسىپ چۈشكەن يىغىن بولدى. شۇنچە كۆپ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ يۇقىرى قاتلامدىكى يىغىندا كۆڭلىدىكىنى ئىختىيارەن پۇخادىن چىققۇچە دەپ، چېن بودا، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنى يۈز تۇرانە ئەيىبلىشى ئون يىللىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا مانا مۇشۇ بىر قېتىملا بولدى.

شۇ كۈنى كەچتە، چېن يى چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋەكىللىرىگە ناھايىتى ئۇزۇن سۆزلىدى. ئۇ چوڭقۇر مەنىلىك قىلىپ، سىلەر ئىنقىلاب قىلىمىز دەيسىلەر، بىز بۇنىڭغا قارشى ئەمەس، ئەمما بىز سىلەرنىڭ ھەرىكەتنى نورمال، ئوبدانراق ئېلىپ بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. بىز بۇرۇن ئۆتكۈزگەن خاتالىقلارنى ئۆتكۈزمەڭلار، دېدى. ئۇ، ھازىر بەزىلەرنىڭ ئىستىلى توغرا ئەمەس، يۇقىرىغا ئۆرلىگىنىڭ بولسا ئۆرلەۋەرمەمسەن، باشقىلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن ئۆزۈڭنى زىننەتلەشنىڭ نېمە ھاجىتى! لىيۇ شاۋچىنىڭ 100 جىنايىتى دېگەن نەرسىنى ۋاڭ فۇجىنغا چاپلاپ قويۇپتۇ، بۇ دېگەن مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلىغانلىق. 8 ـ قۇرۇلتايىنىڭ سىياسىي دوكلاتىنى سىياسىي بيۇرو ماقۇللىغان تۇرسا، قانداقمۇ ئۇ بىر ئادەم مەسئۇل بولىدۇ؟! باش قوماندان جۇ دې مىلىتارىست، خې لۇڭ چوڭ قاراقچى بولۇپ قالدى، بۇ دېگەن پارتىيىمىزگە قارا سۈركىگەنلىك ئەمەسمۇ! مۇشۇنداق بىر ئۇلۇغ پارتىيىدە پەقەت ماۋ جۇشى، مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋ، زۇڭلى جۇ ئېنلەي، كاڭ شېڭ، چېن بودا، جياڭ چىڭلاردىلا مەسىلە يوقما؟ كەڭچىلىككە سازاۋەر بولغان بىز بەش مۇئاۋىن زۇڭلىنى قوشساق، بىزنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ پارتىيىدە پەقەت مۇشۇ ئون بىر ئادەمدىلا مەسىلە يوقما؟! دېدى. ئۇ غەزەپلىنىپ تۇرۇپ، ئەگەر مۇشۇ ئون بىر ئادەمنىڭلا مەسىلىسى يوق دەيدىغان بولسا، مەن بۇنىڭ ئىچىگە كىرىشنى خالىمايمەن دېدى، ئاخىرىدا چېن يى، بىز قېرىپ قالدۇق، خىزمىتىمىزنى ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ۋاخ بولۇپ قالدى، لېكىن ئۇنى ھەرگىز سۇيىقەستچىلەرگە، ئىككى

يۈزلىمچىلەرگە بېرىشكە بولمايدۇ ! مىليونلىغان ئىنقىلابىي قۇربانلار ئۆز-
زىنىڭ قىممەتلىك ھاياتى بەدىلىگە كەلتۈرگەن ئىنقىلابنىڭ مېۋىسىنىڭ
نابۇت بولۇپ كېتىشىگە قاراپ تۇرساق بولمايدۇ . مەن تېخى كۆرىمەن ،
يەنە كۈرەش قىلىمەن ! دېدى . بۇ سۆزلەر بىر پېشقەدەم ئىنقىلابچىنىڭ
سەممىي ساداقىتىنى ۋە ئەنسىرەش ئىچىدە قالغان ھېسسىياتىنى ئىپادىلەپ
بېرىدۇ .

16 ـ فېۋرالدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا ئېچىلغان يىغىندىن كېيىن
تـەن جېنلىنىنىڭ غەزىپى بېسىلمىدى . 17 ـ فېۋرال ئۇ لىن بىياۋغا بىر
پـارچە خەت يازدى . خەتتە ئۇ جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنى تەنقىد قىلىپ :
« ئۇلارنىڭ ۋاستىسىنىڭ زەھەرلىكلىكى پارتىيىدە ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ
باقمىغان » ، « كونا كادىرلاردىن ، ئۆلكىدىن يۇقىرى كادىرلاردىن ، ئار-
مـىيىدە بولغانلىرى ، جۇڭنەنخەيدە تۇرۇۋاتقانلىرىدىن باشقىلىرى ھەم-
مىسى دېگۈدەك تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى ، تېگىز قالپاق
كىيگۈزۈلدى ، قوللىرى قايرىلىپ كۈرەش قىلىندى ، سالامەتلىكلىرى
كاردىن چىقتى ، ئائىلىسى خانىۋەيران بولۇپ كەتكەن ، مال ـ مۈلكى ،
تاپقان ـ تەرگىنىدىن ئايرىلىپ قالغانلار ئاز ئەمەس ، تەن چىنلۇڭ ، جياڭ
خۇالار شۇنداق بولدى . پارتىيىمىز رەزىللەشتۈرۈلۈپ چېكىگە يەتتى »
دەپ يازغانىدى . ئۇ جياڭ چىڭنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ : « ۋۇ زېتى-
يەندىنمۇ ئۆتە ۋەھشىي » دېدى . ئۇ : « مەن كۆپ ئويلىنىپ ، ئاخىر
قـۇربان بېرىش قارارىغا كەلدىم . ئەمما ، مەن ھەرگىز ئۆزۈمنى ئۆلتۈ-
رۈۋالمايمەن ، ۋەتەنگە ئاسىيلىقمۇ قىلمايمەن . ئەمما ، ئۇلارنىڭ مۇنداق
قىلىۋېرىشىگىمۇ يول قويمايمەن » دەپ يازدى . بۇ سۆزلەر بىر پېشقەدەم
ئىنقىلابچىنىڭ خەلق ، ۋەتەن ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان بېرىشتەك ئالىي-
جاناپ ئەخلاقىي پـەزىـلـىـتـىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى . لېكىن ، ئۇنىڭ
خەتنى لىن بىياۋغا يازغانلىقىغا قارىغاندا ، ئۇ لىن بىياۋنىڭ ماھىيىتىنى شۇ
چاغدا تېخى تولۇق بىلەلمىگەن بولسا كېرەك . نەتىجىدە لىن بىياۋ بۇ
خەتنى ماۋ زېدۇڭغا بېرىپ ، ئۈستىگە مۇنداق سۆزلەرنى يېزىپ قويغان :
« تەن جېنلىنىنىڭ يېقىندىن بۇيان ئىدىيىسىنىڭ بۇنداق دەرىجىدە ھاما-

قەتلىشىپ، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن ». بۇ ئىش پەقەت ئوت ئۈستىگە ياغ قويۇشدەكلا رول ئوينىدى.

يۇقىرىدىكىلەردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بىلەن بولغان كۈرىشى ئاساسىي جەھەتتىن مۇنداق ئۈچ مەسىلىگە مەركەزلەشكەن: ( 1 ) « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئېلىپ بېرىشتا، پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكمۇ ـ يوق؛ ( 2 ) « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا بارلىق كونا كادىرلارنىڭ ھەممىسىنى يوقىتىش كېرەكمۇ ـ يوق؛ ( 3 ) « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئارمىيىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاش كېرەكمۇ ـ يوق. بۇ ئۈچ مەسىلە پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرى ۋە ئىستىقبالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلىلەر ئىدى، يەنە شۇنداقلا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى ھەق ـ ناھەق ۋە ئۇنىڭغا بولغان باھاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىدى. شۇڭا، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ تۈپ خاراكتېرلىك ئىدى، بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ چېكىدىن ئاشقان سول خاتالىرىنى تۈزەتمەكچى بولغان كەسكىن كۈرەش ئىدى.

## ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتا تەنقىدى

كاڭ شېڭ گۇرۇھىدىكىلەر يىغىندا ئۆزىنى ئاقلاشقا گەپ تاپالماي قالغان بىلەن، يىغىندىن كېيىن كەينىدىن سۈيىقەست قىلىشقا ئۇستا ئىدى. مەخپىي پىلانلاش ئارقىلىق جاڭ چۈنچياۋ، ۋاڭ لى، ياۋ ۋېنيۈەن كېچىچە « 16 ـ فېۋرالدىكى خۇەيرېنتاڭدىكى يىغىن » دېگەن ماتېرىيالنى رەتلەپ چىقتى. 17 ـ فېۋرال جياڭ چىڭ ئۇلارنى ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلىشقا ئورۇنلاشتۇردى. ماۋ زېدۇڭ شۇلارنىڭ دوكلاتىغا ئىشەندى ۋە ئۇلارنى قوللاپ ئىپادە بىلدۈردى.

ماۋ زېدۇڭ نېمىشقا بۇنداق پوزىتسىيە تۇتىدۇ؟ تۈپكى مەسىلە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قانداق تونۇش ۋە ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيە تۇتۇش مەسىلىسى ئىدى. ھەممىگە مەلۇمكى، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ماۋ زېدۇڭ ئۆزى قوزغىغان ۋە ئۆزى رەھبەرلىك قىلغۇاتـ

قان ئىنقىلاب ئىدى . ئۇ ھامانە بۇنى ئۆزىنىڭ ماركسىزمنى زور تەرەققىي
قىلدۇرۇشى ، شيۇجېڭجۇيىدىن ساقلىنىش ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇ-
رۇشتىكى زور ئىستراتېگىيىلىك تەدبىر دەپ بىلەتتى ، شۇنداقلا ئاممۋى
ھەرىكەتنىڭ ئـاسـاسـىـي ئېقىمى ياخشى ، چوڭ يۆنىلىشى توغرا بو-
لىدۇ ،د ەپ بىلەتتى . شۇڭا ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى بەزى
چېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىشكە رۇخسەت قىلاتتىيۇ ، لېكىن
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكە قەتئىي
قوشۇلمايتتى . بۇ پېشقەدەم يولداشلارنىڭ پىكرى گەرچە « مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى » نى بىۋاستە ئىنكار قىلمىغان بولسىمۇ ، لېكىن بەزى
سۆزلەر ـچېكىدىن ئاشقان ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىش دائىرىسىدىن ئېشىپ
كـەتكەنىدى . مەسىلەن ، « پارتىيە تارىخىدىكى كۈرەشنىڭ ئەڭ رەھىم-
سىز بولغان بىر قېتىملىقى بولدى ، تارىختىكى ھەرقانداق كۈرەشتىن ئې-
شىپ كەتتى » ، « ھازىر پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە قىيناپ
ئىقرار قىلدۇرۇش بولۇۋاتىدۇ » دېگەندەك سۆزلەر بىۋاستە « مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى » غا بولغان باھاغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئىدى . ناھا-
يىتى ئېنىقكى ، بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ماۋ زېدۇڭ يول قويمايتتى .

بۇنىڭغا ماسلىشىپ كەلگەن مەسىلە ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىن-
قىلابى گۇرۇپپىسىغا بولغان پوزىتسىيە مەسىلىسى ئىدى . مەركىزىي مە-
دەنـىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ بىۋاستە رەھبەرلىكىدىكى
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغايدىغان ۋە ئۇنىڭغا قوماندانلىق قى-
لىدىغان ئورگان ، كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم ياردەمچى دەپ ئاتىلى-
دىغان ئورۇن ئىدى . شۇڭا ، ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئىزچىل
قوللاش پوزىتسىيىسىنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى . پېشقەدەم يولداشلارنىڭ
مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنى قاتتىق تەنقىدلىشىگىمۇ ماۋ
زېدۇڭ قاراپ تۇرالمايتتى .

يەنە بىر ئىش ، چېن يىنىڭ سۆزىدىكى يەنئەندىكى ئىستىل تۈ-
زىتىش توغرىسىدىكى گەپنى كاڭ شېڭ ئۆزگەرتىپ ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ
دوكلات قىلدى ، بۇنىڭغا ماۋ زېدۇڭ نارازى بولدى . يەنئەندىكى ئىستىل

www.uyghurkitap.com

تۈزۈتۈش ھەرىكىتى ۋاڭ مىڭ «سول» چىل ئاغمىچىلىق ئىشلىرىدىن ئومۇمىي ھېساب ئالغان ھەرىكەت ئىدى. پارتىيە ئىچىدىكى لۇشيەنىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا مۇناسىۋەتلىك كۆرەشتە، ماركسىزمنىڭ ئاساسىي ئەسەرلىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇش، ئىگىلەش ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا مىسلىسىز ئىتتىپاقلىققا ۋە بىرلىككە ئېرىشكەن، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىنغانىدى. شۇڭا، كاڭ شېڭ چېن يىنى يەنئەندىكى ئىستىل تۈزۈتۈش ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلدى، دەپ دوكلات قىلغاچقا، ماۋ زېدۇڭ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، ئۇ ۋاڭ مىڭنى يەنە چىللاپ كەلمەكچىمىكەن؟ دېگەن. جۇ ئېنلەي يىغىن ئەھۋالىنى دوكلات قىلغۇچە، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك ـ پوك دېگەندەك، ئالدىدا ئەرز قىلىپ بولغان. نەتىجىدە، ماۋ زېدۇڭ ئۇ بىر تەرەپلىمىلىك دوكلاتنى ئاڭلاپلا خاتا ھۆكۈم چىقارغان.

18 ـ فېۋرال كېچىدە ماۋ زېدۇڭ بىر قىسىم سىياسىي بيۇرو ئەزالىرىنى يىغىپ يىغىن ئاچقان. يىغىندا ئۇ بىرنەچچە مارشالنى ۋە مۇئاۋىن زۇڭلىلارنى ناھايىتى قاتتىق تەنقىد قىلىپ، خۇەيرېنتاڭنى ئالەم ـ مالەم قىلىپ، تىغ ئۇچىنى ماڭا قارىتىپسىلەر، لىن بياۋ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىغا قارىتىپسىلەر، بۇ «ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ قارا قوماندانلىق شتابى» نىڭ تىرىلىشىگە يول ئېچىپ بېرىشكە ئۇرۇنغانلىق، ۋاڭ مىڭ، جاڭ گوتاۋ ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇرغانلىق، دېگەن. كاڭ شېڭنىڭ گېپى بويىچە بۇ «پرولېتارىياتنىڭ غەزىپى كەلگەنلىكى» ئىدى. ماۋ زېدۇڭ يەنە تەن جېنلىن، چېن يى، شۈي شياڭچيەننى ئۆزىنى تەكشۈرۈشكە بۇيرۇدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە 25 ـ فېۋرالدىن 18 ـ مارتقىچە خۇەيرېنتاڭ زالىدا يەتتە قېتىم ئاتالمىش «سىياسىي تۇرمۇش يىغىنى» ئېچىلدى. يىغىندا جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ، چېن بودا، شې فۇجى قاتارلىقلار مەمەدانلىق قىلىپ، چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ، پېشقەدەم يولداشلارغا «ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىگە قارشى چىققان

»، « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى چىققان »، « بىر ئۇچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى قوغدىغان »، « يەنئەن ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلغان »، « كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى بولغان »، « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى »، « پروگراممىسى بولغان، تەشكىللىك، پىلانلىق ھالدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە » قاتارلىق چوڭ قالپاقلارنى كىيگۈزدى. شۇڭا، 18 ــ مارتتا بۇ داۋلىسىز كۈرەش قىلىش يىغىنى ئاخىرلاشقاندا چېن يى غەزەپ بىلەن مەردانىلەرچە: « 40 يىل بۇرۇن مەن شىمالىي مىلىتارىستلارغا قارشى نامايىشقا قاتنىشىپ، ئوق تېگىپ ئۆلۈپ كەتكىلى تاس قالغانىدىم، بۈگۈن يەنە كۈرەش قىلىندىم. 18 ــ مارت ⑥ ئەڭ زۇلمەتلىك كۈن » دېدى.

**ئاتالمىش « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » غا زەربە بېرىش دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى**

ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقى بويىچە، بىرنەچچە مۇئاۋىن زۇڭلى، ھەربىي كومىتېت مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پىپەن مەركەزنىڭ ئىچكى قىسمىدا كىچىك دائىرىدە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر بۇنى ھەرخىل ئاماللارنى قىلىپ جەمئىيەتكە چىقارماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا، ئۇلار بىر ماتېرىيالدىن پايدىلىنىپ ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر تەستىقىغا ئېرىشىۋالدى. 25 ــ فېۋرالدىكى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى تۈزگەن « تېز خەۋەرلەر گېزىتى » گە ئۇلار تيەنجىنگە ئەۋەتكەن مۇخبىر يازغان « بېيجىڭ سىياسىي قانۇن كوممۇنىسى تيەنجىندىكى كىچىك پونكىتتا كىمنى قوللىدى؟ » دېگەن ماتېرىيالى بېسىلدى. بۇ يەنە چېن بودا « تۆتنى ئېنىقلاش » ھەرىكىتىدە نۇقتىدا تۇرغان جايى بولۇپ، بۇ جاينىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت تەشكىلى سىنىپىي دۈشمەنلەر تەرىپىدىن چىرىتىلىپ كەتكەن، شۇڭا ھوقۇق تارتىۋېلىشنى تەشكىللەش كېرەك دەپ تەجرىبە توپلىغان جاي ئىدى. گېزىتتە ئېلان قىلىنغان ماتېرىيالدا: « 26 ــ يانۋاردا بېيجىڭ سىياسىي قانۇن كوممۇنىسى يانغىن ئۇزۇن سەپەر ئەترىتى تيەنجىن كىچىك پونكىت كوممۇنىسى چازىدى چوڭ ئەترە-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نىدە ، تۆتنى ئېنقىلاش ھەرىكىتىدە تەختتىن چۈشكەن كادىرلارنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ( يانغىن قىزىل جەڭگىۋار ئەترەت ) نى قوللىغان ، چوڭ ئەترەتنىڭ تامغىسىنى بۇلاپ كەتكەن ، شۇنىڭ بىلەن جىن ـ ئالۋاستىلار كېيىنى ـ كەينىدىن مەيدانغا چىقىپ قايتۇرما ھېساب ئالغان » دېيىلگەن . چېن بودا بۇ ماتېرىيالغا : « بۇ كاپىتالىزمنىڭ ئىرىلگەنلىكىگە دائىر بىر مىسال » دەپ تەستىق سالغان . ئۇ بۇ ماتېرىيالنى ئالايىتەن ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆرۈشىگە بەرگەن . ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭغا : « يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ھەرقايسى قاتلاملاردا بۇنداق ئەكسىلئىنقىلابىي ئىرىلىش ھادىسىلىرى بار ، بۇ دىققەت قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ » دەپ تەستىق سالغان . لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر بۇ تەستىققا ئېرىشكەندىن كېيىن دەرھال قەستەن ئالماشتۇرۇش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ، كۆپتۈرۈپ ، بۇرمىلاپ ، كېڭەيتىپ ، « ئەڭ ئالىي يوليورۇق » نى داغدۇغىلىق تەشۋىق قىلىش ، « باشقىلارنىڭ سۆزى » ، « ئىنقىلابىي ئاممىنى قوبۇل قىلىش » دېگەندەك شەكىللەر بىلەن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە بۇ يوليورۇق « خۇمېرىنتاگنى قالايمىقان قىلغان » كونا يولداشلارغىلا قارىتىلغاندەك كۆرسەتتى . مانا بۇ « ئىرىلىشكە قارشى » ئاساس قىلىپ « ئەڭ ئالىي يوليورۇق » نى تېپىۋالغان ، مارتنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان ئالمىش « مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە بولغان ئىرىلىش تەتۈر ئېقىمىغا زەربە بېرىش » دولقۇنى ئىدى .

ئۇلار دەسلەپتە ئوت كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەن جېنلىنگە ھۇجۇم قىلدى . شۇ چاغدا ، بېيجىڭ يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىخانىسىدا يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش كۆرگەزمىسى بار ئىدى . شەنشى ئۆلكىسى شياڭ ناھىيىسى داجەي چوڭ ئەترىتى مەملىكەت بويىچە يېزا ئىگىلىكتىكى نەمۇنە ئورۇن ئىدى ( داجەي تەجرىبىلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە توغرا ـ خاتالىقى توغرىسىدا بۇ يەردە سۆزلەپ ئولتۇرمايمىز ) ، « يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش » ماۋ زېدۇڭ چىقارغان چاقىرىق ئىدى . بۇ كۆرگەزمە ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ ئېچىلغانىدى . لېكىن بۇ كۆرگەزمە شۇ چاغدىكى يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل مۇئا-

ۋىن زۇگلى تەن جېنلىنىڭ تەستىقى بىلەن بولغانىدى ، شۇڭا ئۇ تەن جېنلىنگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ نىشانى بولدى .

ئالدى بىلەن كاڭ شېڭ كۆرگەزمىگە بېرىپ بىر قۇر يالغاندىن تەكشۈرگەن بولدى ، ئاندىن ئۇ خۇددى راستتىنلا شۇنداق ئىش باردەك : « بۇ كۆرگەزمىدە مەسىلە بار ئىكەن ، ئەڭ چوڭ مەسىلە ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى گەۋدىلەندۈرمەپتۇ ! » دېدى . شۇ چاغلاردا بۇ ئەڭ چوڭ جىنايەت ھېسابلىناتتى . ئۇنىڭدىن باشقا چى بېنيۈي جياڭ چىڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ، بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئىسيانچىلار جىڭگاڭشەننىڭ كاتتىۋېشى تەن خۇلەننى تېپىپ ئۇرۇنلاشتۇردى . شۇنىڭ بىلەن ، 8 ـ مارتتا تەن خۇلەن 1000 دىن ئارتۇق ئوقۇغۇچىنى باشلاپ بېرىپ ، كۆرگەزمىخانىنى ئىگىلىۋالدى ۋە « تەن جېنلىننى يوقىتايلى » دېگەن شوئارنى توۋلىدى .

9 ـ مارتتا ، چېن بودا ھەربىي ئىشلار كومىتېتى چاقىرغان جۇندىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىدا دوكلات بېرىپ ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش تەتۈر ئېقىمىغا زەربە بېرىشنى ئوتتۇرىغا قويدى .

10 ـ مارت ، ۋاڭ لى ، گۇەن فېڭ ، چى بېنيۈي ۋە شې فۇجى يېزا ئىگىلىك كۆرگەزمىسىگە بېرىپ ، تەن خۇلەنلەردىن ھال سورىدى ھەمدە ئۇلار بىلەن بىللە « تەن جېنلىننى يوقىتايلى » ، « فېۋرال تەتۈر ئېقىمىغا قايتۇرما زەربە بېرەيلى » دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى .

14 ـ مارتتا ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق ۋە قوماندانلىق قىلىشى بىلەن پايتەختتە 100 مىڭ كىشىلىك نامايىش بولدى . ئۇلار « فېۋرال تەتۈر ئېقىمىغا قايتۇرما زەربە بېرەيلى » ، « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنى ئىسسىق قىزغىن قىزغىنىمىز بىلەن قوغدايمىز » دېگەن ۋە تەن جېنلىن ، چېن يى ، يې جيەنيىڭ ، لى فۇچۈن ، لى شيەننيەن ، شۈي شياڭچيەن ، نې رۇڭجېن قاتارلىق يەتتە مۇئاۋىن زۇڭلى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىنى يوقىتىمىز دېگەندەك شوئارلارنى توۋلىدى .

20 ـ مارتتا ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى « ماۋ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جۇشى قەلبىمىزدىكى قىزىل قۇياش » دېگەن كىنونى تەكشۈرۈپ ، ئۇ-نىڭدىكى چېــن يــىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى كېسىپ تاشلاشنى بۇيرۇق قىلدى .

27 ـ مارتـتا ، ئـۇلار « پـايـتەخت پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرى-نىڭ ( فېۋرال تەتۈر ئېقىمى ) نىڭ يېڭى ھۇجۇمىنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىش ، ماۋ جۇشىنى جان تىكىپ قوغداش قەسەمياد يىغىنى » نى ئاچتى .

بېيجىڭدىكى بۇ ھەرىكەتلەر ناھايىتى تېزلا پۈتۈن مەملىكەتكە تەسىر كۆرسەتتى ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسيانچىلار ئۇنى دوراپ چى-قىپ ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىغا زەربە بېرىپ ، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك ئورگانلىرىغا بۆسۈپ كىرىدىغان كەڭ كۆلەملىك دولقۇن كۆتۈرۈلدى . شۇنىڭ بىلەن ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھوقۇق تار-تىۋېلىش كۈرىشى تېخىمۇ كەسكىنلىشىپ كەتتى . بۇ لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتا-لىقىنى چەكتىن ئاشۇرۇۋەتكەنلىكىنىڭ ئەمەلىي مىسالى . شۇنىڭدىن كېيىن سىياسىي بيۇرو ئۆز خىزمىتىنى توختاتتى ، ئەمەلىيەتتە مەركىزىي مەدە-نىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى سىياسىي بيۇرو ۋە شۇجىچۇنىڭ ئورنىغا چىقتى .

**لىن بياۋنىڭ « 20 ـ مارت » سۆزى ۋە دولقۇننىڭ ۋاقىتلىق پەسىيىپ قېلىشى**

كۈرەش جىددىي بولۇۋاتقان چاغدا ، يەنى 20 ـ مارتتا لىن بياۋ ئازادلىق ئارمىيە جۈندىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىدا ئۇزۇن سۆزلىدى . ئۇ ئۈچ مەسىلە ئۈستىدە توختالدى . بىرى ، سىنىپ ، سىنىپىي كۈرەش ، سىنىپىي كۆزقاراش مەسىلىسى ؛ ئىككىنچىسى ، ئاساسىي ئېقىم ، تارماق ئېقىم مەسىلىسى ؛ ئۈچىنچىسى ، ئارمىيىنىڭ يەرلىكنى قوللاش مەسىلە-سى . ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ « سىنىپىي كۈرەش تۇتقا » دېگەن « سول » چىل خاتا نەزەرىيىسىدىن پايدىلىنىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى

سىستېمىلىق ئاقلىدى ، ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »بىر مەيدان جىددىي ، ناھايىتى چوڭقۇر بولغان سىنىپىي كۈرەش دېدى . ئۇ « بەزى پېشقەدەم كادىرلار سوتسىيالىستىك دەۋرگە قەدەم قويغاندىن كېيىن يېتىشەلمىدى ، سوتسىيالىزمنىڭ ئىنقىلابىي جەڭچىلىرىدىن بولالمىدى ، ئەكسىچە كونا دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا تۇرۇپ قالدى . بەزىلىرى ئۆزگىرىپ كاپىتالىزم ئۇنسۇرلىرىدىن ، يېڭى كاپىتالىزم ئۇنسۇرلىرىدىن بولۇپ قالدى » دەپ ھاقارەتلىدى . ئۇ « ( مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ) كۈرەشنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى ، جۇڭگونىڭ قاياققا مېڭىشىنى ، جۇڭگونىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ ، يەنى شۇنداقلا پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ » دېدى . ئۇ كىشىلەرنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان قالايمىقانچىلىقلارنى تەنقىد قىلىشىنى چەكلەپ ، ھەدەپ « قالايمىقانچىلىق » ئۈچۈن مەدھىيە ئوقۇدى . ئۇ : « بۇ قېتىمقى قالايمىقانچىلىق ئىككى خىل . بىرى ئاساسىي تەرەپ ، يەنى دۈشمەنلەرنى ، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ، پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە كاتتىۋاشلىرى ، جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان بۇرژۇئازىيە كاتتىۋاشلىرىنى يەر بىلەن يەكسان قىلدى ، ئۇلارنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى ، بۇنداق قالايمىقانچىلىق ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى ، ناھايىتى ئوبدان ئىش » دېدى . ئۇ ئەمەلىيەتكە باقماي مۇبالىغە قىلىپ : « بۇ سىنىپىي كۈرەشتە بىز غەلىبە قىلدۇق ، چوڭ غەلىبە قازاندۇق . بۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ چوڭ غەلىبىسى ، ئىنسانىيەتنىڭ چوڭ غەلىبىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ . بۇنىڭغا نىسبەتەن شۇنداق بىر ئومۇمىي كۆز قاراش بولۇشى كېرەك » دېدى . بۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئۇ شۇ چاغلاردا كەڭ تارقالغان ، ئەمما ھازىر شاڭخو گەپ بولۇپ قالغان « داڭلىق گەپ » تىن بىرنى قىلدى : « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ « زىيىنى ناھايىتى ئاز ، ناھايىتى ئاز ، ناھايىتى ئاز ، ئەمما نەتىجە ناھايىتى زور ، ناھايىتى زور ، ناھايىتى زور ». بۇ دوكلات ئەمەلىيەتتە لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ « فېۋرال تەتۈر ئېقىمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيە پروگراممىسى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولۇپ قالدى.

7 ـ ئاپرېل پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يولداش لىن بياۋنىڭ سۆزىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قويۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئۇقتۇرۇشتا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى، مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋنىڭ 1967 ـ يىل 20 ـ مارتتا قىلغان سۆزىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بارلىق خادىملىرىغا ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا ئاڭلىتىش كېرەك، دەپ يوليورۇق بەردى». ئۇقتۇرۇشتا لىن بياۋنىڭ سۆزىگە ناھايىتى يۇقىرى باھا بېرىلگەن بولۇپ، ئۇ «ناھايىتى مۇھىم بولغان، ماركسىزم ـ لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى توغرىسىدىكى دوكلات، ئۇ نۆۋەتتىكى پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەرىكىتىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ يەرلىكنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا توغرا كىرىشىگە يېتەكچىلىك قىلىشتا، پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ ئىككى لۇشيەن كۈرىشىدە تېخىمۇ غەلىبە قازىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە» دېيىلگەن. 24 ـ ئاپرېلدا بۇ سۆزنىڭ تېكىستىنى مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى پۈتۈن مەملىكەتكە بېسىپ تارقاتتى.

شۇڭا، لىن بياۋنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىنىشىغا ۋە تەستىقلىشىغا ئېرىشكەن بۇ سۆزى، ئەمەلىيەتتە شۇ چاغدىكى كۈرەش توغرىسىدىكى ھۆكۈمەت خۇلاسىسى بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ ۋەقەنى تونۇشى ۋە ئۇنىڭغا باھا بېرىشىدە خىلاپلىق قىلسا بولمايدىغان مىزان بولدى. لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنى قوللىشىمۇ چەكلىك ئىدى، ئۇ پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ ھەممىسنى يوقىتىۋېتىشنى قوللىمايتتى. خۇددى دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقاندەك: «ئۇ كىم گېپىگە كىرمىسە شۇنىڭ ئەدىبىنى بەرمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قانچىلىك دەرىجىدە ئەدىبىنى بېرىشكە كەلگەندە، ئويلاپ ئىش قىلاتتى».

ماۋ زېدۇڭ مارشاللارنىڭ ۋە مۇئاۋىن زۇڭلىلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ۋە مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنى قاتتىق

تەنقىد قىلىشىغا نارازى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى يوقىتىشنى خالىمايتتى. شۇڭا، 30 ـ ئاپرېل كەچتە، ماۋ زېدۇڭ جۇئېنلەي، لى فۇچۈن، چېن يى، يې جيەنيىڭ، نې رۇڭجېن، شۈي شياڭچيەن، تەن جېنلىن، لى شيەننيەن، يۈي چيۇلى، گۇمۇ قاتارلىقلارنى ئۆز ئۆيىگە چاقىرىپ، بىر « ئىتتىپاقلىق يىغىنى » ئاچقان ھەمدە بۇ يولداشلارنىڭ « 1 ـ ماي » بايرىمىدا تيەنئەنمېن راۋىقىدا ساليوت ئېتىشنى كۆرۈشنى تەشكىللىگەن. شۇ چاغلاردا، بىر رەھبەرنىڭ بىرقەدەر چوڭ بولغان ئاممىۋى يىغىلىشلارغا قاتنىشىشى ـ قاتناشماسلىقى، ئىسمىنىڭ گېزىتتە ئېلان قىلىنىش ـ قىلىنماسلىقى رادىئودا ئاڭلىتىلىش ـ ئاڭلىتىلماسلىقى بىر خىل بەلگە دەپ بىلىنەتتى. شۇڭا، مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى بۇ خەۋەرنى ئاڭلىتىپ، « خەلق گېزىتى » تيەنئەنمېن راۋىقىدا ساليوتنى كۆرىدىغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار قوزغىغان « فېۋرال تەتۈر ئېقىمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » دولقۇنى ۋاقىتلىق پەسىيىپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى. لېكىن، بۇ كۈرەش توختاپ قالمىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ئىشقا بولغان كۆزقارىشى كېيىن ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن يەنە ئۆزگەردى.

## 3. « خائىن تۇتۇش » غوۋغاسى ئىچىدە پەيدا بولغان ليۇ شاۋچىغا ئۆۋال قىلىنغان ئەنزە

بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى پىپەن قىلىش ۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ قانات يېيىشى بىلەن پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى رەھبىرىي كادىرلىرى كۈرەش قىلىندى، ئاغدۇرۇلدى، « كالا قوتىنى » غا سولاندى ياكى چەتكە چىقىرىپ قويۇلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى، جەمئىيەت تەرتىپى بۇزۇلدى، ئىشلەپچىقىرىش جىددىي تۆۋەنلەپ كەتتى. ئاتالمىش « تىرىلىش تەتۈر ئېقىمى » غا قايتۇرما زەربە بېرىش ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. لېكىن، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر بۇنىڭ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قانائەتلىنىپ قالمىدى . ئۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ « جاھاننى قالايمىقانلاشتۇ-رۇپ » « جاھاننى تۈزەش » دەيدىغان سۇبيېكتىپ خىيالىنى چەكتىن ئاشۇرۇپ ، ھەرخىل سەۋەبلەرنى تېپىپ ، قالايمىقانچىلىقنى تېخىمۇ قالاي-مىقانلاشتۇرۇۋەتتى . 1967 ـ يىل مارت ، ئاپرېل ئايلىرىدا ئېلىپ بېرىلغان « خائىن تۇتۇش » ھەرىكىتى ۋە « ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن ھەرىكىتى » « جاھاننى قالايمىقانلاشتۇرۇش » تا ناھايىتى مۇھىم رول ئويىنىدى .

### ئاتالمىش « خائىن تۇتۇش » ماجىراسى

« خائىن تۇتۇش » پائالىيىتى 1967 ـ يىل 16 ـ مارتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « بو يىبو ، ليۇ لەنتاۋ ، ئەن زىۋېن ، ياڭ شيەنجېن قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ خائىنلىق قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى دەسلەپكى تەكشۈرۈش » نى بېسىپ تارقاتقاندىن كېيىن رەسمىي باشلاندى . بۇ ھۆججەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن بىر ئىلاۋە يېزىلغان بولۇپ ، دۈشمەنلەر سوراق قىلغان ۋە دۈشمەن تۈر-مىسىگە چۈشكەن ھەمدە ئىنقىلاب ئۈچۈن تۆھپە ياراتقان پېشقەدەم يولداشلارغا « خائىن » دېگەن بەتنام ئارتىلغانىدى . ئۇنىڭدا مۇنداق دې-يىلگەنىدى : « بۇ خائىنلار ئۆزۈندىن بۇيان پارتىيە ئىچىدە يوشۇرۇنۇۋال-غان ، مەركەز ۋە يەرلىكتىكى پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ناھايىتى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە چىقىۋالغان . بۇ خائىنلار گۇرۇھىنىڭ پاش قىلىنغان-لىقى ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ». يەنە پۈتۈن پارتىيىگە « ھوش-يارلىقنى زور دەرىجىدە ئاشۇرۇش » چاقىرىق قىلىنغانىدى . ئەمەلىيەتتە بۇ كاڭ شېڭ ، جياڭ چىڭ ، چېن بودا قاتارلىقلارنىڭ پىلانلىغىلى خېلى ئۇزاق بولغان سۇيىقەستى ئىدى ، چۈنكى ئۇلار ، پېشقەدەم يولداشلارنى« بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى ئىجرا قىلدى » دېگەن جىنايەت بىـ-لەنلا ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولمايدىغانلىقىنى ، « مەڭگۈ قەد كۆتۈرەل-مەيدىغان » قىلىۋېتەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ، « مەدەنىـ-

يەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ، ئۇلار قىزىل قوغدىغۇ-
چىلارنى كادىرلارنىڭ تارىخىي مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە قۇتراتتى
ھەمدە ھەر تۈرلۈك ساختا ئىسپاتنامىلارنى تاپتى ۋە ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ،
ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلماقچى بولدى .

1966 ـ يىل ئاۋغۇستتا ، كاڭ شېڭ مەلۇم قىزىل قوغدىغۇچىلار
تەشكىلاتىغا ئەينى يىللاردىكى بېيپىڭنىڭ كونا گېزىتلىرىنى ئاختۇرۇش-
نى ، ئۇلاردىن خېلى كۆپ خائىننى تېپىپ چىقالايدىغانلىقىنى ئېيتقان .
كاڭ شېڭنىڭ يوليورۇقى بويىچە ، تيەنجىن نەنكەي ئۇنىۋېرسىتېتى
« خائىن تۇتۇش جەڭگىۋار ئەترىتى » 61 كىشىلىك خائىنلار گۇ-
رۇھىنى « تېپىپ چىققان » كاڭ شېڭ بۇ ماتېرىيالغا ئىگە بولغاندىن
كېيىن 8 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ
كاندىدات ئەزاسى ، گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى بو يىبو قاتارلىق
ئادەملەرنى « خائىنلىق قىلىش قىلمىشى بار » دەپ قارا چاپلاپ زىيان-
كەشلىك قىلدى . كاڭ شېڭ 16 ـ سېنتەبىر ماۋ زېدۇڭغا يازغان خېتىدە
مۇنداق دەپ يازغان : « مەن ئۇزۇندىن بۇيان يولداش شاۋچىنىڭ ئەن
زىۋىن ، بو يىبو قاتارلىق ئادەملەرنىڭ ‹ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ تۈرمىدىن
چىقىشى ›نى بەلگىلىگەنلىكىدىن گۇمانلىنىپ يۈرەتتىم » ، « بۇ بەلگىلىمە
پۈتۈنلەي خاتا ، پارتىيىگە قارشى بەلگىلىمە » ، « كوممۇنىستىك پارتى-
يىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشتەك پارتىيىدىن يۈز ئۆرۈش قىلمىشى » .

« مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى » نىڭ باشقا ئەزا-
لىرىمۇ بىللە مەيدانغا چۈشۈپ ، زور جامائەت پىكرى قوزغىدى . 1967 ـ
يىلى يانۋاردا چى بېنيۈي ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى سەنئەت
ئۆمىكىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرگە : « قىزىل قوغدىغۇچى باتۇرلار ئەن
زىۋىن ( پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، مەركى-
زىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ) نىڭ پارتىيىگە ئاساسىي-
لىق قىلغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقتى . بۇ ئايىنىغان ئۇنسۇرلارنىڭ پارتى-
يىدىن يۈز ئۆرۈشنى تەشكىللىگۈچىسى لىيۇ شاۋچى » دېگەن . فېۋرالدا
گۇەن فېڭ ھەربىي مەشىقە قاتناشقان ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللىرىگە :

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

« ئۇلار ئاسىيلار ، خائىنلار » دېگەن . مارتتا مەركىزىي كومىتېتنىڭ
يولىيورۇقى چۈشكەندىن كېيىن ئۇلار راستتىنلا شۇنداق ئىش باردەك
كەڭ كۆلەمدە تەشۋىق ئېلىپ باردى . ئاپرېلدا ئېچىلغان ھەربىي ئىشلار
كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا جياڭ چىڭ : « كىچىك باتۇرلارنىڭ
بۇ تۆھپىسى بەك چوڭ بولدى ! »، « ئۇلار بولمىغان بولسا ، بۇ خائىنلار
گۇرۇھىنى قانداق تېپىپ چىقالايتتۇق ؟ ئاتمىش نەچچە ئادەمكەن ، ئۇلار
مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلىرىنى ئىگىلىۋاپتۇ » دېگەن . كاڭ شېڭ بۇنى
تېخىمۇ پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ : « بېيجىڭدىكى بۇ ئاتمىش نەچچە ئادەم ،
لىيۇ شاۋچىنىڭ پارتىيىگە ئاسىيلىق قىلىش تەشكىلىي لۇشيەنى ، تەسلى-
مچىلەر ۋە خائىنلارنى ئەتراپىغا يىغىش تەشكىلىي لۇشيەنىنىڭ بىر مى-
سالى » دېدى ، ئۇنىڭ گېپىگە كۈچلۈك قەست قىلىش نىيىتى يوشۇرۇن-
غانىدى .

ھەقىقىي ئەمەلىيەت پۈتۈنلەي ئۇلارنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە
ئىدى . 1936 ــ يىلى ياپونىيە جاھانگىرلىكى ئېلىمىزغا قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك
تاجاۋۇز ئۇرۇشى ئېلىپ بېرىشنىڭ ھارپىسىدا ، پۈتۈن مەملىكەت مىقيا-
سىدا ياپونىيە جاھانگىرلىكىگە قارشى تۇرۇپ ، ۋەتەننى قۇتقۇزۇش ھە-
رىكىتى يۇقىرى دولقۇن بولۇپ كۆتۈرۈلگەن ۋەزىيەتتە ، پارتىيە مەرك-
ىزىي كومىتېتى شىمالىي بيۇروسى خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇشتا كادىر
كام بولۇشتەك جىددىي ھەل قىلمىسا بولمايدىغان مەسىلىگە يولۇققان .
شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، خې مېي كېلىشىمى⑦ ئىمزالانغاندىن كېيىن ، گو-
مىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ژاندارما پولكى بېيپىڭدىن چىقىپ كەتكەن ئەھۋال
ئاستىدا ، تۈرمىدىكى يولداشلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلغان .
شۇڭا ، لىيۇ شاۋچىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ، شىمالىي بيۇرو بېيپىڭدىكى
ھەربىيلەر خاتالىقىنى ئويلىنىش تارمىقىغا قامالغان بىر تۈركۈم پارتىيە
ئەزالىرىنى دۈشمەننىڭ بەلگىلىگەن رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ تۈرمىدىن
چىقىشى توغرىسىدا قارار ماقۇللىغان ھەمدە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا
دوكلات قىلغان . شۇ چاغدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش
مەسئۇلى جاڭ ۋېنتيەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى باشقا رەھبىرىي

يـولداشلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن ، بۇ قارارنى تەستىقلىغان .
بـو يىبىو قاتارلىق ئادەملەر 1936 ـ يىلى ئاۋغۇستتىن 1937 ـ يىلى مارتقىچە
توققۇز تۈركۈمگە بۆلۈنۈپ ، بېيىپىڭ دائىرىلىرى بەلگىلىگەن رەسمىيەتـ
لەرنى ئۆتەپ ، تۈرمىدىن قايتىپ چىققان . بۇ پارتىيە تەشكىلىنىڭ يولـ
يـورۇقىنى ئىجرا قىلىش ئىدى . بۇ ئىش ئۈستىدە مەركىزىي كومىتېت
بىرقانچە قېتىم تەكشۈرگەن ، ئۇلارنىڭ شۇ چاغدىكى تارىخىنى مەركىزىي
كومىتېت ئوبدان بىلەتتى . بولۇپمۇ ، 1945 ـ يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى
7 ـ نـۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئاچىدىغان چاغدا ، ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىـ
تـىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ رەسمىي تەكشۈرۈشى بىلەن شۇ چاغـ
دىـكى تارىخ توغرىسىدا ناھايىتى ئېنىق يەكۈن چىقىرىلغانىدى . كاڭ
شېڭ شۇ چاغدىكى ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ
ئەزاسى بولغاچقا ، بۇ ئىش ئۇنىڭغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى .

شۇڭا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ بۇمەسىلە باشـ
قىدىن ئوتتۇرىغا چىققاندا ، يەنى 1966 ـ يىلى 24 ـ نويابىردا جۇ ئېنلەي
غەربىي شىمال بيۇروسىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ لىيۇ لەنتاۋ ( 8 ـ نۆـ
ۋەتـلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ، مەركىزىي كومىتېت غەربىي شىـ
مال بيۇروسىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ) نىڭ تۈرمىدىن چىقىش مەسىلىسىنى
تەكشۈرۈۋاتقانلىقى توغرىسىدا مەركىزىي كومىتېتتىن يوليورۇق سوراپ
يازغان دوكـلاتـىـنـى ئـالغاندىن كېيىن ، ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ :
بۇ « ئەنزىگە چېتىشلىق ئادەم بەك كۆپ ، شۇ چاغدا يولداش لىيۇ شاۋچى
مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن قارار چىقارغان ، 7 ـ نۆۋەتلىك ، 8 ـ
نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتايلىرى بۇنى تەكشۈرۈپ چىققان ، شۇڭا مەركىـ
زىي كومىتېت بۇ ئىشنى بىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىپادە بىلدۈرۈشى كېـ
رەك » دېگەن . بۇنى ماۋ زېدۇڭ كۆرگەندىن كېيىن : « شۇنداق بولـ
سۇن » دەپ تەستىق سالغان . جۇئېنلەي دەرھاللا پارتىيە مەركىزىي
كومىتېت نامىدىن غەربىي شىمال بيۇروسىغا تېلېگرامما يوللاپ : « ئۇلار
پـاش قىلغان يولداش لىيۇ لەنتاۋنىڭ تۈرمىدىن چىقىش مەسىلىسىنى
مەركەز بۇرۇنلا بىلىدۇ . ئەگەر ئۇلار يېڭى ماتېرىيال تاپقان بولسا ، ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەۋەتىپ مەركەزنىڭ تەكشۈرۈشى ئۈچۈن ئەكىلىپ بەرسۇن » دەپ كۆرسەتمە بەرگەن. ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، جىلىن ئۆلكىلىك پارتكوم 26 ـ نويابىردا مەركەزگە جىددىي تېلېگرامما يوللاپ، قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ 1 ـ شۇجىسى جاۋ لىنىنىڭ « خائىنلىق » مەسىلىسىنى پاش قىلغانلىقىنى دوكلات قىلغان. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇلارغىمۇ ئوخشاش مەزمۇندا جاۋاب بەرگەن. 30 ـ نويابىردا جۇ ئېنلەي جىلىندىكى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا ئۆزى شەخسەن تېلېگرامما بېرىپ: « سىلەر پاش قىلغان يولداش جاۋلىنىنىڭ تۇرمىدىن چىقىش مەسىلىسىنى مەركەز بۇرۇنلا بىلىدۇ » دېگەننى تەكىتلەپ، ئۇلارنىڭ « ئاممىۋى چوڭ يىغىندا ئېلان قىلماسلىقىنى ۋە تەكشۈرمەسلىكىنى، تەشۋىق ۋەرىقىنى تارقاتماسلىقىنى، لوزۇنكىلارغا يازماسلىقىنى » ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى.

لېكىن جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار بۇ ئىشنى قەستەن بۇرمىلاپ، داۋاملىق ئاممىنى قۇترىتىپ، ئىشنى مەقسەتلىك ھالدا كېڭەيتىۋەتتى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن ھەرقايسى جايلاردىكى « خائىن تۇتۇش » ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ۋە ھەرخىل ـ ھەر ياڭزىدىكى مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىلىرى، كادىرلارنىڭ بۇرۇن تەكشۈرۈلۈپ يەكۈن چىقىرىلىپ بولغان تارىخ مەسىلىلىرىنى باشقىدىن ھەممىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، ھەتتا يوق يەردىن يوتاق چىقىرىپ، يوق بەدناملار بىلەن زىيانكەشلىك قىلىپ، ناھايىتى كۆپ ئۇۋال ئەنزە، خاتا ئەنزىلەرنى پەيدا قىلدى. ئۇلار بىر ئاتالمىش « ليۇ شاۋچى خائىنلار گۇرۇھىنىڭ تەشكىلىي لوشيەنى » دېگەننى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ، بۇنىڭغا چېتىشلىق ھالدا « شىنجاڭ خائىنلار گۇرۇھى »، « شەرقىي شىمال خائىنلار گۇرۇھى »، « جەنۇب خائىنلار گۇرۇھى » دېگەندەك ناھايىتى زور ئۇۋال ئەنزىلەرنى پەيدا قىلدى. مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كادىرلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نۇرغۇنلىرى بالا ـ چاقىسىدىن ئايرىلىپ، خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

## «ۋۇخاۋ ئېلانى» ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇشى

«خائىن تۇتۇش» پائالىيىتى ناھايىتى غالجىرلاشقان چاغدا،
ھەتتا جۇ ئېنلەيمۇ بۇنىڭدىن خالىي بولالماي قالدى. 1967-يىلى 17-
مايدا جياڭ چىڭ، لىن بياۋ، جۇ ئېنلەي ۋە كاڭ شېڭغا خەت يېزىپ،
«كومپارتىيىگە قارشى بىر ئېلاننى تېپىپ چىقتۇق، ئۇلارنىڭ باشلام-
چىسى ۋۇخاۋ (جۇ XX) ئىكەن» دېگەن ھەمدە 30-يىللاردىكى گو-
مىنداڭ گېزىتلىرىدە ئېلان قىلىنغان ئاتالمىش «ۋۇخاۋ قاتارلىقلارنىڭ
كومپارتىيىدىن ئايرىلىش توغرىسىدىكى ئېلانى» نىڭ كۆچۈرمىسىنى
قوشۇمچە قىلىپ، جۇ ئېنلەيگە ھۇجۇم قىلىپ، قارا چاپلاپ، زىيانكەش-
لىك قىلماقچى بولدى. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئېلان گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق
ئورگانلىرى ياساپ چىققان نەرسە ئىدى. جۇ ئېنلەي بۇ ئىشتىن خە-
ۋەرسىز بولۇپ، شۇ چاغدا شاڭخەيدە ئەمەس ئىدى.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق ئىدى: 1931-يىل ئاپرېلدا، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئاخبارات - قوغداش خىزمىتىگە مەسئۇل بول-
غان، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى گۇ
شۇنجاڭ قولغا ئېلىنىپ خائىن بولۇپ كېتىدۇ، نەتىجىدە مەركىزىي كو-
مىتېت جىددىي خەتەرگە دۇچ كېلىدۇ. بىزنىڭ يەر ئاستى خىزمىتى
خادىملىرىنىڭ خەتەرگە قارىماي بۇ خەۋەرنى ۋاقتىدا يەتكۈزۈپ بېرىشى
ۋە جۇ ئېنلەي قاتارلىق يولداشلارنىڭ ئەقىل - پاراسەت بىلەن جىددىي
تەدبىر قوللىنىشى نەتىجىسىدە، كومپارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۆز ۋاق-
تىدا يۆتكىلىپ، خەتەردىن قۇتۇلىدۇ. شۇ يىلى ئىيۇندا كومپارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى باش شۇجىسى شاڭ جۇڭفا قولغا ئېلىنىپ، خائىن
بولۇپ كېتىدۇ. بۇ خەتەردىمۇ جۇ ئېنلەي ئوبدان چارە قوللىنىدۇ، گو-
مىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرىنىڭ سۇيىقەستىنى بەربات قىلىدۇ. غە-
زەپلەنگەن گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق ئورگانلىرى ئالدىدا جۇ ئېنلەينى تۇ-
تۇش توغرىسىدا «ئىنئاملىق تۇتۇش ئۇقتۇرۇشى» چىقىرىدۇ. بۇ ئىش
ئەمەلگە ئاشمىغاندىن كېيىن، پىتنە - ئىغۋا تارقىتىش ئۇسۇلىنى قوللى-
نىپ، جۇڭتۇڭ ئىشپىيونى جاڭ چۇڭ، خۇاڭ كەي بىرلىشىپ «ۋۇخاۋ

www.uyghurkitap.com

قاتارلىق 243 نەپەر ئادەمنىڭ كومپارتىيىدىن ئايرىلىش ئېلانى » ئويدۇ-
رۇپ چىقىرىپ ، 1932 - يىلى فېۋرالدا « شىنباۋ » گېزىتى ، « ئاخبارات
گېزىتى » دە ئېلان قىلىندۇ . لېكىن ، جوئېنلەي بۇ ئىشتىن ئىككى ئاي
بۇرۇنلا شاڭخەيدىن كېتىپ ، جياڭشىدىكى سوۋېت رايونىنىڭ مەركىزىي
رۇيجىندە ئىشلەۋاتاتتى .

بۇ ئىشنىڭ تەسىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن ، شاڭخەيدىكى ۋاقىتلىق
مەركەز بۇنىڭغا قارشى تەدبىر قوللاندى ، « شىنباۋ » گېزىتخانىسى ئارقى-
لىق ناھايىتى ئۇستاتلىق بىلەن ئېلان بەردى ، « گومىنداڭنىڭ نومۇس-
سىز پىتنە - پاساتلىرىغا رەددىيە » دېگەن تەشۋىق ۋەرىقىنى تارقاتتى ،
پارتىيىنىڭ يەر ئاستى گېزىتى « شىنباۋ » گېزىتىدە پىتنە - پاساتلارغا
رەددىيە بېرىدىغان ماقالە ئېلان قىلدى . مەركىزىي سوۋېت رايونىمۇ
جۇڭخۇا سوۋېت مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭنىڭ نامىدا
ئېلان چىقىرىپ : « ئەمەلىيەتتە يولداش ۋۇخاۋ سوۋېت مەركىزىي ھۆ-
كۈمىتىدە ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە ، كومپار-
تىيىدىن ئايرىلدى دېگەن ئىش مەۋجۇت ئەمەس ، ئۇنداق بىمەنە ئەكسى-
يەتچى سۆزلۈك ئېلاننى چىقىرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس . بۇ پۈتۈنلەي
ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەرلەرنى ئۆلتۈرگەن ، جۇڭگونى جاھانگىرلارغا
ساتقان گومىنداڭ باندىتلىرىنىڭ ئويدۇرۇپ چىقارغان پىتنە - پاسات-
لىرى ، خالاس » دەپ كۆرسەتكەن .

لېكىن ، 30 نەچچە يىلدىن كېيىن بۇ گومىنداڭ ئىشپىيونلۇق
ئورگانلىرىنىڭ نومۇسسىزلارچە قىلىقى ئىكەنلىكى ئېنىقلىنىپ بولغان
ئىشنى جياڭ چىڭ كۆتۈرۈپ چىقىپ ، جۇ ئېنلەينى ئاغدۇرۇشنىڭ بىر
قورالى قىلماقچى بولدى . جياڭ چىڭنىڭ سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلىش
ئۈچۈن ، جۇ ئېنلەي 19 - مايدا ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ ، مۇناسىۋەت-
لىك تارىخىي ماتېرىياللارنى قوشۇمچە قىلىپ قويدى . ئۇ خېتىدە : « ئا-
تالمىش ‹ ۋۇخاۋ ئېلانى › دېگەن ، 1932 - يىلى 18 - فېۋرالدا ئېلان قى-
لىنغان يالغان ئېلان » ، « ساختا ئېلان ۋە شىنباۋ گېزىتخانىسى ئارقىلىق
ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىش ئىشلىرى ، مەن جياڭشىدىكى ۋاقىتتا بولغان-

كەن » دەپ يازغانىدى . لېكىن ، 1967 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بىرەيلەن ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ ، بۇ ئىشنى ئىنكاس قىلغان . ماۋ زېدۇڭ 1968 ـ يىلى 16 ـ يانۋاردىكى تەستىقىغا : « بۇ ئىش ئاللىقاچان ئېنىقلىنىپ بولـ غان ، گومىنداڭنىڭ پىتنە ـ پاسىتى » دەپ يازغان ، شۇنىڭ بىلەن جـ ياڭ چىڭنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشماي قالدى .

« خائىن تۇتۇش » دېگەن نام بىلەن ، دۇشمەن ھۆكۈمرانلىقىدا قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلىپ ، ئاجايىپ تۆھپىلەرنى ياراتقان نۇرغۇن كومپارتىيە ئەزالىرى ، خەۋپ ـ خەتەرگە پىسەنت قىلماي ، پارتىيىگە ئالاھىدە تۆھپىلەرنى قوشقان كۆپلىگەن پارتىيىسىز زاتلار « خاـ ئىن » ، « ئىشپىيون » دېگەن بەتناملار بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ، بەزىلىرى رەھىمسىز نابۇت قىلىشقا ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى . لىن بياۋ ، جـ ياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ « خائىن تۇتۇش » نى قوزغىشى ، ئۇلارنىڭ ھەرخىل باھانە ـ سەۋەبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، پارتىيىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ ، ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتىكى بىر مۇھىم ئوـ رۇنلاشتۇرۇشى .

**ليۇ شاۋچىنى پىپەن قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش**

لىن بياۋ ، جياڭ چىڭلارنىڭ كادىرلارغا زىيانكەشلىك قىلىشتىكى ئەڭ چوڭ بىر مەقسىتى ليۇ شاۋچىنى ئاغدۇرۇش ، ھەرخىل ئامال ـ چاـ رىلار بىلەن ئۇنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىش ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار ئىككى خىل ئۇسۇل قوللاندى : بىرى ، مەخپىي ھالدا ئەنزە تەكشۈرۈش گۇرۇپـ پىسى تەشكىللەپ ، ساختا ئىسپاتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىرىپ ، ليۇ شاۋـ چىنى ئىشپىيون ، خائىن قىلماقچى بولدى . يەنە بىرى ، ليۇ شاۋچىغا قاـ رىتا ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئاتالمىش « ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن ھەرىـ كىتى » نى قوزغىدى . بۇ ئىككى ئىش بىر ـ بىرىگە ماسلاشقان ھالدا تەڭ ئېلىپ بېرىلدى .

1967 ـ يىلى مارتتا ، كاڭ شېڭ بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىنستىتۇتى

قىزىل بايراق جەڭگىۋار ئەترىتى قاتارلىق ئالتە تەشكىلات توپلىغان ليۇ
شاۋچىغا قارا چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىدىغان ماتېرىياللاردىن پايدىلى-
نىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بىر پارچە دوكلات يازدى . ئۇ
دوكلاتتا ، ليۇ شاۋچىنىڭ تارىخىدا مەسىلە بارلىقى ، ئۇ قولغا ئېلىنىپ ،
خائىن بولغانلىقى توغرىسىدا ئېنىق ئىسپات تاپقانلىقىنى دەپ ، ليۇ
شاۋچى ئۈستىدە مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ تەكشۈرۈشنى
تەكلىپ بەرگەن . بۇ دوكلاتنى 21 ــ مارتتا ماۋ زېدۇڭ تەستىقلىغان ،
خىزمەت قىلىۋاتقان سىياسىي بيۇرونىڭ باشقا دائىمىي كومىتېت ئەزالى-
رىمۇ ئۇنى كۆرۈپ قوشۇلغان .
مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى تەكشۈرۈشنى باشلاش بىلەنلا ، گې-
زىت ــ ژۇرنالدىكى پىپەنمۇ تەڭلا باشلاندى : 1967 ــ يىلى 1 ــ ئاپرېلدا
« خەلق گېزىتى » چى بېنيۇنىڭ « ۋەتەنپەرۋەرلىكمۇ ياكى ۋەتەن
ساتقۇچلۇقمۇ ؟ » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . ماۋ زېدۇڭ كۆرۈپ ،
ئۆزگەرتىپ بەرگەن ماقالىدە ليۇ شاۋچىنىڭ ئىسمىنى « پارتىيە ئىچىدىكى
ئەڭ چوڭ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار » دېگەن نام بىلەن ئاتى-
غان ، ليۇ شاۋچىغا « جاهانگىرلىك ، فېئودالىزم ، ئەكسىيەتچى بۇرژۇئا-
زىيىنىڭ گۇماشتىسى » ، « كومپرادور بۇرژۇئازىيە » ، « جاهانگىرلىك ،
فېئودالىزمنىڭ ئەكسلئىنقىلابىي تەشۋىقاتىنىڭ گۇپپاڭچىسى » دېگەندەك
جىنايەتلەر ئارتىلىپ ، ليۇ شاۋچى « يالغان ئىنقىلابچى ، ئەكسلئىن-
قىلابچى » ، « يېنىمىزدا ياتقان خرۇششېۋ » دېيىلگەنىدى . ليۇ پىڭپىڭ-
نىڭ ئەسلىمە ماقالىلىرىگە قارىغاندا ، ليۇ شاۋچى چى بېنيۇنىڭ ئۇ ماقا-
لىسىنى كۆرۈپ « غەزەپلىنىپ ، گېزىتنى يەرگە تاشلىۋېتىپ ، بىزگە بۇ
ماقالىدە نۇرغۇن يالغان گەپلەر بار ئىكەن ، مەن قاچان ئۇ كىنونى
( « چىڭ ئوردىسىنىڭ مەخپىي تارىخى » دېگەن كىنونى دېمەكچى )
ۋەتەنپەرۋەر كىنو دەپتىمەن ؟ قاچان قىزىل كومپرادور بولۇڭلار دەپتى-
مەن ؟ بۇ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ، تۆهمەت ! پارتىيە ئى-
چىدىكى كۈرەش ئەزەلدىن بۇنداق هالغا چۈشۈپ قالمىغان » ، « ئەگەر
ئاشۇ ئادەملەر هېچنېمىدىن قورقمايدىغان ، ئوچۇق ــ يورۇق بولالايدىغان

بولسا ، قېنى ، مۇنازىرىلىشەيلى ! مەركىزىي كومىتېتتا مۇنازىرىلىشەيلى ،
خەلق ئاممىسى ئارىسىدا مۇنازىرىلىشەيلى ! دېگەن ». بۇنداق مۇۋاپىق
تەلەپنىڭ ئۇ چاغلاردا ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . گەرچە ليۇ
شاۋچى نام جەھەتتىن دۆلەت رەئىسى ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي
بىيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولسىمۇ ، لېكىن ئۆزىنى ئاقلاپ
پىكىر بېرىدىغان ھوقۇقى يوق ئىدى . ھەتتا ئۇنىڭ 7 ـ ئاپرېل چاپلىغان
جاۋاب تەرىقىسىدە يازغان چوڭ خەتلىك گېزىتىمۇ جۇڭنەنخەيدە بىر-
نەچچە سائەت تۇرۇپلا يىرتىپ تاشلاندى . مانا بۇ ئاتالمىش « چوڭ دې-
موكراتىيە » ئىدى .

8 ـ ماي « قىزىل بايراق ژۇرنىلى » ، « خەلق گېزىتى » ،
« تەربىيىلىنىش توغرىسىدا » نىڭ ئەجەللىك يېرى پرولېتارىيات دىكتا-
تۇرىسىغا ئاسىيلىق قىلىشتا » دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلدى . بۇ ماقالە
مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن
يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللانغان تەھرىر بۆلۈم ماقالىسى بولۇپ ،
ئۇنىڭدا ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن ئۈزۈۋېلىش ، چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈش
ئۇسۇلى بويىچە ، ليۇ شاۋچى ئۆز كىتابىدا لېنىننىڭ بىر ئابزاس سۆزىنى
نەقىل كەلتۈرگەندە سۆزلىمەكچى بولغان مەسىلە بىلەن بىۋاسىتە مۇنا-
سىۋىتى بولمىغان « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى » [8] دېگەن سۆزنى قىس-
قارتىۋەتكەنلىكىنى تۇتۇۋېلىپ ، بۇ بىر كىچىككىنە ئىش ئۈچۈنلا ئادەم
قورققۇدەك قالپاقنى كىيگۈزگەنىدى . ماقالىدە : « تەربىيىلىنىشى توغرى-
سىدا » دېگەن كىتاب پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى . بۇ كىتاب ماركسىزم ـ لې-
نىنىزمغا قارشى ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە قارشى چوڭ زەھەرلىك چۆپ .
ئۇنىڭ زەھىرى پۈتۈن مەملىكەتكە ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان . ئۇنىڭغا
نىسبەتەن ئۈزۈل ـ كېسىل پىپەن ئېلىپ بېرىش كېرەك » ، « ئۇنىڭ
ئەجەللىك يېرى ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ پرولېتارىيات دىكتاتورىسى
توغرىسىدىكى تەلىماتىغا ئاسىيلىق قىلىش » ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى
تەلىماتىغا ئاسىيلىق قىلىش « ماركسىزم ـ لېنىنىزمغا پۈتۈنلەي ، ئۈزۈل ـ

كېسىل ئاسىيلىق قىلغانلىق ، پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشلىرىغا پۈتۈنلەي ، ئۈزۈل ـ كېسىل ئاسىيلىق قىلغانلىقتۇر » دېيىلگەنىدى . شۇنداق قىلىپ ، « كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا » دېگەن بۇ ئاتاق-لىق ، پارتىيە قۇرۇلۇشى نەزەرىيىسىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان مارك-سىزمچە ئەسەر بىر كېچىدىلا ئەكسىلئىنقىلابىي « چوڭ زەھەرلىك چۆپ » بولۇپ قالدى .

شۇنىڭدىن كېيىن ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپلىگەن پىپەن ماقالىلىرى ئېلان قىلىنىپ ، ليۇ شاۋچى قاتارلىقلار پې-پەن قىلىندى . تولۇق بولمىغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، مايدىن سېنتە-بىرگىچە ھەرقايسى گېزىتلەردە ئېلان قىلىنغان « كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا » دېگەن كىتابنى پىپەن قىلىپ يېزىلغان ئا-ساسلىق ماقالىلار 150 ـ پارچىدىن ئېشىپ كەتكەن . ھەرخىل كىچىك گېزىتلەر ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەردىكى پىپەن ماقالىلەرنىڭ سانى يوق ئىدى . بۇ پىپەن ماقالىلىرىدە ھەق ـ ناھەق ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىنىپ ، ئاق ـ قارا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ، ماركسىزمنىڭ نۇرغۇن ئاساسىي پرىنسىپ-لىرى ، پارتىيىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇش مىزانى ، ھەق ـ ناھەققە ھۆكۈم قىلىشنىڭ ئادەتتىكى ئۆلچەملىرى شىۋجېڭجۇيىنىڭ نەرسىلىرى دەپ پې-پەن قىلىنىپ كەتتى ، بۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى تېخىمۇ قاي-مۇقۇپ ، ھەرخىل يالغان ماركسىزم ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىلىرىنىڭ يامراپ كېتىشىگە يول ئېچىلدى .

بۇ يەردە كىشىلەر ئۇزاقتىن بۇيان گاڭگىراپ چۈشىنەلمەي كې-لىۋاتقان بىر مەسىلە بار : « كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغ-رىسىدا » دېگەن كىتاب 1939 ـ يىلى يەنئەندە نەشر قىلىنغان ، 1942 ـ يىلدىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە پۈتۈن پارتىيە ئەزالىرى چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك 22 ھۆججەتنىڭ بىرى قىلىنغان . ئەجەبا شۇ چاغلاردا ماۋ زېدۇڭ بۇ كىتابنى كۆرمەپتىكەنما ؟ 1967 ـ يىلى كاڭ شېڭ ئۇ كىتابنى ماۋ زېدۇڭ كۆرمەپتىكەن ، دېگەن . ئەمما ، بۇ ئادەمنى قايىل قىلالمايدىغان گەپ ئىدى . ماۋ زېدۇڭ 1970 ـ يىلى ئامېرىكا مۇخبىرى

سىنو بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ، ئۇ كىتابىنىڭ كونا نۇسخىسىنى كۆرگەن-
لىكىنى ئىقرار قىلغان ، ئەمما ئۇ : « ‹ قارا تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا ›
دېگەن كىتاب جاھانگىرلىككە ، فېئودالىزمغا ، گومىنداڭغا تىل تەگكۈز-
مىگەن » ، « كومپارتىيە ئەزاسى ھاكىمىيەتنى تارتىۋالماي نېمە قى-
لىدۇ ؟ ! شۇڭا ئۇ پارتىيە ئىچىگە سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان ئەكسىيەتچى
ئۇنسۇر » دېگەن . شۇ چاغدا ، كاڭ شېڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇنداق سۆزى-
نىمۇ يەتكۈزگەن : « ليۇ شاۋچىنىڭ بۇ كىتابى ئادەمنى ئالدايدىغان
نەرسە . ئىنقىلابنىڭ تۈپكى مەسىلىسى ھاكىمىيەت مەسىلىسى ، بۇ كى-
تابىدا پەقەت شەخسىي تەربىيىلىنىش ، شەخسىي ئەخلاق سۆزلىنىپ ،
ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش مەسىلىسى پەقەتلا سۆزلەنمىگەن . سىياسىي-
دىن ، سىنىپىي كۈرەشتىن ئايرىلسا ، تەبىئىي ھالدا مېتافىزىكا پاتقىقىغا
پېتىپ قالىدىغان گەپ » . يۇقىرىدىكى ئىككى ئابزاس گەپ مەزمۇن
جەھەتتىن ئوخشاش . شۇڭا ، بۇنىڭ مۇۋاپىق بولغان چۈشەندۈرۈلۈشى :
ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆزقارىشىدا كېيىن ئۆزگىرىش بولغان ، نەتىجىدە
« كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەربىيىلىنىشى توغرىسىدا » دېگەن ئەسەرنىڭ
ئەسلى مەزمۇنىنى خاتا چۈشىنىۋالغان ، بولىدۇ . مەسىلىگە چەكتىن ئاش-
قان سولچىللىق نوقتىسىدىن قارىغاندا ، ماركسىزم شىۋجېڭجۇيىغا ئۆزگى-
رىپ كېتىشى ، ماتېرىيالىزىم مېتافىزىكا دەپ قارىلىشى مۇمكىن . مانا بۇ
ئېلىشقا تېگىشلىك ساۋاق .

لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار « ئىنقىلابىي چوڭ پىپەن » نى
قوزغاش بىلەن بىللە ، ليۇ شاۋچى قاتارلىق پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھ-
بەرلىرىگە بولغان جىسمانىي زىيانكەشلىكنىمۇ كۈچەيتتى . 1966 ـ يىلى
دېكابىردا ، كاڭ شېڭ ، جياڭ چىڭ ، شې فۇجى قاتارلىق ئادەملەرنىڭ
بىۋاسىتە كونتروللۇقىدا ۋە قوماندانلىقىدا ليۇ شاۋچىنىڭ ئايالىنى تەك-
شۈرۈش نامىدا « ۋاڭ گۇاڭمېي مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى » قۇرۇلغا-
نىدى . ئۇلار ھەرخىل ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ، ئالدىدا ۋاڭ گۇاڭمېينى ئا-
مېرىكا ئىشپىيونى قىلىپ چىقىپ ، ئارقىدىن ليۇ شاۋچىغا قارا چاپلاپ ،
ئۇنى ئامېرىكىنىڭ ئىستراتېگىيە ئىشپىيونى قىلىپ چىقماقچى بولغانىدى .

1967 ـ يىلى مارتتىن كېيىن قۇرۇلغان « ليۇ شاۋچى مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى » تېخىمۇ كەڭ كۆلەملىك زىيانكەشلىك قىلىش، قارا چاپلاپ بالاغا تىقىش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. ئۇلار خالىغانچە ئادەم تۇتۇپ، قىيناپ سوراق قىلدى، ئىقرار بولۇشقا قىستىدى، ليۇ شاۋچىنىڭ « خائىن، ساتقۇن، ئىشچىلار ئاسىيسى » ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى يالغان ئىسپاتلارنى ئويدۇرۇپ چىقاردى. ئىيۇلدا، جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ، چېن بودالار ليۇ شاۋچىنى كۈرەش قىلىشنى ئۆزلىرىلا بەلگىلىدى ھەمدە 18 ـ ئىيۇلدا چى بېنيۈي « ليۇ شاۋچىنى كۈرەش قىلىش يىغىنى » ئويۇشتۇردى، ئۆيىنى ئاختۇردى. شۇنىڭدىن كېيىن ليۇ شاۋچىنىڭ بارلىق ھەرىكەت ئەركىنلىكى چەكلەندى. 5 ـ ئاۋغۇستتا، ماۋ زېدۇڭ يازغان « قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتۇش » چوڭ خەتلىك گېزىتىنىڭ بىر يىللىقىنى تەبرىكلەش نامى بىلەن جۇڭنەنخەيدە ليۇ شاۋچى، دېڭ شياۋپىڭ، تاۋجۇ ئەر ـ ئايال كۈرەش قىلىندى. ئىيۇل، ئاۋغۇست ئايلىرىدا، كاڭ شېڭ، شې فۇجى، چى بېنيۈي قاتارلىقلار تۈمەنلىگەن ئاممىنى قۇترىتىپ، ئاتالمىش « ليۇ شاۋچىنى تۇتۇش ئالدىنقى سېپى » تەشكىللەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇرۇشلۇق ئورۇن جۇڭنەنخەيىنى قورشىۋالدى، گوۋۇيۈەنگە بۆسۈپ كىردى.

بېيجىڭدا بولغان بۇ خىل قورشىۋېلىشلار، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى رەھبەرلىك ئورگىنىغا بۆسۈپ كىرىشلەر، پارتىيە، دۆلەتنىڭ رەھبەرلىرىنى تۇتۇپ چىقىپ كۈرەش قىلىشلاردەك ئېغىر ۋەقەلەر ناھايىتى تېزلىك بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقالدى. چوڭ پىپەن قىلىشنىڭ دائىرىسى بارغانچە كېڭىيىپ، كادىرلارنى كۈرەش قىلىش ۋاسىتىلىرىمۇ بارغانچە ئەشەددىيلىشەتتى. تەرەپبازلىق كۈرىشى « چوڭ خەتلىك گېزىت جېڭى »، « لوزۇنكا، شوئار جېڭى » دىن تەرەققىي قىلىپ، راست قورال ـ ياراغ بىلەن ئېلىپ بېرىلغان ئەلەم كۈرىشىگە ئايلاندى. ئىشلىتىلگەن قوراللار دەسلەپكى كالتەك ـ نەيزىدىن ھازىرقى زامان قوراللىرى بولغان پىلىموت، زەمبىرەكلەرگىچە بولدى. كادىر، ئاممىغا بولغان جىسمانىي زىيانكەشلىك « ئېگىز قالپاق كىيگۈزۈش »،

« رېئاكتىپ ئايروپىلان شەكلىدە كۆرەش قىلىش » قاتارلىقلاردىن ھەر-خىل قىيناش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىش ئادەمنى ناكا قىلىش ، ئادەمنىڭ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىشتەك ئىشلارغىچە تەرەققىي قىلدى . كەڭ كا-دىرلار ۋە ئامما پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەقدىرىدىن قاتتىق غەم قىلىشتى ھەمدە ھەرخىل ئوخشىمىغان شەكىللەر ئارقىلىق « سول » چىل خاتالىققا قارشى كۈرەش قىلدى ، ئۇنىڭغا قارشى تۇردى .

### ۋۇخەندىكى 20 - ئىيۇل ۋەقەسى

1967 - يىلى 20 - ئىيۇلدا ، ۋۇخەن شەھىرىدە كەڭ ئارمىيە ، ئامىمىنىڭ ئاتالمىش مەركەزنىڭ ۋەكىلى شې فۇجى ، ۋاڭ لىغا قارشى تۇرۇش ۋەقەسى ( 20 - ئىيۇل ۋەقەسى ) يۈز بەردى . بۇ ئۇزۇندىن بۇ-يان يىغىلىپ قالغان زىددىيەتنىڭ چوڭ پارتلىشى ئىدى . 1967 - يىلنىڭ ئەتىياز پەسلىدىكى ئاتالمىش « پۈتۈن مەملىكەتتە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قوزغالغان تىـرىـلىش تەتۈر ئېقىمىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » تە ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ۋۇخەن ھەربىي رايونىنى زەربە بېرىلىدىغان نۇقتىلىق ئورۇنلارنىڭ بىرى دەپ قارىغانىدى . شۇڭا ، لىن بياۋ بىر قې-تىملىق سۆزىدە ، ئۆزىنىڭ ۋۇخەن ھەربىي رايونىدىن خاتىرجەم ئەمەس-لىكىنى ئېيتىپ ، « ئۇلارغا ئامال بولمىدى » دېگەنىدى . جياڭ چىڭمۇ : « ۋۇخەن ھەربىي رايونىنى بىر سەگىتىپ قويۇش كېرەك » دېگەنىدى . مەركىزىي مـەدەنـىـيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ۋۇخەن ھەربىي رايونىنى « سولچىلارغا ياردەم بېرىش » تە « لۇشيەن خاتالىقى » ئۆتكۈزدى دەپ بىلەتتى ، شۇڭا ئاممىنى قۇترىتىپ ، ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەر-لىرىنى تۇتۇپ چىقىپ كۈرەش قىلدۇرماقچى بولدى . لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن ۋۇخەن رايونىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار « تۈمەن مىڭ قەھرىمان » ۋە « ئىشچىلار باش شتابى » باشچىلىقىدىكى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ كەتتى ، تەرەپبازلىق كۈرىشى بارغانچە كەسكىنلەشتى ، ئەلەم كۈرىشىنىڭ كۆلىمى بارغانچە يوغانلىدى . شەھەرنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاۋۇتلارنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى ئىشتىن توختىدى ، قاتناش ئۈزۈلۈپ قالدى ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالدى ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقانلاشتى .

ۋۇخەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ، ئەسلىدە ھەر ئىككى تەرەپ بېيجىڭغا ۋەكىل ئەۋەتىپ ئەھۋالنى دوكلات قىلماقچى بولغانىدى . كېيىن ماۋ زېدۇڭ جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرمەكچى ھەمدە ۋۇخەندە چاڭجياڭ دەرياسىدا سۇ ئۈزمەكچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئىككى تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بېيجىڭغا كەلمەيدىغان ، مەسىلىنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ھەل قىلماقچى بولۇشتى . 14 ـ ئىيۇلدا جۇئېنلەي ، ماۋزېدۇڭ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ۋۇخەنگە باردى . شۇ كۈنى شې فۇجى بىلەن ۋاڭ لىمۇ چۇڭچىڭدىن ۋۇخەن مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا ياردەملىشىدىغان مەركەزنىڭ ۋەكىلى نامى بىلەن ۋۇخەنگە كەلدى . ماۋ زېدۇڭ ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە : « سىلەر ئويلاپ بېقىڭلار ، بىر زاۋۇتتىكى بىر تەرەپ ئىنقىلابىي ، يەنە بىر تەرەپ ئوڭداق ئەمەس دېيىلسە ، سىلەر ئىشىنەمسىلەر ؟ » « ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدە تۈپكى پايدا ـ زىيان توقۇنۇشى يوق » دېدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، جۇ ئېنلەي ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ رەھبەرلىرىنى ۋە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ئارمىيىنىڭ سولچىلارغا ياردەم بېرىشكە قاتناشقان دىۋىزىيىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەسئۇللىرىنى يىغىپ ، تۆت كۈن يىغىن ئاچتى ، دوكلات ئاڭلىدى ، مەسىلىنى ھەل قىلىش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ، شې فۇجى ، ۋاڭ لىمۇ يىغىنغا تولۇق قاتناشتى . 18 ـ ئىيۇل چۈشتىن كېيىن جۇ ئېنلەي خۇلاسە قىلغاندا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، ھەربىي رايون سولچىلارغا ياردەم بېرىشتە يۆلىنىش ، لۇشيەن خاتالىقى ئۆتكۈزدى دەپ تونۇپ ، ھەربىي رايون قوماندانى چېن زەيداۋ ، سىياسىي كومىسسارى جۇڭ خەنخۇانى ئاڭلىقلىق بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى ، ئىشچىلار باش شتابىنىڭ نامىنى ئەكسىگە كەلتۈرۈشنى ، ئىشچىلار باش شتابىنىڭ كاتتىۋېشى جۇ خۇڭشانى تېزرەك قويۇپ بېرىشنى ، ھەر ئىككى تەرەپنى ئوخشاش قوللاشنى ، ئارمىيىدىكى

يولداشلارنىڭ ئىدىيىۋى خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنى ، يەنە بىر تەرەپ-تىكى ئاممىۋى تەشكىلات « تۆمەن مىڭ قەھرىمان » نىڭ خىزمىتىنىمۇ ئوبدان ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى . ئاندىن كېيىن مەسىلىلەرنى مەسلىھەت-لىشىپ تەدرىجىي ھەل قىلىشنى دېدى . بۇ سۆزلەر مەركەزنىڭ ۋۇخەن ھەربىي رايونى ئىككى تەرەپتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتنى تەڭ قوللاپ ، ئۇلارنىڭ بىرلىشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش فاكچىنىنى ئىپادىلەپ بەرگەنىدى .

ئەمما شې فۇجى ، ۋاڭ لى قاتارلىقلار يوشۇرۇن ھالدا تەرەپ-تەرەپتە ھەرىكەت قىلىپ ، يەنىلا بىر تەرەپنى قوللاپ ، يەنە بىر تەرەپنى بېسىپ ، بىر تەرەپ خۇشال بولىدىغان ، يەنە بىر تەرەپ غەزەپلىنىدىغان ئىشلارنى قىلدى . 18 - ئىيۇل كەچتە جۇ ئېنلەي بېيجىڭغا قايتتى . شې فۇجى ، ۋاڭ لى جۇ ئېنلەينى ئۇزىتىپ قويۇپلا ، ئۇدۇل « ئىشچىلار باش شتابى » نىڭ تۇرۇشلۇق ئورنىغا باردى ۋە بۇ تەشكىلاتنىڭ قىزىل يەڭ بەلگىسىنى قوبۇل قىلدى ھەم تاقىۋالدى . ئاندىن : مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى سىلەرنى قەتئىي تەۋرەنمەي قوللايدۇ . سىلەر بې-سىمغا ئۇچرايدىغان ، زەربىگە ئۇچرايدىغان ئەھۋالنىڭ بولۇشىغا يول قويمايدۇ ، بۇنداق ھالەتنى ئاغدۇرۇش كېرەك » دېدى . ۋاڭ لى يەنە « ئىشچىلار باش شتابى » ئىنقىلابىي سولچىلار ، « تۆمەن مىڭ قەھرى-مان » تەشكىلاتى قوغدىغۇچى تەشكىلات دېدى . 19 - ئىيۇل « ئىشچىلار باش شتابى » رادىئو - كاناي ۋە رادىئو كانىيى بار ماشىنىلار بىلەن ۋاڭ لىنىڭ سۆزىنىڭ ئۈن-ئالغۇلېنتىسىنى تەرەپ - تەرەپتە ئاڭلاتتى ، بۇ ئىش « تۆمەن مىڭ قەھرىمان » قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلاردىكى ئام-مىنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى . نەتىجىدە « 20 - ئىيۇل ۋەقەسى » يۈز بەردى .

20 - ئىيۇل ئەتىگەندە بىر قىسىم ئارمىيە ، خەلق ۋاڭ لى قاتار-لىقلار تۇرۇۋاتقان دۇڭخۇ مېھمانخانىسىغا ( ئۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭمۇ بۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى ) بېسىپ كىرىپ ، ۋاڭ لىنى ۋۇخەن ھەربىي رايون ھويلىسىغا ئېلىپ كېلىپ ، سوئال سورىدى ۋە پىپەن قىلماقچى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولدى . نەچچە ئون مىڭ ئارمىيە ــ خەلق كوچىدا نامايىش قىلدى . جۇ ئېنلەي بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ دەرھال ئايروپىلان بىلەن ۋۇخەنگە قايتىپ كېلىپ ، ۋاڭ لىنى قايتۇرۇپ كەلدى . 21 ــ ئىيۇل ئەتىگەندە ماۋ زېدۇڭمۇ شاڭخەيگە كەتتى . 22 ــ ئىيۇل شې فۇجى ، ۋاڭ لى بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى .

لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ بۇ ۋەقەنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ ، « بۇ ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە » دەپ ھاقارەتلىدى . 22 ــ ئىيۇل كەچتە لىن بياۋ ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ يىغىن ئېچىپ : ( 1 ) چېن زەيداۋ ، جۇڭ خەنخۇانى مەركەزنىڭ نامى بىلەن بېيجىڭغا يۆتكەپ كېلىش ؛ ( 2 ) ھۆججەت چىقىرىپ پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇقتۇرۇش قىلىش ؛ ( 3 ) 100 مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىن ئېچىشنى قارار قىلدى . بۇ ئۈچ مادىدا دەرھال ئىجرا قىلىندى . 23 ــ ئىيۇل مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ نامىدا « جىددىي ئۇقتۇرۇش » چىقىرىپ ، ھەرقايسى جايلاردىكى قۇرۇقلۇق ، دېڭىز ، ھاۋا ئارمىيىلىرى قوراللىق نامايىش قىلىپ ، « 20 ــ ئىيۇل ۋەقەسى » نى ئەيىبلەشنى تەلەپ قىلدى . 24 ــ ئىيۇل چېن زەيداۋ قاتارلىق ئادەملەر بۇيرۇق بويىچە كۈرەش قىلىنىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلدى . 25 ــ ئىيۇلدا تيەنئەنمېن مەيدانىدا 100 مىڭ كىشىلىك يىغىن ئېچىلدى ، ۋاڭ لى ، شې فۇجىلار قەھرىمان بولدى . ۋۇخەندىكى 100 مىڭلىغان ئارمىيە ، خەلق « ئەكسىلئىنقىلاب » بولدى . لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىق ئادەملەرگە : « ھازىر ئۇلار بىزگە تېما چىقىرىپ بەردى ، ئەمدى بىز بۇنى چىڭ تۇتۇپ قىلىدىغاننى قىلساق بولىدۇ » دېگەن .

مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ، بېيجىڭدىكى بۇ قېتىملىق يىغىن ناھايىتى تېزلىك بىلەن « بېيجىڭ سىلەرنى قوللايدۇ » دېگەن ھۆججەتلىك فىلىمنى ئىشلەپ چىقىپ ، پۈتۈن مەملىكەتتە قويۇلدى ، « خەلق گېزىتى » ، « ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» « 20 ــ ئىيۇل ۋەقەسى » نى ئەيىبلەيدىغان ماقالە ، باش ماقالە ، ئوبزورلارنى كەينى ــ كەينىدىن ئېلان قىلىپ ، كەڭ كۆلەملىك جامائەت پىكرى قورشاۋىنى شەكىللەندۈردى . ۋۇخەندىكى ئارمىيە ، خەلق مىس

لىسىز چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ، ۋۇخەندىكى مۇستەقىل دىۋىزىيە
« خائىن ئارمىيە » دەپ قارىلاندى ، ئارمىيە نومۇرى ئەمەلدىن قالدۇرۇ-
لۇپ ، نۇرغۇن ئادەم قوراللىق نازارەت ئاستىدا دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئېي-
لىپ بېرىلىپ ئەمگەككە سېلىندى . خۇبېي ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ ئون
يىلدىن كېيىن بۇ ۋەقە توغرىسىدا مەركەزگە يازغان دوكلاتىغا قارىغاندا ،
بۇ ۋەقەدە ئۇرۇپ يارىدار قىلىنغان ، مېيىپ قىلىنغان ۋە ئۇرۇپ ئۆلتۈ-
رۈلگەن كادىر ، جەڭچى ، ئاممىا 184 مىڭ ئادەمگە يەتكەن . بۇنىڭ ئىچىدە
پەقەت ۋۇخەن شەھىرىدىنلا يارىدار قىلىنغان ، مېيىپ قىلىنغان ئادەم 66
مىڭ ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەنلەر 600 دىن ئاشقان . شۇ شىياڭچيەن ، شۈي
خەيدۇڭ قاتارلىقلارمۇ « قارا ئارقا تېرەك » دەپ قارىلىپ ، ئۆيلىرى ئاخ-
تۇرۇلغان ، ئاقىۋىتى ئېغىر بولغان .
« 20 ـ ئىيۇل ۋەقەسى » كەڭ ئارمىيە ، خەلقنىڭ ھەددىدىن ئاش-
قان سولچىل خاتالىقىغا قارشى تۇرۇش كۈرىشى ، شۇنداقلا ۋۇخەن
رايونىدىكى ئىككى تەرەپتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ تەرەپبازلىق كۈ-
رىشىنىڭ ناھايىتى كەسكىنلەشكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى . بۇ كۈرەش لىن
بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ قول تىقىشى بىلەن بارغانچە كۈچىيىپ
كەتكەن . مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى تەرەپبازلىق تەشكىلات-
لىرى ۋە تەرەپبازلىق كۈرىشى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ غەلىتە
مەھسۇلاتى . بۈگۈنكى كۈندە تارىخىي تەجرىبىلەرنى لىللا يەكۈنلىگەندە ،
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى ئاتالمىش ئىسيانچىلار ۋە قوغدىغۇ-
چىلار دەپ ئايرىلغان ئىككى تەرەپنى ، يېتەكچى ئىدىيەدىن ئېيت-
قاندا ، « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش
نەزەرىيىسى » بويىچە ، « بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ
تاشلاش » دەك خاتا فاكجىن ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلار دەپ ئېيتىشقا
بولىدۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئاتالمىش « ھوقۇق تارتىۋې-
لىش باسقۇچى » دا ، ئىككى تەرەپ ئاكتىپ قاتناشتى ۋە ھوقۇق تار-
تىۋالدى ھەمدە ئۆز تەرىپىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشى ئۈچۈن تىرىشتى ، بۇنىڭ
بىلەن دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆرلىگەن تەرەپبازلىق كۈرىشى ھەتتا ئەلەم كۈ-

www.uyghurkitap.com

رىشىنى قىلدى؛ ھەر ئىككى تەرەپ ئوخشاشلا ئاتالمىش «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار» نى يوقىتىشنى تالاشتى ھەمدە ھەرخىل قوپال ئۇسۇل - چارىلەرنى قوللاندى. شۇڭلاشقا، ئومۇمىي تەرەپتىن ئالغاندا، ئىككى تەرەپتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ھەممىسى خاتا، مەيلى قايسى تەرەپنى قوللىسۇن، ئۇمۇ خاتا. بەزى ۋاقىت، بەزى مەسىلىلەردە بۇ تەرەپ ياكى ئۇ تەرەپنىڭ توغرا بولسىمۇ، بۇ دېگەن ئىككىنچى ئورۇندىكى مەسىلە. ھالبۇكى، ۋۇخەن «20 - ئىيۇل ۋەقەسى» دىن كېيىن لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، خالىغىنىنى قىلغانلىقى، يۈز مىڭدىن ئارتۇق ئادىمى بار بىر تەرەپتىكى ئاممىۋى تەشكىلاتنى «ئەكسىلئىنقىلابىي تەشكىلات» دەپ، ۋۇخەن ھەربىي رايونىغا قاراشلىق مۇستەقىل دىۋىزىيىنى «خائىن ئارمىيە» قىلىپ قويغانلىقى، ۋۇخەندىكى كەڭ ئارمىيە، خەلقنىڭ «سول» چىل خاتالىققا قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى رەھىمسىزلارچە باستۇرغانلىقى، بۇ مانا سىپى ئۆزىدىن بولغان جىنايى قىلمىش.

**ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇشنىڭ باشلىنىپ، جاھاننىڭ قالايمىقانلىشىشى**

«20 - ئىيۇل ۋەقەسى» دىن كېيىن لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار قىلچىمۇ ئەيمەنمەي ھەممىنى يوقىتىشنى تېخىمۇ كۈچەپ قۇتراتتى، نەتىجىدە ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش باشلاندى. 22 - ئىيۇل جياڭ چىڭ خېنەندىكى بىر تەرەپ ئاممىۋى تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرىگە سۆز قىلغاندا، ئوچۇق - ئاشكارىلا «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن ئۆزىنى قوغداش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئىسيانچىلاردىن، «سىلەر ئۆزۈڭلارنى قوغداش قوراللىڭلارنى تاشلاپ قويماڭلار» دەپ، ئەلەم كۈرىشى قىلىشقا قۇتراتتى. ئەتىسى، شاڭخەيدىكى «ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» «قەلەم بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئەلەم بىلەن ئۆزىنى قوغداش» شوئارىنى كەڭ تەشۋىق قىلدى. 25 - ئىيۇل كۈنى لىن بياۋ «باش سىياسىي بۆلۈمى — ئەزرائىل ئوردىسىنى پاچاقلاپ تاشلايلى» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، 1967 - يىلى

يانۋاردا جياڭ چىڭ قاتارلىقلار يېزىپ چىققان، لىن بياۋ «پۈتۈنلەي قوشۇلىمەن» دەپ تەستىق سالغان، لېكىن كېيىن ئوچۇق - ئاشكارا قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان «ئارمىيە ئىچىدىكى بىر ئوچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى قەتئىي يوقىتايلى» دېگەن شوئارنى «20 - ئىيۇل ۋەقەسى» يۈز بەرگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، گېزىت - ژۇرناللار ئوچۇق - ئاشكارا تەشۋىق قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە ھەربىي ئورگانلارغا بۆسۈپ كىرىشتەك دولقۇننىڭ كۆتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولدى. ئاۋغۇستنىڭ باشلىرىدا، نەنجىڭ، چاڭجۇ، چاڭچۈن، شېنياڭ، چۇڭچىڭ، چاڭشا قاتارلىق جايلاردا كەينى - كەينىدىن كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۈرىشى يۈز بەردى. 4 - ئاۋغۇستتا، ۋاڭ خۇڭۋېن 30 مىڭ كىشىنى تەشكىللەپ ۋە قوماندانلىق قىلىپ، شاڭخەي دىزېل ماتور زاۋۇتىنى قورشىۋېلىش ئەلەم كۈرىشىنى قىلىپ، سولاپ قويغان، ئۇرۇپ يارىدارلاندۇرغان، مېيىپ قىلىپ قويغان ئادەملىرى 650 كە يەتتى. بۇنداق ئەلەم كۈرىشى، قانلىق ۋەقەلەر كەينى - كەينىدىن بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتكە يامرىدى.

خەلقنىڭ ھاياتى، مال - مۈلكى قىلچە كاپالەتكە ئىگە بولالماي قالغان ئەھۋال ئاستىدا، 7 - ئىيۇلدا ئەدلىيە، قانۇن خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان شى فۇجى سۆز قىلدى. ئۇ، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، تەپتىش ئورگانلىرىدىن ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، خەلقنىڭ دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشنى تەلەپ قىلماستىن ئەكسىچە، يامان غەرەزدە «جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، تەپتىش ئورگانلىرىنى پاچاقلاپ تاشلايلى» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. ئۇ: «كۆپ ساندىكى جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، تەپتىش ئورگانلىرى شۇ جايدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى قاتتىق قوغدىغان، ئىنقىلابىي ئاممىنى باستۇرغان»، «كونا ئاپپاراتلارنى پاچاقلىماي تۇرۇپ، ئەسلىگە قايتىش تەس بولىدۇ» دېگەن. بۇنىڭ بىلەن، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، تەپتىش ئورۇنلىرى ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى يوقاتقان يەردە، قانداق قىلىپ قالايمىقاننى توساش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالىسۇن.
لىن بياۋ 9 - ئىيۇل كۈنى قىلغان سۆزىنىڭ تەسىرى شۇ چاغدا بەك چوڭ بولدى. ئۇ ئالدى بىلەن ۋۇخەن « 20 - ئىيۇل ۋەقەسى » نى بىر تەرەپ قىلىشنى مۇئەييەنلەشتۈردى. « ۋۇخەن ۋەقەسى بەك يامان ئىش ئىدى، ئەمدى ياخشى ئىشقا ئايلاندى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا ناھايىتى چوڭ تۈرتكىلىك رول ئوينىدى، تەربىيە ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ بولدى » دېدى، ئۇ يەنە: « بىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ئىككى نەرسىگە تايىنىمىز: بىرى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە ماۋ جۇشىنىڭ يۇقىرى ئىناۋىتىگە تايىنىمىز؛ يەنە بىرى، ئازادلىق ئارمىيىنىڭ كۈچىگە تايىنىمىز » دېدى. بۇ يەردە لىن بياۋ كوممۇنىستىك پارتىيىنى قىلچە تىلغا ئالماي، ئەكسىچە ئازادلىق ئارمىيىنىڭ رولىغا ناھايىتى يۇقىرى باھا بەردى. ئۇ جاھاننىڭ تازا مالىمان بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا پەرۋا قىلماي، مالىمان بولۇشنى داۋاملىق تەرغىب قىلدى. ئۇ: « قارىماققا قالايمىقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەكسىيەتچى لۇشيەننى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى، ئەكسىيەتچى سىنىپنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى... بۇنداق قالايمىقانچىلىق بىزگە لازىم، نورمال ئەھۋال » دېدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىنلىرىدىن بولغان چيۇ خۇيزو، لى زوپېڭ، ۋۇ فاشيەن قاتارلىقلارنى قوللايدىغانلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا ئىپادىلەپ، « يامان ئادەملەرنىڭ ياخشىلارنى كۆرەش قىلىشى، ياخشى ئادەملەر ئەدەپ يېگەن، يولداش چيۇ خۇيزونى باش ئارقا سەپ بۇسىنىڭ ھوقۇقدارلىرى ئىچىدىكى بىر ئوچۇم يامان ئادەملەر بىر ئايدىن كۆپرەك قىيناپ، ئۆلتۈرۈپ قويغىلى تاس قاپتۇ. دېڭىز ئارمىيىسىدىكى لى زوپېڭ، ۋاڭ خۇڭكۇن، جاڭ شيۇچۇەنلەرگىمۇ ئەدەپ بېرىلىپتۇ، يولداش ۋۇ فاشيەنمۇ شۇنداق. سىلەر بۇرۇن جاپا تارتتىڭلار، ئەمدى راھەت كۆرسىلەر » دېدى. ئۇ يەنە تىغ ئۇچى پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا قارىتىلغان شوئارنى: « ھازىرقى ئىنقىلاب، بۇرۇن ئىنقىلاب قىلغانلارنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىنقىلاب دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ « يېڭى دۆلەت ئاپپاراتىنى قۇرۇش » نى تەرغىب قىلدى. بۇنداق نۇر-

غۇن خاتالىق بار سۆز ئەپسۇسكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆج-جىتىدەك ئىناۋەتلىك شەكىل بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلدى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەھرىر ئىلاۋىسىدە : « بۇ سۆز ، ماۋ زې-دۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت قورال بىلەن نەۋەتتىكى پرولېتارىيات مەدەنى-يەت زور ئىنقىلابى ھەربىكتى ئۈستىدە چوڭقۇر تەھلىل ئېلىپ بارغان ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ رەھبەرلىك مە-سىلىسى ئۈستىدە مۇھىم يوليورۇق بەرگەن » دېيىلىپ ، ھەرقايسى جايلارنىڭ « ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇشى » تەلەپ قىلىنغان . بۇ شۇ چاغدىكى قالايمىقانلىشىپ چېكىگە يەتكەن ۋەزىيەتكە ، ئوت ئۈستىگە ياغ قۇيغاندەك رول ئوينىدى . ئەلەم كۆرىشى ئەۋجىگە چىققان ، جەمئىيەت تەرتىپى بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ، نۇرغۇن رايونلاردا بانكا بۇلاش ، ئامبار ــ ئىسكىلاتلارنى بۇلاش ، ماشىنا ، پويىز ، پاراخوتلارنى بۇلاش ، تۈرمىلەرگە بۆسۈپ كى-رىشتەك خەۋپلىك ئەنزىلەر سادىر بولدى . ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇشتا ، خەلقنىڭ ھاياتى ، مال ــ مۈلكى ۋە دۆلەتنىڭ مال ــ مۈلكى مۆلچەرلىگۈ-سىز زىيانغا ئۇچرىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ چېكىدىن ئاشقان سول ئىدى-يىسىنىڭ تەسىرى دۆلەت ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى ، ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەردە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىلىرى ۋە چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان ئو-قۇغۇچىلار ئىچىدىمۇ زور تەسىر قوزغىدى ، نەتىجىدە چەتكە مۇناسىۋەت-لىك ۋەقەلەر ئارقا ــ ئارقىدىن سادىر بولدى . مەسىلەن ، ئېلىمىزنىڭ مە-لۇم دۆلەتتە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىدىكى ئىسيانچىلار كوچىغا چىقىپ ، « ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق » دېگەن تەشۋىق ۋەرىقىنى تارقاتقان ، ئۇ دۆلەت بىزگە نارازىلىق ئېلان قىلغان . مەلۇم دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىغا يار-دەم بېرىشكە بارغان قۇرۇلۇش تېخنىك خادىملىرى ئىچىدىكى ئىسيانچىلار قۇرۇلۇش مەيدانىدا « سوتسىيالىزم چوقۇم كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى ئال-دۇ » دېگەن چوڭ لوزۇنكىنى ئېسىپ قويغان ھەمدە ساقچىلار بىلەن تو-قۇنۇشۇپ قالغان ، نەتىجىدە قانلىق ۋەقە يۈز بەرگەن . بىزنىڭ ياۋروپادا

www.uyghurkitap.com

ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرىمىز موسكۋۋا قىزىل مەيدانىغا بېرىپ ، شيۇ-
جېڭجۇيىنى يوقىتايلى ، دېگەن شوئارلارنى توۋلىغان ، نەتىجىدە سوۋېت
ئىتتىپاقى ساقچىلىرى بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قالغان . بىزنىڭ ھىندو-
نېزىيە ، موڭغۇلىيە ، بېرما قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى-
مىزمۇ تەدرىجىي يامانلىشىپ كەتكەن .

دىپلوماتىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىش جىددىي ئېھتىياجلىق بولۇۋاتـ-
قان بۇ چاغدا ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى چېن يى ئىسـ-
يانچىلارنىڭ دەرىجىمۇ دەرىجە ئۆرلەۋاتقان كۈرەش قىلىشى ئىچىدە قالغا-
نىدى ، بۇنىڭغا جۇ ئېنلەي كۆپ قېتىم ئارىلاشقان بولسىمۇ ، قىلچە نە-
تىجىسى بولمىدى . ۋۇخەندىن قايتىپ كېلىپ قەھرىمان دېگەن نام ئال-
غان ۋاڭ لى 7 ـ ئاۋغۇستتا ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىدىكى ئىسيانچىلارنى
قوبۇل قىلغاندا ، قىلچە تەپتارتماستىن ئەسەبىيلەرچە سۆز قىلغان ، ئۇ
دىپلوماتىيە ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى ئاشكارە قۇتراتقان ۋە قوللىغان . نە-
تىجىدە ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى پارتكومىنى پېچەتلەش ، سىياسىي
باشقارمىنى پاچاقلاپ تاشلاش ، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ نامىدا
سىرتقا قالايمىقان يولىيورۇق يوللاشتەك ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەب
بولغان . 22 ـ ئاۋغۇستتا ئەنگلىيىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ۋاكالىتەن
ئىش بېجىرىش ئورنىنى كۆيدۈرۈۋېتىش ۋەقەسى يۈز بەردى . بۇ دۆلە-
تىمىزنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتى ، ئېلىمىزنىڭ دىپلوماتىيە خىزمىتى دۆلەت
قۇرۇلغاندىن بۇيان پەقەتلا كۆرۈلمىگەن قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى .
ماۋ زېدۇڭ كېيىن سىنو بىلەن سۆھبەتلەشكەندىمۇ ئىقرار قىلىپ :
« دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى قالايمىقانلىشىپ بىر نېمىلا بولۇپ كەتتى ، بىر
يېرىم ئاي ئۇنى باشقۇرالماي قالدۇق » ، « 1967 ـ يىل ئىيۇل ، ئاۋ-
غۇست ، بۇ ئىككى ئاي بولماي قالدى ، جاھان مالىماتاڭ بولۇپ كەتتى » دېگەن .

### ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۈچ چوڭ رايوننى كۆزدىن كەچۈرۈشى

1967 ـ يىل ئىيۇلدىن سېنتەبىرگىچە ماۋ زېدۇڭ شىمالىي جۇڭ-
گو ، جەنۇبىي جۇڭگو ۋە شەرقىي جۇڭگو رايونىنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ،

يول بويى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈردى .
ئوخشىمىغان ئورۇنلاردا كۆپ قېتىم سۆز سۆزلىدى . ماۋ زېدۇڭ ئۆزىنىڭ
« سول » چىل كۆزقارىشى ۋە ئۇدا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ھۆكۈملى-
رىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ، « پۈتۈن مەملىكەتنىڭ پرولېتارىيات مە-
دەنىيەت زور ئىــنــقىلابىنىڭ ۋەزىيىتى كىچىك ياخشى ئەمەس ، چوڭ
يــاخشى ، ئــومــۇمــىي ۋەزىيەت بۇرۇنقى ھەرقانداق ۋاقىتتىكىدىن ياخ-
شــى » ، « بەزى جايلاردا ئالدىنقى بىر مەزگىل قالايمىقانلىشىپ كەتكەن-
دەك بولغان بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇ دۈشمەننى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ،
ئاممىنى چېنىقتۇردى » دەپ داۋاملىق مۇقىملاشتۇردى . « مەدەنىيەت زور
ئىــنقىلابى » نىڭ ئەڭ قالايمىقان بولۇپ كەتكەن بۇ ۋاقىتىدا ، ۋەزىيەتنى
بــۇنداق مۆلچەرلىشى ، ئەمەلىيەت بىلەن ناھايىتى ئېنىق ھالدا بەكلا
يىراقلاپ كەتكەنىدى . بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ شۇ چاغدا ئوبيېكتىپ ھەقىقىي
ئەھۋالنى بىلىشى ناھايىتى تەس بولۇپ قالغانلىقىنى ، شۇنىڭ بىلەن
بىرگە ، ئۇنىڭ قالايمىقانچىلىقنى بولغان ئالاھىدە كۆزقارىشىنى ، شۇنداقلا
ئاتالمىش « جاھان تازا مالىماتاڭ بولسا ، ئاندىن جاھاننى راسا تۈزىگىلى
بولىدۇ » دەيدىغان سۇبيېكتىپ ئارزۇسىنى كۆرسىتىپ بەردى . لېكىن ،
بەكلا قالايمىقانلىشىپ كېتىپ ، « باشقۇرالماي قالغان » ۋەزىيەتمۇ ، ماۋ
زېــدۇڭ ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ
نىشانلىرىغا پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان . شۇڭا ئۇ ئۆز سۆزلىرىدە
« ھــەرقايسى جايلاردىكى ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار ئىنقىلابىي چوڭ بىرلى-
شىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش » نى چاقىرىق قىلغان . ئۇ : « ئىشچىلار سى-
نىپى ئىچىدە تۈپكى پايدا - زىيان توقۇنۇشى يوق . پرولېتارىيات دىكتا-
تورىسى شارائىتىدىكى ئىشچىلار سىنىپى ئىچىدە چوقۇم قارىمۇ قارشى
ئىككى چوڭ تەرەپ بولۇپ تەشكىللىنىدىغان ئاساس يوق » . « ئىككى
تەرەپ ئىنقىلابىي ئامما تەشكىلاتى بولىدىكەن ، ئىنقىلاب پرىنسىپى ئا-
ساسىدا ئىنقىلابىي چوڭ بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى كېرەك » دېدى .
كادىرلار مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا ئۇ : « مۇتلەق كۆپ ساندىكى
كادىرلار ياخشى ، يامانلىرى پەقەت ناھايىتى ئاز ساندا » « پارتىيە ئىچى-

ـدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش كې-
رەك ، ئەمما ئۇلار بىر ئۇچۇم ». « تەربىيە ئالىدىغانلارنى كۆپەيتىپ ،
زەربە بېرىدىغانلارنى ئازايتىش كېرەك » ، « كادىرلارنىڭ خاتالىق ئۆت-
كۈزۈشىگە يول قويۇش ، كادىرلارنىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىشىگىمۇ يول قو-
يۇش كېرەك » دېدى . ئۇ تەكىتلەپ : « كادىرلارغا توغرا مۇئامىلە قى-
لىپ ، ئىنقىلابىي ئۈچ تەرەپ بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، ئىنقىلابىي
چوڭ بىرلىشىشنى مۇستەھكەملەش ، شۇ ئورۇندىكى كۈرەش قىلىش ،
پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىشنى ياخشى ئىشلەشتىكى ھالقىلىق مەسىلە ،
بۇنى چوقۇم ئوبدان ھەل قىلىش كېرەك » دېدى ، ئۇ : « قىزىل قوغدى-
غۇچىلارغا تەربىيە ئېلىپ بېرىش كېرەك » دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ ،
ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە قىزىل قوغدىغۇچىلارنى ئاگاھلاندۇ-
رۇپ ، « ھازىر دەل ئۇلارنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈش ئېھتىمالى بار ۋاقىت »
دېدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆز خاتىرىسىنى 7 ـ ئۆكتەبىردە پارتىيە مەركى-
زىي كومىتېتى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتتى ، بۇ ، بىر تۈركۈم كادىرلارنى
ئازاد قىلىپ ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىرلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش ،
قالايمىقان ۋەزىيەتنىڭ تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىشىنى توسۇش جەھەتتە
بەلگىلىك ئاكتىپ رول ئوينىدى .

ئېغىر قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن ، ماۋ
زېدۇڭ يەنە بىر يۈرۈش كونكرېت تەدبىرلەرنى قوللىنىشى تەستىقلىدى .
ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرىدا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقى بىلەن مەركىزىي مەدە-
نىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى ۋاڭ لى ، گۇەن فېڭغا نىسبەتەن
ئايرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى . 1968 ـ يىلى يانۋاردا ، چى بېن-
يۈيگە نىسبەتەن ئايرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى . ۋاڭ لى ، گۇەن
فېڭ چى ،بېنيۈيلەر « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دەسلەپكى ۋاقىت-
لىرىدىكى داڭلىق « سول » چىلار ، قالايمىقانچىلىقنى تۇغدۇرغۇچى
« ئالدىنقى سەپ قوماندانلار » ئىدى . ئۇلارغا نىسبەتەن ئايرىپ تەكشۈ-
رۈشنى ئېلىپ بېرىش ، مەلۇم دەرىجىدە بەزى پائالىيەتلەردە ئۆزىنى بى-
لەلمەي قالغان ئىسيانچىلارنىڭ نۇخلىسىنى تىزگىنلەپ ، قالايمىقانچى-

لىقلارنىڭ ئازىيىشىغا پايدىلىق بولدى. 5 - سېنتەبىردە ماۋ زېدۇڭ تەستىقلىغان «خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قورال - ياراغ ۋە ھەرخىل ھەربىي ماددىي ئەشيالارنى بۇلاشنى چەكلەش توغرىسىدىكى بۇيرۇق» ئېلان قىلىندى. 13 - سېنتەبىردە «دۆلەتنىڭ ماددىي ئەشيا، تاۋارلىرىنى بۇلاش، ئىسكىلاتلارغا بۆسۈپ كىرىشنى چەكلەپ، دۆلەت مال - مۈلكىنىڭ بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. بۇ مەزگىلدە، ماۋ زېدۇڭ يەنە بەزى بەكلا قالايمىقان بولۇپ كەتكەن ئۆلكە، شەھەر ۋە ئورۇنلارغا نىسبەتەن ھەربىي ئىدارە قىلىشنى يۈرگۈزۈشنى تەستىقلىدى. ئۇ يەنە نۇرغۇن ئېلان - ئۇقتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئېلان قىلىشنى تەستىقلاپ، جەمئىيەت تەرتىپىنى ئاسرىدى، قاتناش - ترانسپورتنى قوغدىدى، ئەلەم كۆرۈشنىڭ كېڭىيىشىنى چەكلىدى. بۇ تەدبىرلەر مەلۇم ۋاقىت بەزى ئۈنۈمگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، لېكىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» تەبىئىي ھالدا كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان قالايمىقان ۋەزىيەتنى تۈپتىن ئۆزگەرتىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**مەكتەپلەرنىڭ دەرس باشلىشى ۋە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترەتلىرىنىڭ مەكتەپلەرگە كىرىش**

شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان جىددىي تەدبىرلەرنىڭ بىرى، «ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرس ئۆتۈشىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىشى» ئىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن، پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەكتەپلەر دەرس توختىتىپ ئىنقىلاب قىلغانىدى. كۆپلىگەن ياش ئوقۇغۇچىلار چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەن، جەمئىيەتتىكى ھەرخىل ھوقۇق تارتىشىش ھەرىكەتلىرىگە ۋە تەرەپبازلىق كۈرەشلىرىگە ئاكتىپ قاتناشتى ھەمدە ئاۋانگارتلىق تايانچلىق رول ئوينىدى.

بەزى داڭلىق مەكتەپلەردىكى بەزى ئاممىۋى تەشكىلاتلار شۇ جايدىكى تەرەپبازلىق كۈرىشىنىڭ قوماندانلىق قىلىش ۋە ئالاقىلىشىش مەركىزىگە ئايلىنىپ قالدى. شۇڭا، ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئالدىدا ئوقۇغۇچىلارنى مۇقىملاشتۇرۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى. 1967 ـ يىلى 23 ـ سېنتەبىردە، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقى بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى بىرلىشىپ «سىرتتىن ئالاقە باغلاش بىلەن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ۋە بېيجىڭغا ئەرزىيەت ئىشى بىلەن كەلگەن خادىملارنىڭ دەرھال ئۆز ئورنىغا قايتىشى توغرىسىدىكى جىددىي ئۇقتۇرۇشى» نى تارقاتتى. «ئۇقتۇرۇش» تا، بېيجىڭدىكى ۋە ھەرقايسى جايلاردىكى ئالاقە باغلاش بىلەن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنى ۋە باشقا خادىملارنى كۈتۈۋالىدىغان ئورگانلار «28 ـ سېنتەبىردىن باشلاپ ھەممىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار ئەمدى كۆتۈرۈشكە مەسئۇل بولمايدۇ. سىرتلارغا چىقىپ كەتكەن ئوقۇغۇچىلار ۋە باشقا خادىملار «دەرھال شەرتسىز ھالدا ھەممىسى ئۆز ئورنىغا قايتىپ كېتىشى كېرەك» دەپ بەلگىلەنگەنىدى.

1967 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى «ئالىي، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىشى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» نى تارقاتتى. ئۇنىڭدا «مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇنىۋېرسىتېت، ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەر دەرھال ئوقۇش باشلىشى كېرەك»، «بىر تەرەپتىن دەرس ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىنغانىدى. شۇ چاغدىكى قالايمىقانچىلىق ۋەزىيەت يەنىلا تەرەققىي قىلىپ تۇرغاچقا، خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلار يەنىلا جەمئىيەتتە ئېقىپ يۈرۈپ مەكتەپكە قايتمىغانىدى. مەكتەپتىكى كادىرلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك پىپەن قىلىنىپ، تەكشۈرۈلۈۋاتقاچقا، نورمال خىزمەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا، بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئەمەلىيەتتە ئىجرا قىلىش تەس بولدى. نۇرغۇن ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرمىدى. مەكتەپلەرنىڭ تەرتىپى قالايمىقان، ئەلەم كۆرىشى

يەنىلا بولۇۋاتاتتى .

1968 ـ يىل 27 ـ ئىيۇلدا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقى بويىچە بېيجىڭدىكى 60 دىن ئارتۇق زاۋۇت 30 مىڭ كىشىلىك « پايتەخت ئىشچىلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ئەترىتى » تەشكىل قىلىپ ، شۇ چاغدا تەرەپبازلىق كۈرىشى كەسكىن بولغان چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ ، تەرتىپنى رەتكە سېلىش ، ئەلەم كۈرىشىنى چەكلەش ئىشلىرىنى ئېلىپ باردى . بىر مەزگىللىك تاقابىل تۇرۇشلاردىن كېيىن ئىشچىلار پۈتۈن مەكتەپ ۋەزىيىتىنى كونترول قىلدى . بۇ ئۇتۇقلۇق بولغان تەجرىبە دەپ قارالدى .

25 ـ ئاۋغۇستتا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى « مەكتەپلەرگە ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنى ئەۋەتىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى تارقاتتى . ئۇقتۇرۇشتا ، « ھەرقايسى جايلار بېيجىڭنىڭ ئۇسۇلى بويىچە ، چوڭ ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى ئالىي ، ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى باشقۇرۇشى كېرەك » ، « مۇنەۋۋەر سانائەت ئىشچىلىرىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىلىرى ماسلاشقان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى تەشۋىقات ئەترىتى تەشكىللەپ ، ھەرقايسى مەكتەپلەرگە تۈركۈم ، مۇددەتكە بۆلۈنۈپ كىرىشى كېرەك » ، « ئۇ يەردە تېخى ئىنقىلابىي بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرمىغان ئىككى تەرەپ ئىنقىلابىي ئاممىۋى تەشكىلاتلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا ئىنقىلابىي بىرلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىشى ، ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك ، ئەلەم كۈرىشى بار يەرلەردە ، ئەلەم كۈرىشىنى قەتئىي توختىتىشى كېرەك » دېيىلگەنىدى . 26 ـ ئاۋغۇست « خەلق گېزىتى » ماۋ زېدۇڭ تەكشۈرۈپ ، ئۆزگەرتىپ بەرگەن ياۋ ۋېيۈەننىڭ « ئىشچىلار سىنىپى ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك » دېگەن ماقالىسىنى باستى . ماقالە ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى : « زىيالىيلار توپلاشقانلىكى ئورۇنلارغا ، مەيلى مەكتەپ ، ياكى باشقا ئورۇن بولسۇن ، ئىشچىلار ، ئازادلىق ئارمىيە كىرىپ ، زىيالىيلار

مۇستەقىل ئىگىلەپ تۇرىدىغان ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ ، ئاشۇ چوڭ ـ كىچىك مۇستەقىل پادىشاھلىقنى ئىگىلىشى كېرەك » . « ئىشچىلار تەشـ ۋىقات ئەترىتى مەكتەپلەردە ئۇزاق مۇددەت تۇرۇشى ، مەكتەپنىڭ بارلىق كۆرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسگە قاتنىششى ھەمدە مەكتەپلەرگە مەڭگۈ رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك . يېزىلاردا مەكـ تەپنى ، ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ئىتتىپاقداش قوشۇنى — كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار باشقۇرۇشى كېرەك ». شۇنىڭ بىـ لەن ھەرقايسى جايلاردا مەكتەپلەرگە بەس ـ بەستە « ئىشچىلار تەشۋىـ قات ئەترىتى » ، « ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى » ئەۋەتتى . ئۇزاق ئۆتمەي بۇ چارە ، ھەربىي ئىدارە قىلىشنىڭ سىرتىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە كارخانا ، مەمۇرىي ئورۇنلارغىچە كېڭەيدى .

ئىشچىلار ، ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى ئەمەلىيەتتە باشقا بىر خىل شەكىلدىكى خىزمەت گۇرۇپپىسى ئىدى . ئىشچىلار ، ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ كىرىشى ، ئەلەم كۆرىشنى توساش ، ۋەـ زىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش جەھەتتە مەلۇم ئاكتىپ رول ئوينىدى . بۇنى ئىنكار قىلىشقا بولمايدۇ . لېكىن بۇ خىل ئۇسۇلنىڭ ئۆزىنى مۇئەييەنلەشـ تۈرمەك تەس . يېتەكچى ئىدىيىسىدىن ئالغاندا ، ئۇ زىيالىيلارنى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋېتىپ ، ئۆزگەرتىش ئوبيېكتى قىلىشنىڭ ئاـ ساسىغا تىكلەنگەن . شۇڭا« زىيالىيلار توپلاشقان » دېگەنلىك ، مەدەنىـ يەت قۇرۇلمىسىنىڭ ئۇستۇنلۇك ئالاھىدىلىكىنى ئەمەس ، بەلكى بۇرژۇئاـ زىيىنىڭ تىرىلىش كۈچلىرىنى كۆرسىتىدۇ دېگەنلىك بويىچە ، ئىشچىلار ۋە ئازادلىق ئارمىيىنى كىرگۈزۈش زۆرۈر بولۇپ قالغان ۋەزىيەتنى مۆلـ چەرلەش جەھەتتىن ئالغاندا ، يېڭى جۇڭگونىڭ مەكتەپلىرىنى خاتا ھالدا « زىيالىيلار مۇستەقىل ئىگىلىۋالغان ھۆكۈمرانلىق ئورنى » دەپ قارىلىپ ئىشچىلار ۋە ئازادلىق ئارمىيىنى ئەۋەتىپ « پاچاقلاپ تاشلاش » نى قارار قىلغان . بولۇپمۇ ئىشچىلار ، ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترىتى « مەدەـ نىيەت زور ئىنقىلابى » دا خاتا يېتەكچى فاكتېن ئاستىدا خىزمەت ئېلىپ بارغانلىقتىن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ كىرىپ تۇرۇۋاتقان ئوـ

رۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىغان، ئۆز ئەزالىرىنىڭ ساپاسى بىردەك بولمىغاچقا، خىزمەتتە خاتالاشماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنىڭ رەھبەرلىكىنى (يېزىلاردا كەمبەغەل، تۆۋەن ـ ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ باشقۇرۇشىنى) مەكتەپلەردە مەڭگۈلۈك تۇرغۇزۇپ قويۇش پۈتۈنلەي ئەقىلغا مۇۋاپىق ئىش ئەمەس ئىدى، بۇ كەسىپ ئەھلى ئەمەسلەر كەسىپ ئەھلىلىرىگە رەھبەرلىك قىلىشتەك خاتا كۆزقاراشنىڭ كېڭەيتىلىشى ۋە كۆچمىسى بولۇپ، ئەمەلىيەت بۇنىڭ ئاقمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

### زىيالىي ياشلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىشى

«دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ئىنقىلاب قىلىش» دا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر مەسىلە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن بۇيان، ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلمىدى، زاۋۇتلار ئىشچى ئالمىدى، سودا ۋە باشقا مۇلازىمەت تارماقلىرىمۇ شۇ ھالەتتە تۇرۇپ قېلىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتىكى خىزمەت ئورنىدا بوش ئورۇن يوق ئىدى، شۇڭا شۇ چاغدىكى 10 مىليوندىن ئارتۇق تولۇق ئوتتۇرا، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تەقسىم قىلىش ئىمكانىيىتى بولمىدى. بۇ ئوقۇغۇچىلار مەكتەپنىڭ كەتمەي تۇرغاچقا، يېڭى ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىش ئىشىغا تەسىر يەتتى. بۇنداق جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىيەتكە قارىتا، شۇنداقلا زىيالىيلارغا بولغان «سول» چىل مۆلچەر بويىچە، 1968 ـ يىلى دېكابىردا ماۋ زېدۇڭ: «زىيالىي ياشلارنىڭ يېزىلارغا بېرىپ كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى ئېلىشى تولىمۇ زۆرۈر. شەھەرلەردىكى كادىرلار ۋە باشقا ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرىنى، ئالىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن پەرزەنتلىرىنى يېزىلارغا ئەۋەتىشكە كۆندۈرۈشى كېرەك» دېگەن چاقىرىقنى چىقاردى. بۇ چاقىرىق چىققاندىن كېيىن، ھەرقايسى جايلاردا زىيالىي ياشلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە يېزا ـ قىشلاقلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار 16 مىليوندىن ئېشىپ كەتتى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

زىيالىي ياشلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىش خىزمىتى 50 ـ يىللاردىن باشلاپ ئويۇشتۇرۇلغان، ئۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئىلىمىزنىڭ نوپۇسى كۆپ، ئاساسىمىز ئاجىز، ئىقتىسادىمىز تەرەققىي تاپمىغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش تەس، ئەمما يېزىلارنىڭ كەڭ بىپايان بولۇشى، شۇنداقلا ئۇ يەردە مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ كەم بولۇشىدەك دۆلەت ئەھۋالىغا قاراپ، شەھەر ـ بازارلاردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىر ئىزدىنىش ھەمدە يېزا مەدەنىيىتىنى ئۈستۈرۈشتىكى بىر خىل تەجرىبە خاراكتېرلىك سىناق ئىدى. لېكىن، 1968 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى باشلانغان شەھەر ـ بازارلاردىكى زىيالىي ياشلارنى يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىشقا كەڭ كۆلەملىك ھەرىكەتلەندۈرۈش ھەرىكىتى، پەقەت ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنىلا ھەل قىلىش بولماستىن، بەلكى ئاساسلىقى ئازادلىقتىن بۇيانقى مائارىپ ئەھۋالىمىزغا قىلىنغان خاتا مۆلچەردىن بولغان ئىش ئىدى. «كەمبەغەل، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىش» تولا تەكىتلىنىپ مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىپ، ئەسلى ئاساسلىقى ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى يېزىغا چۈشۈش، «شىۇجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، شىۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرىدىغان» سىياسىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ قالدى.

كەڭ زىيالىي ياشلار يېزىلاردا، چېگرا رايونلاردا چېنىقتى، ۋەتەننىڭ ئىچكى ۋە ئېچىلمىغان رايونلىرىنى ئېچىش، گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشتى. بۇنى ئەلۋەتتە مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن، بۇ ھەرگىز «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ نەتىجىسى بولماستىن، كەڭ زىيالىي ياشلارنىڭ ئوڭۇشسىز شارائىتتا كۈرەش قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا زىيالىي ياشلارنى يېزىلارغا چۈشۈشكە ھەرىكەتلەندۈرۈش ھەرىكىتىدىكى سىياسەت، تەدبىر، ئۇسۇللاردىمۇ ئېغىر خاتالىق بار ئىدى. يېزىغا چۈشۈش سىياسىتىدە ئايرىم رايون، ئايرىم ئوبيېكتلارنىڭ كونكرېت ئەھۋالىنى پەرقلەندۈرمەستىن، «بىردەك قىلىش»، ئوتتۇرا

مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى يېزىغا چۈشۈرۈش
ئېلىپ بېرىلدى ، ھەتتا شەھەر ـ بازار نوپۇسى ناھايىتى ئاز بولغان
شىزاڭدىمۇ مۇشۇنداق قىلىندى ؛ ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىدا ئاساسىي
جەھەتتىن مەمۇرىي ۋاستە ئىشلىتىلدى ، بەزى جايلاردا مەجبۇرلاش ،
بېسىم ئىشلىتىش ئېلىپ بېرىلدى ؛ بارىدىغان يەرنى تاللاشتا ، بىر تەرەپ-
لىمىلىك ھالدا قىيىنچىلىقى قانچە كۆپ بولغان يەرلەرگە شۇنچە بېرىش
تەكىتلەندى . نەتىجىدە بەزى رايونلاردىكى زىيالىي ياشلارنىڭ ئىشلەپچى-
قىرىش ۋە تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئېغىر قىيىنچىلىقلار پەيدا بولدى . يې-
زىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارنى ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇشتا « قايتا
تەربىيە ئېلىش » ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىنىپ كەتكەچكە ، ياشلار سى-
ياسىي جەھەتتىن بېسىمغا ئۇچراپ ، يا ئىلىم ـ پەننى ئۆگىنەلمىدى ، يا
ئۆزىنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى جارى قىلدۇرالمىدى . ئوقۇغانلىرى بىكار
كەتتى ، ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقنى يېتىشتۈرەلمەي ، تەرەققىي قىلىشىغا
تەسىر يەتتى . بۇنداق خاتا ئۇسۇللار نۇرغۇنلىغان بەختسىزلىكلەرنى ئې-
لىپ كەلدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ، دۆلەت ۋە كارخانا ،
مەمۇرىي ئورۇنلارنىڭ زىيالىي ياشلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىشىنى
ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن سەرپ قىلغان خىراجىتى 10 مىليارد يۈەندىن
ئېشىپ كەتتى . ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى ، بۇ خىل يېزىغا بېرىپ ئەترەت-
لەرگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئاساس قىلىپ ، سىياسىي ھەرىكەت شەكلى بو-
يىچە ئېلىپ بېرىلغان زىيالىي ياشلارنىڭ يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىشى ،
دۆلەتكە ، دېھقانلارغا ۋە زىيالىي ياشلارغا پايدىسىز بولدى .

ئىشچىلار ، ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترەتلىرىنىڭ مەكتەپ-
لەرگە كىرىشى ۋە رەھبەرلىك قىلىشىدىن كېيىنلا ئېلىپ بېرىلغان زىيالىي
ياشلارنىڭ كەڭ كۆلەملىك ھالدا يېزا ـ قىشلاقلارغا بېرىش ھەرىكىتى ،
ئەسلىدە چۇقان بىلەن دولقۇن كۆتۈرۈپ چىققان ھەرخىل قىزىل قوغ-
دىغۇچىلار تەشكىلاتلىرىنى يەنە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ئامالسىز قىلىپ
قويدى . قىزىل قوغدىغۇچىلارمۇ ئۆزىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نى قوزغاش ۋە ئىلگىرى سۈرۈشتىكى قىممىتىنى ئورۇنداپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسمى بار، جىسمى يوق بولۇپ قالدى.

ماۋ زېدۇڭ قوللانغان بىر يۈرۈش تەدبىرلەر، كونكرېتنى خىزمەتلەردىكى بەزى ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەن خاتا ھەرىكەتلەرنى تۈزىتىشتە بەلگىلىك توساش ۋە كونترول قىلىش رولىنى ئوينىدى. 1968 - يىلى كۈز، قىش پەسلىدىن كېيىن جاھان قالايمىقانلىشىپ كېتىش، ئومۇميۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش قىلىش ۋەزىيىتى تەدرىجىي ھالدا ئاز - تولا ئۆزگەردى. لېكىن، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەك خاتا ھەرىكەت داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شارائىتتا، زىددىيەت يەنىلا داۋاملىق تەرەققىي قىلدى، يېڭى كۆرەش ۋە ۋەقەلەر ئۈزلۈكسىز پەيدا بولۇپ تۇردى.

**لىن بياۋ، جياڭ چىڭ پەيدا قىلغان «ياڭ چېڭۋۇ، يۈي لىجىن، فۇ چۇڭبى ۋەقەسى»**

1968 - يىلى مارتتا، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئۆزلىرى بىۋاسىتە قول تىقىپ، «ياڭ چېڭۋۇ، يۈي لىجىن، فۇ چۇڭبى ۋەقەسى» نى پەيدا قىلدى. ئۇلار خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەۋاتقان ياڭ چېڭۋۇ، يۈي لىجىن، فۇ چۇڭبىنى «ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشنى قەستلىگەن»، «مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىغا قوراللىق ھۇجۇم قىلماقچى بولغان» دەپ تۆھمەت قىلىپ، «فېۋرال تەتۈر ئېقىمى» ئۈچۈن ئەنزە ئاغدۇرۇپ، «فېۋرال تەتۈر ئېقىمى» نىڭ «يېڭى ھۇجۇمى» نى پەيدا قىلدى دېگەندەك بەتناملارنى چاپلىدى. ئۇلار بۇ يوقىلاڭ بەتناملار بىلەن ماۋ زېدۇڭنى ئالداپ، ئۇنىڭ قوشۇلۇشىنى قولغا كەلتۈرۈۋېلىپ، يې جيەنيىڭ، شۈي شياڭچيەن، نې رۇڭجېن قاتارلىق مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ بىرقانچە مۇئاۋىن رەئىسلىرى بۇ ئىشتىن بالدۇر خەۋىرى بولمىغان شارائىتتا، يەنى 1968 - يىلى 22 - مارتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى، مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى نامىدىن بۇيرۇق چىقىرىپ، ياڭ چېڭۋۇنى ئازادلىق ئارمىيە مۇۋەققەت باش سەنمۇجاڭى، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دائىمىي

ھەيئەت ئەزاسى ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باش
كاتىپى ، باش سەنمۇبۇ پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىـ
دىن ئېلىپ تاشلىدى ؛ يۈي لىجىننىڭ ھاۋا ئارمىيە سىياسىي كومىسساـ
رى ، ھاۋا ئارمىيە پارتكومىنىڭ 2 ـ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېـ
لىپ تاشلاپ ، يەنە « خائىن » دېگەن جىنايەت بىلەن قولغا ئالدى ؛
فۇچۇڭبىنىڭ بېيجىڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئېلىپ
تاشلىدى . شۇ كۈنى يەنە بۇيرۇق چىقىرىپ ، گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ
قوماندانى خۇاڭ يۇڭشېڭنى ئازادلىق ئارمىيىنىڭ باش سەنمۇجاڭلىقىغا ،
ئازادلىق ئارمىيە مۇئاۋىن باش سەنمۇجاڭى ۋېن يۈيچېڭنى قوشۇمچە
بېيجىڭ گارنىزونىنىڭ قوماندانلىقىغا تەيىنلىدى .

24 ـ مارتتا بېيجىڭ خەلق سارىيىدا ئازادلىق ئارمىيە ھەرقايسى
باش بۆلىرى ، دۆلەت مۇداپىئە پەن ـ تېخنىكا كومىتېتى ، دۆلەت مۇداپىئە
سانائىتى ئىشخانىسى ، ھەرقايسى ئارمىيىنىڭ ئەسكەر تۈرلىرى ، ھەربىي
ئالىي مەكتەپلەر ۋە باشقا ئورۇنلارنىڭ پولكتىن يۇقىرى كادىرلىرى بو-
لۇپ ئون مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان يىغىن ئېچىلدى . ماۋ زېدۇڭ
يىغىنغا كېلىپ ئۇلارنى قوبۇل قىلدى . جۇ ئېنلەي ، چېن بودا ، كاڭ
شېڭ ، جياڭ چىڭلار يىغىنغا قاتناشتى . يىغىندا لىن بياۋ ئاتالمىش « نا-
ھايىتى مۇھىم يوليورۇق » بەردى . ئۇ : « يىغىندا ھاۋا ئارمىيىسىدە ياڭ
چېڭۋۇ يۈي لىجىن بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ رەھبەر-
لىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىپ ، ۋۇ فاشيەننى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغان ۋەقە
يۈز بەردى . ياڭ چېڭۋۇ بىلەن فۇ چۇڭبى تىل بىرىكتۈرۈپ ، شې فۇ-
جىنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغان . ياڭ چېڭۋۇنىڭ شەخسىي قارا نىيىتى
بار ، ئۇ شۈيشيۈنى ، خەن شيەنچۇنى ، خۇاڭ يۇڭشېڭنى ۋە ئۆزى بىلەن
ئورنى پەرقلەنمەيدىغان باشقا ئادەملەرنى ئاغدۇرۇۋەتمەكچى بولغان » ،
« بىرىنچى ، ئۇنىڭ قىلغىنى خاتا ؛ ئىككىنچى ، ئۇ ئاز سانلىق . باشقىلار
بولسا كۆپ سانلىق ، باشقىلار توغرا . شۇڭا بىز ئىككى تەرەپنى دەڭسەپ
كۆرۈپ ، باشقىلارنى ئاغدۇرۇشنى ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ ئۆزىنى ئاغدۇ-
رۇش ئۇسۇلىنى قوللاندۇق » دېدى . پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشتە ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇن مىڭ كىشىلىك چوڭ يىغىندا ئوچۇقلا بۇنداق سۆزلەش ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغانىدى . لېكىن ، بۇنداق غەلىتە سەپسەتە مۇئاۋىن باش قوماندانىنىڭ ئاغزىدىن چىققاچقا ، ئۇ گەرچە ماۋ زېدۇڭ ئېيتقان ئېقىمغا قارشى تۇرۇش روھىغا خىلاپ بولسىمۇ ، يەنىلا ئۆزگەرمەس قانۇن دەپ ماختالدى ، بىرىم ئېغىز بولسىمۇ قارشى پىكىر بىرىشكە ھېچكىم جۈرئەت قىلالمىدى .

لىن بياۋ سۆزىدە ، ياڭ چىڭۋۇ ، يۈي لىجىن ، فۇ چۇڭبىنىڭ « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىغا سادىق ئەمەس » لىكىنى يىپەن قىلىشنى باھانە قىلىپ ، جياڭ چىڭنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ماختاپ چۈشتى . ئۇنى « پارتىيىمىزدىكى ئايال يولداشلار ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەر يولداش ، شۇنداقلا پارتىيىمىز كادىرلىرى ئىچىدىكى ئەڭ مۇنەۋۋەرلىرىنىڭ بىرى ... مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە ئۇلۇغ تۆھپىلەرنى ياراتتى » دېدى . لىن بياۋنىڭ خوتۇنى يې چۈن دەرھاللا قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ : « يولداش جياڭ چىڭ قەتئىي تەۋرەنمەس پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ! » « يولداش جياڭ چىڭنى جان تىكىپ قوغدايلى ! » دەپ توۋلىدى . لىن بياۋنىڭ جاھىل مۇردلىرىدىن ۋۇ فاشيەنمۇ : « يولداش جياڭ چىڭنى جان تىكىپ قوغدايلى ! يولداش جياڭ چىڭدىن ئۆگىنەيلى ! يولداش جياڭ چىڭغا ساللام ! » دەپ توۋلىدى ، جياڭ چىڭمۇ بۇلارغا جاۋابەن : « كىمكى ماۋجۇشى ، لىن مۇئاۋىن رەئىسكە قارشى چىقىدىكەن ، شۇنى يوقىتىمىز ! » دەپ توۋلىدى . جياڭ چىڭنىڭ « ئالتۇن كالتىكى » بولغان ياۋ ۋېنيۈەنمۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ ئارقىدىنلا : « كىمكى ماۋ جۇشىغا قارشى چىقىدىكەن ، شۇنى يوقىتىمىز ! كىمكى لىن مۇئاۋىن رەئىسكە قارشى چىقىدىكەن ، شۇنى يوقىتىمىز ! » دەپ توۋلىدى ، يىغىن زالى بىر مەھەل شوئار ئاۋازلىرىغا تولۇپ ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ئىككى گۇرۇھتىكىلەر بىر ـ بىرىگە گۇپپاڭچىلىق قىلىشىپ كىشىلەرگە كومېدىيە قويۇپ بەردى .

25 ـ مارتتا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش باشقۇرۇش گۇرۇپپىسىنى ئۆزگەرتكەنلىكىنى ئېلان قىلدى . مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »

نىڭ ئالاھىدە شارائىتىدا ، قۇرۇلغان كومىتېتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلى-
رىگە مەسئۇل ئورگان بولۇپ ، 1967 ــ يىلى ئاۋغۇستتا قۇرۇلغانىدى . ئۇ-
نىڭ دەسلەپكى ئەزالىرى ۋۇ فاشيەن ، يې چۈن ، چيۇ خۇيزۇ ، جاڭ
شيۇچۈەن ئىدى . شۇ يىلى سېنتەبىردە جۇ ئېنلەينىڭ تەكلىپى بىلەن
مەركەز ، ياڭ چىڭۋۇنى گۇرۇپپا باشلىقى ، ۋۇ فاشيەننى مۇئاۋىن گۇرۇپپا
باشلىقى قىلىشنى ، ئەزالىرىغا لى زوپېڭنى قوشۇشنى قارار قىلدى . ئىش
باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
باشقۇرۇشىدا ئىدى . بۇ گۇرۇپپا ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن خۇاڭ يۇڭ-
شىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ، ۋۇ فاشيەن يەنىلا مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى بو-
لۇپ ، ئەزالىرى يې چۈن ، لى زوپېڭ ، چيۇخۇيزو قاتارلىقلار بولدى ؛
شۇنداق قىلىپ لىن بياۋ گۇرۇھى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش باشقۇ-
رۇش گۇرۇپپىسىنى پۈتۈنلەي كونترول قىلىۋالدى . ئۇزۇن ئۆتمەي ، ماۋ
زېدۇڭنىڭ پىكرى بىلەن ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى
ئەمدى يىغىن ئاچمايدىغانلىقى قارار قىلىندى ، چۈنكى ئەمەلىيەتتە ئىش
باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ
ئورنىنى باسقانىدى .

27 ــ مارتتا مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى پايتەخت
تەنتەربىيە سارىيىدا « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » نىڭ يېڭى ھۇجۇمىنى ئۇ-
زۇل ــ كېسىل بىتچىت قىلىپ ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ
ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش قەسەمياد يىغىنى » ئاچتى .
يىغىندا جياڭ چىڭ : ياڭ چىڭۋۇ ئۆز ئالدىغا مەزھەپ تۈزۈپ ، كەينىدىن
سۈيىقەست ئىشلىتىپ ، تەسلىمچىلەر ۋە خائىنلارنى ئەتراپىغا يىغدى
دېدى . كاڭ شېڭ : ياڭ چىڭۋۇ بۇرژۇئازىيە قارانىيەتچىسى ، سۈيىقەس-
تچى ، ئىككى يۈزلىمچى ، تىلى تۈزۈك ، دىلى بۇزۇق ، تىلى شېكەر ،
دىلى زەھەر ، دېدى . چېن بودا نەزەرىيىچى قىياپەت بىلەن ، بۇ قېتىمقى
ۋەقەنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇيانقى سىنىپىي كۈرەشنىڭ
بەشىنچى قېتىملىق ئېلىشىشى ، بۇ سىنىپىي كۈرەش تەرەققىياتىنىڭ ئوب-
يېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەندەك بولدى ، دېدى . ئا-

تالىمىش « بەش قېتىملىق ئېلىشىش » دېگىنى ، بىرىنچى قېتىملىقى پېڭ جېن ، لو رۇيچىڭ ، لۇ دىڭيى ، ياڭ شاڭكۇنلەرنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى ؛ ئىككىنچى قېتىمقىسى ، لىيۇ شاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ ، تاۋ جۇنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى ؛ ئۈچىنچى قېتىمقىسى ، 1967 ـ يىلدىكى « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » نىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش ئىدى ؛ تۆتىنچى قېتىمقىسى ، ئاتالمىش « لىيۇ شاۋچى ، دېڭ شياۋپىڭ ، تاۋجۇلارنىڭ چۇماقچىلىرى » ۋاڭ لى ، گۇەن فېڭ ، چى بېنيۈلەرنى ئاغدۇرۇش ئىدى . بەشىنچىسى ، ياڭ چېڭۋۇ ، يۈيلىجىن ، فۇچۇڭبىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىنى پاش قىلىپ ، ئۇلارنى ئاغدۇرۇش ئىدى . بۇ بەش قېتىملىق ئاتالمىش كۈرەشلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئەھۋالى پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى ، ئەمما ئۇلارنى سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئېلىشىشى دەۋالدى . لېكىن بۇ شۇ چاغدا ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان نۇرغۇنلىغان ئاممىنى ئالداپ كەتتى .

ھازىر ئەھۋال ناھايىتى ئېنىق بولدى ، ئاتالمىش « ياڭ چېڭۋۇ ، يۈي لىجىن ، فۇ چۇڭبى ۋەقەسى » لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ ، كۆڭۈل قويۇپ پىلانلىغان ، ئارمىيەت ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىكى بىر چوڭ ئورۇنلاشتۇرۇش ئىكەن . بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى بىر چوڭ ئۇۋال ئەنزە ئىدى . كېيىن ماۋ زېدۇڭ بىر پارچە خەتكە : « بۇ ئەنزىنى بىر تەرەپ قىلىشتا خاتالىق بولۇشى مۇمكىن ، ئۇ چاغدا لىن بياۋنىڭ سۆزىنىلا ئاڭلاپتۇق » دەپ تەستىق سالغان .

« ياڭ چېڭۋۇ ، يۈي لىجىن ، فۇ چۇڭبى ۋەقەسى » دىن كېيىن لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ،« ئارقا تىرەك » نى تارتىپ چىقىرىشقا كۈشكۈرتۈپ ، يې جيەنيىڭ ، شۈي شاڭچيەن ، نې رۇڭجېن قاتارلىق ھەربىي ئىشلار كومىتېت رەھبەرلىرىگە زەربە بېرىپ ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ناھايىتى چوڭ ھوقۇقىنىڭ بىر قىسمىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، گېزىت ـ ژۇرناللاردا كەينى ـ كەينىدىن باش ماقالە ئېلان قىلىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنى « ئوڭچىل ئاغمىچىلىق ، ئوڭچىل بۆلگۈنچىلىك ، ئوڭچىل تەسلىمچى-

لىككه قەتئىي قارشى تۇرۇپ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىنى بىتچىت قىلىش» قا چاقىرىق قىلدى؛ تەرەپبازلىق ئەۋج ئالغان، ئەلەم كۆرىشى تازا بولۇۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا، «تەرەپبازلىققا قارىتا سىنىپىي تەھلىل قىلىش كېرەك» دېگەننى كۆتۈرۈپ چىقىپ، «پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىنىڭ تەرەپبازلىقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىش» نى تەرغىپ قىلدى.

لېكىن لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئويدۇرۇپ چىقارغان «ياڭ چېڭۋۇ، يۈي لىجىن، فۇ چۇڭبى ۋەقەسى»، ئەمەلىيەتتە «ئوڭچىلىققا قارشى» غايەت زور ھەرىكەت بولدى، ئۇ چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق ئىدىيىسىنىڭ تېخىمۇ يامراپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ھەمدە قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتى ئاز ـ تولا ئوڭشىلىۋاتقان ۋە جەمئىيەت تەرتىپى ئاز ـ تولا ياخشىلىنىۋاتقان شارائىتتا، يەنە بىر مەيدان چوڭ دولقۇن قوزغاپ، چوڭ بىر قايتىلىنىش پەيدا قىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئەڭ قالايمىقان بولغان ھوقۇق تارتىۋېلىش باسقۇچىدا، پارتىيىنىڭ يەرلىك ۋە ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پالەچ بولۇپ قالدى، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش قالايمىقانلاشتى. ئومۇميۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش ئۈچۈن خەلق ناھايىتى زور بەدەل تۆلىدى. پەقەت سانائەت، دېھقانچىلىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىكى سانلىق مەلۇماتقا قارىساقلا 1967 ـ يىلى ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 9.6% تۆۋەنلەپ كەتكەن، 1968 ـ يىلى ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا 4.2% تۆۋەنلەپ كەتكەن. سىياسىي جەھەتتىكى، ئىدىيىدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشنى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكىگە كەلگەن زىياننى مۆلچەرلەش تېخىمۇ تەس ئىدى.

شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئاشۇ ئەنسىز يىللاردا كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ئۆزلىرىنىڭ مەسئۇلىيىتىنى تاشلاپ قويمىدى. نۇرغۇن پارتىيىلىك كادىرلار سازايى قىلدۇرۇلدى، كۈرەش قىلىندى، تەكشۈرۈلدى، ئۇلار «خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانمىغان» بولسىلا، قىيىنچىلىقلارغا پەرۋا قىلماي، ئەتراپىدىكى ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، خىزمەتنى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

راۋان بولۇشنى قوغدىدى . كەڭ قۇرۇلۇش تېخنىكا خادىملىرى ۋە ئىشچىلار ، پارتىيىنىڭ ئۇزۇن يىللىق تەربىيىسى ئاستىدا ، دۆلەت ۋە خەلق مەنپەئىتىنى ئەلا بىلىپ ، ئاكتىپ ئىشلەشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقىغا تاقابىل تۇردى . شۇڭا ، 1967 - يىلى ۋە 1968 - يىلى ئىككى يىلدا گەرچە ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ ، لېكىن بەزى مۇھىم قۇرۇلۇشلار ۋە پەن - تېخنىكا تۈرلىرى توختاپ قالمىدى ، مەسىلەن ، 1967 - يىلى 17 - ئىيۇندا ئېلىمىزنىڭ تۇنجى ۋودورود بومبىسى غەلىبىلىك پارتلىدى . 1968 - يىلى 30 - ئۆكتەبىردە دۆلىتىمىز ئۆزى لايىھىلەپ ، ئۆزى ياسىغان نەنجىڭ چاڭجياڭ كۆۋرۈكىدە رەسمىي قاتناش باشلاندى . بۇنداق بەزى چوڭ قۇرۇلۇش ، تېخنىكا تۈرلىرىدە قولغا كەلگەن نەتىجىلەر كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە كۈرەش قىلىش روھىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ . كەڭ دېھقانلارمۇ ئاشۇ مۇشەققەتلىك شارائىتتا جاپالىق تىرىشچانلىق قىلىپ ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى خەلقنى ئاشلىق ۋە باشقا يېزا - ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلىدى .

### 4 . « پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش قىپقىزىل بولۇشى » ۋە قاتناشمىغان ئادىمى ئەڭ كۆپ بولغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنى

1968 - يىلى 5 - سېنتەبىردە شىزاڭ ، شىنجاڭ ـــ ئىككى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتلىرى بىللىلا قۇرۇلدى .

1967 - يىلى يانۋاردا شاڭخەيدە ھوقۇق تارتىۋالغاندىن تارتىپ مۇشۇ كۈنگىچە بولغان 20 ئايلىق ۋاقىتتا نۇرغۇن مۇرەككەپ كۈرەشلەر بولۇپ ئۆتتى ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ( تەيۋەن ئۆلكىسىدىن باشقا ) 29 ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايوندا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلدى . بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش ۋەزىپىسىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ ، ئاتالمىش « پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش قىپقىزىل بولۇش » نىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

## ھەر قايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايون ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالى

| رەت | رايون | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاساسلىق مەسئۇللىرى |
|---|---|---|---|
| 1 | خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى | 1967 ـ يىل 31 ـ يانۋار | فەن فۇشېڭ ، ۋاڭ جياداۋ |
| 2 | شەندۇڭ ئۆلكىسى | 1967 ـ يىل 3 ـ فېۋرال | ۋاڭ شياۋيۈي ، ياڭ دېجى ، خەن جىنخەي |
| 3 | شاڭخەي شەھىرى | 1967 ـ يىل 5 ـ فېۋرال | جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋۋېنيۈەن ، ۋاڭ خۇڭۋېن |
| 4 | گۈيجۇ ئۆلكىسى | 1967 ـ يىل 14 ـ فېۋرال | لى زەيخەن ، جاڭ مىڭ ، لى لى |
| 5 | شەنشى ئۆلكىسى | 1967 ـ يىل 8 ـ مارت | لىيۇ گېيىڭ ، جاڭ رىچىڭ ، چېن يۇڭگۈي |
| 6 | بېيجىڭ شەھىرى | 1967 ـ يىل 20 ـ ئاپرېل | شې فۇجى ، ۋۇدې ، نيې يۈەنزى |
| 7 | چىڭخەي ئۆلكىسى | 1967 ـ يىل 12 ـ ئاۋغۇست | لىيۇ شەنچۈەن ، جاڭ جياڭلىن ، دالو |
| 8 | ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى | 1967 ـ يىل 1 ـ نويابىر | تېڭ خەيچىڭ ، ۋۇتاۋ ، گاۋ جىنمىڭ |
| 9 | تيەنجىن شەھىرى | 1967 ـ يىل 6 ـ دېكابىر | جېي شۆگۇڭ ، سۇ سىمىڭ ، جېڭ سەنشېڭ |

www.uyghurkitap.com

| رەت | رايون | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاساسلىق مەسئۇللىرى |
| --- | --- | --- | --- |
| 10 | جياڭشى ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 5 ـ يانۋار | چېڭ شىچېڭ ، ياڭ دوڭلياڭ ، ۋەن لىلاڭ |
| 11 | گەنسۇ ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 24 ـ يانۋار | شيەن خىڭخەن ، جاڭ جۇڭ ، خۇ جىرۇڭ |
| 12 | خېنەن ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 27 ـ يانۋار | ليۇ جيەنشۈن ، ۋاڭ شىن ، جى دىڭكۈي ، گېڭ چىچاڭ |
| 13 | خېبېي ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 3 ـ فېۋرال | لى شۆفېڭ ، ليۇ زىخۇ ، ما خۈي ، گېڭ چاڭسو |
| 14 | خۇبېي ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 5 ـ فېۋرال | زېڭ سىيۈي ، ليۇ فېڭ ، جاڭ تىشۆ |
| 15 | گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 21 ـ فېۋرال | خۇاڭ يۇڭشېڭ ، كۇڭ شىچۇەن ، چېن يۈي |
| 16 | جىلىن ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 6 ـ مارت | ۋاڭ خۇەيشياڭ ، رۇەن بوشېڭ ، جېڭ جىچاۋ |
| 17 | جياڭسۇ ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 23 ـ مارت | شۈي شيۇ ، ۋۇداشېڭ ، ياڭ گۇاڭلى ، پېڭ چۇڭ |
| 18 | جېجياڭ ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 24 ـ مارت | نەن پىڭ ، چېن لىيۈن ، شۇڭ يىڭ تاڭ ، لەي كېكې |
| 19 | خۇنەن ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 8 ـ ئاپرېل | لى يۇەن ، لۇڭ شۇجىن ، خۇا گو فېڭ ، جاڭ بوسىن |

| رەت | رايون | قۇرۇلغان ۋاقتى | ئاساسلىق مەسئۇللىرى |
| --- | --- | --- | --- |
| 20 | نىڭشا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى | 1968 ـ يىل 10 ـ ئاپرېل | كاڭ جيەنمىن ، جاڭ خۇەيلى ، شۈي خۇڭشۈ |
| 21 | ئەنخۇي ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 18 ـ ئاپرېل | لى دېشېڭ ، لياۋ چېڭمېي ، سۇڭ پېيجاڭ |
| 22 | شەنشى ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 1 ـ ماي | لى رۇيشەن ، خۇاڭ جىڭياۋ ، خۇ ۋېي |
| 23 | لياۋنىڭ ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 10 ـ ماي | چېن شىليەن ، لى بوچيۇ ، ۋاڭ لياڭ ، ماۋ يۈەنشىن |
| 24 | سىچۈەن ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 31 ـ ماي | جاڭ گوخۇا ، لياڭ شىڭچۇي ، ليۇ جيېتىڭ ، جاڭ شىتىڭ |
| 25 | يۈننەن ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 13 ـ ئاۋغۇست | تەن فۇرېن ، جۇ شىڭ ، چېن كاڭ ، دۇەن سىيىڭ |
| 26 | فۇجيەن ئۆلكىسى | 1968 ـ يىل 14 ـ ئاۋغۇست | خەن شيەنچۇ ، پى دىڭيۈن ، لەن رۇڭيۇ |
| 27 | گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى | 1968 ـ يىل 26 ـ ئاۋغۇست | ۋېي گوچىڭ ، ئۇ جىنخۇ ، ئەن پىڭشېڭ |
| 28 | شىزاڭ ئاپتونوم رايونى | 1968 ـ يىل 5 ـ سېنتەبىر | زېڭ يۇڭيا ، رېن رۇڭ ، باساڭ |
| 29 | شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى | 1968 ـ يىل 5 ـ سېنتەبىر | لۇڭ شۇجىن ، سەيپىدىن |

www.uyghurkitap.com

### ئۆلكە دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى

ھەرقايسى ئۆلكە ـ شەھەر ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىنىڭ قىسقىچە ئەھۋالى شۇ چاغدىكى نەشر قىلىنغان « ئىنقىلابىي كومىتېت ياخشى » دېگەن كىتابتا بىر جەدۋەل بار ئىكەن . ئۇنى ئاز ـ تولا ئۆزگەرتىپلا بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتتۇق .

### ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋاقىت كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى

ئۆلكە ، شەھەر، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن نېمىشقا 20 ئاي ۋاقىت كەتتى ؟ بۇنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دەك ئالاھىدە شارائىتتا ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ئالاھىدە بولىدىغانلىقى بەلگىلىگەن .

بىرىنچى ئىش ، ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ئوبيېكتىنى بەلگىلىمەك تەس ئىدى . ئۇ چاغدا جاكارلانغان ھوقۇق تارتىۋېلىشنىڭ ئوبيېكتى ئاتالمىش پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ئىدى . بايا دەپ ئۆتكىنىمىزدەك ، بۇ ئوبيېكتنىڭ ئېنىق بولمىغان ، ناھايىتى زور ئىچكى سۇبيېكتىپ خاھىشچانلىقى بار ئىدى . شۇڭا ، قايسىبىر تەرەپ پالانى رەھبەر كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ، يوقىتىمىز دېسە ، يەنە بىر تەرەپ ئۇ رەھبەرنى ئېنقىلابىي كادىر ، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىمىز دەيتتى . نەتىجىدە مۇنازىرە باشلىنىپ ئاخىرى چىقماي ، بىرلىككە كەلگىلى بولمايتتى ، بەزىدە ھەتتا تەرەپبازلىق كۈرىشى ۋە ئەلەم كۈرىشى باشلىنىپ كېتەتتى .

ئىككىنچىسى « ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش » نى ئەمەلگە ئاشۇرۇماق تەس ئىدى . ماۋ زېدۇڭ بۇرۇن : « ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ ئاساسىي تەجرىبىلىرى ئۈچ تۈرلۈك : بىرىنچىسى ، ئىنقىلابىي كادىرلارنىڭ ۋەكىلى بولۇش ؛ ئىككىنچىسى ، ئارمىيە ۋەكىلى بولۇش ؛ ئۈچىنچىسى ، ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ۋەكىلى بولۇش » دېگەنىدى . كىمنىڭ « ئىنقىلابىي كادىرلارنىڭ ۋەكىلى » ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش تەس ئىدى ، كىمنىڭ « ئىنقىلا-

بىي ئاممىنىڭ ۋەكىلى » ئىكەنلىكىنى بەلگىلەش تېخىمۇ تەس ئىدى . ئۇ
چـاغـدىكى ناھايىتى كۆپ ، ھەرخىل ھەر نامدىكى ئاممۇى تەشكىلاتلار-
نىڭ ھەممىسىلا ئۆزىنى پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىسيانچىلىرى دەپ ئاتى-
غاچقا ، « مەنلا ئىنقىلابچى » دەيدىغان كەيپىيات ناھايىتى كۈچلۈك
ئىدى ، ھەممىسىلا « مېنى مەركەز قىلىشى كېرەك » دەپ ئۆزىنى ئىنقىلا-
بىي ئاما تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە ئىنقىلابىي كومىتېتقا كىرىشى
كېرەك دەيتتى . دائىم مەلۇم تەشكىلاتتىن ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئەزا-
سىدىن نەچچىسى بولۇشى كېرەك ، دائىمىي ھەيئەتكە كىرەمدۇ ، مۇئاۋىن
مۇدىر بولامدۇ دېگەندەك مەسىلىلەردە ئاخىرى يوق مۇنازىرىلەر بولۇپ
كـېتىپ ، بىرلىككە كەلگىلى بولمايتتى ، ھەتتا ئەلەم كۈرىشى قوزغىلىپ
يـاكى باشقىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى . ئارمىيە
ۋەكىلىنى بەلگىلەش بىرقەدەر ئاسان ئىدى . ئەمما ، دالا ئارمىيىسى بىلەن
يەرلىك ھەربىي رايون ، بۇ قىسىم بىلەن يەنە بىر قىسىم ئوتتۇرىسىدا
زىددىيەت بار ئىدى .

ئۇنىـڭ ئۈستىگە رايون خاراكتېرلىك ئالاھىدە زىددىيەت ، تارىخ-
تىن قېپقالغان مەسىلىلەر ۋە ئاداۋەت ، بەزى رايونلاردىكى مىللىي زىددى-
يەت ۋە دىنىي زىددىيەت قاتارلىقلار بار ئىدى . ئىنقىلابىي كومىتېتقا كى-
رىش ـ كىرمەسلىك ، ئۇنىڭدا قانداق ئورۇننى تۇتۇش مەنپەئەت بىلەن
مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش دەيدىغان كۆز قاراشلار بار ئىدى . بۇ زىددى-
يەتلەر تۈپەيلىدىن بەزى ئۆلكە ، شەھەر، ئاپتونوم رايونلار ھوقۇق تار-
تىۋالغانلىقىنى ئېلان قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىنقىلابىي كومىتېتنى
قۇرالماي كەينىگە سۈرۈپ كەتتى . بەزى جايلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت
قۇرۇلغان بولسىمۇ ، لېكىن ئىچكى جەھەتتىكى تالىشىش تۈگىمىدى .
بـۇلار « ئۈچ تەرەپ بىرلىشىش » تەجرىبىسىنىڭ ئۇتۇقلۇق ئەمەسلىكىنى
كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

### ئىنقىلابىي كومىتېتقا قانداق باھا بېرىش كېرەك

« پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش قىپقىزىل » بولغانلىقىنى تەبرىك-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لەش ئۈچۈن 7 ـ سېنتەبىر « خەلق گېزىتى » بىلەن « ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى » بىرلىكتە « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسى ! » دېگەن باش ماقالىنى ئېلان قىلدى . باش ماقالىدە : « پۈتۈن دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش قىپقىزىل بولغانلىقىدەك بۇ ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈش مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئومۇميۈزلۈك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ناھايىتى زور ۋەقە ، ئۇ پۈتۈن ھەرىكەتنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا كۈرەش قىلىش ،پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . » ، « ئۇلار قولغا كىرگۈزۈۋالغان ئاشۇ بىر قىسىم پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، مالىيە ، مەدەنىيەت ھوقۇقىنى پرولېتارىياتنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش ، بۇرژۇئازىيىنىڭ تىرىلىشىگە ئۇرۇنۇشى بىلەن پرولېتارىياتنىڭ تىرىلىشىگە قارشى ئېلىپ بارغان جىددىي كۈرىشى بولۇپ ، پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ داۋامى ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپلىرىغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر مەيدان سىياسىي ئىنقىلاب ». « مەملىكىتىمىزدىكى ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلاردىكى ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ تولۇق قۇرۇلۇپ بولغانلىقى ، يېڭىلىنەس ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللانغان تۈمەن ـ مىليونلىغان ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلىپ ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتتى ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى زور دەرىجىدە بېيىتتى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى » دېيىلگەنىدى . بۇنداق باھا ، ناھايىتى ئېنىقكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قۇرۇق ماختاش ئىدى ، تارىخ ئەمەلىيىتىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيتتى . ئەمدى ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ خاراكتېرى ۋە رولىغا قارىتا باشقىدىن باھا بېرىش تولىمۇ زۆرۈر .

ھوقۇق تارتىۋېلىنغاندىن كېيىن ، قۇرۇلغان يېڭى ھاكىمىيەت ئورگىنى بولغان ئىنقىلابىي كومىتېت ھەرگىزمۇ « چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە يېڭى شەيئى بولماستىن ، بەلكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا پەيدا بولغان نورمالسىز ، ھاياتىي كۈچى يوق ، ۋاقىتلىق غەلىتە ئورگان ئىدى . ئاز دېگەندە ئۇنىڭدا تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خىل تۈپ خاراكتېرلىك

مەسىلە توغرا بولمىغانىدى. بىرىنچىسى، ئىسمى قاملاشمىغانىدى. ئىنقىلابىي كومىتېت خەلقئارادا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئىسىم بولۇپ، ئادەتتە بىر ئىلغار سىنىپ ياكى ئىلغار گۇرۇھ ئەكسىيەتچى سىنىپنى ياكى قالاق گۇرۇھنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ قۇرغان ۋاقىتلىق ھاكىمىيەت ئورگىنىنى كۆرسىتەتتى، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئالغا باسقانلىقىنىڭ نامايەندىسى، ئەقەللىيسى خاندانلىق ئالماشقانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. ئەمما، جۇڭگودىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» ئۇنداق ئەمەس ئىدى. سوتسىيالىستىك جۇڭگو سىنىپنى ئاساسىي جەھەتتىن يوقاتقان بولۇپ، ھۆكۈمران ئورۇندىكى، ئاغدۇرۇپ تاشلاشقا تېگىشلىك ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى يوق، «بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش» مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى؛ ئاتالمىش كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىشىمۇ تارىخىي ئەمەلىيەت ئاللىقاچان دونكىخوتچە شامال تۈگمىنى بىلەن جەڭ قىلغاندەكلا بىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانىدى. چۈنكى، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» دېگەن زەربە بېرىش ئوبيېكتى ئەسلىلا مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ئون يىلدىن ئارتۇق داۋام قىلغان «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»مۇ بىرمۇ «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار»نى تېپىپ چىقالمىدى. شۇڭا، بۇ خىل ھوقۇق تارتىۋېلىش بەزى كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر قىسىم ئاممىنى ئەگەشتۈرۈپ، يەنە بىر قىسىم كومپارتىيە ئەزالىرىدىن ھوقۇق تارتىۋېلىشىدىن ئىبارەت ئىدى، خالاس. ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن يەنىلا جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيىتى بولۇپ، خاندانلىق ئالمىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىنكى رەھبەرلىك يەنىلا جۇڭگو كومپارتىيىسى بولۇپ، رەھبەرلىك كۈچىنى ئالماشتۇرۇش مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. ھوقۇق تارتىۋالغاندىن كېيىن ھاكىمىيەتنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتمەي، يەنىلا خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسى بولاتتى. شۇڭا، كىمنىڭ ئۈستىدىن ئىنقىلاب قىلىش مەسىلىسى ئېنىق ئېيتماق تەس مەسىلە ئىدى، تەبىئىي ھالدا ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئىسمىمۇ جىسمىغا لايىق

www.uyghurkitap.com

كەلمىگەنىدى . بىر مەكتەپ ، بىر ماگىزىن ، بىر زاۋۇتنىڭ ئورگىنىمۇ ئىنقىلابىي كومىتېت دەپ ئاتىلىپ ، ھاكىمىيەت ئورگىنى سودا ، مائارىپ ، ئىقتىساد قاتارلىق ئوخشىمىغان خاراكتېردىكى ئورگانلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى .

ئىككىنچىسى ، ۋەزىپىسى توغرا بولمىدى . خەلق دېموكراتىيە دىكتاتورىسىنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادتىن ئىبارەت ئىككى خىل رولى بولىدۇ . ئېلىمىزدە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنىڭ تاماملىنىشى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلىشى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپىنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرىدىغان سىياسىي رولى تەدرىجىي ئاجىزلىدى ، ئەلۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى دۈشمەنلەرنىڭ ھۇجۇمىدىن مۇداپىئە كۆرۈپ ، خەلق ھاكىمىيىتىنى قوغداش رولى يەنىلا مەۋجۇت بولىدۇ ، ئەمما سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنى تەكشىللەشتەك ئىقتىسادىي رولى تەدرىجىي كۈچلەندۈرۈلىدۇ . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى كۈچلەندۈرۈش جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ۋە جۇڭگو خەلقىنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسى ، شۇنداقلا ھاكىمىيەتنىڭمۇ مەركىزىي ۋەزىپىسى . بۇ نۇقتا 1956 - يىلى جۇڭگو كومپارتىيىسى 8 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنىڭ قارارىدا شەرھلىنىپ بولغان بولسىمۇ ، لېكىن كېيىن ئەگرى - توقاي يوللارنى باستى . ھالبۇكى ، ئىنقىلابىي كومىتېت بۇنىڭ ئەكسىچە ئىدى . ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى سىنىپىي كۈرەش قىلىش ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ئىدى ، يەنى ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى 9 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا تەلەپ قىلغىنىدەك : « ئىتتىپاقلىشىشىمىز بىرلا نىشان ، يەنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ، ئۇنى ھەربىر زاۋۇت ، يېزا ، ئورگان ، مەكتەپلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن » ئىدى . « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش » نىڭ تولۇق مەنىسىدىن ئېيتقاندا ، ئۇ ئەسلى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى بولغان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇشى كېرەك ئىدى . ئىنقىلاب ئۇستازلىرىنىڭ تەلىماتى بويىچە ، بۇ

ئەسلى پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىنكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ۋەزىپىسى ئىدى . ئەپسۇسكى ، ئۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ تەكىتلىگەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى » مائارىپ ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ، ئاخبارات ، سەھىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۈستقۇرۇلمىدىكى ئىنقىلابنى ئاخىرغىچە ئېلىپ بېرىش » ، « لىيۇ شاۋچىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ، شيۇجېڭجۇيى لۇشيەننى تېخىمۇ پىپەن قىلىپ ، زەھىرىنى تازىلاش » ، « مەملىكەت مىقياسىدا كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىشنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى تاماملاش » ئىدى . ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، بۇنداق قىلىشنىڭ نەتىجىسى « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش » نىڭ نىشانى بىلەن ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلدى . مۇشۇ مەنىدىن شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، ئىنقىلابىي كومىتېت سىنىپىي كۈرەش تۇتقا دېگەن « سول » چىل خاتا لۇشيەننى ئىجرا قىلغۇچى قورال ئىدى . ناھايىتى ئېنىقكى ، بۇنداق ۋەزىپە كەڭ خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيلا قالماي ، يەنە سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگىمۇ خىلاپ ئىدى .

ئۈچىنچىسى تۈزۈلمىسى ياخشى ئەمەس . ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپى « بىر تۇتاش رەھبەرلىكنى يولغا قويۇش » بولۇپ ، پارتىيە ـ ھۆكۈمەت بىرلەشكەن ، ئىككى ۋىۋىسكا ئاسقان بىر ئورگان ئىدى . بۇنى ئۇرۇش يىللىرىدا شەكىللەنگەن بىر تۇتاش رەھبەرلىك تۈزۈلمىسىنىڭ چەكتىن ئېشىپ تەرەققىي قىلىشى دېيىشكە بولاتتى . ئەگەر بىر تۇتاش رەھبەرلىك تۈزۈلمىسى ئاشۇ تارىخىي شارائىتتا ، بىر تۇتاش قوماندانلىق قىلىش ، ھەر تەرەپتىكى كۈچلەرنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىنقىلابىي ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسىگە كاپالەتلىك قىلىش جەھەتلەردە پايدىلىق رول ئوينىدى دەيدىغان بولساق ، ئازادلىقتىن كېيىن بولۇپمۇ خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتكە يۆتكىلىشكە ئەگىشىپ ، ئېھتىياجغا ماسلىشالماي قالدى . تارىخ تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمى بويىچە ، ئەسلى پارتىيە بىلەن ھۆكۈمەتنى ئايرىۋېتىش يۆنىلىشىگە قاراپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەرەققىي قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ئەمما ئىنقىلابىي كومىتېت بۇنىڭ ئەكسىچە پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى بىرلەشتۈرۈۋەتتى. تارىخنىڭ ئەمەلىيىتى بۇنداق تارىخ ئېقىمىغا قارشى نەرسىنىڭ ھېچقانداق ھاياتىي كۈچى بولمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئىنقىلابىي كومىتېتنىڭ ئەمەلدىن قېلىشى تارىخنىڭ مۇقەررەرلىكى.

قۇرۇلغىنى گەرچە غەلىتە، ئىچى زىددىيەت بىلەن تولغان، ئۇ-نۇمى تۆۋەن ھاكىمىيەت ئورگىنى بولسىمۇ، لېكىن بىر تۇتاش رەھبەر-لىك ئورگىنىنىڭ بولغانلىقى، ھۆكۈمەتسىزلىك ھالەتتىكى قالايمىقانلى-شىپ كېتىشكە قارىغاندا بىر ئىلگىرىلەش ئىدى. ئۆلكە، شەھەر، ئاپتو-نوم رايون ئىنقىلابى كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلغانلىقى، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان تۇراقسىز ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇشقا، ئاچىمىز دېگىلى خېلى ئۇزاق بولغان پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئومۇمىي يىغىنىنى ۋە پارتىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىشقا كەم بولسا بولمايدىغان شارائىت يارىتىپ بەردى.

**پارتىيىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە باشقىدىن قۇرۇش**

جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىنقىلابىي ئىشلىرىمىزغا رەھبەرلىك قىل-غۇچى يادرولۇق كۈچ، پارتىيە رەھبەرلىكى بولمايدىكەن، دۆلىتىمىز ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقى بولمايتتى، بۇ ھەم ئىنقىلابىي تارى-خىي تەجرىبىلىرىنىڭ خۇلاسىسى، ھەم جۇڭگو يېقىنقى زامان تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنىڭ ئىنكاسى. گەرچە ماۋ زېدۇڭ، جۇڭگو كومپارتىيىسى شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئانچە ياخشى بولالماي قالدى، دەپ بىلىپ، مىليونلىغان ئاممىنى قوزغاپ « پارتكومنى تېپىپ تاشلىغان »، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى بۇزۇ-لۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلىي تۇرمۇشى توختاپ، « جاھان راسا مالىمانلىشىپ كەتكەن » ۋەزىيەت شەكىللەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭنىڭ سۇبيېكتىپ تەسەۋۋۇرىدىكى « جاھاننى راسا ئوڭشاش » ئۈچۈن، يەنىلا پارتىيە تەشكىلىنىڭ كۈچىگە تايانماي بولمايتتى. شۇڭا،

پارتىيە تەشكىلىنى باشقىدىن قۇرۇش زۆرۈر ئىدى ، ئەمما پارتىيە تەش-
كىلىنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇرۇنقى ھالەتتىكىدەك ئەس-
لىگە كەلتۈرۈشكە بولمايدۇ ، دېگەن مەسىلە ماۋ زېدۇڭ ئىزدىنىدىغان ۋە
ئويلايدىغان زور مەسىلىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى . بۇنى ھەل قىلىش
ئۈچۈن ، يەنە پارتىيىنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئومۇمىي يىغىنىنى ۋە مەم-
لىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى ئېچىش لازىم ئىدى .
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېچىلغان
پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ يې-
پىلىش مۇراسىمىدا ماۋ زېدۇڭ پارتىيە 9 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىغا تەييار-
لىق كۆرۈش ۋە ئېچىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى . ئۇ 1967 ـ
يىلى كۈزدە ، جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋۋېنيۈەنلەرگە 9 ـ قۇرۇلتاينى ئېچىش
مەسىلىسى ئۈستىدە شاڭخەيدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى ھاۋالە قىل-
دى . ياۋ ۋېنيۈەن شاڭخەيدە بەزى سۆھبەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ ، پىكىر
توپلاپ ، تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقتى . دوكلاتتا ئاممىنىڭ پىكرى
دېگەننى باھانە قىلىپ ، 9 ـ قۇرۇلتاينى ئېچىشتىن بۇرۇن پارتىيە تارى-
خىنى ئۆزگەرتىپ ، ئېھتىياجغا كېرەكلىك « پارتىيە ئىچىدىكى ئىككى
لۇشيەن كۈرىشى تارىخ ماتېرىياللىرى » نى تۈزۈپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا
قويدى . ھەمدە 1945 ـ يىلى پارتىيە 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 7 ـ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان « بىرقانچە تارىخىي مەسىلىلەر
توغرىسىدىكى قارار » دا ليۇ شاۋچى مۇقىملاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن ،
ئەمدى يەنە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى . پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى 21 ـ ئۆكتەبىردە پۈتۈن مەملىكەتكە « 9 ـ قۇرۇل-
تاينى ئېچىش مەسىلىسىدە پىكىر ئېلىش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى
تارقاتتى ھەمدە ياۋۋېنيۈەننىڭ دوكلاتىنى قوشۇمچە قىلىپ تارقاتتى .
شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى جايلاردا ھەرخىل شەكىلدىكى 9 ـ قۇرۇل-
تايغا پىكىر ئېلىش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلدى .
مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى ئەمەلىيەتتە 9 ـ قۇ-
رۇلتاينى ئېچىشقا تەييارلىق قىلىش رەھبەرلىك ئورگىنى بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قالدى . 5 ـ نويابىردىكى ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇ-رۇپپىسىدىكىلەر بىلەن ئېلىپ بارغان سۆھبىتىدە ، ھەرقايسى جايلار-نىڭ 9 ـ قۇرۇلتاي ھەققىدىكى ماتېرىياللىرىنى « يىغىنچاقلاپ ، ھەرقايسى جايلارغا تارقىتىپ بېرىڭلار » ، بۇ داۋاملىق پىكىر ئېلىشقا پايدىلىق دېدى . 27 ـ نويابىردا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، مەركىزىي مەدەنى-يەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى « 9 ـ قۇرۇلتاينى ئېچىشقا پىكىر ئېلىش توغ-رىسىدىكى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش » نى چىقاردى . بۇ ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا ئامىنىڭ پىكرى دېگەن شەكىلدە ئەمەلىيەتتە مەركىزىي مەدەنىيەت ئىن-قىلابىي گۇرۇپپىسىنىڭ پىكرىنى بايان قىلغانىدى . ئومۇمىي ئۇقتۇرۇشتا ، « 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ تۈپكى ۋەزىپىسى ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى قىزىل بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ، تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۇنلەش ، بولۇپ-مۇ ‹ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ›نىڭ تەجرىبىلىرىنى يەكۇنلەش » ، « ماۋ جۇشىغا سادىق ،ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە سادىق ، ماۋ جۇشىنىڭ پرولېتار-يات ئىنقىلابىي لۇشيەنىگە سادىق مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقىش » . « لىن مۇئاۋىن رەئىسنىڭ ماۋ جۇشىنىڭ يېقىن سەپدىشى ، ماۋ جۇشىنىڭئىزباسارى ئىكەنلىكىنى كەڭ تەشۋىق قىلىش ھەمدە بۇنى 9 ـ قۇرۇلتاي دوكلاتىغا ۋە قارارىغا يېزىش » . « پارتىيە ئىچىگە يوشۇ-رۇنىۋالغان خائىن ، ئىشپىيون ، ئاينىغان ئۇنسۇر ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيى ئۇنسۇرلىرىنى پاك ـ پاكىز تازىلاپ چىقىرىپ ، خەۋپىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇش » . ۋەكىللەرنى سايلاش ئۇسۇلى « يۇقىرىدىن تۆ-ۋەنگە ، تۆۋەندىن يۇقىرىغا سايلاشنى بىرلەشتۈرۈش ، ئىچكى جەھەتتىن ۋە تاشقى جەھەتتىن سايلاشنى بىرلەشتۈرۈش ، ھەرقايسى تەرەپلەر مەسلىھەتلىشىپ سايلاش ئۇسۇلى بويىچە بولىدۇ » دېگەنلەر يېزىلغانى-دى . بۇ لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشىدىن پايدىلىنىپ ، پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى چەتكە قېقىپ ، ئۆز-لىرىنىڭ تېخىمۇ زور ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان قارا نىيى-تىنى ئاشكارىلاپ بەردى . 16 ـ دېكابىردا ، مەركىزىي كومىتېت ، مەركى-زىي مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى يەنە « پارتىيە پروگراممىسى ،

پارتىيە نىزامناسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى «ئۇقتۇرۇش» نى تارقىتىپ، شاڭخەيدىكى «ئاممۋى خاراكتېرلىك پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتىش ھەرىكىتى» نىڭ تەجرىبىلىرىنى تونۇشتۇردى ۋە ھەرقايسى ئورۇنلاردىن «شاڭخەينىڭ تەجرىبىلىرىدىن پايدىلىنىپ، پارتىيە پروگراممىسى، پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسىنى تەشكىللەشنى ھەم ئاممۋى خاراكتېرلىك مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش» نى تەلەپ قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى پارتىيە نىزامنامىسىنى ئۆزگەرتىش خىزمىتى قاتلاممۇ قاتلام ئۆزگەرتىش گۇرۇپپىسىنى قۇرغان، قارىماققا ئاما قاتناشقان مۇزاكىرىلەر ئېلىپ بېرىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى چىقارغان «ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش» بويىچە تاشلىغى بولمايدىغان مىزان بولۇپ قالغانىدى. ئاممىنىڭ ئاتالمىش مۇزاكىرىسى، ئۆزگەرتىشى، شۇلار بېكىتىپ بەرگەن رامكا ئىچىدىكى، پەقەت ئايرىم سۆزلىرىنى ئۆزگەرتىش بىلەنلا چەكلەندى خالاس.

**ليۇ شاۋچىغا قىلىنغان بىمەنە شىكايەت**

9 ـ قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنىڭ بىرى، «ليۇ شاۋچى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش» ئىدى. جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ، شې فۇجى قاتارلىقلارنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدا ۋە قوماندانلىقىدا 1966 ـ يىلى 18 ـ دېكابىردىلا مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسى تەشكىل قىلىنىپ، ليۇ شاۋچى ئۈستىدە مەخپىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغانىدى. ئۇلار بىر تەرەپتىن، ساختىپەزلىك قىلىش، ئۇ يەر ـ بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈش، قىستاپ ئىقرار قىلدۇرۇشتەك رەزىل ۋاستىلەرنى قوللىنىپ، يالغان، زورمۇ زور تېڭىلغان ماتېرىياللارنى، يالغان ئىسپاتلارنى ياساپ چىقىپ مەركىزىي كومىتېتقا يوللىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلىدىغان ئادەملەر بەرگەن تارىخنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئەكىس ئەتتۈرىدىغان ماتېرىياللارنى بېسىپ قويىدى. كۆپ تەرەپلىك پىلانلاش، قاتتىق باش قاتۇرۇش ئارقىلىق، ئاخىر 1968 ـ يىلى سېنتە-

بىردە ، ئاتالمىش « خائىن ، ساتقۇن ، ئىشچىلار ئاسىيسى لىيۇ شاۋچىنىڭ جىنايىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى » دېگەن بىر نېمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىماقچى بولۇشتى . بۇ دوكلاتتا لىيۇ شاۋچىنى 1925 ـ يىلى ، 1927 ـ يىلى ۋە 1929 ـ يىلى ئۈچ قېتىم « قولغا ئېلىنىپ ئاسىيلىق قىلغان ، دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ ، ساتقۇن ، ئىشچىلار ئاسىيسى بولغان » دېيىلگەنىدى . بۇ پۈتۈنلەي ئەمەلىيەتنى بۇرمىلىغان تۆھمەت ئىدى .

1925 ـ يىلى قىشتا ، لىيۇ شاۋچىنىڭ چاڭشادا قولغا ئېلىنغانلىقى راست ، لېكىن ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ شاڭخەيدىن قېچىپ كەتكەنلىكى ۋە دۈشمەنگە تەسلىم بولۇپ خائىن بولغانلىقى يوق گەپ ئىدى . لىيۇ شاۋچىنىڭ چاڭشاغا قايتىپ كېلىشى ئاغرىپ ئۆيىگە داۋالانغىلى كەلگەنلىكى ئىدى . بۇ شۇ چاغدىكى ئاشكارا داۋالانغىلى كەلگەنلىكى ئىدى . چاڭشادىكى مىلىتارىست جاۋ خېڭتى ئۇنى قولغا ئالغاندىن كېيىن مەملىكەتلىك باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، ھەرقايسى جايلاردىكى ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىلىرى، قاتارلىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە گومىنداڭ 2 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى قاتارلىقلار جاۋ خېڭتىغا تېلېگراممىا بېرىپ ، ئۇنى ئەيىبلەپ ، لىيۇ شاۋچىنى قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان . ئۇنىڭدىن باشقا ، ئۇنىڭ دوست ـ بۇرادەرلىرى ۋە يۇرتداشلىرى ئۇنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇشقان . سىرتتىكى ھەر تەرەپتىن كېلىۋاتقان بېسىم ، ئىچكى جەھەتتىكى يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ يول ئېچىشى ، ئىمزا قويۇپ تۈرمىدىن چىقىرىشنى تەلەپ قىلغۇچىلارنىڭ بولۇشى تۈپەيلىدىن جاۋ خېڭتى ئاخىر لىيۇ شاۋچىنى قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى . لىيۇ شاۋچى چاڭشادىن گۇاڭجۇغا كەلگەندە ، جۇڭخۇا باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ داغدۇغىلىق قارشى ئېلىشىغا مۇيەسسەر بولدى . قارشى ئېلىش يىغىنىدا باش ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ مەسئۇلى دېڭ جۇڭشا لىيۇ شاۋچىنى « ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئەڭ قەھرىمان جەڭچىسى » دەپ ماختىغان . لېكىن ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق ئىسپاتى تولۇق بولغان ئەمەلىيەتكە پەرۋا قىلماي ،

بىر جىنايەتچىنىڭ 1952 ـ يىلى يېزىپ بەرگەن، لىيۇ شاۋچى جاۋ خېڭتى سوۋغا قىلغان « تۆت كىتاب بەش دەستۇر » نى ئالغان دېگەن خېتىگە ئاساسلىنىپلا، لىيۇ شاۋچى جاۋ خېڭتىنىڭ يولىيورۇقى بويىچە « پارتىيىگە باشقىدىن سۇقۇنۇپ كىرگەن » دېگەن نەرسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. بۇنداق خۇلاسە چىقىرىش ھەقىقەتەنمۇ تازا بىمەنىلىك ئىدى.

ئاتالمىش 1927 ـ يىلى ساتقۇن بولغان دېگەن ئىشقا كەلسەك، بۇنىڭ ئىسپاتى پەقەت دىڭ جۆچۈننىڭ بەرگەن ئىسپاتى ئىدى. دىڭ جۆچۈن 1927 ـ يىلى گومىنداڭ خەنكو ئالاھىدە شەھەرلىك داڭبۇنىڭ ئىجرا ھەيئىتى، قوشۇمچە ئىشچىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولغان. 1928 ـ يىلى قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن كومپارتىيىدىن ئايرىلغان. 1967 ـ يىلى يازدا ئۇ سولانغان. مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسىدىكىلەر ئۇنى لىيۇ شاۋچىغا تۆھمەت چاپلايدىغان بىر ئىسپات يېزىپ بېرىشكە قىستىغان. ئۇ دەسلەپتە: لىيۇ شاۋچى « ئۆلكىلىك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا ئىشلەيتتى، مەن شەھەرلىك داڭبۇدا ئىشلەيتتىم، خىزمەت ئالاقەمدىن باشقا ئالاھىدە مۇناسىۋىتىم يوق » دېگەن. كېيىن بېسىم ئاستىدا ئۇ يالغان ئىسپات يېزىپ بەرگەن. ئەتىسى ئۇ ئۆزى يېزىپ بەرگەن ماتېرىيالنى ئىنكار قىلغان ھەمدە « بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان »، « لىيۇ شاۋچىنى پىپەن قىلىپ سېتىش ئۈچۈن، مەن بۇنى ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ يازغانىدىم » دېگەن. ئەمما بۇ « ئەمەلىيەتتىن ھالقىپ » كەتكەن يالغان پاكىت، « تەكشۈرۈش دوكلاتى » غا كىرگۈزۈلۈپ، ئەڭ مۇھىم ئىسپات بولۇپ قالغان.

1929 ـ يىلى لىيۇشاۋچى جۇڭگو كومپارتىيىسى مانجۇرىيە ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە يەنە قولغا ئېلىنغان. قەتئىي كۈرەش قىلغانلىقى، سالاھىيىتى ئاشكارىلانمىغانلىقى ئۈچۈن، سوت مەھكىمىسى پاكىت تولۇق ئەمەس دەپ قويۇپ بەرگەن. بۇ ئىشنى شۇ چاغدىكى ئۆلكىلىك پارتكوم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلغان، لىيۇ شاۋچىمۇ بۇنى ئەزەلدىن يوشۇرمىغان. ئەمما، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار شۇ چاغدا مانجۇرىيە ئۆلكىلىك پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ

باشلىقى ، ليۇ شاۋچى بىلەن بىللە قولغا ئېلىنغان مىڭ يۇگچيەننى مەجـ بۇرلاپ يالغان ئىسپات يازدۇرغان . گەرچە مىڭ يۇگچيەن تۈرمىدە تۆۋ- رۆۋاتقان مەزگىلدە 20 نەچچە قېتىم ئەرزنامە يېزىپ ، ئۆزى بەرگەن يال- غان ئىسپاتنى ئاغدۇرۇۋەتكەن بولسىمۇ ، ئەمما بۇلارنى يۇقىرىغا يوللىمى- غان . « تەكشۈرۈش دوكلاتى » غا پەقەت يالغان ئىسپاتلا كىرگۈزۈل- گەن . ئۇلارنىڭ بەتنام چاپلاپ زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق بىلىنىپ قالغانىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل تەكشۈرۈش جەريا- نىدا ، ليۇ شاۋچىنىڭ ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلانغانىدى . لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ليۇ شاۋچىغا مەقسەتلىك ھالدا سىياسىي زىيانكەشلىك ئېلىپ باردى ۋە جىسمانىي جەھەتتىن ۋەيران قىلدى ، يەنە بىر تۈركۈم پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىغا « ليۇ شاۋچىنىڭ گۇماشتىلىرى » دەپ تۆھمەت چاپلاپ ، ھەممىنى يو- قاتتى . ئۇلارنىڭ مەقسىتىنىڭ بىرى ، ئۇلار پات ئارىدا ئاچماقچى بولغان 9 - قۇرۇلتايدىكى مەركىزىي كومىتېت سايلىمىدا « بىر تۈركۈمنى كىرگۈزۈش ، بىر تۈركۈمنى ھەيدەپ چىقىرىش » ئۈچۈن باھانە تېپىش ئىدى .

### قاتناشمىغان ئادىمى ئەڭ كۆپ بولغان ئومۇمىي يىغىن

ليۇ شاۋچى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بىرى . گەرچە 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 11 - ئومۇمىي يىغىنى- دىن كېيىن ، ئۇنىڭ مەركىزىي كومىتېت مۇئاۋىن رەئىسى دېگەن ۋەزى- پىسى ئېنىقسىزلا ئېلىپ تاشلىنىپ ، ئۆزى قانۇنسىز قامىلىپ ، بارلىق ھو- قۇقلىرى تارتىۋېلىنغان بولسىمۇ ، لېكىن نام جەھەتتىن ئۇ يەنىلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولغاچقا ، ئۇنى تەلتۆكۈس ئاغدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن مۇۋاپىق بىر تەشكىلى شەكىلدىن ئۆتكۈزۈپ ، كېرەكلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتەش ، بۇنى چوقۇم پارتىيىنىڭ 9 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇن قىلىپ بولۇش لازىم ئىدى . شۇڭا 1968 - يىلى 13 - ئۆكتەبىردىن 31 - ئۆكتەبىرگىچە

ماۋ زېدۇڭ بېيجىڭدا جۇڭگو كومپارتىيىسى 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچتى . بۇ قېتىمقى يىغىن نۇرغۇن مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ يىغىنغا قاتنىشىش لاياقىتى ئېلىپ تاشلانغان ، بىر قىسىم مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى قانۇنسىز قامالغان يەرلىرىدىن ، يەنى شۇ چاغلاردا « كالا قوتىنى » دەيدىغان يەرلەردىن چىقىپلا قاتناشقان ، يەنە بىر قىسىم مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى يىغىندا يەنە داۋاملىق قارا چاپلىنىپ زىيانكەشلىك قىلىنىدىغان ناھايىتى نورمالسىز ئەھۋالدا ئېچىلدى .

يىغىندىن بۇرۇن ، يەنى 21 ـ ئىيۇلدا كاڭ شېڭ جياڭ چىڭگا بىر پارچە مەخپىي خەت يېزىپ ، خەتكە : « سىز سورىغان ئىسىملىكنى ئەۋەتتىم » دەپ يازغان . كاڭ شېڭ يازغان ئىسىملىكتە ، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ، كاندىدات ئەزالىرىدىن بولۇپ 193 نەپەر ئادەمنىڭ ( بۇنىڭ ئىچىدە 28 ئادەم ۋاپات بولغان ) 88 ى « جاسۇس » ، « خائىن » ، « چەتكە باغلانغان ئۇنسۇر » ، « پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر » دەپ قارا چاپلىنىپ ، يىغىنغا قاتنىششقا بولمايدىغانلىقى يېزىلغانىدى . يەنە بىر تۈركۈم مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئىسيانچىلار تەرىپىدىن سولىنىپ ، كۈرەش قىلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن يىغىنغا قاتنىشالمىدى . مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا ، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 97 ئەزاسىدىن ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان ۋاپات بولغان ئون ئادەمنى چىقىرىۋەتكەندە ، بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشالايدىغانلار ئارانلا 40 ئادەم ئىدى . يىغىن ئېچىلغاندا ، يىغىنغا قاتناشقان ئادەم سانى قانۇنلۇق سانغا يەتمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئېچىلىش مۇراسىمىدا « پرولېتارىيات قوماندانلىق شتابى مۇزاكىرە قىلىپ » ، مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرىدىن ئون ئادەمنى مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى قىلىشنى قارار قىلدى ، دەپ جاكارلىدى . شۇنداق قىلغاندىمۇ يېرىم ساندىن ئارانلا ئاشقان . 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت كاندىدات ئەزالىرى 98 ئادەمدىن ئون ئادەمنى رەسمىي ئەزالىققا تولۇقلىغاندا قالغان ئادەملەردىن يىغىنغا قاتنىشالايدىغانلىرى ئارانلا توققۇز ئادەم بولغان . ئاما بۇ يىغىنغا كۆپەيتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قاتناشتۇرۇلغان مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ، ھەر-قايسى ئۆلكە ، شەھەر، ئاپتونوم رايون ئىنقىلابىي كومىتېت ۋە ھەرقايسى چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى ، مەركەزگە قاراشلىق ئورگانلارنىڭ خىزمەتچىلىرى 74 ئادەم بولۇپ ، بۇلار يىغىنغا قاتناشقان ئادەم سانىنىڭ %57 دىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلغان . بۇ ئادەملەرنىڭ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىغا ئوخشاشلا ئاۋاز بېرىش ھوقۇقى بولۇپلا قالماي ، يەنە بەزىلەر گۇرۇپپا باشلىقى ، مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ تەيىنلەنگەن . بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىششقا ئۆلكىلەردىن ئەۋەتىلگەن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بىرەيلەن تېخى كومپارتىيە ئەزاسى ئەمەس ئىكەن . يىغىنغا قاتناشقان مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ئەمەسلەر مەركىزىي كو-مىتېت ئەزالىرىدىن كۆپ بولغان ، مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ئەمەسلەر گۇرۇپپا باشلىقى بولۇپ مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىغا رەھبەرلىك قىلى-دىغان ئەھۋال پارتىيە تارىخىدا پەقەتلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بولۇپ ، بۇ 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ تەشكىلىي پرىنسىپتىن قىلتىنىق چەتنەپ كەتكەن غەلىتە ئىشى ئىدى .

13 ـ ئاۋغۇستتىكى ئېچىلىش مۇراسىمىدا ، بۇ قېتىمقى يىغىننى ئېچىش 9 ـ قۇرۇلتاينى ئېچىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشتۇر ، دەپ جا-كارلاندى . بۇ يىغىنىنىڭ ، 9 ـ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى سايلاش پرىنسىپى ۋە ئۇسۇلىنى مۇزاكىرە قىلىش ؛ پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈ-زۈش لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلىش ؛خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنى سۆز-لەش ؛ ليۇ شاۋچى توغرىسىدىكى ئەنزىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىنى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللاشتەك تۆت كۈن تەرتىپى بار ئىدى .

ماۋ زېدۇڭ سۆزىدە كۆپچىلىكنىڭ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى زادى قىلىش كېرەكمىتى ـ يوق ؟ بۇ ئىنقىلابنىڭ نەتىجىسى ئاساس-لىق ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى نەتىجىسى ئاز ، خاتالىقلىرى كۆپ بولۇپ كەتتىمۇ ؟ دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى ۋە ئۆزىنىڭ « بۇ قېتىمقى پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى پرولېتار-

يـات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ، كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشىنىڭ ئالـ
دىنى ئېلىش ، سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ناھايىتى زۆرۈر ئىدى ، دەل ۋاقتىدا
ئېلىپ بېرىلدى » دېگەن كۆز قارىشىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى .
لـىن بياۋ ، جـيـاڭ چـىڭ قاتارلىقلار ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويـ
غان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا باھا بېرىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە
قىلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلىش
بـاشلانـغان چاغدىلا ئاتالمىش « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » قاتناشچىلىرى
دەپ ئاتىغان چېن يى ، يې جيەنيىڭ ، لى فۇچۈن ، لى شيەننيەن ، شۈي
شياڭچيەن ، نې رۇڭجېن قاتارلىقلارنى ( تەن جېنلىننىڭ يىغىنىغا قاتـ
نـىشىش لاياقىتىنى ئېلىپ تاشلىغانىدى ) ۋە ئاتالمىش « ئەزەلدىن ئوڭـ
چىل » دەپ ئاتىۋالغان جۇدې ، چېن يۈن ، دېڭ زىخۇيلارنى ئادەم
تـەشكىللەپ پـىـپـەن قىلدى . لىن بياۋ يىغىندا « فېۋرال تەتۈر ئېقىـ
مى » « 11 ـ ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان يۈز بەرگەن پارتىيىگە قارشى ئەڭ
ئېغىر ۋەقە » ، « كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشنىڭ مانېۋىرى » دېدى . جياڭ
چىڭ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار پېشقەدەم يولداشلارغا « ماۋ جۇشىغا قارشى
چـىققان »،« يـەنـئـەنـدىـكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىنى ئىنكار قىلـ
غان » ، « ۋاڭ مىڭ لۇشيەنىگە ئەنزە ئاغدۇرغان » ، « ئارمىيىنى قالايمىـ
قـانلاشتۇرغان » دېگەن بەتناملارنى چاپلاپ ، پىپەن قىلدى ھەمدە
ئۇلارنى ئۆزلىرىنى قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ ، مەسىلە تاپشۇرۇشقا مەجبۇر ـ
لىدى . بۇنداق چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ ، تەسىر كۈچى بىلەن بېسىم
ئىشلىتىدىغان زىيانكەشلىك خاراكتېرلىك پىپەن قىلىش ، يىغىن كەيپىـ
ياتىنى ھەددىدىن زىيادە جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى .
ئومۇمىي يىغىن شۇ چاغدىكى مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىرى
مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسىنىڭ تەكشۈرۈش پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى
ئېنىق ئىپادىلەپ بولغان ۋە پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇش بەكلا نورمالسىزـ
لىنىپ كەتكەن ئەھۋال ئاستىدا ، « خائىن ، ساتقۇن ، ئىشچىلار ئاسىيسى
ليۇ شاۋچىنىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى » نى خاتا
ھالدا تەستىقلىدى ھەمدە « ليۇ شاۋچىنى مەڭگۈ پارتىيىدىن چىقىرىش ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىدىن ئېلىپ تاشلاش ھەمدە لىيۇ شاۋچى ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىنىڭ پارتىيە، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش جىنايىتىدىن داۋاملىق ھېساب ئېلىش » توغرىسىدا قارار ماقۇللىدى. مۇزاكىرىدە بەزى پېشقەدەم يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ گۇمانىنى ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بېسىم ئاستىدا ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرالمىدى. پەقەت مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى چېن شاۋمېي ئاۋاز بەرگەندە قول كۆتۈرمىدى. يۇقىرىدا ئېيتىلغان تەكشۈرۈش دوكلاتى ۋە قوشۇمچە ماتېرىياللار نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا مەركىزىي كومىتېتنىڭ ھۆججىتى بولۇپ پۈتۈن پارتىيىگە تارقىتىلدى ۋە ئاممىغا ئاغزاكى يەتكۈزۈلدى. مانا بۇ دۆلىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ ئۇۋال ئەنزە ئىدى. ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ 1980 ـ يىلى سېنتەبىردىن بۇرۇنقى ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا، پەقەت لىيۇ شاۋچى ئەنزىسىگە چېتىشلىق بولۇپ، ئەكسىلئىنقىلابچى قىلىپ كېسىلگەن ئەنزىلا 26 مىڭغا يەتكەن، ئادىمى 28 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. مۇشۇ سەۋەبتىن ھەرخىل ئوخشىمىغان قاتلاملاردا پەيدا قىلىنغان، كۆرەش قىلىنغان ئادەمنىڭ سانىنى ئالماق تەس، لىيۇ شاۋچى 1969 ـ يىلى 17 ـ ئۆكتەبىردە كەيفېڭ شەھىرىگە يالاپ ئاپىرىلىپ، 12 ـ دېكابىردا شۇ ئۇۋالچىلىقتا ھەسرەت چېكىپ كېسەل بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەن.

ئومۇمىي يىغىن « 9 ـ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش توغرىسىدىكى قارار » نى ماقۇللاپ، ۋەكىللەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش پرىنسىپىنى « دېموكراتىك كېڭىشىش، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش » دەپ بېكىتتى. بۇ، ئەنئەنە بولۇپ كېتىۋاتقان دېموكراتىك سايلاش پرىنسىپىنى چەتكە قايرىپ قويۇپ، ۋەكىللەرنى بەلگىلەش ئۇسۇلىنى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا ئاساس يارىتىپ بەردى. ئومۇمىي يىغىن يەنە « ‹ جۇڭگو كومپارتىيىسى نىزامنامىسى ( لايىھە ) › توغرىسىدىكى قارار » نى ماقۇللىدى. ئومۇمىي يىغىن ماقۇللىغان ئاخباراتتا: « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ بوران ـ چاپقۇنلىرىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىدىيىدە، سىياسىي جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە پارتىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىشقا تولۇق شەرت ـ شارائىت ھازىرلاند-

دى . ئومۇمىي يىغىن مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا جۇڭگو كومپارتىيىسى 9 - نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى قارار قىلدى » دېيىلگەنىدى .

**ئاتالمىش « ئالتە قارار نەزەرىيە » نى پىپەن قىلىش**

8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 - ئومۇمىي يىغىنى « لىۇ شاۋچى مەسىلىسى » نى تەشكىلىي جەھەتتىن ھەل قىلىپ ھەممە ئومۇمىي يىغىن ئاخباراتىدا پۈتۈن جاھانغا ئېلان قىلغانلىقى ئۈچۈن ، گېزىت - ژۇرناللاردا ئەمدى بۇرۇن ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان ياپتارما « جۇڭگونىڭ خرۇششېفى » دېگەن سۆزنى ئىشلەتمەي ، ئوچۇقلا ئىسمىنى ئاتايدىغان بولدى . يىغىندىن كېيىن ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا « لىۇ شاۋچى قاتارلىق پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ بىر ئۇچۇم كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي شىۋجىڭجۇيى ئىدىيىسىنى تازىلاش » « چوڭ پىپەنى » ئېلىپ بېرىلدى . مەقسىتى لىۇ شاۋچى ئۈستىدىن كەڭ كۆلەمدە ، ئوچۇق - ئاشكارا ، ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ پىپەن قىلىش ئارقىلىق ، « لىۇ شاۋچى ۋە ئۇنىڭ گۇماشتىلىرى » نى سېسىتىش ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ بىر يۈرۈش « سول » چىل خاتا ئىدىيىسىنى تېخىمۇ كەڭ دائىرىدە تەرغىب قىلىش ئىدى .

ئومۇمىي يىغىن ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدىلا « خەلق گېزىتى » 1968 - يىلى 16 - ئۆكتەبىردە « قىزىل بايراق » ژۇرنىلىنىڭ باش ماقالىسى « پرولېتارىياتنىڭ يېڭى قانلىرىنى قوبۇل قىلايلى » نى كۆچۈرۈپ بېسىپ ، ئاتالمىش لىۇ شاۋچى يۈرگۈزگەن « ئالتە نەزەرىيە » ( ئاتالمىش « سىنىپىي كۈرەش يوقالدى نەزەرىيىسى » « ئىتائەتمەن قورال بولۇش نەزەرىيىسى » ، « ئامما قالاق نەزەرىيىسى » ، « پارتىيىگە كىرىپ ئەمەلدار بولۇش نەزەرىيىسى » ، « پارتىيىنىڭ تىنچلىقى نەزەرىيىسى » ، « ئومۇم بىلەن شەخسىينى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش نەزەرىيىسى » ) نى پىپەن قىلىشقا چاقىرىق قىلدى . بۇ « ئىنقىلابىي پىپەن » نىڭ نۇرغۇن ماقالىلىرى لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ تەشكىللىشى ، كۆرسەتمە بېرىشىدە يېزىلغانىدى . ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ماقا-

لىلەردە ئۇيەر ـ بۇ يەردىن ئۈزۈپ نەقىل كەلتۈرۈلگەن ، خالىغانچە كېـ
گەيتىلگەن ، پـاكـىـستـلار ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ، تارىخ بۇرمىلانغان ،
« سول » چىل ئىدىيە توغرا ئىدىيىنى پىيەن قىلغانىدى .

ئۇلارنىڭ « سىنىپىي كۈرەش يوقالدى نەزەرىيىسى » نى پىپەن قىلىشى ، ئەمەلىيەتتە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتەك خاتا كۆزقاراش بىلەن ماركسىزمنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان خۇسۇسىي مۇلۇكچىلىك جەھەتتىكى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشنى تاماملىغاندىن كېيىن ، ئېكسپىلاتاتسىيە سىنىپى سىنىپ سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ، سىنىپىي كۈرەش ئەمدى جەمئىيەت سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى بولالمايدۇ ، دېگەن توغرا هۆكۈمنى پىپەن قىلىش ئىدى . هالبۇكى ، بۇ هۆكۈملەر جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيىدا مۇقىملاشتۇرۇلغان ، بۇ لىيۇ شاۋچىنىڭ يالغۇز ئىجادىيىتى بولماستىن ، بەلكى ماۋ زېدۇڭنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەركىزىي كومىتېتتىكى نۇرغۇن رەھبىرىي يولداشلار بۇ ھەقتە سۆزلىگەنىدى .

ئاتـالمىش « ئىتائەتمەن قورال بولۇش نەزەرىيىسى » لىيۇ شاۋچىنىڭ بىر قېتىملىق سۆزىگە قارىتىلغانىدى . پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىنىڭ ئىتائەتمەن قورالى بولۇشى كېرەك دېگەن سۆز ئىلمىيمۇ ۋە توغرىمۇ دېگەن مەسىلىنى يەنە مۇهاكىمە قىلسا بولىدىغان بولسىمۇ ، لېكىن شۇ چاغدا ئەمەلىيەتتە ، پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئىنكار قىلىدىغان هۆكۈمەتسىزلىك كۆزقارىشى ۋە « ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق » دېگەن بىر تەرەپلىمىلىك شوئار بىلەن ، پارتىيە رەھبەرلىكىگە بويسۇنمىدىغان ، پارتىيە سىياسىتىنى ئىجرا قىلمىدىغان ، پارتىيە ئىنتىزامىغا رىئايە قىلمىدىغان ، پارتىيىنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇپ ، پارتىيە ئۈچۈن سەمىمىي ئىشلەيدىغان پارتىيە پرىنسىپىنى پىپەن قىلدى ، يەنە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تەشكىلچانلىقى ۋە ئىـنـتىزامچانلىقىنى كۈچەيتىدىغان توغرا فاكچىنىمۇ پىپەن قىلدى .

ئاتالمىش « ئاما قالاق نەزەرىيىسى » لىيۇ شاۋچىنىڭ ئۆز سۆزى

بولماستىن ، بەلكى بەزى سۆزلەرنىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدىن ئۈزۈپ ئېلىـ
ۋېلىپ ، ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەنىدى . ھالبۇ-
كى ، شۇ چاغدا « ئاممىۋى ھەرىكەت شەرتسىز توغرا بولىدۇ » ، « ئاما
ئۆز ـ ئۆزىنى ئازاد قىلىدۇ ، ئۆزى ئۆزىنى تەربىيىلەيدۇ » دېگەندەك نە-
زەرىيىلەر ئارقىلىق ، ئاممىۋى خىزمەتتە پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەي-
تىش ، ئىدىيىۋى تەربىيىنى چىڭ تۇتۇش ، ئاممىنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆس-
تۈرۈش دېگەندەك توغرا پرىنسىپ ۋە ئۇتۇقلۇق تەجرىبىلەرنى پىپەن
قىلدى .

ئۇلار پىپەن قىلغان ئاتالمىش « پارتىيىگە كىرىپ ئەمەلدار بولۇش
نەزەرىيىسى » پۈتۈنلەي بۇرمىلانغان ، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان نەرسە بو-
لۇپ ، ليۇ شاۋچى ئەزەلدىن ئۇنداق گەپ قىلىپ باقمىغان . ئەمەلىيەتتە
ئۇلار بۇنىڭ بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى خۇنۇكلەشتۈردى ، پارتىيە-
نىڭ ئاكتىپلىرىغا زەربە بېرىپ ، پارتىيىنىڭ خاراكتېرىنى بۇرمىلىدى .

ئۇلارنىڭ « پارتىيە تىنچلىقى نەزەرىيىسى » نى پىپەن قىلىشى ،
لىيۇ شاۋچى يەكۈنلىگەن پارتىيە ئىچىدىكى كۈرەشكە توغرا مۇئامىلە قى-
لىش تەجرىبىلىرىگە « سول » چىللىقتىن چىقىپ قىلىنغان خاتا پىپەن-
دۇر . ئەمەلىيەتتە ، ئۇلار رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش قىلىش ، شەپقەت-
سىزلىك بىلەن زەربە بېرىشتەك كۈرەش قىلىش پەلسەپىسى بىلەن ،
ماركسىزمنىڭ ھەم پارتىيە ئىچىدە ئاكتىپ ئىدىيىۋى كۈرەشنى تەشەب-
بۇس قىلىش ، ھەم پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش ئاساسىدا زۆرۈر بولغان
تىنچلىق ۋە يول قويۇشنى ئېتىراپ قىلىپ ، پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى
قوغدايدىغان توغرا پوزىتسىيە ۋە پارتىيە ئىچىدىكى بارلىق ئىختىلاپلارنىڭ
ھەممىسىنى ئىككى سىنىپ ، ئىككى لۇشيەن كۈرىشىگە يىغىنچاقلاپ قوي-
ماسلىق توغرىسىدىكى توغرا كۆز قاراشنى پىپەن قىلدى .

ئۇلار پىپەن قىلغان « ئومۇم بىلەن شەخسنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش
نەزەرىيىسى » ئەمەلىيەتتە ئاتالمىش لىپ قىلىپ كۆتۈرۈلگەن « شەخس-
يەتچىلىك » نى قاتتىق پىپەن قىلىش ، « ئۆز روھىي دۇنياسىدا ئىنقىلاب
قىلىش » دېگەندەك قۇرۇق شوئارلار ۋە شەخسىيلەرنىڭ ماددىي مەنپەئە-

تىنى ئىنكار قىلىدىغان چېكىدىن ئاشقان سولچىل كۆزقاراش بىلەن، ليۇ شاۋچى توغرا شەرھلىگەن ماركسىزمنىڭ شەخسىي مەنپەئەت بىلەن كوللېكتىپ مەنپەئەتنىڭ بىرلىكى توغرىسىدىكى پرىنسىپلارنى پىپەن قىلىش بولدى.

ھەق ـ ناھەقنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بۇنداق «ئىنقىلابىي پىپەن»، ماركسىزمنىڭ تۈپ قانۇنلىرى ۋە سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىنى بۇرمىلاپ، پارتىيىنىڭ بىر يۈرۈش توغرا فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيە رەھبەرلىكىدە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەرنى يوققا چىقاردى، پارتىيىنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى ۋە ئىستىلىنى بۇزدى، سىياسىي، نەزەرىيە، ئىدىيە جەھەتتە زور قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## ئىزاھاتلار

① بەش تۈرلۈك شەرت: (1) ئىشچىلار باش شتابى قانۇنلۇق ئىنقىلابىي ئامما تەشكىلاتى؛ (2) 9 ـ نويابىردىكى يىغىن ۋە ئىشچىلارنىڭ بېيجىڭغا ئەرز قىلىشقا مېڭىشى ئىنقىلابىي ھەرىكەت؛ (3) ئەنتىڭ ۋەقەسىنىڭ ئاقىۋىتىگە پارتىيە شەرقىي جۇڭگو بيۇروسى ۋە شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم مەسئۇل؛ (4) ساۋ خوچيۇ ئامما ئالدىدا ئۆزىنى ئاشكارا تەكشۈرۈشى كېرەك؛ (5) ئىشچىلار باش شتابىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى پائالىيىتىگە ھەر جەھەتتىن قولايلىق يارىتىپ بېرىلىشى كېرەك.

② بۇ ۋەقە شاڭخەيدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىنقىلابىي كومىتېتى شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان 〈ئازادلىق گېزىتى〉 نى پىپەن قىلىشتىن باشلانغان. ئۇ تەشكىلاتنىڭ «قىزىل قوغدىغۇچىلار جەڭ گېزىتى» دە «〈ئازادلىق گېزىتى〉 شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشتىكى سادىق قورالى» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، بۇ كىچىك گېزىتنى «ئازادلىق گېزىتى» بىلەن بىر ۋاقىتتا تارقىتىپ، «زەھەرنى يۇيۇش» نى تەلەپ قىلدى. بۇ تەلەپ رەت قىلىنغاندىن كېيىن، 1966 ـ يىل 1 ـ دېكابىردا نەچچە مىڭ قىزىل قوغدىغۇچى ئازادلىق گېزىتى ئىدارىسىگە كىرىپ ئورۇنلاشتى، نەتىجىدە گېزىت-

نىڭ نورمال چىقىشىغا تەسىر يەتتى . بۇ ھەرىكەت شاڭخەي ئىشچىلار تەشكىلاتى « قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت » نىڭ قارشى تۇرۇشىغا ، ئىشچىلار باش شتابىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى . بۇ كۈرەش سەككىز كېچە - كۈندۈز داۋاملىشىپ ، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكوم قىزىل قوغدىغۇچىلار ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىش بىلەن ئاخىرلاشتى .

③ 1966 - يىلى 23 - دېكابىردا قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت پىپەن يىغىنى ئېچىپ ، شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ساۋ خوچيۇنى ئۆزلىرىنىڭ تەلىپىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇرلىدى . 25 - دېكابىردا ، ئىشچىلار باش شتابى شەھەرلىك كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىنى پىپەن قىلىش يىغىنى ئېچىپ ، ساۋخوچيۇنى قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەتنىڭ تەلىپىنى ئېتىراپ قىلغانلىقنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلىدى ھەمدە قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەتنى « خانپەرەس تەشكىلات » دەپ جاكارلاپ ، زىددىيەتنى بارغانچە كەسكىنلەشتۈرۈۋەتتى . 28 - دېكابىر كەچتە ، قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت ئون مىڭدەك ئادەمنى تەشكىللەپ ، كاڭپىڭلو كوچىسىدىكى ساۋ خوچيۇنىڭ تۇرالغۇسىنى قورشىۋېلىپ ، ئۇنىڭدىن ھېساب ئالماقچى بولدى . بېيجىڭدىكى جاڭ چۇنچياۋ بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن ، شاڭخەيدىكى خوتۇنىغا تېلېفون بېرىپ ، ئىشچىلار باش شتابىغا ئۆزىنىڭ گېپىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى ئېيتقان . ئۇ : « قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت ساۋ خوچيۇ ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپتۇ ، شاڭخەيدىكى ئىسيانچىلار نېمىشقا قاراپ تۇرىدۇ ؟ شاڭخەيدىكى ئىسيانچىلار بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلاپ قويسا بولىدۇ . ئەگەر ساۋ خوچيۇ تەسلىم بولسا . . . شاپتۇلنى قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت ئۈزۈپ كېتىدۇ . ئىشچىلار ئىسيانچىلىرىغا ئامال قىلىپ ئېيتىپ قوي ، دەرھال ئادەم توپلاپ ، كاڭپىڭلۇغا بېرىپ ، قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەتكە سىياسىي ھۇجۇم قىلسۇن » دېگەن . ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىقلار جاڭ چۇنچياۋنىڭ يوليورۇقى بويىچە ، ئادەم توپلىغان . 29 - دېكابىر كېچىگە ئىشچىلار باش شتابى كاڭپىڭلۇغا توپلىغان ئادىمى 100 مىڭغا يەتكەن . ئۇلار قورشىۋالغان قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەتنىڭ ئادەملىرى 30 مىڭغا يەتمەيتتى . دەل شۇ چاغدا ، جاڭ چۇنچياۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن جاڭ چۇنچياۋنىڭ خوتۇنى ، قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت مېنىڭ ئۆيۈمنى ئاختۇردى ، بۇ « مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىغا قارشى تۇرغانلىق » دېگەن بەتنامىنى ئويدۇرۇپ چىقاردى . 30 - دېكابىر تاڭ سەھەر سائەت ئىككىدە ، ئىشچىلار باش شتابى ئومۇمىي ھۇجۇم باشلاپ ، 91 ئادەمنى ئۇرۇپ يارىلاندۇردى . سائەت يەتتە بولغاندا ، قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەت تەشكىلەرنىڭ ھەممىسى تەسلىم بولدى . ئىشچىلار باش شتابى پۈرسەتنى چىڭ

www.uyghurkitap.com

تۇتۇپ، پۈتۈن شەھەر بويىچە قىزىل قوغدىغۇچى ئەترەتنىڭ بارلىق تەشكىلاتلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزىنىڭ قارشى تەرىپىدىكىلەرنى يوقاتتى. بۇ پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ كۆلەملىك ئەلەم كۆرۈشنىڭ باشلىنىشى ئىدى.

④ شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى دېگەن ئىسىمنى جاڭ چۈنچياۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان. لېكىن، ماۋ زېدۇڭنىڭ باشقىچە خىيالى بار ئىدى. 12 - فېۋرالدا ئۇ جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەننى بېيجىڭغا چاقىرىپ سۆھبەتلەشكەندە، ئۇ ئىسىمنى شاڭخەي ئىنقىلابىي كومىتېتىغا ئۆزگەرتىشكە تەكلىپ بەردى. 24 - فېۋرال شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى يىغىن ئېچىپ، شاڭخەي شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتقا ئۆزگەرتىشنى ماقۇللىدى. كوممۇنا دېگەن ئىسىم 20 كۈنلا ساقلاندى.

⑤ « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » 1967 - يىل 6 - فېۋرالدىكى « ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك ئىنقىلابىي ئىجادىيەت — شاڭخەي خەلق كوممۇنىسى قۇرۇلغانلىقىنى تەنتەنە قىلايلى » دېگەن باش ماقالىسى.

⑥ 1926 - يىل 18 - مارتتا شىمالىي مىلىتارىستلارغا ياپون ھەربىي پاراخوتلىرى ياردەم بەرگەنلىكىگە قارشى 2000 كىشىدىن ئارتۇق ئادەم قاتناشقان نامايىش بولغان. شۇ چاغدا، قانلىق باستۇرۇشقا ئۇچراپ 47 ئادەم ئۆلگەن، 155 ئادەم ئېغىر يارىدار بولغان. ئۇ شۇ چاغدا « 18 - مارت قانلىق ۋەقەسى » دەپ ئاتالغان. چېن يىنىڭ « 18 - مارت ئەڭ زۇلمەتلىك كۈن » دېگىنى تارىختىكى شۇ ۋەقەگىمۇ قارىتىلغان، ئۆزلىرى كۈرەش قىلىنغان كۈنگىمۇ قارىتىلغان.

⑦ 1935 - يىلى ئىيۇننىڭ باشلىرىدا، گومىنداڭنىڭ بېيپىڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي ئىشلار ئەمەلدارى خې يىڭچىن بىلەن شىمالىي جۇڭگو ياپونىيە ئارمىيىسىنىڭ قوماندانى مېي جىنمېيجىلاڭ ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشىم، ئۇنىڭدا گومىنداڭ مەركىزىي ئارمىيىسى بېيپىڭ، تيەنجىن ۋە خېبېي ئۆلكىسىدىن چېكىنىپ چىقىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن.

⑧ لېنىننىڭ ئەسلىدىكى سۆزى: « بۇرژۇئازىيىنىڭ قارشىلىقى، ئۆزى ئاغدۇرۇپ تاشلانغانلىقى ئۈچۈن ( بىر دۆلەتتە بولسىمۇ ) ئون ھەسسە كۈچلۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ كۈچلۈك بولۇشى خەلقئارا كاپىتال كۈچلىرىنىڭ بولغانلىقىدىنلا، ئۇنىڭ ھەر تۈرلۈك خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ مۇستەھكەم، كۈچلۈك بولغانلىقىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئادەت كۈچلىرىنىڭ، ئۇششاق ئىشلەپ چىقىرىش كۈچلىرىنىڭ بولغانلىقىدىن. چۈنكى، ئەپسۇسلىنارلىقى ھازىر دۇنيادا يەنە ناھايىتى نۇرغۇن ناھايىتى نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلەپ چىقارغۇچىلار بار، ئۇششاق ئىشلەپ چىقارغۇچىلار دائىم، ھەر كۈنى ھەر سائەت ئىستىخىيىلىك ھالدا ۋە تۈركۈملەپ

كاپىتالىزمنى ۋە بۇرژۇئازىيىنى پەيدا قىلىدۇ . مۇشۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ( پىرولېتارىيات دىكتاتورىسى زۆرۈر ) ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ، قەيسەرلىك بىلەن ، ھايات ـ ماماتلىق كۈرەش قىلماي تۇرۇپ ، يەنى ھارماي ـ تالماي ، ئىنتىزامچانلىق بىلەن ، قەتئىي تەۋرەنمەي ۋە ئىرادە بىرلىككە كېلىپ كۈرەش قىلماي تۇرۇپ ، بۇرژۇئازىيىنى يەڭگىلى بولمايدۇ » . ليۇ شاۋچى بۇ سۆزنى نەقىل كەلتۈرگەندە تىرناق ئىچىدىكى سۆزنى قىسقارتىپ ئالغان .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## تۆتىنچى باب

# « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان تىرىشچانلىق ۋە لىن بياۋ ۋەقەسى

ماۋ زېدۇڭ 1968 ـ يىلى 13 ـ ئۆكتەبىردىكى پارتىيە 8 ـ نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇرا-
سىمىدا : ھازىر ھەممەيلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئاخىرغىچە
ئېلىپ بارايلى ، دەۋاتىدۇ ، ئاخىرغىچە دېگەن زادى نېمە ؟ دەپ بولۇپ ،
تەخمىنەن ئۈچ يىل كېتەر ، كېلەر يىلى يازدا بىر تەرەپ بولۇشى مۇم-
كىن ، دەپ جاۋاب بەرگەنىدى . بۇ ، ئىسيانچىلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھو-
قۇق تارتىۋېلىشى ھەل قىلغۇچ غەلىبىگە ئېرىشكەن ئالدىنقى شەرت ئاس-
تىدا ، ماۋ زېدۇڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قانداق تاماملاش مە-
سىلىسىنى ئويلاۋاتىدۇ ،دېگەنلىك ئىدى . پارتىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك قۇ-
رۇلتىيىنى ئېچىش ، ماۋ زېدۇڭنىڭ كۆز قارىشىچە ، پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي
تەشكىلى شەكلىنىڭ نوپۇزىنى جارى قىلدۇرۇش ، پارتىيىنىڭ ھەر دە-
رىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى باشقىدىن قۇرۇپ ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە
ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلىنىڭ كۈچىنى جارى قىلدۇرۇش ، « مە-
دەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇ-
رۇش ئاساسىدا ، تېخىمۇ زور يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى ئەڭ
مۇۋاپىق تەدبىر ئىدى . پارتىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيى مانا مۇ-
شۇنداق ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېچىلغان . لېكىن ،« دەرەخ جىم
تۇراي دېسە ، شامال جىم تۇرغۇزماپتۇ » دېگەندەك ، « مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى » نىڭ خاتا ئوتى لاۋۇلداپ يېنىپ كەتكەچكە ، ئۇنى ئۆچۈرۈش ئانچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى . بولۇپمۇ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ ، زور ھوقۇقلارغا ئېرىشۋالغان لىن بياۋ ۋە جياڭ چىڭنىڭ پارتىيىگە قارشى ئىككى سۇيىقەستچى گۇرۇھى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇشۇ يەردە تاماملىنىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى . شۇڭا ، يېڭى ۋەزىيەتتە ، يېڭى بىر مەيدان كۈرەش پەيدا بولدى .

## 1 . « ئىسيانچىلار » غەلبە قىلغان پارتىيە 9 ـ قۇرۇلتىيى

### 9 ـ قۇرۇلتايدىن بۇرۇنقى ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت

ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ، قالايمىقانلىشىپ كەتكەن ۋەزىيەتنى سەل ـ پەل پەسكويغا چۈشۈرۈپ ، بىرقەدەر مۇقىم بولغان شارائىتنى ياراتتى . پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەشكىلىي جەھەتتىكى تەييارلىقنى ئىشلىدى ؛ ئومۇمىي يىغىندىن كېيىن ، ھەرقايسى جايلار پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەرنى كېڭىشىش ئۇسۇلى بىلەن بېكىتىپ چىقتى . شۇنىڭ بىلەن ، 9 ـ قۇرۇلتاينى ئېچىشنىڭ شەرت ـ شارائىتى ئاساسىي جەھەتتىن تەييارلانغان بولدى .

پارتىيە 9 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلىشتىن بۇرۇنقى خەلقئارا ۋەزىيەت يەنىلا خېلى جىددىي ئىدى . 1965 ـ يىلدىن باشلاپ ئامېرىكا ۋيېتنامنىڭ جەنۇبىدا ئەسكەر كۆپەيتتى ، شىمالنى قايتا ـ قايتا بومباردىمان قىلىپ ، ئۇرۇش ئوتى جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسىغىچە تۇتاشتى . گەرچە ۋيېتنام ئارمىيە ـ خەلقىنىڭ 1968 ـ يىلى ئەتىيازلىق غەلىبىسى ئامېرىكا زۇڭتۇڭى جونسوننى تىنچلىق سۆھبىتى ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلىغان ھەمدە 1969 ـ يىلى يانۋاردىن باشلاپ ئىككى دۆلەت تۆت تەرەپ ( ئامېرىكا ، ۋيېتنام دېموكراتىك جۇمھۇرىيىتى ، ۋيېتنام جەنۇبىي مىللىي ئازادلىق فرونتى ، ۋيېتنام جۇمھۇرىيىتى شىگۇڭ ) پارىژدا تىنچلىق سۆھبىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزمەكچى بولغاچقا ، شارائىت سەل ياخشىلانغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇرۇش ئوتى توختىمىغانىدى ، ۋېتنامنىڭ جەنۇبىدىكى ئامېرىكا ئارمىيىسى يەنىلا 540 مىڭدىن كۆپ بولۇپ ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە 60 مىڭ ياردەمچى قوشۇن ، بىر مىليوندەك ۋېتنام قورچاق ئارمىيىسى بار ئىدى . شۇڭا ، جۇڭگونىڭ جەنۇبىي دەرۋازىسى تىنچ ئەمەس ئىدى .

شىمالدا ، جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋىتىمۇ جىددىي ھالەتتە ئىدى . ئىككى دۆلەتنىڭ چېگرا مۇداپىئە قىسىملىرىنىڭ قارىمۇقارشىلىقى ، چېگرا توقۇنۇشى ھەتتا قانلىق ۋەقەلەر دائىم بولۇپ تۇرۇۋاتاتتى . ئېلىمىزنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىچە ، 1964 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىردىن 1969 ـ يىلى 15 ـ مارتقىچە بولغان 53 ئايدا ، جۇڭگو سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىدا بولغان ھەرخىل ۋەقەلەر 4189 قېتىمغا يەتكەن . بولۇپمۇ ، پارتىيىنىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلىش ھارپىسىدا ، 1969 ـ يىلى مارتتا جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسىنىڭ شەرق قىسمىدىكى خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ جېنباۋداۋ ئارىلىدا ، كەينى ـ كەينىدىن مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ قوراللىق توقۇنۇشى بولۇپ ، زەمبىرەك ، تانكىلارنى ئىشلەتكەن ئېغىر قانلىق ۋەقە يۈز بەردى . بۇ جۇڭگو ـ سوۋېت ئىتتىپاقى مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن بۇيان زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى . ئېلىمىزنىڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى كەينى ـ كەينىدىن ئۈچ قېتىم سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىگە قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى . جېنباۋداۋ ئارىلى ۋەقەسى ئېلىمىز پارتىيە ، ھۆكۈمەت يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرىنىڭ جىددىي دىققەت قىلىشى ۋە ھوشيارلىقىنى قوزغاپلا قالماي ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىغىمۇ زور روھىي تەسىر كۆرسەتتى .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان ۋەقەلەر پارتىيىمىزدىكى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ بولۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ، دەيدىغان كۆز قاراشنى ھەممە خەلقئارا ۋەزىيەتكە بولغان « سول » چىل مۆلچەرنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى . 15 ـ مارتتا ، ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ باش قوشۇش يىغىنىدا ، ئاساسلىقى ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش مەسىلىسى ئۈستىدە سۆزلىدى . ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش ، 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ

ئاساسىي مەزمۇنى بولۇپلا قالماي ، بەلكى يېتەكچى فاكچېن دەپ بېكىتىلىپ ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى خىزمەتلىرىگە زور تەسىر كۆرسەتتى . مەسىلەن ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا باشلانغان مەملىكەت خاراكتېرلىك لەخمىنى چوڭقۇر كولاش ( ھاۋا مۇداپىئە ئۆڭكۈرى ۋە ھاۋا مۇداپىئە ئاكوپى كولاش ) ، خەلق مۇداپىئە قۇرۇلۇشىنى ئېلىپ بېرىش ، نۇرغۇن چوڭ ، ئوتتۇرا شەھەرلەردىكى ئاھالىلەرنى تارقاقلاشتۇرۇش ، كۆپلىگەن مەبلەغنى ئۈچ سەپ قۇرۇلۇشىغا سەرپ قىلىشتەك ئىشلار ئادەم كۈچى ، ماددىي كۈچنى زور دەرىجىدە ئىسراپ قىلىۋەتتى ، مانا بۇلارنى ئۇرۇش قاش ـ كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى ، دېگەن خاتا مۆلچەر كەلتۈرۈپ چىقاردى .

**9 ـ قۇرۇلتاينىڭ نورمال بولمىغان ۋەكىللەر قۇرۇلمىسى**

1969 ـ يىلى 1 ـ ئاپرېلدىن 24 ـ ئاپرېلغىچە ، جۇڭگو كومپارتىيىسى بېيجىڭدا 9 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىنى ئاچتى . قۇرۇلتايغا 1512 نەپەر ۋەكىل ، 22 مىليون پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن قاتناشتى .

ئۇ چاغدا ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلارنىڭ پارتكوملىرى تېخى قۇرۇلمىغان ، كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى تەشكىلىي تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۈرمىگەنىدى . قۇرۇلتايغا قاتنىشىدىغان ۋەكىللەر ئاتالمىش « تولۇق دېموكراتىك كېڭىشىش ، يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش » پرىنسىپى بويىچە ، « ئاممىنىڭ پىكرى » نى ئاڭلىغاندىن كېيىن « سايلاپ » چىقىلغانىدى . ئۇ چاغدىكى ئاتالمىش مەركەزلەشتۈرۈش دېگىنى مەركەزنى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىغا ، يەرلىكتە ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارغا مەركەزلەشتۈرۈش ئىدى . ئاتالمىش ئاممىنىڭ پىكرى دېگىنى ئاساسلىقى ھەرقايسى ئىسيانچىلار تەشكىلاتلىرىنىڭ پىكرىنى ئاڭلاش ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ يېقىنلىرىنى مەقسەتلىك ھالدا مۇناسىۋەتلىك جايلار ۋە ئورۇنلاردىن نامزات قىلىپ كۆرسىتىشنى بېكىتكەن ، بۇنداق « سايلاپ » چىقىلغان 9 ـ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەبىـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ىنى ھالدا ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ مەسئۇللىرى ، « ئىسيانچىلار » نىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە سولچىلارنى قوللىغان ئازادلىق ئارمىيە ۋەكىللىرى بولاتتى . پـارتـىـيىنىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيى تەشكىلىي تەركىب جەھەتتە بىر قېتىم « ئىسيانچىلار » ئۇستۇنلۈكنى ئىگىلىگەن قۇرۇلتاي بولدى . بەزى « ئىسيانچىلار » كاتتىۋاشلىرى پارتىيە ئەزاسى بولمىسا زەربىدارلىق بىلەن پارتىيىگە كىرگۈزدى . بۇ ۋەكىللەر ئىچىدە 9 ـ قۇرۇلتاي ۋەكىلى دەپ بېكىتىلگەندىن كېيىن ، پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىگەنلەر ، بېيجىڭغا كېتىۋاتقان پويىزدا زەربىدارلىق بىلەن پارتىيىگە كىرگەنلەر ، ھەتتا ھېچقانداق پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى ئۆتىمەي تۇرۇپ قۇرۇلتاي ۋەكىلى بولغانلار بار ئىدى . مانا بۇ 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلىي جەھەتتە ساپ ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ .

قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى ئۈچ ئىدى ، يەنى لىن بياۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سىياسىي دوكلات بېرىش ؛ پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش ؛ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى سايلاپ چىقىش .

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش ئۇسۇلىمۇ 8 ـ قۇرۇلتاينىڭكىگە ئوخشاش ئەمەس ئىدى . قۇرۇلتاينىڭ ۋاقتى ئالدىن ئېلان قىلىنمىدى ، چەت ئەل ۋەكىللىرى تەكلىپ قىلىنمىدى ، مۇخبىرلارنىمۇ زىيارەت قىلىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى . ۋەكىللەر بېيجىڭغا كەلگەندىن كېيىن سىرتقا چىقىشقا ، تېلېفون ئۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنمىدى . ۋەكىللەر يىغىن مەيدانىغا مەخپىي كىردى . قۇرۇلتاينىڭ ئاخباراتى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا ، پارتىيە ئەزالىرى ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى . بۇنداق قۇرۇلتاي ئېچىش ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھەرقايسى دۆلەت كومپارتىيىلىرىنىڭ تارىخىدا پەقەتلا كۆرۈلمىگەن ئىش ئىدى .

1 ـ ئاپرېل چۈشتىن كېيىن سائەت بەشتە 9 ـ قۇرۇلتاي ئېچىلدى ، ئېچىلىش مۇراسىمىغا ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە سۆز قىلدى . ئۇ پارتىيىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ھەرقايسى قۇرۇلتايلارنى

ئەسلەپ ئۆتۈپ ، « بىزنىڭ قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئوبدان ئېچىلىشىنى ، ئىتتىپاقلىق قۇرۇلتىيى ، غەلىبىلىك ئېچىلغان قۇرۇلتاي بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن » دېدى .

قۇرۇلتاي ئالدىدا ھەيئەت رىياستى ئىسىملىكىنى ماقۇللاپ ، قۇرۇلتاي رەئىسىنى سايلاپ چىقتى . بۇ چاغدا ئويلاپ كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان بىر كىچىككىنە ئىش بولۇپ ئۆتتى . ماۋ زېدۇڭ تويۇقسىزدىنلا : « مەن يولداش لىن بياۋنى قۇرۇلتاي رەئىسلىكىگە كۆرسىتىمەن » دېدى . لىن بياۋ شۇ ھامان ئالدىراپ ـ سالدىراپلا ئورنىدىن تۇرۇپ توۋلىدى : « ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى رەئىس بولسۇن » . ماۋ زېدۇڭ : « يولداش لىن بياۋ رەئىس بولسۇن ، مەن مۇئاۋىن رەئىس بولاي » دېدى . لىن بياۋ قولىنى سىلكىپ تۇرۇپ : « بولمايدۇ ، بولمايدۇ ، ماۋ جۇشى رەئىس بولسۇن ، قوشۇلىدىغانلار قول كۆتۈرۈڭلار » دېدى . زالدىكى ھەممەيلەن قول كۆتۈردى . ماۋ زېدۇڭ ھەممە ئادەمنىڭ قول كۆتۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ، رەئىس بولۇشقا قوشۇلدى ھەمدە لىن بياۋنى مۇئاۋىن رەئىسلىككە ، جۇ ئېنلەينى باش كاتىپلىققا كۆرسەتتى ، بۇنى يىغىن ماقۇللىدى . ئارقىدىن لىن بياۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سىياسىي دوكلات بەردى .

## « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئومۇميۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرگەن 9 ـ قۇرۇلتاي سىياسىي دوكلاتى

بۇ دوكلات « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » نى يادرو قىلىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىقى » ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ جەريانى » ئۈستىدە توختىلىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئاتالمىش نەتىجىلىرىنى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئومۇميۈزلۈك مۇئەييەنلەشتۈرۈش ئاساسىدا ، « كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىشنى ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىپ ، ئۈستقۇرۇلمىدىكى سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش » قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى .

سىياسىي دوكلاتتا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ تەييارلىقى »

ئۇستىدە توختالغاندا ، لېنىننىڭ ئۆتكۈنچى دەۋردىكى سىنىپىي كۈرەش توغرىسىدىكى بىرنەچچە سۆزىنىڭ ئۇيەر - بۇ يېرىنى ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرۈپ ، پۈتكۈل سوتسىيالىزم تارىخىي باسقۇچىدا باشتىن - ئاخىر سىنىپ ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش ، كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشىنىڭ خەتەرلىكى مەۋجۇت دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولدى . بۇنىڭ بىلەن ، كاپىتالىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى دەۋر بىلەن سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغان ھەمدە سوتسىيالىزمنىڭ ئاساسىي تۈزۈمى ئورنىتىلغان جەمئىيەت ، شۇنداقلا پۈتكۈل سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تارىخىي باسقۇچى ئوتتۇرىسىدىكى پرىنسىپلىق چەكنى ئارىلاشتۇرۇۋەتتى . ئەسلى قائىدە بويىچە بولغاندا لېنىن ئېيتقاندەك : « بىز ماركس ، ئېنگېلسلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن شۇنى ئېنىق بىلدۇقكى ، ئۇلار سىنىپ مەۋجۇت بولغان دەۋر بىلەن سىنىپ يوقالغان دەۋرنى ناھايىتى قاتتىق ئايرىغان » ھالدا ئىش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى . ئەمما 9 - قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي دوكلاتىدا ئۆتكۈنچى دەۋردىكى سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان تەلىماتنى شۇ پېتىچە سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە يۆتكەپ كېلىپ ، ئۇنى بىر - بىرىدىن كەسكىن سىياسىي ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىشنىڭ نەزەرىيە ئاساسى قىلىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ناھايىتى زۆرۈر ئىدى ، ناھايىتى ۋاقتىدا ئېلىپ بېرىلدى ، دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولدى . بۇنداق قىلىش مەيلى ئەمەلىيەتتە ۋە نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن ، پۈتۈنلەي خاتا ئىدى .

سىياسىي دوكلاتتا پارتىيە تارىخى بۇرمىلانغان ھالدا بايان قىلىنىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئۈچۈن تارىخىي ئاساس تاپماقچى بولدى . پارتىيە تارىخى پارتىيە جۇڭگو خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بارغان ھەمدە پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق مول مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەمما ، سىياسىي دوكلاتتا پۈتۈن پارتىيە تارىخىنى يىغىنچاقلاپلا « ماۋ جۇشىنىڭ ماركسىزم - لېنىنىزم لۇشيەنى پارتىيە ئىچىدىكى ئوڭ ۋە « سول » چىل ئاغمىچىلىق لۇشيەنى بىلەن كۈرەش قىلغان تارىخ » دېيىلدى . سىياسىي دوكلاتتا ليۇ شاۋچى « كا-

پىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ باش ۋەكىلى، ئۇنىڭ جۇڭگودا
كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان، جۇڭگونى جاھانگىرلىك، شىيۇ
جىڭجۇيىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىدىغان سىياسىي لۇشيەنى، يەنە ئۇنىڭ
ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي لۇشيەنى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تەشكى-
لىي لۇشيەنى بار» دەپ ھاقارەتلەندى ھەمدە «ليۇ شاۋچى قاتارلىقلار-
نىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستىنىڭ خەتەرلىكلىكىنى ماۋ جۇشى ئەڭ
بۇرۇن سېزىۋالغان» دەپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قوزغى-
لىشى «سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئىككى
سىنىپ، ئىككى يول، ئىككى لۇشيەنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كەسكىن
كۈرىشىنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى» دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولدى. پار-
تىيە تارىخىنى بۇنداق بىمەنىلەرچە ئۆزگەرتىپ، بۇرمىلاش ئەمەلىيەتنىڭ
سىنىقىدىن ھەرگىز ئۆتەلمەيتتى. كېيىن 1980 ـ يىلى مارتتا ئۆتكۈزۈل-
گەن پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى
تەنتەنىلىك ھالدا پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ليۇ شاۋچىنىڭ نامىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى قارار قىلدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ
قوزغىلىشى ۋە ئون يىل داۋام قىلىشىدىكى سەۋەبلەر توغرىسىدا
پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللى-
غان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتى-
مىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرى-
سىدىكى قارارى» دا ئاللىقاچان ئىلمىي يەكۈن چىقاردى.

9 ـ قۇرۇلتاي سىياسىي دوكلاتىدا سوتسىيالىزم باسقۇچىدىكى
ئەڭ تۈپكى ۋەزىپە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ئىكەنلىكى-
دىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە پەرۋا قىلماي، خەلقنىڭ شۇ چاغ-
دىكى ئىقتىسادىي تۇرمۇشى قىيىن، سىياسىي تۇرمۇشى تىنچسىز بو-
لۇۋاتقانلىقىغا قارىماي، «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىشنى
ئەستايىدىل ئېلىپ بېرىش كېرەك» دېگەننى پۈتۈن پارتىيىنىڭ مەركى-
زىي ۋەزىپىسى قىلىپ بېكىتتى ھەمدە «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى جانلىق
ئۆگىنىپ، جانلىق ئىشلىتىشنى ھەرقايسى خىزمەتلەرنىڭ ئەڭ ئۈستىگە

www.uyghurkitap.com

قويۇش » نى تەلەپ قىلدى . دوكلاتتا ، « ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچە-
قىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش » مەسىلىسى ئۈستىدە ناھايىتى ئاز سۆزلەپ ،
يەنە شۇنىڭدىمۇ سىياسىنى گەۋدىلەندۈرۈشنى تەكىتلىگەنىدى . دوكلات-
تا ، « سىياسەت ئىقتىسادنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى ، ئۈستقۇرۇلمىدىكى
ئىنقىلابنى قىلماي ، كەڭ ئىشچى ـ دېھقان ئاممىسىنى قوزغىماي ، شىۋ
جېڭجۇيى لۇشيەنىنى پىپەن قىلماي ، بىر ئۇچۇم خائىن ، ئىشپىيون ،
كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ، ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى پاش قىل-
ماي ، پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىمەي تۇرۇپ ،
قانداقمۇ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي ئاساسنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگىلى ،
سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرغىلى
بولسۇن ؟ » دېيىلگەنىدى . دوكلاتتا مۇشۇنداق چېكىدىن ئاشقان سول-
چىل خاتا قۇرۇق گەپتىن باشقا ھېچقانداق يېرىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچ-
لىرىنى قانداق تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيە
پىلانىنى ۋە فاڭجېنىنى قانداق بېكىتىش توغرىسىدا گەپ يوق ئىدى .
پارتىيە سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا
قانداق رەھبەرلىك قىلىشى ھەم تەشكىللىشى توغرىسىدىمۇ بىرەر ئېغىز
سۆز يوق ئىدى . پەقەت ئاتالمىش ئىنقىلاب تۇتۇلسىلا ، ئىشلەپچىقىرىش
ئۆزلۈكىدىن ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ، ئىقتىسادىي پىلانمۇ تەبىئىي ھالدا
ئورۇندىلىدۇ دېگەندەكلا بولغانىدى . ئەمەلىيەت بۇنىڭ پەقەتلا ئاقمايدى-
غانلىقىنى ئاللىقاچان ئىسپاتلىغان . بۇنداق ئىنقىلابنى قانچە « چىڭ تۇت-
قانسېرى » ، ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان بۇزغۇنچىلىقى شۇنچە زور بولاتتى .

سىياسىي دوكلات ، سوتسىيالىستىك دەۋرنىڭ ھەرقانداق ۋاقتىدا ،
ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا سىنىپىي كۈرەشنى مەركەز قىلىمىز دەيدىغان
خاتا يېتەكچى ئىدىيىنى تۇنجى قېتىم « پارتىيىمىزنىڭ پۈتكۈل سوتسىيا-
لىستىك تارىخىي باسقۇچىدىكى تۈپكى لۇشيەنى » دەپ رەسمىي بېكىت-
تى . بۇ خىل « سول » چىل خاتا يېتەكچى فاڭجېن ئاستىدا بېكىتىلگەن
ۋەزىپە ، جۇڭگونىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان ، پۈتۈن پارتى-
يە ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تەلىپى ۋە ئارزۇسىغا خىلاپ ئىدى .

### 9 ـ قۇرۇلتايدىكى پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ خاتالىقى

قۇرۇلتاي « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ نىزامنامىسى » نى ماقۇللىدى . بۇ يېڭى نىزامنامە ئوخشاشلا « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » نىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللەنگەن بولۇپ ، ئۇنىڭدا نۇرغۇن « سول » چىل خاتا كۆزقاراشلار بار ئىدى . مەسىلەن ، ئۇنىڭدا ، سوتسىيالىستىك تارىخىي باسقۇچتا ، « باشتىن ئاخىر سىنىپ ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت » دەيدىغان « سول » چىل ھۆكۈم مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ؛ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » سوتسىيالىزم شارائىتىدا ، پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارغا قارشى تۇرىدىغان سىياسىي ئىنقىلاب » دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن . يەنە « ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى جاھانگىرلارنى يوقىتىمىز ، سوۋېت ئىتتىپاقى شيۇجېڭجۇيىچىلار گۇرۇھىنى مەركەز قىلغان ھازىرقى زامان شيۇ جېڭجۇيىچىلىرىنى يوقىتىمىز ، ھەرقايسى ئەل ئەكسىيەتچىلىرىنى يوقىتىمىز » دېگەنلەر پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىغا كىرگۈزۈلگەنىدى . بۇمۇ پارتىيە تارىخىدا ھەرقانداق پارتىيە نىزامنامىسىدا يوق گەپ ئىدى .

پارتىيە نىزامنامىسىنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپىدا ، پارتىيىنىڭ ھەرىكەت قىبلىنامىسى بولغان ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى ناتوغرا ئىپادىلەنگەنىدى . ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ، ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ جۇڭگودا ئىشلىتىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى بولۇپ ، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ، جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى توغرا نەزەرىيە پرىنسىپى ھەم تەجرىبىلەرنىڭ يەكۈنى ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى . ئەمما ، بۇ قېتىملىق قۇرۇلتاي ماقۇللىغان پارتىيە نىزامنامىسىگە : « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى جاھانگىرلىك زاۋاللىققا يۈز تۇتۇۋاتقان ، سوتسىيالىزم پۈتۈن دۇنيادا غەلىبە قىلىۋاتقان دەۋرنىڭ ماركسىزم ـ لېنىنىزمى » دەپ يېزىلغانىدى . بۇ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكىنى يوققا چىقارغانلىق ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سۇبيېكتىپ هالدا خىيالەن ھۆكۈم قىلىپ ، مۇبالىغە قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئىدى . 9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسى يەنە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ماۋ زېدۇڭدىن ئىبارەت بىر ئادەمگىلا مەنسۇپ قىلىپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كوللېكتىپ رەھبەرلىكى ، پارتىيىنىڭ باشقا مۇنەۋۋەر رەھبەرلىرىنىڭ زور رولىنى يوققا چىقىرىۋەتكەن ئىدى .

9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسىگە پارتىيە داھىيسى ماۋ زېدۇڭ ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىزباسارى لىن بياۋ دېگەندەك مەزمۇنلارنى يېزىپ ، تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىدىن چەتنەپ ، پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىغا خىلاپلىق قىلدى . لېنىن ، پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيىسىنىڭ داھىيسى بىر ئادەم بولمايدۇ ، بەلكى بىر تۈركۈم ئادەملەردىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپ بولىدۇ ، دەپ ناھايىتى ئېنىق ئېيتقانىدى . ئۇلار ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ، ئەڭ نوپۇزلۇق ، تەسىرى ئەڭ كۈچلۈك ، ئەڭ تەجرىبىلىك ئادەملەر . ئۇلار كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەچكە ، پارتىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەشكە سايلانغان ھەمدە ئۇلار پارتىيىنىڭ خىزمىتىگە كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىدۇ . پارتىيىنىڭ داھىيلىرى ئۆمۈرلۈك ۋەزىپە ئۆتەشكە كاپالەتلىك قىلالمايدۇ ، شۇنداقلا بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىزباسارىنى بېكىتىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ . « رەھبەر بولغان كىشىنىڭ ئۆز ئىزباسارىنى ئۆزى تاللىشى فېئوداللىزمغا خاس قىلىقنى داۋاملاشتۇرغانلىق بولىدۇ . » ① . ئەمما 9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسى ئومۇمىي پروگراممىدا جۇڭگو كومپارتىيىسى « يولداش ماۋ زېدۇڭنى داھىي قىلغان » دەپ بەلگىلىدى ھەمدە « يولداش لىن بياۋ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ يېقىن سەپدىشى ۋە ئىزباسارى » دەپ يازدى . ئۇنى « ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ قىزىل بايرىقىنى ئىزچىل ئېگىز كۆتۈرۈپ ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى لۇشيەنىنى ئەڭ سادىق ، ئەڭ قەتئىي ئىجرا قىلدى ۋە قوغدىدى » دەپ ماختىدى . بۇنداق قىلىش پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىنىڭ خاراكتېرى بىلەن قىلچە ماس كەلمەيدۇ .

ئىككى يىلدىن كېيىن لىن بياۋنىڭ خائىنلىق قىلىپ قېچىشى، تارىخنىڭ بۇ خىل خاتا ھەرىكەتلەرگە قارىتا قىلغان رەھىمسىز مەسخىرىسى بولۇپ قالدى.

9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسى يەنە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ھوقۇقىغا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋېتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى پەقەت مەجبۇرىيىتى بار، ھوقۇقى يوق قىلىپ قويدى. ماركسىزم شۇنداق دەپ بىلىدۇكى، مەجبۇرىيىتى يوق ھوقۇق بولماسلىقى كېرەك، شۇنداقلا ھوقۇقى يوق مەجبۇرىيەتمۇ بولماسلىقى كېرەك. 9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسىدا بۇنداق بەلگىلەش، پارتىيە ئەزالىرىنى ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقىنى يۈرگۈزەلمەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەرنى ھېچقانداق مەجبۇرىيەت ئۆتىمەيدىغان، ئەمما ھەرخىل ھوقۇققا ئىگە پارتىيە ئەزالىرىدىن قىلىپ قويدى. لىن بياۋ، جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار مانا شۇنداق ئالاھىدە پارتىيە ئەزالىرى ئىدى. كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ پارتىيە ئىچىدىكى ھوقۇقىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، تەبىئىي ھالدا پارتىيىمىزگە ھاكىم مۇتلەقلىق تۈسىنى بېرىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئېغىر زىيان سالدى.

**9 ـ قۇرۇلتايدىكى سايلام ۋە يىغىننىڭ ئالاھىدىلىكى**

يىغىن 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقتى. 15 ـ ئاپرېل كۈنى يىغىن ھەيئەت رىياستى 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىنى سايلاش چارىسىنى ئېلان قىلدى. ئۇنىڭدا، ماۋ زېدۇڭ ۋە لىن بياۋ «مۇقەررەر نامزات» بولىدۇ؛ مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى باش قوشۇش يىغىنىنىڭ ئەزالىرى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى ② «بىردەك قوشۇلىدىغان نامزات» لار بولىدۇ، دېگەن بەلگىلىمە بار ئىدى، يەنە، 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ ئەزالىرى ۋە كاندىدات ئەزالىرىدىن 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ نامزاتلىرى دەپ كۆرسىتىلگەنلەر 53 ئادەمدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك، دەپ بەلگىلەندى. 9 ـ قۇرۇلتاي

www.uyghurkitap.com

ۋەكىللىرىنىڭ ئالاھىدە تۈزۈلۈشى ۋە مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرىنى سايلاش چارىسىدىكى بۇنداق دېموكراتىيە پرىنسىپىغا خىلاپ خاتا بەلگىلىمىلەرنىڭ ھەممىسى تەشكىلىي جەھەتتىن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بېكىتىپ قويغان سىياسىي ۋەزىيەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. 9 - قۇرۇلتاي ھەيئەت رىياسەتى ئەزالىرىنىڭ ئولتۇرۇش رەت تەرتىپىمۇ ئالاھىدە ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، سول تەرەپتە لىن بياۋ، كاڭ شېڭ، جياڭ چىڭ باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش «يېڭى مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ ئەزالىرى، ئوڭ تەرەپتە بولسا جۇئېنلەي باشچىلىقىدىكى ئاتالمىش «كونا ھۆكۈمەت» نىڭ ئەزالىرى ئولتۇرغان بولۇپ، ناھايىتى پەرقلىق، ناھايىتى مەنىلىك ئىدى.

24 - ئاپرېلدا سايلام ئۆتكۈزۈلدى. سايلاپ چىقىلغان 170 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە 109نەپەر كاندىدات مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ئىچىدە، بۇرۇنقى 8 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ۋە كاندىدات ئەزالىرى ئارانلا 19% نى ئىگىلىدى. نۇرغۇن تۆھپىسى زور، ئۇزاق ۋاقىتلىق سىناقلاردىن ئۆتكەن ئىنقىلابچىلار سىرتتا قالدۇرۇلدى. ئەكسىچە لىن بياۋ، جياڭ چىڭ مەزھىپىدىكى خېلى كۆپ تايانچ ئادەملىرى ۋە يېقىنلىرى، يەنە ھەرقايسى جايلاردىكى ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى، مەسىلەن، ۋاڭ خۇڭۋېن، ۋاڭ شيۇجېن، لىيۇ جېيتىڭ، ۋاڭ شياۋيۈي، نىي يۈەنزى قاتارلىق ئاتالمىش «راكېتاغا ئولتۇرغان» كادىرلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا كۆپلەپ كىرگۈزۈلدى.

9 - قۇرۇلتاي باشتىن - ئاخىر كۈچلۈك شەخسكە چوقۇنۇش ۋە «سول» چىل ئەسەبىي كەيپىيات ئىچىدە ئۆتكۈزۈلدى. يىغىننىڭ ئاساسىي مېلودىيىسى «مەدھىيىلەش» ئىدى. مەدھىيىلەشنىڭ ئوبيېكتى ئالدى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئىدى. نۇرغۇن ۋەكىللەر: «ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلىش، بۇ ماۋ جۇشىنىڭ بىزگە بولغان ئەڭ چوڭ ئىشەنچىسى، بىزنىڭ ئەڭ زور بەختىمىز» دېيىشتى. ۋەكىللەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك تەلىپى ئىككى ئىدى: بىرى، ئۇلۇغ داھىي ماۋ جۇشىنى كۆرۈش، ئۇنىڭ «ئۇ-

لۇغ ئاۋازى » نى كۆپرەك ئاڭلاش ؛ ئىككىنچىسى ، « ئۇلۇغ داھىي ماۋ جۇشىنى تەكلىپ قىلىپ » كۆپچىلىك بىلەن بىللە رەسىمگە چۈشۈش ئىدى . ئۇنىڭدىن قالسا ، لىن بياۋ ۋە ئۇنىڭ دوكلاتىنى ماختاش ئىدى . ئۇنىڭدىن كېيىن جياڭ چىڭ ۋە ئۇنىڭ « ئۈلگىلىك تىياتىرلىرى » ماختاندى . يىگىرمە نەچچە كۈنلۈك يىغىن جەريانىدا ، مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلىدىغان ئەھۋال كۆرۈلمىدى ، ھېچقانداق ئوخشىمىغان پىكىرمۇ ئاڭلانمىدى .

9 ـ قۇرۇلتاي ماقۇللىغان سىياسىي دوكلات ۋە پارتىيە نىزامنامىسى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتا نەزەرىيە ۋە خاتا ئەمەلىيىتىنى قانۇنلاشتۇرۇۋەتتى ، ھەمدە لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىكى ئورنىنى كۈچەيتتى . 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ ئىدىيە ، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتىكى يېتەكچى فاڭجېنى پۈتۈنلەي خاتا ئىدى .

**9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى سايلاپ چىققان مەركەزنىڭ رەھبىرىي ئورگىنى**

28 ـ ئاپرېل بېيجىڭدا 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى . يىغىنغا ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى . پارتىيىنىڭ ئالدىدىكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا ئۇ : « سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش كېرەك . بۇ ئىنقىلابنىڭ بەزى ئىشلىرىنى تېخى قىلىپ بولالمىدۇق ، ھازىر يەنە داۋاملىق قىلىۋاتىمىز ، مەسىلەن ، كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش . بىرنەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئىنقىلاب قىلىشىمىز مۇمكىن » دېدى . پارتىيە 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭ ، ھازىر ھەممەيلەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارايلى ، دەۋاتامدۇ ، ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش دېگەن نېمە ؟ بىزنىڭ پەرىزىمىزچە بەلكىم ئۈچ يىل ، كېلەر يىلى يازدا بىر گەپ بولۇپ قالار ، دېگەنىدى . ئۇنىڭ گەپلىرىدىن 9 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بارغانچە كىچىكلەپ ئاخىرلىشىدۇ دېگەن مەنە

چىقاتتى ، ئەمما بۇ ناھايىتى ئېنىق ئەمەس ئىدى . ئۇ ئورۇنلاشتۇرغان كۆرەش قىلىش ، پىيەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش بىلەن پۈتۈنلەي ماسلاشمايتتى . ئۇ ئۆكتەملىك بىلەن : « قارىغاندا ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى قىلمىسا بولمايدىغان يېرىگە كېلىپ قاپتىكەن ، بىزنىڭ ئاساسىمىز چىڭ ئەمەسكەن . مېنىڭ كۆزىتىشىمچە ، ھەممە دېمەيلى ، مۇتلەق كۆپ سانىدىكىمۇ دېمەيلى ، خېلى كۆپ ساندىكى زاۋۇتلاردا رەھبەرلىك ھوقۇقى ھەقىقىي ماركسىزمچىلارنىڭ ، ئىشچىلار ئاممىسىنىڭ قولىدا ئەمەسكەن . » دەپ ، كۆپچىلىكنى « بىر نىشان ئۈچۈن ، يەنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىڭلار ، ئۇنى ھەربىر زاۋۇت ، يېزا ، ئورگان ، مەكتەپلەرگىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈڭلار » دەپ چاقىرىق قىلدى . بۇ سۆز كېيىن جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ قاتارلىقلار تەرىپىدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ « ئومۇميۈزلۈك دىكتاتورا نەزەرىيىسى » نىڭ بىر ئاساسىي قىلىندى .

ئومۇمىي يىغىن مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىنى سايلاپ چىقتى . مەركىزىي كومىتېتنىڭ رەئىسى ماۋ زېدۇڭ ، مۇئاۋىن رەئىسى لىن بياۋ ، سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ماۋ زېدۇڭ ، لىن بياۋ ( بۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى فامىلە خەت سانى بويىچە تىزىلغان ) چېن بودا ، جۇ ئېنلەي ، كاڭ شېڭ بولدى . سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى ماۋ زېدۇڭ ، لىن بياۋ ( بۇنىڭدىن كېيىنكىلىرى فامىلە خەت سانى بويىچە تىزىلغان ) يې چۈن ، يې جيەنيىڭ ، ليۇ بوچېڭ ، جياڭ چىڭ ، جۇ دې ، شۈي شىيۇ ، چېن بودا ، چېن شىلىيەن ، لى شيەننيەن ، لى زوپېڭ ، ۋۇ فاشيەن ، جاڭ چۈنچياۋ ، چيۇخۇيزو ، جۇ ئېنلەي ، ياۋ ۋېنيۈەن ، كاڭ شېڭ ، خۇاڭ يۇڭشېڭ ، دۇڭ بىۋۇ ، شې فۇجى بولدى . سىياسىي بيۇرونىڭ كاندىدات ئەزالىرى جى دىڭكۈي ، لى شۆفېڭ ، لى دېشېڭ ، ۋاڭ دۇڭشىڭ بولدى . يېڭى سايلانغان مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدا لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق تايانچىلىرى ۋە يېقىنلىرى يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ ، ئۇلار مەركىزىي رەھبەرلىك ئورگىنىدا تېخىمۇ زور ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى .

9 ــ قۇرۇلتاي ۋە 9 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1 ــ ئومۇمىي يىغىنى ئارقىلىق ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ئىككى گۇرۇھ گەرچە ئۆزلىرىنىڭ پارتىيە ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىش قارا نىيىتىنى قىسمەن ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىنىڭ چېكى يوق ئىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ماۋ زېدۇڭ سۇبيېكتىپ ھالدا پەرەز قىلغىنىدەك ئاخىرلىشىشقا يۈزلەنمەي ، « جاھاننى تۈزەش » ۋەزىيىتى شەكىللەنمەي ، ئەكسىچە لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھى مەركەز ۋە يەرلىكتە تېخىمۇ زور كونترول قىلىش ھوقۇقىنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا تالىشىش بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى ، نەتىجىدە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » خاتا يول بويىچە داۋاملىشىۋەردى . جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپى نورماللىشىش تەرەپكە يۈزلەنمەي ، ئەكسىچە بارغانچە قالايمىقانلاشتى ، پارتىيە ۋە خەلق تېخىمۇ زور بالايىئاپەتكە دۇچار بولدى .

## 2 . « كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ئۆزگەرتىش » يېڭى قالايمىقانچىلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى

**« كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » مەركىزىي ۋەزىپە بولۇپ قالدى**

9 ــ قۇرۇلتايدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ۋەزىپە بويىچە « كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا قانات يايدۇرۇلدى .

« كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » دەسلەپتە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مەقسىتى قاتارىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى . 8 ــ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ــ ئومۇمىي يىغىنى ماقۇللىغان « 16 ماددا » نىڭ 1 ــ ماددىسىدا : « نۆۋەتتە ، بىزنىڭ مەقسىتىمىز كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى كۈرەش قىلىش يىقىتىش ، بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى ئىلىم ( نوپۇزلىرى ) نى ، بۇرژۇئازىيە ۋە بارلىق

ئېكسپلاتاتسىيە سىنىپىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى پىپەن قىلىش؛ ماتېرىيالى، ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى، بارلىق سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي بازىسقا ماس كەلمەيدىغان ئۈستقۇرۇلمىنى ئۆزگەرتىپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق قىلىش» دەپ بەلگىلەنگەنىدى. بۇ سۆز كېيىن قىسقارتىلىپ «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» دېيىلدى. قىسقارتىلغان سۆزلەرنى كۆپ ئىشلىتىش، قانداقتۇ «ئۇچكە بۆلۈش»، «تۆت چەكسىز»، «تۆت ئۇلۇغ»، «ئۈچ كۈرەش» ③دېگەنلەرنى ئىشلىتىش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دەۋرىدىكى ئىدىيىنىڭ قاتماللىشىشى، سۆزلەرنىڭ چاكىنىلىشىشىنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى ئىدى.

«بۇرژۇئازىيە ئەكسىيەتچى لۇشيەنى» نى چوڭ پىپەن قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىش «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن چاغدا، تەرەپبازلىق، ئەلەم كۈرىشى كۆپلەپ، «جاھان تازا مالىماتاڭ» بولۇپ كەتكەن ھالەتتە «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» تىن قانداقمۇ گەپ ئاچقىلى بولسۇن. 1968 ـ يىلى 5 ـ سېنتەبىردە شىزاڭ، شىنجاڭ ئىككى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىنقىلابىي كومىتېتى قۇرۇلدى. 7 ـ سېنتەبىر كۈنى «خەلق گېزىتى»، «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى»« ياشىسۇن پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبىسى!» دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلىپ، ھەرىكەتنىڭ «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئەسلىدە «16 ماددا» دا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ مەقسىتى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان «كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ئەمدىلىكتە بولسا، باسقۇچلۇق مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالدى ۋە ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن بېرىلدى. بۇ باش ماقالە ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرىنى يەتكۈزدى: «زاۋۇتلاردىكى كۈرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش، چوڭ پىپەننى ئېلىپ بېرىش، سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش، پار-

تىپىنى تەرتىپكە سېلىش، ئورگانلارنى ئىخچاملاشتۇرۇش، نامۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش، ئىشخانا كادىرلىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشتەك بىرنەچچە باسقۇچ بىلەن بولىدۇ.» بۇ «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» نى كونكرېتلاشتۇرۇش ئىدى. بۇ پىكىر زاۋۇتلارغا قارىتا ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن باش ماقالە: «ماۋ جۇشىنىڭ ئەڭ يېڭى يوليورۇقى، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى تەرەققىي قىلىپ كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش باسقۇچىغا يەتكەندىكى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ئىشلار سىنىپى ۋە كەڭ ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ جىددىي تەلىپىنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەپ بەردى، ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنىڭ مەركىزىي ۋەزىپىسىنى ئېنىق كۆرسەتتى» دەپ يازدى.

«ئېنىق كۆرسىتىلگەن» «مەركىزىي ۋەزىپە» ئىكەن، ئەلۋەتتە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، خەلق ھەر تەرەپ ئىزچىللاشتۇرۇپ ئىجرا قىلىشى كېرەك. بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «جاھاننى تۈزەش» تەسەۋۋۇرىغا يەتمەكچى بولغانلىقىنى، بۇنىڭدا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئاياغلاشتۇرۇش مەقسىتىمۇ بارلىقىنى كۆرسىتەتتى.

لېكىن، «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» نىڭ ئۆزى «سول» چىل فاڭجېنىنىڭ مەھسۇلاتى بولۇپ، «سول» چىل فاڭجېننى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى ئىدى. «كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» نىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا ئەگىشىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قالايمىقانچىلىقلىرى يوقالمىدى ياكى ئازايمىدى، ئەكسىچە زىددىيەت بارغانچە كۆپىيىپ، قالايمىقانچىلىقلارنى پەيدا قىلىدىغان ۋە ئۇنى كۈچەيتىدىغان ئامىللار تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

**مەزمۇنى خاتا، چارىسى قوپال چوڭ پىپەن**

«كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» نىڭ ھەرقايسى خىزمەتلىرىنى ئېلىپ بارغاندا «چوڭ پىپەن قىلىش يول ئاچىدۇ»

دېگەن قايتا ـ قايتا تەكىتلەندى . بۇنداق چوڭ پىپەننىڭ ئاللاھىدىلىكى پاكىتقا باقماسلىق ، زاكون سۆزلىمەسلىك ، ئۆزىنى ئاقلاشقا يول قويماسلىق ، ئاساسسىز ، ئۇيەر ـ بۇ يېرىنى ئۈزۈۋېلىپ نەقىل كەلتۈرۈش ، چەكسىز پرىنسىپقا كۆتۈرۈش ئىدى .

مەزمۇن جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇرۇنقى 17 يىللىق زور نەتىجىلەرنى ۋە بىر يۈرۈش سىياسەت ، قانۇن ، خىزمەت مىزانى ، قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئۆكتەملىك بىلەن ئىنكار قىلىپ ، ئۇلارنى « شيۇجېڭجۇيىنىڭ ، كاپىتالىزمنىڭ نەرسىلىرى » دېدى ، يەنە ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ئەڭ تۆپكى ئەمەلىي پائالىيەت دەيدىغان ماركسىزمنىڭ نۇقتىنەزىرىنى ، پرولېتارىيات ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئاساسلىق ۋەزىپە قىلىشى كېرەك دەيدىغان ماركسىزمنىڭ ھۆكۈمىنى ، سىياسىي ھەرىكەتكىلا ئەھمىيەت بېرىپ ، ئىشلەپچىقىرىشقا سەل قاراشقا قارشى تۇرىدىغان توغرا تەشەببۇسنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى » دەپ پىپەن قىلدى .

ئىقتىسادىي خىزمەت جەھەتتە ، ئىقتىسادىي ھېساباتنى كۈچەيتىش ، كارخانىنىڭ پايدىسىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتىكى ھەرخىل تەدبىرلەرنى قارا ـ قويۇقلا « پايدىنى قوماندان قىلىش » دېدى ؛ دۆلەت ، كوللېكتىپ ، شەخسىي ئۈچ تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ئەھمىيەت بېرىش ۋە ئاممىنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى « ماددىي جەھەتتىن چىرىتىش » دەپ ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ قالپىقىنى كىيگۈزدى ؛ چەت ئەلنىڭ ئىلغار تېخنىكا ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى « چەت ئەلگە قۇل بولۇش پەلسەپىسى » ، « چەت ئەلگە چوقۇنۇش » دېدى .

مائارىپ ، ئىلىم ـ پەن خىزمىتى جەھەتتە ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرىنى ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلىم ـ پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشنى ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ كەسپىدە ئىزدىنىشنى « ئەقلى تەربىيىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويغانلىق » ، « ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭ-

غانلىق » دەپ يېپەن قىلدى .

مەدەنىيەت ، سەنئەت جەھەتتە ، ئازادلىقتىن بۇرۇنقى 30 ـ يىللاردىكى ئىنقىلابىي ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى ۋە دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەدەبىيات ـ سەنئەت خىزمىتى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ھەممىنى « فېئودالىزم ، كاپىتالىزم ، شىۋجىڭجۇيىنىڭ زەھەرلىك چۆپلىرى » دېدى ۋە باشقىلار .

چوڭ يېپەن قىلىشنىڭ بىۋاستە ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى ، ئۇ كىشىلەرنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىگە ، كوممۇنىزمغا بولغان ئىشەنچىسىنى تەۋرىتىپ ، ھۆكۈمەتسىزلىك ئىدىيىسىنى كۈچەيتىۋەتتى ، ئىشلەپچىقىرىش ، پەن تەتقىقات ، مائارىپ ، مەدەنىيەت قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەرگە زور بۇزغۇنچىلىقلارنى ئېلىپ كەلدى .

**زىددىيىتى كۆپ ، جانسىز بولغان ئىنقىلابىي كومىتېت**

« ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش » تەلىپى بويىچە ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلاردا ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇلغاندىن كېيىن ھەرقايسى ۋىلايەت ، ناھىيە يېزا ۋە زاۋۇت ، مەكتەپ ، كوممۇنا ، ماگىزىن قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئورۇنلىرىدىمۇ ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش تەلەپ قىلىندى .

« ئىنقىلابىي كومىتېت » ئالاھىدە شارائىتتىكى ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ تەشكىلىي شەكلى بولۇپ قۇرۇلغانىدى . ئۇنىڭدا ناھايىتى زور چەكلىمىلىك ۋە ساقلانغىلى بولمايدىغان يېتىشسىزلىكلەر بار ئىدى . زاۋۇت ، ماگىزىنلار ئىقتىسادىي تەشكىل ، مەكتەپ بولسا مائارىپ ئورگىنى ، ئورگانلارنىڭ خاراكتېرىنى ئايرىمايلا ھەممىسىدە ئىنقىلابىي كومىتېت قۇرۇش ئەلۋەتتە مۇۋاپىق بولمايتتى . ئۇ مەجبۇرىي ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلىتىشنى كۈچەيتىپ ، خاتا ، ئۇۋال ئەنزىلەرنى كۆپەيتىۋەتتى .

يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ھەر دەرىجىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتلارنى قۇرۇش ، سۇبيېكتىپ جەھەتتەئاتالمىش « بىر تۇتاش قىزىللىققا پۈركەنگەن » ھالەتنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ، پارچىلى

www.uyghurkitap.com

ىنىپ كەتكەن قالايمىقان ھالەتنى ئوڭشاش، « ئىنقىلابىي بىرلىشىش » نى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. ھالبۇكى، شۇ چاغدىكى ھەرقايسى جايلاردا تەرەپبازلىق تەشكىللىرى كۆپ، ھەرقايسى تەرەپ ئۆزىنى « ھەقىقىي پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى »، « كونا ئىسيانچى »، « تۆھپەم زور » دەپ، ئىنقىلابىي كومىتېتتا كۆپرەك ئورۇننى، مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەشكە تىرىشاتتى. شۇڭا، بىر ـ بىرىنى چۈشۈرىدىغان، بىر ـ بىرىگە زەربە بېرىدىغان، ھوقۇق تالىشىدىغان تەرەپبازلىق كۈرىشى بەكلا كۈچىيىپ كەتتى؛ كىشىلەرنىڭ ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى ئىنقىلابىي كادىر ۋە ئىنقىلابىي كومىتېت ئەزالىرىغا بولغان كۆز قارىشىدىمۇ زور ھەم چوڭقۇر ئىختىلاپ بار ئىدى. بىر تەرەپ « ئىنقىلابىي كادىر » دېگەننى، يەنە بىر تەرەپ « سېپى ئۆزىدىن كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دەيتتى. ئەمەلىيەتتە ھەرقايسى جايلاردا قۇرۇلغان ئىنقىلابىي كومىتېتلار شەكىلدىكى بىرلىشىش بولۇپ، بەزىلىرىدە بىر تەرەپ ھوقۇق تۇتقان، كۆپ ساندىكىلەرنى باسقان، زىددىيەت ۋە كۈرەش تېخىمۇ كەسكىنلەشكەن ياكى بولمىسا، ئىككى تەرەپ، نەچچە تەرەپ ھوقۇقنى بۆلۈشۇۋالغان بولۇپ، ئۆزئارا تالىشىش جېدىلى تېخىمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەنىدى.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار شۇنى كۆرسىتىدۇكى، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يېڭى شەيئى دەپ ئاتالغان ئىنقىلابىي كومىتېت ئۇيۇشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ماس كەلمەيلا قالماستىن، يەنە ھاياتىي كۈچى يوق ئىدى.

**سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش ئۇۋال، خاتا، يالغان ئەنزىلەرنى كۆپەيتىۋەتتى**

« سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش » دا ئاتالمىش ئىنقىلابىي قوشۇنغا سۇقۇنۇپ كىرىۋالغان خائىن، ئىشپىيون، كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار ۋە پومېشچىك، باي دېھقان، كاپىتالىست، ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق ئۇنسۇر، ئوڭچى قاتارلىقلارنى تازىلاپ، « سىنىپىي سەپنى ئېنىق

ئايىرىش » تەلەپ قىلىنغانىدى . پرىنسىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، سىنىپىي سەپنى ئېنىق ئايرىشنى تەلەپ قىلىش توغرا ئىدى . لېكىن ، ئېكسپىلا- تاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلار ئاساسىي جەھەتتىن يوقىتىلغان ، سىياسىي ھەرىكەت كەينى ـ كەينىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ، سىنىپىي كۈرەش بەكلا ئېشىپ كېتىۋاتقان ئەھۋالدا ، يەنە بىر قېتىم مەملىكەت خاراكتېر- لىك سىنىپىي قوشۇننى تازىلاشنى ئېلىپ بېرىشى زۆرۈر دېيىش تەس ئىدى .

ماۋ زېدۇڭ : « سىنىپىي قوشۇننى تازىلاشتا ، بىرىنچىدىن ، چىڭ تۇتۇش ؛ ئىككىنچىدىن سىياسەتكە دىققەت قىلىش كېرەك » ، « بىرىنىمۇ ئۆلتۈرمەسلىك ، كۆپ تۇتماسلىق » دەپ سىياسەت ، بەلگىلىمىلەرنى تەكىتلىگەنىدى ھەمدە « خىزمەتنى ئىنچىكە ئىشلەش » نى تەلەپ قىلغا- نىدى . لېكىن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئومۇميۈزلۈك فاكچىي خاتالىقى تۈپەيلىدىن ، ئاتالمىش « سىنىپىي دۈشمەن » گە ئېنىق بىر بەلگىلىمە چىقارمىغان بولغاچقا ، ئۇنىڭدا ناھايىتى زور سۇبيېكتىپچانلىق مەۋجۇت ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار تار- قاتقان ھەم كۈچەيتىۋەتكەن چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق ئىدىيىسىنىڭ تەسىرى ۋە تەرەپبازلىقنىڭ دەخلىسى بىلەن ، دۈشمەن ئەھۋالى مۇبالىغە قىلىنىپ ، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئارىلاشتۇرۇۋېتىلدى . يەنە ئەڭ ئەقەللىي بولغان دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغاچقا ، كى- شىلىك ھوقۇق كاپالەتكە ئىگە بولماي قالدى ، ئەدلىيە ، تەپتىش ئورگان- لىرى پاچاقلاپ تاشلانغاچقا ، ھەرخىل نامدىكى تەشكىلاتلار ئۆزلىرى « سىنىپىي دۈشمەن » دەپ بىلگەن ئادەمنى خالىغانچە تۇتۇپ كۈرەش قىلاتتى ، سولاپ قوياتتى ، سوراق قىلاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇشتەك ۋەھشىي چارىلار ھەممىلا يەردە بار ئىدى . شۇڭا بۇ ئىشنىڭ زەربە بېرىش ئوبيېكتى بەكلا كېڭە- يىپ ، ھەممىلا يەردە ئۇۋال ، خاتا ، يالغان ئەنزە سادىر بولۇشتەك يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ، مەركىزىي كومىتېت ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەتلىك ئىدارىلەردىكى مۇئاۋىن مىنىستىردىن يۇقىرى، ئۆلكىلەردە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقىدىن يۇقىرى بولغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلاردىن ئەنزە تۇرغۇزۇلۇپ تەكشۈرۈلگەنلەر %75 ئەتراپىدا بولغان. ئازادلىقتىن بۇيان پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ـ سىياسەتلىرىنى ئاكتىپ ئىجرا قىلىپ، خىزمەتتە نەتىجە قازانغان كۆپلىگەن يولداشلارغا «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار»، «ئەكسىلئىنقىلابىي شىۋ جىڭجۇيىچى» دەپ قارا چاپلاندى؛ مۇرەككەپ تارىخىي جەرياندا، ئەكسىيەتچى سىنىپ ۋە ئەكسىلئىنقىلابىي سەپتىن قەتئىي ئايرىلىپ، ئىنقىلابىي ئەمەلىيەتتە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن تۆهپە ياراتقان نۇرغۇن يولداشلار خاتا هالدا «تارىخىي ئەكسىلئىنقىلابچى»، «ئىشپىيون» دەپ بېكىتىلدى؛ تارىختا قولغا ئېلىنغان، ئەسىرگە چۈشكەن، كۆپ قېتىملىق تەكشۈرۈشلەر ئارقىلىق توغرا يەكۈن چىقىرىلغان نۇرغۇن يولداشلار يەنە باشقىدىن تەكشۈرۈلدى ھەمدە خاتا هالدا «ئاسىيلىق قىلغان، ئايىنغان ئۇنسۇر»، «خائىن» دەپ بېكىتىلدى؛ دەھشەتلىك ئاق تېررورلۇق ئاستىدا ئىنقىلابىي كۆرەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ھەمدە زور تۆھپە قوشقان بەزى رايونلاردىكى يەر ئاستى پارتىيە تەشكىلاتلىرى «خائىنلار گۇرۇھى»، «يالغان كوممۇنىستلار»، «خائىنلار ئۇۋىسى» دەپ قارىلاندى؛ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا نارازى بولۇپ، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسەتكەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، ماۋ زېدۇڭغا پىكىر بەرگەن كۆپلىگەن يولداشلار «زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغان» دەپ قارا چاپلىنىپ، «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» قىلىپ قويۇلدى ۋە كۈرەش قىلىندى، تاياق يېدى، ھاقارەتلەندى ھەتتا تۈرمىگە سولاندى. كۆپلىگەن كادىرلار گۇناھسىز تۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، بەزىلىرى تۈرمىگە قامالدى، ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى، بۇ ئىشقا يەنە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرى، دوست ـ بۇرادەرلىرى چېتىلدى.

تەكشۈرۈش جەريانىدا، دىكتاتورا ۋاستىسىنى قالايمىقان ئىشلىتىپ، قىيىن ـ قىستاققا ئېلىپ مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرۇلۇپ، مىليونلىغان ئۇۋال، يالغان، خاتا ئەنزىلەر پەيدا بولدى، بۇنىڭغا ئۇلارنىڭ ئۇ-

رۇق - تۇغقانلىرى ۋە ھەرخىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىدىكى ئادەملىرى قوشۇلۇپ، مەملىكەت بويىچە چېتىلغان ئامما 100 مىليونغا يەتتى. بۇنداق ئىش تارىختا كۆرۈلۈپ باققان ئەمەس. بۇنداق ھېچقانداق بىر ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى بولمىغان ھالدا ئېلىپ بېرىلغان «سىنىپىي قوشۇننى تازىلاش» بىلەن نۇرغۇنلىغان كادىر ۋە ئامما جىسمانىي ھەم روھىي جەھەتتە ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ، «تەشكىلنى ساپلاشتۇرۇش»، «سىنىپىي سەپنى ئايرىش» مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماي، ئەكسىچە ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي سىنىپىي قوشۇنىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتتى ۋە قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى.

### پارتىينى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇشنىڭ فاڭجېنى خاتا، نۇقسانلىرى بەك كۆپ بولدى

«پارتىينى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش» دېگەن «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتىدىن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك تۇرمۇش كۈنىنى ئۆتكۈزمىگەن پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيە تەشكىلىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە باشقىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىدى.

پارتىينى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماۋ زېدۇڭ 1967 - يىلى ئۆكتەبىردە چىڭخەي ئۆلكىلىك پارتىيە يادرو گۇرۇپپىسىنىڭ بىر دوكلاتىغا سالغان تەستىقى بولۇپ، ئاتالمىش «50 خەتلىك پارتىينى قۇرۇش پروگراممىسى» ئىدى: «پارتىيە تەشكىلى پرولېتارىيات ئىلغارلىرىدىن تەركىب تېپىشى، پرولېتارىيات ۋە ئىنقىلابىي ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىدىغان كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق ئاۋانگارتلار تەشكىلى بولۇشى كېرەك» ماۋ زېدۇڭنىڭ يەنە بىر «كونىنى چىقىرىپ تاشلاپ يېڭىنى قوبۇل قىلىش» دېگەن يوليورۇقى بار. شۇ چاغدا پۈتۈن پارتىيە بۇ ئىككى يوليورۇقنى «ئەڭ تۈپكى پرىنسىپ» قىلىشى كېرەك، «پارتىيە تەشكىلىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن تەرتىپكە سېلىش، ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇرۇپ چىقىش كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىندى. بۇنداق يېتەكچى ئىدىيە ئوخشاشلا «سول» بولۇپ، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئېكسپلاتاتسىيە سىنىپى ئاساسىي جەھەتتىن مەۋجۇت بولمىغان ،
سىنىپىي كۈرەش بولسا قالدۇق ھالەتتە قالغان سوتسىيالىستىك جەمئى-
يەتتە ، « سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن كۈرەش قىلىش » نى پارتىيە قۇ-
رۇشنىڭ بىردىنبىر مەقسىتى ۋە تەلىپى قىلىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇ-
لۇش ۋە خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش قاتارلىق
مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تىلغا ئالماسلىق ، بۇ ئەلۋەتتە جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە
ماس كەلمەيتتى . بۇنى « پرولېتارىيات ئىلغارلىرى » نىڭ ئۆلچىمى قى-
لىشمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ، ئەمەلىيەتتە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئۆلچىمىنى تۆ-
ۋەنلەتكەنلىك ئىدى .

« پارتىينى تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش » تا يەنە « پرولېتارى-
يات ئىنقىلابى ئىسيانچىلىرىنىڭ پىكرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئاڭلاش » ،
پارتىيە ئەزالىرى « شەخسىيەتچىلىك بىلەن كۈرەش قىلىپ ، شيۇجيېڭ-
جۇيىنى يىپەن قىلىش » ، پارتىيە تەشكىلى « كونىسىنى چىقىرىۋېتىپ ،
يېڭىسىنى قوبۇل قىلىش » تەلەپ قىلىندى . ئاتالمىش « كونىسىنى چى-
قىرىۋېتىپ ، يېڭىسىنى قوبۇل قىلىش » دېگىنى ، ھۆججەت ۋە باش ماقا-
لىنىڭ ئېيتىشىچە ، « نەق پاكىتى بولغان خائىن ، ئىشپىيون ، بارلىق
ئەكسىلئىنقىلابچىلار ، ئۆزگەرمەس كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ،
سىنىپىي يات ئۇنسۇرلار ، ئاينىغان ، ئۆزگىرىپ كەتكەن ئۇنسۇرلارنى
پارتىيىدىن قەتئىي چىقىرىپ تاشلاش » لازىم ئىدى . « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » مەزگىلىدە « نەق پاكىتى بولغان » نى خالىغانچە چۈشەندۈ-
رۈشكە ۋە ياساپ چىقىشقا بولاتتى . شۇڭا ، بۇ لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ
قاتارلىقلارنىڭ ھەمدە بەزى « ئىسيانچىلار » نىڭ كادىرلارغا ، پارتىيە
ئەزالىرىغا زەربە بېرىپ زىيانكەشلىك قىلىشى ئۈچۈن ناھايىتى زور ئاسان-
لىق يارىتىپ بېرەتتى . ئۇلار مۇشۇ ماددىدىن پايدىلىنىپ ، خاتا ھالدا بىر
قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنىڭ تۇرمۇش كۈنىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەيتتى ، بىر
قىسىم پارتىيە ئەزالىرىنى خاتا ھالدا پارتىيىدىن چىقىرىۋېتەتتى . ئاتال-
مىش « يېڭىسىنى قوبۇل قىلىش » توغرىسىدا ھۆججەتتە ئېنىق ھالدا ،
« پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا جەڭ قىلىپ مەيدانغا چىققان ،

ماۋ جۇشىغا سادىق پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىسيانچىلىرى » نى قوبۇل
قىلىش كېرەك ، دەپ ئېيتىلغانىدى . شۇ چاغدىكى بىر مەلۇماتقا قارى
غاندا ، شاڭخەي سانائەت ـ قاتناش سىپىدىكى پارتىيە تەشكىلى پارتىيە
نىڭ 9 ـ قۇرۇلتىيىدىن 1973 ـ يىلى ئىيۇنغىچە 33600 دىن كۆپرەك يېڭى
پارتىيە ئەزاسىنى قوبۇل قىلغان ، « ئۇلار پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابىدا ۋە شيۇجېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش ، ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكى
تىدە مەيدانغا چىققان ئاكتىپلار » ئىكەن . بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەر
قايسى ساھەدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
دىن بۇيان 60 مىڭ پارتىيىگە ئەزاسىنى يېڭىدىن قوبۇل قىلغان . بۇ تە
لەپلەر بويىچە بولغاندا ، تەرەپبازلىق كاتتىۋاشلىرى ، قارا نىيىتى بار ،
سۇيىقەست ئىشلىتىدىغانلار ، ئۇرۇش ، چېقىش ، بۇلاش بىلەن شۇ
غۇللانغانلار پارتىيىگە كىرىپ ، پارتىيە تەشكىلىنىڭ ساپلىقىنى ئېغىر
دەرىجىدە بۇزۇپ تاشلايتتى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تەلىپى بويىچە « پارتىيىنى
تەرتىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش » نى ئېلىپ بارغاندا ، پارتىيە سىياسىدا ،
ئىدىيىدە ، تەشكىلىي جەھەتتە بىر قېتىملىق ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچرايتتى . لېكىن ، شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى ، « پارتىيىنى تەر-
تىپكە سېلىش ۋە قۇرۇش » ئارقىلىق ، ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر، ئاپتونوم
رايونلار كەينى ـ كەينىدىن پارتىيىنىڭ قۇرۇلتىيىنى ئاچتى ، پارت-
كوملارنى قۇردى ، ئارقىدىن ھەر دەرىجىلىك ۋە ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ
پارتىيە تــەشــكــىــللىرىنى قۇردى ، كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى
ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ تۇرمۇش كۈنىنى ئەسلىگە كەلتۈردى ، بۇ ھال
ھەرخىل بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ ، ۋەزىيەتنى مۇ-
قىملاشتۇرۇشتا بەلگىلىك ئىجابىي رول ئوينىدى .

**قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ھېچبىر قائىدە ـ قانۇن ئاساسى يوق**

« نامۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش » تا « بۇزۇشنى
ئالدىغا قويغاندا ، تىكلەشمۇ شۇنىڭ ئىچىدە بولىدۇ » دېگەن روھ بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىنىپ ، ئازادلىقتىن بۇيانقى ئىجابىي ، سەلبىي جەھەتتىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ بېكىتىپ چىققان ھەرخىل قائىدە ـ تۈزۈملەرنى « چوڭ بۇزۇپ ، چوڭ تىكلىمەكچى » بولۇشتى .

جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ھەتتا « 17 يىل بىلەن قارىمۇقارشى ئىش قىلىش » دېگەندەك بىمەنە شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، ھەممىنى ئىنكار قىلىشقا قۇتراتقۇلۇق قىلدى . بولۇپمۇ ، 60 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا تۈزۈپ چىقىلغان بىرقاتار خىزمەت نىزاملىرى ، مەسىلەن ، « سانائەت 70 ماددىسى » ، « سودا 40 ماددىسى » ، « قول سانائەت 30 ماددا » ، « ئالىي مائارىپ 60 ماددا » ، « پەن ـ تېخنىكا 14 ماددا » ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەت 8 ماددا » قاتارلىق ئەمەلىيەت توغرىلىقىنى ئىسپاتلىغان ، ئاكتىپ رول ئوينىغان نىزاملارنى ھەممىسىنى بىراقلا « شيۇجېڭجۇيى » نىڭ « كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرىدىغان » « قارا نىزام » دەپ ، پىپەن قىلدى ۋە ئىنكار قىلدى .

بۇنداق ھالدىكى ، ئازادلىقتىن بۇيانقى تەجرىبىلەرنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىشتەك « چوڭ بۇزۇش » ، ئەلۋەتتە « چوڭ تىكلەش » نى ئېلىپ كېلەلمەيتتى ، شۇڭا خىزمەتتە ۋە ئىشلەپچىقىرىشتا ھېچقانداق قائىدە ـ نىزام بولماسلىق ، زور دەرىجىدىكى قالايمىقانچىلىقلارنى ، زىياننى ۋە بۇزغۇنچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

**ئورگانلارنى قىسقارتىپ ، خادىملارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشنىڭ نۇقسانلىرى كۆپ بولدى**

« ئورگانلارنى قىسقارتىش ، بۆلۈم خادىملىرىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش » پرىنسىپ جەھەتتىن قارىغاندا خاتا ئەمەس ، لېكىن بۇنىڭ ئالدىنقى شەرتى فۇنكسىيىنى ئۆزگەرتىپ ، ھوقۇقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش بولۇشى كېرەك ئىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ، ھوقۇق ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشكەن ، ھاكىمىيەتنىڭ فۇنكسىيىسى ھېچقانداق بىر ئۆزگىرىش قىلمىغان ئەھۋالدا ، بۇنداق تەلەپنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى ، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى ئاددىي بولغان ، شەكىلدىكىلا ئادەم قىسقارتىش ئىشى

بولۇپ قالاتتى . مەسىلەن ، گوۋۇيۈەننىڭ ئەسلىدە 90 مىنىستىرلىق ، كومىتېت دەرىجىلىك ئورگانلىرى بار ئىدى . 1970 ــ يىلى ئىيۇلدا 27 مىنىستىرلىق ، كومىتېتىغا قىسقارتىش ، ئەسلىدە بار بولغان 53748 خىزمەتچى خادىمدىن 9710 ئادەمنىلا ئېلىپ قېلىش بەلگىلەندى ، قالغان خادىملارنىڭ ھەممىسىنى تۆۋەنگە چۈشۈرمەكچى بولدى . بىراقلا ، بۇنداق قىسقارتىش ناھايىتى تەستە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان گوۋۇيۈەننى بەكلا ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى ، لېكىن ۋەزىپە ئازايمىدى ، نەتىجىدە يەنە بەزى ئورگانلارنى تەسىس قىلىشقا ، ھەرخىل ناملار بىلەن ئادەم يۆتكەپ كېلىپ ئىشلىتىشكە توغرا كەلدى ، شۇنىڭ بىلەن ئورگان ، خادىم ھەقىقىي تۈردە قىسقارمىدى . ئاساسىي قاتلامدىكى ئورۇنلارمۇ شۇنداق بولدى . نەتىجىدە ، نۇرغۇن ئاساسىي قاتلام ئورۇنلاردا نامدا قىسقارتقان بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە قىسقارتمايدىغان ، ساختىپەزلىك ، شەكىلۋازلىق قىلىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى .

« قىسقارتىش ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈش » نامى بىلەن نۇرغۇنلىغان كادىر ، ئوقۇتقۇچى ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت خادىملىرى ، ئاخباراتچىلار ، نەشرىياتچىلار ، بىناكارلىق تېخنىك خادىملىرى قاتارلىقلارنى « 5 ـ ماي كادىرلار مەكتىپى » گە ئەمگەك قىلىشقا ، ئاتالمىش « كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارنىڭ قايتا تەربىيىسى » نى ئېلىشقا ئەۋەتتى . دۆلەت ئېھتىياجلىق بولغان خادىملارنىڭ زېھنى ۋە ۋاقتى ئىسراپ بولۇپ كەتتى . چېكىدىن ئاشقان سولچىل ئىدىيىنىڭ تەسىرى ۋە تەرەپبازلىق تۈپەيلىدىن بۇ خىل كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ئۇسۇلى ، كۆپىنچە ھاللاردا ئۆزىگە قارشىلارنى چەتكە قېقىش ، كادىرلارنى جازالاش ، زىيالىيلارنى نابۇت قىلىشنىڭ تەدبىرى بولۇپ قالغانىدى .

نەتىجىدە بۇ قېتىمقى قىسقارتىش ، تۆۋەنگە چۈشۈرۈش دۆلەتنىڭ نۇرغۇن مالىيە كۈچى ۋە ماددىي كۈچىنى ئۇيىراتتى ، شۇنداقلا نەچچە مىليونلىغان كادىرنى رىيازەت چەككۈزدى . ئورگانلارنى ھەقىقىي قىسقارتىش ، ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈش بولمايلا قالماستىن ، يەنە ھەر

www.uyghurkitap.com

جەھەتتىكى خىزمەتلەرگە زىيان سېلىپ، نۇرغۇن يامان ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

**مەغلۇپ بولغان مائارىپ ئىنقىلابى**

«كۆرەش قىلىش، پىپەن قىلىش، ئۆزگەرتىش» باسقۇچىدا يەنە ئاتالمىش «مائارىپ ئىنقىلابى» ئېلىپ بېرىلدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» باشلانغاندىن تارتىپ ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى توختىتىپ، «دەرسنى توختىتىپ ئىنقىلاب قىلىش» تۆت يىلدىن ئاشقاندى. ماۋ زېدۇڭنىڭ 1968 ـ يىلى 21 ـ ئىيۇل بىر تەكشۈرۈش دوكلاتىغا سالغان تەستىقى: «ئۇنىۋېرسىتېتلارنى يەنە ئاچىمىز، مېنىڭ بۇ يەردە دېمەكچى بولغىنىم، سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى يەنە ئاچىمىز، ئەمما ئوقۇش مۇددىتى قىسقىرىشى، مائارىپ ئىنقىلاب قىلىشى كېرەك، پرولېتارىيات سىياسىتى قوماندان قىلىش، شاڭخەي ستانوك زاۋۇتىنىڭ ئىشچىلاردىن تېخنىك خادىملارنى يېتىشتۈرۈش يولىدا مېڭىش لازىم. ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىي تەجرىبىسى بار ئىشچىلار، دېھقانلاردىن تاللاش، مەكتەپتە بىرنەچچە يىل ئوقۇغاندىن كېيىن يەنە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە قايتىش لازىم» غا ئاساسەن، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى «ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش (سىناق قىلىش) توغرىسىدىكى دوكلات» نى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنى 1970 ـ يىلى 27 ـ ئىيۇندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەستىقلىدى.

ھۆججەتتە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەزەلدىن بىر تۇتاش ئىمتىھان ئېلىپ، ئەلالىرىنى تاللىۋېلىشتەك ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۇسۇلىنى «شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتىكى ئىمتىھان تۈزۈمى» دەپ ھاقارەتلەپ، ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتتى، بۇنىڭ ئەكسىچە «ئامما كۆرسىتىش، رەھبەرلىك تەستىقلاش ۋە مەكتەپ قايتا تەكشۈرۈش بىرلەشتۈرۈلگەن ئۇسۇل» بويىچە ئاتالمىش «ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچىلار» نى قوبۇل قىلىدىغان بولدى. ئوقۇش مۇددىتى ئىككى

يىلدىن ئۈچ يىلغىچە بولدى. دەرسلەر: «ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئاساسىي ماتېرىيال قىلغان سىياسەت دەرسلىكى؛ ئوقۇتۇش، پەن - تەتقىقات، ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلەشكەن كەسپىي دەرس؛ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش مەزمۇن قىلىنغان ھەربىي - تەنتەربىيە دەرسلىكى بولۇپ، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت كەسپىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتنىششى كېرەك» ئىدى. يەنە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇش جەريانىدىكى ۋەزىپىسىمۇ بېكىتىلدى، ئۇ ئاتالمىش «ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش، ئۇنىۋېرسىتېتنى باشقۇرۇش، ئۇنىۋېرسىتېتنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن ئۆزگەرتىش» ئىدى.

ئالىي مائارىپتا مۇۋاپىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش زۆرۈر، ئەمما «سول» چىل ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىلغان بۇ «ئوقۇتۇش ئىسلاھاتى»، ئەسلىدە تەسەۋۋۇر قىلغان «شيۇجىڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، شيۇجىڭجۇيىدىن ساقلىنىش»، ھەم قىزىللاشقان، ھەم مۇتەخەسسىسلەشكەن ئىزباسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش مەقسىتىگە يېتىش تۇرماق، ئەكسىچە ئالىي مەكتەپ مائارىپىغا زور زىيان سالىدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق يامان ئاقىۋەتلىرى: ئۇزاق يىللىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ئارقىلىق شەكىللەنگەن ھەرخىل قائىدە - تۈزۈملەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئالىي مەكتەپلەرنى ئۇزاق مۇددەت قالايمىقان ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى؛ ئوقۇتقۇچىلار ئۆزگەرگۈچى ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاچقا، ئوقۇتۇشتا ئۆزىنىڭ يېتەكچى رولىنى جارى قىلدۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ نورمال مۇناسىۋىتى بۇزۇلدى؛ مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەدەنىيەت ئاساسى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئاساسىي دەرسلەر كۆپلەپ قىسقارتىۋېتىلدى، نەتىجىدە مائارىپ سۈپىتى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى؛ ئىمتىھان ئېلىش ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، «ئاما كۆرسىتىش، رەھبەرلىك تەستىقلاش» قا ئۆزگەرتىلگەچكە، مەكتەپكە ھەرخىل نامۇۋاپىق ۋاسىتىلەر بىلەن كىرىۋالىدىغانلارغا زور ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلدى، نەتىجىدە

www.uyghurkitap.com

« ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش » ئەۋج ئېلىپ ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزدى .

ئالىي مەكتەپلەرگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋەزىيىتىگە ماسلىشىش ۋە « سول » چىل يېتەكچى فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن 1971 ـ يىلى 15 ـ ئاپرېلدىن 31 ـ ئاپرېلغىچە بېيجىڭدا مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى ئېچىلدى . يىغىنغا 630 دەك ئادەم قاتناشتى . 100 كۈندىن ئۇزاق ئېچىلغان يىغىن جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر ئۆزگەرتىپ بېكىتكەن ، ماۋ زېدۇڭ قوشۇلغان « مەملىكەتلىك مائارىپ خىزمەت يىغىنى خاتىرىسى » نى ماقۇللىدى .

بۇ « خاتىرە » دە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بۇرۇنقى پۈتكۈل مائارىپ خىزمىتىگە گۇناھ ئارتىلىپ ، پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىندى . ئازادلىقتىن بۇيانقى 17 يىلدا « ماۋ جۇشىنىڭ پرولېتارىيات مائارىپ لۇشيەنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىزچىللاشتۇرۇلمىغان ، مائارىپ تۈزۈمى ، ئوقۇتۇش فاڭجېنى ۋە ئۇسۇلى ئاساسىي جەھەتتىن كونا هالەتتە تۇرۇپ كەلگەن » ، « بۇرژۇئازىيە پرولېتارىيات ئۈستىدىن دىكتاتورا يۈرگۈزگەن » ؛ كۆپ ساندىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ « دۇنيا قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن بۇرژۇئازىيىنىڭ » دېيىلدى . بۇ خىل ئەمەلىي ئەھۋالغا پۈتۈنلەي ماس كەلمىگەن « ئىككى مۆلچەر » ئۇزۇن مۇددەت زىيالىيلارغا روھىي كىشەن بولۇپ كەلدى . « خاتىرە » « ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەر ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇيدۇ ، ئۇنىۋېرسىتېتنى باشقۇرىدۇ ، ئۇنىۋېرسىتېتنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن ئۆزگەرتىدۇ » دېگەن خاتا چارىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋە ماختىغان ھەمدە « ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەر ئوقۇغۇچىلار مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ جانلىق كۈچى » دەپ ، يەنە بەزى « سول » چىل بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىقتى . « خاتىرە » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئالىي مەكتەپ باشقۇرۇشتىكى يېتەكچى ھۆججەت بولغاچقا ، ئۇ ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى .

يۇقىرىدا ئېيتىلغان « مائارىپ ئىنقىلابى » كەڭ مائارىپ خىزمەتـ

چىلىرى ۋە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاكتىپچانلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن ، يەنە تەسىرى يامان بولۇپ ، جەمئىيەتتە ۋە ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپلەردە « ئوقۇغانىنىڭ پايدىسى يوق » ، « ئوقۇغان زىيان تارتىدۇ » دېگەندەك خاتا ئىدىيىلەرنىڭ پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولدى . ئوتتۇرا ، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تىرىشىپ ئوقۇمىدى ، مەكتەپلەرنىڭ تەرتىپى قالايمىقان بولۇپ كەتتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتا يېتەكچى فاڭجېنىدا ئېلىپ بېرىلغان « دەرىسنى توختىتىپ ئىنقىلاب قىلىش » ۋە « مائارىپ ئىنقىلابى » نىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى شۇ بولدىكى ، ئۇ بىر ئەۋلاد ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ۋە يېتىلىشىگە دەخلى قىلدى ھەمدە ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا قوشۇنى ۋە ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىقتىدارلىق ئادەملەرنىڭ ئورنىنى باسىدىغانلار چىقماسلىقتەك ھالەتنى پەيدا قىلىپ ، دۇنيانىڭ ئىلغار سەۋىيىسى بىلەن بولغان پەرقىمىزنى چوڭايتىۋەتتى .

**ئاساسسىزلا ئېلىپ بېرىلغان « 16 ـ ماي » گورۇھىدىكىلەرنى ئېنىقلاش ھەرىكىتى**

« كۆرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » نى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىرگە ، يەنە كەڭ كۆلەمدە « 16 ـ ماي ئەكسىلئىنقىلابىي، سۇيىقەستچىلەر گورۇھىنى تازىلاش » ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى .

ئاتالمىش « 16 ـ ماي » ئەكسىلئىنقىلابىي گورۇھى ئەسلىدە « پايتەخت 16 ـ ماي قىزىل قوغدىغۇچىلار تۈەنى » دەپ ئاتالغان ، ئادەم سانى ناھايىتى ئاز بولغان ، چېكىدىن ئاشقان سولچى تەشكىلاتقا قارىتىلغان . ئۇلار 1967 ـ يىل « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئاشكارا ئېلان قىلىنغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، بۇ ئۇقتۇرۇشنى ئىزچىللاشتۇرىمىز ، دېگەن نام بىلەن مەخپىي تەشكىلات قۇرۇپ ، مەخپىي ھەرىكەت ئېلىپ بارغان ، « فېۋرال تەتۈر شامىلىنىڭ ئارقا تىرىكى جۇ ئېنلەينى تارتىپ چىقىرايلى » ، « جۇ ئېنلەي قاتارلىقلارنىڭ ئەجەللىك يېرى 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشىغا ئاسىيلىق قىلىش » ، « جۇ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭىمىزنىڭ شەرمەندە خائىنى » دېگەندەك ئەكسىيەتچى تەش

ۋىق ۋەرەقىلىرىنى بېيجىڭنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا تارقىتىپ، لوزۇنكىلارنى چاپلىغان.

بېيجىڭدىكى كەڭ ئاممىا بۇلارنىڭ جۇئېنلەيگە قارشى تۇرغان جىنايى قىلمىشلىرىدىن ئىنتايىن غەزەپلەندى ۋە ئۆزلۈكىدىن ئۇلارغا قارشى تۇردى، شۇنداقلا بۇ قارانىيەتلەرنى قاتتىق جازالاشنى تەلەپ قىلىشتى. ماۋ زېدۇڭ 1967 ـ يىل 8 ـ سېنتەبىردىكى «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ياۋۋېنيۈەننىڭ «تاۋجۇنىڭ ئىككى كىتابىغا باھا» دېگەن ماقالىسىگە بىر ئابزاس سۆزنى يەنى «16 ـ ماي» تەشكىلاتىنىڭ تەشكىللىگۈچىسى ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغۇچى «چېكىدىن ئاشقان سول، ئەمەلىيەتتە ئوڭ بولغان شوئارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ھەممىدىن گۇمانلىنىش تەتۈر قويۇننى چىقاردى»، «پرولېتارىيات قوماندانلىق شتابىنى توپقا تۇتىدىغان»، «سۇيىقەست بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ»، ئۇلارنى تەلتۆكۈس پاش قىلىش كېرەك، دېگەن سۆزنى قوشۇپ قويدى. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلات ئېنىقلاپ چىقىلدى، كاتتىۋاشلىرىنى جامائەت خەۋپسىزلىك ئورۇنلىرى قولغا ئالدى، مەسىلە ئاساسىي جەھەتتىن ھەل بولدى.

لېكىن، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار «16 ـ ماي» تەشكىلاتىنى ئېنىقلاش دېگەن شوئاردىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەكسىيەتچى تەشكىلاتنىڭ كۆچى ۋە ھەرىكىتىنى بەكلا يۇغانلىتىپ، دائىرىسىنى كېڭەيتىۋەتتى، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلەرگە ئېيتقىلى بولمايدىغان مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئۇلار ئېنىقلاش نىشانىنى ھەرخىل باھانىلەر بىلەن قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتتى ۋە يۆتكىۋەتتى.

1968 ـ يىلى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «16 ـ ماي» تەشكىلاتىنى ئېنىقلاش مەخسۇس دېلو رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنى قۇرىدىغان چاغدا، چېن بودا ئۆزىنى ئۆزى كۆرسىتىپ گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، شې فۇجى، ۋۇ فاشيەن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بولدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، «مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسى» غا قارشى تۇرغان، لىن بياۋ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارغا

قارشى تۇرغان نۇرغۇنلىغان كادىر ، ئاممىنى « 16 ـ ماي » ئۇنسۇرلىرى دەپ تۇتتى . ئاتالمىش « 16 ـ ماي ئۇنسۇرلىرى » نىڭ ئۆلچىمى ماۋ زېـدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان ئىككى شەرت ئىدى : « بىرى ، ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى رەھبەرلىكىگە بۇزغۇنچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلغانلار ؛ يەنە بىرى ، پرولېتارىيات دىكـتاتورىسىنىڭ تۈۋرۈكى بولغان ئۇلۇغ خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىگە بۇزـغۇنچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلغانلار » . بۇ ئىككى شەرت پرىنسىپ جەھەتتىن توغرا ئىدى ، لېكىن « بۇزغۇنچىلىق ۋە بۆلگۈنچىلىك قىلىش » دېگەننىڭ ئېنىق بىر چېكى بېكىتىلمىگەن ، ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دېگەن قايسى ئادەملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، بەزى مارشال ۋە گېنېراللارغا قارشى تۇرغانلىق « ئازادلىق ئارمىيىسى » گە بۆلگۈنچىلىك قىلغانلىق بولامدۇ ؟ دېگەن مەسىلىلەر ئېنىق بەلگىلەنـمىگەنىدى . شۇڭا ، بۇ ئىككى شەرتتە ناھايىتى زور خاھىشچانلىق مەۋـجۇت بولۇپ ، ئۇنى ھەرخىل چۈشەندۈرۈشكە بولاتتى . شۇڭلاشقا ، بەزى جايلار ياكى ئورۇنلاردىكى ئىككى تەرەپ تەشكىلاتلىرى بۇ پۇرـسەتتىن پايدىلىنىپ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلدى ، قارشى تەرەپنى « 16 ـ ماي » ئۇنسۇرلىرى دەپ تۇرۇۋالدى ، ئەھۋال ھەقىقەتەن مۇرەككەپلىشىپ كەتتى . ئاتالمىش « قىزىل تېررورلۇق » ئاستىدا ، بەزى ئورۇنلارنىڭ ئۈچتىن بىر ئادىمى « 16 ـ ماي » ئۇنسۇرى قىلىپ بېكىتىلدى ، ھەتتا ئېنىقلاش خىزمىتىگە مەسئۇل بولغان دېلو خادىملىرىمۇ « 16 ـ ماي » ئۇنسۇرى قىلىپ قويۇلدى . كۆپلىگەن كادىر ۋە ئامما جىسمانىي ۋە روـھىي جەھەتتە ئېغىر دەرىجىدە نابۇت قىلىندى .

1970 ـ يىلى 27 ـ مارتتا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « « 16 ـ ماي » ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيقەستچىلەر گۇرۇھىنى ئېنىقلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى تارقاتتى . بۇ ئۇقتۇرۇشتا كېڭەيتىۋېتىش خاھىشىنى تۈزىتىش ، مەجبۇرىي قىستاپ ئىقرار قىلدۇرماسلىق ، جىسمانىي جازا بەرمەسلىك ، « تەربىيە ئالىدىغانلارنى كۆپەيتىپ ، زەربە بېرىلىدىغانلارنى ئازايتىش » تەلەپ قىلىندى . ئەمما ، ئۇقتۇرۇشتا يەنە ، « دۆلەت

www.uyghurkitap.com

ئىچى ـ سىرتىدىكى سىنىپىي دۈشمەنلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز مۇ-
رەكـكەپ ، ئەكسىلئىنقىلابىي مەخپىي تەشكىلات پەقەت « 16 ـ ماي » لا
ئەمەس دېيىلگەننىدى ، ئەمەلىيەتتە بۇ تېخىمۇ كۆپ « ئەكسىلئىنقىلابىي
مەخپىي تەشكىلات » لارنى تۇتۇشقا قۇتراتقانلىق ئىدى . بۇ ئۇقتۇرۇش
يەنە زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ گېنېراللىرى شياۋ
خۇا ، ياڭ چىڭۋۇ ، يۈي لىجىن ، فۇ چۇڭبىلارنى خاتا ھالدا ، مەركىزىي
مـەدەنـىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىنىڭ سابىق ئەزالىرى ، لىن بياۋ ، جياڭ
چىڭغا ياردەملىشىپ نۇرغۇن ئەسكىلىكلەرنى قىلغان ، شۇ چاغدا ئايرىپ
تـەكشۈرۈلۈۋاتقان ۋاڭ لى ، گۇەنفېڭ ، چى بېنيۈي قاتارلىقلار بىلەن ئا-
رىلاشتۇرۇپ ھەممىسىنىلا « 16 ـ ماي » ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستچى
گۇرۇھىنىڭ تىزگىنلەپ تۇرغۇچىلىرى دېدى .

كـېيىنكى ئىشلار تېخىمۇ كۈلكىلىك بولدى . 9 ـ نۆۋەتلىك مەر-
كىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن ، مەخسۇس دېلو گۇ-
رۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى بولغان چېن بودا « 16 ـ ماي » ئەكسىل-
ئىنقىلابىي تـەشـكـىـلاتـىـنىڭ تىزگىنلەپ تۇرغۇچىسى قىلىپ بېكى-
تـىـلدى . « 13 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى » دىن كېيىن ، لىن بياۋ بۇ تىزگىن-
لەپ تۇرغۇچىلار تىزىملىكىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ يېزىلدى . مەركەزنىڭ
« 16 ـ مـاي » ئۇنسۇرلىرىنى ئېنىقلاش مەخسۇس دېلو گۇرۇپپىسىنىڭ
ئىشخانا مـۇدىــرى ئـۆزىــنى ئۆلتۈرۈۋالدى . بۇنداق قالايمىقان ھالەتتىكى
« ئېـنىقلاش » نى ئېلىپ بېرىش تەبىئىي ھالدا بەك تەسكە توختايتتى .
بۇنداق قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان « سىنىپىي كۈرەش » دە نەچچە
مىليونلىغان كادىر ، ئاممىنى چۈشىنىكسىزلا پەيدا بولغان ئازاب ۋە ئاپەتكە
دۇچار بولدى .

### ئىقتىسادىي خىزمەتتىكى پايدا ـ زىيان

9 ـ قـۇرۇلتايدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە پۈتۈن مەملىكەت-
نىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىرقەدەر تۇراقلىق بولدى ، ئىقتىسادىي خىزمەتتە
بـەزى ئىلگىرىلەشلەر كۆرۈلدى ، ئەمما يەنە بەزى زور زىيانلارمۇ بولدى .

1969 ـ يىلى ئىككى يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىشـ لەپچىقىرىش تـۆۋەنلـەپ كـېتىش ئەھۋالى كونترول قىلىنىپ ، ئىقتىـ ساد ئاز ـ تولا ئۆرلىدى . شۇ يىلى سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشـلەپـ چـىـقـىـرىـش ئـومـۇمىي قىممىتى 1968 ـ يىلىنىڭكىگە قارىغاندا 23.8% ئۆستى .

1970 ـ يىلى ئىقتىسادىي تەرەققىيات تېز بولۇپ 1966 ـ يىلدىكى سەۋىيىدىن ئېشىپ كەتتى . 1970 ـ يىلى 24 ـ ئاپرېلدا ئېلىمىز يەر شارى تۇنجى سۇنئىي ھەمراھىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بەردى . 1970 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا ئۇزۇنلۇقى 1083 كىلومېتىر كېلىدىغان چېڭدۇ ـ كۇنمىڭ تۆمۈر يولىدا قاتناش باشلاندى . بۇ تۆمۈريولنىڭ گېئولوگىيىلىك تۈزۈـ لۈشى بەك مۈرەككەپ بولۇپ ، كۆۋرۈك ، تونىلنىڭ ئۇزۇنلا پۈتۈن يولنىڭ 40% ىنى ئىگىلەيتتى . بۇنداق تۆمۈريولنى ياساش ھەقىقەتەن تەس ئىدى . 1970 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پۈتۈن مەملىكەتتە 10 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىگە ئاتلىنىپ ، سېلىنما سوممىسى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 76% كۆپ بولدى . ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتا قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەر كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ دۆلەت ۋە خەلق مەنپەـ ئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تو- سالغۇلىرىنى يېڭىپ ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن تۆھپە قوشقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ ، شۇنداقلا يەنە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى ئېلىپ بېرىش ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ، كىشىلەر كۆڭلىنىڭ مايىللىقى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

بۇ مەزگىلدە « سول » چىل خاتالىقنىڭ تەسىرىدە ئىقتىسادىي خىزمەتتە چوڭ زىيانمۇ كۆرۈلدى .

1970 ـ يىلى 15 ـ فېۋرالدىن 21 ـ فېۋرالغىچە گوۋۇيۈەن مەملىـ كەتلىك پىلان خىزمەت يىغىنى ئاچتى . يىغىندا 1970 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىك ئىقتىسادىي پىلانى ۋە 4 ـ بەش يىللىق پىلان لايىھىسى تۈزۈپ چىقىلدى . مەركەزنىڭ رەسمىي پىلان يىغىنى ئېچىپ ، بەش يىللىق پىلان تۈزۈشى ئىقتىسادىي خىزمەتكە ئەھمىيەت بېرىشكە باشلىغانلىقىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بىلدۈرەتتى. ئەمما، يېتەكچى ئىدىيە توغرا بولمىغاچقا، يەنە يېڭى مەسىلە كۆرۈلدى.

يىغىن پارتىيە 9 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ ئۇرۇشىدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ ۋە «ئۇرۇش ئىنقىلابنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ»، «ئىنقىلاب بىلەن ئۇرۇشنى توسۇش» دېگەندەك خەلقئارا ۋەزىيەت توغرىسىدىكى تۈپ پرىنسىپىغا ۋە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى قائىدىسىغا ئاساسەن «سىنىپىي كۆرەشنى تۇتقا قىلىپ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى چىڭ تۇتۇپ، خەلق ئىگىلىكىدە يېڭى يۈكسىلىشنى ئىلگىرى سۈرۈش» دېگەن شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «كۆچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئۈچ چوڭ ئىستراتېگىيىلىك ئارقا سەپنى قۇرۇش»نى 4 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى قىلىشنى بەلگىلىدى. بۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە مۇۋاپىق ئەمەس ئىدى.

لىن بياۋ ئوتتۇرىغا قويغان «ھەممىنى ئۇرۇش قىلىش نۇقتىئىنەزىرى بويىچە كۆزىتىش، تەكشۈرۈش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش» تەلىپى بويىچە، يىغىن 1970 ـ يىلدىكى سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1969 ـ يىلغا قارىغاندا 17% ئۆسسۇن، ئاساسىي قۇرۇلۇش سېلىنمىسى 46% كۆپەيسۇن، بۇ سېلىنما ئاساسلىقى ھەربىي سانائەت ۋە ھەربىي سانائەتنى يۈرۈشلەشتۈرىدىغان تۈرلەرگە ئىشلىتىلىدۇ، دەپ بەلگىلىدى.

يىغىن 4 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ لايىھىسىنى تۈزگەندە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرگەن ئاكتىپ تەسىرىنى نامايان قىلىمىز دەپ، بەزى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان يۇقىرى كۆرسەتكۈچلەرنى بەلگىلىدى. مەسىلەن، ماۋ زېدۇڭنىڭ 4 ـ بەش يىللىق پىلاندا «35 مىليوندىن 40 مىليون تونىغىچە پولات ئىشلەپچىقىرىمىز» دېگەن تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن، 1975 ـ يىلى پولات ئىشلەپچىقىرىش 35 مىليون توننىدىن 40 مىليون تونىغىچە بولىدۇ، ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 40 مىليون توننىدىن يۇقىرى بولىدۇ، دەپ بەلگىلىدى. 1975 ـ يىلى يېزا نوپۇسىدىكى ھەربىر ئادەمگە بىر مودىن يۇقىرى

مەھسۇلاتلىق ئېتىز توغرا كېلىشى كېرەك ، ماشىنا بىلەن مەشغۇلات ئې-
لىپ بېرىش دەرىجىسى 40% دىن 50% گىچە بولۇشى لازىم ، دېگەنلەر
تەلەپ قىلىندى .

4 ـ بەش يىللىق پىلانىنىڭ لايىھىسى گەرچە كېيىن رەسمىي
چۈشۈرۈلمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئىقتىسادىي خىزمەتكە زور تەسىر
كۆرسەتتى . ئۇنىڭدىكى يۇقىرى كۆرسەتكۈچلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش
ئۈچۈن كىشىلەر پەن ـ تېخنىكا سەۋىيىسىنى ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى
ئۆستۈرۈش ئامىللىرىنى قىلماي ، ئەكسىچە مەبلەغنى ، ئادەمنى كۆپەيتىش-
تەك كونا ئۇسۇلنى قوللاندى ، نەتىجىدە 1970 ـ يىلدىن كېيىن كەڭ
كۆلەمدە كۆپەيگەن ئاساسىي قۇرۇلۇش مىقياسىدا ، ئىشچى كۆپلەپ كۆ-
پەيتىلدى ، شۇنىڭ بىلەن 1971 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى « ئۈچ چەكتىن ئېشىپ
كېتىش » ، يەنى ئىشچى ـ خىزمەتچى سانى 50 مىليوندىن ئېشىپ كې-
تىش ، مائاش 30 مىلياردتىن ، ئاشلىق 80 مىليارد جىڭدىن ئېشىپ كې-
تىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . نەتىجىدە بازاردىكى تەمىنلەش
جىددىيلىشىش ، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتى چۈشۈپ كېتىش ، ھەرخىل
ھادىسىلەر كۆپلەپ كېتىش ئەھۋاللىرى كۆرۈلدى . نۇرغۇن يامان ئىل-
لەتلەر يەنە باشقىدىن پەيدا بولۇشقا باشلىدى . بۇنىڭغا قاراپ يەنە بىر
قېتىم تەرتىپكە سېلىش ئېلىپ بېرىلدى . تاۋار ئاشلىق يەيدىغان نۇرغۇن
ئىشچى ـ خىزمەتچى ۋە شەھەر ـ بازار ئاھالىسى قىسقارتىلدى ، ئاما ئا-
رىسىدا قىينىچىلىق تۇغۇلدى ، ئاما نارازى بولدى .

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، 9 ـ قۇرۇلتايدىن
كېيىن پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئېلىپ بېرىلغان « كۈرەش قىلىش ،
پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » يېتەكچى فاڭجېنىنىڭ خاتا بولۇشى بىلەن
« زۆرۈر غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش » مەقسىتىگە يېتەلمەيلا قالماي ،
ئەكسىچە نۇرغۇن يېڭى زىددىيەتلەرنى پەيدا قىلىپ ، ھەرقايسى جەھەت-
لەردىكى خىزمەتلەردە قالايمىقانچىلىق ۋە زىيان كۆرۈلدى . « كۈرەش
قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش » ھەرىكىتى لىن بياۋ ۋەقەسى تۈ-
پەيلى ئۈزۈلۈپ قالدى ، كېيىن داۋاملاشتۇرۇلمىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

## 3 . لۇشەندىكى ۋەزىيەتنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئۆزگىرىشى

9 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ ، پارتىيىنى قايتىدىن قۇرۇش مەسىلىسى ھەل قىلىندى ، ئەمدى ھۆكۈمەتنى قايتا قۇرۇش ھەققىدە ئويـ لىنىش كېرەك ، دەپ ھېس قىلدى . چۈنكى ئۇ چاغدا ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن ـ تۈزۈملەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانچقا ، قانۇن بويىچە سايلاپ چىـ قىلغان دۆلەت رەئىسى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنىدى ، ھۆـ كۈمەت ئورگانلىرى تولۇقلانماي ، خىزمەت ئۈنۈمى تۆۋەنلەپ كەتكەـ نىدى ، جەمئىيەت تەرتىپى قالايمىقان ئىدى . ھۆكۈمەتنى باشقىدىن قۇـ رۇپ چىقىش ، ئاساسىي قانۇنى ئۆزگەرتىپ چىقىش ۋە 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش تەقەززالىق بىر ئىش بولۇپ قالغانىدى .

1970 ـ يىلى 8 ـ مارتتا ماۋ زېدۇڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ھەققىدە پىكىر بەردى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەت تۈزۈلـ مىسىنى ئۆزگەرتىپ ، دۆلەت رەئىسى قويماسلىق ھەققىدە تەكلىپ بەرـ دى . 17 ـ مارتتىن 20 ـ مارتقىچە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېيجىڭدا خىزمەت يىغىنى ئېچىپ ، 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى . يىغىندا كۆپ ساندىكى يولداشلار ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىپ ، دۆلەت رەئىسى قويماسلىق تەكلىپىنى قوللىدى ، يەنە بەزىـ لەر ماۋ زېدۇڭنى باشقىدىن دۆلەت رەئىسى بولسىكەن دېگەن ئۈمىدتە بولدى . يىغىندىن كېيىن مەركەز ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ۋە 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش خىزمەتلىرىنىڭ تەييارلىقىنى باشلىۋەتتى . مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدا ئاساسىي قانۇن خىزمەت گۇرۇپپىسى قۇرۇلدى ، ئۇنىڭ ئەزالىرى : كاڭ شېڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ، ۋۇ فاشيەن ، لى زۇيپېڭ ، جى دېڭكۈيلەردىن ئىبارەت بولدى .

**ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش جەريانىدىكى ئاشكارا ، مەخپىي كۆرەشلەر**

لىن بياۋ گۇرۇھىدىكىلەر 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى بىر قېتىملىق ناھايىتى مۇھىم بولغان « ھوقۇقنىڭ قايتا تەقسىملىنىشى » دەپ بىلىپ ، ئۇنى تېخىمۇ كۆپ ھوقۇقنى تارتىۋېلىشتىكى ناھايىتى ئوبدان پۇرسەت دەپ ھېس قىلىشتى .

بۇ گۇرۇھ ئەسلى شەخسىي قارانىيەتنى ۋە مەزھەپچىلىكنى ئاساس قىلىپ ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن كېيىن ، تەدرىجىي ھالدا شەكىللەنگەن گۇرۇھ ئىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ بېشىدىلا لىن بياۋ « مۇئاۋىن باش قوماندان » دېگەن ئورۇننى ئىگىلىۋالغاچقا ، ئارمىيىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك گېنېراللار ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى ، « سولچىلارنى قوللاش » دا يەرلىكنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قاتناشقان پۇرسەتتىن پايدىلانغاچقا ، بۇ گۇرۇھنىڭ ھوقۇقى ناھايىتى تېز زورىيىپ كەتتى ، 9 ـ قۇرۇلتاي ۋە 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئارقىلىق پەللىگە يەتتى . بۇ چاغدا لىن بياۋنىڭ « ئىزباسار » لىق ئورنى پارتىيە نىزامنامىسىگە يېزىلدى ؛ لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىدىن خۇاڭ يۇڭشېڭ ، ۋۇ فاشيەن ، يې چۈن ، لى زوپېڭ ، چيۇ خۇيزولار مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا كىردى ؛ بىر تۈركۈم تايانچ ئادەملىرى ۋە مۇرىتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ئەزا بولدى ، خۇاڭ يۇڭشېڭ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ، باش شتاب باشلىقى ، ۋۇ فاشيەن ، لى زوپېڭ ، چيۇ خۇيزولار مۇئاۋىن شتاب باشلىقى ۋە ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى بولدى ، يې چۈنمۇ ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى بولۇپ ، ئەمەلىيەتتە بۇ گۇرۇپپىنى كونترول قىلدى . ئۇلار ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىدەك بۇ ئالاھىدە ئورگان ئارقىلىق ئەمەلىيەتتە خېلى كۆپ ھەربىي ھوقۇقنى ئىگىلىۋالدى . ئۇلارنىڭ ھوقۇقىنىڭ زورىيىشىغا ئەگىشىپ ، ئۇلارنىڭ قارا نىيىتىمۇ كۈچىيىپ كەتتى .

لىن بياۋ گۇرۇھى بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغان، 9 ـ قۇرۇلتايدا ناھايىتى زور ھوقۇققا ئىگە بولغىنى يەنە جياڭ چىڭ گۇرۇھى ئىدى. پارتىيە ئىچىدە ھېچقانداق ئورنى يوق جياڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر بىر ئۆرلەپلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولدى، كاڭ شېڭ سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولدى، ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىق ئادەملەرمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا كىردى. ئۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يېڭى باشلانغان چاغدا لىن بياۋنىڭ قوغدىشىغا موھتاج ئىدى، مانا ئەمدىلىكتە كۈچلىرى تەڭ بولغان رەقىبلەردىن بولۇپ قالدى.

ھالبۇكى، لىن بياۋ قاتارلىقلار جياڭ چىڭ گۇرۇھىنىڭ كۈچى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ كېتىپ، لىن بياۋنىڭ «ئىزباسار» لىق ئورنىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىش ئېھتىمالى بارلىقىنى ھېس قىلىشتى. يوقىرىقى سەۋەب، شۇنداقلا لىن بياۋنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىغا قاراپ، لىن بياۋ گۇرۇھى ھوقۇقنى بالدۇرراق «قولغا ئېلىش» قا ئالدىرىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ باردى.

9 ـ قۇرۇلتايدىن 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىغىچە لىن بياۋ گۇرۇھى ھوقۇقنى قولغا ئېلىش مەقسىتىدە ئېلىپ بارغان سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىدە ئاساسەن «تىنچلىق ئۇسۇلى بىلەن ھەل قىلىش» چارىسىنى قوللاندى. ئۇلار تەشكىلىي جەھەتتىكى ئۇستۇنلۈكى ئارقىلىق 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لىن بياۋنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش قارا نىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى بولۇشتى. بۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇقنى قولغا ئېلىشتىكى بىرىنچى قەدىمى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەتكەن تاكتىكىسى: ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشىنى قوللىغان بولۇش، ماۋ زېدۇڭنى تالانت ئىگىسى دەپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشىش ھەمدە ئۆز تەسىرىنى زورايتىش ئىدى. ئۇلار ئەمەلىيەتتە ماۋ زېدۇڭنى قۇرۇق جازا قىلىپ قويۇپ، ھەقىقىي ھوقۇقنى ئۆزلىرى تۇتۇشنى مەقسەت قىلغانىدى.

11 ـ ئاپرېل كۈنى لىن بياۋ خىزمەت يىغىنىغا قاتناشقان كۆپ ساندىكى يولداشلارنىڭ ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرىگە قارىماي ، يەنە بىر قېتىم دۆلەت رەئىسى قويۇش كېرەك ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويدى ھەمدە ماۋ زېدۇڭنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇشى ھەققىدە تەكلىپ بەردى . ئۇ « بۇنداق قىلىش پارتىيە ئىچى ـ سىرتى ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىدىكى خەلقلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقىدۇ » دېدى . ئەتىسى ماۋ زېدۇڭ « مەن بۇ ئىشنى ئەمدى قىلمايمەن ، بۇ تەكلىپ مۇۋاپىق ئەمەس » دەپ تەستىق سالدى . شۇ ئىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى يېرىم يىل ئىچىدە ماۋ زېدۇڭ ئالتە قېتىم دۆلەت رەئىسى قويماسلىق ۋە ئۆزىنىڭ دۆلەت رەئىسى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سۆز قىلغان .

لېكىن ، لىن بىياۋ ئۆزى بازارغا سالغان ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنى « چۈشەنسەكمۇ ئىجرا قىلىمىز ، چۈشەنمىسەكمۇ ئىجرا قىلىمىز » دېگەن « مەشھۇر سۆزى » گە ئەمەل قىلماي ، دۆلەت رەئىسى قويۇشتا چىڭ تۇردى . مايىنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ۋۇ فاشيەن بىلەن سۆزلەشكەندە يەنە تەكىتلەپ ، دۆلەت رەئىسى قويمىسا دۆلەتنىڭ باشلىقى يوق بولۇپ قالىدۇ ، دېگەن . لىن بياۋ يەنە ۋۇ فاشيەن ، لى زوپېڭلاردىن ، ئاساسىي قانۇن خىزمەت يىغىنىدا ، ئاساسىي قانۇنغا « دۆلەت رەئىسى » دېگەن بىر بابنى يېزىش ھەققىدە پىكىر بېرىشنى تەلەپ قىلغان . دۆلەت رەئىسى قويۇش ـ قويماسلىق مەسىلىدە مۇزاكىرە قىلىپ ھەل قىلغىلى بولىدىغان ، ماۋ زېدۇڭنىڭ قويمايلى دېگىنى بىلەن باشقىلار ئوخشىمىغان پىكىر بېرەلمەيدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . ئەمما ، بۇ مەسىلىدە لىن بياۋنىڭ باشقىچە غەرىزى بار ئىدى . ئىيۇندا يې چۈن ۋۇ فاشيەنگە : « دۆلەت رەئىسى قويمىسا ، لىن بياۋ قانداق قىلىدۇ ؟ ئۇنى نەگە قويىدۇ ؟ » دېگەن . لى زوپېڭ باشقىلارغا ئاشكارا ھالدىلا : لىن بياۋ دۆلەت رەئىسى بولسا « ناھايىتى مۇۋاپىق بولغۇدەك ، چۈنكى ئۇ مۇئاۋىن باش قوماندان ھەم ئىزباسار » دېگەن . بۇنىڭدىن لىن بياۋنىڭ دۆلەت رەئىسى بولماقچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ .

لىن بىياۋ گۇرۇھىنىڭ بۇنداق ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئالىي ھو-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قۇقنى تالىشىشى، ئەزەلدىن ئۆزئارا تىل بىرىكتۈرۈپ، بىرلىشىپ ئەسكـ
لىك قىلىپ كېلىۋاتقان جىياڭ چىڭ گۇرۇھى بىلەن بولغان زىددىيەتنى
كۈچەيتىۋەتتى. ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسىنى
مۇزاكىرە قىلىش يىغىنىدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئاشكا-
رىلاندى. 1970 ـ يىلى 13 ـ ئاۋغۇستتىكى ئاساسىي قانۇن خىزمەت يىغى-
نىدا ۋە 14 ـ ئاۋغۇستتىكى سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا ۋۇ فاشيەن كاڭ
شېڭ ۋە جاڭ چۇنچياۋ بىلەن قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ كەتتى. ۋۇ فاشيەن
ئاساسىي قانۇنغا «ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى مەملىكىتىمىز بارلىق خىزمەتلى-
رىنىڭ يېتەكچى فاڭجېنى» دېگەننى ۋە ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم ـ لېنى-
نىزمنى تەرەققىي قىلدۇردى دېگەننىڭ ئالدىغا «تالانتلىق بىلەن، ئو-
مۇميۈزلۈك، ئىجادىي» دېگەن ئۈچ سۆزنى قوشۇشنى تەشەببۇس قىلدى،
ئەمما كاڭ شېڭ، جاڭ چۇنچياۋ قارشى تۇردى. نەتىجىدە ۋۇ فاشيەن
يىغىندا «بەزىلەرنىڭ ماۋ جۇشىنىڭ ئۇلۇغ كەمتەرلىكىدىن پايدىلىنىپ،
ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىشىدىن ساقلىنىش كېرەك»
دەپ جار سالدى.

قارىماققا بۇ ئىپادىلەر شەكلى جەھەتتىكى تالاش ـ تارتىشتەك
ھەمدە نەزەرىيىۋى مەسىلىدەك ئىدى. نەزەرىيىدىن خەۋىرى يوق ۋۇ
فاشيەننىڭ بۇنداق مەسىلە ئۈستىدە ماركسىزم نەزەرىيىچىسى دەپ نامى
بار كاڭ شېڭ، جاڭ چۇنچياۋلارغا جەڭ ئېلان قىلىشقا جۈرئەت قىلالىشى
ھەقىقەتەن ھەيران قالارلىق ئىش ئىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا بۇ لىن بياۋ،
جىياڭ چىڭدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ كۈرىشىنىڭ بىر خىل ئىپادىلى-
نىشى ئىدى. چۈنكى ۋۇ فاشيەن بۇ ئۈچ سۆزنى لىن بياۋنىڭ ئوتتۇرىغا
قويغانلىقىنى، بۇ ئۈچ سۆزنى قىسقارتىۋېتىشنى ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا
قويغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. بۇ تالاش ـ تارتىشنىڭ ماھىيىتى پارتىيە
ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى تالىشىش بولۇپ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى
قانداق ئوتتۇرىغا قويۇش شەكلىدە ئىپادىلەنگەنىدى. بۇنداق ئىشچى ـ
تېشى ئوخشىمىغان، ئەگرى ـ توقاي كۈرەش «مەدەنىيەت زور ئىن-
قىلابى» مەزگىلىدىكى سىياسىي كۈرەشلەردىكى بىر خىل ئالاھىدە ھەم

ئويلىنىشقا تېگىشلىك غەلىتە ھادىسە ئىدى .
لىن بياۋ ، جياڭ چىڭدىن ئىبارەت ئىككى گۇرۇھ بىر - بىرى
بىلەن ئوچۇق - ئاشكارا ئېلىشىۋاتقان چاغدا ، ئەزەلدىن پۇرسەتپەرەس-
لىك قىلىپ ئۆگىنىپ كەتكەن ، شۇنداقلا جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ
بېسىمىغا ئۇچراپ كۆڭلىدە غۇم ساقلاپ يۈرگەن چېن بودا ۋەزىيەتنى
خاتا مۆلچەرلەپ ، لىن بياۋ گۇرۇھى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ۋۇ ئۇ-
فاشيەننىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ھەمدە ۋۇ فاشيەننى « پرىنسىپتا چىڭ
تۇردى ، يۇقىرى خىسلەتلىك » دەپ ماختىدى . بۇ ئەھۋاللار 9 - نۆۋەت-
لىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئالدىدا لىن بياۋ گۇ-
رۇھى بىلەن جياڭ چىڭ گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ھوقۇق تالىشىش
جىددىيلىشىپ ، بىر چوڭ ئېلىشىشنىڭ بولىدىغانلىقىدىن بېشارەت بېرىپ
تۇراتتى .

**9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىندىكى ئېلىشىش**

1970 - يىلى 23 - ئاۋغۇستتا لۇشەندە پارتىيە 9 - نۆۋەتلىك
مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلدى ، يىغىنغا ماۋ زېدۇڭ
رىياسەتچىلىك قىلدى ، جۇ ئېنلەي سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت
ئەزالىرىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكەن يىغىن كۈن تەرتىپىنى ئېلان
قىلدى . كۈن تەرتىپ : ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش مەسىلى-
سىنى مۇزاكىرە قىلىش ؛ خەلق ئىگىلىكى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش
ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش بولدى .
يىغىن باشلىنىپلا لىن بياۋ سۆز قىلدى . ئۇ ئاساسىي قانۇن لايى-
ھىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەپ : « ماۋ جۇشىنىڭ ئۇلۇغ دا-
ھىي ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ باشلىقى ، ئالىي قوماندانلىق ئورنىنى
مۇئەييەنلەشتۈرگەن » ، « بۇلارنى ئاساسىي قانۇن شەكلىدە مۇقىملاش-
تۇرغانلىق ناھايىتى ئوبدان بولدى ، بەك ئوبدان بولدى . بۇنى ئاساسىي
قانۇننىڭ جېنى دېيىشكە بولىدۇ » دېدى . لىن بياۋنىڭ بۇ يەردە « پرو-
لېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ باشلىقى » دېگەن سۆزنى ئىشلىتىشى ، ئۇنىڭ

باشقا خىل شەكىل بىلەن يەنىلا دۆلەت رەئىسى قويۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېپادىلىمەكچى بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى. لىن بياۋ سۆزىدە ماۋ زېدۇڭ نىڭ تۆھپىلىرىنى قايتا ـ قايتا مەدھىيىلەپ، ھېچكىم ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇپ باقمىغان، ماۋ زېدۇڭ ماركسىزم، لېنىنىزمنى تەرەققىي قىلدۇرغىنى يوق دەيدىغان كۆزقاراشنى سۆكتى ھەمدە «ماۋ زېدۇڭ تالانت ئىگىسى، مەن يەنىلا مۇشۇ كۆزقاراشتا چىڭ تۇرىمەن» دەپ تەكىتلىدى. لىن بياۋنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇلارنىڭ تەشەببۇسىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ تەشەببۇسى: سىياسىي جەھەتتىن دۆلەت رەئىسى قويۇش، نەزەرىيە جەھەتتىن تالانتنى تەكىتلەشتىن ئىبارەت.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، كاڭ شېڭ ئاساسىي قانۇن خىزمەت گۇرۇپپىسىغا ۋاكالىتەن، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش خىزمىتىگە بەرگەن يوليورۇقلىرىنى ۋە ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش جەريانىنى، ھەرقايسى جايلارنىڭ ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىشكە بەرگەن پىكىرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئېچىلغان سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا ۋۇ فاشيەن ئەتىدىكى يىغىندا لىن بياۋنىڭ سۆزىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى باشقىدىن ئاڭلاپ، ئۆگىنىپ مۇزاكىرە قىلايلى، دېگەن تەكلىپنى بەردى. بۇ تەكلىپكە يىغىن قاتناشچىلىرى قوشۇلدى.

24 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن كېيىنكى لىن بياۋنىڭ سۆزىنى مۇزاكىرە قىلىش گۇرۇپپا يىغىنىدا، چېن بودا، يې چۈن، ۋۇ فاشيەن، لى زوپېڭلار ئالدىن مەخپىي ئالاقىلىشىپ ۋە كېلىشىپ قويغىنى بويىچە، شىمالىي جۇڭگو، ئوتتۇرا جۇڭگو، غەربىي جەنۇب، غەربىي شىمال گۇرۇپپىلىرىدا سۆزلىدى ھەمدە چېن بودا تۈزگەن «ئېنگېلس، لېنىن، ماۋ جۇشىنىڭ تالانتنى ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى بىرنەچچە سۆز ئۈزۈندىلىرى» دېگەن ماتېرىيالنى ئوقۇپ چىقتى. ئۇلار ئۆز سۆزلىرىدە، لىن بياۋنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە، دۆلەت رەئىسى قويۇش ۋە تالانت دەپ ئاتاشتىن ئىبارەت ئىككى مەسىلىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىسمىنى ئاتىماي، ھەممە ئادەمگە ئايان بولغان سۆزلەر بىلەن جاڭ چۈنچياۋغا يەنى جياڭ

چىڭ گورۇھىغا ھۇجۇم قىلدى .

چېن بودا شىمالىي جۇڭگو گورۇپپىسىدا سۆز قىلغاندا ، لىن بياۋنىڭ ئۈچ ئابزاس سۆزىنى نەقىل كەلتۈرۈپ ئۆزلىرى دەپ كېلىشۋاتقان : « مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋ دائىم ، ماۋ جۇشى زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ، زامانىمىزدىكى پرولېتارىياتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ تالانتى ، دەيتتى » دېگەنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىماقچى بولدى . ئۇ تەنە بىلەن : « بەزىلەر دۇنيادا تالانت دېگەن نەرسە يوق ، دەيدۇ يۇ ، ئەمما ئۆزىنى تالانت ئىگىسى دەپ بىلىدۇ . تالانتنى ئىنكار قىلىدىغان بۇنداق ئادەملەر مېنىڭچە دۆتلەر » دېدى ، ئۇ يەنە ئۆكتەملىك بىلەن : « لېنىننىڭ سۆزى بىلەن ئېيتقاندا ، تالانتنى ئىنكار قىلغانلىق ، داھىينى ئىنكار قىلغانلىق ، يەنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئىنكار قىلغانلىق » دېدى . چېن بودانىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ زور قۇتراتقۇلۇق رولى بار ئىدى . شۇڭا ، نەق مەيداندىلا بىر مۇنچىلىغان ئادەملەر غۇدۇراپ ، يىغىن كەيپىياتىنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى .

شىمالىي جۇڭگو گورۇپپىسى شۇ كۈنى كەچتىلا « 2 ـ نومۇرلۇق يىغىن خەۋىرى » چىقاردى . « يىغىن خەۋىرى » دە مۇنداق يېزىلغانىدى : « كۆپچىلىك مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋنىڭ تۈنۈگۈن سۆزلىگەن ناھايىتى مۇھىم ، ناھايىتى ئوبدان ، مەنىسى چوڭقۇر سۆزىنى قىزغىن قوللىدى . مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋنىڭ سۆزى بۇ قېتىمقى 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئۈچۈن زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە ، دېيىشتى » ، چېن بودا ، ۋاڭ دۇڭشىڭلارنىڭ سۆزىدىن « پارتىيىمىز ئىچىدە بەزىلەرنىڭ ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ زامانىمىزدىكى ئەڭ ئۇلۇغ تالانت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ، ئەڭ زور ، ئەڭ كۈچلۈك غەزەپ ياغدۇردى » ، بۇنداق ئادەملەر « چوقۇم تارتىپ چىقىرىلىپ سازايى قىلىنىشى كېرەك ، پارتىيىدىن قوغلاپ چىقىرىلىشى كېرەك ، پىيەن قىلىپ سېستىنىش كېرەك ، قىيما ـ چىيما قىلىش كېرەك ، پۈتۈن پارتىيە لەنەت ئوقۇيدۇ ، پۈتۈن مەملىكەت جازالايدۇ دېدى » . ئاساسىي قانۇنغا دۆلەت رەئىسى

دېگەن بابنى كىرگۈزۈش كېرەك دېگەن تەكلىپكە قارىتا ، « كۆپچىلىك قىزغىن ئالقىش ياڭرىتىپ ، بۇ تەكلىپنى چىن كۆڭلىدىن قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى » .

زور قۇتراتقۇلۇق كۈچىگە ئىگە بۇ « يىغىن خەۋىرى » ھەرقايسى گۇرۇپپىلاردا زور ئىنكاس قوزغىدى .

شۇ چاغدىكى چېكىدىن ئاشقان سول ئىدىيە يامراپ كەتكەن ۋە شەخسكە چوقۇنۇش ئېغىر ھالدا كۈچىيىپ كەتكەن شارائىتتا ، كىشىلەرنىڭ پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ئاجىزلاپ كەتكەنىدى ، بەزى يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارمۇ شۇنداق ئىدى . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشقا باشلامچىلىق قىلىۋاتقانلار بىرنەچچە سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىرى ۋە سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى بولغاچقا ، ئۇلار ئالدىن تۈۋەندىكى بەزى مەركىزىي كومىتېت ئەزالىرى بىلەن كېلىشىپ قويغاچقا ، ئۇلارنىڭ غۇۋغاسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ ، يىغىنغا قاتناشقان كۆپ ساندىكى يولداشلارنى ئاڭقىرالماس ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويدى . بەزىلەر ھەتتا ھاياجانلانغان ھالدا تىللاپلا چۈشتى ۋە ئۇنداق ئادەملەرنى تارتىپ چىقىرىشنى تەلەپ قىلدى ، نەتىجىدە بىر مەيدان قالايمىقانچىلىق پەيدا بولدى .

25 ـ ئاۋغۇست چۈشتىن بۇرۇن جياڭ چىڭ ، جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ يېنىغا بېرىپ ئەرز قىلدى . شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىكىدە سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى ۋە گۇرۇپپىلاردا لىن بياۋنىڭ سۆزىنى مۇزاكىرە قىلىشنى دەرھال توختىتىشنى ، شىمالىي جۇڭگو گۇرۇپپىسىنىڭ « 2 ـ نومۇرلۇق يىغىن خەۋىرى » نى يىغىۋېلىشنى ، چېن بودا ئۆزىنى تەكشۈرۈشنى قارار قىلدى . يىغىن شۇنىڭ بىلەن ئۈزۈلۈپ قالدى .

31 ـ ئاۋغۇست ، ماۋ زېدۇڭ « مېنىڭ ئازغىنا پىكرىم » نى يېزىپ ، چېن بودانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ پىپەن قىلدى . ئۇ مۇنداق دەپ يازغانىدى : « بۇ ماتېرىيالنى « ئېنگېلس ، لېنىن ، ماۋ جۇشىنىڭ تالانتىنى

ئېتىراپ قىلىش توغرىسىدىكى بىرنەچچە سۆز ئۆزۈۋىندىلىرى » نى دې-
مەكچى ) يولداش چېن بودا تۈزۈپتۇ ، ئەمما نۇرغۇن يولداشنى ئالداپ
كېتىپتۇ ! » ، « مەن چېن بودا دېگەن بۇ تالانتلىق نەزەرىيىچى بىلەن 30
نەچچە يىل بىللە ئىشلىدىم ، بەزى چوڭ مەسىلىلەردە ئەزەلدىن ماسلىشا-
لىغىنىمىز يوق ، ئوبدان ماسلىشىشتىن ئېغىزمۇ ئاچقىلى بولمايدۇ . » بۇ
سۆزلەر خېلى ئېغىر گەپلەر ئىدى . ئۇ چېن بودانى ئەيىبلەپ : « جا-
ھاننى مالىماتاڭ بولماسمىكىن دەپ ، تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ ، ئوت
قۇيرۇقلۇق قىلىپ ، لۇشەننى پارتلىتىپ ، يەر شارىنىڭ ئايلىنىشىنى
توختىتىپ قويىدىغاندەك بولۇپ كەتتى . » « تارىخنى قەھرىمانلار يارى-
تامدۇ ياكى قۇللارمۇ ؟ ئادەمنىڭ بىلىمى ( ئىقتىدارمۇ بىلىم تەۋەسىگە
كىرىدۇ ) ئەزەلدىنلا بارمىدى ياكى كېيىن پەيدا بولغانمۇ ؟ ئىدېئالىزمنىڭ
ئەزەلىيەت نەزەرىيىسىمۇ ياكى ماتېرىيالىزمنىڭ ئىنكاس نەزەرىيىسىمۇ ؟
بىز چوقۇم ماركسىزم ، لېنىنىزم مەيدانىدا تۇرۇپ ، چېن بودانىڭ پىتنە -
پاسات ۋە ھىيلە - نەيرەڭلىرىگە ھەرگىز ئارىلاشمايلى ... ئۆزىچە مارك-
سىزمنى بىلىمەن دەپ ئاتىۋالغان ، ئەمەلىيەتتە بولسا ماركسىزمدىن قىلچە
خەۋىرى يوق ئادەملەرنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتمەيلى » دەپ
يازغانىدى . يىغىن شۇنىڭ بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە چېن
بودانى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىشقا ئۆزگىرىپ كەتتى . 24 - ئاۋغۇس-
تىكى گۇرۇپپا يىغىنىدا چېن بودا بىلەن ماسلىشىپ ، ئوت قۇيرۇقلۇق
قىلغان ۋۇ فاشيەن قاتارلىقلارمۇ تەنقىد قىلىندى . چېن بودانىڭ پىكرىگە
قوشۇلىمەن دەپ ئىپادە بىلدۈرگەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۆزىنى تەنقىد
قىلدى . ئۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ لىن بياۋغا نىسبەتەن قوغداش پوزىتسىيە-
سىنى قوللىنىپ ، ئۇنى ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلمىدى .

6 - سېنتەبىر كۈنى يىغىن ئەسلىدىكى كۈن تەرتىپىنى ئەسلىگە
كەلتۈرۈپ ، « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئاساسىي قانۇنىغا تۈزىتىش
كىرگۈزۈش لايىھىسى » نى ماقۇللىدى . مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى
دائىمىي كومىتېتىغا ، تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەپ مۇۋاپىق بىر ۋاقىتتا
4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش ھەققىدە تەكلىپ بېرىشنى قارار

قىلدى؛ مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلىدى. يىغىندا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى نامىدىن چېن بودا ئۈستىدىن تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى ئېلان قىلىندى. يىغىن شۇ كۈنى يېپىلدى.

يىغىن تاماملىنىشتىن بىر كۈنى بۇرۇن، يەنى 5 - سېنتەبىر كەچتە لىن بياۋ يې چۈن بىلەن بىللە جياڭ چىڭنىڭ تۇرالغۇسىغا كەچۈرۈم سورىغىلى ۋە ئەپلىشىپ قالايلى دەپ باردى. 6 - سېنتەبىر كەچتە يې چۈن خۇاڭ يۇڭشېڭ، ۋۇ فاشيەن، لى زوپېڭ، چيۇ خۇيزونى باشلاپ جياڭ چىڭنىڭ تۇرالغۇسىغا ئەپۇ سورىغىلى باردى.

9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ روناق تېپىپ بەربات بولۇشىدىكى بىر يۈرۈش نۇقتىسى بولدى. بىرىنچىسى، لىن بياۋنىڭ دۆلەت رەئىسى بولۇش، «تىنچ يول بىلەن» ھوقۇقنى ئېلىش سۇيىقەستى بىتچىت بولدى. ئىككىنچىسى، جياڭ چىڭ گۇرۇھى بىلەن بولغان ئېلىشىشتا، ماۋ زېدۇڭنىڭ جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنى ئېنىق قوللىشى، چېن بودانى ئىسمىنى ئاتاپ پىپەن قىلىشى، لىن بياۋ بازارغا سالغان تالانت نەزەرىيىسىگە قوشۇلماسلىقى بىلەن لىن بياۋ گۇرۇھى قاتتىق زەربىگە ئۇچرىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۆز مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمىگەن لىن بياۋ گۇرۇھى ئەكسىچە زوراۋانلىق بىلەن قولغا كەلتۈرمەكچى بولۇپ، قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا تەييارلىق قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەربات بولۇشىنى تېخىمۇ تېزلەتتى.

### ماۋ زېدۇڭنىڭ يىغىندىن كېيىنكى تۈرلۈك تەدبىرلىرى

9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 - ئومۇمىي يىغىنى ئاياغلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ماۋ زېدۇڭ يىغىندىكى كۈرەشنى ئاياغلاشتى دەپ ھېسابلىمىدى، چېن بودانى پاش قىلىش، پىپەن قىلىش بىلەنلا توختاپ قالمىدى، ئۇ ھەرخىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، لىن بياۋ گۇرۇ-

ھىنىڭ كۈچىنى چەكلىدى ۋە ئازايتتى. بۇ تەدبىرلەرنى ماۋ زېدۇڭ كېيىن يىغىنچاقلاپ: «تاش تاشلاش» (تەستىق چۈشۈرۈش)، «قۇم ئارىلاشتۇرۇش» (لىن بياۋ كونتروللۇقىدىكى ئورگانلارغا ئادەم ئەۋەتىش)، «تام ئۇلىنى كولاش» (لىن بياۋ كونتروللۇقىدىكى ھەربىي كۈچلەرنى پارچىلاش) دەپ ئاتىدى.

ماۋ زېدۇڭنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن پىكرى بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1970 ـ يىلى 6 ـ نويابىردا «يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى» نى تارقىتىپ، «پارتىيىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ قانچىلىك ئالدىراش بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ۋاقىت چىقىرىپ، ئاز ـ تولا ماركسىزم، لېنىنىزم كىتابلىرىنى ئوقۇپ، راست ـ يالغان ماركسىزم، لېنىنىزمنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان بولۇشى كېرەك» دەپ تەلەپ قىلىندى. ئۇ چاغدا ئۆگىنىش بەلگىلەنگىنى، ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ ئالتە ئەسىرى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ بەش ئەسىرى ئىدى. يەنى «كومپارتىيە خىتابنامىسى»، «گوتا پروگراممىسىغا پىپەن»، «فرانسىيىدىكى ئىچكى ئۇرۇش» («دىيورىڭغا قارشى»)، «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، «دۆلەت ۋە ئىنقىلاب»، ماۋ زېدۇڭ ئەسەرلىرىدىن «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»، «زىددىيەت توغرىسىدا»، «خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتلەرنى توغرا ھەل قىلىش مەسىلىسى توغرىسىدا»، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەملىكەتلىك تەشۋىقات خىزمەت يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز»، «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى نەدىن كېلىدۇ» دېگەنلەردىن ئىبارەت ئىدى. ئۇزاقتىن بۇيان ماركسىزم، لېنىنىزم كىتابلىرىنى ئوقۇماي، پەقەتلا «ماۋ جۇشى سۆزلىرىدىن ئۈزۈندە» نى ئوقۇپ يۈرگەن ئەھۋال ئاستىدا، يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ماركسىزم، لېنىنىزمنى ئۆگىنىشىنى تەشەببۇس قىلىش ئەلۋەتتە بىر پايدىلىق ئىش، شۇنداقلا بىر قەدەر ئۇزاق مۇددەتكىچە تەسىر كۆرسەتكەن ئىش ئىدى.

شۇ كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «مەركىزىي تەشكىلات،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تەشۋىقات گۇرۇپپىسىنى قۇرۇش توغرىسىدىكى قارار » نى چىقاردى . بۇ گۇرۇپپا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ رەھبەرلىكىدە بولدى . كاڭ شېڭ گۇرۇپپا باشلىقى ، جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن ، جى دېڭكۇي ، لى دېشېڭلار ئەزا بولدى . بۇ گۇرۇپپا مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمى ، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ، خەلق گېزىتى ئىدارىسى ، قىزىل بايراق ژۇرنىلى ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ، مەركىزىي رادىئو ئىشلىرى ئىدارىسى ، نۇر گېزىتى ئىدارىسى ، مەركىزىي تەرجىمە ـ تەھرىرلەش ئىدارىسىنى باشقۇراتتى ، يەنە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ، ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ مەركىزىي ئورگانلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ 7 ـ ماي كادىرلار مەكتەپلىرىنى باشقۇراتتى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسەت تەتقىقات ئىشخانىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى بۇ گۇرۇپپا ئۆتكۈزۈۋالدى . 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن كاڭ شېڭ ئاغرىپ قالدىم دەپ يېتىۋالدى ، لى دېشېڭ شىنياڭغا يۆتكىلىپ كەتتى ، شۇنىڭ بىلەن بۇ مەركىزىي تەشكىلات تەشۋىقات چوڭ ھوقۇقى جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنىڭ قولىغا قالدى .

16 ـ نويابىردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « چېن بودانىڭ پارتىيىگە قارشى مەسىلىسىنى يەتكۈزۈش توغرىسىدىكى يوليورۇق » نى چىقاردى . يوليورۇقتا : « چېن بودا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلىش ، ئوت قويۇرۇقلۇق قىلىش ، پىتنە ـ پاسات تارقىتىش ، يولداشلارنى ئالداشتەك قەبىھ ۋاسىتىلەرنى قوللىنىپ ، پارتىيىنى پارچىلاش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى » دېيىلگەن ، ئۇنى « يالغان ماركسىزمچى ، سۇيىقەستچى ، قارانىيەت » دەپ ، « ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ۋە مەسىلىسىنى بىلىدىغان يولداشلار ئۇنى پاش قىلىشى كېرەك » دەپ چاقىرىق قىلىنغانىدى . مەركەز ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ رەھبىرىي ئورگانلىرى ئىچىدە « چېن بودانى پىپەن قىلىپ ، ئىستىلنى تۈزىتىش » ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلىپ ، كېيىن پۈتۈن پارتىيىگە كېڭەيتىشنى ئورۇنلاشتۇردى ھەمدە ھەرىكەتنىڭ تەلىپى بويىچە

بەزى تەشكىلىي جەھەتتىكى تەدبىرلەرنى قوللاندى.
16- دېكابىردا ماۋ زېدۇڭ شىمالىي جۇڭگو مەلۇم دالا ئارمىيە
قىسمىنىڭ « چىن بودانىڭ پارتىيىگە قارشى جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش
توغرىسىدىكى دوكلات » قا تەستىق سېلىپ، بېيجىڭ ھەربىي رايون
پارتكومىنىڭ يىغىن ئېچىپ، « چىن بودانى بېيجىڭ ھەربىي رايونىدا
ھېچقانداق ۋەزىپىسى بولمىسا، مەركەزمۇ ئۇنى بېيجىڭ ھەربىي رايونىغا
قاراشلىق ھەربىي، سىياسىي ئىشلارنى ھەل قىلىشقا ئەۋەتمىگەن تۇرسا،
نېمىشقا ئۇ قالايمىقان چېپىپ يۈرۈپ، قالايمىقان سۆزلەيدۇ؟ نېمە سە-
ۋەبتىن چىن بودا بېيجىڭ ھەربىي رايونى ۋە شىمالىي جۇڭگو رايونىنىڭ
پادىشاھى بولۇپ قالىدۇ؟ دېگەننى مۇزاكىرە قىلىش » نى تەلەپ قىلدى.
چىن بودانىڭ ھەربىي قىسىم ئىچىدە تەسىرى يوق دېگۈدەك، ئۇنىڭ
ھەربىي قىسىملارغا بېرىپ تەكشۈرۈشى پەقەت بۇيرۇققا بىنائەن قىلىنغان
ئىش. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى بۇنچىلىك ئېغىر دەرىجىدە پە-
رەز قىلىشى، بۇنداق قاتتىق تەنقىد قىلىشىدا ھەربىي قىسىمغا، بولۇپمۇ
بېيجىڭ ھەربىي رايونى رەھبەرلىرىگە ئىشەنمەسلىك ۋە ئۇلارنى ئەيىبلەش
بار ئىدى.

18 - دېكابىر كەچتە سىياسىي بيۇرو يىغىن ئېچىپ، ماۋ زېدۇڭ-
نىڭ تەستىقىنى يەتكۈزدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى، يىغىندا جۇ ئېنلەينىڭ
رىياسەتچىلىكىدە 22 - دېكابىر كۈنى شىمالىي جۇڭگو يىغىنى ئېچىش
قارار قىلىندى. بۇ يىغىنغا بېيجىڭ ھەربىي رايونى ئورگىنى ۋە قىسىملار،
خېبېي، سەنشى، ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق ئۆلكىلىك ھەربىي رايونلار-
نىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 340 ئادەم قاتناشتى. 9 - يانۋاردىن كېيىن ماۋ
زېدۇڭ تەنقىدلەپ: « ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سۆھبەت يىغىنىدىن ئۆ-
گەنمەكلار، بىر ئاي يىغىن ئېچىپمۇ چىن بودانى قىلچە پىپەن قىلماپتۇ »
دېگەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى سۆھبەت يىغىنىدىكى 143 ئا-
دەممۇ شىمالىي جۇڭگو يىغىنىغا قاتناشتۇرۇلدى. ئۇلار چىن بودانىڭ
جىنايەتلىرىنى پىپەن قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېيجىڭ ھەربىي را-
يونىنىڭ قوماندانى جېڭ ۋېيشەن ۋە سىياسىي كومىسسارى لى شۆ-

پىڭلارنىڭ ئاتالمىش « ئېغىر خاتالىقى » پاش قىلىندى ۋە پېپەن قىلىندى ( جېڭ ۋېشەن ، لى شۆفېڭلارنىڭ ئەنزىسى خاتا ئەنزە بولۇپ ، 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن مەركەز ئۇنى تۈزەتتى ) . 1971 ـ يىلى 24 ـ يانۋاردا جۇ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، شىمالىي جۇڭگو يىغىنىدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ ، چېن بودانىڭ جىنايەتلىرىنى سىستېمىلىق پاش قىلدى ھەمدە مەركەزنىڭ بېيجىڭ ھەربىي رايونىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى قارارىنى ئېلان قىلىپ ، جېڭ ۋېشەن ، لى شۆفېڭلارنىڭ ۋەزىپىسىنى ئېلىپ تاشلىدى ، لى دېشېڭنى بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانلىقىغا ، شې فۇجىنى 1 ـ سىياسىي كومىسسارلىققا ، جى دېڭكۈينى 2 ـ سىياسىي كومىسسارلىققا تەيىنلىدى . لى شۆفېڭنىڭ خېبېي ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، خېبېي ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى قاتارلىق ۋەزىپىلىرىمۇ ئېلىپ تاشلاندى ، كېيىن خاتا ھالدا لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق ئەزاسى دەپ بېكىتىلىپ ، پارتىيىدىن چىقىرىلدى ( 1982 ـ يىلى ئۇنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ ، پارتىيىلىكىمۇ ئەسلىگە كەلدى ) . بۇ ئىش ئۇ چاغلاردا « تام ئۇلىنى كولاش » دەپ ئاتالدى . شىمالىي جۇڭگو يىغىنى يانۋارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئاياغلاشتى ، شۇنىڭدىن كېيىن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي ئورگانلىرى « چېن بودانى پېپەن قىلىپ ئىستىلنى تۈزىتىش » ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى .

« چېن بودانى پېپەن قىلىپ ئىستىلنى تۈزىتىش » ھەرىكىتى جەريانىدا ماۋ زېدۇڭ نۇرغۇن يوليورۇقلارنى بەردى ، لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرىنى ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تەنقىد قىلدى ، بۇلار ۋاستىلىك ھالدا لىن بياۋغا قىلىنغان تەنقىد ئىدى .

1970 ـ يىلى 15 ـ ئۆكتەبىردە ماۋ زېدۇڭ يې چۈننىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈش خېتىگە : « بىر خىل خاھىش يەنە بىر خىل خاھىشنى يېپىپ تۇرىدۇ . 9 ـ قۇرۇلتاي غەلىبە قىلدى ، مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولدى ، ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى ، ئاسماندا لەيلىگۈسى كەپكەتتى ، 9 ـ

قۇرۇلتايىنىڭ لۇشيەنىنى ئۇنتۇپ كەتتى . 9 ـ قۇرۇلتايغا قارشى بولغان چېن بودا لۇشيەنى بەزى يولداشلاردا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ » دەپ تەستىق يازدى . بۇ يەردە ماۋ زېدۇڭ مەنىلىك قىلىپ ، لىن بياۋ ، چېن بودانىڭ رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن ، جياڭ چىڭ ، جاڭ چۇنچياۋ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىشى بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئىنكار قىلىۋەتكەن بىر پارچە 9 ـ قۇرۇلتايىنىڭ سىياسىي دوكلاتىنى « 9 ـ قۇرۇلتايغا قارشى بولغان چېن بودا لۇشيەنى » دەپ ئاتىغان . بۇ يەردىكى ئىش مۇنداق ئىدى : 9 ـ قۇرۇلتايىنىڭ سىياسىي دوكلاتىنى يېزىشقا لىن بياۋ ، چېن بودا مەسئۇل قىلىنغانىدى . دوكلاتنىڭ دەسلەپكى نۇسخىسى پۈتۈپ ، ئۇنى مەركىزىي مەدەنىيەت ئىنقىلابى گۇرۇپپىسىدا مۇزاكىرە قىلغاندا ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئۇنى ئىنكار قىلىدىغان پىكىرلەرنى بەردى . جاڭ چۇنچياۋ ئۇنى « نوقۇل ئىشلەپچىقىرىش كۈچى نەزەرىيىسى ھەققىدىكى دوكلات » دېدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ دوكلاتتا پۈتۈنلەي « پرو-لېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » سۆزلەنگەن بولۇپ ، ئىقتىسادىي خىزمەت توغرىسىدا پەقەت بىرنەچچە ئابزاس سۆزلا بار ئىدى . بۇ دوكلات نۇسخىسى ئىنكار قىلىنغاندىن كې-يىن ، ماۋ زېدۇڭ 9 ـ قۇرۇلتاي سىياسىي دوكلاتىنى جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن باشچىلىقىدا يېزىپ چىقىشنى بەلگىلىدى .

18 ـ دېكابىردا ماۋ زېدۇڭ ئامېرىكىلىق مۇخبىر سىنونى قوبۇل قىلغاندا ، سۆز ئارىلىقىدا شەخسكە چوقۇنۇش مەسىلىسىنى سۆزلەپ ، ئۇ ئۆزىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغىغان چاغدا « ئاز ـ تولا شەخسكە چوقۇنۇش زۆرۈر » دەپ ئويلىغانلىقىنى دەپ ، « ھازىر ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ ، چوقۇنۇش بەكلا ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى ، نۇرغۇن شە-كىلۋازلىق بولۇپ كەتتى . مەسىلەن ، ‹ تۆت ئۇلۇغ › ( ئۇلۇغ ئۇستاز ، ئۇ-لۇغ داھىي ، ئۇلۇغ قوماندان ، ئۇلۇغ رولچى ) دېگەندىن بىزار بولدۇم » دېدى . « تۆت ئۇلۇغ » دېگەن لىن بياۋ ئوتتۇرىغا قويغان ، كەڭ تەش-ۋىق قىلىنىپ ، ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن سۆز ئىدى . بۇ يەردە « بىزار بولدۇم » دېگەنلىك پۈتۈنلەي لىن بياۋغا قارىتىلغان سۆز ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1971 ـ يىلى 7 ـ ئاپرېلدا ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كاندىدات ئەزاسى ، بېيجىڭ ھەربىي رايونىنىڭ 2 ـ كومىسسارى جى دېڭكۇي ۋە مۇئاۋىن شتاب باشلىقى جاڭ سەيچيەننى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىغا كىرگۈزدى ، بۇ لىن بياۋ گۇرۇھى كونتروللۇقىدىكى ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىغا « قۇم ئارىلاشتۇرغانلىق » ئىدى . بۇ تەدبىرلەر لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ كۈچىنى ئازايتتى ، بۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ لىن بياۋغا بولغان ئىشەنچىسىدە تۈپتىن ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى كۆرسىتەتتى .

1971 ـ يىلى 25 ـ ئاپرېلدىن باشلاپ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « چېن بودانى پىپەن قىلىپ ئىستىلنى تۈزىتىش » دوكلات قىلىش يىغىنى ئاچتى . يىغىنغا مەركەز ، يەرلىك ۋە ئارمىيىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ جەمئىي 99 ئادەم قاتناشتى . خۇاڭ يۇڭشېڭ ، ۋۇ فاشيەن ، يې چۈن ، لى زوپېڭ ، چيۇ خۇيزۇ قاتارلىقلار ۋەزىيەتنىڭ بېسىمى بىلەن يىغىندا ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ، خاتالىقنى تۈزىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى . 29 ـ ئاپرېلدا جۇ ئېنلەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن قىلغان سۆزىدە خۇاڭ ، ۋۇ ، يې ، لى ، چيۇ قاتارلىقلارنى سىياسىي جەھەتتە يۆلىنىش ، لۇشيەن خاتالىقى ئۆتكۈزدى ، تەشكىلىي جەھەتتە مەزھەپچىلىك خاتالىقى ئۆتكۈزدى ، دەپ كۆرسىتىپ ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىنى ئەستايىدىل ئۆزگەرتىپ ، ئۆز ۋەدىسىنى ئاقلىشىنى ئۈمىد قىلدى . شۇ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « چېن بودانى پىپەن قىلىپ ، ئىستىلنى تۈزىتىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى چىقىرىپ ، پۈتۈن پارتىيىگە چېن بودا مەسىلىسىنى يەتكۈزۈپ ، ھەرىكەتنى مەملىكەتتىكى ئاساسىي قاتلاملارغىچە كېڭەيتتى .

## 4 . لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ بەربات بولۇشى

ماۋ زېدۇڭ ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قوللانغان بىر قاتار تەدبىرلەر لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ سىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنى

تېخىمۇ پاسسىپ ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى . لىن بياۋ ئۆزىنىڭ ئىزباسارلىق
ئورنـىنىڭ سۇغا چىلىشىپ ، مەزھەپ كۈچلىرى پارچىلىنىپ كەتكەنلىـ
كىنى كۆرۈپ ، قارامىلىق قىلىپ قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى
بولدى .

**لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىشنى پىلانلىشى**

1969 ـ يىلى ئۆكتەبىردىلا لىن بياۋ شۇ چاغدىكى ھاۋا ئارمىيە
قوماندانى ۋۇ فاشيەنگە ، تېخى ئەسكەر بولۇپ ئۇزاق بولمىغان ئوغلى لىن
لىگونى ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ،
قوشۇمچە ئۇرۇش قىلىش بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قىلىپ تەيىنلەشنى
بۇيرۇغانىدى . ۋۇ فاشيەن ئۆزىلا لىن لىگوغا ھاۋا ئارمىيىسىنى يۆتكەش
ھوقۇقىنى بېرىپ ، ئۇنىڭ بۇ « ھەرىكەتچانلىقى ئەڭ كۈچلۈك » ئارمىـ
يىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى . لىن لىـ
گونىڭ بۇ خىـــل دەرىـــجىـــدىن تاشقىرى ئۆرلىشىنى ئاماما مەسخىرە قىـ
لىپ : « بىر يىل ئەسكەر بولدى ، ئىككى يىلدا پارتىيىگە كىردى ، ئۈـ
چىنچى يىـــلـــى مـەركىزىي كومىتېتى مۇئاۋىن باشلىق بولدى » دېـ
يىشتى . 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا مەغـ
لۇبىيەتكە ئۇچرىغان لىن بياۋ ۋۇ فاشيەنگە : « بىز قەلەمكەشلىكنى
قاملاشتۇرالمايمىز ، ئەمما ئەلەمكەشلىكنى قاملاشتۇرىمىز » دېگەن . 1970 ـ
يىلى ئۆكتەبىردە لىن لىگو ھاۋا ئارمىيىسىدىكى بەزى ئادەملەرنى تەشكىلـ
لەپ ، ئۇلارنى قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ تايانچىلىرى قىلغان ،
ئۇنىڭغا « بىرلەشمە فلوت » دەپ نام قويغان . ئۇلار بېيجىڭ ، شاڭخەي
ۋە گۇاڭجۇدا مەخپىي بازا قۇرغان ، ئۇ يەرلەر ئالاقىلىشىدىغان ، قورال ـ
ياراغ ساقلايدىغان ، رادىئو ئاپپاراتى ، مەخپىي ئاڭلىغۇچ ۋە پارتىيە ، دۆـ
لەتنىڭ مەخپىي ھۆججەتلىرىنى ساقـلايـدىـغان ئورۇن بولغان . ئۇلار
يەنە گۇاڭجۇ ، شاڭخەيدە « جەڭگىۋار كىچىك ئەترەت » ، « تەربىيىلەش
ئەترىتى » قۇرۇپ ، ئالاھىدە تاللانغان ئادەملىرىنى مەشىق قىلدۇرغان .

1971 ـ يىلى فېۋرالدا لىن بياۋ ، يې چۈن ، لىن لىگولار سۇجۇدا

مەخپىي مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن، لىن لىگو مارتتا شاڭخەيدە «بىرلەشمە فلوت» نىڭ ئاساسلىق ئادەملىرىنى يىغىپ، قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ چىققان، ئۇنى «‹571 قۇرۇلۇش› خاتىرىسى» دەپ ئاتىغان. بۇ خاتىرە «مۇمكىنچىلىكى»، «زۆرۈرلۈكى»، «ئاساسىي شەرت»، «پۇرسەت»، «كۈچ» دېگەندەك 9 قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ۋەزىيەتنى ئەكسىلئىنقىلابىي مەيداندا تۇرۇپ تەھلىل قىلىپ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇقتىلىرىنى، شوئارىنى ۋە ئىستراتېگىيىسىنى تۈزۈپ چىققان. «ھەربىي كۈچ جەھەتتە بالدۇر كونترول قىلىش» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «يۇقىرىدىكىلەر جەم بولغاندا بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش» ياكى «ئالاھىدە ۋاستىدىن مەسلەن، بومباردىمان قىلىش، 543 (بىر خىل راكېتانىڭ نامى)، ماشىنا ۋەقەسى، يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈش، تۇتقۇن قىلىش، شەھەر پارتىزان ئەترەتلىرىدىن پايدىلىنىپ» قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىپ، «مەملىكەتنىڭ ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش» ياكى «پارچىلاپ ئىگىلىۋېلىش ۋەزىيىتىنى پەيدا قىلىش» دەك سۇيىقەستنى ئورۇنلاشتۇرغان.

ئارقىدىنلا لىن لىگو يەنە شاڭخەيدە شۇ يەردە تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ X - كورپۇس سىياسىي كومىسسارى ۋاڭ ۋېيگو، خاڭجۇدا تۇرۇشلۇق ھاۋا ئارمىيە X - كورپۇسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى چېن لىيۇن، نەنجىڭ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى جۇ جەنيېڭ، نەنجىڭ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ سابىق سىياسىي كومىسسارى جياڭ تېڭجياۋلار قاتناشقان تۆت كىشىلىك مەخپىي يىغىن ئاچقان. «مۇئاۋىن رەئىس لىن بياۋنى قورال بىلەن قوغدايمىز» دېگەن ئەكسىيەتچىل شوئار ئاستىدا، ئۇلار ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ قوماندانلىق بەنزىسىنى بېكىتىپ چىققان.

### ماۋ زېدۇڭنىڭ ساقلىنىش تەدبىرلىرى

لىن بياۋ قاتارلىقلار جىددىي تەييارلىق قىلىپ، بىر مەيدان كەسكىن كۈرەشكە ھازىرلىنىۋاتقان چاغدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى

ۋە ماۋ زېدۇڭمۇ ھوشيارلىق بىلەن بەزىبىر ساقلىنىش تەدبىرلىرىنى
قوللاندى. 1971 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ماۋ زېدۇڭنىڭ يول-
يورۇقى بويىچە، جۇ ئېنلەي، جاڭ چۈنچياۋ، خۇاڭ يۇڭشېڭ، جى
دېڭكۇيلەر بېدەيخېدىكى لىن بياۋ تۇرۇۋاتقان جايغا بېرىپ، ئۇنىڭغا پۈ-
تۈن مەملىكەتنىڭ ئەھۋالىنى دوكلات قىلغان ھەمدە ئۇنىڭغا پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت بايرىمىنىڭ ئالدىدا 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي
كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئاندىن كې-
يىن 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئاچماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتۇردى.
گەرچە ئۇ چاغدا لىن بياۋ «ماۋ جۇشىنىڭ يولىيورۇقىنى قەتئىي قوللاي-
مەن» دېگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ناھايىتى بىئارام بولغانىدى. چۈن-
كى، 3 ـ ئومۇمىي يىغىن ئىزباسار مەسىلىسىنى ھەل قىلىشى مۇمكىن
ئىدى، 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلىپ قالسا، لىن بياۋ بەلكىم
مۇئاۋىن زۇڭلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بولالماي قېلىشىمۇ مۇمكىن
ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن، ئادەم ئەۋەتىپ تەرەپ ـ تەرەپتىن خەۋەر
تىڭتىڭلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن، قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىشنىڭ تەي-
يارلىقىنى تېزلەتتى.

1971 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن 12 ـ سېنتەبىرگىچە،
ماۋ زېدۇڭ جەنۇبىي جۇڭگونى كۆزدىن كەچۈرگىلى باردى. ۋۇخەن،
چاڭشا، نەنچاڭدا خۇبېي، خېنەن، خۇنەن، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭ-
شى، جياڭشى، جياڭسۇ، فۇجيەن قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ھۆ-
كۈمەت مەسئۇللىرى بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتلەشتى. ماۋ زېدۇڭ ئا-
ساسلىقى پارتىيىنىڭ 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي
يىغىنىدىكى كۈرەشنى سۆزلەپ، بۇ كۈرەش تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق،
دەپ ئېنىق كۆرسەتتى. ئۇ لىن بياۋ، خۇاڭ يۇڭشېڭ، ۋۇ فاشيەن، يې
چۈن، لى زوپېڭ، چيۇ خۇيزولارنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ تەنقىد
قىلدى. ئۇ: «ئۇلار دەسلەپتە يوشۇرۇن، كېيىن تويۇقسىز ھۇجۇم قىل-
غان، دائىمىي كومىتېتنىڭ بەش ئەزاسىنىڭ ئۈچىدىن يوشۇرغان»،
«مېنىڭچە ئۇلارنىڭ تويۇقسىز ھۇجۇمى، يەر ئاستى ھەرىكەتلىرى پىلان-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

لىق ، تەشكىللىك ، پروگراممىلىق بولغان . » « بەزىلەر دۆلەت رەئىسى
بولۇشقا ئالدىراپ كەتكەن ، پارتىيىنى پارچىلاش ئۈچۈن ھوقۇقنى تار-
تىۋېلىشقا ئالدىرىغان . » « بۇ قېتىمقى لۇشەن يىغىنى يەنىلا ئىككى قو-
ماندانلىق شتابىنىڭ كۆرىشى بولدى » ، دەپ ، يەنە « لۇشەندىكى بۇ
ئىش تېخى تۈگىگىنى يوق ، تېخى ھەل بولغىنى يوق » دېگەن . ماۋ
زېدۇڭنىڭ لىن بياۋ مەسىلىسىنى مۇنداق ئۆتكۈر ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇ-
شى ، ئۇنىڭ لىن بياۋنى « ئىزباسار » دەپ قاراش بۇياقتا تۇرسۇن ،
بەلكى لىن بياۋنى ئۆزىگە قارشى تۇرىدىغان يەنە بىر قوماندانلىق شتابى-
نىڭ باشلىقى دەپ بىلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . قوبۇل قىلىشقا
كەلگەن ھەرقايسى جايلارنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت مەسئۇللىرىنىڭ ھەم-
مىسى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئىدى ، شۇڭا بۇ سۆز ئە-
مەلىيەتتە ئېچىلماقچى بولغان 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ
ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىدىيە تەييارلىقى ئىدى .

لىن بياۋنىڭ سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىشنى نىيەت قىلغانلىقى

لىن بياۋ قاتارلىقلار ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى بىلىشكە
بەكلا ئالدىراپ كېتىشتى . 6 ـ سېنتەبىردە لى زوپېڭ چەت ئەل ھەربىي
ئۆمىكىگە ھەمراھ بولۇپ ۋۇخەنگە كەلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ،
ۋۇخەن ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى ليۇ فېڭدىن ماۋ زې-
دۇڭنىڭ ۋۇخەندە قىلغان سۆزىنىڭ مەزمۇنىنى بىلدى . بېيجىڭگە بېرىپلا
بۇنى خۇاڭ يۇڭشېڭ ، يې چۈنلەرگە مەلۇم قىلدى . شۇ ۋاقىتتا ، لىن
لىگومۇ گۇاڭجۇ ھەربىي رايونى ھاۋا ئارمىيىسىنىڭ شتاب باشلىقى گۇ-
تۇڭجۇدىن ماۋ زېدۇڭنىڭ چاڭشادىكى ئاساسەن ئوخشاش مەزمۇندىكى
سۆزىنى بىلدى . شۇ چاغدا ، بېدەيخېدا تۇرۇۋاتقان لىن بياۋ ، يې چۈن ،
ئالدىراپ كەلگەن لىن لىگو بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنى تەھلىل قى-
لىپ ، « ئۇلار قولىمىزنى باغلاپ ئېتىۋەتكۈچە ، جاننى ئالىقانغا ئېلىپ
قويۇپ ئېلىشامدۇق » دېگەن نىيەتكە كېلىشكەن ، سەپەردىكى ماۋ زې-
دۇڭنى قەستلەپ ، ئاندىن قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماقچى بول-

غان . 7 ـ سېنتەبىردە لىن لىگو « بىرلەشمە فلوت » قا ئۇرۇشقا تەييارلىـ
نىش بـۇيـرۇقـى چۈشۈردى . 8 ـ سېنتەبىردە لىن بياۋ « لىگو ، يۈي
چى ( جۇ يۈيچى ، شۇ چاغدىكى هاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابىنىڭ
ئىشخانا مۇدىرى ، ( بىرلەشمە فلوت ) نىڭ شتاب باشلىقى ) يولداشلار
يەتكۈزگەن بۇيرۇقنى ئىجرا قىلىڭلار » دېگەن يازما بۇيرۇقنى چۈشۈر-
دى . لىن لىگو بۇ يازما بۇيرۇقنى ئېلىپ بېيجىڭگە كېلىپ ، كونكرېت
ئورۇنلاشتۇردى . ئۇلار شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئەتراپىدىكى سوفاڭ دېگەن
كىچىك بىر پويىز بېكىتىنىڭ يېنىدا يەردە تۇرۇپ هۇجۇم قىلىش ، تۆ-
مۈريول كۆۋرۈكىنى پارتلىتىش ، ئايروپىلان بىلەن بومباردىمان قىلىش
دېگەندەك ۋاستىلەر بىلەن ماۋ زېدۇڭ ئولتۇرغان پويىزنى پارتلىتىۋەتـ
مەكچى بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، لىن بياۋ قاتارلىقلار ئۆزىنىڭ يېـ
قىنلىرىنى ئېلىپ گۇاڭجۇغا بېرىپ ، باشقا بىر مەركەز قۇرۇشقىمۇ تەييار-
لىق قىلىپ قويدى .

3 ـ سـېنتەبىر كۈنى ماۋ زېدۇڭ نەنچاڭدىن خاڭجۇغا كەلدى ۋە
خـاڭجۇدا سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە تۇرماقچى بولدى . ئەمما ، بەزىبىر
گۇمانلىق ئەهۋاللارنى بىلگەندىن كېيىن دەرهال هوشيار بولدى . 8 ـ
سېنتەبىر كەچتە ماۋ زېدۇڭ پويىزنى قوزغىلىشقا بۇيرۇدى ، ئۇنىڭ نەگە
بارىدىغانلىقىنى هېچكىم بىلەلمەي قالدى . 10 ـ سېنتەبىر چۈشتىن كېيىن
ماۋ زېدۇڭ پويىزنى كەينىگە ياندۇرۇشنى بۇيرۇدى هەمدە شۇ كۈنى
كەچتە شاڭخەيگە كەلدى ۋە پويىزدا قوندى . 11 ـ سېنتەبىر چۈشتىن
بـۇرۇن مـاۋ زېدۇڭ پويىزدا خىزمەت قىلدى ، پويىزدا شاڭخەي شەهىرىـ
نىـڭ ۋە نەنجىڭ هەربىي رايونىنىڭ بەزى مەسئۇللىرىنى قوبۇل قىلدى .
شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ تويۇقسىزدىنلا پويىزنى هەيدەشكە
بۇيرۇپ ، پۈتۈن يوللارغا يېشىل چىراغ ياندۇرۇپ ، يولدا توختىماي ئۇ-
دۇل بـېيجىڭگە قاراپ ماڭدى . 12 ـ سېنتەبىر چۈشتە پويىز بېيجىڭ
فـېڭتەي پويىز ئىستانسىسىغا كەلدى . ماۋزېدۇڭ پويىزنى توختىتىشقا
بۇيرۇپ ، بېجىڭ هەربىي رايونى ۋە بېيجىڭ شەهەرلىك پارتكومىنىڭ
مەسئۇللىرىنى پويىزغا چاقىرتىپ كېلىپ ، ئۇلار بىلەن سۆهبەتلەشتى ،

www.uyghurkitap.com

بېيجىڭ رايونىنىڭ ۋەزىيىتىنى ئىگىلىدى ھەمدە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئېلىپ باردى . ئۇ يەنە بىر قېتىم 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ ئومۇمىي يىغىن مەسىلىسىنى ۋە لۇشيەن مەسىلىسىنى تىلغا ئالدى . چۈشتىن كېيىن سائەت ئالتىلەردە پويىز بېيجىڭ پويىز ئىستانسىسىغا كىردى . ماۋ زېدۇڭ يۇقىرى سىياسىي سەزگۈرلۈكى ۋە قوللانغان پاراسەتلىك تەدبىرلىرى بىلەن لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ قەستلەش پىلانىنى بەربات قىلدى .

**لىن بياۋنىڭ ئالدىراپ قېچىپ ياقا يۇرتتا ئۆلۈشى**

11 ـ سېنتەبىر كەچتە لىن لىگو ماۋ زېدۇڭنىڭ شاڭخەيدىن كەتكەنلىك خەۋىرىنى ئاڭلىدى . 12 ـ سېنتەبىر كۈنى لىن لىگو لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلىمىسى بويىچە ، « بىرلەشمە فلوت » ئادەملىرىگە قوماندانلىق قىلىپ ئالدىراپ ئايروپىلان تەييارلىدى ، ئىسمىلىك تۈزدى . ئۇلار 13 ـ سېنتەبىر ئەتىگەندە لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ تايانچ ئادەملىرى بىلەن گۇاڭجۇغا قېچىپ بېرىپ ، شۇ يەردە يەنە بىر مەركەز قۇرۇپ، ۋەتەننى پارچىلىماقچى بولدى . لىن لىگو 12 ـ سېنتەبىر كەچ سائەت 8 دە 256 ـ نومۇرلۇق سەنچاجى ئايروپىلانىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يۆتكەپ شەنخەيگۇەن ئايرودرومىغا كەلدى ، ئاندىن ماشىنا بىلەن بېيدەيخېدىكى لىن بياۋ ، يې چۈنلەرنىڭ يېنىغا كەلدى .

12 ـ سېنتەبىر كەچتە ، جۇئېنلەي خەلق سارىيىدا 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا سۆزلىنىدىغان « ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات » نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلىۋاتاتتى . سائەت 10 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە جۇ ئېنلەي مەركىزىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ تېلېفوندا بەرگەن : « لىن بياۋنىڭ قىزى لىن لىخىڭنىڭ ئىنكاس قىلىشىچە ، لىن لىگو بۈگۈن كەچتە بىر سەنچاجى ئايروپىلانى بىلەن شەنخەيگۇەن ئايرودرومىغا كەپتۇ . يې چۈن ، لىن لىگولار لىن بياۋنى قولتۇقلاپ ئايروپىلانغا چىقىرىپ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ ، قېچىپ كەتمەكچى بولۇۋېتىپتۇ » دېگەن دوكلاتنى ئاڭلاپ ، دەرھال ھاۋا ئار-

مىيسسىنىڭ قوماندانى ۋۇ فاشىيەنگە ئايروپىلاننى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن
شەنخەيگۇەن ئايرودرومىغا يۆتكەپ كەلگەنلىك ۋەقەسىنى تەكشۈرۈشنى
بۇيرۇدى ھەمدە ئايروپىلاننى دەرھال قايتىپ كەلسۇن دېدى . ۋۇفاشىيەن
جۇ ئېنلەيگە دوكلات قىلىپ ، مەن تەكشۈردۈم ، راستتىنلا بىر ئايرو-
پىلان شەنخەيگۇەنگە كەپتۇ . ئۇ قايتا قۇراشتۇرۇلغاندىن كېيىن سىناق
قىلىپ ئۇچۇرۇلغان ئايروپىلان ئىكەن ، چاتاق چىقىپ قاپتۇ ، ئەمدى
ئۇچالمايدىكەن ، دېدى . جۇ ئېنلەي ۋۇ فاشىيەنگە ، ئايروپىلاننى ياساپ
بولغان ھامان دەرھال ئۇچۇپ قايتىپ كەلسۇن ، ئەمما ئۇنىڭدا ھەرقانداق
ئادەمنى بېيجىڭگە ئېلىپ كېلىشكە بولمايدۇ ، دەپ كۆرسەتمە بەردى ،
يەنە ئۇنىڭ دەرھال بېيجىڭ شىجاۋ ئايرودرومىغا بېرىپ ئەھۋالنى تەك-
شۈرۈشنى بۇيرۇدى ۋە مەركىزىي قوغداش ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلىغا ۋۇ
فاشىيەننىڭ قېشىدىن ئايرىلماي ، ئۇنىڭ خىزمىتىگە ياردەملىشىشنى بۇي-
رۇدى . بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بولالمىغان جۇ ئېنلەي يەنە دېڭىز ئار-
مىيە سىياسىي كومىسسارى لى زوپېڭغا تېلېفون بېرىپ ، ئۇنىڭ شەن-
خەيگۇەن دېڭىز ئارمىيە ئايرودرومىغا بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، ئۇ يەردىكى
سەنچاجى ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشى ئۈچۈن ، جۇ ئېنلەي ، خۇاڭ يۇڭ-
شېڭ ، ۋۇ فاشىيەن ، لى زوپېڭ تۆت ئادەم بىرلىكتە بۇيرۇق قىلغاندىلا
ئاندىن رۇخسەت قىلىشنى ئېيتتى . لى زوپېڭ شۇ ھامان لىن بىياۋدىن
چاتاق چىققانلىقىنى پەملەپ ، جۇ ئېنلەينىڭ بۇيرۇقىنى مەقسەتلىك ھالدا
ئۆزگەرتىپ ، تۆت ئادەمنىڭ بىرى بۇيرۇق چۈشۈرسە ئايروپىلانغا رۇخ-
سەت قىلىڭلار ، دېدى . كەچ سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە جۇ ئېن-
لەي يې چۈننىڭ بىر غەلىتە تېلېفونىنى ئالدى . تېلېفوندا : « يولداش
لىن بىياۋ ھەرىكەت قىلىپ باقاي دەۋاتىدۇ » دېدى ، جۇ ئېنلەي : « ئۇ
ئاسماندا ھەرىكەت قىلامدىكەن ياكى يەردىمۇ ؟ » دەپ سورىۋىدى ، يې
چۈن : « ئاسماندا » دېدى . جۇ ئېنلەي قەستەن : « سىلەر ئايروپىلان
يۆتكەپ باردىڭلارمۇ ؟ » دەپ سورىۋىدى ، يې چۈن : « ياق » دەپ
جاۋاب بەردى . لىن بىياۋ قاتارلىقلار ئەسلى يالغان ئېيتىپ ، مەركىزىي
كومىتېتنى قايمۇقتۇرماقچى بولغانىدى ، ئەمما ئۇستىلىق قىلىمەن دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

چالدۇرۇپ قويدى؛

لىن بياۋ، يې چۈن، لىن لىگولار جەنۇبقا قېچىشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، بىدەيخېدىكى مۇھاپىزەتچى قىسىملارنىڭ توسۇشىغا پەرۋا قىلماي، ماشىنا بىلەن شەنخەيگۇەن دېگىنى ئارمىيە ئايرودرومىغا كەلدى ۋە 256 ـ نومۇرلۇق ئايروپىلانغا چىقتى. ئۇلار 13 ـ سېنتەبىر تاڭ سەھەردە توسۇشقا ۋە ئايروپىلان خىزمەتچىلىرىنىڭ كەم بولۇشىغا پەرۋا قىلماي ئۇچۇپ، چەت ئەلگە قاچتى.

ئايروپىلاننىڭ توسۇشقا قارىماي ئۇچقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، جۇ ئېنلەي دەرھال جۇڭنەنخەيگە بېرىپ ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلدى ھەمدە پۈتۈن مەملىكەتكە «ھەرقانداق ئايروپىلاننىڭ ئۇچۇشىغا رۇخسەت يوق» دېگەن بۇيرۇقنى چىقاردى. لىن بياۋ ئولتۇرغان ئايروپىلاننىڭ چەت ئەلگە قاراپ ئۇچقانلىقى ئېنىق بولغاندىن كېيىن، ماۋ زېدۇڭ ئۇنى توسماسلىقنى قارار قىلدى. سائەت 1 دىن 55 مىنۇت ئۆتكەندە ئايروپىلان موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىگە كىردى. كېيىن بىلىنىشىچە، ئايروپىلان موڭغۇلىيىنىڭ ۋىندورخان ئەتراپىغا كەلگەندە يېقىلغۇ تۈگەپ يەرگە قونغاندا ئۆت كەتكەن، لىن بياۋ، يې چۈن، لىن لىگو قاتارلىقلار ھەممىسى ئۆلگەن ④. «بىرلەشمە فلوت» نىڭ باشقا تايانچ ئۇنسۇرلىرى بەزىلىرى جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى، بەزىلىرى قولغا ئېلىندى. ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش سۇيىقەستى ئەنە شۇنداق بىتچىت بولدى.

**لىن بياۋ ۋەقەسىدىكى ساۋاق**

لىن بياۋدەك جۇڭگو كومپارتىيىسىدە يۇقىرى ئورۇننى ئىگىلىگەن بىر ئادەمنىڭ گورۇھ ئويۇشتۇرۇپ، سۇيىقەست پىلانلاپ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋالماقچى بولغانلىقى، ئەكسىلئىنقىلابىي قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش پىلانلىغانلىقى، پارتىيىنىڭ داھىيسىنى قەستلىمەكچى بولغانلىقى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى ئېغىر مەسىلە. ئۇنىڭ ناھايىتى تېزلىك بىلەن، ئوڭۇشلۇق ھالدا بىتچىت قىلىنىشى، پارتىيىنىڭ، خەلق رايىنىڭ، ئار-

مىيېنىڭ ئۇلارغا مايىل ئەمەسلىكىنى ، ئۇنداق ئىشنىڭ بولۇشىنى خالىمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ . لىن بياۋدەك يۇقىرى نوپۇزلۇق ، ئۇزاق يىللار دەۋر سۈرگەن ، ئەتراپىغا بىرمۇنچە مۇرىتلارنى يىغقان ، ئارمىيىدە ناھايىتى چوڭ ھوقۇقى بار ئادەمنىڭ بەتبەشىرىسى خەلقى ئالەم ئالدىدا پاش بولۇشى بىلەن ھەممەيلەن ئۇنى تونۇپ يەتتى ، لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ بىتچىت قىلىنىشى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىر غەلبىسى .

لېكىن ، بۇ ئىشنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مەنبەسى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ بىر يۈرۈش ئاساسىي پرىنسىپلارنى ئەتكەس قىلىۋەتكەنلىكىدە . بەش يىل داۋاملاشقان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ، دېموكراتىيە ـ مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپى پۈتۈنلەي بۇزۇلۇپ تۈگىدى ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى تارقىلىپ ، پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك رولى ئاجىزلاپ كەتتى ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپى يوقاپ كەتتى ، دېموكراتىيە ۋە قانۇن دەپسەندە قىلىندى ، گۇرۇھ توپلاپ تەرەپبازلىق قىلىش ئاشكارا قىلىندىغان بولۇپ كەتتى ، قانۇنلىشىپ قالدى ، پۈتۈن دۆلەت ئېغىر قالايمىقانچىلىق ئىچىدە قالدى . مانا بۇلار لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ پەيدا بولۇشى ، تەرەققىي قىلىشى ، خالىغىنىنى قىلىدىغان بولۇپ كېتىشى ، ھەتتا تەۋەككۈلچىلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىدىكى شارائىت ، ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك بۇ ۋەقەدىن كىشىلەر ، شەخسكە چوقۇنۇشنى ھەممىدىن كۆپ بازارغا سالغان لىن بياۋنىڭ پارتىيىنىڭ داھىيسىنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانلىقىنى ، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى ئىزباسارنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەتئەلگە قاچماقچى بولغانلىقىنى ، يېڭىدىن ئۆستۈرۈلگەن ئالتە نەپەر سىياسىي بيۇرو ئەزاسىنىڭ بۇ سۇيىقەستكە ، ھوقۇق تارتىۋېلىشقا قاتناشقانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالدى . ئادەمنى چۆچۈتكۈدەك بۇ ئەمەلىيەت ، كىشىلەرنى چوڭقۇر ئويغا سالماي قالمايدۇ : « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » زۆرۈرمۇ ؟ « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » توغرىمۇ ؟ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

« شيۇجېڭجۇيـــدىـــن ساقلانغىلى ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرغىلى » ، « قـىزىل ھاكىمىيەتنى ئۆزگەرتىپ كەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلغىلى » بولامدۇ ؟ ئۇ پارتىيە ۋە دۆلەتكە زادى نېمىلەرنى ئېلىپ كەلدى ؟ دېگەندەكلەر . 13 ــ سېنتەبىر ۋەقەسى كەڭ كادىر ۋە ئاممىنى شەخسكە چوقۇنۇش ئېزىقتۇسىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ،« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا بولغان گـۇمـانـــنى ۋە نارازىلىقنى كۈچەيتتى ، ئۇ ۋەقەنىڭ بولۇشى ، ئوبيېكتىپ جەھەتتە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلاپ ، ئون يىللىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » تارىخىدىكى بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولۇپ قالدى .

## ئىزاھاتلار

① « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ــ توم 750 ــ بەت .

② بـۇ ئـىـــــمىلىككە كىرگۈزۈلگەنلەر : جۇ ئېنلەي ، چېن بودا ، كاڭ شېڭ ، جياڭ چىڭ ، جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋۋېنيۈەن ، شې فۇجى ، خۇاڭ يۇڭشېڭ ، ۋۇ فاشيەن ، يې چۈن ، ۋاڭ دۇڭشىڭ ، لى زوپېڭ ، چيۇ خۇيزو ، ۋېن يۈيچىڭ .

③ « ئۈچ سادىق بولۇش » : « ماۋ جۇشىغا سادىق بولۇش ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە سادىق بولۇش ، ماۋ جۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى لۇشيەنىگە سادىق بولۇش . »

« تۆت چەكسىز » : ماۋ جۇشىغا نىسبەتەن « چەكسىز قىزغىن سۆيۈش ، چەكسىز ئېتىقاد قىلىش ، چەكسىز چوقۇنۇش ، چەكسىز سادىق بولۇش . »

« تـۆت ئۇلۇغ » : « ئۇلۇغ ئۇستاز ، ئۇلۇغ داھىي ، ئۇلۇغ قوماندان ، ئۇلۇغ رولچى . » بۇ لىن بياۋنىڭ ماۋ زېدۇڭغا نىسبەتەن شەخسكە چوقۇنۇشنى تەرغىپ قىلىپ يازغان بېغىشلىمىسى .

« ئۈچ ئىككى كۈرەش » : پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيىدىن ئىبارەت ئىككى سىنىپ ، سوتسىيالىزم بىلەن كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئىككى يول ، ماۋ جۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى لۇشيەنى بىلەن ئەكسىلئىنقىلابى شيۇجېڭجۇيىدىن ئىبارەت ئىككى لۇشيەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش .

④ لـىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ ۋىندورخاندا ئۆلگەنلىكىنى بىزنىڭ موڭغۇل-

يىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىنىڭ خادىملىرى نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرۈپلا قالماي، يەنە نۇرغۇن سۈرەتلەرنى تارتىپ كەلگەن. يەنە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخبارات ئورۇنلىرى مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ ئۇستىخانلارنى، چىشلىرىنى تەكشۈرۈپ، ئۆلگۈچىنىڭ ھەقىقەتەن لىن بياۋ ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. غەربتىكى بەزىلەرنىڭ، كۆيۈپ كەتكەن ئايروپىلاندا لىن بياۋ قاتارلىقلار يوق ئىكەن، دېگەن سۆزلىرى پۈتۈنلەي پىتنە ـ پاسات.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# بەشىنچى باب

## « لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » ۋە لىن بياۋنى، كۆڭزىنى پىپەن قىلىش »

لىن بياۋ گـۇرۇھـىـنىـڭ بىتچىت بولۇشى، « ئوبيېكتىپ جەھەتتە ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى›نىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىنى جاكارلىدى » ①. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئوبيېكتىپ جەھەتتە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ چېكىدىن ئاشقان سولچىللىق خاتالىقىنى تۈزىتىپ، جۇڭگونى نورمال تەرەققىي قىلىش يولىغا سېلىشنىڭ بىر قېتىملىق تارىخىي پۇرسىتىنى يارىتىپ بەردى. جۇ ئېنلەي باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدىكى ساغلام كۈچلەر شۇ چاغدىكى ئالاھىدە ھەم مۇرەككەپ بولغان تارىخىي شارائىتتا، بۇ تارىخىي پۇرسەتنى تىرىشچانلىق بىلەن چىڭ تۇتۇپ، جۇڭگو خەلق ئىنقىلابىي ئىشلىرىنى پايدىلىق تەرەپكە قارىتىپ تەرەققىي قىلدۇرماقچى بولدى. ئەپسۇسكى، ماۋ زېدۇڭ لىن بياۋ ۋەقەسىنىڭ ساۋاقلىرىنى تولۇق ھېس قىلىپ كېتەلمەي، يەنىلا « سولچىل » لۇشيەندە چىڭ تۇرغانلىقتىن، بۇ قېتىمقى تارىخىي پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويدى. رەقىبى يوقالغانلىقتىن جياڭ چىڭ گۇرۇھى تېخىمۇ زور ھوقۇققا ئېرىشتى، قارا نىيىتى تېخىمۇ يوغىناپ كەتتى. ئۇلار داۋاملىق ئىش تېرىپ، ۋەقە تۇغدۇرۇپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىغا قايتا ـ قايتا ھۇجۇم قوزغىدى. پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ « سولچىل » خاتالىقىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك كونتروللۇقىدا، يەنىلا ئەگرى ـ توقاي يوللارنى بېسىشقا، داۋاملىق ئازاب ـ ئوقۇبەت ۋە ئاپەت

ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر بولدى .

## 1 . « لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » ۋە جۇ ئېنلەينىڭ « سول » چىللىقنى تۈزىتىشتە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى

لىن بياۋ ۋەقەسى ناھايىتى ئېغىر ، شۇنداقلا تەسىرى ناھايىتى زور بولغان سىياسىي ۋەقە ئىدى ، ئەمما ماۋ زېدۇڭ جۇ ئېنلەينىڭ يېقىندىن ياردەم بېرىشى بىلەن توغرا فاڭجېن ۋە مۇۋاپىق تەدبىر قوللانغانلىقى ئۈچۈن ، بۇ ئېغىر ۋەقە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان يامان ئاقىۋەتنى زور دەرىجىدە يوقاتتى ۋە ئازايتتى . دۆلەتنىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىم ساقلاپلا قالماي ، يەنە دۆلەت بايرىمىنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈپ ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئەلچىسى كىسىنگېر جۇڭگونى مەخپىي زىيارەت قىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ نورمال ھالەتكە چۈشۈشىگە تەسىر يەتكۈزمىدى ② .

1971 ـ يىلى 18 ـ ئاۋغۇستتا ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « لىن بياۋنىڭ ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىپ چەت ئەلگە قاچقانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى تارقىتىپ ، ئۆلكە ، مىنىستىرلىقتىن يۇقىرى بارلىق كادىرلارغا لىن بياۋ ۋەقەسىنى يەتكۈزدى . 24 ـ ئاۋغۇستتا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار چىقىرىپ ، لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى ، ئارمىيىدە مۇھىم ھوقۇقلارنى تۇتۇۋالغان خۇاڭ يۇڭشېڭ ، ۋۇفاشيەن ، لى زوپېڭ ، چيۇخۇيزو قاتارلىقلارنى خىزمىتىنى توختىتىپ ئۆزىنى تەكشۈرۈپ ، مەسىلىسىنى ئۈزۈل ـ كېسىل تاپشۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى . 3 ـ ئۆكتەبىردە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش يىغىنى قۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تارقاتتى . مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئىش بېجىرىش يىغىنىغا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يې جيەنيىڭ رىياسەتچىلىك قىلىدىغان ، ئەزالىرى يې

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جيەنيىڭ ، شې فۇجى ، جاڭ چۇنچياۋ ، لى شيەنىيەن ، لى دېشېڭ ، جى دېڭكۇي ، ۋاڭ دۇڭشېڭ ، چېن شىجۇي ، جياڭ سەيچيەن ، ليۇ شەنچۇەن قاتارلىق ئون ئادەمدىن تەركىب تاپىدىغان ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان بولدى . شۇنىڭ بىلەن ، لىن بياۋ گۇرۇھى قولغا كىرگۈزۈۋالغان ھەربىي ھوقۇق مەسىلىسى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىندى .

شۇ كۈنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ، لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ مەسىلىسىنى تەكشۈرۈشكە مەسئۇل بولىدىغان مەركەزنىڭ مەخسۇس ئەنزە گۇرۇپپىسىنى قۇرغانلىقىنى ئېلان قىلدى . بۇ گۇرۇپپا جۇ ئېنلەي ، كاڭ شېڭ ، جياڭ چىڭ ، جاڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن ، جى دېڭكۇي ، لى دېشېڭ ، ۋاڭ دۇڭشېڭ ، ۋۇدې ، ۋۇ جۇڭ قاتارلىق ئون ئادەمدىن تەركىب تاپتى . جى دېڭكۇي ، ۋاڭ دۇڭشېڭ كۈندىلىك خىزمەتلەرگە مەسئۇل بولدى .

دۆلەتنىڭ ئىككىنچى قول رەھبىرىنىڭ چەت ئەلگە قاچقانلىقىدەك چوڭ ئىشنى ئۇزۇنغىچە مەخپىي ساقلاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ، شۇڭا ئۆكتەبىر بايرىمىدىن كېيىن يەنى 24 – ئۆكتەبىردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى لىن بياۋنىڭ پارتىيىگە ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلغانلىق ۋەقەسىنى پۈتۈن مەملىكەتكە يەتكۈزۈش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى . پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى لىن بياۋ ۋەقەسىگە ھەيران قېلىشتى ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتىگە نەپرەت ياغدۇردى ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قوللانغان تەدبىرلەرنى قوللىدى . 1971 – يىلى دېكابىردىن باشلاپ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئارقا – ئارقىدىن « لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىشنى تارمار قىلىش كۈرىشى » دېگەن ئۈچ تۈركۈم ماتېرىيال تارقىتىپ ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا « لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ ، ئاممىنى لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ جىنايىتىنى پاش قىلىشقا ، لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ سۇيىقەستلىك

ھەرىكەتلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەم ۋە ئىشلارنى تەكشۈرۈپ ئىـ
نقىلاشقا سەپەرۋەر قىلدى .
« لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » نىڭ مەزمۇنى شۇ
چاغدا مۇنداق دەپ بېكىتىلگەنىدى : لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ قورال بىلەن
ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولغان سۇيىقەستىنى ، « « 571 » قۇرۇلۇش خاتىـ
رىسى » نى تۈزۈپ چىقىپ ، ماۋ زېدۇڭغا قەست قىلىپ ، ئەكسىلئىنقىلا-
بىي قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىماقچى بولغان ، ۋەتەنگە ئاسىيـ
لىق قىلىپ چەت ئەلگە قاچماقچى بولغان جىنايىتىنى پاش قىلىش ھەم
پىپەن قىلىش ؛ شۇنىڭ بىلەن بىر گە ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي ئىككى
يۈزلىمىلىكلىكى ۋە ئۇلار بازارغا سالغان « تالانت نەزەرىيىسى » قاتارلىق
ئىدېئالىستىك تارىخىي كۆز قارىشى ھەم مېتافىزىكىسىنى پىپەن قىلىش ،
لىن بياۋنى پىپەن قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ ، ماركسىزم ، لېنىنىزمنىڭ ئالتە
كىتابىنى ئوقۇشتىن باشقا يەنە ماۋ زېدۇڭ لۇشەندە يازغان « مېنىڭ ئازراق
پىكرىم » ۋە 1966 ـ يىلى 8 ـ ئىيۇلدا جياڭ چىڭغا يازغان بىر پارچە
خېتىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش ، راست ـ يالغان ماركسىزمنى پەرقلەندۈ-
رۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش تەلەپ قىلىندى .
« لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش » ھەرىكىتىنىڭ قا-
نات يايدۇرۇلۇشى ، ئاممىنى قوزغاپ لىن بياۋ قاتارلىقلارنىڭ جىنايىتىنى
پاش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، « سول » چىل خاتالىقنىڭ خەۋپىنى تو-
نۇپ ، « سول » چىللىق ئەسەبىيسىنى پەسەيتىش ، تەمكىنلىك بىلەن
ئويلاپ ، ئىقتىسادىي خىزمەتكە كۆپرەك ئەھمىيەت بېرىپ ، دۆلەتنىڭ
سىياسىي ـ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىنى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلاش قاتارلىق
جەھەتلەردە بەلگىلىك ئاكتىپ رول ئوينىدى . لېكىن ، بۇ ھەرىكەت
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى مۇقىملاشتۇرغان ئالدىنقى شەرت ئاستىدا
ئېلىپ بېرىلغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى « سول » ئىدى ،
ئۇنىڭ ئۈستىگە جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى تۈپەيلى
رولى چەكلىك بولۇپ قالدى ، مەسىلىلەر خېلى كۆپ كۆرۈلدى .
ماۋ زېدۇڭ لىن بياۋ ۋەقەسىدىن بەزى ساۋاقلارنى ئېلىپ ، بەلگىـ

لىك چەك ئېچىدە بەزى سىياسەتلەرنى تەڭشىگەن بولسىمۇ ، لېكىن تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى تۈپتىن يەكۈنلىمىگەچكە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئومۇميۈزلۈك خاتالىقىنى تونۇپ يېتەلمىدى ، مۇشۇنداق بۇرۇلۇش پەيتىدە بۇ « زور ئىنقىلاب » نى دەرھال توختىتىش لازىملىقىنى بىلمىدى . ئەكسىچە ، ئۇ لىن بياۋ ۋەقەسىنى سىنىپ ۋە سىنىپىي كۆرەش توغرىسىدىكى ئاشۇ « سول » چىل نوقتىئىنەزەرى بويىچە تەھلىل قىلىپ ، ھۆكۈم قىلدى . ئۇ ، لىن بياۋ پومېشچىك ، كاپىتالىستلارغا ۋەكىللىك قىلىپ ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرمەكچى بولدى ، لىن بياۋ ۋەقەسى كەسكىن سىنىپىي كۆرەشنىڭ ئىپادىسى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى تارىخىدىكى « 10 ـ قېتىملىق لۇشيەن كۆرىشى » دەپ تونۇپ ، لىن بياۋ گۇرۇھىنى مەلۇم سىنىپنىڭ ۋەكىلى دېيىشكە تولۇق ئاساس يوق دەپ بىلدى . ئەمەلىيەتتە ئۇلار بىر تۈركۈم ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان سۇيىقەستچىلەر ، قارا نىيەتلەر گۇرۇھى . ئۇلار ئەزەلدىن بىرەر مۇستەقىل سىياسىي تەشەببۇسنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغان ئەمەس ، شۇڭا ئۇنى لۇشيەن كۆرىشى دېمەكمۇ تەس ئىدى . ئۇلارنىڭ بىر مەھەل ئەزۋەيلەپ كېتىشىدىكى سەۋەب ، ئۇلار ماۋ زېدۇڭ ئۆزى قوزغىغان ۋە رەھبەرلىك قىلغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئومۇميۈزلۈك « سول » چىل خاتا فاڭجېندىن پايدىلىنىپ كەتكەنلىكىدە . ماۋ زېدۇڭ بۇ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئېتىراپ قىلماي ، يەنىلا « سول » چىل خاتا فاڭجېندا چىڭ تۇردى ھەمدە جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا داۋاملىق ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىشىغا يول قويدى . مانا بۇلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دۆلەت ۋە خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتنى تېخىمۇ ئۇزارتىۋەتتى ۋە كۈچەيتىۋەتتى .

لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ قوراللىق سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغاش سۇيىقەستى تارمار قىلىنغاندىن كېيىن ، جۇ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى . ئۇ « سول » چىل خاتالىقنى تۈزىتىش

ئۇچۇن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەچكە ، ھەرقايسى ساھەدىكى خىزمەتلەردە زور بۇرۇلۇش بولدى .

## بىر تۈركۈم پېشقەدەم كادىرلارنى « ئازاد قىلىش » ۋە ئىشلىتىش

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھلىرى پېشقەدەم كادىرلارغا غالجىرلىق بىلەن زەربە بەردى ۋە زىيانكەشلىك قىلدى ، مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇۋۇال ، خاتا ئەنزىلەر كۆپلەپ كەتتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىلا جۇ ئېنلەي كۆپ ئەجىر سىڭدۇرۇپ ۋە ھەرخىل ئامال چارىلەرنى قىلىپ كۆپلىگەن پارتىيىلىك ، پارتىيىسىز كادىرلارنى قوغداپ قالغانىدى . لىن بياۋ ۋەقەسى ماۋ زېدۇڭنى بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە باشقىدىن ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى ھەمدە بەزى كونا يولداشلارغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئۆزگەرتتى . 1971 ـ يىل 14 ـ نويابىر ئۇ چېڭدۇ رايونىدىكى سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشقان خادىملارنى قوبۇل قىلغاندا ، يې جيەنيىڭنىڭ ئالدىدا كۆپچىلىككە : « سىلەر ئەمدى ‹ فېۋرال تەتۈر ئېقىمى › دېگەننى دەۋەرمەڭلار ، ‹ فېۋرال تەتۈر ئېقىمى › دېگەننىڭ خاراكتېرى نېمە ؟ ئۇلار لىن بياۋ ، چېن بودا ، ۋاڭ لى ، گۈەن فېڭ ، چى بېنيۈيگە قارشى تۇرماقچى » دېگەن . بۇ ئاتالمىش « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » دېگەن چوڭ خاتا ئەنزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئاساس سالغانلىق ئىدى ( پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ « فېۋرال تەتۈر ئېقىمى » ئۈستىدىكى ئەنزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش توغرىسىدىكى قارارى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تارمار قىلىنغاندىن كېيىن چىقتى ) ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ۋە 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە قۇرۇلتىيىغا قاتناشتۇرۇلمىغان تەن جېنلىنمۇ جۇ ئېنلەينىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى بىلەن بېيجىڭغا قايتىپ كەلدى ۋە خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى .

1972 ـ يىلى 10 ـ يانۋاردا ماۋ زېدۇڭ چېن يىنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشتى . ئازادلىقتىن بۇيان ماۋ زېدۇڭنىڭ بىر شەخسنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىششى ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەن ئىش ئىدى . بولۇپمۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ، يەنە كېلىپ چېن يىدەك قايتا ـ قايتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پېپەن قىلىنغان پېشقەدەم يولداشنىڭ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىشى پەقەتلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش ئىدى. بۇ ئىش شىنخۇا ئاگېنتلىقى ۋە «خەلق گېزىتى» نىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىشى بىلەن ناھايىتى زور تەسىر قوزغىدى.

ماتەم مۇراسىمىدا، ماۋ زېدۇڭ چېن يىنىڭ رەپىقىسى جاڭ چيەن بىلەن سۆزلەشكەندە، چېن يى ئوبدان ئادەم، ياخشى يولداش ئىدى. ئەگەر لىن بياۋنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئېشىپ قالغان بولسا، بىزدەك پېشقەدەم يولداشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەن بولاتتى دېدى. شۇ قېتىملىق سۆھبەتتە ماۋ زېدۇڭ يەنە، دېڭ شياۋپىڭ لىۋ شاۋچىدىن پەرقلىنىدۇ، دېگەن. بۇ سۆزلەر تارقالغاندىن كېيىن ناھايىتى زور ئىنكاس قوزغىدى. جۇ ئېنلەي تەزىيە سۆزىدە، چېن يىنىڭ ھاياتى ئىنقىلاب ئىشلىرىغا زور تۆھپە قوشقان ھايات دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

جۇ ئېنلەي پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، پۈتۈن مەملىكەتتە كادىرلارنى ئازاد قىلىش ئىشىنى ئېلىپ باردى. 1972 - يىلى ئاپرېلدا، ئۇ خەلق گېزىتىگە پارتىيىنىڭ كادىرلار سىياسىتىنى شەرھلەيدىغان بىر باش ماقالە يېزىپ چىقىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى ھەمدە ئۇنى ئۆزى تەكشۈرۈپ ئوقۇپ چىقتى. «ئۆتمۈشتىكىدىن ساۋاق ئېلىپ، كېيىنكىسىگە ئىبرەت قىلىش، كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتقۇزۇش» تېمىسىدىكى بۇ باش ماقالە 24 - ئاپرېلدا «خەلق گېزىتى» دە ئېلان قىلىندى. بۇ باش ماقالە شۇ چاغدا ناھايىتى زور ئىنكاس قوزغاپ، كادىرلارنى «ئازاد قىلىش» خىزمىتىنى كۈچلۈك ئىلگىرى سۈردى، كۆپ ساندىكى پېشقەدەم كادىرلار، مۇتەخەسسىسلەر، پروفېسسورلار سولانغان، تەكشۈرۈلۈۋاتقان، كۈرەش قىلىنىۋاتقان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ، خىزمەت ئورنىغا باشقىدىن قايتىپ كەلدى. نۇرغۇن يولداشلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك خىزمىتىنى ئۆتىدى.

دېكابىردا، ماۋ زېدۇڭ بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئىنكاس قىلغان ئەھۋالغا ئاساسەن، تۈرمىلەر «فاشىستلارچە تەكشۈرۈش

ئۇسۇلى » قوللانغان ، « ھەممىنى يوق قىلىش كېرەك » دەپ تەنقىدلەپ ،
« زۇڭـلى بېجىرسۇن » دەپ تەستىق سالدى . جۇ ئېنلەي دەرھال جاما-
ئەت خـەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىغا بېيجىڭ گارنىزونى بىلەن بىللە بېي-
جىڭ تۈرمىلىرىنى تەلتۆكۈس تەكشۈرۈپ چىقىش توغرىسىدا يوليورۇق
بـەردى ھەمدە تۈرمىدىكى « جىنايەتچىلەر » ئالدىدا ئۇ يەردىكى فا-
شـىستلارچە تەكشۈرۈش ۋاستىلىرىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى ئو-
چۇق ئاشكارا ئېلان قىلىشنى ، « جىنايەتچىلەر » نى خورلاشقا ، ئۇرۇشقا
رۇخسەت قىلماسلىقنى ، « ئەگەر راستتىنلا جىنايەتچى بولسا ، قانۇن بو-
يىچە جـازالاشـنـى ، جـىنايەتچىلەرنىڭ ئەرز قىلىشىغا رۇخسەت قى-
لىشنى » ③ تەلەپ قىلدى . بۇ گەرچە كادىرلار مەسىلىسىنى تۈپتىن
ئۆزگەرتىۋېتىدىغان چارە بولمىسىمۇ ، لېكىن ھەقىقەتەنمۇ جىيالڭ چىڭ
گـۇرۇھـىدىكىلەرنىڭ كادىرلارغا قىلغان زىيانكەشلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە
چەكلىدى ۋە ئازايتتى .

يۇقىرقىدەك خىزمەتلەر ئىشلەنگىنى ئۈچۈن ، بۇ مەزگىلدە بەزى
مەسئۇل كادىرلارنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى ھەمدە تۆۋەنگە چۈشۈ-
رۈلـگەن ۋە « چەتتە تۇرغۇزۇپ قويغان » ( شۇ چاغلاردا ئېنىق بىر گۇ-
ناھ ئارتالمىغان ، ھەم ئىشەنمىگەن ، ھەم خىزمەت قىلىشقا رۇخسەت قىل-
مىغان كادىرلارنى شۇنداق دەپ ئاتايتتى ) پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيە-
نىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىنىڭ بۇرۇنقى مەسئۇللىرى باشقىدىن رەھبەرلىك
ئورنىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى . بۇنىڭ ئىچىدە ئالاھىدە گەۋدىلىك بولۇپ زور
تەسىر كۆرسەتكىنى ، 1973 ـ يىلى 10 ـ مارتتا پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتى مـاۋ زېـدۇڭـنىڭ بىر تەستىقىگە ئاساسەن قارار چىقىرىپ ، دېڭ
شياۋپىڭنىڭ پارتىيە تۇرمۇشىنى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىنى
ئەسلىگە كەلتۈرگىنى بولدى . ماۋ زېدۇڭ 1972 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇستتا
دېڭ شياۋپىڭنىڭ 3 ـ ئاۋغۇستتا يازغان خېتىگە ناھايىتى مۇھىم تەستىق
سالدى . ماۋ زېدۇڭ گەرچە يەنىلا دېڭ شياۋپىڭنىڭ « خاتالىقى ئېغىر ،
ئەمـما لىيۇ شاۋچىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەك » دەپ تونۇسىمۇ ، ئەمما
دېڭ شياۋپىڭنى « مەركىزىي سوۋېت رايونىدا ئۇچۇقلانغان . . . ئاتالمىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ماۋ زېدۇڭ تەرەپنىڭ كاتتىۋېشى دەپ قارالغان » ، « ئۇنىڭ تارىخىي مەسىلىسى يوق » ، « ئۇ يولداش لىيۇ بوچېڭغا ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلغاندا تۆھپە ياراتقان » ، « ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى شيۇ جېڭجۇيىچىلىرىغا تېز پۇكمىگەن » دەپ بىلەتتى . مۇشۇ تەستىق بويىچە ، جۇ ئېنلەي مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو يىغىنىنى باشقۇرۇپ ، تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ يۈرۈپ ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە تۇرمۇشىنى ۋە گوۋۇيۈەن زۇڭلىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قارارىنى چىقاردى ، شۇنىڭ بىلەن دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگونىڭ سىياسىي سەھنىسىدە باشقىدىن پەيدا بولدى .

**خەلق ئىگىلىكى تۈۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش**

جۇ ئېنلەي مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان مەزگىللەردە ، ئۇ ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكى ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئۇ : « نامۇۋاپىق قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك ، مۇۋاپىقلىرىنى يەنىلا ساقلاپ قېلىش ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە ماس كەلمەيدىغانلىرىنى ، ئەلىمگە ھۆرمەت قىلمىغانلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش لازىم » ④ دېگەنىدى .

1971 ـ يىلى 5 ـ ئۆكتەبىردە جۇ ئېنلەي دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مەملىكەتلىك پىلان يىغىنىنىڭ ئەھۋالىدىن قىلغان دوكلاتىنى ئاڭلاپ ، ھازىر كارخانىلىرىمىزنىڭ باشقۇرۇلۇشى ناھايىتى قالايمىقان ، رەتكە سېلىش كېرەك ، دەپ كۆرسەتتى . ئارقىدىن گوۋۇيۈەن « 1972 ـ يىللىق مەملىكەتلىك پىلان يىغىنىنىڭ خاتىرىسى » نى يېزىپ چىقىپ ، كارخانىلارنى رەتكە سېلىشنىڭ تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، كارخانىلاردا ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ، يوقلىما تۈزۈمى ، تېخنىكا مەشغۇلات قائىدىسى ، سۈپەت تەكشۈرۈش تۈزۈمى ، ئۈسكۈنىلەرنى باشقۇرۇش ۋە ئاسراش تۈزۈمى ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش تۈزۈمى ، ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمى قاتارلىق يەتتە خىل تۈزۈمنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ۋە تولۇقلاشنى ئېنىق بەلگىلىدى ؛ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات

مـىقدارى ، تۆرى ، سۇپىتى ، خام ئەشيا ، يېقىلغۇ سەرپىياتى ، ئەمگەك
ئىـشلەپچىقىرىش دەرىجىسى ، تەننەرخ ، پايدا قاتارلىق يەتتە كۆرسەتـ
كۈچنى تۈتۈشنى تەكىتلىدى . بۇلار ئەسلىدە ئازادلىقتىن كېيىنكى ئۇزۇن
يـىللىق تەجرىبىلەردىن بەلگىلەپ چىققان ئۈنۈملۈك باشقۇرۇش تەدبىر-
لىرى بولۇپ ، ھەرقانداق بىر ئىقتىسادىي ئورۇندا كەم بولسا بولمايدىغان
زۆرۈر تـۈزۈملەر ئىدى ، ئەمما « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا بۇلارنىڭ
ھـەممىسى دېگۈدەك ئەتكەس قىلىنىپ ، كارخانا باشقۇرۇشى قالايمىقانلىـ
شىـپ كەتتى ، ئىشلەپچىقىرىش بارغانچە تۆۋەنلەپ كېتىش ۋەزىيىتى
شەكىللەندى . شۇڭا ، ئىقتىسادىي خىزمەت ۋەزىيىتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن
ئىشنى بۇ تۈپكى قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تىكلەش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن
باشلاش كېرەك ئىدى .

1972 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا جۇ ئېنلەي « 1970 ـ يىلدىكى پاخالـ
لىشىش » سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان « ئۈچ ئېشىپ كېتىش » مەسىلـ
سـىنى سېزىپ قالدى . شۇڭا ئۇ 1972 ـ يىلىدىكى مەملىكەتلىك پىلان
يىغىنىدا ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر سانى 50 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن ،
مائاش سوممىسى 30 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ كەتكەن ، سېتىلغان ئاشلىق
80 مىليارد جىڭدىن ئېشىپ كەتكەن ، بۇلار خەلق ئىگىلىكىگە ھەر جەـ
ھەتتىكى مەسىلىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ ، ھەل قىلىشقا دىققەت قىلمىساق ،
خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز ، دەپ كۆرسەتتى . جۇ ئېنلەينىڭ پىكرىگە
ئاساسەن ، دۆلەت پىلان كومىتېتى « بىر تۈتاش پىلانلاش ، ئىقتىسادىي
باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش توغرىسىدىكى بەلگىـ
لىمە » تۈزۈپ چىقىپ ، 1973 ـ يىلىنىڭ بېشىدا چاقىرىلغان مەملىكەتلىك
پىلان يىغىنىدا مۇزاكىرە قىلىشقا تاپشۇردى .

1973 ـ يـىلدىكى مەملىكەتلىك پىلان يىغىنىدا بۇ ھۆججەتنى
مـۇزاكىرە قىلىغاندا 28 ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايون ئىچىدە پەقەت
شـاڭخەي قارشى تۇرغاندىن باشقا ھەممىسى قوللىدى . جاڭ چۇنچياۋ
ئۇنـى « ئۇلار بىزنى كۆپ ساندىكىلەر بىلەن باسماقچى بولدى ، بىز قەتـ
ئىي قارشى تۇرىمىز ، بىز شەرەپلىك يالغۇز » دېدى . ئۇ يەنە بۇ ھۆجـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەتنى يىغىۋېلىش ھەققىدە بۇيرۇق قىلدى .

1972 ـ يىلى ۋە 1973 ـ يىلىدىكى ئىككى قېتىملىق پىلان يىغىنىدا ئىككى ھۆججەت تۈزۈلگەن بولسىمۇ ، لېكىن جاڭ چۈنچياۋنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى بىلەن رەسمىي ھۆججەت بولۇپ تۆۋەنگە تارقىتىلمىدى . لېكىن ، مۇزاكىرە ئارقىلىق ۋە ۋەكىللەرنىڭ قايتىپ بېرىپ يەتكۈزۈشى بىلەن ، ئۇ ئەمەلىي خىزمەتتە ئاكتىپ رول ئوينىدى . « ئۈچ ئېشىپ كېتىش » ئۈنۈملۈك كونترول قىلىندى ، تەڭپۇڭلۇقىنى يوقاتقان ھەرخىل نىسبەتلەر مەلۇم دەرىجىدە تەڭشەلدى ، پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە ئۆسۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى . 1972 ـ يىلى سانائەت ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 6.6% ئۆستى ، 1973 ـ يىلى بولسا ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 9.5% ئۆستى .

ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى ، 1972 ـ يىلى ئېلىمىز نەچچە يىللار ئۈزۈلۈپ قالغان چەت ئەلدىن پۈتۈن يۈرۈش ئۈسكۈنە ۋە يېڭى تېخنىكا كىرگۈزۈش خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى .

**يېزىلاردىكى تەقسىماتنى تەڭشەش**

يېزا خىزمىتى جەھەتتىمۇ بەزى « سول » چىل خاھىشلارنى تۈزەتتى . 1971 ـ يىلى 26 ـ دېكابىردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى يېزا خەلق كوممۇنىسىنىڭ تەقسىمات مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى تارقاتتى . شۇ چاغدىكى يېزىلاردا چېكىدىن ئاشقان سول پىكىر ئېقىمىنىڭ تەسىرىدە ئەمگەك ھەققىنى ھېسابلاشتا تەڭ تەقسىماتچىلىق ئېغىر بولۇش ، كۆپ ئەمگەك قىلغانلار كۆپ ئالالماسلىق ؛ قولى پۇل كۆرمەسلىك ، تەقسىمات ئۆز ۋاقتىدا ئەمەلىيلەشمەسلىك ، دېھقانلارنىڭ كىرىمى ئازلاپ كېتىش ، تۇرمۇش سەۋىيىسى تۆۋەنلەشتەك ئەھۋاللار تۈپەيلى دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقى سۇسلىشىش ھالىتىگە قارىتا ھەل قىلىش تەدبىرلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى . ھۆججەتتە : « دۆلەت مەنپەئەتى ، كوللېكتىپ مەنپەئەتى ۋە شەخسىي مەنپەئەتكە تەڭ ئېتىۋار بېرىلىپ ، پارتىيىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىي-

لەشتۈرۈش ، يېزا خەلق كوممۇنىسىنىڭ تەقسىمات خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش لازىم » دەپ كۆرسىتىلدى . بۇ يوليورۇق يېزىلاردىكى كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىنىڭ قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولۇپ ، مەلۇم دەرىجىدە دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئاكتىپچانلىقىنى ئۇرغۇتتى . 1972 ـ يىلى 600 مىليون مودىن ئارتۇق زىرائەت ئېغىر تەبىئىي ئاپەتكە ئۇچرىغانلىقتىن ، بۇ يىل يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئاشمىدى ، ئەمما 1973 ـ يىلى ئالدىنقى يىلىغا قارىغاندا 8.4% ئاشتى .

### دىپلوماتىيە جەھەتتىكى زور ئىلگىرىلەشلەر

دىپلوماتىيە خىزمىتى جەھەتتە ، بۇ مەزگىلدە بۆسۈش خاراكتېرلىك زور ئىلگىرىلەشلەر بولدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن كېيىن ، لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى قۇترىتىپ ، بىر قاتار چەت ئەلگە چېتىشلىق ۋەقەلەرنى تۇغدۇرۇپ ، ئېلىمىزنىڭ ئابرۇيىغا ۋە چەت ئەل بىلەن بولغان مۇناسىۋەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالدىنقى بەش يىلىدا پۈتكۈل دىپلوماتىيە خىزمىتى ئىزىدا تۇرۇپ قېلىش ۋە چېكىنىش ھالىتىگە چۈشۈپ قالدى . 9 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن ماۋ زېدۇڭ ۋە جۇ ئېنلەينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئېلىمىز ھۆكۈمىتى بىرقاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ ، چەت ئەللەر بىلەن ، بولۇپمۇ ئامېرىكا ، ياپونىيە ۋە غەربىي ياۋروپا ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ياخشىلىدى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى .

1971 ـ يىلى 25 ـ ئۆكتەبىردە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 26 ـ نۆۋەتلىك چوڭ يىغىنىدا مۇتلەق كۆپ ئاۋاز بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى . 1972 ـ يىلى 21 ـ فېۋرالدا جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسون جۇڭگونى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن بېيجىڭغا كەلدى . 27 ـ فېۋرالدا جۇڭگو ـ ئامېرىكا ئىككى دۆلەت شاڭخەي بىرلەشمە ئاخباراتىنى ئېلان قىلىپ ، ئىككى دۆلەت 20

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نەچچە يىل قارشىلىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەمدى ياخشىلىنىش ۋە مۇناسىۋەتنى نورماللاشتۇرۇشقا قاراپ ماڭغانلىقىنى جاكارلىدى. جۇڭگونىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدىكى قانۇنلۇق ئورنىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ۋە جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ ياخشىلىنىشى، جۇڭگونىڭ چەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئوبدان شارائىت هازىرلاپ بەردى. 1972 ـ يىلى 25 ـ سېنتەبىردە، ياپونىيە هۆكۈمىتى ئىچكى كابىنېتىنىڭ باش ۋەزىرى تيەنجۇڭ ـ جاۋرۇڭ جۇ ئېنلەينىڭ تەكلىپىگە بىنائەن جۇڭگوغا زىيارەتكە كەلدى. 29 ـ سېنتەبىر كۈنى، جۇڭگو ـ ياپونىيە ئىككى دۆلەت ئۇرۇش هالىتىنى تۈگىتىپ، مۇناسىۋەتنى رەسمىي ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكىنى جاكارلىدى.

كېسىنگېرنىڭ مەخپىي زىيارەتكە كېلىشىدىن تارتىپ 1972 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 27 ئاي ئىچىدە دۆلىتىمىز يەنە كانادا، ئىتالىيە، ئاۋسترىيە، تۈركىيە، ئىران، مېكسىكا، فېدېراتىپ گېرمانىيە، ئاۋستىرالىيە، يېڭى زېللاندىيە قاتارلىق 41 دۆلەت بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋەت ئورناتتى ياكى ئەسلىگە كەلتۈردى. بۇ 1949 ـ يىلدىن 1969 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىل ئىچىدە دۆلىتىمىز دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتقان دۆلەتلەرنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ ( 20 يىلدا 47 دۆلەت بىلەن دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتى ئورناتقان ) . ئەنگلىيە بىلەن گوللاندىيە تەيۋەن بىلەن بولغان دىپلوماتىيە مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋاكالىتەن ئىش بېجىرىش ئورنى دەرىجىلىكتىن باش ئەلچى دەرىجىلىككە كۆتۈرۈلدى.

خەلقئارا مۇناسىۋەتنىڭ ياخشىلىنىشى، ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن ئىقتىسادىي تېخنىكا ئالماشتۇرۇشى، تاشقى سودىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى. ماۋ زېدۇڭ، جۇ ئېنلەينىڭ دىپلوماتىيە جەھەتتىكى زور تەدبىرلىرى، ئۆزۈندىن بۇيانقى غەربنىڭ قامال قىلىشى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزنى قامال قىلىپ ئولتۇرغانلىقىمىزدەك بىنورمال هالەتنى بۇزۇپ، دىپلوماتىيىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئېچىشقا ئاساس سېلىپ بەردى.

1973 ـ يىلدىكى 8 ـ مارت ئاياللار بايرىمى مۇناسىۋىتى بىلەن جۇ ئېنلەي خەلق سارىيىدا تەنتەنىلىك زىياپەت ئۆتكۈزۈپ ، جۇڭگودىكى چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئائىلە تەۋەلىرىنى كۈتۈۋالدى ، زىياپەتتە جۇ ئېنلەي ، لىن بياۋ ، چېن بودا ، ۋاڭ لى قاتارلىقلارنىڭ دىپلوماتىيە خىزمىتىگە قىلغان بۇزغۇنچىلىقلىرىنى قاتتىق سۆكتى ، خاتا ھالدا كۈرەش قىلىنغان ۋە جۇڭگودىن كېتىشكە مەجبۇر بولغان چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەردىن سەممىي كەچۈرۈم سورىدى ھەمدە ئۇلارنىڭ جۇڭگوغا قايتىپ كېلىپ خىزمەت قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . بىر ئەنگلىيىلىك ئايال مۇتەخەسسىس شۇ چاغدىكى ھالەتنى ئەسلەپ ھاياجانلانغان ھالدا : « نەچچە يۈزلىگەن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا زۇڭلى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن ، رەئىس ماۋزېدۇڭنىڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئۆز ۋاقتىدا ئىزچىللاشتۇرالمىغانلىقىدىن بارلىق چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەردىن ئوچۇق ـ ئاشكارا كەچۈرۈم سورىدى » « ئەنگلىيىلىك تۆۋەن تەبىقىدىكى بىر كۈلالىچى بىلەن ئاشپەز ئايالنىڭ قىزى بولغان مەن ، قۇدرەتلىك جۇڭگونىڭ زۇڭلىسىنىڭ كەچۈرۈم سورىشىنى ئاڭلىغىنىمدا ، مېنىڭ شۇ چاغدا قانداق ھېسسىياتتا بولغانلىقىمنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭلار » دېگەن ⑤ .

بۇ مەزگىلدە ، جۇ ئېنلەي مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكا قاتارلىق جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرگىمۇ ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتتى ، ھەمدە چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ، بۇ ئورۇنلارنىڭ خىزمىتىنى كۆرۈنەرلىك ئىلگىرى سۈردى .

## چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنى پىپەن قىلىشتىكى ئەگرى ـ توقايلىق

جۇ ئېنلەي مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغان شۇ چاغلاردا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ كەلتۈرگەن زىيانلىرىنى

كۆزدە تۇتۇپ ، لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ جىنايەتلىرىنى پاش قىلىش ، پىپەن قىلىش جەريانىدا ، مەملىكەتلىك مۇھىم يىغىنلاردا ۋە باشقا سورۇنلاردا كۆپ قېتىم چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى پىپەن قىلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئۇ : « ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى لىن بياۋ ئۇلغايتىۋەتكەن » ، چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمى پىپەن قىلىنمىسا ، خەلق پارتىيىسىنىڭ توغرا لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇشقا جۇرئەت قىلالمايدۇ ، دەپ كۆرسەتتى . شۇ چاغدىكى « سىياسىنى گەۋدىلەندۇرۇش » نىڭ تەسىرى تۈپەيلى ، ئومۇميۈزلۈك ھالدا ئىشلەپچىقىرىشنى ، كەسپىي تۇتۇشقا جۇرئەت قىلالماسلىققا قارىتا ، ئۇ بىر قېتىملىق يىغىندا : چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمى « قۇرۇق ، ئابستراكت ، مىتافىزىكىچە نەرسە ، قۇرۇق گەپ ساتىدىغان ، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان نەرسە » دەپ كۆرسەتتى . ئۇ تەكىتلەپ « ھەرىكەت بىلەن كەسىپ بىر ـ بىرىگە قارشى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك » ، سىياسىينى قوماندان قىلىش دېگەنلىك » كەسىپكە قوماندان قىلىش دېگەنلىك » دېدى ، ئۇ ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنى مەردانىلىك بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى ، كەسپىي تۇتۇشقا رىغبەتلەندۈردى . چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تازا مالىماتاڭ بولۇپ كېتىشىنىڭ ئىدىيە ئاساسى . ئۇ چاغدا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ « سولچىل » خاتا باش فاكجىينىنى ئۆزگەرتىش شەرتى تېخى ھازىرلانمىغان ئەھۋالدا ، چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە تەشكىللەش ، قوللىنىشقا بولىدىغان ئەڭ ئۈنۈملۈك چارە ئىدى . جۇ ئېنلەي دەل مۇشۇ تۈپ مەسىلىنى تۇتقاچقا ، شۇ چاغدا ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردە بۇرۇلۇش بولدى .

جۇ ئېنلەينىڭ چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنىڭ ھەرقايسى سەپلەردىكى يامان تەسىرىنى تازىلاش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرى ، جىياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ قارشى تۇرۇشىغا ئۇچرىدى .

1972 ـ يىلى 6 ـ ئۆكتەبىردە ، « نۇر گېزىتى » « ئۇنىۋېرسال ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى تەبىئىي پەن مائارىپ ئىنقىلابىغا قارىتا بەزى قاراشلىرىمىز » دېگەن تېمىدا بىر پارچە ماقالە ئېلان قىلدى . بۇ ماقالىنى شۇ چاغدىكى بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەسئۇلى ، ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى جۇ پېييۈەن يازغانىدى . ئۇنىڭ ئېيتىشىچە ، بۇ ماقالىنى يېزىشىدىكى سەۋەب ، 1972 ـ يىلى ئەتىيازدا ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق فىزىكا ئالىمى ياڭ جېنىنىڭ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنى ۋە جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى فىزىكا تەتقىقات ئورنىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغاندا ، ئاساسىي فىزىكا ئۇستىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتنى تەشەببۇس قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . ياڭ جېنىنگنىڭ پىكرىنى ماۋ زېدۇڭ قوللىغان . ئىيۇلدا ، جۇ ئېنلەي ئامېرىكا تەۋەلىكىدىكى جۇڭگولۇق ئالىملارنى قوبۇل قىلغاندا ، جۇ ئېنلەي قوبۇل قىلىشقا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن جۇ پېييۈەنگە : « قايتىپ بېرىپ بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تەبىئىي پەن ئوقۇتۇشىنى ئوبدان باشقۇرۇڭلار ، ئاساسىي نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈڭلار . بۇ مېنىڭ سىزگە تاپشۇرغان ۋەزىپەم . ھەرقانداق توسالغۇ بولسىمۇ يېڭىش كېرەك ، ھەرقانداق پوتلىكاشاڭ بولسىمۇ ، يۇلۇپ تاشلاش لازىم » دېگەن . مەكتەپكە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ئۇ جۇ ئېنلەيگە خەت يېزىپ ، ئاساسىي نەزەرىيە ئوقۇتۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا ئۈچ تۈرلۈك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان . بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتتا ئاساسىي نەزەرىيىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى دەسلەپكى پىكرىنى تۈزۈپ چىققان ، جۇ ئېنلەي كۆرگەندىن كېيىن تەستىق سالغان . ئۇ مانا مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ ماقالىنى يېزىپ چىققان .

بۇ ماقالە ئەسلىدە « خەلق گېزىتى » نىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلغان ، ئەمما ياۋ ۋېنيۈەننىڭ قارشى تۇرۇشى بىلەن « نۇر گېزىتى » دە ئېلان قىلىنغان . ماقالە شۇ چاغدىكى مائارىپ خىزمىتىدە ساقلانغان مەسىلىلەرگە قارىتا ، جۇ ئېنلەينىڭ پىكرى بويىچە ، تەبىئىي پەن ئاساسىي نەزەرىيىسى ئۇستىدىكى ئۆگىنىش ۋە تەتقىقاتتا ئەھمىيەت بېرىشنى ۋە

ئۇنى كۈچەيتىشنى تەكىتلىگەن. جاڭ چۈنچياۋ شاڭخەي «ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» گە بۇ ماقالىغا ھۇجۇم قىلىدىغان ماقالە يېزىشنى تاپشۇرغان ھەمدە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئادەم ئەۋەتىپ بۇ ماقالىنىڭ پەيدا بولۇش ئەھۋالىنى مەخپىي تەكشۈرتكەن. ئۇ: «جۇ پېييۈەننىڭ ئارقا تېرىكى بار، ئۇنىڭ ئارقا تېرىكىنىڭ قانچە زور، قانچە قاتتىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، چوقۇم پىپەن قىلىش كېرەك!» دېگەن. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پىپەن قىلىشنىڭ تىغ ئۇچىنى جۇ ئېنلەيگە قاراتماقچى بولغان.

14 - ئۆكتەبىردە، «خەلق گېزىتى» چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى پىپەن قىلىدىغان ئۈچ پارچە ماقالىنى ⑥ ئېلان قىلدى. بۇ ماقالىلەر جۇ ئېنلەينىڭ ئىككى قېتىملىق چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىپ سۆزلىگەن سۆزىگە ئاساسەن يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇلغان ماقالىلەر ئىدى. جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر شاڭخەي «ۋېنخۇيباۋ گېزىتى» گە يالغاندىن ئىشچى ئامممىنىڭ نامى بىلەن ماقالە يېزىپ، ئوقۇرمەنلەردىن كەلگەن خەت دەپ ئېلان قىلىپ، ئۇ ماقالىلەرگە قارشى تۇرۇشنى تاپشۇردى. ئۇلار بۇ ئۈچ ماقالىنى «چوڭ زەھەرلىك چۆپ» دېدى ھەمدە خەلق گېزىتى ئىدارىسى ئىچىدە «ئوڭچىللىقنىڭ قايتا كۆتۈرۈلۈشى» نى پىپەن قىلىشقا بۇيرۇق قىلدى.

28 - ئۆكتەبىردە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چەت ئەللەر بىلەن ئالاقىلىشىش بۆلۈمى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى «چەت ئەل ئىشلىرى يىغىنى ئېچىش توغرىسىدىكى دوكلات» تا، يىغىن «لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھى قوزغاتقان چېكىدىن ئاشقان (سول) چىل پىكىر ئېقىمىنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى ئۇزۇل - كېسىل پىپەن قىلىش» نى بىر مۇھىم مەزمۇن قىلىدۇ، دەپ يازغانىدى. بۇنىڭغا جۇ ئېنلەي قوشۇلغان، دەپ تەستىق سالدى. جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋلار جۇ ئېنلەينىڭ تەستىقىغا قارشى چىقتى. ئۇلار ئۇ دوكلاتقا «لىن بياۋ ۋەتەن ساتقۇچنىڭ چېكىدىن ئاشقان (ئوڭ) چىللىقىنى پىپەن قىلىش كېرەك»، «لىن بياۋنى پىپەن قىلىش دېگەن چېكىدىن ئاشقان (سول)

چىقىلىقنى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىكنى پىپەن قىلىشمۇ ؟ » ، « لىن بياۋنى پىپ-
ەن قىلغاندا ئومۇمىيۈزلۈكرەك پىپەن قىلىش كېرەك » دېگەندەكلەرنى
تەستىق دەپ يازدى . ئىككىنچى ، چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقى-
منى پىپەن قىلىش ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان سول-
چىل پىكىر ئېقىمىنى مەقسەتلىك بازارغا سېلىپ ، پارتىيىنى ، دۆلەتنى
قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشتەك ئەجەللىك يېرىنگە تېگىپ كەتكەن گەپ .

جۇ ئېنلەي جياڭ چىڭ گۇرۇھى بىلەن تىغمۇ تىغ تىركىشىپ
قالغاندا ، ماۋ زېدۇڭ خاتا ھالدا جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ قاتارلىقلار-
نىڭ تەشەببۇسىنى قوللاپ ، ئۇ چاغدىكى ۋەزىيەت يەنىلا « چېكىدىن ئاش-
قان ئوڭچىللىق » قا قارشى تۇرۇش ، دەپ قاراپ ، جۇ ئېنلەينىڭ توغرا
پىكرىنى رەت قىلىۋەتتى . 1972 ـ يىلى 5 ـ دېكابىردا ، خەلق گېزىتى
ئىدارىسىدىكى بىرەيلەن ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ ، جۇ ئېنلەينىڭ چې-
كىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىش پىكرىنى قوللايدى-
غانلىقىنى دەپ ، جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەرنىڭ چېكىدىن ئاشقان
سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىشقا قوشۇلمايدىغانلىق مەسىلىسىنى
ئىنكاس قىلدى . 17 ـ دېكابىردا ، ماۋ زېدۇڭ جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈ-
ەنلەر بىلەن سۆزلەشكەندە : « چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى
ئازراق تەنقىد قىلايلى » ، « مېنىڭچە ئۇ خەت توغرا ئەمەس . چېكىدىن
ئاشقان سولچىللىقمۇ ؟ چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىللىق . شيۇجىيڭجۇيى ،
بۆلگۈنچىلىك قىلىش ، سۇيىقەست ، ھىيلە ـ مىكىر ئىشلىتىش ، پارتى-
يىگە ، ۋەتەنگە ئاسىيلىق قىلىش » دېدى . 1973 ـ يىلى « خەلق گېزى-
تى » ، « ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى » ، « قىزىل بايراق ژۇرنىلى » بىر-
لىكتە يازغان « يېڭى يىل بېغىشلىمىسى » دا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇشۇ سۆ-
زىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، « شيۇجىيڭجۇيىنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزى-
تىش » دە ئاساسلىق « ليۇ شاۋچى قاتارلىق ئالدامچىلار » نىڭ ( 10 ـ
قۇرۇلتايدا لىن بياۋنىڭ ئىسمىنى رەسمىي ئاتاشتىن بۇرۇن بۇ سۆز لىن
بياۋنىڭ نامى ئاتىقى بولۇپ كەلگەن ) « شيۇجىيڭجۇيى لۇشيەنىنىڭ ما-
ھىيىتى » نى پىپەن قىلىش كېرەك ، دېيىلگەنىدى . ئۇلار لىن بياۋ قاتار-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىقلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي مەقسىتى ، ئىچكى جەھەتتە « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى ئاغدۇرۇپ ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۇرۇش . ئۇلار پارتىيىمىز ، ئارمىيىمىز ، خەلقىمىز ماۋ جۇشى رەھبەرلىكىدە ئاغدۇرۇپ تاشلىغان پومېشچىك بۇرژۇئازىيە سىنىپىنى يەنە تۇرغۇزماقچى » ، « دۆلىتىمىزدە ئۇلار پومېشچىك ، باي دېھقان ، ئەكسىيەتچى ، بۇزۇق ، ئوڭچىللار بىلەن بىرلىشىپ ، پومېشچىك بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىنىڭ فاشىستىك دىكتاتورىسىنى تىكلىمەكچى . خەلقئارادا ئۇلار سوۋېت ئىتتىپاقى شيۇجېڭجۇيىچىلىرىغا ، جاھانگىرلارغا تەسلىم بولۇپ ، جۇڭگوغا ، كومپارتىيىگە ، ئىنقىلابقا قارشى تۇرماقچى . » « مانا بۇلار چېكىدىن ئېشىپ ، ئەمدى ئېشىش ئىمكانىيىتى قالمىغان ئوڭچىللىق بولماي نېمە ؟ » دەپ بىلگەندى . شۇنىڭدىن كېيىن لىن بياۋنىڭ پەقەت « چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىللىقى » پېپەن قىلىنىدىغان ، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنى پېپەن قىلىشقا بولمايدىغان بولدى . كىمكى يەنە چېكىدىن ئاشقان « سول » چىللىقنى پېپەن قىلىدىكەن ، ئۇ لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىلۇشيەنىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق تونۇمىغانلىقى بولۇپ ، « كۆرەشنىڭ چوڭ يۆنىلىش » نى بۇرمىلىغانلىق ھېسابلاندى .

جۇ ئېنلەينىڭ چېكىدىن ئاشقان سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پېپەن قىلىشنى توغرا ئوتتۇرىغا قويۇشى ، 1967 ـ يىل فېۋرالنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مەركەزدىكى نۇرغۇنلىغان رەھبىرىي يولداشلار تەلەپ قىلغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقىنى تۈزىتىش توغرىسىدىكى توغرا تەشەببۇسىنىڭ داۋامى ئىدى . ئەگەر بۇنىڭدا چىڭ تۇرغان بولساق ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئومۇمىي خاراكتېرلىك خاتالىقىنى تەدرىجىي ئازايتقىلى ھەتتا ئاز ـ تولا تۈزەتكىلى بولاتتى . ئەمما ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » « سول » چىل خاتالىقنىڭ مەھسۇلاتى بولغاچقا ، ماۋ زېدۇڭ يەنىلا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرغاچقا ، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنى پېپەن قىلىشنى ناھايىتى ئوڭايلا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئىنكار قىلىش بىلەن باغلىۋالدى ـ دە ، چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنى پېپەن قىلىشقا رۇخسەت

قىلماسلىقتەك خاتا قارارنى چىقاردى .

لىن بياۋ گۇرۇھى تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى ئىككى يىل ئىچىدە ، جياڭ چىڭ گۇرۇھى ھەرخىل توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنى قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن جۇ ئېنلەي ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى بىلەن ، بەزى توغرا سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقى ؛ كەڭ كادىر ، ئامما ئىرىشىپ خىزمەت قىلغانلىقى ، ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتقانلىقى ، كەڭ كادىر ، ئامما « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بەزى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن ، 1972 ـ ۋە 1973 ـ ئىككى يىلدا جەمئىيەت تەرتىپى ، ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى تەدرىجىي ياخشىلاندى ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەردىمۇ بۇرۇلۇش بولدى . ھالبۇكى ، جۇ ئېنلەينىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنى پىپەن قىلىش ئېلىپ كەلگەن ياخشى ۋەزىيەت ناھايىتى تېزلا بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . ئاتالمىش « چېكىدىن ئاشقان ئوڭچىلىق » نى پىپەن قىلىش ساداسى ئىچىدە ، پارتىيىدىكى « سول » چىل خاتالىق تۈزىتەلمەيلا قالماي ، ئەكسىچە ئەزۋەيلەپ كەتتى ، يەنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ بالايىئاپەتلىرى يەنە داۋاملاشتى .

## 2 · 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ خاتالىقنى داۋاملاشتۇرغان پارتىينىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيى

لىن بياۋ ۋەقەسىدىن كېيىن بەزى ھەل قىلمىسا بولمايدىغان زور سىياسىي مەسىلىلەر پەيدا بولدى ، مەسىلەن ، 9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسى ئومۇمىي پرىنسىپىغا يېزىلغان « يولداش لىن بياۋ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئۇلۇغ قىزىل ـ بايرىقىنى ئىزچىل ئېگىز كۆتۈرۈپ ، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى ئەڭ سادىق ، ئەڭ قەتئىي ئىجرا قىلدى ۋە قوغدىدى . يولداش لىن بياۋ يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ قەدىناس سەپدىشى ۋە ئىزباسارى » دېگەن سۆزلەر ئەمدى تارىخنىڭ بىر مەسخىرىسى بولۇپ قالغانىدى . 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا سايلاپ چىقىلغان سىيا-

سىپى بىيۇرونىڭ 21 نەپەر ئەزاسىدىن يەتتىسى لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ كاتتىۋاشلىرى ۋە تايانچلىرى بولۇپ تەكشۈرۈلۈۋاتاتتى ، ئۇچتىن بىر قىسمى كېمىيىپ كەتكەن سىياسىي بىيۇرونىڭ نورمال خىزمەت قىلىشى تەس ئىدى . بۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ، 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ لۇشيەنى يەنە توغرا بولۇۋېرەمدۇ ؟ دېگەن سوئاللار كېلىپ چىقاتتى . بۇ مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىلمىسە ۋە ئۇلار ھەل قىلىنمىسا ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە بىر نېمە دېگىلى بولمايتتى ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىغىمۇ پايدىسىز ئىدى . بۇنداق زور سىياسىي مەسىلىلەرنى پەقەت پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى — مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىلا ھەل قىلالايتتى . 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىدا : « پارتىيىنىڭ مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ھەر بەش يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەنىدى . شۇڭا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى مۇددەتتىن بالدۇر ئېچىشنى قارار قىلدى .

### پارتىيە 10 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىقلىرى

پارتىيىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىغا تەييارلىق قىلىش يۈزىسىدىن مەركىزىي كومىتېت 1973 ـ يىل 20 ـ مايدىن 31 ـ مايغىچە بېيجىڭدا خىزمەت يىغىنى ئاچتى . يىغىن « پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيىنىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىللىرىنى سايلاش توغرىسىدىكى قارارى » نى مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىدى . ۋەكىللەرنىڭ شەرتلىرى ھەققىدە قاراردا ئاساسەن مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى : « ماۋ جۇشىنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابى لۇشيەنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا ، بولۇپمۇ 10 ـ قېتىملىق لۇشيەن كۈرىشى جەريانىدا ، سىناقلاردىن ئۆتۈپ ئىپادىسى ياخشى بولغان ، ئاما بىلەن ئالاقىلىشالايدىغان ، ئاما ئىشىنىدىغان بولۇشى كېرەك ؛ بۇلار يەنە ئۆز ئىچىگە بىر قىسىم ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ ، ئۆزىنى

تەكشۈرگەن، خاتالىقنى تۈزەتمەكچى بولغان ھەمدە ئامىنىڭ كەچۈرۈم قىلىشىغا ئېرىشكەنلەرنىمۇ ئالىدۇ» . بۇ لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ ئەزالىرى ۋە لىن بياۋغا ئەگىشىپ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئادەملەرنى ۋەكىللەر ئارىسىدىن چىقىرىۋېتىش كېرەك، دېگەنلىك ئىدى. ئەمما،ۋەكىللەرنىڭ ئاساسىي تەركىبىنى يەنىلا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «سىناقتىن ئۆتكەن، ئىپادىسى ئوبدان» ئىسيانچىلار ئىگىلەيتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇچۇقلانغان ۋە كۈرەش قىلىنغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەسئۇل كادىرلىرىنىمۇ كۆپرەك كىرگۈزۈش كېرەك ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ «ئۆزىنى تەكشۈرگەن بولۇشى» دېگەن شەرتى بار ئىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا كادىرلار مەسىلىسىدە مەلۇم دەرىجىدە سىياسەت خاراكتېرلىك رەتلەش بار ئىدى.

قاراردىكى بەلگىلىمىدە ۋەكىللەرنىڭ سان نىسبىتىدە «ئىنقىلابىي زىيالىيلار» نى ئىشچى، كەمبەغەل ـ تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقان ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ سىرتىغا چىقىرىۋەتكەن بولۇپ، ۋەكىللەر سانى ئارانلا 5% ئەتراپىدا ئىدى. مانا بۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە زىيالىيلارغا نىسبەتەن كەمسىتىش ۋە چەتكە قېقىش، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئىچىدىمۇ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

يىغىن ماۋ زېدۇڭ بېكىتكەن «مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى يولىيورۇق سوراش دوكلاتى» نى مۇزاكىرە قىلىپ قوشۇلدى. پارتىيە نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش گۇرۇپپىسىغا ۋاڭ خۇڭۋېن مەسئۇل بولىدىغان، سىياسىي بيۇرونىڭ رەھبەرلىكىدە خىزمەت ئېلىپ بېرىپ، «جۇڭگو كومپارتىيىسى نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسى» نى تۈزۈپ چىقىش قارار قىلىندى.

1973 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانى مەسىلىسىدە جۇ ئېنلەينىڭ پىكرىگە ئاساسەن، يىغىن ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپىنى قىسقارتىش ۋە يەرلىكنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش قاتارلىق مەسىلە

www.uyghurkitap.com

لەرنىلا مۇزاكىرە قىلدى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، يىغىن تەڭ جېنلىن ، لى جىڭچۈەن ، ئۇ لەنفۇ قاتارلىق 13 نەپەر پېشقەدەم كادىرنى « ئازاد قىلىش » نى ئېلان قىلدى . ۋاڭ خۇڭۋېن ، خۇا گوفېڭ ، ۋۇ دې سىياسىي بيۇرو يىغىنىغا سىرتتىن قاتناشتى ھەمدە سىياسىي بيۇرونىڭ خىزمىتىگە قاتناشتۇرۇلدى . بۇ قېتىمقى يىغىندىن بۇرۇن ، يەنى 1972 ـ يىلى يازدا ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى خۇا گوفېڭ ۋە ۋاڭ خۇڭۋېن مەركەزگە يۆتكەپ كېلىندى . ئۇ چاغدا ۋۇ دې مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ئىدى . ۋاڭ خۇڭۋېن بولسا شاڭخەي رايونىدىكى « ئىسيانچىلار » كاتتىۋېشى بولۇپ ، 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولغان ، كېيىن شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى ، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىدى . ۋاڭ خۇڭۋېننى پارتىيە نىزامنامىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزۈش خىزمىتىگە مەسئۇل قىلىشى ، ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ ماۋ زېدۇڭ تاللىغان ، مەركەزگە ئەكىلىپ تەربىيىلىمەكچى بولغان يەنە بىر ئىزباسار بولغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى .

10 ـ قۇرۇلتاينى بالدۇر ئېچىشنى قارار قىلىپ ، قۇرۇلتاي ئېچىلغىچە ، ئارىلىقتا ئاران ئۈچ ئايلا ۋاقىت ئۆتتى ، تەييارلىق تولۇق بولمىدى . ۋەكىللەرمۇ تولۇق مۇزاكىرە قىلىش ، قاتلاممۇ قاتلام ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى ئېچىپ سايلاش ئارقىلىق بەربات قىلىنماستىن ، ئەكسىچە ، ئاتالمىش « دېموكراتىيىلىك كېڭىشىش » ئارقىلىق ، ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايون ۋە مۇناسىۋەتلىك سايلايدىغان ئورۇنلار پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئېچىپ سايلاپ چىقتى . قۇرۇلتايدىن بۇرۇن ئومۇمىي يىغىن ئېچىلمىدى . جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەنلەر 10 ـ قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرىنىڭ ئاساسلىق تۈزگۈچىلىرى بولدى . 10 ـ قۇرۇلتايدا ۋەكىللەرنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرۈش كومىتېتىمۇ قۇرمىدى . مانا بۇلار 10 ـ قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى تولۇق بولمىغانلىقىنى

كۆرستىپ بېرىدۇ .

10 ـ قۇرۇلتاي ئېچىلىشتىن بۇرۇن ، يەنى 20 ـ ئاۋغۇستتا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايىتىنى تەكشۈرۈش دوكلاتى » نى تەستىقلىدى ، لىن بياۋ ۋە گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى چېن بودا ، يې چۈن ، خۇاڭ يۇڭشېڭ ، ۋۇ فاشيەن ، لى زوپېڭ ، چيۇخۇيزو قاتارلىق ئادەملەرنى پارتىيىدىن مەڭگۈ قوغلاشنى ، ئۇلارنىڭ پارتىيە ئىچى ، سىرتىدىكى بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى . لى شۆفېڭ ۋە جېڭ ۋېيشەن خاتا ھالدا ئۇ گۇرۇھنىڭ ئاساسلىق ئەزالىرى دەپ قارىلىپ ، پارتىيىدىن بىللە چىقىرىۋېتىلدى . شۇ كۈنى مەركىزىي كومىتېت سايلام تەييارلىقى كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ يىغىنىنى ئاچتى . ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، ۋاڭ خۇڭۋېن سايلام تەييارلىقى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ، جۇ ئېنلەي ، كاڭ شېڭ ، يې جيەنيىڭ ، جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ، لى دېشېڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ، يەنە 104 ـ نەپەر ئەزا بېكىتىلدى . جۇ ئېنلەي ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالدى . بۇ ناھايىتى ئېنىق ھالدىلا 10 ـ قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئەھۋالىدىكى خاھىشنى ئاشكارىلاپ قويىدى .

**« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقىنى داۋاملاشتۇرغان 10 ـ قۇرۇلتاي سىياسىي دوكلاتى**

1973 ـ يىلى 24 ـ ئاۋغۇستتىن 28 ـ ئاۋغۇستقىچە جۇڭگو كومپارتىيىسى 10 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى . قۇرۇلتايغا ماۋ زېدۇڭ رىياسەتچىلىك قىلدى ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 28 مىليون پارتىيە ئەزاسىغا ۋاكالىتەن 1249 نەپەر ۋەكىل قاتناشتى . قۇرۇلتاينىڭ كۈن تەرتىپى ئۈچ ئىدى : ( 1 ) جۇ ئېنلەي مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن سىياسىي دوكلات بېرىدۇ ؛ ( 2 ) ۋاڭ خۇڭۋېن مەركىزىي كومىتېتقا ۋاكالىتەن پارتىيە نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا دوكلات بېرىدۇ ھەمدە « جۇڭگو كومپارتىيىسى نىزامنامىسىنىڭ لايىھىسى » نى ئۆتتۈرىغا قويىدۇ ؛ ( 3 ) جۇڭگو كومپار-

تېيىسى 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى سايلاپ چىقىلىدۇ.

قۇرۇلتاينىڭ سىياسىي دوكلاتى لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ جىنايەتلىرىنى يەنىمۇ پاش قىلىپ، پىپەن قىلدى، «لىن بياۋ ۋە بىر ئۇچۇم مۇرتلىرى قولىدىن ئۆزۈندە چۈشمەيدىغان، ئاغزىدا ياشىسۇننى چۈشۈرمەيدىغان، ئالدىدا ئوبدان گەپ قىلىپ، ئارقىدىن سۇيىقەست قىلىدىغان ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ» دەپ كۆرسەتتى. لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىش، پۈتۈن پارتىيىگە بىر قېتىملىق ناھايىتى پايدىلىق چوڭقۇر تەربىيە ئىدى، ئەمما دوكلاتتا لىن بياۋ ۋەقەسىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىي شارائىتىنى چوڭقۇر، كونكرېت تەھلىل قىلمىغان، لىن بياۋ ۋەقەسىنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» بىلەن باغلىمىغان، ئەكسىچە «9 ـ قۇرۇلتاي سىياسىي لۇشيەنى ۋە تەشكىلىي لۇشيەنى توغرا بولدى» دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، «لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇرۇھىنىڭ سەكرەپ چىقىپ، داۋاملىق پرولېتارىيات بىلەن ئېلىشىشى، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەسكىن سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۆتكۈر ئىپادىسى»، بۇ سوتسىيالىستىك تارىخىي باسقۇچتا باشتىن ئاخىر سىنىپ، سىنىپىي زىددىيەت ۋە سىنىپىي كۈرەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدىغان ئاتالمىش ئاساسىي لۇشيەننىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى دېگەندەكلەر يېزىلىپ، «پارتىيە ئىچىدىكى ئىككى لۇشيەن كۈرىشى ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولىدۇ، يەنە ئون قېتىم، يىگىرمە قېتىم، ئوتتۇز قېتىم ئېلىشىش بولۇشى مۇمكىن» دېگەنلەر يەنە تەكىتلەنگەنىدى. مانا بۇلار 10 ـ قۇرۇلتاينىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «سول» چىل خاتالىقىنى يەنىلا داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاساسلىق كۆزقاراشلار ئىدى.

بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلەر توغرىسىدا دوكلاتتا مۇنداق دېيىلگەنىدى: «ئېلىمىز ئىقتىسادتا يەنىلا نامرات، يەنىلا تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت» دەپ، پۈتۈن پارتىيىدىن «جاسارەت بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلەپ، كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىزم قۇرۇش باش لۇشيەنىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىنقىلابنى تۇتۇپ،

ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش . . . خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان دۆلەت پىلانىنى ھەقىقىي ئورۇنداپ ۋە ئاشۇرۇپ ئو-رۇنداپ ، ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىنى تېخىمۇ زور تەرەققى-ياتقا ئېرىشتۈرۈش » تەلەپ قىلىنغانىدى . بۇ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ئەھ-مىيەت بېرىش دەرىجىسى 9 - قۇرۇلتايغا قارىغاندا ئاز - تولا ئۆسكەنلى-كىنى كۆرسىتىدۇ . لېكىن ، دوكلاتتا تەكىتلەنگەن ئاساسىي ۋەزىپە يەنىلا سىنىپىي كۈرەشنى ئوبدان قىلىش ، « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىن-قىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش » ئىدى . دوكلاتتا : « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ كۈرەش قىلىش ، پىپەن قىلىش ، ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى ھەرقايسى سەپلەر داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشى لازىم » دەپ ، « ‹ لىن بياۋنى پىپەن قىلىپ ئىستىل تۈزىتىش ›نى داۋاملىق ئوبدان ئېلىپ بېرىش » نى باش ۋەزىپە قىلىنغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە : « ئەدەبىيات - سەنئەت ئىنقىلابىنى ، مائارىپ ، سەھىيە ئىنقىلابىنى داۋاملىق ئوبدان قىلىپ ، تاغلارغا چىقىپ يېزىلارغا چۈشكەن زىيالىي ياشلار خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەش ، 7 - ماي كادىرلار مەكتەپلىرىنى ياخشى باشقۇرۇش ، سوتسىيالىستىك يېڭى شەيـ-ئىـلەرنى قوللاش »، « پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملى-كەت خەلقىگە سىنىپىي كۈرەش ۋە لۇشيەن كۈرىشى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش » تەكىتلەنگەنىدى .

## 10- قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسى ۋە يېڭى مەركىزىي كومىتېت

« پارتىيە نىزامنامىسىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش دوكلاتى »دا ، بۇ قېتىم قۇرۇلتاينىڭ مۇزاكىرە قىلىپ ماقۇللىشىغا سۇنۇلغان « تۈزىتىلگەن لايىھە 9 - قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، ئىككى لۇشيەن كۈرىشىنىڭ تەجرىبىلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇن كۆپەيتىلدى » دەپ تەكىتلەنگەن . دوكلاتتا « جاھاننى تازا مالىماتاڭ قىلىپ ئاندىن جاھاننى راسا تۈزەش ، يەتتە ، سەككىز يىلدا بىر قېتىم بولىدۇ » دەپ ، ئۇنـى « ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت » دېگەن . « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور

www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابىغا ئوخشاش سىياسىي چوڭ ئىنقىلابلارنى يەنە كۆپ قېتىم ئېلىپ بارىمىز، شۇنداق قىلغاندىلا پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ ، سوتسىيالىستىك ئىشلىرىمىزنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ » دەپ ئېلان قىلغان.

قۇرۇلتاي ماقۇللىغان يېڭى پارتىيە نىزامنامىسى ، 9 ـ قۇرۇلتاي نىزامنامىسىدىكى لىن بياۋنى ماختايدىغان ، لىن بياۋنى « يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ۋە ئىزباسارى » دېگەندەك گەپلەرنى چىقىرىۋەتكەندىن باشقا ، ئاساسىي جەھەتتىن 9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسىدىكى « سول » چىل خاتا مەزمۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ساقلاپ قالغانىدى . ۋاڭ خۇڭۋېن دوكلاتىدا ئىقرار قىلىپ : « 9 ـ قۇرۇلتاي ماقۇللىغان پارتىيە نىزامنامىسى پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل ـ تۈپكى پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ ، پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن ئارمىيە ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا ئاكتىپ رول ئوينىدى . تۈزىتىلگەن لايىھىنىڭ ئومۇمىي پروگرامما قىسمىدا ، 9 ـ قۇرۇلتاي پارتىيە نىزامنامىسىدىكى پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى يېتەكچى ئىدىيىسى ، تۈپكى پروگراممىسى ، ئاساسىي لۇشيەنى قاتارلىق بەلگىلىمىلەر ، قۇرۇلما ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ئازراقلا رەتكە سېلىندى . ماددىلار كۆپ ئۆزگەرتىلمىدى » دېگىنىدەك بولدى . يېڭى مەزمۇنلار پروگرامما قىسمىغا « پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلاردا ئېقىمغا قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ئىنقىلابىي روھ بولۇشى كېرەك » دېگەن يېڭى تەلەپ قوشۇلدى ، پارتىيە ئەزالىرى ئورۇنلاشقا تېگىشلىك بەش شەرتكە « شىيۇجېڭجۇيىنى پىپەن قىلىش » قوشۇلۇپ ، « سول » چىللىق تۈسى ساقلاپ قېلىندى .

« ئېقىمغا قارشى تۇرۇش » دېگەن بىر خىل ئابستراكت پرىنسىپ بويىچە ئۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكىمۇ ، ئىنكار قىلىۋېتىشكىمۇ بولىدۇ ، بۇنىڭ ئەھمىيىتى چوڭ ئەمەس . مۇھىم مەسىلە ئۇنىڭ قارشى تۇرماقچى بولۇۋاتقىنى زادى قانداق ئېقىم دېگەن مەسىلە . ئەكسىيەتچى ئېقىمغا قارىتا ، ئىنقىلابچىلار ئەلۋەتتە قارشى تۇرۇشقا جۈرئەت قىلىشى ، ئەمما

ئوبيېكتىپ تارىخىي قانۇنىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان توغرا ئېقىمغا قارى-
تا ، ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئەمەس ، بەلكى بۇنداق ئېقىم-
نىڭ باشلامچىسى ۋە ئىلگىرى سۈرگۈچىسى بولۇشى كېرەك . شۇ چاغدا
پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئەمەلى-
يەت ئازقىلىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقىنى تەدرىجىي
بىلىپ يېتىپ ، سولچىل پىكىر ئېقىمىنى پىپەن قىلىشنى ۋە تۈزىتىشنى
تەلەپ قىلىۋاتقان ئەھۋال ئاستىدا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ « ئېقىمغا قارشى تۇ-
رۇش » نى تەكىتلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەمدە « ماركسىزم ،
لېنىنىزمنىڭ بىر پرىنسىپى » دېيىشى ، ماۋ زېدۇڭنىڭ « سول » چىللىقتا
چىڭ تۇرۇپ ، كۆپ ساندىكى كىشىلەر ۋەكىللىك قىلىۋاتقان توغرا تا-
رىخىي ئېقىمغا « قارشى تۇرۇۋاتقان » لىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ .

قۇرۇلتاي 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنى سايلاپ چىقتى .
195 نەپەر مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى ، 124 نەپەر كاندىدات ئەزاسى
سايلاپ چىقىلىپ ، 9 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭكىدىن كۆپ
بولدى . بىر قىسىم نۇرغۇن كۈرەشلەرنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن ، « مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى » دا زەربىگە ئۇچراپ زىيانكەشلىك قىلىنغان ، 9 ـ
قۇرۇلتاي مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولالمىغان پىشقەدەم كادىرلار ،
يەنى دېڭ شياۋپىڭ ، ۋاڭ جياشياڭ ، ئۇلەنفۇ ، لى جىڭچۈەن ، تەن
جېنلىن ، لياۋ چېڭجى ، جاۋ زىياڭ ، لى باۋخۇا ، چېن جىۋى قاتارلىقلار
مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولۇپ سايلاندى . ئەمما ، تەشكىلىي جە-
ھەتتىن 9 ـ قۇرۇلتاينىڭ خاتالىقى ئۆزگەرتىلمىدى . جياڭ چىڭ ئەك-
سىلئىنقىلابىي گۇرۇھىغا ئەگەشكەن تايانچ ئۇنسۇرلار مەركىزىي كومىتېتقا
كۆپلەپ سايلىنىپ كەتتى .

**10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 1 ـ ئومۇمىي يىغىنى يېڭى بالايىئا-
پەتنىڭ ئۇرۇقىنى تېرىدى**

1973 ـ يىلى 30 ـ ئاۋغۇست كۈنى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى 10 ـ
نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 1 ـ ئومۇمىي يىغىن ئۆتكۈزدى . يىغىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

پارتىيىنىڭ مەركىزىي ئورگانلىرىنى سايلاپ چىقتى. ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى: جۇ ئېنلەي، ۋاڭ خۇڭۋېن، كاڭ شېڭ، يې جيەنيىڭ، لى دېشېڭ بولدى. سىياسىي بيۇرو ئەزالىرى (فامىلىسىنىڭ خەت سىزىق سانى بويىچە تىزىلغان): ماۋ زېدۇڭ، ۋاڭ خۇڭۋېن، ۋى گوچىڭ، يې جيەنيىڭ، ليۇ بوچىڭ، جياڭ چىڭ، جۇدې، شۈيشىيۇ، خۇا گوفېڭ، جى دىڭكۇي، ۋۇ دې، ۋاڭ دۇڭشىڭ، چېن يۇڭگۈي، چېن شىليەن، لى شيەننيەن، لى دېشېڭ، جاڭ چۇنچياۋ، جۇ ئېنلەي، ياۋ ۋېنيۈەن، كاڭ شېڭ، دۇڭ بىۋۇ قاتارلىق 21 نەپەر كىشىدىن تەركىب تاپتى. سىياسىي بيۇرونىڭ كاندىدات ئەزالىرى: ۋۇ گۈيشيەن، سۇ جىنخۇا، نى جىفۇ، سەيپىدىن تەركىب تاپتى. ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى ۋاڭ خۇڭۋېن بىر ئۆرلەپلا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ قالدى، سۇيىقەستچى كاڭ شېڭمۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، جاڭ چۇنچياۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولدى. بۇلار جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ پارتىيىدىكى كۈچىنى زور دەرىجىدە كۈچەيتىۋەتتى.

پارتىيە 10 - قۇرۇلتىيى گەرچە شۇ چاغدا تېزدىن ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان بەزى مەسىلىلەرنى ھەل قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىيۈزلۈك ئېيتقاندا، يەنىلا 9 - قۇرۇلتاينىڭ «سول» چىل خاتالىقىنى داۋاملاشتۇردى. 10 - قۇرۇلتاي يەنىلا پۈتۈن پارتىيىگە «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش» نى، «پارتىيىنىڭ پۈتكۈل سوتسىيالىستىك تارىخىي باسقۇچتىكى ئاساسىي لۇشيەنى ۋە سىياسەتلىرى» دە چىڭ تۇرۇشنى، «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى داۋاملاشتۇرۇشنى چاقىرىق قىلدى. 10 - قۇرۇلتاي ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «جاھاننى تازا مالىماتاڭ قىلىپ، ئاندىن جاھاننى تازا تۈزەيمىز. يەتتە - سەككىز يىلدىن كېيىن يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق قىلىش كېرەك. جىن - شەيتانلار ئۆزى سەكرەپ چىقىدۇ» دېگەننى «ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت» دەپ بىلىپ ھەمدە «پارتىيە ئىچىدىكى ئىككى

لۇشيەن كۇرىشى ئۇزۇن مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ، يەنە ئۇن قېتىم ، يىگىرمە قېتىم ، ئوتتۇز قېتىم ئېلىشىش بولۇشى مۇمكىن » دەپ ئالدىن ھۆكۈم قىلدى . بۇ خىل « سول » چىل خاتا فاكچېنىڭ يېتەكچىلىكىدە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » سوزغانسېرى ئۇزۇراپ ، ئېلىپ كېلىدىغان بۇزغۇنچىلىقى بارغانچە ئېغىرلاپ كەتتى . ماۋ زېدۇڭ 10 ـ قۇرۇلتاينى ئېچىشتىن بۇرۇنقى بىر قېتىملىق سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا يەنە بىر قېتىم : « بۇ قېتىمقى 10 ـ قۇرۇلتاينى ئىتتىپاقلىق ، غەلىبە قۇرۇلتىيى قىلىپ ئېچىشنى ئۈمىد قىلىمەن » ، « بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا كۆپچىلىكنىڭ ئىتتىپاقلىشىشىنى ، سۇيىقەست ، ھىيلە ـ مىكىر قىلماسلىقىنى ئۈمىد قىلىمەن » دېگەن بولسىمۇ ، لېكىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن ئىتتىپاقلىق ، غەلىبە دېگەنلەر بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشالمايتتى .

10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 1 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن ، ۋاڭ خۇڭۋېنلار مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى ئىچىدىكى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » بولۇپ شەكىللەندى . جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھنىڭ كۈچى ئېشىمۇ كۈچەيدى . بۇ ئىش بۇ بىر تۈركۈم قارا نىيەت ، سۇيىقەستچىلەرنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تارتىۋېلىشىغا پايدىلىق شارائىت يارىتىپ بەردى ، 10 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ داۋاملىق قالايمىقانلىشىشىغا بالايىئاپەت ئۇرۇقىنى تېرىدى .

## 3- شاخلىتىۋېتىلگەن « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتى

پارتىيە 10 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن ، ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچەيگەن ھوقۇقىغا تايىنىپ ، پارتىيىنىڭ ، ھۆكۈمەتنىڭ ، ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئومۇمىيۈزلۈك تارتىۋېلىش سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتتى . ۋاڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خۇگۇېن گەرچە مەركىزىي كومىتېتنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە مەسـ
ئۇل بولىدۇ دەپ بېكىتىلگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ نوپۇزى تۆۋەن ،
ئىقتىدارى ئاجىز بولغاچقا ، ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن دېگەندەك چىقالمىدى .
ئەمەلىيەتتە مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقىنى
يەنىلا جۇ ئېنلەي ئىدى . شۇڭا ، جۇ ئېنلەينى جىياڭ چىڭ قاتارلىقلار
ھوقۇقنى تارتىۋېلىش يولىدىكى ئاساسلىق توسالغۇ دەپ ھېسابلىغاچقا ،
ئۇ ئۇلار يوقاتماقچى بولغان ئاساسلىق نىشان بولۇپ قالدى .

**ماۋ زېدۇڭ لىـن بىـياۋنى پىپەن قىلىش بىلەن كۇڭزىنى پىپەن قىلىشنى باغلىدى**

پارتىيە 10 ـ قۇرۇلتىيى گەرچە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى
يـەنە بىر قېتىم تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ ، لېكىن كەڭ كادىر
ۋە ئاممىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن بىزار بولۇشى ۋە گۇمانـ
لىنىشى بارغانچە كۈچىيىپ كەتتى . جۇ ئېنلەينىڭ « سول » چىل خاتاـ
لىقنى تۈزىتىش ئۈچۈن قىلغان تىرىشچانلىقلىرى گەرچە ئۈزۈلۈپ قالغان
بولسىمۇ ، لېكىن كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ « سول » چىل خاتالىقنى تۈزىـ
تىـشـنى بەك قوللايدىغانلىقى نامايان بولدى . بۇلار ماۋ زېدۇڭدا « تىرىـ
لىـش ، كەينىگە چېكىنىش » پەيدا بولىدۇ ، « شيۇجېڭجۇيى » پەيدا بوـ
لىدۇ ، دەيدىغان خاتا ئۇقۇمنى ۋە ئەندىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

1973 ـ يىلى ئىيۇلدا ، ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ خۇڭۇېن ۋە جاڭ چۈنچياۋ
بىلەن سۆھبەتلەشكەندە ھېچبىر ئاساسى يوقلا جۇ ئېنلەي باشقۇرۇۋاتقان
دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنى تەنقىد قىلىپ : « يەكۈن تۆتلا جۈملە گەپ :
چوڭ ئىشلارنى مۇزاكىرە قىلماي ، كىچىك ئىشلاردا يولىيورۇق سورايدۇ .
بۇ ھالەت ئۆزگەرتىلمىسە چوقۇم شيۇجېڭجۇيى كېلىپ چىقىدۇ » دېدى .
ئەمەلىيەتتە ، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى بارلىق چوڭ ئىشلار ماۋ زېدۇڭدىن
يولىيورۇق سوراپ قىلىناتتى . « دىپلوماتىيىدە كىچىك ئىش يوق » ، مەـ
سىلىلەردە يولىيورۇق سوراپ دوكلات قىلىش ، دەل دىپلوماتىيە مىنىستىرـ
لىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ئىدى . لېكىن ،« چوڭ ئىشلار » نى مۇزاكىرە
قىلمايدۇ ، دەپ ئەيىبلىنىپ ، چوقۇم شيۇجېڭجۇيى كېلىپ چىقىدۇ »

دېگەن گۇناھىنىڭ ئارتىلىشىنى قوبۇل قىلماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى. بۇنىداق ئەيىبلەش مەلۇم جەھەتتە ماۋ زېدۇڭنىڭ نەتىجىسى ئوبدان بولۇپ كېلىۋاتقان دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىغا ئادەم چۈشەنمىگەندەكلا نارازى بولغانلىقىنى بىلدۈرەتتى، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇنىڭ تاشقى ئىشلار ئورۇنلىرىغا مەسئۇل بولۇۋاتقان جۇ ئېنلەيگە نارازى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. سۆھبەتتە، ماۋ زېدۇڭ بىر خىل كۆز قاراشنى، يەنى لىن بياۋنىڭ ئىدىيە مەنبەسى كۇڭزى تەلىماتىدىن كەلگەن، لىن بياۋ گومىنداڭغا ئوخشاشلا «كۇڭزىغا چوقۇنۇپ قانۇنچىلارغا قارشى تۇرغان» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويغان. مانا بۇ ماۋ زېدۇڭ سۇبيېكتىپ جەھەتتە لىن بياۋنى پىپەن قىلىش بىلەن كۇڭزىنى پىپەن قىلىشنى باغلىماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرسەتتى.

جياڭ چىڭنىڭ كېيىنكى بىر قېتىملىق سۆزىگە قارىغاندا، ماۋ زېدۇڭ ئۇنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كۇڭزىنى پىپەن قىلىدىغان ئىككى شېئىرىنى كۆرسەتكەن. بىرى:

گومورو تۇتۇپ ئۇستاز لياۋ زۇڭيۈەن ۋە خەن يۈينى،
ئىدىيىسى يەتمەس ئەمما ئۇستازى لياۋ زۇڭيۈەنگە.
كومپارتىيىگە ئەزا بولۇپ كىرگەن تۇرۇقلۇق،
چىن كۆكلىدىن ئېتىقاد قىلدى كۇڭ لاۋئەرگە.

يەنە بىر شېئىرى «يەتتىلىك» ۋەزنىدە يېزىلغان ئىدى:

چىن شىخۇاڭنى تىللىماڭلار مەندىن نەسىھەت،
كىتاب كۆيدۈرۈپ، ئۆلىما ئۆلتۈرۈش يامان ئىش ئەمەس.
چىن شىخۇاڭ ئۆلسىمۇ ئىشلىرى داۋام ئەتتى،
نامى ئۇلۇغ سۇپېرسى قۇرۇق كۇڭزى تەلىماتى ئوبدان ئەمەس.
قانچىلىغان سۇلالىلەر ئىشلەتتى چىننىڭ تۈزۈمىنى،
گومورونىڭ «ئون پىپەنى» ياخشى ئەسەر ئەمەس.
تاڭدىكى لياۋ زۇڭيۈەننىڭ «فېئوداللىق» نى ئوقۇڭلار،

تارىخنى ياندۇرماقچىلار كەينىگە، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

بۇ يەردىكى گومورو جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق تارىخچىسى، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باشلىقى. «ئون پېيەن» دېگەن گومورونىڭ قەدىمقى زامان تارىخنى تەتقىق قىلىپ يازغان ئاساسلىق ئەسىرى. بۇ شېئىرلاردىن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۇ ئەسەرگە باشقىچە قارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇمۇ بىر خىل سىياسىي كۆرەشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن بولغان.

ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقى بويىچە، «خەلق گېزىتى» گۇاڭجۇ جۇڭشەن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ياڭ رۇڭگونىڭ «كۇڭزى فېئوداللىق، قۇللۇق تۈزۈمىدە چىڭ تۇرغان مۇتەپەككۇر» دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. ياڭ رۇڭگو جۇڭگو پەلسەپە تارىخى تەتقىقاتىدا ئۇزۇندىن بۇيان كۆپچىلىككە قارشى بىر خىل كۆز قاراشتا ۋەكىللىك قىلاتتى. ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشىغا ئېرىشكەنىدى. ماۋ زېدۇڭ بىر چەت ئەللىك مېھمان بىلەن سۆھبەتلەشكەندە: «چىن شىخۇاڭ جۇڭگو فېئودال جەمئىيىتىدىكى بىرىنچى ئەڭ داڭلىق پادىشاھ، مەنمۇ چىن شىخۇاڭ، لىن بياۋ مېنى چىن شىخۇاڭ دەپ تىللىغان. جۇڭگودا تارىختىن بۇيان ئىككى تەرەپ بولۇپ كەلگەن، بىر تەرەپ چىن شىخۇاڭنى ياخشى دەيدۇ، يەنە بىر تەرەپ چىن شىخۇاڭنى يامان دەيدۇ. مەن چىن شىخۇاڭنى ياقتۇرىمەن. كۇڭزى بىلەن خوشۇم يوق» دېگەن. مانا بۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ كۇڭزىغا بولغان پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ.

جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۇدا ئىشلىتىپ كەلگەن نەيرىڭى، ماۋ زېدۇڭنىڭ نامىنى سېتىپ، ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقىنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ جىنايى مەقسىتىگە يېتىش ئىدى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ سۆزلىرى جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ يەنىمۇ ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، جۇ ئېنلەيگە ھۇجۇم قىلىدىغان ئاساس يارىتىپ بەردى.

ئۆكتەبىردە، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاستە كونت-

روللۇقىدىكى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاتالمىش « ئوقۇغۇچىلار ئېقىمىغا زەربە بېرىش ھەرىكىتى » قوزغاپ، « ئوقۇغۇچىلار تىرىلدۇرۇش كۈچىگە، شىۋجىڭجۇيىنىڭ قايتا كۆتۈرۈلگەن ئېقىمىغا زەربە بېرىمىز »، يۇقىرىدىكى « ۋەكىللىك ئادىمى » نى تارتىپ چىقىرىپ، تۆۋەندە « ئىجتىمائىي ئاساسى » نى تازىلايمىز دەپ داۋراڭ سالدى. ئۇلار يەنە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا « پىپەن گۇرۇپپىسى » قۇرۇپ، لىن بياۋ ۋە كۇڭزى، مېڭزىنىڭ ماتېرىياللىرىنى رەتلەپ چىقىپ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىدىغان ماقالە يېزىپ چىقىشقا بۇيرۇق قىلدى. ئۇلار « 13 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى » دىن كېيىن لىن بياۋنىڭ تۇرالغۇسىنى تەكشۈرۈش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، لىن بياۋنىڭ ئۆيىدىن لىن بياۋ باشقىلارغا كۆچۈرتكەن كۇڭزى تەرەپدارلىرىنىڭ سۆز ئۈزۈندىلىرىنى تېپىۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي ئېھتىياجى بىلەن ئۇنى بىر ماتېرىيال قىلىپ تۈزۈپ چىقىپ، ئۇنىڭغا « لىن بياۋ ۋە كۇڭزى، مېڭزى تەلىماتى » دەپ نام قويدى. 1974 ـ يىلى 12 ـ يانۋاردا جياڭ چىڭ، ۋاڭ خۇڭۋېنلار ماۋ زېدۇڭغا خەت يېزىپ، بۇ ماتېرىيالنى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتايلى، دەپ تەكلىپ بەردى. ئۇلار يالغاندىنلا: « بۇ ماتېرىيالنىڭ ھازىرقى لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ناھايىتى زور ياردىمى بولىدۇ. ھەرقايسى ئورۇنلار مۇشۇنداق ئىخچام تۈزۈلگەن ماتېرىيالغا تولىمۇ ئېھتىياجلىق » دېدى. ئەمەلىيەتتە، شۇ چاغدا كەڭ كادىر، ئامما « لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » دېگەندىن قىلچە خەۋىرى يوق ئىدى، شۇڭا « تولىمۇ ئېھتىياجلىق » دېگەندىن قىلچە سۆز ئاچقىلى بولمايتتى. ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭ، ۋاڭ خۇڭۋېنلارنىڭ تەكلىپىنى تەستىقلىدى. شۇنىڭ بىلەن، 18 ـ يانۋاردا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بۇ ماتېرىيالنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھۆججىتىنىڭ قوشۇمچىسى قاتارىدا پۈتۈن پارتىيىگە تارقىتىپ، پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا « لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتىنى قانات يايدۇردى. پارتىيە 10 ـ قۇرۇلتىيىدا ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇلۇشى كېرەك دەپ تەلەپ قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

«. لىن بىياۋنى پىپەن قىلىپ ، ئىستىل تۈزىتىش » ھەرىكىتى ، تويۇقسىز-
دىنلا « لىن بىياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتىگە ئۆز-
گىرىپ كەتتى .

كۇڭزىنى پىپەن قىلىش دېگەنلىك ، جۇڭگو تارىخىدىكى ئەڭ ئا-
تاقلىق ئالىم ، پېداگوك ، « پەيغەمبەر ، كاتتا ئۇستاز » دەپ نام ئالغان
كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ئىدى . بۇ جۇڭگو تارىخىدىكى بىرىنچى قېتىم-
لىق ئىش ئەمەس ئىدى . 1919 ـ يىلدىكى ئاتاقلىق 4 ـ ماي ھەرىكىتىدە
« كۇڭزى تەرەپدارلىرىنى يوقىتايلى » دېگەن شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلغان .
ماۋ زېدۇڭنىڭ كۇڭزىنى پىپەن قىلىشمۇ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئىدى .
بىراق ، بۇرۇنقى پىپەنلىرىدە ئۇ كۇڭزىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى مۇ-
قىملاشتۇراتتى . مەسىلەن ، پارتىيىنىڭ 6 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومى-
تېتى 6 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ دوكلاتىدا ، ماۋ زېدۇڭ : « كۇڭزىدىن
تارتىپ سۇڭ جۇڭشەنگىچە بولغان دەۋردىكى قىممەتلىك مىراسلارنى
خۇلاسىلىشىمىز ۋە ۋارىسلىق قىلىشىمىز لازىم » ⑦ دېگەنىدى . كۇڭزىنىڭ
تەلىماتىنى پىپەن قىلىشقا ئەلۋەتتە بولىدۇ ، ھازىرغىچە ئوخشاش بولمىغان
قاراشلار مۇھاكىمە قىلىنماقتا . مەسىلە كۇڭزىنى پىپەن قىلىش بىلەن لىن
بىياۋنى پىپەن قىلىشنى باغلاش توغرىمۇ ـ قانداق دېگەن مەسىلىدە . ئۇ-
نىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغدىكى لىن بىياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىشنىڭ نى-
شانى ، ئەمەلىيەتتە لىن بىياۋمۇ ئەمەس ، كۇڭزىمۇ ئەمەس ، باشقىچە مەق-
سەت بار ئىدى .

« لىن بىياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتىنى قانات
يايدۇرۇشنىڭ مەقسىتى ، شۇ چاغدىكى سۆز بويىچە « پارتىيىمىز بىلەن
لىن بىياۋ ئوتتۇرىسىدىكى كۇڭزىغا قارشى تۇرۇش كېرەكمۇ ياكى كۇڭ-
زىغا چوقۇنۇش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى كۈرەش ، ئەمەلى-
يەتتە سوتسىيالىزم دەۋرىدىكى ئىلگىرىلەش ۋە چېكىنىش ، ئىنقىلاب ۋە
ئەكسىلئىنقىلابتىن ئىبارەت ئىككى سىنىپ ، ئىككى يول ئوتتۇرىسىدىكى
كۈرەش » ، پەقەت لىن بىياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىشنى چوڭقۇرلاش-
تۇرغاندىلا ، « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى

تېخىمۇ تونۇپ ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئۇلۇغ نەتىجە-لىرىنى مۇستەھكەملەپ ، تەرەققىي قىلدۇرالايمىز » . ⑧ دېمەك ، ماۋ زې-دۇڭنىڭ ئەينى چاغدا « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرى-كىتىنى قانات يايدۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى سۇبيېكتىپ مەقسىتى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيىتىنى تېخىمۇ مۇ-ئەييەنلەشتۈرۈپ ، ئامما ئىچىدىكى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا بولغان گۇ-مانىنى ، نارازىلىقىنى ۋە توسقۇنلۇقىنى يوق قىلىپ ، « سول » چىل خاتا قاراشلىرىنى قوغداش ۋە داۋاملىق ئىجرا قىلىش ئىدى . ئەمما ،« تۆت كى-شىلىك گۇرۇھ » نىڭ « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرى-كىتىنى ھە دەپ يۇرگۈزۈشىدە باشقىچە مەقسىتى بار ئىدى .

**بېيجىڭدىكى ئىككى قېتىملىق سەپەرۋەر قىلىش چوڭ يىغىنى ۋە جياڭ چىڭنىڭ پائالىيەتلىرى**

1974 ـ يىلى 24 ـ يانۋار ۋە 25 ـ يانۋار كۈنلىرى باشقار بايرىملىق دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىدى . جياڭ چىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي ، تويۇقسىز بۇيرۇق چۈشۈرۈپ ، پايتەخت تەنتەربىيە سارىيىدا مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئورگانلىرى ، بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا قاراشلىق ئورگانلار ، دۆلەتلىك ئورگانلارنىڭ ئىككى قېتىملىق ئون مىڭ ئادەملىك « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » سەپەرۋەرلىك چوڭ يىغىنى ئاچتى .

يىغىندا ئۇنىڭ ئىككى ياردەمچىسى ، شۇ چاغدىكى چىڭخۇا ئۇنى-ۋېرسىتېتى ۋە بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ئازادلىق ئارمىيە تەشۋىقات ئەترەتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى چى چۈن ۋە شې جىڭيى جياڭ چىڭنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ، « لىن بياۋ ۋە كۇڭزى ، مىڭزى تەلىماتى » دېگەن ما-تېرىيالنى تۈزۈپ چىقىش جەريانىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ يولىيورۇقىنى يەتكۈزۈش نامى بىلەن قۇتراتقۇلۇق خاراكتېردىكى سۆز قىلدى . ئۇلار ھە دەپ جياڭ چىڭنى ماختاپ ، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىرىگە ھۇجۇم قىلدى . جياڭ چىڭ ،

ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە دائىم سۆز قىستۇرۇپ، تازا ماسلاشتى، يىغىنغا قاتناشقان جۇ ئېنلەي، يې جيەنيىڭ قاتارلىق يولداشلارغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى.

بۇ ئىككى قېتىملىق يىغىننىڭ ئالدى ـ كەينىدە، جياڭ چىڭ يەنە ئۆز نامىدىن دېڭىز ئارمىيىسى، ھاۋا ئارمىيىسى، نەنجىڭ ھەربىي قىسىملىرى، گۇاڭجۇ ھەربىي قىسىملىرى قاتارلىق رەھبىرىي ئورگانلارغا خەت يېزىپ، ماتېرىيال ئەۋەتتى. ئۇ يەنە نەنجىڭ ھەربىي رايونى مەلۇم قىسىم خىمىيىۋى قوراللاردىن ساقلىنىش روتىسىغا ئۆزىنىڭ يېقىنى ئارقىلىق ماتېرىيال ئەۋەتىپ، ئۇلارنى «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش» ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىشقا، «توپ ئېتىشقا»، «ھوقۇق تارتىۋېلىشقا» قۇترىتىپ، ئارمىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەكچى بولدى. جياڭ چىڭ يەنە گوۋۇيۈەن مەدەنىيەت گۇرۇپپىسىغا، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە، يېزىغا چۈشكەن زىيالىي ياشلارغا خەت يېزىپ، ماتېرىيال ئەۋەتىپ، ئۇلارنىڭ «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش» ھەرىكىتىنى «چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چېچەكلىتىپ مېۋە بەرگۈزۈش»نى تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇنداق پائالىيەتلەرنى قىلىشىدىكى مەقسىتى، يېڭى بىر مەيدان جاھان مالىمانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بۇ قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشتىن ئىبارەت ئىدى.

جياڭ چىڭ قاتارلىقلار باشقۇرغان «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش» ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى، لىن بياۋنىڭ ھەر خىل جىنايەتلىرىنى ئەستايىدىل پىپەن قىلىشمۇ ئەمەس، جۇڭگونىڭ ئۇزۇن يىللىق فېئوداللىق جەمئىيەتتە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرۇپ كەلگەن كۇڭزى ئىدىيىسىنى ئىلمىي پوزىتسىيىدە تۇرۇپ تەنقىد قىلىشمۇ ئەمەس، ئىككى مىڭ نەچچە يۈز يىل بۇرۇن كۇڭزى ئېيتقان «ئۆزۈڭنى تۇت، ئەدەبكە قايت» دېگەندەك بىر قىسىم سۆز ـ ئىبارىلىرىنى تەنقىد قىلىشنى دەستەك قىلىپ، ئاتالمىش «شيۇجېڭجۇيى تەتۈر ئېقىمى»، «كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش» دېگەنلەرنى پىپەن قىلىش ئىدى.

لىن بياۋنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سۇيىقەستى تارمار قىلىنىپ ئۈچ

يىل ئۆتكەن ، لىن بياۋنىڭ مۇرىتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن پاش قىلىـ
نىپ ، تازىلانغان ئەھۋال ئاستىدا ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ كۇچىنىڭ
بارىچە « تىرىلىشكە قارشى تۇرۇش » دەپ جار سېلىشىدىكى ، مەقسەت
كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ۋاستىسى بىلەن « سول » چىللىق خاتالىقىنى
تۇزىتىشتە چىڭ تۇرغان جۇ ئېنلەيگە ۋە سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۇرۇشتە
ئازاد قىلىنغان ھەمدە خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۇرگەن بىر تۇركۇم پېشـ
قەدەم كادىرلارغا ھۇجۇم قىلىپ ، ئۇلارنى « تەسىردىن مەھرۇم بولغان
ئەربابلار » دەپ ھاقارەتلەپ ، ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىشىدىكى تو-
سالغۇنى تازىلاش ئىدى .

1974 ـ يىلى فېۋرالدا ، جياڭ چىڭ ئۆزى « كۇڭزى قانداق ئادەم
ئىدى » دېگەن تېما چىقىرىپ بېرىپ ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، چىڭخۇا
ئۇنىـۋېرسىتېتىدىكى « پىپەن گۇرۇپپىسى » نىڭ ، يەنى لياڭ شياۋنىڭ
مـاقالە يېزىشىنى بۇيرۇدى . بۇ ماقالە رەسىم سىزىش ئۇسلۇبى بىلەن كېـ
لىـپ چىقىشىدىن ئىستىلىغىچە ، ھەرىكەت ئادەتلىرىگىچە ، ھەتتا « ئېغىر
كېسەل بولۇپ قالغان » لىرىغىچە جۇ ئېنلەيىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىگە ئوخـ
شىتىپ ، جۇ ئېنلەيگە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھۇجۇم قىلدى . 14 ـ ئىيۇندا
جياڭ چىڭ بېيجىڭ خەلق سارىيىدا پىپەن ماقالىسى يازىدىغان قەلەمـ
كەشلەرنىڭ يىغىنىنى ئـاچـتـى . ئۇ ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھالدا ، ھازىر
پـارتىيىدە يەنىلا « ناھايىتى زور كۇڭزىچى بار » ، « ھازىرقى كۇڭزىـ
چى » نى نۇقتىلىق پىپەن قىلىش كېرەك ، دەپ جار سالدى . شۇنىڭدىن
كېيىنكى تيەنجىندىكى بىر سۆھبەتتە ، ئۇ تېخىمۇ ئوچۇق قىلىپ ، « بۇ
قېتىمقى ھەرىكەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسى پارتىيە ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ كۇڭـ
زىچىنى پىپەن قىلىش » دېدى ھەمدە ھېچبىر تەپتارتمايلا « چوڭ كۇڭـ
زىچى » دېگەن جۇ ئېنلەي دېگەندىن بېشارەت بەرگەن .

ئارمىيە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئەزەلدىن دىققەت قىلىپ كېـ
لىۋاتقان نىشان ئىدى . ئۇلارنىڭ ئارمىيىدە ھېچقانداق ۋەزىپىسى يوق ،
ئەمـما ئۇلار ھەربىي ھوقۇقنى تۇتمىغىچە ئەڭ ئالىي ھوقۇقنى قولغا كىرـ
گـۈزۈش تەس بولىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىـ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

پەن قىلىش » تىن پايدىلىنىپ ، ئارمىيىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، ھەربىي
ھوقۇقنى قولغا كىرگۈزۈۋالماقچى بولۇشتى . 8 ـ فېۋرالدا ، ۋاڭ خۇڭ-
ۋېن ، جاڭ چۈنچياۋ بىر قېتىملىق يىغىندا : ئازادلىق ئارمىيە باش شتابى-
نىڭ رەھبەرلىرىنى « ئۇگچىل ، كەسكىن ئەمەس ، ئۇگچىللىقتا چېكىگە
يەتكەن » دېگەن ؛ ئازادلىق ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمى قارىتا « ھو-
قۇق تارتىۋالسا بولىدۇ » دېگەن ؛ باش تەمىنات بۆلۈمىنى « قانچە تەلتۆ-
كۈس تۆگەشسە شۇنچە ئوبدان بولىدۇ » دېگەن . 5 ـ مارت كۈنى جياڭ
چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ ئارمىيە ۋە بىر قىسىم يەرلىكتىكى يولداشلارنى
يىغىپ يىغىن ئاچقان ، جياڭ چىڭ گەپىنىڭ ئوچۇقتىنلا قىلىپ ، « ئار-
مىيىنى بىر ئۇچۇقدىمىسا بولمايدۇ » دېگەن . ئۇ يەنە ھەربىي قىسىمغا
« ئوت تۇتاشتۇرۇش » قا ئادەم ئەۋەتكەن ھەمدە ئارمىيە مەدەنىيەت
خىزمىتىنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشقا ئادەم ئەۋەتكەن .

**جياڭ چىڭ پەيدا قىلغان بەزىبىر غەلىتە ۋەقەلەر**

بۇ مەزگىلدە ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ھەرخىل غەلىتە ۋەقەلەرنى
پەيدا قىلدى . مەسىلەن ، خېنەن ئۆلكىسىدىكى « ما جېنۋۇ گۇڭشېسى
ئوتتۇرا مەكتىپى ۋەقەسى » . خېنەننىڭ غەربىي قىسمىدىكى تاغلىق رايو-
نىدىكى بىر گۇڭشې ئوتتۇرا مەكتىپىدىكى بىر قىز ئوقۇغۇچى ئىنگلىز
تىلى ئىمتىھانىدا جاۋاب بېرەلمەي ، « مەن دېگەن جۇڭگولۇق ، چەت ئەل
تىلىنى ئۆگىنىش نىھاجەت » دېگەن مەزمۇندا بىر كۇپلېت شېئىر ياز-
غان . تەنقىدلىگەندىن كېيىن ، ئۇ قىز ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان . بۇ ئەلۋەتتە
بىر ياخشى ئىش ئەمەس . شۇ جايدىكى رەھبەرلىك بۇ ۋەقەنى ۋاقتىدا بىر
تەرەپ قىلغان . ئەمما ، جياڭ چىڭ بۇ ۋەقەنى بىلگەندىن كېيىن ، بۇ
ئىشتىن چوڭ چاتاق چىقارماقچى بولغان . ئۇ يىغلاپ ، ۋارقىراپ تۇرۇپ
« ئەرز ـ شىكايەت قىلماقچى » بولغان ، بۇ ئىشنى ئوقۇتقۇچىلار يۈر-
گۈزگەن « شيۇجېڭجۇيى مائارىپ لۇشيەنى » ، « ئەقلىي تەربىيە بى-
رىنچى » دېگەننىڭ نەتىجىسى دېگەن ھەمدە بۇ ۋەقەنى « لىن بياۋنى ،
كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتىدىكى ئاتالمىش « شيۇجېڭجۇيى مائا-

رىپ لۇشيەننىڭ تىرىلىشى، قايتا ئېقىمى» نىڭ تىپىك مىسالى قىلىپ،
«ئوقۇتقۇچى، ئۇستازنىڭ ئىززەت ھۆرمىتى» دېگەننى يوقىتىش،
«ئەقلىي تەربىيە بىرىنچى» دېگەنگە قارشى تۇرۇشقا چاقىرىق چىقى-
رىپ، ياش ئوقۇغۇچىلارنى كەڭ ئوقۇتقۇچى ۋە مائارىپ خىزمەتچىلىرىنى
پىپەن قىلىشقا قۇتراتقان. ئۇ خېنەنگە تەكشۈرۈشكە ئادەم ئەۋەتىپ،
بېسىم ئىشلىتىپ، شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى ۋە ۋەقەگە چېتىشلىق مۇئەل-
لىمنى قولغا ئالدۇرۇپ قامىتىۋەتكەن.

«ئاق قەغەز قەھرىمانى ۋەقەسى». ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدا ئاق
قەغەز تاپشۇرۇش ئەزەلدىن بىر نومۇسلۇق ئىش دەپ قارىلىپ كەلگە-
نىدى. ئەمما، بىر بالا ئىمتىھاندا ئاق قەغەز تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن،
«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تەرىپىدىن «قەھرىمان» دەپ ئاتالدى. ئۇ
بالىنىڭ ئىسمى جاڭ تېشېڭ بولۇپ، ۋەقە لياۋنىڭ ئۆلكىسىدە بولغانى-
دى. بۇ بالا 1973 ـ يىلى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشقان، خىمىيە
دەرسىدىن ئالتە نومۇر ئالغان، فىزىكىدىن ئاق قەغەز تاپشۇرغان. ئۇ ئۆ-
زىنىڭ بەرىبىر ئۆتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، فىزىكا ئىمتىھان قەغىزىنىڭ
كەينىگە ئۆزىنىڭ نارازىلىقىنى يېزىپ قويغان. بۇ ئىشنى شۇ چاغدا لياۋ-
نىڭ ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى بولۇۋاتقان ماۋ يۈەنشىن بىلگەندىن
كېيىن، ئۇ خەتنى ئادەم ئۇرىدىغان «تاش» قىلماقچى بولۇپ، «لياۋ-
نىڭ گېزىتى» گە ئۇ خەتنى ئۆزگەرتىپ تۈزەتكەندىن كېيىن ئېلان
قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق بەرگەن. «خەلق گېزىتى» «ئادەمنى
چوڭقۇر ئويغا سالىدىغان بىر پارچە ئىمتىھان قەغىزى» دېگەن تېمىدا
ئۇنى كۆچۈرۈپ باسقان. شۇنىڭ بىلەن، جاڭ تېشېڭ «ئېقىمغا قارشى
تۇرغان قەھرىمان» بولۇپ قالدى، ئۇ مەلۇم يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتى
تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپلا قالماي، يەنە پارتىيىگە كىرىپ ئەمەلدار
بولدى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى
بولدى. ئۇ نۇرغۇن ئەسكى ئىشلارنى قىلدى، «تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن ئۇمۇ تېگىشلىك جازاسىنى يېدى.

«باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرە ۋە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قەسى » ، پايتەخت بېيجىڭدا بولغان باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىر نەپەر قىز ئوقۇغۇچىسى كۈندىلىك خاتىرىسىگە ئوقۇتقۇچىسىغا بولغان كۆزقارىشى ۋە پىكرىنى يېزىپ قويغانىكەن ، بۇنى جياڭ چىڭنىڭ يېقىن ئادىمى شى جىڭيى بىلىپ ، بۇ « سەن بىلەن مۇئەللىم ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەسىلىسى ئەمەس ، بۇ دېگەن ئىككى سىنىپ ، ئىككى لۇشيەنگە تاقىلىدىغان چوڭ ئىش » دېگەن . « بېيجىڭ گېزىتى » گە بۇ كۈندىلىك خاتىرىنى تۈزىتىپ بېسىشنى ھەمدە تەھرىر ئىلاۋىسىنى قوشۇپ ئېلان قىلىشنى بۇيرۇغان . ئارقىدىنلا بۇ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ماختاپ ، « ئېقىمغا قارشى » قەھرىمان دەيدىغان نەچچە ئون پارچە ماقالە ئېلان قىلىندى . جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بۇ ئىشتىن پايدىلىنىپ ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى بىر ـ بىرىگە زىتلىششقا قۇتراتقان ، ئوقۇتقۇچىلارنى پىپەن قىلغان ، بۇنىڭ بىلەن مەكتەپنىڭ مائارىپ تۈزۈمىنى ۋە ئوقۇتۇش تەرتىپىنى بۇزغان . بۇ بېيجىڭ ، ھەتتا مەملىكەتنىڭ پۈتكۈل مائارىپ ساھەسىدە ناھايىتى يامان تەسىر پەيدا قىلدى . شۇ چاغدا ، ئىچكى موڭغۇل ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۇەنىدىكى ئۈچ نەپەر ياش باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنىڭ كۈندىلىك خاتىرىسىنى تەشۋىق قىلىشنى قوللىماي ، ئۇلار ۋاڭ ياجو تەخەللۇسى بىلەن كۈندىلىك خاتىرە يازغۇچىغا خەت يېزىپ ، ئۇنى « تىغ ئۇچىنى خاتا قاراتتىڭىز » دېگەن . نەتىجىدە بۇ ئۈچ نەپەر ياش « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئەۋەتكەن خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە يىگىرمە نەچچە قېتىملىق چوڭ ـ كىچىك يىغىنلاردا پىپەن قىلىنغان ، ئۇلارنى « بۇرژۇئازىيىنىڭ تىرىلدۈرۈش كۈچلىرىنىڭ ئاۋانگارتلىرى » دەپ ، ئەڭ جاپالىق يەرگە ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئەۋەتكەن .

« قۇلۇلە ۋەقەسى » ئېلىمىزنىڭ ئېلېكترون سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ، 1973 ـ يىلى گوۋۇيۈەن تۆتىنچى مېخانىكا سانائىتى مىنىستىرلىقى مەركەزگە دوكلات يېزىپ ، رەڭلىك تېلېۋىزور كىنېسكوپىنى ئىشلەش پۈتۈن يۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى چەت ئەلدىن كىرگۈزۈشنى ئېيتقان ، بۇنى جۇ ئېنلەي قاتارلىق رەھبەرلەر تەستىقلىغان . ئۇ چاغدا بۇ

ئىشقا جياڭ چىڭ قاتارلىقلارمۇ قوشۇلغان . شۇنىڭ بىلەن ، مۇناسىۋەتـ
لىك ئورۇنلار تېخنىكا تەكشۈرۈش ئۆمىكى تەشكىللەپ چەت ئەلگە چىقـ
قان . قايتىدىغان چاغدا ئامېرىكىنىڭ بىر شىركىتى ئۆمەكتىكى ھەربىر
ئادەمگـە بىر دانە ھۈنەر سەنئەت بويۇمى ــــ ئەينەك قۇلۇلە سوۋغات قىلـ
غان . بۇ ئەسلىدە ئادەتتىكى بىر ئىش ئىدى . ئەمما ، « لىن بياۋنى ،
كۇڭزىنى پىپەن قىـلـىـش » تا بىر يالاقچى بۇ ئىشنى جياڭ چىڭغا
مەلۇم قىلىپ ، ئاز ـ تولا نەپ ئالماقچى بولغان . جياڭ چىڭ جۇ ئېنلەي
رەھبەرلىك قىلىۋاتقان گوۋۇيۈەنگە ھۇجۇم قىلىدىغان ماتېرىيالنىڭ
كـەمچىلىكىدىن غەم قىلىپ ئولتۇرغاندا ، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ، بۇ
ئىشقا چىڭ ئېسىلىۋېلىپ ، قۇلۇلە بەرگەنلىكى بىزگە ھاقارەت قىلغانلىقى ،
بـىزنى ئۆمۈلەپ ماڭىسىلەر ، دۈمبەڭلەردە يەنە بىر قاتتىق قاسراق بار ،
دېگىنى ، دەپ تۇرۇۋالدى . مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنى « ۋەتەن ساتـ
قۇچلار » ، « چەت ئەللىكلەرگە قۇل بولغانلار » دەپ تىللاپ ، سوۋ-
غاتلارنى قايتۇرۇۋېتىڭلار ، يەنە نارازىلىق ئېلان قىلىڭلار ، دەپ بۇيرۇق
قـىلدى . بىر مەھەل ۋەزىيەت جىددىيلىشىپ كەتتى . جۇ ئېنلەي بۇ
ئىشنى بىلگەندىن كېيىن ، ئالدى بىلەن دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى شۇ
دۆلـەتـنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى توغرىسىدا تەكلىپ
بەردى . تەكشۈرۈش ئارقىلىق شۇ يەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بويىچە ، قۇلۇلە
بايراملىق سوۋغات بولۇپ ، بەخت ، قۇتلۇقنى بىلدۈرىدىغانلىقى مەلۇم
بـولدى . بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن بېسىلدى . لېكىن ، جياڭ چىڭنىڭ
بۇنداق قىلىشى بىلەن ئامېرىكىدىن كىرگۈزۈلمەكچى بولغان رەڭلىك تېـ
لېۋىزور كىنېسكوپىنى ئىشلەش پۈتۈن يۈرۈش ئۈسكۈنىلىرى كىرگۈزۈلـ
مەيدىغان بولدى .

« ‹ تاۋفېڭغا ئۈچ قېتىم بېرىش › ۋەقەسى » . « تاۋفېڭغا ئۈچ قېـ
تىم بېرىش » دېگەن يېڭىدىن تەييارلانغان سەنئەت تىياتىرى بولۇپ ،
سەنشى ئۆلكىسىنىڭ بېيجىڭدىكى تىياتىر كۆرىكىگە تەييارلىغان نومۇرى
ئىدى . لېكىن ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار يوق يەردىن تۆك ئۈندۈرۈپ « تاۋ
فـېڭ » دېـگەننى ليۇ شاۋچىنىڭ رەپىقىسى ۋاڭ گۇاڭمى « تۆتنى ئېـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ىنقلاش » ھەرىكىتىدە نۇقتىدا تۇرغان جاي خېيبېي ئۆلكىسى تاڭشەن را-يونىدىكى تاۋ يۈەن چولڭ ئەترىتى شۇ دەپ تۇرۇۋېلىپ ، ئۇنىڭغا « ليۇ شاۋچىغا ئەرۋاھ چاقىرغانلىق » دېگەن بەتنامنى ئارتتى . ئۇنىڭدىن باشقا ، يەنە خۇنەن تىياتىرى « باغۇەن ناخشىسى » نى پىپەن قىلىش ۋە-قەسىمۇ بار . بۇ ئەدەبىيات ــ سەنئەت ئەسەرلىرى ئۈستىدىن ئۆزىنىڭ خالىغىنىچە سىياسىي تەنقىد ئېلىپ بېرىشى بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىن-قىلابى » باشلانغاندىن بۇيان « بارچە گۈللەر سولىشىپ كېتىش » ۋەز-يىتى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى .

**« لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » نىڭ يامان ئاقىۋىتى ۋە شۇ چاغدىكى بەزى تۈزىتىشلەر**

« لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » ھەرىكىتى ، « 13 ــ سېنتەبىر » لىن بياۋنىڭ چەتكە قاچقان ۋەقەسىدىن كېيىن ، جاپالىق تىرىشچانلىقلار بىلەن ئەمدىلا مۇقىملاشقان سىياسىي ۋەزىيەتنى باشقىدىن ئېغىر ھالەتتە بۇزۇۋەتتى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى ۋە قوماندانلىق قىلىشى بىلەن ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ پېشقەدەم كادىرلارنى كۈرەش قىلدى ، ئۆز ئالدىلىرىغا قوشۇن قۇرۇپ ، تەرەپبازلىق كۈرىشى قىلدى . جەمئىيەتتە يەنە باشقىدىن ئالاقىلىشىش پونكىتلىرى ، ئەرز قىلىش ئۆمەكلىرى ، دوكلات قىلىش ئۆمەكلىرى دېگەندەك تەشكىلاتلار پەيدا بولدى . بەزىلەر « خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئىشلىمەيمىز » دېگەندەك شوئارلارنى تارقىتىپ ، ئىشلەپچىقى-رىشنى ، ئىشنى توختىتىشقا قۇتراتتى . بەزى رەھبىرىي كادىرلار خىزمە-تىدىن يەنە باشقىدىن ئايرىلدى ، بەزىلىرى رەھبەرلىك ئورنىدىن ئۆزى كەتتى ، يەنە بەزىلىرى تەرەپبازلىق كۈرىشىگە ئارىلىشىپ كەتتى ، نەتى-جىدە نۇرغۇن ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرى باشقىدىن پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالدى . بەزى تۆمۈريول ، تاشيول قاتنىشى ، دېڭىز قاتنىشى ئورۇنلىرى تەرەپبازلىق كۈرىشى تۈپەيلىدىن يۈكلەر بېسىلىپ قالىدىغان ، پاراخوتلار ماڭمايدىغان ، قاتنىاش توسۇلۇپ قالىدىغان ئەھۋاللار كې-لىپ چىقتى . « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » كەلتۈرۈپ چى-

قارغان قالايمقانچىلىق تۈپەيلىدىن سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى يەنە بىر قېتىم تۆۋەنلەپ كەتتى . 1974 ـ يىلى يانۋاردىن مايغىچە بولغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشى ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %6.2 تۆۋەنلەپ كەتكەن ، تۆمۈريولنىڭ يۈك توشۇش مىقدارى ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكى بىلەن سېلىشۇرغاندا %2.5 تۆۋەنلەپ كەتكەن ، ئىشلەپ چىققان پولات مىقدارىنى ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا %9.4 ئازلاپ كەتكەن . ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كەتكەچكە ، مالىيىنىڭ كىرىم ـ چىقىم تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر يەتكۈزگەن . يانۋاردىن مايغىچە ئالدىنقى يىلى شۇ مەزگىلدىكىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، كىرىم 500 مىليون يۈەن ئازلاپ كەتكەن ، چىقىم 2 مىليارد 500 مىليون يۈەن ئېشىپ كەتكەن .

ماۋ زېدۇڭ گەرچە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىمىز دەپ تۇرسىمۇ ، لېكىن بۇ چاققا كەلگەندە يېڭى چوڭ قالايمقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان ، ئىمكان بار ئۆلاردىن ساقلىنىدىغان بولۇپ قالدى ، شۇ سەۋەبتىن ئۇ جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ بەزى ئىشلىرىغا دېگەندەك قوشۇلمىدى ، بەزىدە ھەتتا تەنقىد قىلدى . 15 ـ فېۋرال كۈنى ئۇ يې جيەنيىڭنىڭ ئۆزىگە يازغان خېتىگە تەستىق سېلىپ ، « ھازىر ، مېتافىزىكا ئەۋج ئېلىپ كەتتى ، بىر تەرەپلىملىك ، لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ، بۇلارغا ئارقا ئىشىكتىن مېڭىش قوشۇلۇپ ، لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىشنى سۇسلاشتۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن . شياۋشې ، چى چۈن ⑨ لەرنىڭ سۆزلىرىدە كەمچىلىك بار، تۆۋەنگە تارقىتىشقا بولمايدۇ » دەپ يازدى . ماۋ زېدۇڭ كېيىن ئۇلارنى تەنقىد قىلىپ : « پىكىر بولسا سىياسىي بيۇرودا مۇزاكىرە قىلىش كېرەك . ھۆججەت قىلىپ ، مەركەزنىڭ نامىدا تارقىتىش لازىم ، شەخسىي نام بىلەن تارقىتىشقا بولمايدۇ . مەسىلەن ، مېنىڭ نامىم بىلەنمۇ تارقىتىشقا بولمايدۇ . مەن ئەزەلدىن ھېچقانداق ماتېرىيال تارقاتقان ئەمەسمەن » دېگەن . ماۋ زېدۇڭ يەنە جياڭ چىڭ قاتارلىقلار پۈتۈن مەملىكەتكە ئاگلاتماقچى بولغان 25 ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يانۋاردىكى چوڭ يىغىنىنىڭ ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى باستۇرۇپ قويدى .

قالايمىقان ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىپ كېتىشىنى توسۇش ، ئىشلەپچىقىرىش تۆۋەنلەپ كېتىش ئەھۋالىنى تۈزەش ئۈچۈن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 10 ـ ئاپرېلدا ئۇقتۇرۇش تارقىتىپ ، « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش ھەرىكىتى پارتكوملارنىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ ، جەڭگىۋار ئەترەتتەك ئاممىۋى تەشكىلاتلارنى قۇرۇشقا بولمايدۇ ، شۇ ساھەدىن ، شۇ رايوندىن ھالقىغان ئالاقىلىشىشلارنى ئېلىپ بېرىشقا بولمايدۇ » دەپ بەلگىلەندى . 1 ـ ئىيۇلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى « ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى تارقىتىپ ، « رەھبەرلىكنىڭ ئۇستىدىن ئىسيان كۆتۈرگەنلىك ئېقىمغا قارشى تۇرغانلىق » ، « خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئىشلىمەيمىز » دېگەندەك خاتا سۆزلەرنى پىپەن قىلىپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ، ئىشنى توختىتىشقا ئارقىدا تۇرۇپ قۇترىتقۇلۇق قىلغانلارنى پاش قىلىش ۋە پىپەن قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئىيۇلدا ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ياڭ چىڭۋۇ ، يۈي لىجىن ، فۇ چۇڭبىلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ، ئاقلاپ باشقىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى . 29 ـ سېنتەبىردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ، خې لۇڭنى ئاقلاپ ، نامىنى ئەسلىگە كەلتۈردى . يۇقىرىدىكى ھەرخىل تەدبىرلەر « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » دىن پايدىلىنىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇزغۇنچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىقلىرىنى تۈزەشتە ئاكتىپ تەسىر كۆرسەتتى .

1974 ـ يىلى 17 ـ ئىيۇلدا ، ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى يىغىنىدا جياڭ چىڭنى يۈزىدىن يۈزىگە تەنقىد قىلىپ : « ئىككى زاۋۇت قۇرماڭلار ، بىرىنى پولات ـ تۆمۈر زاۋۇتى دەيدىكەنسىلەر ، بىرى قالپاق زاۋۇتى ئىكەن ، ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق كىشىگە قالپاق كىيدۈرۈۋېرىدىكەنسىلەر » ، « سىزنىڭمۇ تۈزەتمىگىنىڭىز تەس ئوخشايدۇ » دېدى ھەمدە ماۋ زېدۇڭ شۇ يەردىلا : « ئۇ ماڭا ۋەكىللىك

قىلالمايدۇ، ئۇ پەقەت ئۆزىگىلا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ جاكارلىدى. ئۇ جياڭ چىڭ، جاڭ چۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن، ۋاڭ خۇڭۋېنلارنى گۇرۇھۋازلىق قىلدىڭلار دەپ تەنقىدلەپ، ئۇلارنى: «سىلەر دىققەت قىلىڭلار، تۆت كىشىلىك كىچىك گۇرۇھ بولۇۋالماڭلار» دەپ ئاگاھلاندۇردى. ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەنقىدلىرىدىن، بىرى، ئۇ «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش» ھەرىكىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن، پەقەتلا جياڭ چىڭ قاتارلىقلار قىلغان «ئارقا ئىشىكتىن مېڭىشقا قارشى تۇرۇش» دېگەندەك پائالىيەتلىرىنى «لىن بياۋنى، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش» ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇنى «سۇسلاشتۇرۇپ» قويارمىكىن دەپ ئەندىشە قىلىدىغانلىقىنى، ئىككىنچىسى، ئۇنىڭ جياڭ چىڭغا تۇتقان پوزىتسىيىسى، ئۇ جياڭ چىڭنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭ بەزىبىر ئىستىللىرى، خىزمەت ئۇسۇلىدىكى كەمچىلىكلىرىنىلا تەنقىد قىلىپ قويغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئۇ جياڭ چىڭغا باشقىلارنى تەنقىد قىلغاندا ئۇسۇلغا دىققەت قىل، «باشقىلارغا قالپاق كىيگۈزمە» دەپ نەسىھەت قىلغان. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دېگەن سۆزنى ماۋ زېدۇڭ مۇشۇ يەردە ئىشلەتكەن، ئەمما بۇ يەردىكى مەنىسى «كىچىك مەزھەپچىلىك» دېگەندىن ئىبارەت بولغان، كېيىن ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ قاتارىدا ئىشلىتىلگەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» دېگەن سۆز بىلەن تۈپكى پەرقلىنىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ، شۇ چاغدىكى شارائىتتا، ماۋ زېدۇڭنىڭ جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنى تەنقىدلەپ قويۇشى، قانداقلا بولمىسۇن پايدىلىق تەسىر پەيدا قىلاتتى.

## پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو يىغىنىدىكى كۈرەش

1974 ـ يىلى 11 ـ ئۆكتەبىردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «يېقىنقى ۋاقىتتا 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىش» نى قارار قىلغانلىقى توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى. ئۇقتۇرۇش ماۋ زېدۇڭنىڭ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى سەككىز يىل قىلدۇق. ئەمدى تىنچلانغان ياخشىراق، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنتىپاقلىششى كېرەك » دېگەن پىكىرنى يەتكۈزدى . قارىغاندا ، ماۋ زېدۇڭ سۈيىيكتىپ جەھەتتە 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى تىنچ ، ئىتتىپاق بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ بىر مۇھىم شەرتى قىلغان . تۆت يىل بۇرۇن ماۋ زېدۇڭ 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنى ئېچىشنى « ئىتتىپاقلىشىپ تېخىمۇ زور غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش » نىڭ مۇھىم شەرتى قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن لىن بياۋ گۇرۇھىنىڭ سۇيىقەست ئىشلىتىپ هوقۇق تارتىۋالماقچى بولغانلىقى سەۋەبىدىن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشمىغانىدى . قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى تۆت يىل كەيىنگە سۈرۈلگەن بولسىمۇ ، مەسىلە يەنىلا ھەل بولمىغانىدى .

خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلسا دۆلەت رەھبەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تەڭشەش مۇزاكىرە قىلىناتتى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » بۇنى تېخىمۇ كۆپ هوقۇقنى تارتىۋېلىشنىڭ پۇرسىتى دەپ قاراپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ تەنقىدلىرىگە قارىماي ، سۇيىقەستلىك ھەرىكەتلىرىنى تېزلەتتى . ماۋ زېدۇڭ 4 ـ ئۆكتەبىردە دېڭ شياۋپىڭنىڭ گوۋۇيۈەننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىنى ئۆتىشى توغرىسىدىكى تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بۇنىڭدىن قاتتىق نارازى بولدى . مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 17 ـ ئۆكتەبىر كەچتە ئېچىلغان يىغىنىدا جياڭ چىڭ ، جىياڭ چۇنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن ، ۋاڭ خۇڭۋېن قاتارلىقلار « فېڭچىڭلۇن ۋەقەسى » نى كۆتۈرۈپ چىقىپ توساتتىن غوۋغا پەيدا قىلدى .

فېڭ چىڭلۇن دۆلىتىمىز ياسىغان ئون مىڭ توننىلىق يىراق ئوكيان يۈك پاراخوتى ئىدى . فېڭ چىڭلۇن 1974 ـ يىلى بۇيرۇققا بىنائەن ئون مىڭ توننا گۇرۇچنى رۇمىنىيىگە ئېلىپ بېرىپ ، دۆلەت بايرىمى ھارپىسىدا شاڭخەيگە ئوڭۇشلۇق قايتىپ كەلگەنىدى . بۇ ئەسلىدە بىر ياخشى ئىش بولسىمۇ ، لېكىن جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بۇ ئىشتا يوق يەردىن پۇتاق چىقارماقچى بولۇشتى . ئۇلار دۆلىتىمىز ياسىغان ئون مىڭ توننىلىق پاراخوتلار بالدۇرلا يىراق سەپەرگە ئاتلىنىشى كېرەك ئىدى ، لېكىن بەك كېچىكىپ كەتتى . بۇنىڭغا ھازىر مەۋجۇت بولۇۋاتقان شىۋە-

جېڭجۇيىلىق لۇشيەن پەيدا قىلغان تۈرلۈك توسالغۇلار سەۋەبچى دەپ بىلجىرلىدى. ئۇلار گوۋۇيۇەننىڭ چەت ئەلدىن پاراخوت كىرگۈزۈشنى «چەت ئەلگە چوقۇنغانلىق» دەپ گوۋۇيۇەندىكىلەرنى ئەيىبلىدى. ۋاڭ خۇڭۋېن يەنە قاتناش مىنىستىرلىقىنىڭ فېڭچىڭلۇندا رەھبەرلىك ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان بىر كادىرنى شاڭخەيدە تۇتۇپ قېلىپ، كۈرەش قىلىشقا بۇيرۇق چۈشۈردى، قاتناش مىنىستىرلىقىنى بۇ ئىشنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشقا بۇيرۇدى. ۋاڭ خوڭۋېننىڭ بۇ كادىرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈشتىكى ئاساسىي باھانىسى — بۇ كادىرنىڭ پاراخوت ئىمپورت قىلغانلىقىنى «چەت ئەلگە چوقۇنۇش»، «ۋەتەن ساتقۇنلۇق» دەپ پىپەن قىلىشنى رەت قىلغانلىقى ھەمدە جياڭ چىڭ، ياۋ ۋېنيۈەن، ۋاڭ خۇڭۋېنلارغا ۋە ئۇلارنىڭ شاڭخەيدىكى يېقىنلىرىغا نارازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن ئىبارەت ئىدى.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» «فېڭچىڭلۇن ۋەقەسى» نى بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىكى مەقسىتى تىغ ئۇچىنى بىۋاسىتە جۇ ئېنلەي ۋە گوۋۇيۇەنگە قارىتىش ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق ئىدى. جۇ ئېنلەي ئەينى چاغدا، دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاچقا، يىغىنغا قاتنىشالمىدى. شۇ قېتىمقى يىغىندا ئۇلار دېڭ شياۋپىڭغا تويۇقسىز ھۇجۇم قىلدى، دېڭ شياۋپىڭنى «فېڭچىڭلۇن ۋەقەسى» نى بىر تەرەپ قىلىشقا پوزىتسىيە بىلدۈرۈشكە قىستىدى. جياڭ چىڭ ئەلپازىنى بۇزغان ھالدا دېڭ شياۋپىڭدىن: «سىز بۇ ۋەقەنى قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز؟ ياكى بىتەرەپ مەيداندا تۇرامسىز؟» دەپ سورىدى. دېڭ شياۋپىڭ كەسكىن ھالدا: «كىشىنى مەجبۇرلىغانلىققۇ بۇ»، «مەن تەكشۈرىمەن، تەكشۈرۈشۈم كېرەك» دەپ جاۋاب بەردى.

جاڭ چۈنچياۋ ئورنىدىن تۇرۇپ: «مەن ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلايدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم، دېگەندەك ئۆزىڭىزنى ئاشكارىلىدىڭىز» دېدى. دېڭ شياۋپىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قورشاپ ھۇجۇم قىلىشى تۈپەيلىدىن، يىغىندىن ئاچچىقلىنىپ چىقىپ كەتتى. سىياسىي بيۇرونىڭ يىغىنىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامال بولمىغاچقا، يىغىن

www.uyghurkitap.com

نەتىجىسىز ئاخىرلاشتى.

**ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ چاڭشاغا بېرىپ ئەرز قىلىشىنىڭ مەغلۇپ بولۇشى**

شۇ كېچىسى جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن، ۋاڭ خۇڭۋېنلار مەخپىي پىلان تۈزۈپ، ۋاڭ خۇڭۋېننى چاڭشاغا، ماۋ زېدۇڭنىڭ قېشىغا جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىقلارغا قارا چاپلاپ، زىيانكەشلىك قىلىشقا ئەۋەتىشنى قارار قىلىدۇ. ۋاڭ خۇڭۋېن 18 - ئۆكتەبىردە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ كۆپ ساندىكى ئەزالىرىغا ئۇقتۇرمايلا ئايروپىلان بىلەن چاڭشاغا يولغا چىقتى. ئۇ ماۋ زېدۇڭغا مۇبالىغە قىلغان ھالدا: «ھازىر بېيجىڭنىڭ ۋەزىيىتى لۇشەن يىغىنىنىڭ ۋەزىيىتىگە ئوخشاپ قالدى»، «مەن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ كەلدىم» دېدى ۋە يەنە «جۇزۇڭلى كېسەل تۇرۇقلۇقمۇ كېچە - كېچىلەپ سۆھبەت ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، زۇڭلىنىڭ ئۆيىگە دېڭ شياۋپىڭ، يې جيەنيىڭ، لى شيەنيەن قاتارلىقلار دائىم بېرىپ - كېلىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق قۇرۇق بېرىش - كېلىش قىلىشى 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىكى كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك» دەيدۇ. ۋاڭ خۇڭۋېن بۇ يەردە دەۋاتقان «لۇشەن يىغىنى» لىن بياۋنىڭ سۇيىقەست ئىشلىتىپ ھوقۇق تارتىۋالماقچى بولغان 9 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 - ئومۇمىي يىغىنى ئىدى. ئۇ جۇ ئېنلەي قاتارلىقلارنىڭ نورمال خىزمەت ئالاقىسىنى لىن بياۋنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىگە ئوخشىتىپ ماۋ زېدۇڭنى قايمۇقتۇرماقچىدى. ئۇ دوكلاتىدا جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن قاتارلىقلارنى ھە دەپ كۆككە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ بۇنىڭدىن مەقسىتى دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلى بولۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىش، جۇ ئېنلەينى بىر چەتكە قايرىپ قويۇش، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تىن مىنىستىرلار كابىنېتىنى تەشكىللەش ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ خۇڭۋېننى دەرھال ئاگاھلاندۇرۇپ، «پىكىر بولسا يۈز تۇرانە دېيىش كېرەك، بۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس»، «قايتىپ بارغاندىن كېيىن زۇڭلى ۋە يولداش يې جيەنيىڭ بىلەن كۆپ-

رەك سۆھبەتلىشىش ، جياڭ چىڭ بىلەن بىرلىشىۋالماڭ ، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىڭ » دەيدۇ . 20 ـ ئۆكتەبىر ماۋ زېدۇڭ جۇ ئېنلەي ۋە ۋاڭ خۇڭۋېنغا مەخسۇس ئادەم ئەۋەتىپ « زۇڭلى يەنىلا زۇڭلى ، 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق خىزمىتىگە ۋە ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇشقا زۇڭلى بىلەن ۋاڭ خۇڭۋېن ھەرقايسى ئورۇنلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىللە رىياسەتچىلىك قىلسۇن » دەيدۇ .

ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ چاڭشا سەپىرىدە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ مەقسىتى ئەمەلگە ئاشمىدى ، ئەكسىچە ماۋ زېدۇڭدىن تەنقىد ئىشىتتى . ئەمما ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالمىدى . جياڭ چىڭ نويابىردا ماۋ زېدۇڭغا كۆپ قېتىم خەت يېزىپ ، ئۆزىنىڭ ئالاھىدە سالاھىيىتى ۋە تەسىرى ئارقىلىق ، ئۆزىنىڭ تېخىمۇ كۆپ يېقىنلىرىنى مۇھىم رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا قويماقچى بولدى . ئۇ ۋاڭ خۇڭۋېن ، شې جىڭيىلارنى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىيەنجاڭلىقىغا ، چى چۈننى مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرلىقىغا ، ماۋ يۈەنشىن ، چى چۈن ، شې جېڭيى ، جىن زۇمىنلارنى سىياسىي بيۇروغا سىرتتىن قاتناشتۇرۇشنى ، « ئىز باسار » قىلىپ تەربىيىلەشنى تەلەپ قىلدى ھەمدە ئۆزىنىڭ خىزمىتى يوقلۇقىنى باھانە قىلىپ ، ماۋ زېدۇڭدىن ئەمەل تەلەپ قىلدى . ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى . ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭنىڭ 2 ـ نويابىردا يازغان خېتىگە جاۋاب بېرىپ : « كۆپ كۆرۈنۈپ يۈرمەڭ ، ھۆججەت تەستىقلىماڭ ، مىنىستىرلار كابىنېتى تەشكىللىمەڭ ( ئۇ ئارقا تېرەك خوجايىن ئىدى ) . نۇرغۇن ئادەمنى رەنجىتىپسىز ، كۆپ ساندىكىلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىڭ . بۇ سىزگە قىلغان نەسىھىتىم بولۇپ قالسۇن » ،« ئادەم ئۇچۇن قىممەتلىكى ئۆزىنى بىلىش . » دېدى . ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭنىڭ مەقسىتىنى بىلىپ بولغانىدى . ئۇ جياڭ چىڭنىڭ كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش پىكرى يېزىلغان ماتېرىيالنى ئېلىپ كەلگەن خادىمغا : « جياڭ چىڭنىڭ قارا نىيىتى بار . ئۇ ۋاڭ خۇڭۋېننى ۋەيىيەنجاڭ قىلىپ ، ئۆزى پارتىيىنىڭ شۇجىسى بولماقچى ، كەلگۈسىدە ئۇ ھەممە ئادەم بىلەن جېدەللىشىدۇ ، مۇ-

www.uyghurkitap.com

شۇتاپتىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ ، مەن ئۆلگەندىن كېيىن ، ئۇ چوقۇم جېدەل چىقىرىدۇ » دېگەن . بۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ جياڭ چىڭنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىدىغانلىقىنى ، ئۇنى مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغانلىقىنى بىلىپ « ئۆزىنى بىلىش » كە دەۋەت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

1974 ـ يىلى 1 ـ ئىيۇلدا جۇ ئېنلەيىنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ يەنە دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغان بولسىمۇ ، خىزمىتىنى قەتئىيلىك بىلەن داۋاملاشتۇردى . ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا رىياسەتچىلىك قىلىش توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن ، 23 ـ دېكابىر كېسەل بولۇشىغا قارىماي ، ۋاڭ خۇڭۋېن بىلەن چاڭشاغا بېرىپ ماۋ زېدۇڭغا خىزمەتلەرنى دوكلات قىلدى . ماۋ زېدۇڭ 23 ـ دېكابىردىن 27 ـ دېكابىرغىچە ئۇلار بىلەن تۆت قېتىم سۆھبەتلەشتى . ماۋ زېدۇڭ ۋاڭ خۇڭۋېننى يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ ئۇيۇشتۇرماڭلار » ، « مەزھەپچىلىك قىلماڭلار ، مەزھەپچىلىك قىلساڭلار يىقىلىسىلەر » ، « جياڭ چىڭنىڭ قارا نىيىتى بار ، سىلەرچە قانداق ؟ مېنىڭچە چوقۇم بار » دېدى . ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭدىن قالايمىقان تەستىق سالماسلىق ، شۆھرەتپەرەسلىك قىلماسلىق ، ھۆكۈمەت تەشكىللەشكە ( مىنىستىرلار كابىنېتى تەشكىللەش ) قاتناشماسلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ئىشنى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى . ماۋ زېدۇڭ دېڭ شياۋپىڭ « سىياسىي ئىدىيىسى مۇستەھكەم ، ئاز تېپىلىدىغان تالانت ئىگىسى » ، « ئۇ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلى ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە باش سەنمۇجاڭلىقتىن ئىبارەت ئۈچ ۋەزىپىنى ئۆتىسۇن » دېگەن .

ماۋ زېدۇڭ 1974 ـ يىلنىڭ بېشىدىن باشلاپ ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنى كۆپ قېتىم تەنقىد قىلىپ ، زۇڭلى يەنىلا زۇڭلى ، دېگەن . ھەمدە دېڭ شياۋپىڭنى قايتىدىن مۇھىم ۋەزىپىگە قويغان . بۇلار ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەينى چاغدا ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ ، ئەمما مېڭىسىنىڭ ناھايىتى ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ، يەنىلا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى

قانداق ياخشى بىر تەرەپ قىلىشنى ئويلايدىغانلىقىنى ، مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتا تۇغقاندارچىلىقنى مۇھىم ئورۇندا قويمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ماۋ زېدۇڭنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەزى ئىشلىرى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ مىنىستىرلار كابىنېتىنى تەشكىل قىلىپ هوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى مەغلۇپ قىلىپ ، 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشىدا ناهايىتى مۇھىم رول ئوينىدى .

## ئىزاھاتلار

① « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى » .

② 1970 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئامېرىكا زۇڭتۇڭى نىكسون ئۆزىنىڭ جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش نىيىتى بارلىقىنى پاكىستان زۇڭتۇڭى يەھياخانغا جۇڭگوغا يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپشۇرغان . 1971 ـ يىلى ئاپرېلدا جۇڭگو پاكىستان ئارقىلىق ئامېرىكىغا ، ئامېرىكا زۇڭتۇڭى ياكى ئالاھىدە ئەلچىسىنىڭ جۇڭگونى زىيارەت قىلىشىنى قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن . ئىيۇلدا ، ئىنچىكە ئورۇنلاشتۇرۇشلار ئارقىلىق ئامېرىكا زۇڭتۇڭىنىڭ ئەلچىسى كىسىنگىر جۇڭگونى مەخپىي زىيارەت قىلدى . جۇئېنلەي 9 ـ ئىيۇلدىن 11 ـ ئىيۇلغىچە كىسىنگىر بىلەن مەخپىي سۆھبەتلەشتى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلدى . 16 ـ ئىيۇلدا ئىككى تەرەپ تەڭلا ئاخبارات ئېلان قىلىپ نىكسون زۇڭتۇڭىنىڭ 1972 ـ يىلى مايدىن بۇرۇن جۇڭگوغا زىيارەتكە كېلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . شۇنىڭ بىلەن جۇڭگو ـ ئامېرىكا مۇناسىۋىتىنىڭ دەرۋازىسى ئېچىلىپ ، دۇنيا سىياسىتىغا زور تەسىر كۆرسەتتى .

③ « جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى » ، خەنزۇچە 2 ـ توم ، 457 ـ بەت .

④ « جۇ ئېنلەي تاللانما ئەسەرلىرى » ، خەنزۇچە 2 ـ توم ، 462 ـ بەت .

⑤ روس شېمىسنىڭ « جۇ ئېنلەي زۇڭلىنى ئەسلەش » ، « بەش قىتئەنىڭ سىغىنىشى » دېگەن ئەسىرى ، خەنزۇچە نۇسخا ، 230 ـ بەت .

www.uyghurkitap.com

⑥ بۇ ماقالىلەر « ھۆكۈمەتسىزلىك يالغان ماركسىزمچى ئالدامچىلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي قورالى » ، « پرولېتارىياتنىڭ پولاتتەك ئىنتىزامىدا چىڭ تۇرايلى » ۋە « بىر سۇيىقەستچىنىڭ رەزىل تارىخى » ( ھۆكۈمەتسىزلىكنىڭ بوۋىسى باكۇنىنغا باھا ) دىن ئىبارەت .

⑦ « ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى » ، 2 ـ توم ، 370 ـ بەت .

⑧ « قىزىل بايراق ژۇرنىلى » نىڭ 1974 ـ يىلى 2 ـ سانىدىكى « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش كۆرىشىنى كەڭ ، چوڭقۇر قانات يايدۇرايلى » دېگەن ماقالە .

⑨ چې چۈن ، شې جىڭيىنىڭ 1974 ـ يىلى 24 ـ ، 25 ـ يانۋاردىكى چوڭ يىغىندا سۆزلىگەن سۆزىنى دېمەكچى .

## ئالتىنچى باب

# تەرتىپكە سېلىش بىلەن تەرتىپكە سېلىشقا قارشى تۇرۇش، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئاخىرلىشىشى

1975 ـ يىل يانۋاردىن 1976 ـ يىل ئۆكتەبىرگىچە بولغان ئىككى يىلغا يېقىن جەرياندا، جۇڭگو ۋەزىيىتىدە داۋالغۇش بولدى، سىياسىي ساھەدە زور كومپەدىيىلىك ئۆزگىرىش بولغاندىن باشقا يەنە خەلق ئاممىسى تىللاردا داستان بولغۇدەك كۆرەشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگولۇقلارنىڭ ئون يىللىق قالايمىقانچىلىقتىن كېيىنكى كۆڭۈل مايىللىقىنى نامايان قىلدى. دېڭ شياۋپىڭ قايتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈپ، شىجائەت بىلەن تەرتىپكە سالغاندىن تاكى تويۇقسىز ئاغدۇرۇلغانغا قەدەر بولغان جەريان ئۇنىڭ سىياسىي ھاياتىدا زور داۋالغۇش بولغان جەريان بولۇپ قالدى، شۇنداقلا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدىكى چېكىدىن ئاشقان «سول» ئىدىيىۋى ئېقىم بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى ساغلام كۈچلەرنىڭ يەنە بىر قېتىملىق، شۇنداقلا ئون يىل داۋامىدىكى بىر قېتىملىق ئومۇمىيۈزلۈك قاتتىق ئېلىشىش جەريانى بولدى. قارىماققا پارتىيە ئىچىدىكى ساغلام كۈچلەر ۋاقىتلىق مەغلۇپ بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما كەڭ ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى تەرتىپكە سېلىش بىلەن «دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش» نى روشەن سېلىشتۇرۇپ، ئۆزلىرىنىڭ پەرق ئېتىش ئىقتىدارى ۋە ھوشيارلىقىنى بىرقەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈردى، ئاخىرىدا تيەنئەنمېن مەيدانىدا غايەت زور ھەققانىي سادا ياڭراتتى. خەلق قەلبىنىڭ مايىللىقى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىشقا كۈچلۈك ئاممىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاساس سالدى . ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن خۇا گوفېڭ ، يې جيەنيىڭ قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆكتەربىردىكى غەلىبىسى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇساپىسىنى تۈگىتىپ ، جۇڭگونى قايتىدىن توغرا تەرەققىيات يولىغا سېلىش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى .

## 1 . دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىزمەتلەرگە رىياسەتچىلىك قىلىشى ۋە ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش

### دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىنىشى

1975 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ، يېرىم ئايغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ، دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيىنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىگە تەيىنلەندى . بۇنداق ئەھۋال دۆلەت قۇرۇلغاندىن بۇيان بولۇپ باقمايلا قالماستىن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلاب تارىخىدىمۇ ئاز كۆرۈلگەندى .

5 ـ يانۋاردا ماۋ زېدۇڭنىڭ تەكلىپى بويىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت چىقىرىپ ، دېڭ شياۋپىڭنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ، قوشۇمچە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ باش شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا جاڭ چۇنچياۋ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ ، لى دېشېڭنىڭ ئورنىغا سەپلەندى .

ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا يەنى 8 ـ يانۋاردىن 10 ـ يانۋارغىچە چاقىرىلغان جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ، دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىغا تەيىنلەندى .

ئارىدىن بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يەنى 13 ـ يانۋاردىن

17 ـ يانۋارغىچە ئېچىلغان 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ، دېڭ شياۋپىڭ يەنە گوۋۇيۈەننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەندى ( بۇ ئىككى يىغىن توغرىسىدا كېيىن توختىلىمىز ) . بۇ خەۋەرنىڭ ئېلان قىلىنىشى ۋە تارقىلىشى زىلزىلە پەيدا قىلدىغان غايەت زور ئېقىن ھاسىل قىلىپ ، كەڭ ئاممىنى پارتىيە ئەزالىرىنى ، كادىرلارنى روھلاندۇرۇۋەتتى ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا مۇقىملىق بېغىشلىدى ، ئۇلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئۇزۇن كېچىلىرىدىن تاڭ نۇرىنى كۆردى .

دېڭ شياۋپىڭ نېمىشقا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرگە قايتا تەيىنلەندى ؟ بۇنداق بولۇشنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭ ئاجايىپ ئىقتىدارىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . ئەمما مۇھىمى ، بۇنى ئەينى ۋاقىتتىكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىت بەلگىلىگەن . بىرىنچىدىن ، ئەينى چاغدىكى ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان جۇ ئېنلەينىڭ خىزمىتىنى بىر ئادەمنىڭ ئۆتكۈزۈۋېلىشىغا ئېھتىياجلىق ئىدى . جۇ ئېنلەي ھەم يىراقنى كۆرىدىغان ، ھەم پۇختا ، ئەستايىدىل ئىشلەيدىغان ، ئاز ئۇچرايدىغان مەشھۇر سىياسىي ئەرباب بولۇپ ، جۇڭگو ھازىرقى زامان تارىخىدا ئورنىنى بېسىش قىيىن بولغان شەخس ئىدى . ئەمما ، رەھىمسىز تەبىئىي قانۇنىيەت ۋە ساقايماس كېسەل ئۇنى ئۇزۇن ۋاقىت كېسەل كارىۋىتىدا يېتىشقا مەجبۇر قىلدى . ئۇ 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دوكلات بەرگەندە ، يىغىن زالىغا دوختۇرخانىدىنلا كەلدى ، ئۇ ئېغىر كېسەل تۇرۇپمۇ قەتئىي بەرداشلىق بەردى . بۇ ئەھۋال ئۇزۇن ۋاقىت داۋاملاشسا بولمايتتى ، شۇڭا بىر ئادەمنى ئۇنىڭ ئورنىغا سەپلەش كېرەك ئىدى . ئىككىنچىدىن ، ماۋ زېدۇڭ بىرنەچچە ئىزباسارنى تاللىغان بولسىمۇ ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۈتكەن يېرىدىن چىقمىدى . لىن بياۋ 9 ـ قۇرۇلتايدا ئىزباسارلىققا تاللىنىپ پارتىيە نىزامنامىسىغا كىرگۈزۈلگەن بولسىمۇ ، يات ئەلدە كۆلى كۆككە سورۇلدى . « 13 ـ سېنتەبىر » ۋەقەسىدىن كېيىن ۋاڭ خۇڭۋېن تاللاندى ، ئۇ ئەسكەر ، دېھقان ۋە ئىشچى بولغان ، دېمەك ، ئۇ بۇ ئۈچ ساھەنىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەردار ،

يەنە كېلىپ ئۇ جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ سانائەت شەھىرى شاڭخەي ئىش-
چىلار ئىسيانچىلىرىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، ئىزباسارلىققا كۆڭۈلدىكىدەك
ئادەم ئىدى. ئەمما، ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئۇ ئىقتىدارسىز ھەم
ئەخلاقسىز بولۇپ، پەقەت جىياڭ چىڭگا ئەگىشىپ يۈرۈپ ھىيلە ـ مىكىر
بىلەن شۇغۇللىنىشنىلا بىلەتتى، مۇھىم ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقال-
مايتتى. ماۋ زېدۇڭ جاڭ چۈنچياۋنىمۇ ئويلاشقانىدى، ئەمما ئۇنىڭغا ئى-
شەنگىلى بولمايتتى. ئۈچىنچىدىن، ماۋزېدۇڭ دېڭ شياۋپىڭنى بىرقەدەر
تولۇق چۈشىنەتتى، دېڭ شياۋپىڭدىن نارازى بولغان يەرلىرى بولسىمۇ،
ئەمما ئومۇمىي باھاسى ياخشى ئىدى. ماۋ زېدۇڭ ئۇنى ۋاڭ مىڭ لۇشيە-
نىدە ماڭماي توغرا لۇشيەندە چىڭ تۇرغان، تارىخىي مەسىلىسى يوق،
ئۇرۇشتا تۆھپە ياراتقان، ئاتالمىش سوۋېت «شيۇجېڭجۇيىچىلىرى»
بىلەن كۈرەشتە قەتئىي چىڭ تۇرغان، «سىياسىي ئىدىيىسى كۈچلۈك»،
«ئاز تېپىلىدىغان ئىختىساس ئىگىسى»، ئاما ئارىسىدا بىرقەدەر يۇ-
قىرى ئابرۇيغا ئىگە دەپ قارايتتى. يۇقىرىقى ئۈچ نۇقتىنى ئومۇملاشتۇرۇپ
شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، دېڭ شياۋپىڭنى قايتا ۋەزىپىگە قويۇپ
ئىشلىتىش ئۆز ۋاقتىدا ماۋزېدۇڭ تاللاش ئېھتىماللىقى بولغان ئەڭ ياخشى
يول ئىدى. بۇ ئەلۋەتتە سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق تاللاش
شۇنداقلا بىردىنبىر توغرا تاللاش ئىدى. بۇ ھال شۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ
ئېغىر كېسەل بولسىمۇ، ئەمما كاللىسىنىڭ سەگەكلىكىنى، يەنە كېلىپ
ئىزچىل تۈردە ئىنقىلاب ئىشلىرىنى مۇھىم دەپ بىلىدىغانلىقىنى چۈشەن-
دۈرۈپ بېرىدۇ.

**جۇ ئېنلەينىڭ 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلىشى**

8 ـ يانۋاردىن 10 ـ يانۋارغىچە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 2 ـ ئومۇمىي يىغىنى بېيجىڭدا ئۆت-
كۈزۈلدى. جۇ ئېنلەي ھاۋالە بىلەن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەييار-
لىق خىزمىتى مۇزاكىرە قىلىندى، «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئا-

سابسي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش لايىھىسى » ، « ئاساسىي قانۇننى تۈزىتىش توغرىسىدىكى دوكلات » ، « ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات » ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن ئەزالىرىنىڭ نامزات ئىسملىكى ماقۇللىنىپ ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا يوللاندى .

يىغىندا دېڭ شياۋپىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە ، سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلدى . جياڭ چىڭ گۇرۇھىدىكىلەر لى دېشېڭغا « لىن بياۋ لۇشيەنىنى يۈرگۈزدى » ، « لىن بياۋنىڭ ئوغرى كېمىسىگە چىققى » دەپ بوھتان چاپلىغاچقا ، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىدىن ، سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت ئەزالىقىدىن قېلىشنى تەلەپ قىلدى ، ئومۇمىي يىغىن ئۇنىڭ تەلىپىنى تەستىقلىدى ( 1980 ـ يىلى 8 ـ ئاۋغۇستتا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى باش سىياسىي باشقارمىسىنىڭ لى دېشېڭنى ئاقلاش توغرىسىدىكى دوكلاتىنى تەستىقلاپ چۈشۈردى ) .

**4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئىقتىسادىي تەرەققىيات لايىھىسىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويدى**

1975 ـ يىلى 13 ـ يانۋاردىن 17 ـ يانۋارغىچە 4 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى . بۇ قېتىمقى يىغىنغا جەمئىي 2864 ۋەكىل قاتناشتى . يىغىننىڭ كۈن تەرتىپى : ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ؛ ھۆكۈمەت خىزمىتى توغرىسىدىكى دوكلاتنى ماقۇللاش ؛ دۆلەت رەھبەرلىرىنى سايلاش ۋە ۋەزىپىگە قويۇشتىن ئىبارەت بولدى .

جۇ ئېنلەي گوۋۇيۈەنگە ۋاكالىتەن « ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات » بەردى . ئۇ « دوكلاتى » دا 1964 ـ يىلى دېكابىردا 3 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا ئىككى قەدەملىك تەسەۋۋۇر لايىھىسىنى قايتا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ «بىرىنچى قەدىمى، 15 يىل ئىچىدە، يەنى 1980 ـ يىلىدىن ئىلگىرى مۇستەقىل، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسى ۋە خەلق ئىگىلىكى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىش؛ ئىككىنچى قەدىمى، مۇشۇ ئەسىر ئىچىدە يېزا ئىگىلىكىنى، سانائەتنى، دۆلەت مۇداپىئەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇپ، مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنى دۇنيانىڭ ئالدىنقى قاتارىغا ئۆتكۈزۈش» ئىدى. بۇ ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى، ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى، ھەم كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد ئۇچقۇنىنى باشقىدىن يالقۇنجىتىۋەتتى.

جاڭ چۈنچياۋ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن «ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات» نى بەردى. ئاساسىي قانۇندا ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە دۆلەت رەئىسى قويماسلىق بەلگىلەندى، ئەمما «جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى قوراللىق كۈچلەرگە قوماندانلىق قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەندى.

قۇرۇلتايدا تۈزىتىلگەندىن كېيىنكى «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» بىلەن «ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدىكى دوكلات» ماقۇللاندى، «ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات» تەستىقلاندى. جۇدې خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىقىنى داۋاملىق ئۆتەشكە كۆرسىتىلدى، دۇڭ بىۋۇ، سۇڭ چىڭلىڭ قاتارلىق 22 نەپەر كىشى مۇئاۋىن مۇدىر بولدى. قۇرۇلتايدا جۇ ئېنلەينىڭ گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىلىقىنى داۋاملىق ئۆتىشى قارار قىلىندى. دېڭ شياۋپىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، لى شيەنىيەن، چېن شىلىيەن، جى دېڭكۈي، خۇا گوفېڭ، چېن يۇڭگۈي، ۋۇ گۈيشەن، ۋاڭ جېن، يۈي چيۇلى، گۇ مۇ، سۇن جيەن قاتارلىق 12 كىشى گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەندى.

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا تەستىقلانغان گوۋۇيۈەنىنىڭ

ھەرقايسى مىنىستىرلىقنىڭ مىنىستىرلىرى ئىچىدە ئۆزۈن مۇددەتلىك سىناقلاردىن ئۆتكەن ، خىزمەت تەجرىبىسى مول نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار رەھبەرلىك خىزمىتىگە قايتا قويۇلدى . ئالايلۇق ، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى يې جيەنيىڭ ، دۆلەت پىلان كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يۈي چيۇلى ، دۆلەت ئاساسىي قۇرۇلۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى گۇمۇ ، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جۇ رۇڭشىن ، تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋەن لى ، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جياڭ جىنفۇ ، نېفىت ـ خىمىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى كاڭ شىئېن قاتارلىقلار . پەقەت بىرنەچچە مىنىستىرلىق « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ شېرىكلىرى تەرىپىدىن ئىگىلىۋېلىندى . ئالايلۇق ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى يۈي خۈييۇڭ ، سەھىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ليۇ شاڭپىن ( ئايال ) قاتارلىقلار . شۇنداق قىلىپ ، ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنى قانات يايدۇرۇش ئۈچۈن نىسبەتەن كۈچلۈك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋۇجۇدقا كەلدى .

4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا دۆلىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۇلۇغۋار نىشانىنىڭ قايتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ، جۇ ئېنلەي ، دېڭ شياۋپىڭ رەھبەرلىكىنى يادرو قىلغان گوۋۇيۈەن نامزاتلىرىنىڭ بېكىتىلىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ناھايىتى زور ئىلھام بولدى . ئەمما ، بۇ قېتىمقى قۇرۇلتاي « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دېگەن « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش » شارائىتىدا ئېچىلغاچقا ، قۇرۇلتاينىڭ دوكلاتلىرى ، ۋەكىللەرنىڭ مۇزاكىرىلىرى ھەممە ماقۇللانغان قارارلار « سول » چىل خاتالىقنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچرىدى .

يىغىندا ماقۇللانغان ئاساسىي قانۇندىمۇ ئېغىر خاتالىق بار ئىدى . ئالايلۇق ، « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى » ئاساسىي قانۇندا تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى ؛ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە مەۋجۇت بولغان سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىش ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش نۇقتىئىنەزىرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

« پوتكول سوتسىيالىزمنىڭ تارىخىي باسقۇچتىكى ئاساسىي لۇشيەنى » دەپ قارىلىپ ، ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا قالايمىقان ئىشلىتىلگەن « چوڭ سايراش ، چوڭ ئېچىلىش ، چوڭ خەتلىك گېزىت ، چوڭ بەس ــ مۇنازىرە » لەر خەلق ئاممىسى ئىجاد قىلغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ يېڭى شەكلى » دەپ قارالدى ھەمدە ئاساسىي قانۇندا « خەلق ئاممىسىنىڭ بۇ خىلدىكى ئىنقىلاب قىلىش شەكلىگە دۆلەت كاپالەتلىك قىلىدۇ » دەپ بەلگىلەندى . بۇ خىل خاتا ماددا ۋە بەلگىلىمىلەر سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق ئىشلىرىغا ئېغىر زىيان ئېلىپ كەلدى .

4 ــ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا كەمچىلىك ۋە خاتالىقلار بولسىمۇ ، ئەمما خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ چاقىرىلىشى ھەمدە ئاساسىي قانۇننىڭ ماقۇللىنىشى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئېلىپ بېرىلغان چوڭ قالايمىقان يىللىرىغا سېلىشتۇرغاندا بىر خىل ئىلگىرىلەش ، شۇنداقلا نورمال سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىمۇ بىر خىل ئىلگىرىلەش ئىدى ، بولۇپمۇ قۇرۇلتايدا جۇ ئېنلەي ، دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى گوۋۇيۈەن رەھبەرلىك ئورگىنىنىڭ بېكىتىلىشى ، بىر قاتار توغرا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش فاكچېنلىرىنىڭ قايتا تەكىتلىنىشى ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ بېكىتىلىشى خەلق ئاممىسىغا ناھايىتى زور ئىلھام ــ مەدەت بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ جياڭ چىڭ گۇرۇھىغا قاتتىق زەربە بولۇپ ، ئۇلارنىڭ ھوقۇق تارتىۋېلىش سۇيىقەستىنى بىتچىت قىلدى .

**خەتەرلىك ۋەزىيەتتىن ساقلىنىپ ، ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش**

4 ــ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 1 ــ قېتىملىق يىغىنى يېپىلغاندىن كېيىن ، جۇ ئېنلەينىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتتى . ئۇ ئاغرىققا چىداپ 1 ــ فېۋرالدا گوۋۇيۈەننىڭ دائىمىي ئىشلار يىغىنىنى چاقىرىپ ، ھەرقايسى مۇئاۋىن زۇڭلىلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتىنى تەكشۈرۈپ بېكىتتى ھەمدە 2 ــ فېۋرالدا مۇئاۋىن زۇڭلىلارنىڭ خىزمەت تەقسىماتى

مەسىلىسىنى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىغا ۋە ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلىپ يوللىۋرۇق سورىدى . بۇ دوكلاتتا دېڭ شياۋپىڭنىڭ تاشقى ئىشلارغا مەسئۇل بولۇشى ھەمدە ئۆزى داۋالىنىۋاتقاندا گوۋۇيۇەندە چاقىرىلغان يىغىنلارغا رىياسەتچىلىك قىلىشى ۋە مۇھىم ھۆججەتلەرنى ۋاكالىتەن تەستىقلىشى بېكىتىلگەن . ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلاتنى تەستىقلىدى . بۇنىڭ بىلەن ماۋ زېدۇڭنىڭ قوللىشى ئاستىدا ، دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەتتە مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلدى .

ئەينى چاغدا « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىش »نىڭ تەسىرىدىن « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرى ھەممىلا يەردە بۇزغۇنچىلىق قىلغاچقا ، دۆلەتنىڭ سانائىتى ، يېزا ئىگىلىكى ، قاتناش ـ ترانسپورتى ، پەن ـ تېخنىكىسى قاتارلىق ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتتى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى . دېڭ شياۋپىڭ خىزمەتنى ئەمدىلا باشلىغىنىغا ، شۇنداقلا جياڭ چىڭ گۇرۇھى كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىن شارائىتتا قارىماستىن 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا بەلگىلەنگەن مەملىكىتىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان ، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش نىشانى بويىچە ، ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان نەزەرىيە ئۆگىنىش ، تىنچ ـ ئىتتىپاق بولۇش ، مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش توغرىسىدىكى يوليورۇقنى ئاساسەن تۇرلۇك كاشىلا ـ توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلىدى ، ئىشنى رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىش ، تەرەپبازلىقنى پىپەن قىلىش ۋە يوقىتىشتىن باشلاپ ، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرنى كەڭ ـ كۆلەمدە تەرتىپكە سالدى .

**تۆمۈر يولنى تەرتىپكە سېلىشتىن ئىش باشلاپ ، قاتناش ـ ترانسپورتنى راۋانلاشتۇرۇش**

1975 ـ يىلى 10 ـ فېۋرال ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « 1975 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى پىلانىنى تەستىقلاش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش » نى تارقىتىپ ، پۈتۈن پارتىيىدىكى

www.uyghurkitap.com

لەردىن « ئىتتىپاقلىششقا بولىدىغان بارلىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاقلى-
شىش ، بارلىق ئاكتىپ كۈچلەرنى ئىشقا سېلىش ، ئىنقىلابنى تۇتۇپ ،
ئىشلەپچىقىرىشنى ، خىزمەتنى ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش
فاكجېنىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش ، خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش ،
نۆۋەتتە ، بولۇپمۇ قاتناش ـ ترانسپورت ۋە كۆمۈر ، پولات ـ تۆمۈر
ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرۈش » تەلەپ قىلىندى .

« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ۋە ئۇنىڭ گۇرۇھىدىكى كۈچلەرنىڭ
بۇزغۇنچىلىقى تۈپەيلىدىن شۈيجۇ ، نەنجىڭ ، نەنچاڭ قاتارلىق تۆمۈريول
تۈگۈنلىرىنىڭ قاتنىشى ئۇزاق ۋاقىت توسۇلۇپ قېلىپ ، تيەنجىن ـ
پۇكۇ ، بېيجىڭ ـ گۇاڭجۇ ، لەنجۇ ـ ليەنيۈنگاڭ . جېجياڭ ـ جياڭشىدىن
ئىبارەت تۆت چوڭ غول لىنىيىنىڭ راۋانلىقىغا توسقۇنلۇق قىلدى ھەمدە
باشقا تۆمۈريول غول لىنىيىلەرنىڭ قاتنىشىغا تەسىر كۆرسىتىپ ، سانائەت
ئىشلەپچىقىرىشى ۋە بەزى شەھەرلەردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئېغىر زى-
يان سالدى . بۇ خىل جىددىي ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 25 ـ فېۋرالدىن 8 ـ مارت-
قىچە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلار-
نىڭ سانائەتكە مەسئۇل شۇجىلىرىنىڭ يىغىنىنى چاقىردى ، يىغىندا تۆ-
مۈريول قاتنىشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش تەكىتلەندى . دېڭ شياۋپىڭ
يىغىندا قىلغان سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى : ھازىرقى چوڭ ۋەزىيەت
مەملىكىتىمىز خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئىككى قەدەملىك
تەسەۋۋۇرىدىن ئىبارەت . يالغۇز ئىنقىلابنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلىپ ،
ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ئىنتايىن خاتا . نۆۋەت-
تىكى ئاجىز ھالقا تۆمۈريول ، تۆمۈريول قاتنىشى ھەل بولمىسا ، ئىشلەپ-
چىقىرىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش پۈتۈنلەي قالايمىقانلىشىپ كېتىپ ، پۈتكۈل
پىلان سۇغا چىلىشىدۇ . تۆمۈريول مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاماللى
بىرلىككە كېلىش ، زۆرۈر قائىدە ـ تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ، تەشكىلىي
ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىشتىن ئىبارەت . دېڭ شياۋپىڭ يەنە تەكىتلەپ
مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « ھازىر مەزھەپچىلىك قىلىش چوڭ ۋەزىيەت-

مىزگە ئېغىر زىيانلارنى ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ مەسىلىنى پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ سەمىگە سېلىشىمىز، بۇ چوڭ ھەق - ناھەق مەسىلىسىنى ئايرىۋېلىشىمىز كېرەك» . دېڭ شياۋپىڭنىڭ خاتالىقىنى ۋاقتىدا تونۇش ۋە ئۆزگەرتىش مەزمۇنىدىكى بۇ كۈچلۈك سۆزلىرى ھەرقايسى يەرلىك رەھبەرلەرگە نىسبەتەن يار - يۆلەك بولدى ھەم خىزمەتلىرىگە ھەيدەكچىلىك بولدى.

5 - مارت، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى «تۆمۈريول خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدا قارار» نى تارقاتتى. «قارار» دا مۇنداق كۆرسىتىلدى: تۆمۈريول قاتنىشى نۆۋەتتە يەنىلا خەلق ئىگىلىكىدىكى گەۋدىلىك ئاجىز ھالقا بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ، ئۇرۇش تەييارلىقىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشالمايۋاتىدۇ. شۇڭا، تۆمۈريول سىستېمىسىدا تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلغان باشقۇرۇش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش، بىرلىككە كېلىشىنى كۈچەيتىش قارار قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ساغلام، زۆرۈر قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتىشىمىز، تەشكىلچانلىقنى، ئىنتىزامچانلىقنى كۈچەيتىشىمىز، تۆمۈريول تەرتىپىنى رەتكە سېلىشىمىز، تۈرلۈك بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلەر بىلەن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. ئاز ساندىكى بۇرژۇئا تەرەپبازلىقى ئېغىرلارنى، تەنقىد ۋە تەربىيە بەرسىمۇ يەنىلا تۈزەلمىگەن رەھبىرىي كادىر ۋە مەزھەپچىلىك كاتتىۋاشلىرىنى ۋاقتىدا بىر تەرەپ قىلىشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىز تۆمۈريول سىستېمىسىدا بۇ قارار كەڭ - كۆلەمدە تەشۋىق قىلىندى. تۆمۈريول مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋەن لى خىزمەت گۇرۇپپىسىنى باشلاپ بېرىپ، مۇناسىۋەتلىك ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ پارتكوملىرىنى، مەسىلىسى ئېغىر بولغان تۆمۈريول ئىدارىلىرىنى نۇقتىلىق تەرتىپكە سېلىپ، تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ ئەھۋالىنى تېزدىن ياخشىلىدى. ئاپرېلغا كەلگەندە، توسۇلۇپ قېلىش ئېغىر بولغان بىرنەچچە تۆمۈريول ئىدارىلىرىنىڭ ئىشلىرى راۋانلىشىپ كەتتى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 20 تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ ( نەنچاڭ تۆمۈريول

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىدارىسىدىن باشقىلىرى ) ھەممىسى پىلاننى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى ؛ كۆلـ. دىلىك توشۇلغان كۆمۈر 7800 ۋاگونغا يېتىپ ، بەش يىلدىن بۇيان پىلاندىكى توشۇش كۆرسەتكۈچىنى بىرىنچى قېتىم ئورۇنلىدى .

**پولات ـ تۆمۈر ۋە باشقا سانائەتنى تەرتىپكە سېلىش**

تۆمۈر يولنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى پۈتكۈل سانائەتكە ، ئالدى بىـ. لەن پولات ـ تۆمۈر سانائىتىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشىغا تۈرتكە ۋە ئۆرنەك بولدى . 1975 ـ يىلى ئالدىنقى تۆت ئايدا پولات ـ تۆمۈر مەملىكەت بو. يىچە 1 مىليون 950 مىڭ تونىنا كەم ئىشلەپچىقىرىلدى ، باۋتۇ ، ۋۇخەن ، ئەنشەن ، تەييۈەن قاتارلىق چوڭ پولات زاۋۇتلىرىدا مەھسۇلاتنىڭ كەم ئىشلەپچىقىرىلىشى ئېغىر بولدى . دېڭ شياۋپىڭ 29 ـ مايدىكى پولات ـ تۆمۈر سۆھبەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى : پولات ـ تۆمۈر سانائىتىدە نۇقتىلىق ھالدا مۇنۇ تۆت مەسىلىنى ھەل قىـ. لىشىمىز لازىم . بىرىنچىدىن ، كۈچلۈك رەھبەرلىك بەنزىسىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز زۆرۈر . پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ياخشى بولماسلىـ. قىدىكى ئاچقۇچ رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مەسىلىسى ، رەھبەرلىك بەنزىسى بوشاڭ ، ھۇرۇن ، چېچىلاڭغۇ . ئىككىنچىدىن ، تەرەپبازلىق بىلەن قەتئىي كۈرەش قىلىشىمىز لازىم . بەزىلەر پارتىيە ئىشلىرىنى قاراڭغۇ جاڭگالغا ئايلاندۇرۇپ قويدى ، سىلەر يەنە ئۇلارنىڭ ئۆز ھوشىغا كېلىشىنى كۈ. تەمسىلەر ، كۈتۈپ تۇرىۋېرەمسىلەر ؟ جۇرئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇ. شىمىز لازىم . تەرەپبازلىقتا قەتئىي چىڭ تۇرغانلارنىڭ يۆتكەشكە تېگىش. لىكلىرىنى يۆتكىشىمىز ، تەنقىدلەشكە تېگىشلىكلىرىنى تەنقىدلىشىمىز ، كۈرەش قىلىشقا تېگىشلىكلىرىنى كۈرەش قىلىشىمىز ، مىس ـ مىسلىق قىلماسلىقىمىز ، ساقلاپ تۇرىۋەرمەسلىكىمىز لازىم . ئۈچىنچىدىن ، سىيا. سەتنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز لازىم . ھەرىكەتلەردە ئازار يې. گەن پېشقەدەم ئىشچىلار ، تېخنىك تايانچىلىرى ، پېشقەدەم ئەمگەك نەمۇ. نىچىلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشىمىز لازىم . تۆتىنچىدىن ، زۆرۈر قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۇرغۇزۇشىمىز لازىم ، قائىدە ـ

تۈزۈملەرنى ئىجرا قىلىشتا قاتتىقراق بولۇشىمىز لازىم ، قاتتىق بولمىساق ئۇنى ئورنىتالمايمىز ، ئىلگىرىكى يەزى قائىدە ـ تۈزۈملىرىمىز بىرقەدەر چۇۋالچاق بولۇپ قالغان ، ئۇنى ئىسلاھ قىلىشىمىز لازىم .

4 ـ ئىيۇن ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « بۇ يىلقى پولات ـ تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى تىرىشىپ ئورۇنلاش توغرىسىدىكى تەستىق » نى تارقاتتى . « تەستىق » تا مۇنداق كۆرسىتىلدى ، مەركەزنىڭ تۆمۈريول خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى قارارى ، يەنى 9 ـ نومۇرلۇق ھۆججەت تارقىتىلغاندىن كېيىن پۈتكۈل سانائەت سېپىدە كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولدى . ئالدى بىلەن نېفىت سانائىتى ئىزچىل ھالدا يۇقىرى سۈرئەت بىلەن تەرەققىي قىلدى . يېقىنقى ئىككى يىلدا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى ، تۆمۈريول قاتنىشىمۇ ئىلگىرىلىدى ، بۇلار دۆلەت پىلانىدىكى كۆرسەتكۈچكە يەتتى ياكى ئېشىپ كەتتى . پولات ـ تۆمۈر سانائىتىدە ئىلگىرىلەش بولسىمۇ ، ئەمما ناھايىتى ئاستا بولدى ، تا ھازىرغىچە ئايمۇ ئاي پىلاندىن كەم ئىشلەپچىقىرىش ھالىتىدە تۇرماقتا . شۇڭا ، ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملاردىن پولات ـ تۆمۈر سانائىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى تەلەپ قىلىشىمىز . رەھبەرلىك ئەھۋالىدا ئۆزگىرىش بولسا شۇ ھامان ئۈنۈمى كۆرۈلىدۇ . ئىيۇندا پولاتنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 72 مىڭ 4 يۈز تونىنغا يېتىپ ، يىللىق پىلاندىكى ئوتتۇرا ھېسابدىكى كۈندىلىك ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كېتىپ ، ئىلگىرىكى كەم نورمىسىنى تولۇقلاشقا باشلىدى .

بىرنەچچە ئايلىق تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ۋەزىيەتتە كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش بولدى . 17 ـ ئىيۇلدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تارقاتقان گوۋۇيۈەننىڭ « بۇ يىل ئالدىنقى يېرىم يىللىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالى توغرىسىدا دوكلات » ىدا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : « ئۈچ ئايدىن بۇيان سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى ۋە قاتناش ـ ترانسپورت ئايدىن ـ ئايغا ياخشىلاندى . خام نېفىت ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

كۆمۈر ، توك تارقىتىش مىقدارى ، خىمىيىۋى ئوغۇت ، سېمونت ، ئېچە-دىن ياندىغان دىۋىگاتېل ، قەغەز ۋە قەغەز تاختاي ، تۆمۈريولدا توشۇلغان يۈك مىقدارى قاتارلىقلاردا ماي ، ئىيۇن ئايلىرىدا تارىختىكى ئايلىق ئىشلەپچىقىرىشتا ئەڭ يۇقىرى سەۋىيە يارىتىلدى . ھەربىي سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىمۇ نىسبەتەن ياخشى بولدى . 1975 - يىل پۈتۈن مەملىكەتنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئالدىنقى يىلدىكىدىن 11.9% ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە سانائەتنىڭ 15.1% ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ 4.6% ئاشتى . ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدا تېز ياخشىلىنىش بولۇپ ، تەرتىپكە سېلىشنىڭ زور ئۈنۈمى كۆرۈلگەنلىكى ئىپادىلەندى . ئەلۋەتتە ساقلانغان مەسىلىلەر يەنىلا ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، يۇقىرىقىلار دەسلەپكى ئۈنۈمنى كۆرۈۋېلىشتىنلا ئىبارەت ئىدى .

### ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشنىڭ نۇقتىسى « كېلەڭسىزلىك ، چېچىلاڭغۇلۇق ، مەغرۇرلۇق ، ھەشەمەتۋازلىق ، ھورۇنلۇق » تىن ئىبارەت

ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىشنىڭ بىر مۇھىم تەرىپى . دېڭ شياۋپىڭ ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىنى بالدۇرلا ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇ 25 - يانۋاردا باش شتاب باشلىقلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن ، تۇنجى قېتىم ئاچقان باش شتاب ئورگىنىدىكى پولكتىن يۇقىرى كادىرلار يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « بىزنىڭ ئارمىيىمىز ياخشى ئەنئەنىگە ئىگە . ئەمما ، 1959 - يىلى لىن بياۋ ئارمىيە خىزمىتىگە مەسئۇل بولغاندىن باشلاپ ، بولۇپمۇ ئۇ مەسئۇل بولۇپ تۇرغان مەزگىلنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدا ، ئارمىيە تولىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى » ، « شۇڭا ، يولداش ماۋ زېدۇڭ ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى » . بۇ ئىشتا « باش شتاب ، باش سىياسىي بۆلۈم ۋە باش ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ چوڭ ، بۇ ئۈچ باش بۆلۈم ئالدى بىلەن ئۆزىنى تەرتىپكە سېلىشى كېرەك » . 5 - فېۋرال جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇقتۇرۇش چىقىرىپ ، ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ ئىش بېجىرىش يىغىنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ ، جۇڭگو

كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى دائىمىي كومىتېتى قۇرۇپ، ئۇنى ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان ئورگىنى دەپ ئۇقتۇردى. ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ دائىمىي كومىتېتىغا يې جيەنيىڭ رىياسەتچىلىك قىلىدىغان بولدى. ئەزالىرى ۋاڭ خۇڭۋېن، دېڭ شياۋپىڭ، جاڭ چۈنچياۋ، ليۇ بوچېڭ، چېن شىلىيەن، ۋاڭ دۇڭشىڭ، سۇ جېنخۇا، شۈي شياڭچيەن، نې رۇڭجېن، سۇيۈي قاتارلىق 11 كىشىدىن تەركىب تاپتى. بۇلار ماۋ زېدۇڭ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىر تەرەپ قىلاتتى.

24 ـ ئىيۇندىن 15 ـ ئىيۇلغىچە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىردى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان «ئارمىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك» «ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش كېرەك» دېگەن يوليورۇقنى مەركەز قىلغان ھالدا ئارمىيىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسى، يەنى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش ۋە ھەربىيلەرنىڭ سانىنى قىسقارتىش، شتات تۈزۈلمىسىنى تەڭشەش، شتاتتىن ئارتۇق كادىرلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىندى.

دېڭ شياۋپىڭ 14 ـ ئىيۇلدا ئېچىلغان يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ ئارمىيىنىڭ ئەھۋالىنى تەھلىل قىلىپ، ئارمىيىدىكى «كېلەڭسىزلىك، چېچىلاڭغۇلۇق، مەغرۇرلۇق، ھەشەمەتۋازلىق، ھورۇنلۇق» مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك، شتاتنى، قورال ـ جابدۇقنى تۇتۇش يەنە ئىستراتېگىيىنىمۇ تۇتۇش لازىم، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ئىستراتېگىيە مەسىلىسىدە ئۇرۇش قىلىش مەسىلىسىنىلا ئەمەس، تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىسىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىستراتېگىيە مەسىلىسىدە تەلىم ـ تەربىيىسىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇش لازىم»، «قەدەم باسقۇچ جەھەتتە، مەن ئالدى بىلەن ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى يۇقىرىدىن باشلاپ تۆۋەنگىچە تەرتىپكە سېلىشنى تەشەببۇس قىلىمەن»، «ئادەمنى توغرا تاللاش، ياخشى چۈشە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

نىش كېرەك » ، « بىز يەرلىك ئورۇنلارنىڭ ، جۇملىدىن كارخانا ئورۇنـلىرىنىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ، ئاۋۋال رەھبەرلىك بەنزىسى مەسىـلىسىنى ھەل قىلىشىمىز لازىم . » تەرتىپكە سېلىش ئەلۋەتتە يالغۇز مۇشۇ بىر مەسىلىنىلا ھەل قىلىش بىلەن توختاپ قالمايدۇ . « ئارمىيىنى تەر-تىپكە سېلىش داۋامىدا ، يەنە كادىرلارنىڭ ئۆگىنىشىنى كۈچەيتىش ، پـارتىيىۋىلىكنى كۈچەيتىش ، تەرەپبازلىققا قارشى تۇرۇش ، ئىنتىزامچانـلىقنى كۈچەيتىش ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئىستىلنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك » ① .

يې جيەنيىڭ خۇلاسە سۆزىدە مۇنداق كۆرسەتتى : « شتاتلارنى قىسقارتىش ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئاچقۇچ — ھەر دەرىجىلىك رەھـبەرلىك بـەنـزىـلـىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋە سەپلەشتىن ئىبارەت » ، « قورقۇپلا يۈرىدىغان بوشاڭ بەنزىلەرنى ، غەيرەتسىز ھۇرۇن بەنزىلەر-نـى ، ئىتتىپاقسىز ، چېچىلاڭغۇ بەنزىلەرنى تەڭشىشىمىز ۋە ئۆزگەرتىپ تەشكىللىشىمىز لازىم . بۇرژۇئا تەرەپبازلىقى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارغا خاتالىقنى ئۆزگەرتىشكە ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىشىمىز لازىم . تۈزەلمىگەنـلەرنى قەتئىي يۆتكىۋېتىشىمىز كېرەك » . يىغىندا شۇي شياڭچيەن ، نى روڭجېنلارمۇ سۆز قىلىپ ، دېڭ شياۋپىڭ ، يې جيەنيىڭلارنىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى .

بـۇ قېـتىمقى يىغىن ۋە ئۇنىڭ روھىنى قىسىملاردا ئىزچىللاشتۇ-رۇش ۋە ئىجرا قىلىش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قىسىملارنىڭ قـۇرۇلـۇشـىـغا ئېلىپ كەلگەن تۈرلۈك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا ، لىن بياۋنىڭ يامان تەسىرىنى تازىلاشتا ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ قىسمىغا قول تىقىشىنى توسۇشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئويىنىدى .

**« ئىگىلىك تىكلەش » فىلىمىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى تەڭشەشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى**

تەرتىپكە سېلىش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە تەڭشەش دەپ ئاتـالـدى . بۇ قېتىمقى تەڭشەشنى « ئىگىلىك تىكلەش » فىلمى كەلتۈ-رۈپ چىقاردى . « ئىگىلىك تىكلەش » فىلىمدە داچىڭ نېفىتلىكىنى ئې-

چىش ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنغان بولۇپ ، نېفت ئىشچىلىرىنىڭ « ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ مەزمۇت تۇرۇپ » ۋەتەنگە نېفت ئىشلەش ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلىش روھى ۋە پارلاق نەتىجىلىرىگە مەدھىيە ئوقۇل‑غان . بۇ فىلىم 1975 ـ يىــلــى بــاھاردا ئوچۇق ـ ئاشكارا قويۇلماقچى بولغاندا ، جــيــاڭ چــىڭ گۇرۇھىدىكىلەرنىڭ غالجىرانە قارشىلىقىغا ئۇچرىغان . جياڭ چىڭ مۇنداق دېگەن : « بۇ فىلىمدە ئېغىر مەسىلە بار » ، « لــيــۇ شــاۋچــى ، بو يىبو ئېقىمدىكىلەرنى پەردازلاپ كۆر‑سەتكەن » . ئــۇ ئــىــجادىيەتچى خادىملارنى ئەيىبلەپ مۇنداق دېگەن : « سىلەر كىمگە ئابىدە تىكلىمەكچى ؟ » ئۇ « فىلىمنى كۆپەيتىشنى توخ‑تىتىڭلار ، تەشۋىق قىلىشنى توختىتىڭلار ، دۆلەت سىرتىغا تارقىتىشنى توختىتىڭلار » دەپ بۇيرۇق چۈشۈرگەن ، ھەتتا فىلىمنىڭ « قارا ئارقا تــېرىكى » نى تۇتماقچى بولغان . ئۇ يەنە ئىشەنچلىك ئادەملىرىنى قۇتر‑تىپ « ئىگىلىك تىكلەش » فىلىمگە ئاتالمىش « ئون چوڭ جىنايەت » ئارتتى .

ســىــنارىيە ئاپتورى بۇنىڭغا قايىل بولماي ، ماۋ زېدۇڭغا خەت يازدى . ماۋ زېدۇڭ 25 ـ ئىيۇل كۈنى تەستىق سېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « بۇ فىلىمدە چوڭ خاتالىق يوق ، تەستىقلاپ تارقىتىشنى تــەكلىپ قىلىمەن . پۈتۈنلەي مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق كې‑رەك ، ئون تۈرلۈك جىنايەت بەك كۆپ ، بۇ بەك ئېشىپ كېتىپتۇ ، پارتى‑يىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەتنى رەتكە سېلىش سىياسىتىگە پايدىسىز » . ماۋ زېدۇڭ كېيىن ئەينى چاغدىكى « شېئىر كەم بولۇش ، ھېكايە كەم بولۇش ، نەسىر كەم بولۇش ، ئەدەبىيات ـ سەنئەتتە تەنقىد كەم بو‑لۇش » ئەھۋالىنى تەنقىد قىلدى . « 8 يۈز مىليون خەلقتە 8 ئۈلگىلىك تىياتىر » لا بولۇش ئەھۋالىغا ماۋ زېدۇڭمۇ چىداپ تۇرالمىدى . ماۋ زې‑دۇڭــنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومى‑تېتى « خەلق ئەدەبىياتى » ، « شېئىرىيەت » قاتارلىق ژۇرناللارنى نەشىر قىلىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ، خەلق مۇزىكانتى نى ئېر ، شيەنشىڭ‑خەينى خاتىرلەپ ئويۇن قويۇشنى ، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار « زەھەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

چۆپ» دەپ قويۇشنى چەكلىگەن بىر قىسىم فىلىملارنى قايتا قويۇشنى، يەنە لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرى ۋە باشقا بىر قىسىم ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشنى تەستىقلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئەمما، ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتا قوزغالغان «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى تېخىمۇ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

### سانائەتكە دائىر 20 ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى

سانائەتنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىنى سىستېمىلىق ھەل قىلىش ئۈچۈن، گوۋۇيۈەن دۆلەت پىلان كومىتېتىغا بىر ھۆججەت تۈزۈپ چىقىش توغرىسىدا يوليورۇق بەردى. 18 - ئاۋغۇستتا گوۋۇيۈەن بۇ ھۆججەتنى مۇزاكىرە قىلدى. مۇزاكىرىدە دېڭ شياۋپىڭ سانائەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەسىلىسىدە بىر قاتار مۇھىم پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «يېزا ئىگىلىكىنى ئاساس قىلىش، يېزا ئىگىلىكى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەش، يېزا ئىگىلىكىگە ياردەم بېرىپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش — سانائەتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى». ئۇ ئېنىق قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى: «يېڭى تېخنىكا، يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى قوبۇل قىلىش، ئىمپورت - ئېكسپورتنى كېڭەيتىش» نىڭ ۋەزىپىسى، «يۇقىرى، نازۇك، سەرخىل تېخنىكا ئۈسكۈنە تېگىشىپ، سانائەتتە تېخنىكا ئۆزگەرتىش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈش لازىم». ئۇ «كارخانىلاردا ئىلمىي تەتقىقات خىزمىتىنى كۈچەيتىش، سانائەتنى كۆپ، تېز، ياخشى، تېجەشلىك راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر يولى ②» ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. ئۇ يەنە كارخانىنىڭ باشقۇرۇش تەرتىپىنى رەتكە سېلىش، مەھسۇلاتلارنىڭ سۈپىتىنى ئوبدان تۇتۇش، قائىدە - تۈزۈملەرنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قاتار-

لىق جەھەتلەردە يولىيورۇق خاراكتېردىكى قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا
قويۇپ ئۆتتى . 2 ـ سېنتەبىردە « سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە دائىر
بىرقانچە مەسىلە » نىڭ كوپىيىسى يېزىپ چىقىلدى ( قىسقارتىپ « سا-
نائەت توغرىسىدىكى 20 ماددا » دېيىلىدۇ ) .
« سانائەتكە دائىر 20 ماددا » دا كارخانا رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى
قەتئىي تەرتىپكە سېلىش بەلگىلەندى ، « ئاشۇ ئۆزگەرمىگەن مىشچان
زىيالىيلار ۋە 〈 باتۇرلار 〉 ھوقۇق تۇتقان رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەڭشەش
كېرەك » . چۈنكى ، بۇنداق رەھبەرلەر سىياسىي جەھەتتە ساۋاتسىز ،
ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە تەجرىبىسىز ، ئەمما ھەممىگە چات كېرىۋالىدۇ ،
ھەدەپ كىشىلەرنى ئەدەبلەيدۇ ، قۇرۇق گەپ سېتىپ ، ئەمەلىي ئىش قىل-
مايدۇ ، ھېچ نېمىدىن ھېچ نېمە يوقلا كىشىلەرگە كونىنى تىرىلدۈرۈش ،
〈 چېكىنىش 〉 ، 〈 مۇتەئەسسىپ كۈچلەر 〉 ، 〈 ھارۋا سۆرەشنىلا بىلىپ يولغا
قارىمىغانلىق ، دېگەندەك قالپاقلارنى كىيگۈزۈپ ، كەڭ كادىرلارنىڭ ۋە
ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى باسىدۇ » . « يامان كىشىلەر چاڭگىلىغا كىرگۈ-
زۈۋالغان ھوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش لازىم ، بەزى كارخانىلاردا « يامان ئا-
دەملەر ھوقۇق تۇتتى » ، « ئۇلار خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ خالى-
غانچە ئەسكىلىك قىلدى ، بىر تەرەپتىن بىر ، قىسىم ئادەملەرنى ئۆزىگە
تارتىپ چىرىتىپ ، ھوقۇق دائىرىسىنى كېڭەيتسە ، يەنە بىر تەرەپتىن ،
ياخشى ئىنقىلابىي كادىر ۋە ئىشچىلارغا زەربە بېرىپ زىيانكەشلىك قىل-
دى » ، « ئاز ساندىكى بۇزۇقلارنىڭ 〈 ئىسيان كۆتۈرۈش 〉 ۋە 〈 ئېقىمغا
قارشى تۇرۇش 〉 نامى بىلەن قىلغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ئالا-
ھىدە ھوشيار بولۇشىمىز لازىم . » « سانائەتكە دائىر 20 ماددا » دا تە-
كىتلەپ مۇنداق كۆرسەتتى : « ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
زور تەرەققىي قىلمىسا ، سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى تولۇق مۇستەھكەملىگىلى
بولمايدۇ ، ئىنقىلابنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇ-
غۇللىنىشنى ھەرگىز 〈 ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ
نەزەرىيىسى 〉 ، ۋە 〈 كەسىپنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش 〉 دەپ قاراپ
تەنقىد قىلىشقا بولمايدۇ ، « ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش ۋە قائىدە ـ

www.uyghurkitap.com

تۈزۈم ھەرقانداق چاغدا لازىم، مەڭگۈ لازىم بولىدۇ»، «ئومۇمەن كارخانا باشقۇرۇشقا قارشى تۇرۇش، قائىدە ــ تۈزۈمگە قارشى تۇرۇش مۇقەررەركى، ھۆكۈمەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.» «سانائەتكە دائىر 20 ماددا» دا يەنە مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇشتا، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇشىمىز، ئەجنەبىيلەرگە قۇل بولۇش پەلسەپىسىگە، ئۆمۈلەپ مېڭىشقا قارشى تۇرۇشىمىز لازىم. ئەمما، ھەرگىز ئۆزىمىزنى چوڭ تۇتماسلىقىمىز، بىكىنمىچىلىك قىلماسلىقىمىز، چەت ئەلنىڭ ياخشى نەرسىلىرىنى ئۆگىنىشنى رەت قىلماسلىقىمىز لازىم». «سانائەتكە دائىر 20 ماددا» دا ئەينى چاغدىكى پرولېتارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش جەريانىدىكى بەزى خاتا چۈشەنچىلەرگە قارىتا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى: «بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقىنى چەكلەشتە ھازىرقى باسقۇچتىكى ماددىي شارائىت ۋە مەنىۋى شارائىتتىن قەتئىي ئايرىلىشقا، ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى ئىنكار قىلىشقا، زۆرۈر پەرقلەرنى ئېتىراپ قىلماي، تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىشقا بولمايدۇ. تەڭ تەقسىماتچىلىق ھازىرمۇ، كەلگۈسىدىمۇ ئاقمايدۇ»، «ئاممىنىڭ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان پوزىتسىيە قەتئىي يارىمايدۇ».

«سانائەتكە دائىر 20 ماددا»«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» شارائىتىدا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدىكى «سول» چىل خاتالىقنى تۈزىتىش، سانائەت كارخانىلىرىنى سىستېمىلىق تەرتىپكە سېلىشتىكى مۇھىم ھۆججەت. بۇ ھۆججەتنىڭ بايرىقى روشەن بولۇپ، توغرا ــ خاتانى دەل جايىدا كۆرسىتىپ بەرگەن. گەرچە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى سەۋەبىدىن بۇ ھۆججەت رەسمىي تارقىتىلمىغان بولسىمۇ، ئەمما ھەرخىل دائىرىدە مۇزاكىرە قىلىنغاچقا چوڭ تەسىر پەيدا قىلغان، سانائەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، گوۋۇيۈەننىڭ ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلىرى ئىلگىرى ــ كېيىن بولۇپ، سانائەتنى باشقۇرۇش، ئاساسىي قۇرۇلۇشنى باشقۇرۇش، ماددىي ئەشيالارنى باشقۇرۇش، مالىـ

يىنى باشقۇرۇش ، مال باھاسىنى باشقۇرۇش ، ئەمگەكنى باشقۇرۇش قا-
تارلىقلارغا ئائىت قائىدە - نىزاملارنى تۈزۈپ چىقتى . بۇ قائىدە -
نىزاملارمۇ يۇقىرىقىدەك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەركەزنىڭ رەسمىي
ھۆججىتى بولۇپ تارقىتىلمىدى .

### پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنىڭ تەرتىپكە سېلىنىشى

سانائەت سېپىدىكى تەرتىپكە سېلىش ، پەن - تېخنىكا خىزمىتىگە
يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى . پەن - تېخنىكا تارماقلىرىنى تەر-
تىپكە سالمىساق ئېھتىياجغا ماسلىشالمايدۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
دىن بۇيان ، جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق ھەرقايسى
تەتقىقات ئورۇنلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئۇزۇن مۇددەت پالەچ ھا-
لەتتە تۇردى . 1975 - يىلى ئىيۇلدا مەركەز خۇ ياۋباڭ قاتارلىقلارنى پەن-
لەر ئاكادېمىيىسىگە خىزمەتكە ئەۋەتتى ھەمدە ئۇلاردىن پەنلەر ئاكادېمى-
يىسىنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىنى مەركەزگە تېز دوكلات قىلىشنى
تەلەپ قىلدى . خۇ ياۋباڭ قاتارلىقلار دېڭ شياۋپىڭنىڭ پىكرىگە ئاسا-
سەن ، تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىش ئاساسىدا « پەن - تېخنىكا خىزمى-
تىگە دائىر بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا » ( قىسقارتىپ « دوكلات تېزى-
سى » دېيىلىدۇ ) نىڭ دەسلەپكى نۇسخىسىنى يېزىپ چىقتى . 26 -
سېنتەبىردە خۇ ياۋباڭ قاتارلىقلار گوۋۇيۈەنگە دوكلات قىلدى .
« دوكلات تېزىسى » دا ئەينى چاغدىكى چېكىدىن ئاشقان سول ئىدى-
يىۋى ئېقىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا زىيالىيلارنى دىكتاتورا ئوبيېكتى
قىلىپ قويۇش ، نۇرغۇن پەن - تېخنىكا خادىملىرى پەن - تېخنىكىنى
تەتقىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق ، كەسپىي پەن - تېخنىكا قوشۇن-
لىرىنىڭ رولىنى ئىنكار قىلىشدەك نورمالسىز ئەھۋاللارغا قارىتا پارتىيىنىڭ
پەن - تېخنىكا سىياسىتىنى ، تەبىئىي پەن تەتقىقاتىنى كۈچەيتىش ،
تەتقىقات كافېدرالىرى ، ئورۇنلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە
سېلىشقا دائىر پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى .
« دوكلات تېزىسى » ( بىرىنچى كوپىيىسى مۇزاكىرە قىلىنغان )

www.uyghurkitap.com

دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلگەن : « پەن ـ تېخنىكىمۇ ئىشلەپچىقىرىش
كۈچى . پەن ـ تەتقىقات ئالدىدا مېڭىشى ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەرەققىي
قىلدۇرۇشى كېرەك » . بۇنىڭ ئۈچۈن چوقۇم « كەسپىي قوشۇننى تو-
لۇقلاش ۋە كۈچەيتىش كېرەك . يەنە دەسلەپكى قەدەمدە بىر تۈركۈم
يېڭى كەسپىي پەن ـ تەتقىقات ئورگانلىرىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز
لازىم » ، « دوكلات تېزىسى » دا يەنە بەزى مۇھىم مۇناسىۋەت مەسىلە-
لىرى چۈشەندۈرۈلگەن ۋە بىر تەرەپ قىلىنغان ، ئالايلۇق ، « ئۆز كۆ-
چىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرىمىز دەپ ، ئىشىكنى تاقاپ بېكىنىۋېلىپ ،
سىرتنىڭكىنى قوبۇل قىلماسلىق بولمايدۇ . »« نەزەرىيە تەتقىقات خىزمە-
تىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز ۋە ئۇنى كەچەيتىشىمىز لازىم . نەزەرىيە تەتقى-
قاتى بىلەن ‹ ئۈچتىن ئايرىلىش › نى تەڭلەشتۈرۈشكە بولمايدۇ ».« ئى-
لىم ـ پەن ساھەسىدىكى ئوخشىمىغان پىكىردىكى بەس ـ مۇنازىرە ۋە
مۇھاكىمىلەرگە ئىلھام بېرىشىمىز ، ئىلىم ساھەسىدىكى كەيپىياتنىڭ قو-
يۇق بولماسلىقىنى ، ئىلمىي مەسىلەرنى ئاددىي ھالدا مەمۇرىي ئۇسۇل
بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشىمىز كېرەك » .

دېڭ شياۋپىڭ بۇ ھۆججەتنى ماختىدى ھەمدە پارتىيىۋىلىكى
ياخشى ، تەشكىللەش ئىقتىدارى كۈچلۈك كىشىلەرنىڭ ئارقا سەپ تەمى-
نات خىزمىتىنى ئىشلىشىنى ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ تۇرمۇشتىكى
قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىپ بېرىشنى ، ئۇلارنىڭ پەن ـ تەتقىقات خىزمىتى
بىلەن شۇغۇللىنىشقا ئوبدان شارائىت يارىتىپ بېرىشنى ، بىرىنچىدىن ،
كەسپىنى بىلمەيدىغان ؛ ئىككىنچىدىن ، بىجانىدىل ئىشلىمەيدىغان ؛ ئۈ-
چىنچىدىن ، تەرەپبازلىق قىلىدىغان كىشىلەرنى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ
رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈشكە بولمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى . ئۇ
يەنە پەن ـ تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ ۋارىسلىرىنى يېتىشتۈرۈش كېرەكلىكى-
نى ، بۇنىڭ مەركىزىي مائارىپنى ياخشى باشقۇرۇش ئىكەنلىكىنى تەكىت-
لىدى . ئۇ بۇ توغرۇلۇق ئۆتكۈر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتتى : « بىزدە كې-
رىزىس يۈز بەرسە مائارىپ تارماقلىرىدا يۈز بېرىشى ، بۇ ھال پۈتكۈل زا-
مانىۋىلاشتۇرۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە كاشىلا قىلىشى مۇمكىن » .

دېڭ شـيـاۋپــىڭنىڭ پەن ـ تېخنىكا ، مائارىپ توغرىسىدىكى سۆزى ۋە « دوكلات تېزىسى » ئەينى چاغدا رەسمىي تارقىتىلمىدى ، ئەمما تۈرلۈك يوللار بىلەن تارقالغاندىن كېيىن ، بېسىمغا ئۇچراۋاتقان كەڭ زىيالىيلار رىغبەتلەندى ، ئۈمىد نۇرلىرىنى كۆردى ، ئۇلاردا ئىشەنچ پەيدا بولدى .

**« ئومۇمىي پروگراما توغرىسىدا » نىڭ تۈزۈلۈشى**

تەرتىپكە سېلىشقا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئىدىيە ، نەزەرىيە جەھەتتىكى بــەزى « سـول » چــىــل خــاتا كۆزقاراشلارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ، 1975 ـ يىلى دېڭ شياۋپىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن گوۋۇيۈەنىنىڭ سـىياسىي تەتقىقات ئىشخانىسى دېڭ شياۋپىڭنىڭ كۆپ قېتىم سۆزلىگەن سۆزىنىڭ روھىغا ئاساسەن « پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تۈرلۈك خــىــزمــەتـلىرىنىڭ ئومۇمىي پروگراممىسى توغرىسىدا » ( قىسقارتىپ « ئومۇمىي پروگراما توغرىسىدا » دېيىلىدۇ ) نىڭ دەسلەپكى تېزىسىنى تۈزۈپ چىقتى . ئۆكتەبىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۇنىڭ بىرىنچى نۇسخىسىنى يېزىپ چىقتى .

« ئومۇمىي پروگراما توغرىسىدا » دا مۇنداق دەپ كۆرسىتىلدى : « لىن بياۋ قاتارلىقلار ساختا ماركسىزمچى ، سىياسىي ئالدامچىلار » ، ئۇلار قايتا تىرىلدۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ قايتا تىرىلدۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى ، پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرلىرى ۋە ئىلغار نەمۇنىچىلارنى رەھبەرلىك بەنزىلەردىن سىقىپ چىقىرىپ ، بەزى يەرلىك ۋە ئىدارە ـ ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىك هوقۇقىنى تارتىۋالدى ، ئاشۇ يــەرلىك ۋە ئــىــدارە ـ ئورۇنلاردا فاشىستىك دىكتاتورا يۈرگۈزۈلدى » ، « ئۇلارنىڭ قــولــىــدىن تارتىۋېلىنغان هوقۇقنى قايتۇرۇۋېلىش لازىم . » « ئومۇمىي پروگراما توغرىسىدا » دا سىياسىي بىلەن ئىقتىسادنىڭ مۇنــاســۋىتى شەرھلىنىپ مۇنداق كۆرسىتىلگەن : « ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىدۇ ، ئىنقىلاب ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ . بىز كوممۇنىستلار ئىنقىلابقا مەسئۇل بولۇشىمىز ، ئــىــشــلەپچىقىرىشقىمۇ مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك » . بەزى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

لەر « ئىنقىلابنىلا تەكىتلەپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى تەكىتلىمەيدۇ ، ئىشلەپچى-
قىرىشنى چىڭ تۇتۇش لازىم ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بىلەن شۇغۇللىنىش
لازىم دېگەن گەپنى ئاڭلىسىلا ، كىشىلەر ( ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى ) دېگەن قالپاقنى كىيدۈرىدۇ » ، « بىر
يەر ،بىر ئورۇننىڭ ئىشلەپچىقىرىشى ئوبدان بولمىسا ، ئۇلارنى ئىنقىلابنى
ياخشى قىلدى دېسە بۇ ئادەم ئالدايدىغان بىمەنە گەپ » . « ئومۇمىي پ-
روگراما توغرىسىدا » دا يەنە « ئاممىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغىلا كۆڭۈل
بۆلۈپ قالماي ، ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇشىغىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشىمىز ، ئىش-
لەپچىقىرىشنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى تەد-
رىجىي ياخشىلىشىمىز كېرەك » دەپ تەكىتلەندى .
ئەينى چاغدىكى « سول » چىل قاتماللىققا شىددەتلىك ھۇجۇم
قىلىنغان ، كۆزقارىشى توغرا ، سۆز - جۈملىلىرى ئۆتكۈر بۇ ماقالە تۇ-
يۇقسىز باشلانغان « ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە
بېرىش » يۈزىسىدىن ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويۇلدى . ماقالىنىڭ ئو-
رىگىنالى يوقاپ كەتتى ، ئېلان قىلىنىشتىن تېخىمۇ گەپ ئاچقىلى بول-
مىدى . كېيىن « چوڭ زەھەرلىك چۆپ » دەپ پىپەن قىلىنغاندىلا ،
كىشىلەر ئاندىن بۇ ماقالىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدى ھەمدە ماقالى-
دىكى بەزى بايان - مۇھاكىمىلەرنىڭ بىر ئۇچۇم كىشىلەرنىڭ تىنىڭ تو-
مۇرىغا تېگىپ ، كىشىلەرنى پۇخادىن چىقىرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى .

### مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش چوڭ يىغىنى

1975 - يىل كۈزدە پۈتۈن مەملىكەتكە خېلى زور تەسىرى بولغان
يەنە بىر يىغىن چاقىرىلدى ، بۇ گوۋۇيۈەن چاقىرغان يېزا ئىگىلىكىدە
داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى ئىدى . يىغىن 35 كۈن ئېچىلدى . يىغىنغا
3700 كىشى قاتناشتى . يىغىن 15 - سېنتەبىردە داجەيي دادۈيى تۇرۇشلۇق
جاي سەنشى ئۆلكىسىنىڭ شياڭ ناھىيىسىدە باشلىنىپ ، 19 - ئۆكتەبىردە
بېيجىڭدا يېپىلدى . يىغىننىڭ مۇھىم مۇھاكىمە تېمىسى مەملىكەت بويىچە
داجەيدىن ئۆگىنىش ، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ، يېزا ئىگى-

لىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇش ۋە گۇڭشې - دۆيلەرنى تەرتىپكە سېلىش بولدى.

دېڭ شياۋپىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا سۆز قىلىپ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى. يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرمىغاندا، دۆلەت قۇرۇلۇشىنىڭ چېكىنىپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرسەتتى ھەمدە يېزا كادىرلىرى سىياسەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش قاتارلىق توغرا تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ يەنە ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «ماۋ جۇشى ئارمىيىنى، يەرلىكنى تەرتىپكە سېلىشىمىز، سانائەتنى، يېزا ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىشىمىز، سودا ساھەسىنىمۇ، مەدەنىيەت - مائارىپنىمۇ تەرتىپكە سېلىشىمىز، پەن - تېخنىكا قوشۇنىنىمۇ تەرتىپكە سېلىشىمىز لازىم دېگەنىدى. ماۋ جۇشى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىنى تەڭشەش دەپ ئاتىدى، ئەمەلىيەتتە تەڭشەشمۇ تەرتىپكە سېلىش».

گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، سابىق داجەي دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى چېن يۇڭگۈي ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. ئۇ: داجەينىڭ تۆپ تەجرىبىسى «پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش، شيۇجېڭجۇيىنى قاتتىق پىپەن قىلىش، كاپىتالىزمنى قاتتىق پىپەن قىلىش، سوتسىيالىزم ئۈچۈن قاتتىق ئىشلەشتىن ئىبارەت» دەپ كۆرسەتتى. شۇنداق قىلىپ ئەسلى يېزا ئىگىلىكىدىكى ئىلغار تىپنى «سول» چىل لۇشيەنىنى ئىجرا قىلغان تىپقا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئۇ يەنە «داجەي يولى»نى پۈتۈن مەملىكەتتىكى دېھقانلارنىڭ يولى دېدى. جياڭ چىڭمۇ يىغىنغا قاتناشتى ھەمدە «سۇ بويىدا»غا باھا بېرىشنى سۈيىئىستېمال قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭغا ھۇجۇم قىلدى، مەركەزدىكى رەھبەرلەرنى «ماۋ جۇشىنى قۇرۇق جازا قىلىپ قويغۇچىلار» دېگەندەك ھېچقانداق ئاساسى يوق تاققا - تۇققا گەپلەر بىلەن ئەيىبلىدى. ئۇ دېڭ شياۋپىڭ سۆزلەۋاتقاندا نۇرغۇن قېتىم قوشۇق سېلىپ، ئوخشىمايدىغان پىكىرنى ئىپادىلىدى. يىغىندا ئۇلار ئۆز پىكىر - قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قويۇپ ، سىياسىي جەھەتتىكى ئىختىلاپ ئىپادىلىنىپ قالدى .
خۇا گوفېڭ گوۋۇيۇەننىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل مۇئاۋىن زۇڭلىي بولۇش سالاھىيىتى بىلەن بۇ قېتىمقى يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەمدە « پۈتۈن پارتىيە سەپەرۋەرلىككە كېلىپ ، بەش يىل جاپالىق ئىشلەپ ، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى » دېگەن تېمىدا خۇلاسە دوكلاتى بەردى . ئۇ : « يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ، داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرۇش — پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش ، كۆپ ، تېز ، ياخشى ، تېجەشلىك بىلەن سوتسىيالىستىك يېزا ئىگىلىكى قۇرۇشتەك ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەت . بۇ يەر ئىسلاھاتى ، كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش ، خەلق گۇڭشېسى قۇرۇشقا ئوخشاش يېزىلاردىكى يەنە بىر قېتىملىق ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ھەرىكەت » . دوكلاتتا 1980 ـ يىلغىچە مەملىكەتىمىزدىكى ئۈچتىن بىر ناھىيىنى داجەيچە ناھىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ، پۈتۈن مەملىكەتتە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش ، ئۆلكىلىك ، ۋىلايەتلىك پارتكوملاردىن بىر يىل ئىچىدە ناھىيىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ چىقىش ، ئۆلكە ، ۋىلايەت ، ناھىيىلەر زور بىر تۈركۈم كادىرلارنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈش ، گۇڭشې ـ دادۈيلەرنى تەرتىپكە سېلىشنى قەدەم ـ باسقۇچلارغا بۆلۈپ ئېلىپ بېرىش تەلەپ قىلىندى . دوكلاتتا يەنە « داجەيچە ناھىيە » نىڭ ئالتە ماددىلىق ئۆلچىمى ۋە باشقا جەھەتتىكى كونكرېت تەلەپلەر بېكىتىلدى .

19 ـ ئۆكتەبىردە جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى خۇاگوفېڭنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى تەستىقلاپ تارقاتتى . 21 ـ ئۆكتەبىردە « خەلق گېزىتى » « داجەيچە ناھىيىلەرنى ئومۇملاشتۇرايلى » دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى . باش ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدى : « سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش ياكى كاپىتالىزم يولىدا مېڭىش باشتىن ـ ئاخىر سوتسىيالىزم تارىخىي باسقۇچىدىكى يېزىلارنىڭ ئاساسىي زىددىيىتى بولۇپ كەلمەكتە . . . بىز داجەينىڭ تەجرىبىلىرىنى پرولېتارىيات

دىكتاتورىسى يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇشىمىز كېرەك.»

شۇنىڭدىن كېيىن، ھەرقايسى رايونلار مىليونلىغان كادىر ئاجرىتىپ، گۇڭشې، دادۈيلەرنىڭ تەرتىپكە سېلىش ئىشلىرىغا، كەڭ كۆلەمدە ئېتىز - ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا ياردەمگە ئەۋەتتى. ئاتالمىش داجەينىڭ تۈپ تەجرىبىسى — «سول» چىل، خاتالىق بولغاچقا ھەم قوللانغان ئۇسۇلى كەڭ كۆلەملىك ئاممىۋى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش، چوڭ داغدۇغا قىلىشتەك نامۇۋاپىق ئۇسۇل بولغاچقا، پەرقلەندۈرمەستىن بىردەك ئىمكانقەدەر تېز ھالدا داجەيچە ناھىيە قۇرۇش، داجەينىڭ بىر يۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەش تەلەپ قىلىنغاچقا، نەتىجىدە ناھايىتى كۆپ ۋىلايەتتە ئىشلەپچىقىرىشتا شۇ جاينىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىدىن ئايرىلىپ قىلىش، بىر تەرەپلىمە ھالدا ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارىنىلا قوغلىشىش، قوشۇمچە كەسىپ ۋە باشقا ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىنى سىقىپ چىقىرىش؛ تەقسىماتتا ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى چۆرۈپ تاشلاپ، تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىشتىن ئىبارەت «سىياسىي نومۇر» ئۇسۇلىنى قوللىنىش؛ ئاتالمىش «كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇقى» نى كېسىپ تاشلاش ئېلىپ بېرىپ، يېزىلاردىكى بازار سودىسىنى قاتتىق قامال قىلىش؛ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتى جەھەتتە ئۆتكۈنچى باسقۇچتىن ئۆتۈشكە ئالدىراپ كېتىش قاتارلىق مەسىلىلەر كۆرۈلدى. بۇنىڭ بىلەن يېزا ئىقتىسادى تېخىمۇ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى.

يىغىندا بەش يىلدا يېزا ئىگىلىكىنى ئاساسەن ماشىنىلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇنىڭدىن كۆپ يىل ئىلگىرىكى تەسەۋۋۇرىغا ئاساسەن قويۇلغان بولۇپ، ئەينى چاغدىكى يېزىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى ۋە يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرىدىغان سانائەتنىڭ سەۋىيىسى، ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى زادىلا ئويلىشىلمىغانىدى، شۇڭا بۇ تەلەپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، يەنە ئۇنى ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

بۇ قېتىمقى يىغىن ئاخىرلىشىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، مەملىكەتنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە تويۇقسىز ئۆزگىرىش يۈز بەردى. شۇڭا، بۇ يىغىن-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ قارارلىرى مەملىكىتىمىز مىقياسىدىكى ئەمەلىي خىزمەتلەردە ھېچقانچە تەسىر پەيدا قىلالمىدى ، ئەمما يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەرىكىتىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت يېزىلىرىدا كۈچەپ يولغا قويۇلۇشى ، جۇڭگو يېزىلىرىدا سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتە خېلى ئۇزۇنغىچە ئۆز تەسىرىنى ( بۇ بەزى ئاكتىپ نەتىجىلەرنى ۋە كەڭ پاسسىپ تەسىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) كۆرسەتتى .

**تەرتىپكە سېلىشنىڭ دەسلەپكى نەتىجىسى**

دېڭ شياۋپىڭ مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ بىر يىلغا يەتمىگەن ۋاقىتتا ، ئۇنۇمى زور بولغان تەرتىپكە سېلىشتا چىڭ تۇردى . دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇرو ۋە گوۋۇيۈەندىكى نۇرغۇن يولداشلارنىڭ تىرىشىشى ۋە كۈرەش قىلىشى ، ماۋ زېدۇڭنىڭ دېڭ شياۋپىڭنىڭ خىزمەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە قوللىشى ۋە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى تەنقىدلىشى ، شۇنداقلا خەلق رايىنىڭ تەرتىپكە سېلىشقا ئىنتىلىشى ، كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ ئاكتىپ خىزمەت قىلىشى ، تىرىشىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىشى نەتىجىسىدە 1975 ـ يىلى ۋەزىيەتتە كۆرۈنەرلىك بۇرۇلۇش بولدى . بەزى رايونلاردىكى ئەلەم كۈرىشى بېسىلدى ، كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ئىجتىمائىي تەرتىپى مۇقىملىشىشقا يۈزلەندى ، خەلق ئىگىلىكى توختاپ قېلىش ، تۆۋەنلەپ كېتىشتىن تېز سۈرئەتتە ئۆرلەشكە بۇرۇلدى . سانائەت ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ( 70 ـ يىللىكى ئۆزگەرمىگەن باھا بويىچە ھېسابلىغاندا ) 1975 ـ يىلى 450 مىليارد 400 مىليون يۈەنگە يېتىپ ، 1974 ـ يىلدىكىدىن 48 مىليارد يۈەن كۆپەيدى ، 11.9% ئاشتى . بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 15.1% ، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 4.6% ئاشتى . سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئاساسىي مەھسۇلاتلىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارىدىن قارىغاندا ، ئاشلىق 569 مىليارد جىڭ بولۇپ ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 3.3% ؛ پولات 23 مىليون 900 مىڭ

تونىنا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 13.1% ؛ ئىشلەنمىگەن تاش كۆمۈر 482 مىليون توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 16.7% ؛ خام نېفىت 77 مىليون 60 مىڭ توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 18.8% ؛ تۆمۈريول ترانسپورت مىقدارى 890 مىليون توننا بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12.9% ئاشقان. ئاساسىي قۇرۇلۇشقا مەبلەغ سېلىشنىڭ ئورۇنلىنىش ئەھۋالى خېلى ياخشى بولدى، قۇرۇلۇش باشلىغان چوڭ، ئوتتۇرا تۈرلەر 1539 بولۇپ، تولۇق ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 167، قىسمەن ئىشقا كىرىشتۈرۈلگىنى 310 بولدى، يېڭىدىن كۆپەيگەن مۇقىم مۈلۈك 25 مىليارد يۈەن بولدى. ئىجتىمائىي تاۋارلارنىڭ پارچە سېتىلىش سوممىسى 127 مىليارد 100 مىليون يۈەن بولۇپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 9.2% ئاشتى. ئىمپورت ـ ئېكسپورت سودا سوممىسى 14 مىليارد 750 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، ئالدىنقى ھەرقانداق يىلدىكىدىن ئېشىپ كەتتى. مالىيە كىرىمى 81 مىليارد 560 مىليون يۈەن، مالىيە چىقىمى 82 مىليارد 90 مىليون يۈەن بولدى. مالىيە قىزىل رەقىمى پەقەت 530 مىليون يۈەن بولدى. بۇ بىر يىلدا ئاساسىي قۇرۇلۇش سېپى تولىمۇ ئۇزۇن، توپلاش مىقدارى بەك يۇقىرى (33.9%)، مالىيىدە قىزىل رەقەم كۆرۈلگەن، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىيىشى بەك تېز بولۇشتەك مەسىلىلەر كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئومۇملۇقتىن قارىغاندا، خەلق ئىگىلىكى توختاپ قېلىش ۋە چېكىنىش ۋەزىيىتىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇپ، يەنە يېڭىدىن ئەسلىگە كېلىشكە ۋە تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى. بۇنى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئون يىل جەريانىدا ئىقتىسادىي تەرەققىيات بىرقەدەر ياخشى بولغان بىر يىل دېيىشكە بولىدۇ. خەلق ئاممىسى ئەمەلىيەتكە قارايدۇ، ئەمەلىي ئۈنۈمنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى چىرايلىق قۇرۇق گەپلەردىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى بولىدۇ.

## 2. تەرتىپكە سېلىش جەريانىدىكى ئېلىشىش ۋە ئەگرى ـ توقايلىقلار

1975 ـ يىلدىكى ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش «مەدەنىيەت زور

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىنقىلابى » نىڭ ئېلىپ بېرىلغىنىغا سەككىز يىل بولغان ، يەنە كېلىپ داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ئېلىپ بېرىلدى . ئاشۇ شارائىت يەككىلى بولمايدىغان ئىچكى زىددىيەتكە تولغاندى . بۇ زىددىيەت دېڭ شياۋپىڭ ئوتتۇرىغا قويغان ، پۈتكۈل خىزمەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان « ئۈچ يوليورۇقنى تۇتقا قىلىش » تا گەۋدىلىك ئىپادىلەندى . بۇ « ئۈچ يوليورۇق ماۋ زېدۇڭنىڭ پورولېتارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش توغرىسىدىكى يوليورۇقى ، « تىنچ ـ ئىتتىپاق بولغان ياخشى » دېگەن يوليورۇقى ۋە « خەلق ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش » توغرىسىدىكى يوليۇرۇقىدىن ئىبارەت ئىدى . بۇ ئۈچ يوليورۇق ھەقىقەتەن ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدى . ئەمما ، ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەسلى مەقسىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، پەقەت بىرلا تۇتقا بولۇشى ، يەنى بۇ تۇتقا پرولېتارىياد دىكتاتورىسى نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بولۇشى كېرەك ئىدى ، ماۋ زېدۇڭ « سىنىپىي كۈرەش تۇتقا ، قالغانلىرى تارماقلار » دەپ قارايتتى . دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخىي شارائىتتا « سىنىپىي كۈرەش تۇتقا » دېگەن « سول » چىل يېتەكچى ئىدىيىسىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئىنكار قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ خىل « سول » چىل خاتا يېتەكچى ئىدىيىگە ئوچۇق قارشى تۇرالىشى مۇمكىن بولمايلا قالماستىن ، بەلكى يەنە بۇ « سول » چىل خاتا يېتەكچى ئىدىيىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى مۇئەييەنلەشتۈرگەن شەرت ئاستىدا ، ئومۇميۈزلۈك تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئېلىپ بارالايتتى ، ھەمدە خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئىقتىسادىي خىزمەتكە يۆتكىيەلەيتتى . بۇ مەقسەتكە يېتىشنىڭ بىردىنبىر ئامالى ھەم « سىنىپىي كۈرەش تۇتقا » دېگەن قاراشنى ئىنكار قىلماسلىق ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، ھەم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش خىزمىتىنىڭ ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىدى . « ئۈچ يوليورۇق تۇتقا » دېيىشنىڭ ئاقىلانە يېرىمۇ مانا مۇشۇ يەردە ئىدى . « ئۇنىڭدا پرولېتارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن ھەمدە بىرىنچى تۇتقا ئورنىغا قويۇلغان ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە « خەلق ئىگى-

لىكنى يۇكسەلدۇرۇش » نــى تــۇتــقــا ئورنىغا كۆتۈرۈپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » باشلانغاندىن بۇيان كۆرۈپ باقمىغان ئېتىبار بېرىشكە ئىگە قىلدى . ئەمما ، زىددىيەت ياكى قارىمۇ قارشى خاھىشلار باشتىلا ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتكەنىدى . سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تۇتقا قىلىشنىڭ تونۇشماي بىللە ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇنداق بولغاندا پۈتكۈل تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا تۈرلۈك شەكىلدىكى كۈرەشلەرنىڭ يۈز بېرىشىدىن ساقلىنىش ، ئەگرى ــ توقاي كۈرەشلەردىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . 1975 ــ يىلى باشلانغان ئون ئايلىق ئاساسىي كۈرەش تۆۋەندىكى بىرنەچچە ئىشتا ئىپادىلەندى :

**ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى يوليورۇقىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى**

ماۋ زېدۇڭ دېڭ شياۋپىڭنى مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىشقا كۆرسەتتى ھەمدە خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سېلىشنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئەمما ، بۇ ئۇنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقلىرىنى پۈتۈنلەي تۈزەتكىنى ئەمەس ئىدى ، شۇ سەۋەبتىن تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ناھايىتى زور چەكلىمىگە ، تۈرلۈك پەۋقۇلئاددە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرىدى .

ماۋ زېدۇڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئاساسەن چىڭ تۇرۇپلا قالماستىن ، ھەرقانداق بىر كىشىنىڭ ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ياكى قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولۇشقا يول قويمايتتى ، يەنە تېخى نەزەرىيە جەھەتتە مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ، ئۆزىنىڭ « سول » چىل ئىدىيىسى بويىچە « داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش » نىڭ كويىدا ئىدى . مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە دېڭ شياۋپىڭ يېتەكچىلىك قىلىشتىن بۇرۇنقى 1974 ــ يىل 20 ــ ئۆكتەبىردە ماۋ زېدۇڭ دانىيە باش ۋەزىرى پاۋرو خاتىرىن بىلەن كۆرۈشكەندە ، جۇڭگونىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتى توغرىسىدا مۇنداق بىر يېڭى پەرەزنى ئوتتۇرىغا قويغان : « قىسقىسى ، جۇڭگو سوتسىيالىستىك دۆلەت . ئازادلىقتىن بۇرۇن كاپىتا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىزمدىن ئانچە پەرقلەنمەيتتى . ھازىر يەنىلا سەككىز دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى يۈرگۈزۈلمەكتە . ئەمگەكنىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ، پۇل ئايرىۋاشتۇرۇشلار كونا جەمئىيەتتىكىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدۇ . ئوخشىمايدىغان يېرى مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ئۆزگەردى » . 26 ـ دېكابىردا ئۇ جۇ ئېنلەي قاتارلىقلار بىلەن چاڭشادا 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مەسىلىسى ئۈستىدە سۆھبەتلەشكەندە ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسى مەسىلىسى توغرىسىدا يەنە توختالدى . ئۇ مۇنداق دېدى : « لېنىن نېمە ئۈچۈن بۇرژۇئازىيىگە دىكتاتورا يۈرگۈزۈش كېرەك دېگەن ، نېمىشقا ماقالە يازغان . چۇنچياۋ ، ۋېنيۈەنگە ئېيتىڭلار ، لېنىن ئەسەرلىرىدىن مۇشۇ مەسىلە توغرىسىدا توختالغان بىرنەچچە ياخشى جايىنى تېپىپ چىقىپ چوڭ خەتلىك قىلىپ باستۇرۇپ ماڭا ئەۋەتىپ بەرسۇن . كۆپچىلىك ئاۋۋال ئوقۇسۇن ، ئاندىن ماقالە يازسۇن . چۇنچياۋ مۇشۇ مەسىلىگە ئائىت ماقالىلەرنى يازسۇن . بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالمىساق شيۇجېڭجۇيىغا ئۆزگىرىپ كېتىمىز . بۇنى پۈتۈن مەملىكەتكە بىلدۈرۈشىمىز لازىم . » « مەملىكىتىمىزدە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقىنى تاۋار تۈزۈمى ، مائاش تۈزۈمىمۇ مۇۋاپىق ئەمەس ، سەككىز دەرىجىلىك ئىش ھەققى تۈزۈمى بار ۋەھاكازالار . بۇنى پرولېتارىيات دىكتاتورىسى ئاستىدىلا چەكلىگىلى بولىدۇ . شۇڭا ، لىن بياۋغا ئوخشاشلار تەختكە چىقىپ قالسا كاپىتالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشى ئاسان بولىدۇ ». ئۇ يەنە مۇنداق دېدى : « لېنىن ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش ، ھەر دائىم ، ھەر كۈنى ، ھەر سائەت ، ئۈزلۈكسىز ۋە كۆپلەپ كاپىتالىزم ۋە بۇرژۇئازىيىنى پەيدا قىلىپ تۇرىدۇ ، دېگەنىدى . ئىشچىلار سىنىپىنىڭ بىر قىسمىدا ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ بىر قىسمىدىمۇ مۇشۇنداق ئەھۋال بار . پرولېتارىيات ئىچىدە ، ئىدارە ـ ئورگانلاردىكى خىزمەتچى خادىملار ئىچىدە بۇرژۇئازىيىنىڭ تۇرمۇش ئىستىلى كۆرۈلۈشى مۇمكىن . »

ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتىدە ئۇنىڭ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە رېئال مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەزى ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى توغرا چۈشىنەلمىگەنلىكى ، شۇنداقلا بۇ سۆھبەتنى بىلەن

ئىدىيىسىدىكى بەزى خىيالىي ئامىللار ئارىلىشىپ كەتكەن « سول » چىل سوتسىيالىزم ئەندىزىسىنىڭ ئۆزئارا زىت كېلىپ قالغانلىقى ئىپادىلەندى. شۇڭا ئۇ سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى بەزى كەم بولسا بولمايدىغان ، پايدىلىق نەرسىلەرنى خاتا ھالدا كاپىتالىزمنىڭ نەرسىلىرى دەپ قارىدى ھەمدە « كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىش » خەۋپىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلدى.

ماۋ زېدۇڭ سۆھبىتىدە ، ئەمگەكگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭ مىقداردىكى ئەمگەكنى ئالماشتۇرۇش پرىنسىپى ئىپادىلىگەن « بۇرژۇئازىيە ھوقۇقى » نى ئەمگەكگە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئۆزى بۇرژۇئازىيە خاراكتېرىنى ئالغان ھوقۇق دەپ خاتا چۈشەندى ؛ ماركسنىڭ ئالاھىدە ئابستراكت مەنىدە قوللانغان ، كاپىتالىزم ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدە ئەكس ئەتتۈرمەيدىغان « بۇرژۇئازىيە ھوقۇقى » بىلەن كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەسلى مەنىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بۇرژۇئازىيە ھوقۇقىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. بۇنىڭ بىلەن سوتسىيالىزمنىڭ ئەمگەكگە قاراپ تەقسىم قىلىش ، سەككىز دەرىجىلىك مائاش تۈزۈمىنى كونا جەمئىيەتتىكى تەقسىمات تۈزۈمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن. مانا بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزمنىڭ بۇرژۇئازىيە ھوقۇقى توغرىسىدىكى بايانىغا بولغان خاتا چۈشەنچىسىدۇر.

ماۋ زېدۇڭ يەنە لېنىن « كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى ‹ سول › چىللارچە بالىلىق كېسىلى » دېگەن كىتابىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە بولغان شەخسىي مۈلۈكچىلىككە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش يۈرگۈزۈشتىن بۇرۇن بىر قىسىم ھايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان روسىيە ئۇششاق ئىشلەپ چىقارغۇچىلار توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى كېڭەيتىۋەتكەن ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەن ھەمدە 70 ـ يىللاردىكى مەملىكىتىمىز كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكى شارائىتىدىكى باراۋەر ھالەتتە ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ، پرىنسىپ جەھەتتە بولسا ئەمگەكنىڭ سانى ۋە سۈپىتىگە قاراپ ھەق ئالىدىغان سوتسىيالىستىك دېھقانلارنى ، كوللېكتىپلەشكىلى 20 يىل بولغان دېھقانلارنى كاپىتالىزم شارائىتىدىكى يەككە ئۇششاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشلەپ چىقارغۇچىلار بىلەن تەڭلەشتۈرگەن . بۇ لېنىننىڭ ئۇششاق ئىشلەپ چىقارغۇچىلار توغرىسىدىكى بايانىنى خاتا چۈشەنگەنلىك ۋە دوگمىلاشتۇرغانلىق .

ماۋ زېدۇڭ سۆھبەتتە « بۇرژۇئازىيە تۇرمۇش ئۇستىلى » نى يۇقـ تۇرۇۋالغان ئىشچى ۋە كادىرلارنى بۇرژۇئازىيە كۈچلىرى دەپ قارىغان . روشـەنـكى بۇ ئوخشىمىغان مەسىلىنىڭ خاراكتېرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەنـ لـىك . بۇمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئەمەلىيەتتىن ، ئاممىدىن خېلىلا يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى ، ئۆزى تارىختىن بۇيان تەشەببۇس قىلىپ كەلگەن نەزەـ رىـيە بىلەن ئەمەلىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدىن چەتنەپ كـەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم بىر سەۋەبى .

1975 ـ يىلى 9 ـ فېۋرالدا « خەلق گېزىتى » « پرولېتارىيات دىكـ تـاتورىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنەيلى » سەرلەۋھىلىك باش ماقالە ئېلان قىلىپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى سۆھبىتىنىڭ مەزمۇنىنى يەتكۈزدى . باش ماقالىدە مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى « ھەر دەـ رىجىلىك پارتكوملار ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقىغا بىنائەن پرولېتارىيات دىكتاتورىسى نـەزەرىـيىسىنى ئۆگىنىشنى ئەستايىدىل تۇتۇشى لازىم » ، « لىن بياۋنى ، كۇڭزىنى پىپەن قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشى ، قانۇنچىلار بىلەن بولغان كۈرەش ۋە پۈتكۈل سىنىپىي كۈرەش تارىخىنى تەتقىق قىلىشى لازىم . »

18 ـ فـېۋرال جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى « ماۋ زېـدۇڭنىڭ نەزەرىيە مەسىلىسى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى » نى پـۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش تارقاتتى . پۈتۈن مەمـ لىكەتتە « پورولېتارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسى » نى ئۆگىنىش ھەـ رىكىتى قوزغالدى . 22 ـ فېۋرالدا « خەلق گېزىتى » جاڭ چۈنچياۋ ، ياۋ ۋېنيۈەن بۇيرۇقىغا ئاساسەن رىياسەتچىلىك قىلىپ تاللاپ تۈزۈپ چىققان « ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىنلار پرولېتارىيات دىكتاتورىسى توغرىسىدا » ( قـىسقارتىپ « 33 ماددا » دېيىلىدۇ ) نى ئېلان قىلدى . ئۇلارنىڭ ئۇ

ئۇيەر ـ بۇيەردىن ئۆزۈۋېلىپ رەتلىگەن ئۆزۈندىلەرنى قوراشتۇرۇشتىكى مەقسىتى ماۋ زېدۇڭنىڭ « سول » چىل نۇقتىئىنەزىرىنى تېخىمۇ نەزەرد- يىڭۋى ئاساسى بار قىلىپ كۆرسىتىش ، بۇ ئارقىلىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقلىرىنى نەزەرىيە جەھەتتىن ئاقلاش ئىدى . بۇ ئۆگىنىش ئەمەلىيەتتە دېڭ شياۋپىڭ مەركەزنىڭ ئىشلىرىغا رىياسەتچى- لىك قىلغاندىن كېيىن شۇغۇللانغان تۈرلۈك خىزمەتلەرگە ھالقىپ ئۆت- كىلى بولمايدىغان رامكا بەلگىلەپ بېرىپ ، بۇ رامكىدىن چىقىپ كېتىشكە رۇخسەت قىلىنمىدى ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۆگىنىشكە قاتناشقان كەڭ كادىرلارنى ، ئاممىنى ئىدىيە جەھەتتە تېخىمۇ قويۇق تومان ئىچىدە گاڭگىرىتىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى .

### يېزىلاردا « بۇرژۇئازىيە ھوقۇقچىلىقى » نى چەكلەشتەك غەلىتە خىيال

ئاتالمىش پرولېتارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ھە دەپ تەشۋىق قىلىش ۋە ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرۇش ، مەلۇم كىشىلەردە گۇمان پەيدا قىلدى . 1975 ـ يىلى 22 ـ مايدا ، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى مەلۇم جۇن سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كادىرى ماۋ زېدۇڭغا خەت يازغان . ئۇ مۇنداق قارىغان ، دۆلەت ئاشلىقنى ئوخشاش باھادا سېتىۋالىدۇ ، يېزىلار- دىكى گۇڭشې ، دادۇيلەرنىڭ كىرىمى تامامەن چىققان ئاشلىقنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە باغلىق . شۇڭا ، تەبىئىي شارائىتى ياخشى ، ئەمگەك ئۈ- نۈمدارلىقى يۇقىرى گۇڭشې ـ دادۇيلەر ئاشلىقنى كۆپ ئالىدۇ ، كىرىمى يۇقىرى بولىدۇ . تەبىئىي شارائىتى ناچار ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى تۆۋەن گۇڭشې ، دادۇيلەر ئاشلىقنى ئاز ئالىدۇ ، كىرىمى تۆۋەن بولىدۇ . بۇ « شەكىل جەھەتتىكى باراۋەرلىك ، ئەمما ئەمەلىيەتتە باراۋەر بولمىغان بۇرژۇئازىيە ھوقۇقچىلىقىدىن ئىبارەت ، بۇ مەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەبتۇر » . ئۇ خېتىدە « تەبىئىي شارائىتى ياخشى ـ ناچار بولۇش دەرىجىسى ۋە ئەمگەك ئۈ- نۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن بولۇش ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشىمىغان سېتىۋېلىش باھاسىنى بېكىتىش ، شارائىتى ياخشىلارنىڭ باھاسىنى مۇۋا-

پىق تۆۋەنلىتىش ، شارائىتى ناچارلارنىڭكىنى مۇۋاپىق ئۆستۈرۈش .» تەكلىپىنى بەردى .

ئېنىقكى ، قىممەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ھەم ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان بۇنداق تونۇش ۋە تەكلىپنى ھېچقانداق قىممىتى يوق دېيىشكە بولاتتى . ئەمما ، ئۇ « تەڭ نامراتلىق - بايلىشىش » مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاچقا ، ماۋ زېدۇڭنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىدى ، ماۋ زېدۇڭ ئۇنى يېزىلاردا « بۇرژۇئازىيە ھوقۇقچىلىقىنى چەكلەش » تە يۈرگۈزۈلسە بولىدىغان پىكىر - تەكلىپ ئىكەن دەپ قارىدى . ئۇ 23 - مايدا تەستىق سېلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « بۇ خەت مەركەزدىكى يولداشلارنىڭ تەتقىق قىلىپ بېقىشى ئۈچۈن بېسىپ تارقىتىپ بېرىلسۇن ، بۇ قىلماق ناھايىتى تەس مەسىلە ، بىرنەچچە گۇڭشېنى سىناق قىلىپ بېقىش كېرەك ، باي ئەترەتلەر نارازى بولۇشى مۇمكىن . باي ئەترەتلەردىمۇ نامرات ئائىلىلەر بار ، نامرات ئەترەتلەردىمۇ باي ئائىلىلەر بار . سىناقنىڭ نەتىجىسىگە قاراپ بىر نېمە دەرمىز » . شۇنىڭ بىلەن گوۋۇيۈەن مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرىنى دەرھال يىغىپ مۇھاكىمە ئېلىپ باردى ھەمدە مەركەزنىڭ ئورگانلىرىدىن 26 نەپەر كادىر ئاجرىتىپ ئۈچ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ ، سەنشى ، خېبېي ئۆلكىسىدىن ھەرقايسىسىدىن ئۈچتىن گۇڭشېدا تەكشۈرۈپ - تەتقىق قىلىشنى قارار قىلدى .

ئىككى ئايدىن كۆپرەك خىزمەت قىلىش ئارقىلىق تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى ئاۋغۇستتا كەينى - كەينىدىن تەكشۈرۈش دوكلاتى يېزىپ چىقىپ ، تەبىئىي شارائىتى ياخشى - يامان ۋە ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە ئاساسەن ئاشلىق سېتىۋېلىشتا ئىككى خىل باھا قوللىنىشقا بولامدۇ - يوق ، دېگەن مەسىلىگە نىسبەتەن ئىنكار قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . تەكشۈرۈش دوكلاتىدا مۇھىمى تۆۋەندىكى سەۋەبلەر كۆرسىتىلدى : ئۇنىڭ بىرى ، نامرات ئەترەت بىلەن باي ئەترەتنى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈش ، بەزى دادۈيلەردە نامرات ئەترەتلەر شۇنداقلا باي ئەترەتلەرمۇ بار . مول ھوسۇل يىلى بىلەن قەھەتچىلىك يىللىرى نامرات - باي ئەترەتلەردە ئۆزگىرىش بولىدۇ . ئەگەر نامرات - باي ئەت-

رەتلەرگە ئايرىم باھا بېكىتسەك ئوخشاش بىر رايون ، بىر دادۈيدە بىر-
نەچچە خىل باھا كېلىپ چىقىدۇ ، ھەتتا يىلدا باھا تەڭشەشكە توغرا
كېلىدۇ ، بۇنداق بولغاندا ئاسانلا قالايمىقانچىلىق كېلىپ چىقىدۇ . ئىك-
كىنچىدىن ، باي ئەترەتلەر تەبىئىي شارائىتتىن باشقا مۇھىمى ئۆز ئەم-
گىكى ئارقىلىق باي بولغان . باي ئەترەتلەرگە تۆۋەن باھا ، نامرات ئەت-
رەتلەرگە يۇقىرى باھا قوللانساق ، باي ئەترەتلەر نارازى بولۇشى مۇم-
كىن ، نامرات ئەترەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى تەرەققىي قىلىپ باي بول-
غاندىن كېيىن ، يۇقىرى باھانى تۆۋەنلىتىۋەتسەك ئۇلارمۇ نارازى بولىدۇ .
ئۈچىنچىدىن ، زور كۆپچىلىك ئەترەتلەرنىڭ ئېشىنچە ئاشلىقى ناھايىتى
ئاز ، ھەتتا ئاشلىق سېتىۋالىدۇ ، نامرات ئەترەتلەرنىڭ ئاشلىقىنى سېتىۋې-
لىش باھاسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئۇلارغا ياردىمى چوڭ بولمايدۇ . تەكشۈ-
رۈش دوكلاتىدىكى تەھلىللەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى ، ئوبيېكتىپ ئىقتىسا-
دىي قانۇنىيەتكە خىلاپ ھالدا تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلىپ ، «بۇرژۇئازىيە
ھوقۇقچىلىقى» نى چەكلەش مەقسىتىگە يېتىش قەتئىي ئاقمايدىغان يول .
ھەر ھالدا ماۋ زېدۇڭ ئۆز پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالمىدى ، شۇنىڭ بىلەن
بۇ تەكلىپ قويۇپ قويۇلدى . بۇ چارە ئەمەلىيەتتە ھۆرۈنى مۇكاپاتلاپ ،
ئىشچانلارنى جازالاش بولۇپ ، ناۋادا يولغا قويۇلىدىغان بولسا ، ئىشلەپچى-
قىرىش كۈچلىرىگە مۇقەررەر ھالدا ناھايىتى ئېغىر زىيان سالاتتى .

**يەنە بىر قېتىملىق «نامراتلىق باسقۇچى» تەشەببۇسى**

چېن يۈنگۈي ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالغانلىقىنى
كۆرۈپ ، 1975 ـ يىلى 14 ـ ئاۋغۇستتا «يېزا خىزمىتى توغرىسىدا بىر-
نەچچە تەكلىپ» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە خەت يېزىپ خەلق گۇڭشې-
سىنىڭ ئاساسىي ھېسابات بىرلىكىنى تېزدىن دادۈي ھېساباتىغا ئۆتكۈزۈپ
بېرىشنى ، بۇ ئارقىلىق يېزىلارنىڭ نامرات ـ بايلىقىدىن ئىبارەت تەڭسىز-
لىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى كۈچەپ تەشەببۇس قىلدى . ئۇ خېتىدە
مۇنداق يازدى : شياڭ ناھىيىسى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى باشلانغاندىن
كېيىنكى ئۈچىنچى يىلى ، پۈتۈن ناھىيىدىكى 410 دادۈيدە دادۈي ھېسا-

www.uyghurkitap.com

باتىنى يولغا قويدى » ، « يېزا ئىگىلىكىدە قاتتىق ئىشلەپ ، تېز ئۆرلەپ ، ئەتىرەت بىلەن ئەترەتنىڭ پەرقىنى كىچىكلىتىمىز دەيدىكەنسىز دادۈي ھېساباتىنى يولغا قويۇش زۆرۈر . »ماۋ زېدۇڭ بۇ « تەكلىپ » نى 3 ـ سېنتەبىردە شۇ چاغدا مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان دېڭ شياۋپىڭغا بەردى ھەمدە « بۇ خەتنى ئوقۇپ بېقىڭ ، خەتنى سىياسىي بيۇرودىكى يولداشلارغا تارقىتىپ بېرىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ھەمدە سىياسىي بيۇرودا بىر مۇزاكىرە قىلىپ بېقىشنى ئويلىشىپ كۆرسىڭىز » دەپ تەستىق يېزىپ قويدى . تەستىق ناھايىتى يىغىنچاق يېزىلغانىدى ، ئەمما ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ تەكلىپكە تەستىق يېزىپ دېڭ شياۋپىڭغا سۇنغانلىقىنىڭ ئۆزى ئەمەلىيەتتە بۇ « تەكلىپ » نى قوللىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقىنىڭ روھىغا ئاساسەن ، جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى 1975 ـ يىلى 23 ـ سېنتەبىردىن 21 ـ ئۆكتەبىرگىچە بېيجىڭدا يېزا خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى . بۇ يىغىن ئاساسەن يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنى بىلەن بىر ۋاقىتتا چاقىرىلدى . يىغىنغا جى دېڭكۈي ، ۋۇدې رىياسەتچىلىك قىلدى . يىغىنغا مەركەزنىڭ يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇللىرى ۋە ئايرىم ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملارنىڭ بىرىنچى شۇجىلىرى بولۇپ جەمئىي 17 كىشى قاتناشتى . يىغىندا چېن يۇڭگۈي ئوتتۇرىغا قويغان قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خەلق گۇڭشېسىدىكى ھېسابات بىرلىكىنى ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىدىن دادۈيگە ئۆتكۈزۈپ بېرىش مەسىلىسى مەركەزلىك ھالدا مۇزاكىرە قىلىندى .

سۆھبەت يىغىنىدا پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلدى . يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ بىر قىسمى چېن يۇڭگۈينىڭ پىكرىنى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشۈپ ، « ھازىردىن باشلاپ مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش » نى تەشەببۇس قىلىشتى . بۇنداق جىددىي « ئۆتكۈزۈپ بېرىش » تەك « سول » چىل تەشەببۇسقا نىسبەتەن گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مەسئۇلى جاۋ زىياڭ قاتارلىقلار كۆپ قېتىم پىكىر بېرىپ ،

چىن يۈرىكىنىڭ تەكلىپىگە قارشى پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى. جاۋ زىياڭ مۇنداق دېدى: «مېنىڭچە ھازىر ھېسابات بىرلىكىنى بىراقلا چوڭ ئۆزگەرتىۋەتمەسلىك كېرەك، بۇنداق قىلساق ئاسانلا داۋالغۇش پەيدا بولىدۇ ــ دە، ئۇنى مۇستەھكەملىيەلمەيمىز». ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «ھازىردىن باشلاپ مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش كېرەك، دېگەن بۇ قاراش ئويلىنىپ بېقىشقا ئەرزىيدۇ»، «مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئۆتكۈزۈپ بېرىش دېگەن بىلەنمۇ بەزىلەر كەينىدە قىلىشنى خالىمايدۇ، ئۇچىل دېگەن قالپاقنىڭ كىيگۈزۈلۈشىدىن قورقىدۇ ــ دە، ھايت ــ ھۇيت دېگۈچە قىلىدىغىنىنى قىلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈشمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر راستتىنلا مۇددەتكە، تۈركۈمگە بۆلۈپ بىرنەچچە يىل ئىشلەيمىز دەيدىكەنمىز، ئالدىدا ماۋۇ بىر قىسمىنى قىلىمىز دېسەك، يەنە بىر قىسمى ساقلاپ تۇرىدۇ، تەقەززا بولىدۇ، بەزىلەر ئېتىز ـ ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى قىلمايدۇ، تراكتورمۇ ئالمايدۇ، جۇغلانمىنىمۇ توپلىمايدۇ، ھەممىسىنى بۆلۈشۈپ يەپ تۈگىتىدۇ، «مەن بىرەر نۇقتىنى سىناق قىلىپ بېقىشنى، تەييارلىق ۋاقتىنىڭ ئۇزۇنراق بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىمەن.» جېجياڭ ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مەسئۇلى تەن چىلوڭ مۇنداق دېدى: «ئۈچ دەرىجىلىك ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدە ئەترەت ئاساس، جۇشى بۇنى ئاز دېگەندە 30 يىل ئۆزگەرمەيدۇ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئورناپ كەتتى. ناۋادا بىرەر شامال چىقسا، ياخشى ئىشلىمىسەك ئاممىغا تەسىرى بولىدۇ.»

يىغىندا روشەن پىكىر ئىختىلاپى كۆرۈلگەن ئەھۋالدىمۇ، 1975 ــ يىلى 8 ــ ئۆكتەبىردە «نۆۋەتتىكى يېزا خىزمىتىدىكى بىر نەچچە مەسىلە توغرىسىدىكى مۇزاكىرە پىكرى» (يوللانما نۇسخا) يېزىپ چىقىلىپ ماۋ زېدۇڭغا يوللاندى. مۈلۈكچىلىك مەسىلىسىگە نىسبەتەن «مۇزاكىرە پىكرى» دە يەنىلا «ھازىردىن باشلاپ بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل ياكى ئۇنىڭدىن سەل ئۇزۇن ۋاقىتتا ئاساسىي جەھەتتىن ھېسابات بىرلىكىنى داۋىي ھېساباتىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى، شۇنداقلا بۇنى 1980 ــ يىلى

www.uyghurkitap.com

مـەملىكىتىمىز يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن
ئىشقا ئاشۇرۇش تەلىپى بىلەن ماشىلاشتۇرۇشنى ئۆيلىشىپ بېقىشقا بولىـ
دۇ . » دەپ يازدى . ئۆتكۈزۈپ بېرىش لايىھىسىنى ئورۇنلاش مەسىلىسىگە
كەلگەندە « مۇزاكىرە پىكرى » ئوخشىمىغان پىكىرلەرنى قەيت قىلىپ
ئۆتتى : ئۇنىڭ بىرى ، ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشىنى ھازىردىن باشلاپ مۇدـ
دەتكە ، تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنلاش ؛ يەنە بىرى ، ئۈچ يىلدا ياكى ئۇـ
نىڭدىن سەل ئۇزۇن ۋاقىتتا مەركەزلىك ھالدا تەييارلىق قىلىپ شارائىتنى
تېخىمۇ پىشىپ ـ يېتىلدۈرۈش ھەمدە دادۈي ھېسابات بىرلىكى بولۇۋاتقان
ئورۇنلارنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ، ئاندىن ئىككى يىل
ئىچىدە مۇددەتكە ۋە تۈركۈمگە بۆلۈپ ئورۇنلاش » . كېيىنكى پىكىر ئېـ
ىنىقكى ، « مـەدەنــيــەت زور ئىنقىلابى » شارائىتىدا قوللىنىشقا بولىدىـ
غان « سول » چىل خاتالىقنى توسۇيدىغان ، ئارقىغا سۈرۈش چارىسى
ئىدى . ماۋ زېدۇڭ ئوخشاش بولمىغان پىكىرلەرنى ئۇيلىشىپ ، بۇ ھۆجـ
جەتنى تەستىقلىمىدى . كېيىن يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش ھەـ
رىكىتىدە ، بەزى جايلار يەنىلا ھېسابات بىرلىكىنى دادۈيلەرگە ئۆتكۈزۈپ
بەرگەن بولسىمۇ ، مەملىكەت خاراكتېرلىك دولقۇن بولۇپ شەكىللەنـ
مىدى ، بۇ ھال مەملىكىتىمىز يېزىلىرىنى يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىر
مەيدان ئاپەتتىن ساقلاپ قالدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا قوللانغان مەجبۇرلاش خاراكتېـ
رىنى ئالغان نۇرغۇن چارىلەر ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەر ، ئوقۇغۇچىلارنى
ئوخـشـاش بولۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان چارىلەردۇر ، زىيالىيلار بىـ
لـەن ئىشچى ـ دېھقانلار ئارىسىغا تەڭلىك بەلگىسى قويۇش ، تەقسىمات
جـەھـەتتىكى پەرقنى كىچىكلىتىش ، « نامراتلىق باسقۇچى » قاتارلىقلارـ
نىڭ ھـەمــمـــســى جۇڭگو دېھقانلىرى ئۇزۇن ۋاقىت قوغلىشىپ كەلگەن
« ئورۇندا باراۋەر بولۇش ، باي ـ كەمبەغەللىكتە تەڭ بولۇش » تىن ئىـ
بارەت ئەنئەنىۋى غايىنىڭ قالدۇقلىرىدۇر . قول سانائەت ۋە يەككە دېھقان
ئىگىلىكى ئاساسىدا پەيدا بولغان تەڭ تەقسىماتچىلىق « غايىسى » سوتـ
سىيالىزمنىڭ پرىنسىپى ۋە نىشانى دەپ خاتا قارالدى ، بۇ خىل تەشەبـ

بۇسىنىڭ ئىنتايىن زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى .

**« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ تەجرىبىچىلىككە قارشى تۇرۇشىنى تەر-غىپ قىلىشى**

« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان پرولې-تارىيات دىكتاتورىسى نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىن پايدىلىنىپ ، تۈرلۈك تېمىلاردا ماقالە يېزىپ ، ئۆزلىرىنىڭ سەپسەتىسىنى بازارغا سالدى . 1975 ـ يىلى 1 ـ مارتتا جاڭ چۈنچياۋ پۈتۈن ئارمىيىنىڭ ھەرقايسىسىنى چوڭ ئىدارىلىرى ، سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرلىرى سۆھبەت يىغىنىدا سۆز قىلىپ ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدا توختالغان بولدى ، ماۋ زېدۇڭنىڭ 1959 ـ يىلىدىكى بىر ئابزاس تەستىقىنى دەستەك قىلىپ ، تەجرىبىچىلىك نۆۋەتتىكى ئاساسىي خەۋپ دەپ بىلجىرلىدى . جاڭ چۈنچياۋ ماۋ زېدۇڭنىڭ « تەجرىبىچىلىكمۇ ياكى ماركسىزممۇ » دېگەن كىتابقا يازغان باھا سۆزىدىكى بىر ئابزاسنى ئوقۇپ ئۆتتى : « نە-زەرىيە جەھەتتە بىز ئىلگىرى دوگماتىزمنى پىپەن قىلدۇق ، ئەمما تەج-رىبىچىلىكنى پىپەن قىلمىدۇق . ھازىرقى ئاساسىي خەۋپ ـــ تەجرىبى-چىلىك . » جاڭ چۈنچياۋ مۇنداق دېدى : « مېنىڭچە ماۋ جۇشىنىڭ بۇ سۆزى ھېلھەم ئۆز كۈچىنى يوقاتقىنى يوق » . ئۇ مۇنداق دېدى : « لىن بياۋ تەجرىبىچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى . » « تەجرىبىچىلىك خەۋپىدىن بەلكىم يەنە ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك . » شۇ كۈنى ياۋ ۋېنيۈەن « قى-زىل بايراق » ژۇرنىلىنىڭ 3 ـ سانىدا « لىن بياۋ پارتىيىگە قارشى گۇ-رۇھىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسى » دېگەن ماۋزۇدا ماقالە ئېلان قىلىپ ، لىن بياۋنى پىپەن قىلىش نامى بىلەن سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنىڭ سىيا-سىي ، ئىقتىسادىي ۋە كىشىلىك مۇناسىۋىتىنى بۇرمىلىدى . ئۇ ماركس ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتىكى تەڭ قىممەتلىك ئەمگەكنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش پرىنسىپىنى بايان قىلغاندا قوللانغان « بۇرژۇئازىيە ھوقۇق-چىلىقى » دېگەننى « يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ مۇھىم ئىق-تىسادىي ئاساسى » دەۋالدى . ئەمەلىيەتتە بولسا سوتسىيالىزمدىكى ئەم-گەككە قاراپ تەقسىم قىلىش شارائىتىدا ، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقى-

رىش ۋاستىلىرىگە بولغان مۇناسىۋىتى باراۋەرلىك ئاساسىدىكى مۇناسى-
ۋەت . ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە ئىگە بولۇش ئۇسۇلى ئوخشاش ،
ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئەمگەك نورمىسى ۋە ساپاسى ئوخشىمىغاچقا ، ئەم-
گەك شارائىتى ئوخشىمىغاچقا ، ھاسىل قىلغان كىرىمىنىڭ ئاز - كۆپلۈكى
ئوخشىمايدۇ . بۇ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ بايلىق دەرىجىسىدىكى پەرق
بولۇپ ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە قىلىنىش سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن
يېڭى ، سىنىپىي پەرق ئەمەس . ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنى « يېڭى
بۇرژۇئازىيىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى » دېيىش ئىلمىي
سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى خالىغانچە بۇرمىلىغانلىق .ئۇلار-
نىڭ مەقسىتى دەرىجىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ، مائاشىنىڭ ئاز - كۆپ-
لۈكىنى ئاتالمىش « پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە » نى ئايرىشنىڭ ئۆل-
چىمى قىلىپ ، « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى تۇتۇش » قا ،
پېشقەدەم كادىرلارنى يوق قىلىشقا نەزەرىيىۋى ئاساس پەيدا قىلىشتىن ئى-
بارەت . ياۋ ۋېنيۈەنمۇ ماقالىسىدە « ھازىرقى ئاساسىي خەۋپ تەجرىبىچى-
لىك » دەپ جار سالدى .

1 - ئاپرېلدا ، جاڭ چۇنچياۋ « بۇرژۇئازىيىگە ئومۇمىيۈزلۈك دىك-
تاتورا يۈرگۈزۈش توغرىسىدا » دېگەن ماقالىسىنى ئېلان قىلدى . ئۇ ما-
قالىسىدە ئىنقىلابىي ئۇستازلىرى ئاللىبۇرۇنلا قايتا - قايتا شەرھلىگەن پ-
رولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ مول مەزمۇنىنى پۈتۈنلەي يوققا چىقاردى ،
ئۇنى ئاز دېگەندەك ئۇنى بۇرمىلاپ ، نوقۇل ، كونكرېت شارائىتنى ئايرى-
مايدىغان ، « ھەممە ساھە ئىنقىلاب تەرەققىياتىنىڭ ھەممە باسقۇچىدىكى
بۇرژۇئازىيىگە ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتورا يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت » ۋەزىپە-
دۇر، دېدى . ئۇ مەملىكىتىمىزدە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئورنىتىلغانلىقىغا 20
يىل بولغانلىقىدىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە قارىماستىنلا مۇنداق
دېدى : « مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى مۇستەھكەم ئەمەس ،
بۇرژۇئازىيە ھوقۇقچىلىقى مۇلۈكچىلىك جەھەتتە پۈتۈنلەي تۈگىگىنى
يوق ، كىشىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىدە يەنىلا ئېغىر مەۋجۇت ، تەق-
سىمات جەھەتتە يەنىلا ھۆكۈمران ئورۇننى ئىگىلەيدۇ » . ئۇ مەملىكىتىمىز

ئۈستقۇرۇلمىسىنىڭ پرولېتارىيات خاراكتېرىنى زادىلا ئېتىراپ قىلماستىن ،
« ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە ، بەزى جەھەتلەرنى ئەمەلىيەتتە
بۇرژۇئازىيە چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان ، بۇرژۇئازىيە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىـ
لىۋالغان » دېدى . ئۇ يەنە مۇنداق دېدى : « ھازىر ، بۇرژۇئازىيىنىڭ
سوقما تاملىرى ناھايىتى كۆپ » ، « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنىڭ تۆمۈر
سۈپۈرگىسى تەگمىگىچە ئۇ ئۆزلۈكىدىن يوقالمايدۇ » . ئۇ يەنە ئەينى
چاغدىكى بەزى « كومپارتىيە ئەزالىرى بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار »
« بۇرژۇئازىيە » شامىلىنى چىقاردى دەپ بوھتان چاپلاپ ، « بۇرژۇئازىـ
يىنىڭ بارلىق سوقما تېمىنىڭ ھەممىسىنى ئۆرۈپ تاشلاش كېرەك » دەپ
داۋراڭ سالدى . مۇشۇنىڭ بىلەن بىرلا ۋاقىتتا جياڭ چىڭمۇ تۇرلۇك
سورۇنلاردا كۆپ قېتىم « ھازىر بىزگە كېلىدىغان مۇھىم خەۋپ دوگماـ
تىزم ئەمەس ، بەلكى تەجرىبىچىلىك » ، « تەجرىبىچىلىك شيۇجيەنجۇيىـ
نىڭ يانتايىقى ، نۆۋەتتىكى دۈشمەن » دەپ داۋراڭ سالدى « تۆت كىـ
شىلىك گۇرۇھ » نىڭ قوماندانلىقىدا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى
جايلاردىكى نۇرغۇن گېزىت ـ ژۇرناللار كۆپلەپ ماقالە ئېلان قىـ
لىپ ، « تەجرىبىچىلىككە قارشى تۇردى » ، « بۇرژۇئا ھوقۇقچىلىقىنى
سۈپۈرۈپ تاشلاش » قا چاقىرىق قىلدى ، « سوقما تاملارنى ئۆرۈپ
تاشلاش » قا سەپەرۋەر قىلدى .

ئەمەلىيەتتە ئەينى چاغدا ، تۇرمۇشتا ئەڭ چىرىكلەشكەنلەر دەل
ئاشۇ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئىدى . جياڭ چىڭ ئۆزىلا 40 ئېغىزلىق
ئۆي ئىگىلىۋالغان ، ھەرقانداق نەرسىنى مەخسۇس ، تاللاپ ئىشلىتەتتى ،
يەيدىغىنى ۋۇچاڭ بېلىقى بولۇپ ، يېڭى بولۇشى ، بىر تال قاسىرىقىمۇ
چۈشۈپ قالمىغان بولۇشى كېرەك ئىدى . تۇخۇمنىڭمۇ شۇ كۈندىكىسىنى
يەيتتى ، گۈرۈچنى بىر تالدىن ئىلغىتىپ ئىشلىتەتتى . ياۋ ۋېنيۈەن ئائىـ
لىسىدىكىلەر 125 ئېغىزلىق ئۆيى بار بىر چوڭ قورۇدا ئولتۇراتتى ، قورۇـ
نىڭ ئېگىز تېمىنىڭ ئۈستىگە سىم تور بېكىتىلگەن بولۇپ ، سىپى
ئۆزىدىن « سوقما تام ئىدى » . ۋاڭ خۇڭۋېننىڭ شاڭخەي ۋە بېيـ
جىڭلاردا بولۇپ كۆپ يەردە تۇرالغۇ جايى ، سەككىز ماشىنىسى بار ئىـ

www.uyghurkitap.com

دى ، ھەممىلا يەردە يەپ ـ ئىچىپ ، نەچچە تۈمەن پۇلنى سورۇپ ـ
چاچقاندى . ئۇ بىر قېتىم چۇگمىلك ئارىلىغا بارغاندا چوشقا تىلى يې-
مەكچى بولۇپ ، بىر قېتىمدىلا ئون چوشقىنى ئۆلتۈرگۈزگەندى . جاڭ
چۇنچياۋ نەنجىڭغا بارغاندا چوقۇم دۆلەت باشلىقى چۈشىدىغان ياتاققا
چۈشەتتى . سىنئالغۇ ئۈسكۈنىلىرىنى ئىمپورت قىلىش ئۈچۈن بىر قېتىم-
دىلا 50 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى خەجلىگەندى . شۇڭا ، ھەقىقىي « بۇر-
ژۇئازىيە شاملى » نى چىقارغۇچىلار دەل ئۇلارنىڭ ئۆزى ئىدى . ئۇلار-
نىڭ ماقالىلەر يېزىپ يۇكسەك ئەخلاقلىق ئادەم قىياپىتىدە ئوتتۇرىغا چى-
قىشى ، ماركسىزم نەزەرىيىچىسى سالاھىيىتىنى پەش قىلىشى كىشىلەرنى
ئالداپ ۋە بوھتان چاپلاپ ، رەزىل سىياسىي مەقسىتىگە يېتىشتىن ئىبارەت
ئىدى .

« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ « تەجرىبىچىلىككە » قارشى
تۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىن مەقسىتى ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى
ۋە ئىنقىلابىي تارىخىي ئەنئەنىسىنى قوغداشنى « تەجرىبىچىلىك » دەپ
ھاقارەتلەپ ، بۇ ئارقىلىق جۇ ئېنلەي ، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق مول
تەجرىبىگە ئىگە پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىش ئىدى .
« ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتورا يۈرگۈزۈش نەزەرىيىسى » نى ئوتتۇرىغا قو-
يۇشتىن مەقسىتى ، تېخى ئەمدىلا ئاقلىنىپ رەھبەرلىك خىزمىتىنى قايتى-
دىن ئۆتەۋاتقان پېشقەدەم كادىرلارنى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھو-
قۇقدار » قىلىپ قويۇش ، « سول » چىل خاتالىققا قارشى چىققان بارلىق
كادىرلارنى ، زىيالىيلار ۋە كەڭ خەلق ئاممىسىنى دىكتاتورا ئوبيېكتى قى-
لىپ ، ئۇلارغا ئومۇمىيۈزلۈك دىكتاتورا يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئىدى .

**ماۋ زېدۇڭنىڭ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى تەنقىد قىلىشى**

ماۋ زېدۇڭ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ « تەجرىبىچىلىك »
كە قارشى تۇرۇش مۇددىئاسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئاز ـ تولا سەزدى .
ئۇ 23 ـ ئاپرېل كۈنى بىر پارچە دوكلاتقا تەستىق سېلىپ « مەسىلە
شيۇجېڭجۈيىغا قارشى تۇرۇش دەپ قويۇلۇشى كېرەك ، بۇ تەجرىبىچى-

لىك ۋە دوگماتىزمغا قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ » دەپ كۆر-
سەتتى . ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ، 27 ـ ئاپرېلدا مەركىزىي
كومىتېت سىياسىي بيۇروسى جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ « تەجرىبىچى-
لىك » كە قارشى تۇرۇش خاتالىقىنى تەنقىد قىلدى . 3 ـ مايدا ماۋ
زېدۇڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىدىكى ئەزالىرى
بىلەن سۆھبەتلەشتى . ئۇ « تەجرىبىچىلىك » كە قارشى تۇرۇش مەسى-
لىسىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : « ئۆزۈممۇ خاتالىق ئۆتكۈزدۈم ،
چۈنچياۋنىڭ ماقالىسىنى ( « تەجرىبىچىلىك » كە قارشى تۇرۇش مەسى-
لىسىنىڭ گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى ياۋ
ۋېنيۈەننىڭ ماقالىسىدىن باشلانغان ) ئوقۇيالمىدىم ، بىر قېتىملا ئاڭلى-
دىم ، ئۆزۈم كۆرمىدىم ، كۆرەي دېسەممۇ كۆرەلمەيمەن ③ ، ماقالىدىكى
تەجرىبىچىلىككە ئائىت مەزمۇنغا تازا دىققەت قىلماپتىمەن » . ئۇ بۇنىڭ
ئۈچۈن جاڭ چۈنچياۋدىن ئەيىب سورىدى . ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭ قاتار-
لىقلارنىڭ تەجرىبىچىلىك ئاساسىي خەۋپ دەپ تەكىتلىگەنلىكىنى تەنقىد
قىلىپ :« سىلەر تەجرىبىچىلىككىلا قارشى ، دوگماتىزمغا قارشى ئە-
مەس » ، « مېنىڭچە تەجرىبىچىلىكنى پىپەن قىلغانلارنىڭ ئۆزى تەجرى-
بىچىلەر ، ماركسىزمچىلار كۆپ ئەمەس » دەپ كۆرسەتكەن . ئۇ ئۇلارنى
يەنە بىر قېتىم ئاگاھلاندۇرۇپ : « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ بولۇۋالماڭلار ،
سىلەر ئۇنداق قىلماڭلار ، نېمىشقا گۇرۇھۋازلىق قىلىسىلەر ؟ نېمىشقا
مەركىزىي كومىتېتنىڭ 200 دىن ئارتۇق ئەزاسى بىلەن ئىتتىپاقلاشمايسى-
لەر ؟ » دەپ كۆرسەتتى . جياڭ چىڭ قاتارلىقلار ئۆزىنى تەنقىد قىلدى .
ئەمما ، ماۋ زېدۇڭ جياڭ چىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ قاتارلىقلارنىڭ ليۇ شاۋ-
چىغا ، لىن بياۋغا قارشى تۇرۇشتا « تۆھپىسى بار » ، « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » نى قوغدىدى دېگەن پىكىر ـ قاراشتا ئىدى . شۇڭا ئۇ يەنە
مۇنداق كۆرسەتتى : « مېنىڭچە مەسىلە چوڭ ئەمەس ، كىچىك ئىشنى
چوڭايتىپ كۆرسىتىشكە بولمايدۇ ، ئەمما مەسىلىنى ئېنىقلىۋېلىش كې-
رەك ، ئالدىنقى يېرىم يىلدا ھەل قىلالمىساق ، كېيىنكى يېرىم يىلدا ھەل
قىلىش كېرەك ؛ بۇ يىل ھەل قىلالمىساق كېلەر يىلى ھەل قىلىشىمىز كې-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رەك ؛ كېلەر يىلى ھەل قىلالمىساق كېيىنكى يىلى ھەل قىلىشىمىز كې-
رەك » . مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى 27 ـ مايدا ۋە 3 ـ ئى-
يۇندا بولۇپ ئىككى قېتىم يىغىن چاقىردى ، يىغىنغا دېڭ شياۋپىڭ
رىياسەتچىلىك قىلدى ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تەنقىد قىلىندى .
شۇ چاغدىكى ئالاھىدە شارائىتنىڭ چەكلىمىسى ، شۇنداقلا جياڭ
چىڭ قاتارلىقلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا « تۆھپىسى بار »
دېگەن ئاساس تۇپەيلىدىن بۇ قېتىمقى تەنقىد تولىمۇ يۈزەكى ، ناھايىتى
چەكلىك بولدى . ئەمما ، تەنقىد قىلغان بىلەن قىلمىغان ئوخشىمايدۇ ،
بولۇپمۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا چىقىپ تەنقىد قىلغىنىنىڭ ئۇ-
نۇمى تېخىمۇ چوڭ ئىدى .

ماۋ زېدۇڭ ۋە مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ تەنقىد
بىلەن « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى سەل
يىغىشتۇرۇۋالدى . بۇنىڭ بىر باشقۇچلۇق تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى
قانات يايدۇرۇشقا پايدىسى بولدى .

« سۇ بويىدا » رومانىدىن تۇغۇلغان سىياسىي تېما

لېكىن ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ قارا نىيىتىنى تىزگىنلەش قىيىن ئىدى . ئۇلار ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش نىيىتىدە ھەمىشە پۇرسەت ئىزدىدى . ماۋ زېدۇڭ 14 ـ ئاۋغۇستتا بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنىڭ بىر ئايال ئوقۇتقۇچىسى بىلەن قىلىشقان سۆھبىتىدە ، جۇڭگونىڭ كلاسسىك رومانى ‹ سۇ بويىدا › غا بولغان قارىشىنى تىلغا ئالدى . ئۇ مۇنداق دېدى : « ‹ سۇ بويىدا › نىڭ ياخشىلىقى تەسلىمچىلىكتە ، ئۇنى سەلبىي ماتېرىيال قىلىپ خەلق ئاممىسىغا تەسلىمچىلەرنى بىلدۈرۈش كېرەك . « سۇ بويىدا » دا پەقەت پارىخور ئەمەلدارلارغىلا قارشى تۇرغان ، خان ـ پادىشاھلارغا قارشى تۇرمىغان . چاۋ گەي 108 قەھرىماننىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈلمىگەن . سۇڭ جياڭ تەسلىم بولدى ، شيۇجېڭجۇيى بىلەن شۇغۇللاندى ، چاۋگەينىڭ مەردلەر سارىيىنى سادافەتمەنلەر سارىيىغا ئۆزگەرتتى ، كىشىلەرنى ئەل بولۇشقا

ئۇنىدىدى ». « سۇ بويىدا » غا بېرىلگەن بۇ باھا ئادەتتە « سۇ بويىدا » نى ئاساسەن مۇئەييەنلەشتۈرگەن ، ئۇنىڭدا دېھقانلار قوزغىلىڭى مەدھىيىلەنگەن دېگەن باھا بىلەن ئوخشىمايتتى . ماۋ زېدۇڭ كىتابتا تەرغىب قىلىنغان تەسلىم بولۇشقا دالالەت قىلىش ، فېئوداللىق خان ـ پادىشاھلارنى قوغداشنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن كۆرسىتىپ بەردى ، بۇ كۈچلۈك قوزغىتىشچانلىققا ئىگە ئىدى . ئەمما ، پۈتكۈل كىتابنى « سەلبىي ماتېرىيال » دېيىش ، سۇڭ جياڭنى « شيۇجېڭجۇيى بىلەن شۇغۇللاندى » دېيىشنىڭ ئۆزى روشەنكى ، ئوبيېكتىپ ۋە ئىلمىي بولمىغان باھا ئىدى .

شۇ كۈنى بۇ خەۋەرنى ياۋ ۋېنيۈەن ئاڭلىغاندىن كېيىن ماۋ زېدۇڭغا دەرھال مۇنداق دەپ خەت يازغان : « ‹ سۇ بويىدا › غا باھا بېرىش ‹ ناھايىتى مۇھىم مەسىلە › ، ‹ جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ، جۇڭگو پرولېتارلىرى ، كەمبەغەل ۋە تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ۋە بارلىق ئىنقىلابىي ئاممىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ھازىر ۋە كەلگۈسىدە ، مۇشۇ ئەسىر ۋە كېيىنكى ئەسىردە ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ، شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ، ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش ناھايىتى زور ، چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە . بۇ ‹ سەلبىي ماتېرىيال › نىڭ رولىنى تولۇق جارىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك › » . ئۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ بۇ قېتىمقى سۆھبىتىنى ۋە ئۆزىنىڭ خېتىنى « سىياسىي بيۇرونىڭ بېيجىڭدىكى ئەزالىرىغا بېسىپ تارقىتىپ بېرىشنى ، نەشرىيات ئىدارىسى ، خەلق گېزىتى ، قىزىل بايراق ژۇرنىلى ، نۇر گېزىتى ۋە بېيجىڭ ، شاڭخەيدىكى « چوڭ پىپەن » ماقالىسى يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە بېسىپ تارقىتىشنى ھەمدە « ئوبزور يېزىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ياكى بېسىش توغرىسىدا تەكلىپ بەردى . ماۋ زېدۇڭ ياۋ ۋېنيۈەننىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن « قوشۇلىمەن » دەپ تەستىق سالدى . جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى ھۆججەت چىقىرىپ ماۋ زېدۇڭنىڭ « سۇ بويىدا » توغرىسىدىكى سۆھبىتى ۋە ياۋ ۋېنيۈەننىڭ خېتىنى تارقاتتى .

« قىزىل بايراق » ژۇرنىلى 28 ـ ئاۋغۇستتا « ‹ سۇ بويىدا › توغ-

رىسىدىكى باھاغا ئەھمىيەت بېرەيلى » دېگەن ماۋزۇدا قىسقا ئوبزور ئېلان قىلدى. ئوبزوردا مۇنداق دېيىلگەن: « سۇڭ جياڭنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي يولى ئىسپاتلىدىكى، شىۋجېڭجۇيى بىلەن شۇغۇللانغانلار مۇقەررەركى تەسلىمچىلەر، ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلغۇچىلار، ئەكسىيەتچىلەرنىڭ كەمكۈتىسىز غالچىسىدۇر. بۇ بارلىق شىۋجېڭجۇيىچىلارنىڭ ئالاھىدىلىكى »، « ليۇشاۋچى، لىن بياۋ شىۋجېڭجۇيى لۇشيەنىنى يولغا قويدى، ئىچكى جەھەتتە تەسلىمچىلىك بىلەن شۇغۇللانسا، تاشقى جەھەتتە مىللىي تەسلىمچىلىك بىلەن شۇغۇللاندى. تارىختىكى تەسلىمچى سۇڭ جياڭنىڭ ئوبرازىدىن ھازىرقى زامان تەسلىمچىلىرىنىڭ ئەپت ـ بەشىرىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ ». شۇڭا « سۇ بويىدا » غا باھا بېرىش « زور ئەھمىيەتكە ئىگە. » 4 ـ سېنتەبىردە « خەلق گېزىتى » « ‹ سۇ بويىدا › غا باھا بېرىشنى قانات يايدۇرايلى » دېگەن تېمىدا باش ماقالە ئېلان قىلدى. باش ماقالىدە مۇنداق كۆرسىتىلدۇ: بۇ قېتىمقى « سۇ بويىدا » غا باھا بېرىش « دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ـ ئىدىيە سېپىدىكى يەنە بىر قېتىملىق زور كۈرەش، ماۋ جۇشىنىڭ نەزەرىيە ئۈگىنىش، شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، شىۋجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ تەركىبىي قىسمى »، « شىۋجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، ماۋ جۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشتا زور ۋە چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ». مۇشۇ باش ماقالىگە ئۇلاپلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللار بەس ـ بەستە ماقالە ئېلان قىلدى، شۇنىڭ بىلەن ئاتالمىش « ‹ سۇ بويىدا › غا باھا بېرىش » ھەرىكىتى كۆتۈرۈلدى. بىر كلاسسىك رومانغا باھا بېرىش مەسىلىسىنىڭ ئۆزگىرىپ « سىياسىي ئىدىيە سېپىدىكى بىر قېتىملىق زور كۈرەش » كە ئۆزگىرىپ قېلىشى پەقەت « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىلا كۆرۈلىدىغان ئىنتايىن مەنتىقىسىز ۋە غەلىتە ئىش ئىدى.

جياڭ چىڭ قاتارلىقلار « سۇ بويىدا » غا باھا بېرىشتىن يەنە باشقا بىر تېمىنى شاخلىتىپ چىقتى، جياڭ چىڭ ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرىدا

مەدەنىيەت مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى يۈي خۇيىۇڭ قاتارلىق مۇرتلىرى بىلەن يىغىن ئېچىپ مۇنداق دېدى : « جۇ شىنىڭ ‹ سۇ بويىدا › تونۇ- رىسىدىكى يولىيورۇقى رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ، ‹ سۇ بويىدا › غا باھا بې- رىشنىڭ ئەجەللىك يېرى چاۋگەينىڭ قۇرۇق جازا بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەنلىكىدە ، ھازىر پارتىيە ئىچىدە بەزىلەر ماۋ جۇشىنى قۇرۇق جاھازىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى . » 12 ـ سېنتەبىردە جياڭ چىڭ مەملىكەتلىك داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنىغا قاتناشقان پۇرسەتتىن پايدى- لىنىپ ، شەنشى ئۆلكىسى داجەي دادۇيدىكى ئاممۇى يىغىنىدا « سۇ بو- يىدا » مەسىلىسىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى : « سىلەر ‹ سۇ بويىدا › غا باھا بېرىشنى پەقەت ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى باھا مەسىلىسى دەپ چۈ- شىنىپ قالماڭلار ، يولداشلار ، ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ . ياق ، بۇ نوقۇل ئەدەبىيات ـ سەنئەتتىكى باھا مەسىلىسى ئەمەس ، بۇ نوقۇل تارىخىي ئەھمىيەتكىلا ئىگە بولۇپ قالماستىن ، ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ رېئال ئەھ- مىيەتكە ئىگە . چۈنكى ، پارتىيىمىز ئىچىدە ئون قېتىم لۇشيەن كۈرىشى بولدى ، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە بولىدۇ ، دۈشمەنلەر نىقابىنى ئۆزگەرتىپ پارتىيىمىز ئىچىگە يۇشۇرۇنۇۋالىدۇ » جياڭ چىڭ ، سۇڭ جياڭ « تاغقا چىقىپلا چاۋگەينى قۇرۇق جاھازىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى » ، « رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋالدى » دەپ تەكىتلىدى . ئۇ ئىنغۋا توقۇپ مۇنداق دېدى : « بەزىلەر ماۋ جۇشىنىڭ ماركسىزمنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسىنى يوققا چىقىرىشقا پېتىنىۋاتىدۇ ، سىلەر بۇلارنى پەرقلەندۈرۈ- ۋېلىڭلار ! سۇڭ جياڭنىڭ چاۋگەينى جان ـ جەھلى بىلەن چەتكە قاق- قانلىقىنى ، قۇرۇق جاھازىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىنى بىلىشىڭلار كېرەك . » 17 ـ سېنتەبىردە داجەيدە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى 100 دىن ئارتۇق كىشى بىلەن سۆھبەتلەشكەندە يەنە مۇنداق دېدى : ‹ سۇ بويىدا › نىڭ ئەجەللىك يېرى چاۋگەينى چەتكە قاققانلىقى ، چاۋ گەينى قۇرۇق جازىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقى ، تەسلى- مچىلىك قىلغانلىقىدا . سۇڭ جياڭ بىر توپ يەرلىك زومىگەر ۋە ئېزىت- قۇلارنى ، پارىخور ئەمەلدارلارنى يىغىپ ھەرقايسى مۇھىم ئورۇنلارنى ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

گىلىۋېلىپ ، چاۋ گەيىنى قۇرۇق جاھازا قىلىپ قويدى . » جياڭ چىڭنىڭ « قۇرۇق جاھازا چاۋگەي » دېگەننى قايتا ــ قايتا تەكىتلىشىدىكى مەقسىتى ، ئېنىقكى جۇ ئېنلەي ، دېڭ شياۋپىڭغا « ماۋ جۇشىنى قۇرۇق جاھازىغا ئايلاندۇرۇپ قويدى » دەپ بوھتان چاپلاش ئىدى . ئۇ 4 ــ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدىن كېيىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بەزى پېشقەدەم كادىرلارغا « زومىگەر ۋە ئېزىتقۇلار بىر بولۇپ مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىنى ئىگىلىۋالدى » دەپ بوھتان چاپلىدى . جياڭ چىڭ يەنە مەملىكەتلىك يېزا ئىگىلىكىدە داجەيدىن ئۆگىنىش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىنى كانايى ــ رادىئولازدا ئاڭلىتىشنى ، سۆزىنى بېسىپ تارقىتىشنى تەلەپ قىلدى . ماۋ زېدۇڭ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن جياڭ چىڭنىڭ سۆزىنى « قۇرۇق گەپ ، كاللا دېسە پاقالچاق دەپتۇ » دەپ ئەيىبلىدى ۋە ئېنىق قىلىپ : « سۆزىنى تارقاتماڭلار ، ئۈنئالغۇ لېنتىسىنى قويماڭلار ، سۆزىنى باسماڭلار » دەپ يوليورۇق بەردى . بۇنىڭ بىلەن خورىكى ئۆسۈپ كەتكەن « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » يەنە بىر قېتىم دەككىسىنى يېدى . ئەمما ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » بۇنىڭغا تەن بەرمىدى . ئۇلار چوڭقۇر پىلانلاش ۋە ماۋ زېدۇڭغا ھەر تەرەپتىن گەپ توشۇش نەتىجىسىدە ئۇزۇن ئۆتمەي دېڭ شياۋپىڭنى يەنە بىر قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى .

### 3 . تۇساتتىن پەيدا بولغان « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شاماللىغاقايتۇرما زەربە بېرىش ھەرىكىتى »

ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەر تەرتىپكە سېلىنىغاندا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا يۇرگۈزۈلگەن نۇرغۇن خاتا سىياسەتلەرنى تىلغا ئالماي بولمايتتى ، بۇ خاتا سىياسەتلەرنى پەيدىنپەي بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا كۆزەتمەي بولمايتتى . كەڭ كادىر ۋە ئامما بۇنىڭدىن رازى بولغان ، غايەت زور ئۈمىد كۆتكەنىدى . ئەمما ، « مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى » دىكى خاتالىقلار بىرقەدەر سىستېمىلىق ، تۈزىتىش « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ غالجىرانە قارشىلىقىغا ئۇچرايتتى . بۇنىڭغا ماۋ زېدوڭمۇ يول قويمايتتى . بۇ خىل قاتتىق قارشىلىشىش ئاخىر 1975 ـ يىلى نويابىردا پارتلىغان « دېڭ شياۋپىڭگە ﭘﯧﭙەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چى- قاردى . ئەمما ، بۇ ھەرىكەت باشلانغاندا يا يىغىن ئېچىلىپ رەسمىي مۇزاكىرە قىلىنمىدى ، يا مەركەز رەسمىي ھۆججەت تارقاتمىدى ، پەقەت بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بې- رىپ ماۋ زېدوڭنىڭ بىر تەستىقىنى يەتكۈزۈش بىلەن باشلاندى ، كېيىن پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيدى . بىر مەيدان مەملىكەت خاراكتېردىكى پى- پەن قىلىش ھەرىكىتىنى مۇشۇنداق ئۇسۇل بىلەن قانات يايدۇرۇش كەڭ ئاممىنى تاسادىپىيلىق ھېس قىلدۇردى .

ئىشنىڭ جەريانى قانداق بولغان ؟

ماۋ زېدوڭ « 13 ـ سېنتەبىر » ۋەقەسىنىڭ زەربىسىدىن ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغاندىن كېيىن سالامەتلىكى ياخشى بولمىدى ، كېسىلى بەزىدە يېنىك بولسا ، بەزىدە ئېغىرلىشىپ كەتتى . ئەمما ، ئۇ مەيلى ئاغ- رىق ۋاقتىدا بولسۇن ، ياكى دەم ئېلىۋاتقاندا بولسۇن ، پارتىيە ۋە دۆلەت- نىڭ چوڭ ئىشلىرىنى قارار قىلىش ۋەزىپىسىنى ئوخشاشلا ئۈستىگە ئال- دى . 1975 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئۇنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئې- غىرلاپ كەتتى ، ھەرىكەت قىلىشى ، سۆزلىشى تەسلىشىپ قالدى . ماۋ زېدوڭنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ، ئۇنىڭ جىيەنى ماۋ يۈەنشىن ماۋ زېدوڭ بىلەن مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇرو ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىچىلىقنى تەيىنلەندى . ماۋ يۈەنشىن ماۋ زېدوڭنىڭ چوڭ ئىنىسى ماۋ زېمىنىڭ ئوغلى ئىدى . ئۇ ئەسلى خاربىن ھەربىي قۇرۇلۇش ئىنستىتۇتىدا ئوقۇ- غان ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋېشى بولغان ، كېيىن يەنە لياۋنىڭ ئۆلكىلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مەس- ئۇلى ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى لياۋنىڭ ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى بولغان ، ئۇنىڭ جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇناس-

ۋنتى ناھايىتى قويۇق ئىدى .

بۇ ئالاقىچىنىڭ بىكىتىلىشى بىلەن مەركەزنىڭ كۆندىلىك خىز-مەتلىرىگە مەسئۇل بولۇۋاتقان رەھبەرلەرنىڭ ماۋ زېدۇڭ بىلەن بىۋاستە ئالاقىلىشىشى تەس بولۇپ قالدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇشۇنداق ئەمەلىيەت-تىن ، ئامىدىن ، بولۇپمۇ مەركەزدىكى كۆپ سانلىق رەھبەرلەردىن ئاي-رىلىپ قېلىش ھالىتى ، ماۋ زېدۇڭنى پەقەت ماۋ يۈەنشىندەك ئادەملەرنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپلا ئۆتىدىغان قىلىپ قويماستىن ، يەنە توغرا ئۇمۇمىي ئەھۋالنى بىلىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قىلدى . « تۆت كىشىلىك گۇ-رۇھ » ، ماۋ يۈەنشىنلەر ماۋ زېدۇڭنىڭ دەل مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلى-نىپ ، ئەھۋالنى نۇرغۇن قېتىم بۇرمىلاپ ، قۇتراتقۇلۇق خاراكتېرىدە دوكلات قىلدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ شەيئىلەرگە بولغان پەرىزىگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتا سىياسەت چىقىرىشىدا زور سەلبىي رول ئوينىدى . جۇڭگودەك چوڭ دۆلەتتە ، شۇنچە نۇرغۇن مۇرەككەپ شەي-ئىلەرگە ئاخىرىدا كېسىلى ئېغىرلاشقان ، تەركىدۇنيا دېگۈدەك ھالەتتە ياشاۋاتقان بىر بوۋاينىڭ ھۆكۈم قىلىشىغا قاراشلىق بولۇپ قېلىشى ، رەھبىرىي كادىر ئۆمۈرلۈك بولۇش تۈزۈمىنىڭ نۇقسانلىرىنى ، مانا مۇشۇ چاغدا ناھايىتى بىۋاستە ، ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ بەردى .

1975 ـ يىلى 28 ـ سېنتەبىردە ، ماۋ يۈەنشىن ماۋ زېدۇڭغا ئەھۋاللارنى دوكلات قىلىۋېتىپ : « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قارشى بىر خىل شامال ، 72 ـ يىلدىكى چېكىدىن ئاشقان سولچىللىقنى تەنقىد قىل-غان چاغدىكىدىنمۇ كۈچلۈك شامال بار . مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا قانداق قاراش كېرەك ، نەتىجىسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرامدۇ ياكى خاتا-لىقىمۇ ، بۇ مەسىلىدە ئىختىلاپ بار . لېۇ شاۋچىنى يەنە پىپەن قىلامدۇق ، يوق » ، « ھازىر ئانچە كۆپ تىلغا ئېلىنمايدىغان بولۇپ قالدى ، گەپ چىقىسىلا ئۈچ يوليورۇقنى تۇتقا قىلىمىز دېيىشىدۇ ، مەن بۇنىڭغا قوشۇل-مايمەن . سىنىپىي كۈرەش ، لۇشيەن كۈرىشى تۇتقا . ئەمەلىيەتتە بىرلا يوليورۇق قېپقالدى ، يەنە ئىشلەپچىقىرىشنى يۇقىرى كۆتۈرۈش » دېدى . ئۇ : « مەن مەركەزدىن ئەندىشە قىلىمەن ، يەنە قايتىلىنىش بولۇشىدىن

قورقىمەن » دېدى . 2 ـ نويابىر كۈنى ماۋ يۈەنشىن ماۋ زېدۇڭغا دوكلات قىلغاندا يەنە : « بەزى يولداشلار بىر يەرگە جەم بولسىلا مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ يامان تەرىپى ھەققىدە سۆزلىشىدۇ ، كوتۇلدايدۇ . بەزىلەر مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى گويا بىر ئاپەتتەك كۆرىدۇ » ؛ « مەن يولداش شياۋپىڭنىڭ سۆزلىرىگە ناھايىتى دىققەت قىلىمەن . بىر مەسىلىنى بايقاپ قالدىم ، ئۇ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىلىرىنى ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدىكەن ، ليۇ شاۋچىنىڭ شيۇجىڭجۇيى لۇشيەنىنى پىپەن قىلىشنىمۇ ناھايىتى ئاز تىلغا ئالىدىكەن » ؛ « بۇ يىلدىن بۇيان ، ئۇنىڭ نەزەرىيىنى قانداق ئۆگىنىش ، « سۇ بويىدا » نى قانداق تەنقىد قىلىش ، شيۇجىڭـ جۇيىنى قانداق پىپەن قىلىش توغرىسىدا سۆزلىگەنلىكىنى ئاڭلىمىدىم » دېـدى . مـاۋ زېدۇڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ليۇ بىڭ قاتارلىقلارنىڭ چـى چۈننى پاش قىلىپ يازغان خېتىنى ماۋ يۈەنشىنگە كۆرسەتكەندە ، ماۋ يۈەنشىن چى چۈننى ئاقلاپ ، چى چۈن « جوشىنىڭ ماڭارىپ ئىنـ قـىلابى لۇشيەنىنى ئىجرا قىلىشتا خېلى قەتئىي ، ئون ئۇلۇشنىڭ يەتتە ئۇلۇشى ياخشى » دېگەن .

ماۋ يۈەنشىنىنىڭ يۇقىرىدەك قۇتراتقۇلۇق خاراكتېردىكى دوكلاتى ماۋ زېدۇڭنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى . ماۋ زېدۇڭ : « ئىككى خـىل پوزىتسىيە بار . بىرى ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا نارازى بولۇش ؛ يەنە بىرى ، ھېساب ـ كىتاب قىلىش ، يەنى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ھېساب كىتابىنى قىلىش » دېدى . دېمەك ، بۇ چاغدا ماۋ زېدۇڭ « مەدەـ نـىيەت زور ئىنقىلابى » غا تۇتقان پوزىتسىيە مەسىلىسى بىلەن ، دېڭ شـ ياۋپىڭ باشچىلىق قىلىۋاتقان تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى باشقىدىن باـ ھالىماقچى ۋە ئۆلچىمەكچى بولغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ . ئۇ باشقىلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئىنكار قىلىشقا قەتئىي تاقەت قىلىپ تۇرالمايتتى . ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە ، سىياسىي بيۇرونىڭ بىر قىسىم ئـەزالـىرى نـەچچە قېتىم يىغىن ئېچىپ ، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى » ، دېڭ شياۋـ پىڭنى خاتا تەنقىد قىلدى ھەمدە ئۇنىڭ بىر قىسىم خىزمەتلىرىنى توخـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تىتىپ ، ئۇنى پەقەت « تاشقى ئىشلارنىلا باشقۇرۇش » قا بەلگىلەپ قويدى .

**« ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شاماىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ھەرىكىتى » جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىن باشلاندى**

3 ـ نويابىردا ، جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومى كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچتى . پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ 1 ـ شۇجىسى ۋۇدې ماۋ زې دوڭنىڭ ليۇ بىڭ قاتارلىقلارنىڭ خېتىگە سالغان تەستىقىنى يەتكۈزدى . تەستىقتا مۇنداق دېيىلگەنىدى : « جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ليۇ بىڭ قاتارلىقلار خەت يېزىپ چى چۈن ۋە شياۋ شېنى ئەرز قىپتۇ . ئۇلارنىڭ خېتىنىڭ تىغ ئۇچى ماڭا قارىتىلغان . »

جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى ليۇ بىڭ قاتارلىقلار 13 ـ ئاۋغۇستتا ۋە 13 ـ ئۆكتەبىردە ئىككى قېتىم ماۋ زېدوڭغا خەت يېزىپ ، شۇ چاغدىكى جۇڭگو ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى چى چۈن ، مۇئاۋىن شۇجىسى شې جىڭيىلارنىڭ خىزمەت ئىستىلى ۋە ئاما بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى بەزى مەسىلىلەرنى ئىنكاس قىلغانىدى . ئاساسلىقى ، ئادەتتىكى خىزمەتلەردە ئۆكتەم ، ئۆزۈمچى ، ھوقۇق تالىشىدۇ ، بولۇپمۇ چى چۈن پارتىيىنىڭ 10 ـ قۇرۇلتىيىدا مەركىزىي كومىتېت ئەزاسى بولالمىغانلىقى ، 4 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا مىنىستىر بولالمىغانلىقى ئۈچۈن بەك نارازى بولۇپ يۈرىدۇ ، مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارنى ئوچۇق ـ ئاشكارا تىللايدۇ ، شۇڭا بەك يامان تەسىر پەيدا قىلدى ، دېگەندەك گەپلەر يېزىلىپ ، مەركەزنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ تەكشۈرۈپ ھەل قىلىشى تەلەپ قىلىنغانىدى . بۇ خەت دېڭ شياۋپىڭ ئارقىلىق تاپشۇرۇلغانىدى . بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ توغرا تەشكىلىي رەسمىيەت بىلەن ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسىگە ئۆزلىرىنىڭ ئورنىدىكى مەسئۇل خادىمىنىڭ مەسىلىسىنى ئىنكاس قىلىشى ، پارتىيە نىزامنامىسىدىكى پرىنسىپلارغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىش بولۇپ ، پارتىيە تۇرمۇشىدىكى نورمال

هادىسە ئىدى . هالبۇكى ، ماۋ زېدۇڭ بۇ ئىككى پارچە خەتنىڭ مەقستى
توغرا ئەمەس ، چى چۈن ، شې جىڭيىلارنى يوقىتىش ئارقىلىق ، تىغ
ئۇچىنى ماڭا ( ماۋ زېدۇڭغا ) قاراتماقچى بولغان ، دەپ ئويتتۇرىغا قوي-
دى . دېڭ شياۋپىڭنىڭ لىۇ بىڭ قاتارلىقلارنىڭ خېتىنى ئېلىپ كېلىشى ،
ئۇلارغا يـان باسقانلىق ، قوللىغانلىق دەپ تونۇلدى . بۇنداق هۆكۈم قى-
لىش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس ئىدى .
چـىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ تەستىقى يەتكۈزۈلگەنـ
دىـن كـېيىن ، « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىپ ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇ-
رۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » هەرىكىتى باشلاندى . ئالدىدا
پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى دائىرىسىدە لىۇ بىڭ قاتارلىقلار پىپەن
قـىلىندى ، ئارقىدىن تەشكىللىك هالدا ئومۇمىيۈزلۈك چوڭ خەتلىك گې-
زىت چاپلىنىپ ، يۇقىرىغا باغلاپ تۆۋەندىن تۇتۇش ئېلىپ بېرىلدى .
تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىنى ئاكتىپلىق بىلەن ئېلىپ بارغان تۆمۈريول
مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى ۋەن لى ، مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىس-
تىرى جۇ رۇڭشىن ، پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مەسئۇلى خۇ ياۋباڭ قاتار-
لىقلارنىڭ هەممىسىنى ئوتتۇرىغا چىقاردى ، ئاخىرىدا دېڭ شياۋپىڭغا باغ-
لىدى . ئېكسكۇرسىيە قىلىش ، چوڭ خەتلىك گېزىتلەرنى تارقىتىپ
كۆرستىش ، ماتېرىيال تارقىتىش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن بۇ هەرىكەت
بـاشـقا ئالىي مەكتەپلەرگە ۋە مەملىكەتنىڭ هەرقايسى جايلىرىغا تارىدى .
نويابىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ماۋ زې-
دۇڭنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ، بېيجىڭدا ئۇقتۇرۇپ قويۇش يىغىنى ئاچتى .
يىغىنغا پارتىيە ، هۆكۈمەت ، ئارمىيە ئورگانلىرىدىكى بىر قىسىم پېشقەدەم
رەهبەري يولداشلار بولۇپ 130 دىن كۆپرەك ئادەم قاتناشتى . يىغىندا ماۋ
زېدۇڭ كۆرۈپ تەستىقلىغان « ئۇقتۇرۇپ قويىدىغان سۆزلەرنىڭ مۇهىم
نۇقتىلىرى » ئوقۇلدى . ئۇ هۆججەتتە مۇنداق دېيىلگەنىدى : « چىڭخۇا
ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لىۇ بىڭ قاتارلىقلار . . .
پىتنە ـ پاسات توقۇش ، ئاق ـ قارىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىشتەك ۋا-
ستىلەرنى قوللىنىپ ، 1968 ـ يىلى ئىيۇلدا ئىشچىلار تەشۋىقات ئەترىتىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باشلاپ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرگەن، ھازىرقى چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى پارتكومىنىڭ شۇجىسى يولداش چى چۈنگە، مۇئاۋىن شۇجىسى يولداش شې جىڭيىغا قارا چاپلىغان، ئەمەلىيەتتە ئۇلار تىغ ئۇچىنى ماۋ جۇشىغا قاراتقان». «چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىدا كۆرۈلگەن مەسىلە ھەرگىز يەككە ـ يېگانە ئەمەس، ھازىر ئىككى سىنىپ، ئىككى يول، ئىككى لۇشيەن كۈرىشىنىڭ ئىنكاسى. بۇ ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلى»؛ «بەزىلەر بۇ قېتىمقى مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا نارازى بولۇپ كەلدى، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ھېساب ـ كىتابىنى قىلماقچى بولدى، ئەنزە ئاغدۇرماقچى بولدى».« ماۋ جۇشى بەزى يولداشلارغا يېڭى خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن ئۇقتۇرۇپ قويايلى، دەپ يوليورۇق بەردى».« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىنى بازا قىلىپ كۆتۈرگەن دولقۇنى، گەرچە خېلى زور تەسىر كۆچى بولسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىن قوزغاتقان ھەرىكەت ھېسابلانمىغانىدى. ئەمما، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئۇقتۇرۇپ قويۇش يىغىنى ئېچىشى، مەركەزنىڭ بۇ ھەرىكەتنى قوللايدىغانلىقىنى ۋە مۇقىملاشتۇرغانلىقىنى ئىپادىلىدى، بۇنىڭ بىلەن «ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتى پۈتۈن مەملىكەتكە تېزلىك بىلەن تارىدى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىسمىنى ئاتىماسلىقتىن ئاتاشقا كۆچتى.

### جۇ ئېنلەينىڭ ۋاپاتى ۋە رەھبەرلەرنى باشقىدىن بېكىتىش

جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئاسمان بوشلۇقىنى يەنە بىر قېتىم قارا بۇلۇت قاپلاپ، ھەممە يەرنى «دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» نىڭ شاۋقۇنى بېسىپ كەتكەن چاغدا، خەلق ئۆزلىرىنىڭ زور ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىنى باغلىغان بىر يوغان يۇلتۇز ئۆز ئورنىدىن قوزغىلىپ چۈشۈپ كەتتى.

1976 ـ يىلى 8 ـ يانۋاردا جۇڭگو كومپارتىيىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئىنـ

قىلاىچىسى ، سىياسەتچىسى ، ھەربىي مۇتەخەسسىسى ۋە دىپلوماتى بولغان
جۇ ئېنلەي ئالەمدىن ئۆتتى . جۇ ئېنلەي جۇڭگو خەلقىنىڭ ئازادلىق
ئىشلىرى ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە
كۈرەش قىلغان ، ئۆزىنىڭ پۈتۈن كۈچى ۋە زېھنىنى خالىس ئاتا قىلـ
غان . ئۇ پارتىيە ۋە خەلق ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ، بىرلىكسەپنى تەـ
رەققىي قىلدۇرۇش ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەمـ
لەش ، جۇڭگو خەلقىنىڭ دۇنيا خەلقى بىلەن بولغان دوستلۇقىنى ئىلـ
گىرى سۈرۈش ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپە قوشۇپ ، زور خىزمەت
كۆرسەتتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ، ئۇ لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ
ئەكسىلئىنقىلابى گۇرۇھىنىڭ بۇزغۇنچىلىقى بىلەن ھەرخىل شەكىللەرـ
دىكى كۈرەشنى ئېلىپ باردى . ئۇ ئىنتايىن مۈشكۈل شارائىتتىمۇ پارتىيە
ۋە دۆلەت ئۈچۈن نۇرغۇن پايدىلىق خىزمەتلەرنى قىلدى . ئۇ « مەدەنىـ
يەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياننى ئىمكان بار ئازايتىش
ئۈچۈن ، نۇرغۇن پارتىيىلىك ، پارتىيىسىز كادىرلارنى قوغداش ئۈچۈن
ئاجايىپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى . ئۇنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن پارتىيە ۋە
پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى زور قايغۇغا سالدى .

8 ـ يانۋاردا مەركەز ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى « يولداش جۇ
ئېنلەينى دەپنە قىلىش ھەيئىتى » نى تەشكىللىدى . 9 ـ يانۋاردا ، پارتىيە
مەركىزىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن « يولداش جۇ ئېنلەينى تەنتەنىلىك
دەپنە قىلىش » توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى . پارتىيە ، ھۆكۈمەت
رەھبەرلىرى ۋە پايتەختتىكى ھەر ساھە ئاممىسى بولۇپ ئون مىڭدىن
ئارتۇق ئادەم جۇ ئېنلەينىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشتى . 15 ـ يانۋاردا ،
خەلق سارىيىدا بەش مىڭ ئادەم قاتناشقان جۇ ئېنلەينىڭ تەزىيە يىغىنى
ئېچىلدى . تەزىيە نۇتقىنى دېڭ شياۋپىڭ سۆزلىدى . ئۇ كۈنى پۈتۈن
مەملىكەتتىكى بايراقلار يېرىم چۈشۈرۈلۈپ ، بارلىق كۆڭۈل ئېچىش پائاـ
لىيەتلىرى توختىتىلدى . دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى : « يولداش جۇ
ئېنلەينىڭ ۋاپاتى ، پارتىيىمىز ، ئارمىيىمىز ۋە ئېلىمىز خەلقى ئۈچۈن ،
ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ،

خەلقئارادىكى جاھانگىرلىككە ، مۇستەملىكىچىلىككە ، زوراۋانلىققا قارشى تۇرۇش ئىشلىرى ئۈچۈن ۋە خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى ئۈچۈن ناھايىتى زور يوقىتىش . »

جۇ ئېنلەينىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ، كىمنىڭ گوۋۇيۈەن زۇڭلىسى بولۇشى ، كەڭ ئامما ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدىغان ئىش بولۇپ قالدى . مۇئاۋىن زۇڭلىلارنىڭ رەتى بويىچە قارىغاندا ، بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلى دېڭ شياۋپىڭ ئىدى . ئەمما ئۇ « ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » ھەرىكىتىدە ئاغدۇرۇلۇپ كېتىش ھالىتىدە تۇرغاچقا ، زۇڭلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭدىن قالسا جاڭ چۈنچياۋ ئىدى . ئۇ ئۆزىچە چاتاق يوق مەن بولىمەن دەپ ئويلاپ يۈردى ، ئۇنىڭ شاگىخەيدىكى مۇرىتلىرىمۇ ئالدىراپ ـ تېنەپ كوچىلارغا « جاڭ چۈنچياۋنىڭ زۇڭلى بولۇشىنى قارشى ئالىمىز » دېگەندەك شوئارلارنى چاپلىدى . ئەمما ، ماۋ زېدۇڭنىڭ باشقىچە خىيالىي بار ئىدى . ئۇ ئالتىنچى رەتتە تۇرغان مۇئاۋىن زۇڭلى خۇا گوفېڭنى زۇڭلىلىققا تاللىدى . 3 ـ فېۋرالدا ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى : « ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ كۆرسىتىشى ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ بىردەك ماقۇللىشى بىلەن يولداش خۇا گوفېڭ گوۋۇيۈەننىڭ مۇۋەققەت زۇڭلىلىقىغا تەيىنلەندى . . . يولداش يې جيەنيىڭ ئاغرىق مەزگىلدە يولداش چېن شىليەن مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدىغان بولدى » دېگەن ئۇقتۇرۇشنى تارقاتتى . خۇا گوفېڭ ئەسلى خۇنەن ئۆلكىلىك پارتكومدا خىزمەت قىلغان ، 1971 ـ يىلى گوۋۇيۈەنگە يۆتكىلىپ كېلىنىپ ، كەسپىي گۇرۇپپىغا مەسئۇل بولغان ، 1975 ـ يىلى گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى قىلىپ تەيىنلەنگەنىدى . 10 ـ قۇرۇلتايدىن كېيىن ، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى بولغان . ئۇ شۇ چاغدىكى « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش » تەك ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا ، پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي بولۇپ تەيىنلەنگەنىدى .

گوۋۇيۈەننىڭ مۇۋەققەت زۇڭلىلىقىغا جاڭ چۈنچياۋنى تاللىماي ،

نىمىشقا خۇا گوفېڭنى تاللايدۇ ؟ بۇ ھەقتە تا ھازىرغىچە ماۋ زېدۇڭنىڭ
قانداق ئويلىغانلىقىغا دائىر بىرىنچى قول ماتېرىيالنى كۆرمىدۇق . چەت
ئەلنىڭ بىر تەرجىمىھال ئەسەرلەرنى يازىدىغان يازغۇچىسى بۇ ئىشنى
مۇنداق تەھلىل قىلغان : « ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىۋاتقان ماۋ زېدۇڭنى
ئۆزىنىڭ گېپىگە كىرگۈزمەكچى بولغان « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئەل-
ۋەتتە خۇا گوفېڭدەك كىشىلەرگە ئانچە تونۇشلۇق بولمىغان ، باشقا يەر-
دىن چىققان سىياسەتچىنىڭ ھوقۇق تۇتۇشىغا يول ئېچىپ بېرىشنى ئوي-
لىمايدۇ . ئەمما ، ئۇلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭغا غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇ-
رۇشى خۇا گوفېڭنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولغان . . . خۇا گوفېڭنىڭ
پايدىلىق شەرتى ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر تەرەپكە تەۋە بولماي ، ئەكسىچە
ئۇزۇن مۇددەت ماۋ جۇشىغا چەكسىز سادىق بولغانلىقىدا » . شۇڭا ،
« ئۇ ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلارمۇ ۋە رادىكاللارمۇ قوبۇل قىلالايدىغان ئا-
دەم » . گەرچە « ئەمەلىي ئىش قىلغۇچىلار » ، « رادىكاللار » دېگەن
گەپ ئىلمىي بولمىسىمۇ ، بۇ چەت ئەللىك يازغۇچىنىڭ تەھلىلىنىڭ مەلۇم
داۋلىسى بار دېمەي بولمايتتى .
ئۇ ئۇقتۇرۇشنىڭ يەنە بىر ھەيران قالارلىق يېرى ، يې جيەنيىڭ-
نىڭ « كېسەل » ئىكەنلىكىنى پۈتۈن پارتىيىگە پارتىيە مەركىزىي كومى-
تېتىنىڭ ھۆججىتى شەكلىدە ئۇقتۇرۇش بولدى . ھالبۇكى ، ئۇ چاغدا يې
جيەنيىڭ ساغلام ئىدى . بۇنىڭ بىر خىل ئۆزگەرگەن ئۇسۇل بىلەن يې
جيەنيىڭنى « ئېسىپ قويۇش » بولۇپ ، ئۇنىڭغا ھەربىي ھوقۇقنى تۇت-
قۇزماسلىق ئىكەنلىكىدە شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى . بۇ « دېڭ شياۋپىڭنى
پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بې-
رىش » ھەرىكىتىدە قوللانغان بىر ناھايىتى مۇھىم تەشكىلىي تەدبىر
ئىدى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزىنىڭ يەتكۈزۈلۈشى

دېڭ شياۋپىڭ يېتەكچىلىك قىلغان تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى-
نىڭ ئۈنۈمى ھەممىگە ئېنىق بولۇپ ، پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىگە

www.uyghurkitap.com

ۋەكىللىك قىلىپ، كەڭ كادىر ۋە ئاممىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەنىدى. «دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» ھەرىكىتى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇن بولمايلا قالماي، يەنە خەلق رايىغىمۇ خىلاپ ئىدى، شۇڭا ئۇ باشلىنىش بىلەنلا كەڭ تۈردە ئوخشىمىغان شەكىلدىكى قارشىلىشىشلارغا ئۇچرىدى.

«ھەرقايسى ئۆلكە رەھبەرلىرىنىڭ ئىدىيىسىنىڭ ئويدانراق بۇرۇلۇشىغا ياردەم بېرىش» ئۈچۈن، ماۋ زېدۇڭنىڭ پىكرى بويىچە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى فېۋرالنىڭ بېشىدىن مارتنىڭ ئاخىرىغىچە، تۆركۈمگە بۆلۈپ ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى چوڭ ھەربىي رايونلارنىڭ مەسئۇللىرى يىغىنىنى ئېچىپ، «داۋاملىق ئۇقتۇرۇپ قويۇش» نى ئېلىپ باردى. يىغىندا، ماۋ يۈەنشىن رەتلەپ چىققان ماۋ زېدۇڭنىڭ 1975 ـ يىلى ئۆكتەبىردىن 1976 ـ يىلى يانۋارغىچە «دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش» كە ئائىت نۇرغۇن قېتىملىق سۆزلىرى يەتكۈزۈلدى.

بۇ سۆزلەردە، ماۋ زېدۇڭ «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا، قالغانلىرى تارماقلار»، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى نېمە قىلىدۇ؟ سىنىپىي كۈرەش قىلىمىدۇ» دېگەننى قايتا ـ قايتا تەكىتلىگەنىدى. ئۇ بەزى پېشقەدەم يولداشلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا نارازى، «ئۇلارنىڭ ئىدىيىسى يەنىلا بۇرژۇئازىيە دېموكراتىك ئىنقىلابى مەزگىلىدە تۇرغاچقا، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى چۈشەنمەيدۇ، قارشىلىشىدۇ، ھەتتا قارشى تۇرىدۇ» دەپ تونىغان، ئۇ يەنە، بۇنداق ئادەملەر «چوڭ ئەمەلدار بولۇۋېلىپ، چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. ئۇلار ئوبدان ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ، ماشىنىسى بار، مائاشى يۇقىرى، يەنە تېخى خىزمەتچىسى بار، كاپىتالىستلاردىنمۇ نوچى» دېگەن. ئۇ «سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب قىلىشتا، بۇرژۇئازىيىنىڭ نەدىلىكىنى بىلمەيدۇ، ئۇلار پارتىيە ئىچىدە، پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ھازىرمۇ ماڭماقتا» دېگەننى تەكىتلىگەن. ئۇ

ئۆزىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا بولغان ئومۇمىي كۆز قارىشىنى
ئېنىق ئىپادىلەپ » ئون ئۆلۈشنىڭ يەتتىسى نەتىجە ، ئۈچ ئۆلۈشى خاتا-
لىق » ، خاتالىق ئىككى يەردە ، « بىرى ، ھەممىنى يوقاتماقچى
بولغانلىق ؛ ئىككىنچىسى ، ئىچكى ئۇرۇش بولۇپ كەتكەنلىكى » .لېكىن ،
« ھەممىنى يوقىتىشتا ، بىر قىسىملىرى توغرا بولغان ، مەسىلەن ، ليۇ
شاۋچى ، لىن بياۋ گۇرۇھى ، بەزىلىرىنى خاتا يوقاتتۇق . مەسىلەن ،
نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار . بۇ ئادەملەردىمۇ خاتالىق بار ، ئۇلارنى كۆ-
رەش قىلىپ قويسا بولىدۇ . ئۇرۇش قىلمىغىلى ئون نەچچە يىل بولدى ،
ئومۇمىيۈزلۈك ئىچكى ئۇرۇش بولدى ، قوراللارنى بۇلاپ كەتتى ، كۆپىن-
چىسىنى تارقىتىۋەتتى . ئانچە ـ مۇنچە ئۇرۇشۇپ قويسىمۇ چېنىقىش بو-
لىدۇ » دېدى . بۇ سۆزلەر مەيلى نەزەرىيە جەھەتتىن بولسۇن ، مەيلى
ئەمەلىيەت جەھەتتە بولسۇن ، كىشىنى قايىل قىلمىقى تەس ئىدى .
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى « ھەممىنى يوقىتىش » ، « ئىچكى ئۇ-
رۇش قىلىش » خاتالىقى ئۆتكۈزدى دەپ ئىقرار قىلغانلىقى ، ئۇ ئومۇ-
مىيۈزلۈك ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن دېگەنلىك ئىدى ، ئەمما ئۇنىڭ ئۈچ
ئۆلۈش خاتالىقى بار دېگەن گەپنى قانداق چۈشەندۈرۈش مۇمكىن .

25 ـ فېۋرالدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئۇقتۇرۇپ قويۇش يىغىنىدا
خۇا گوفېڭ : « ھازىر ، دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىشنى ئوبدان قىلىشى-
مىز ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ شيۇجېڭجۇيى خاتا لۇشيەنىنى پىپەن
قىلىشىمىز ، مۇشۇ چوڭ نىشان ئاستىدا كەڭ كادىر ، ئاممىنى ئىتتىپ-
پاقلاشتۇرۇشىمىز لازىم . . . يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ مەسىلىسىنى ئىس-
مىنى ئاتاپ پىپەن قىلىشقا بولىدۇ » دېدى . 3 ـ مارتتا ، پارتىيە مەركى-
زىي كومىتېتى ماۋ زېدۇڭنىڭ « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭ-
چىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » توغرىسىدىكى
سۆزلىرىنى ۋە خۇا گوفېڭنىڭ 25 ـ فېۋرالدىكى سۆزىنى بېسىپ تارقات-
تى . شۇنىڭدىن كېيىن دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ھەرىكىتى پۈتۈن
مەملىكەتتىكى گېزىت ـ ژۇرناللاردا بەس ـ بەستە قانات يايدۇرۇلدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ھەرىكىتىنىڭ قانات يايدۇرۇلۇشى ۋە يامان ئاقىۋىتى

« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » ھەرىكىتىدە ئەڭ كۆپ كۈچ چىقارغان تەرغىباتچى ۋە ئاۋانگارت بولدى. ئۇلار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئەڭ ئالىي ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش پائالىيەتلىرىنى تېزلىتىپ، ئالدى بىلەن مەركەزلىك ھالدا دېڭ شياۋپىڭغا ھۇجۇم قىلدى.

7 ـ يانۋاردا جياڭ چىڭ سىياسىي بيۇرودا دېڭ شياۋپىڭغا تۆھمەت قىلىپ، « پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇشنى قىلدى، تىرىلدۇرۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ ئارقىغا چېكىندۇرمەكچى بولدى ھەمدە ئىككىنچى قېتىم ئاغدۇرۇپ تاشلاشتىن قورقمايلى، قېرى جېنىمىزنى تىكىپ قويايلى دەپ چاقىرىق قىلغان » دەپ داۋراڭ كۆتۈردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى چاقىرغان داۋاملىق ئۇقتۇرۇپ قويۇش يىغىنى مەزگىلىدە، جياڭ چىڭ 2 ـ مارت كۈنى ئۆزىلا 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىنى چاقىرىپ يىغىن ئاچقان، يىغىندا دېڭ شياۋپىڭنى « خائىن »، « كومپرادور بۇرژۇئازىيە »، « خەلقئارا كاپىتالىستلارنىڭ گۇماشتىسى » دەپ تىللىغان. جياڭ چىڭ: « دېڭ شياۋپىڭ . . . خام ئەشيانى ئېكسپورت قىلىپ، چەت ئەل كاپىتالىستلىرى بىلەن ئۆزئۆن مۇددەتلىك توختام تۈزگەن، باشقا ئىشلارمۇ بار. ئۇ يەنە، خاڭجۇ، سۇجۇ، يەنە گۇاڭجۇنى، يەنە باشقا نۇرغۇن يەرلەرنى چەت ئەللىكلەر ساياھەت قىلىشقا، يەپ ـ ئىچىپ، ئويناپ، كۈلۈشكە ئېچىپ بېرىپ، تاشقى پېرېۋوت تاپايلى، دېگەن » دېدى. بۇلار ئەسلىدە چەتكە ئېچىۋېتىش بولۇپ، چەت ئەل بىلەن بولغان سودىنى كېڭەيتىدىغان توغرا تەدبىر ئىدى، ئەمما بۇ ئىشلار جياڭ چىڭنىڭ كۆزقارىشىچە « پۈتۈنلەي كومپرادور بۇرژۇئازىيىنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان ئىش » بولۇپ قالدى. جياڭ چىڭ يەنە بىمەنىلەرچە داچىڭغا ئىمپورت قىلىنغان ئامېرىكا ئۈسكۈنىلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش كېرەك دەپ بىلجىر-

لىدى . ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبى « داچىڭ ماۋ جۇشى تىكلىگەن
مۇستەقىل ، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش
كۆرۈشنىڭ ۋەكىلى بولغان ئىلغار ئورۇن . . . چەت ئەل ئۇسكۇنىلىرىنى
داچىڭدا قۇراشتۇرساق ، جۇڭگولۇقلارنىڭ يۈزى كېتىدۇ . چەت ئەللىك-
لەر ئېكسكۇرسىيە قىلسا ، ئامېرىكىلىقلارنىڭ ئۇسكۇنىلىرى تۇرسا-
ئۇلارنى بۇزۇۋېتىڭلار دەۋاتىمەن » . جياڭ چىڭ سۆزىدە ئۆزىنىڭ سى-
ياسىي ئارزۇسىنى ئىپادىلەشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى . ئۇ : لۇخۇ بىلەن ۋۇ-
زېتيەن « فېئوداللىقنىڭ ئىككى نەپەر ئۇلۇغ سىياسەتچىسى ، ئۇلار ئەرلەر-
دىنمۇ يامان ، ئۇلار يەنە كېلىپ قانۇنچىلار » ، بەزىلەر لىن بياۋغا خەت
يېزىپ مېنى ۋۇزېتيەن دەپتۇ ، يەنە بەزىلەر مېنى لۇخۇ دەپتۇ ، مەن بۇنى
بەكمۇ شەرەپ دەپ بىلىمەن » دېگەندەك گەپلەرنى قىلغان . شۇنىڭ بى-
لەن بىرگە ، جاڭ چۇنچياۋمۇ دېڭ شياۋپىڭنى كۆپ قېتىم ھاقارەت-
لەپ « مونوپول بۇرژۇئازىيە » ، « ئىچكى جەھەتتە شيۇجېڭجۇيى بىلەن
شۇغۇللانغان ، تاشقى جەھەتتە تەسلىمچىلىك قىلغان » دېگەن .

شۇ مەزگىللەردە ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بىۋاسىتە كونتروللۇقىدىكى
ماقالە يېزىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە گېزىت - ژۇرناللارغا كۆپرەك ماقالە
يېزىپ ، 1975 - يىلدىكى دېڭ شياۋپىڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئېلىپ بېرىل-
غان تەرتىپكە سېلىش خىزمىتىگە ئومۇميۈزلۈك ھۇجۇم قىلىش ، تۆھمەت
قىلىش ۋە ئىنكار قىلىش توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى . بۇ جەھەتتە چى
چۈن بىۋاسىتە قوماندانلىق قىلىدىغان « لياڭ شياۋ » ( چىڭخۇا ئۇنى-
ۋېرسىتېتى ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىپەن گۇرۇپپىسى ) ناھايىتى
قەبىھ رول ئوينىدى . ئۇلار جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى-
نىڭ « بىر ساھە ، بىر ساھە بويىچە پىپەن قىلىڭلار » ۋە « كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنى قاتلاممۇ قاتلام تۇتۇڭلار » دېگەن سىيا-
سەتى بويىچە ، ئالدى بىلەن « مائارىپ ئىنقىلابىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆز-
گەرتىشكە بولمايدۇ » دېگەن ئەكسىيەتچى ماقالىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ ،
مائارىپ ساھەسىدىن يوچۇق ئاچماقچى بولدى . ئارقىدىنلا « پەن -
تېخنىكا ساھەسىدىكى ئوكچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە

www.uyghurkitap.com

بېرەيلى » ، « ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىنقىلابىنى ئىنكار قىلىش كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش ئۈچۈن » دېگەندەك ئەكسىيەتچى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى . 1976 ـ يىلى فېۋرالدا ، يەنە « سىنىپىي كۈرەش تۇتقا ، قالغانلىرى تارماقلار » دېگەندەك ئەكسىيەتچى ماقالىلەرنى ئېلان قىلىپ ، دېڭ شياۋپىڭنى « ئەنزە ئاغدۇرۇش » ، « تىرىلدۈرۈش » نىڭ غول يىلتىزى ، « باش ۋەكىلى » ، « ئۆزگىرىشنى خالىمىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ئەڭ چوڭ ھوقۇقدار » دېگەنلەر بىلەن بىۋاستە ھاقارەتلىدى . پەقەت « لياڭ شياۋ » لا 1975 ـ يىلى سېنتەبىردىن 1976 ـ يىلى ئۆكتەبىرگىچە 60 پارچىدىن ئارتۇق ئەكسىيەتچى ماقالە ئېلان قىلدى . بۇنىڭ 39 پارچىسى « خەلق گېزىتى » ، « نۇر گېزىتى » ، « بېيجىڭ گېزىتى » قاتارلىق گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىندى . بەزىلىرى شىنخۇا ئاگېنتلىقى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە رادىئودا ئاڭلىتىلدى . ئۇلار يەنە ئۆز ئالدىغىلا « دېڭ شياۋپىڭ سۆزلىرىدىن پارچە » ، « دېڭ شياۋپىڭ سۆزلىرى بىلەن ماركس ، لېنىن ، ماۋ زېدۇڭ تەلىماتلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى » ، « دېڭ شياۋپىڭ ۋە پۇرسەتپەرەسچىلەر سۆزلىرىنىڭ سېلىشتۇرمىسى » قاتارلىق ماتېرىياللارنى بېسىپ ، ھەرخىل ئۇسۇللار بىلەن پۈتۈن مەملىكەتكە تارقاتتى . « لياڭ شياۋ » ۋە باشقا يېزىقچىلىق گۇرۇپپىلىرى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش » ئۈچۈن ئىت ـ مۈشۈك ئورنىدا ئىشلىدى . ئۇلارنىڭ قەلىمى بىلەن ھەرقايسى جەھەتلەردە ئېلىپ بېرىلغان تەرتىپكە سېلىش « ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلى » ، « كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈش » دېيىلدى ؛ تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش « بۇرژۇئازىيىنىڭ باشقىدىن تەختكە چىقىشى ئۈچۈن تويلۇق كىيىمى تىكىش » ، « سۈنئىي ھەمراھ ئاسمانغا چىقتى ، ئەمما قىزىل بايراق يىقىلدى » دېدى ؛ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش تەلىپى ۋە تەدبىرلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قىلىدۇ نەزەرىيىسى دەپ پىپەن قىلىشقا چاقىرىق قىلىندى ، ھەمدە « خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئىشلىمەسلىك » نى تەرغىب قىلدى .

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئېغىزغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى ، « تۆت كىـ
شىلىك گۇرۇھ » كۆپلەپ ماقالە يازدۇرۇپ جامائەت پىكرى توپلاپ ،
ھۇجۇم قىلىپ ، تۆھمەت چاپلاپ يۈرگەندە ، نۇرغۇن پېشقەدەم يولداشلار
كۈرەش قىلىندى ، پىپەن قىلىندى ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى . ئۇلار بىر
« پېشقەدەم كادىر دېگەنلىك دېموكراتلار دېگەنلىك ، دېموكراتلار دېگە-
نىمىزنىڭ ئۆزى كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار دېگەنلىك » دې-
گەن بىمەنە فورمۇلانى توقۇپ چىقتى . جاڭ چۈنچياۋ : « پارتىيىمىزدە ،
ئالدى بىلەن سىياسىي بيۇرو ئىچىدە بۇرژۇئازىيە بار ، كومپىرادور بۇرژۇ-
ئازىيە بار » دېدى . خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن پېشقەدەم كادىرلارنى
ھاقارەتلەپ « ئۆچ ئېلىشقا كەلگەنلەر » دەپ ، « گۇماشتىلار» نى ، « تىـ
رىلدۇرۇش تەرەپدارلىرى » نى قاتلامۇ قاتلام تۇتۇپ چىقىشقا قۇتراتقۇ-
لۇق قىلدى . مائارىپ مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى جۇ رۇڭشىننىڭ زىـ
يانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ »
نىڭ پېشقەدەم كادىرلاغا ۋەھشىيانە زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنىڭ تىپىك
مىسالى . 1976 ـ يىلى فېۋرالدا چى چۈن جاڭ چۈنچياۋنىڭ يوليورۇقى
بىلەن ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » مائارىپ مىنىستىرلىقىغا ئورۇنلاشتۇر-
غان مۇرىتلىرى بىلەن بىللە « مائارىپ مىنىستىرلىقى ۋاقىتلىق رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى » نى قۇرۇپ ، مىنىستىر جۇ رۇڭشىننىڭ ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي
تارتىۋالدى . ئارقىدىنلا جۇ رۇڭشىننىڭ كېسىلى ناھايىتى ئېغىرلىشىپ
كەتكەن تۇرۇقلۇقمۇ ، جۇ رۇڭشىننى كۈندە مائارىپ مىنىستىرلىقىغا بې-
رىپ كۈرەش قىلىشقا قاتنىششقا مەجبۇرلىدى . 12 ـ ئاپرېل كۈنى جۇ
رۇڭشىن كۈرەش يىغىنىدا ھوشىدىن كەتتى ، ئەمما ئۇلار ئۇنى ۋاقتىدا
دوختۇرخانىغا ئاپارمىدى ، كېيىن دوختۇرخانىغا ئاپارغان بولسىمۇ ، ۋاقـ
تىدا قۇتقۇزمىغاچقا شۇ كېچىسى ئۇ ئۆلۈپ كەتتى . خۇ ياۋباڭ ، ۋەن لى
قاتارلىقلارمۇ كۆپ قېتىم كۈرەش قىلىندى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى .

« دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش
شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » ، ھەرقايسى سەپلەردە تەرتىپكە سېلىش
ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن پەيدا بولغان مۇقىملىق ۋەزىيىتىنى بۇزۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تاشلىدى . تەرتىپكە سېلىش جەريانىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن توغرا سىياسەت ۋە تەدبىرلەر خالىغانچە پىپەن قىلىنىپ ، بىر تۈركۈم مۇشۇ سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرغان رەھبىرىي كادىرلار زەربىگە ئۇچرىدى ، تەرتىپكە سېلىشتا خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان ياكى يۆتكىۋېتىلگەن تەرەپبازلىقى كۈچلۈك ئادەملەر ۋە ئىسيانچىلارنىڭ كاتتىۋاشلىرى باشقىدىن ئىشلىتىلدى . بەزى رايونلاردا تەرەپبازلىق ۋە ئەلەم كۆرىشى باشقىدىن ئەۋج ئېلىپ كەتتى . نۇرغۇن رايونلاردا خىزمەت ، ئىشلەپچىقىرىش توختاپ قالدى . سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى پىلاننى ئورۇندىيالمىدى . 1976 ـ يىلى يانۋاردىن مايغىچە ، پولات 1 مىليون 230 مىڭ توننا ئاز ئىشلەپچىقىرىلدى . خىمىيىۋى ئوغۇت ، پاختا يىپ قاتارلىق باشقا سانائەتنىڭ ئاساسلىق مەھسۇلاتلىرى ئازىيىپ كېتىپ ، بازارنى تەمىنلەيدىغان تاۋار 1 مىليارد 400 مىليون يۈەن ئازلاپ ، بازارغا ئېغىر تەسىر كۆرسەتتى ، مالىيە كىرىمىمىز 2 مىليارد يۈەن ئازلاپ كەتتى . بۇلاردا گەرچە يەنە باشقا سەۋەبلەرنىڭ تەسىرى ، مەسىلەن ، تاڭشەن دىكى يەر تەۋرەش قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەسىرى بولسىمۇ ، لېكىن « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » نىڭ ئېلىپ بېرىلىشى ۋە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ، ئۇلارنىڭ مۇرتلىرىنىڭ ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرگە قىلغان توسقۇنلۇقى ۋە بۇزغۇنچىلىقى ، ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنىڭ شۇنداق بولۇپ قېلىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب .

## 4 . جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش ، تيەنئەنمېن ۋەقەسى

1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىللىق بوران ـ چاپقۇن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇقەددەس يورىقىنى پۈتۈنلەي يوق قىلدى ، گۈزەل ، قۇرۇق غايىلەرنىڭ ئورنىنى ئېچىنىشلىق تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئىگىلىدى ، ھەرخىل « ئۇلۇغ » غايىۋانە سۆزلەر ئەمدى كىشىلەرنى بۇرۇنقىدەك ھاياجانلاندۇرالمايدىغان بولۇپ قالدى . كۆپ ساندىكى كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىي كەچۈرمىشلىرىدىن « مەدەنىيەت زور

ئىنقىلابى » نىڭ تۈپ ماھىيىتىنى تەدرىجىي تونۇپ يېتىپ ، ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خام خىيال كۈتمەيدىغان بولدى . ئەكسىچە ، ھەر خىل نارازىـ لىقلار ، رەنجىشلەر ۋە غەزەپلەر بارغانچە كۆپەيدى . خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىنىڭ پارتىيىشى پەقەت ۋاقىت ۋە شارائىتقىلا باغلىق بولۇپ قالغانىدى .

« دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش » كەڭ كادىر ، ئاممىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ خاتالىقلىرىغا بولغان تونۇشىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈردى ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت كەلتۈرىدىغان ئەپت ـ بەشىرىسىنى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالدى . كىشىـ لەرنىڭ كۆڭلىدە ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ۋە تېزلىك بىلەن كۈچەيگەن گۇمان ، نارازىلىق ۋە غەزەپ ، ئاخىر تيەنئەنمېن ۋەقەسىدە بىراقلا پارتلاپ چىقتى . بۇنىڭ پىلىكى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ بېشى ۋە خەلقنىڭ ھۆرمەتلىك جۇ ئېنلەي زۇڭلىغا تەزىيە بىلدۈرۈشنى توسۇشى بولدى .

**« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ ئېقىمغا قارشى ھەرىكىتى**

جۇ ئېنلەينى دەپنە قىلغان مەزگىلدە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » خەلق بىلەن دۈشمەنلىشىپ ، ھەر تۈرلۈك چەكلىمىلەرنى بەلگىلەپ ، ئاممىنىڭ جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىگە قاتتىق توسقۇنلۇق قىلدى . ئاممىنىڭ ئۆزلۈكىدىن تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيىتىنى توسۇشتىن باشقا ، يەنە گېزىت ـ ژۇرناللارنى قاتتىق كونترول قىلىپ ، ئاممىنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈش ئەھۋالىنى خەۋەر قىلىشقا رۇخسەت قىلمىدى . 9 ـ يانۋار ، جۇ ئېنلەي ۋاپات بولغان كۈننىڭ ئەتىسى ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى ياۋ ۋېنيۈەندىن ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈش ئەھۋالىنى قانداق خەۋەر قىلىمىز ، جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرىدىغان ماقالىلەرنى قانداق ئېلان قىلىمىز ، دەپ يوليورۇق سورىسا ، ياۋ ۋېنيۈەن : « تەزىيە نۇتقى تېخى ئېلان قىلىنمىدى ، ئۇنداق ئىشلارنى ئېلان قىلماي تۇ.

رۇگلار ، تەزىيە نۇتقى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن قانداق خەۋەر قىلىش
مەسىلىسىنى شۇ چاغدا يەنە سوراگلار » دېگەن . ئۇنىڭ چەكلەش بۇيـ
رۇقى بىلەن 9 ـ يانۋاردىن 15 ـ يانۋار تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلگۈچە
بولغان ئالتە كۈن ئىچىدە ، پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى ۋە پايتەختـ
تىكى ئاما ۋەكىللىرىنىڭ جۇ ئېنلەينىڭ جەسىتى بىلەن ۋىدالاشقانلىقىـ
دىن ئىبارەت ئىككىلا خەۋەر ئېلان قىلىندى . مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى
جايلىرىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەزىيە بىلدۈرۈپ قىلغان تەسىرلىك
پائالىيەتلىرى بىرئازمۇ خەۋەر قىلىنمىدى . بولۇپمۇ 11 ـ يانۋاردىكى پايـ
تەختتىكى مىليونلىغان ئاممىنىڭ جۇ ئېنلەينىڭ جەسىتى سېلىنغان ماـ
شىنىنى كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ تۇرۇپ ئۇزىتىپ قويغانلىقىنى شىنخۇا
ئاگېنتلىقى مۇخبىرى كۆز يېشىنى تۆكۈپ تۇرۇپ يېزىپ چىققان بولـ
سىمۇ ، ياۋ ۋېنيۈەن ئېلان قىلدۇرمىغان . جياڭسۇ ئۆلكىسىدىكى
« ئىشچى ، دېھقان ، ئەسكەرلەر ئوبزورى » تەھرىر گۇرۇپپىسى « قىمـ
مەتلىك جۇ زۇڭلى مېيىۋەن يېڭى كەنتىدە » دېگەن ماقالىنى يېزىپ
چىققان ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » بۇنى « ئەكسىيەتچى ماقالە » دەپ ،
ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى سۈرۈشتۈرگەن . ئۇنىڭ بۇ خىل قەبىھ ھەرىـ
كەتلىرى كىشىلەرنىڭ چەكسىز غەزەپ ـ نەپرىتىنى قوزغىدى .
14 ـ يانۋار جۇ ئېنلەينىڭ تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلۈشىنىڭ ئالـ
دىنقى كۈنى ، « خەلق گېزىتى » بىرىنچى بېتىگە « چوڭ مۇنازىرە چوڭ
ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى » دېگەن تېمىدىكى مەخسۇس خەۋەرنى
ئېلان قىلىپ ، خەلقىنىڭ شۇ چاغدىكى ھېسسىياتىنى دەپسەندە قىلىپ ،
ھازىر پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى چىڭخۇا ئۇـ
نىۋېرسىتېتىدىكى « ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە
بېرىش » نىڭ چوڭ مۇنازىرىسى دېدى . ئۇنىڭدا : « ئىنقىلابىي چوڭ مۇـ
نازىرە كەڭ ئاممىنىڭ سوتسىيالىستىك ئاكتىپچانلىقىنى قوزغىدى ، ئۇلار
سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ ، ھەرقايسى خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشـ
لەشنى ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا زەربە بېرىشتىكى ئەمەلىي
قارىماقتا . ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقى ، ھەرقايسى

خىزمەتلەردىكى قىزغىن كەيپىياتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى » دېيىلگەنىدى .
نەتىجىدە ، ئاما خەت ، تېلېگراممىا ئارقىلىق قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى .
ھەتتا بەزىلەر خەت يېزىپ ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » خەلق گېزىتى
ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرغان ئاشۇ باش مۇھەررىرىنى « گېبلىر » ( گېر-
مانىيە فاشىستلىرىنى پىتنە ـ پاسات توقۇشقا ئۇستا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى ) دەپ تىللىغان .
13 ـ فېۋرالدا « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ يېزىقچىلىق گۇ-
رۇپپىسى « كۈكزىنىڭ غەم ـ قايغۇسى » دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ :
« كېيىنكى كۈكزى ، مىگزى مۇرىتلىرى . . . كۈكزىغا ئوخشاش ، ئۇلار-
نىڭ « دۆلەت ، خەلق ئۈچۈن غەم ـ ئەندىشە قىلىشى › پۈتۈنلەي دۆ-
لەتنى نابۇت قىلىش ، جاھاننى مالىماتاڭ ، خەلقنى خانىۋەيران قىلىش
بولۇپ ، سـىـپـى ئـۆزىـدىـن بولغان دۆلەت ، خەلققە بالايىئاپەت كەل-
تۈرۈش . . . ئۇلار كىشىلەرنى يېڭى شەيئىلەردىن گۇمانلاندۇرۇپ ، ئىن-
قىلابنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتى ۋە پارلاق ئىستىقبالغا بولغان ئىشەنچىد-
سىنى يوقاتماقچى » دېگەن ، ماقالىدە يەنە تەنە قىلغان تەلەپپۇز بىلەن :
« كونا تۈزۈمگە قارىلىق تۇتۇپ ياش تۆكۈۋاتقانلار كۈكزىنىڭ قۇرۇق
قاقشال بولغان جەسەت سۆڭەكلىرىنى قۇچاقلاپ غەم ـ قايغۇدا ئازابلى-
نىپ ، داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپ ئولتۇرىۋەرسۇن » دېيىلگەنىدى . ئۇلار جۇ
ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقان كەڭ ئاممىنى مەسخىرە قىلىپ « قارىلىق
تۇتۇپ ياش تۆكۈۋاتقانلار » دېگەنىدى .
5 ـ مارتتا شاڭخەي « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » شىنخۇا ئاگېنتلىقى
تارقاتقان شېنياڭ قىسىملىرىدىكى كوماندىر ـ جەڭچىلەرنىڭ لېي فېڭنى
خاتىرىلەش ھەرىكىتىنى يازغان بىر پارچە خەۋەرنى باسقاندا ، جۇ ئېن-
لەينىڭ لېي فېڭدىن ئۆگىنىش توغرىسىدىكى بېغىشلىمىسىنى قىسقارتىپ
چىقىرىۋەتكەن . 25 ـ مارتتىكى « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » نىڭ بىرىنچى بې-
تىدە ئېلان قىلىنغان ماقالىگە ، « پارتىيە ئىچىدىكى كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھېلىقى ھوقۇقدار ئاغدۇرۇپ تاشلانغان ، تا ھازىرغىچە ئۆزگە-
رىشنى خالىمىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارنى يۆلەپ تەختكە

چىقاردى » دېگەن جۈملە يېزىلغان بولۇپ، جۇ ئېنلەي ۋە دېڭ شياۋپىڭغا ئوچۇقتىن - ئوچۇق ھۇجۇم قىلغان. « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ئۇزاق مۇددەت « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ جامائەت پىكرى توپلايدىغان مۇھىم قورالى بولۇپ كەلدى. بۇ ئىككى پارچە ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىدى. شۇ نەچچە كۈن ئىچىدە « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » ئاممىنىڭ نارازىلىق بىلدۈرۈپ بەرگەن تېلېفونىدىن 1000 دىن ئارتۇقنى، نارازىلىق بىلدۈرۈپ يازغان خەت ۋە تېلېگراممىدىن 420 دىن ئارتۇقنى تاپشۇرۇۋالغان. ئەمما، جاڭ چۈنچياۋ قاتارلىقلار « ۋېنخۇيباۋ گېزىتى » دىن ئوچۇق - ئاشكارا ھال سوراپ، ئۇلارنى تەقدىرلىگەن. بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ئامما تېخىمۇ نەپرەتلەنگەن.

### ئاممىنىڭ يۈيخۇاتەي ۋە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قارشىلىق كۆرسەتتى

شاڭخەيگە يېقىن بولغان نەنجىڭ شەھىرىدىكى ئوقۇغۇچى ۋە ئامما ئالدى بىلەن كۆتۈرۈلۈپ چىقتى. 20 - مارت ۋە 28 - مارت كۈنلىرى نەنجىڭ شەھىرىدىكى نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار، ئىشچىلار ۋە ئاھالىلەر جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » قا قارشى تۇرۇش يۈزىسىدىن نامايىش ۋە يىغىلىش قىلدى، « ۋېنخۇيباۋ گېزىتىنىڭ ئارقا تېرىكىنى تارتىپ چىقمىغۇچە توختاپ قالمايمىز»، « چوڭ قارا نىيەت، سۇيىقەستچى جاڭ چۈنچياۋنى يوقىتايلى » دېگەندەك لوزۇنكىلارنى چاپلىدى ھەمدە بۇ لوزۇنكىلارنى بېيجىڭ، شاڭخەيلەرگە بارىدىغان پويىزلارغىمۇ يازدى. مارتتىن ئاپرېلنىڭ باشلىرىغىچە، خاڭجۇ، جىڭجۇ، شىئەن، تەييۈەن، فۇجۇ قاتارلىق شەھەرلەردىكى كەڭ ئامما چوكانتال بايرىمىدىكى ئىنقىلابىي قۇربانلارنى ئەسلەش ئەنئەنىۋى ئادىتىدىن پايدىلىنىپ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ توسقۇنلۇقلىرىنى بۇزۇپ، جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ باردى.

پايتەخت خەلقى مارتنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ ئۆزلۈكىدىن تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلىپ ، خەلق قەھرىمانلار مونارىسى ئالدىغا گۈلچەمبىرەكلەرنى ، گۈل سېۋەتلىرىنى قويدى ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرىنى چاپلىدى ، شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلدى ، نۇتۇق سۆزلىدى ، ئۇلار بۇ خىل شەكىللەر بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جۇ ئېنلەيگە بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلەپ ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ جىنايى قىلمىشلىرىنى قاتتىق ئەيىبلىدى . نۇرغۇنلىغان شېئىرلاردا كۈچلۈك ھېسسىيات ۋە سىياسىي مەزمۇن بولغاچقا ، كەڭ ئاممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى ، جۇرئەت قىلالمىغان قەلب ئويلىرىنى ئويغىتىۋەتتى . مەسىلەن :

قاپلىدى جۇدۇن كۆكنى ،
ئالەم ئۆزگىرەي دەيدۇ .
ئاي يۇلتۇز خىرەلەشتى ،
كۈن روشەن كۆرۈنمەيدۇ .
. . . . . . . . . .
خېنىم داجى كىيىپ تاجنى ،
زېتيەن ④ بولىمەن دەيدۇ .
چاكىجياڭ ئاقىدۇ شەرققە ،
دولقۇنلاپ كېچە ـ كۈندۈز ،
مەرد ـ باتۇرلار تېغى كۆپ ،
تۈگىمەيدۇ ، پۈتمەيدۇ .

يەنە مەسىلەن :

بەرگەندى زەپەر ـ شاندىن قەلبى مېۋە ،
ئېچىلار قانلىرىدىن ئەمدى لالە .
ئاغزىدىن زەھەر چاچسا جادۇگەرلەر ،
قەھرىمان باتۇرلاردىن يەيدۇ زەربە .

بىز پىنھان ــ ھەسرەتتە ، شەيتان نەغمىدە ،
يىغلىساق بىز بۇندا ، بۆرە بەزمىدە .
ئەسلىدۇق باتۇرنى كۆزدىن ياش تۆكۈپ ،
دىل غەزەپتە ، قول قىلىچنىڭ دەستىدە .

نۇرغۇنلىغان شىكايەت قىلغان ئەيىبنامىلەر ، جەڭگىۋار نەزمىلەرنىڭ چىقىشى ، كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى كۈچلۈك ئورتاقلىقنى قوزغىدى ، ئاما ئۇلارنى كۆچۈرۈۋېلىشتى ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كەڭ تارقالدى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » بۇنىڭدىن بەكلا قورقۇپ كېتىپ ، ھەرخىل چارە ــ ئۇسۇللار بىلەن كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلدى ۋە باستى . 2 ــ ئاپرېلدا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نامىدا تېلېفون ئۇقتۇرۇشى تارقىتىپ ، نەنجىڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىنى خاتا ھالدا ئەيىبلىدى . ئۇنى « نەنجىڭدا تىغ ئۇچىنى مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلارغا قاراتقان چوڭ خەتلىك گېزىت ، لوزۇنكىلار پەيدا بولۇپتۇ ، بۇ ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بۆلگۈنچىلىك بېلىپ ، دېڭ شياۋپىڭنى پېپەن قىلىش چوڭ يۆلىنىشىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇنغان سىياسىي ۋەقە » دەپ ، ھەرقايسى ئورۇنلاردىكى رەھبەرلىك ئورگانلىرىنىڭ « باشقىچە غەرەزدىكى ئادەملەرنىڭ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشنى يوغانلىتىۋېتىشى ، قالايمىقانچىلىق سېلىشى ، بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشى » ، « بۇ سىياسىي ۋەقەنىڭ پەردە ئارقىدا تۇرۇپ پىلانلىغۇچىسىنى تەكشۈرۈپ تېپىپ چىقىشى » تەلەپ قىلىنغانىدى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بېيجىڭ شەھىرىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلاردا ياۋ ۋېنيۈەنىڭ « چوكانتال بايرىمى جىنلارنىڭ بايرىمى » ، « گۈلچەمبىرەك قويۇش تۆت كونىلىق » ، ئاممىنى تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ تەزىيە بىلدۈرۈشكە قاتناشتۇرماسلىق ھەققىدىكى يولىيورۇقى يەتكۈزۈلدى . لېكىن ، لاۋۇلداپ يانغان يالقۇننى ئۆچۈرۈش ئۇنچە ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى .

تاقىتى ئاللىقاچان چېكىگە يەتكەن ئاممىنىڭ غەزىپىنى بېسىۋې-

لىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بەزى نەزمىلەردە ئوچۇق ــ ئاشكارا سوئال قويۇلغانىدى :

ئاتىدى كىم قەبرە يوقلاش ئىشىنى « تۆت كونا » دەپ ،
قەبرە يوقلاشنى يامان ئادەت دېيىشكە نە سەۋەب ؟
هەر يىلى يوقلاپ تۇراتتۇققۇ شېھىتلەر روھىنى ،
نە ئۇچۇن بۇ يىل بۇ ئىشنى شۇنچە چەكلەيدۇ ئەجەب ؟ !
بىلجىرلاپ مېنىڭ سۆزۈملا سۆز دېمە « ۋېنخۇي » جاناب ،
يازىدۇ تارىخ دېگەننى خەلق ئۆزى چېن ئەجرىلەپ .
خۇددى لىن ئوغرى كەبى موللاق ئېتىپ جان بېرىسەن ،
ئاشما هەددىڭدىن شاياتون بۇ قاتارلىق هۆركىرەپ !

4 ــ ئاپرېل ( چوكانتال بايرىمى كۈنى ) تەزيىە بىلدۈرۈش پائا- لىيىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقتى . پايتەختتىكى ۋە سىرتتىن بېيجىڭغا كەلگەن ئــامــمــا شۇ چاغدىكى قاتمۇ قات چەكلەشلەرگە پەرۋا قىلماي ، تيەنئەنمېن مەيدانىغا يىغىلدى ، تيەنئەنمېن مەيدانىغا كەلگەن ئامما 2 مىليوندىن ئــېــشــــپ كەتتى ، بۇ هەيۋەتلىك ، غەزەپلەنگەن قوشۇننىڭ غەزەپ ــ نەپرىتى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » قا قارىتىلغانىدى .

تيەنئەنمېن ۋەقەسى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نارازىلىق هەرى- كىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى بولۇپ ، پارتىيىنىڭ توغرا رەهبەرلىكىنىڭ تــەسىرى ۋە پارتىيە ئوتتۇرىغا قويغان « تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش » نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا تەشەببۇسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى يۈز بەرگەن ئىش ئىدى . بۇ هەرىكەتنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى جۇ ئېن- لەيگە تەزيىە بىلدۈرۈش ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » قا قارشى تۇرۇش بولسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە بولسا خەلقنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى « سول » چىل خاتالىققا قارشى تۇرۇشى ۋە دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىك قىلغان پارتىيىنــىــڭ تــوغــرا رەهــبــەرلىكىنى هىمايە قىلىشى ، قوللىشى ئىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئاپرېل ھەرىكىتىنى خاتا باستۇرۇش

4 ـ ئاپرېل كەچتە ، خۇا گوفېڭ رىياسەتچىلىكىدە پارتىيە مەر-كىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنى ئېچىلىپ ( يې جيەن-يىڭ ، لى شيەنيەن قاتناشمىدى ) ، نەچچە كۈندىن بۇيان تيەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن ئىشلار مۇزاكىرە قىلىندى . خۇا گوفېڭ قا-تارلىقلار « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ يېقىنلىرى يېزىپ چىققان دوكلات قىلىش ماتېرىياللىرىغا ئىشىنىپ ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ كەڭ ئاممىنى ھاقارەتلىشىنى قوللىدى . خۇا گوفېڭ : « بىر تۈركۈم قەبىھ بۇزۇق ئۇنسۇرلار سەكرەپ چىقتى ، ئۇلارنىڭ يازغان نەرسىلىرى-نىڭ بەزىلىرىدە بىۋاستە جۇشىغا ھۇجۇم قىلىنغان ، كۆپىنچىسى مەر-كەزگە ھۇجۇم قىلغان » دېدى . ۋۇ دې : « قارىغاندا بۇ قېتىمقىسى پىلانلىق ھەرىكەتتەك قىلىدۇ . دېڭ شياۋپىڭ 74 ـ يىلدىن 75 ـ يىلغىچە خېلى كۆپ جامائەت پىكرى تەييارلىدى . . . بۇ يىل يۈز بەرگەن بۇ ۋەقە دېڭ شياۋپىڭ ئۇزاق ۋاقىت تەييارلىق قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەن-گەن ».« خاراكتېرى ئېنىق ، ئەكسىلئىنقىلابچىلار قىلغان ۋەقە » دېدى . يىغىن « تېخىمۇ زور ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن » ، « بەزىبىر زۆرۈر تەدبىرلەرنى قوللىنىش » نى قارار قىلدى . بۇ تەدبىرلەر ئاساسلىقى : شۇ كۈنى كەچتىن باشلاپ تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى گۈل-چەمبىرەك ، شوئارلارنى تازىلاش ؛ قەھرىمانلار مونارىسى ئەتراپىغا خەلق ئەسكەرلىرى ۋە ساقچىلارنى قويۇپ ، ئاممىنىڭ يەنە گۈلچەمبىرەك قويۇ-شىنى ۋە يىغىلىش ئۆتكۈزۈشىنى چەكلەش ؛ ھەربىي قىسىملارنى يۆتكەپ « ئىككىنچى سەپ تەييارلىقىنى قىلىش » دىن ئىبارەت بولدى . ماۋ يۈەنشىن سىياسىي بيۇرو يىغىنىدىكى مۇزاكىرە ئەھۋالىنى ۋە قارارنى يازما ماتېرىيال قىلىپ يېزىپ چىقتى ، ماۋ زېدۇڭ بۇ ماتېرىيالنى كۆرۈپ چىقتى .

5 ـ ئاپرېل ئەتىگەندە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى بارلىق گۈلچەمبە-رەكلەر ئېلىپ كېتىلگەن ، نەزمىلەر ، مەرسىيەلەر يوق قىلىنغانىدى .

بەزى كېچىدە گۇلچەمبىرەكنى ساقلاشقا ئۆزلۈكىدىن قېپقالغان ئاما قولغا ئېلىنغانىدى ، خەلق قەھرىمانلار مۇنارىسى ئەتراپىغا ئۈچ رەت ساقچى تۇرغۇزۇلۇپ توسالغانىدى . ئەتىگەندە تيەنئەنمېن مەيدانىغا كەلگەن ئاما گۇلچەمبىرەكلەرنىڭ ھەممىسىنى خەلق سارىيىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە كىرگۈزۈۋېتىلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ، بەكلا غەزەپلىنىپ كېتىشتى . ئەتىگەن سائەت 9 دىن 10 غىچە ، نەچچە ئون مىڭ ئاما خەلق سارىيىنىڭ شەرقى ئىشىكىگە توپلىنىپ « گۇلچەمبىرەكلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار ، سەپداشلىرىمىزنى قايتۇرۇپ بېرىڭلار » دېگەن ھەققانىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، « كىمكى جۇزۇڭلىغا قارشى تۇرىدىكەن ، شۇنى يوقىتىمىز » دېگەن شوئارنى توۋلىدى . غەزەپلەنگەن ئاما تيەنئەنمېن مەيدانىدا ۋەزىيەت ئۆتەۋاتقان بىر قىسىم خەلق ئەسكەرلىرى ، ساقچى ۋە جەڭچىلەر بىلەن قاتتىق توقۇنۇشۇپ قالدى ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقى چىقارغان تەشۋىق ماشىنىسى ۋە بىرنەچچە ماشىنا بۇزۇۋېتىلدى . چۈشتىن كېيىن تيەنئەنمېن مەيدانىنىڭ شەرقىي جەنۇب بۇرجىكىگە جايلاشقان « ئىشچى ، خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابى » غا ئوت كېتىپ ، ئاما ، خەلق ئەسكەرلىرى ، ساقچىلاردىن بىرمۇنچىسى يارىلاندى .

پايتەختنىڭ مەركىزى تيەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن بۇ زوراۋانلىق خاراكتېردىكى ۋەقە ، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ نورمال تۇرمۇشىدا يۈز بەرمەسلىكى كېرەك ئىدى . ئۇنىڭ پەيدا بولۇشى ، بىر جەھەتتىن كەڭ ئاممىنىڭ چېكىدىن ئاشقان غەزىپىنى بىلدۈرسە ، يەنە بىر جەھەتتىن ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى بۇزۇپ ، بارلىق سۆز قىلىش يوللىرىنى توسۇپ قويغاچقا ، كەڭ ئاما نورمال يول بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئىرادىسىنى ئىپادىلەشكە ئامالسىز قالغانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىدى . بىسش ھامان پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ، شەيئىلەر راۋاجلىنىپ چېكىگە يەتكەندە چوقۇم ئەكسىگە ئۆزگىرىدۇ دېگەننىڭ ئادەتتىكى قانۇنىيىتى ئىدى . ئەمما ، ئۇ چاغدا ، بۇ ھەرىكەتلەرمۇ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ باستۇرۇش ئېلىپ بېرىشىغا باھانە بولۇپ بەردى . جياڭ چىڭ ، جاڭ چۇنچياۋ قاتارلىقلار شۇ كۈنى

خەلق سارىيىدا ۋەقەنىڭ جەريانىنى كۆزىتىپ، تاقابىل تۇرۇش تەدبىر-لىرىنى ئويلاشتى.
كەچ سائەت 6 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى، شەھەرلىك ئىنقىلابىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋۇ دې بۇيرۇققا بىنائەن رادىئو نۇتقى سۆزلەپ: «تيەنئەنمېن مەيدانىدا بۇ-زۇق ئادەملەر بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا، ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانماقتا،»، «بىز بۇ سىياسىي ۋەقەنىڭ ئەكسىيەتچىل خاراكتې-رىنى تونۇپ يېتىپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەست، ھىيلە ـ مىكىرلىرىنى بىت-چىت قىلىشىمىز لازىم» دېدى. ئۇ «ئىنقىلابىي ئامما دەرھال مەيداندىن كېتىڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. بۇ سۆز تيەنئەنمېن مەيدانىدا قايتا ـ قايتا ئاڭلىتىلدى، نۇرغۇن ئامما بۇنى ئاڭلاپ تارقاپ كەتتى. سائەت 9 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى بارلىق چىراغلار يې-قىلدى، 10 مىڭ نەپەر خەلق ئەسكىرى، 3000 نەپەر ساقچى بۇيرۇققا بى-نائەن تيەنئەنمېن مەيدانىغا يۇگۇرۇپ كىرىپ كەلدى. ئۇلار قوللىرىغا ياغاچ كالتەك تۇتقان بولۇپ، تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى كەڭ ئاممىنى قورشاپ، ئۇرەدى ۋە قولغا ئالدى (جەمئىي 388 نەپەر ئادەم قولغا ئېلىن-غان ⑤. يەنە 20 مىڭ خەلق ئەسكىرى ۋە بەش باتالىيون ئەسكەر يېقىن ئەتراپتا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇردى.
6 ـ ئاپرېل تاڭ سەھەردە سىياسىي بيۇرونىڭ بىر قىسىم ئەزالىرى بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومىنىڭ دوكلاتىنى ئاڭلاپ، تيەنئەنمېن ۋەقە-سىنى «ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭ خاراكتېردىكى ھەرىكەت» دەپ تو-نۇپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىغا «قوماندانلىق شتابىنى تې-پىپ چىقىش»، «خەلق ئەسكەرلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى بەك چەكلە-مەڭلار»، «ئۇلار قول ياندۇرسا، بىز قاراپ تۇرمايلى» دېگەن يوليو-رۇقنى بەردى. يىغىن، ئاممىنىڭ يەنە ھەرىكەتتى بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىپ، 30 مىڭ نەپەر خەلق ئەسكىرىنى تيەنئەنمېن ئەتراپىدا بۇيرۇق كۈتۈپ تۇرۇشقا، 9 باتالىيون ئەسكەرنى شەھەر ئىچىدە «ھەر زامان ئاتلىنىشقا تەييار تۇرۇش» قا تەشكىللىدى. ماۋ يۈەنشىن سىياسىي

بيۇرو يىغىنىنىڭ قارارىنى ماۋ زېدۇڭغا يازما دوكلات قىلدى ، ماۋ زېدۇڭ قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى . ئەمما ، بۇ كۈن تىنچ ئۆتۈپ كەتتى . قاتتىق نازارەت قىلىنغاچقا ، ئاما تيەنئەنمېن مەيدانىغا بېرىپ پائالىيەت ئۆتكۈزمىدى .

**پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى قارارى**

7 ـ ئاپرېل ماۋ يۈەنشىن ماۋ زېدۇڭغا ئەھۋالنى ئىككى قېتىم دوكلات قىلدى . ماۋ زېدۇڭ « خەلق گېزىتى » مۇخبىرىنىڭ تيەنئەنمېن ۋەقەسى توغرىسىدىكى ئاتالمىش « نەق مەيدان خەۋىرى » نى ۋە 5 ـ ئاپرېلدىكى ۋۇ دېنىڭ تيەنئەنمېندە سۆزلىگەن رادىئو نۇتقىنى ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىشقا قوشۇلدى . ياۋ ۋېنيۈەننىڭ تەشكىللىشى بىلەن پەيدا بولغان ئاتالمىش « نەق مەيدان خەۋىرى » دە ، كەڭ ئاممىنىڭ جۇ ئېنلەيگە تەزىيە بىلدۈرۈشىنى « ئەكسىلئىنقىلابىي ھەرىكەت » ، تيەنئەنمېن ۋەقەسى « ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقە » دەپ ھاقارەتلەنگەنىدى . چۈنكى ئۇ « ئوچۇق ـ ئاشكارا دېڭ شياۋپىڭنى قوللايدىغان نام بىلەن ، تىغ ئۇچىنى ئەسەبىيلەرچە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىغا قارىتىپ ، ماۋ جۇشى باشچىلىقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا بۆلگۈنچىلىك سالماقچى ، شۇنىڭ بىلەن ھازىرقى دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىشنىڭ چوڭ يۆنىلىشىنى بۇرمىلىماقچى بولغان . » شۇ چاغدا مۇشۇنداق چوڭ جىنايەت ئارتىلغانىكەن ، ئۇ ئەلۋەتتە « ئەڭ ۋەھشىي ھەرىكەت » بولىدۇ ـ دە ! ماۋ زېدۇڭ بۇ دوكلاتلارغا ئىشىنىپ ، تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ خاراكتېرى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ، سىياسىي بيۇرونىڭ قارار چىقىرىشىنى ، گېزىتتە ئوچۇق ـ ئاشكارا ئېلان قىلىشنى تەلەپ قىلدى . ئۇ يەنە تيەنئەنمېن ۋەقەسىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ بارلىق ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ ، پەقەت پارتىيىلىكىنىلا قالدۇرۇپ قويۇشنى ، كېيىنكى ئىپادىسىگە قاراشنى ھەمدە 10 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنى ئاچقاندا تەستىقلاشنى ئوتتۇرىغا قويدى .

www.uyghurkitap.com

7 ـ ئاپرېل كەچتە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇ-
روسى يىغىن ئېچىپ، ئاللىقاچان تەييارلاپ قويغان، پارتىيە مەركىزىي
كومىتېتى نامىدىن تارقىتىدىغان ئىككى قارارنى ئوقۇدى ۋە ماقۇللىدى.
بىرىنچى قارارنىڭ مەزمۇنى: « ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ كۆرسىتى-
شىگە ئاساسەن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يولداش
خۇاگوفېڭنىڭ جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 1 ـ مۇئا-
ۋىن رەئىسى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى گوۋۇيۈەنىنىڭ زۇڭلىلىقىغا
تەيىنلەشنى بىردەك ماقۇللىدى » دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. ئىككىنچى
قارارنىڭ مەزمۇنى: « پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى تې-
يەنئەنمېن مەيدانىدا يۈز بەرگەن ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەنى ۋە دېڭ شى-
ياۋپىڭنى يېقىنقى ئىپادىسىنى مۇزاكىرە قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭ مەسىلى-
سىنىڭ خاراكتېرى ئەمدى ئانتاگونىستلىك زىددىيەتكە ئۆزگىرىپ كەت-
تى، دەپ بىلدى. ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋ جۇشىنىڭ پىكرىگە ئاساسەن،
سىياسىي بيۇرو دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە ئىچى ـ سىرتىدىكى بارلىق
ۋەزىپىلىرىنى ئېلىپ تاشلاپ، پارتىيىۋىلىكىنى ساقلاپ قېلىپ، كېيىنكى
ئىپادىسىگە قاراشنى بىردەك ماقۇللىدى » دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بۇ
ئىككى قارار سىياسىي بيۇرودا ماقۇللانغاندىن كېيىن، بىر سائەت ئۆتۈپلا
مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى ئارقىلىق پۈتۈن مەملىكەتكە
ئاڭلىتىلدى.

ئەتىسى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تېلېفون ئۇقتۇرۇشى تار-
قىتىپ، ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ كۆلىمى زور
يىغىنلارنى ئېچىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئىككى قارارىنى
ئېلان قىلىشنى ھەمدە ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايونلارنىڭ
ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بايرىقى روشەن بولغان نۇتۇق بايان قىلىپ،
دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش چوڭ يۈرۈشىنى چىڭ ئىگىلەپ، ئوڭ-
چىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇلۇغ كۈرىشىنى
تېخىمۇ قانات يايدۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

ھەرقايسى جايلار بۇيرۇق بويىچە ئىش قىلدى، ھەرقايسى ئۆلكە،

شەھەر ، ئاپتونوم رايونلار ئارقا ـ ئارقىدىن مەركەزگە تېلېگرامما بېرىپ ، مەركەزنىڭ ئىككى قارارىنى ۋە تېيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ بىر تەرەپ قىلىنىشىنى ھىمايە قىلىدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى . چوڭ شەھەرلەر مەركەزنىڭ قارارىنى قوللاش ، دېڭ شياۋپىڭنى ئەيىبلەش نامايىشلىرىنى قىلدى . پۈتۈن مەملىكەتتىكى چوڭ ـ كىچىك گېزىتلەرنى مۇشۇ خىلدىكى ئىپادە بىلدۈرۈش نەرسىلىرى قاپلاپ كەتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، بەلگىلىمە بويىچە ئاتالمىش « سىياسىي پىتنە ـ پاساتلار » نى تەكشۈرۈش ، تېيەنئەنمېن ۋەقەسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەلەرنىڭ ئاكتىپ ئىشتىراكچىلىرى ، « پەردە ئارقىدىكى پىلانلىغۇچى » نى قولغا ئېلىش ئىشى ئېلىپ بېرىلىپ ، نۇرغۇن ئادەملەر قولغا ئېلىندى ياكى تۈرمىگە قامالدى .

تېيەنئەنمېن ۋەقەسى توغرىسىدىكى خاتا قارار ۋە مەجبۇرىي ھالدا ئاممىۋى يىغىلىش ۋە نامايىشلارنى ئۇيۇشتۇرۇش ، ۋەقەنىڭ ئوبيېكتىپ خاراكتېرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى ، شۇنداقلا ئاممىنىڭ ئىدىيە تونۇشىنىمۇ ئۆزگەرتىۋېتەلمەيتتى ، بۇنىڭ بىلەن پەقەت كەڭ كادىر ، ئاممىنىڭ پارتىيە ، دۆلەتكە بولغان مۇھەببىتى ۋە ئىرادىسى يەنە بىر قېتىم ئېغىر زەربىگە ئۇچراپ بېسىلىپ كەتتى .

**تېيەنئەنمېن ۋەقەسىگە تېگىشلىك باھا بېرىلدى**

تېيەنئەنمېن ۋەقەسىنى مەركەز قىلغان ھالدا مەملىكەت خاراكتېرلىك نارازىلىق ھەرىكىتىنىڭ يۈز بېرىشى تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى . ئېنگېلس : « ھەرقانداق بىر يەردە ئىنقىلابىي تەۋرىنىش بولىدىكەن ، ئۇ چوقۇم بىر خىل ئىجتىمائىي تەلەپنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان بولىدۇ » ، « ئۇ خەلقنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىپادىسىدۇر » دېگەنىدى . داۋاملاشقىلى ئون يىل بولغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان ئېغىر بالايىئاپەتلەر كەڭ ئاممىنىڭ غەزىپىنى بارغانچە قوزغاپ ، تاقەت قىلىپ تۇرالمايدىغان دەرىجىگە كەلتۈرۈپ قويغانىدى . كىشىلەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ۋە توغرا فاكچېنلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈ-
رۈشتىكى كۈچلۈك ئارزۇسىنى جۇ ئېنلەي، دېڭ شياۋپىڭ قاتارلىق بىر
ئەۋلاد پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارغا باغلىغانىدى. ھالبۇكى ئۇلار ئىنتايىن
توغرا بولمىغان مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ
رەزىل قىلمىشلىرى، خەلقنىڭ ئۇزۇندىن بۇيان قەلبىدە يىغىلىپ تۇرغان
غەزەپ — نەپرىتىنى بىراقلا قوزغىۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ تيەنئەنمېن
مەيدانىدا مىللىي ئەنئەنىۋى شەكىلدە، ئۆزلۈكىدىنلا، توسۇۋالغىلى بول-
مايدىغان دەرىجىدە پارتلاپ چىقتى.

تيەنئەنمېن ۋەقەسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن
مۇناسىۋەتسىز ھالدا، پۈتۈنلەيلا ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ھەرى-
كەت ئەمەس. گەرچە ئومۇمىي بىر پۈتۈنلۈكتىن قارىغاندا، بۇ ئىنقىلابىي
ئاممىۋى ھەرىكەتكە پارتىيىنىڭ ھېچقانداق بىر دەرىجىلىك تەشكىلاتى
رەھبەرلىك قىلمىغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما پارتىيىنىڭ نۇرغۇن ئاساسىي
قاتلام تەشكىلاتلىرى بىۋاسىتە، ۋاسىتىلىك ھالدا ئۆز ئورنىدىكى
ئىشچى — خىزمەتچىلەرنى بۇ كۈرەشكە قاتنىشىشقا تەشكىللىگەن ۋە قول-
لىغان. نۇرغۇن كومپارتىيە ئەزالىرى، كومسوموللار بۇ كۈرەشكە ئاكتىپ
قاتناشقان ھەمدە كۈرەشنىڭ تايانچىلىرىدىن بولغان. بۇ ئىنقىلابىي ئام-
مىۋى ھەرىكەتنىڭ كۈرەش نىشانىدىن قارىغاندا، پارتىيە ئوتتۇرىغا قوي-
غان تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، «تۆت كىشىلىك
گۇرۇھ» نىڭ دۆلەت، خەلققە كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىگە قارشى تۇ-
رۇش تەلەپ قىلىنغان. تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى
بولسا جۇ ئېنلەي پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن 4 — نۆۋەتلىك
خەلق قۇرۇلتىيىدا تەكىتلىگەن، دېڭ شياۋپىڭ ۋەكىللىكىدىكى پارتىيە-
نىڭ توغرا رەھبەرلىكى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى باشلاپ ئەمەلگە ئا-
شۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان. كەڭ ئامما پارتىيىنىڭ توغرا رەھبەرلىكى
بېكىتكەن كۈرەش قىلىش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلغان.
تيەنئەنمېن ۋەقەسىدە پارتىيىنىڭ رولى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا، ئالا-
ھىدە شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. بۇ قىممەتلىك نارازىلىق پۈتۈن مەملىكەت

خەلقنىڭ قەلب تــەلــپــۇنــۇشىنى ناھايىتى ئېنىق ئىپادىلەپ بەردى . بۇ كېيىن جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى بىتچىت قىلىشقا ئۇلۇغ ئاممىۋى ئاساس يارىتىپ بەردى .

## 5 . ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتى ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ تارمار قىلىنىشى

**تېخىمۇ غالجىرلاشقان « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ »**

تيەنئەنمېن ۋەقەسىگە خاتا باھا بېرىلىشى ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئاممىنىڭ ۋەھشىيلەرچە باستۇرۇلۇشى ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » قا خۇددى ئۇلار غەلىبە قىلغاندەك خاتا چۈشەنچە بەردى . 7 ــ ئاپرېل جياڭ چىڭ خەلق سارىيىدا « ئاممىنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن » لەرگە زىياپەت بەرگەندە ، « بىزنىڭ غەلىبىمىز ئۈچۈن » قەدەھ كۆتۈرەيلى دەپ توۋلىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار تېخىمۇ غالجىرلىشىپ كەتتى ، « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش » بايرىقى ئاستىدا ، ھوقۇق تارتىۋېلىش ھەرىكىتىنى تېخىمۇ كۈچەپ ئېلىپ باردى . ئۇلار گېزىت ــ ژۇرنــالــلاردا كــەيــنى ــ كەينىدىن ھەرخىل شەكىلدىكى ئاتالمىش « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش » ماقالىلىرىنى ئېلان قىلدى .

1976 ــ يىلى 18 ــ ئاپرېلدا ، « خەلق گېزىتى » « تيەنئەنمېن ۋەقەسى نېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ ؟ » دېگەن باش ماقالىسىنى ئېلان قىلىپ ، « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش ، ئوڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇش شامىلىغا قايتۇرما زەربە بېرىش كۈرىشىنى يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرەيلى » دەپ چاقىرىق قىلدى . بۇ باش ماقالە تيەنئەنمېن ۋەقەسى « كومپارتىيە ئىچىدە بۇرژۇئازىيە بارلىقىنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ بەردى » دېگەننى ئىسپاتلىماقچى بولــدى . بــاش ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى : « دېڭ شياۋپىڭغا ئوخشاش پارتىيە ئىچىدىكى ئۆزگەرتىشنى خالىمىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار ، ئاللىقاچان بۇرژۇئازىيىنىڭ داڭلىق ئەربابلىرىدىن بولۇپ ، پرولېتارىيات بىلەن ئېلىشىدىغان ، ئېلىمىزدە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنغان ئاساسلىق كۈچ بولۇپ قالدى . » « سىنىپىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈرەشنىڭ تەرەققىياتى ، چىڭخۇادىكى ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ تۆھمەت خېتىدىن تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ۋەقەگىچە بولغانلارنىڭ ھەممىسىدە چوڭقۇر سىياسىي ئارقا كۆرۈنۈش ۋە سىنىپىي مەنبە بار ، بۇنىڭ مەنبەئەسى دېڭ شياۋپىڭ . »

18 ـ مايدا « خەلق گېزىتى » « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ يېزىقچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ بىرى بولغان لياڭ شياۋ يازغان « پارتىيە ئىچىدە ھەقىقەتەنمۇ بۇرژۇئازىيە بار — تيەنئەنمېن ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەسى ئۈستىدە تەھلىل » دېگەن ماقالىنى ئېلان قىلىپ ، بۇ خىل بىمەنە كۆز قاراشنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىماقچى بولدى . ياۋ ۋېنيۈەن بۇ ماقالىنى ئۆزگەرتكەندە ، گەپنى ئېنىق بىلدۈرەلمەي قالارمىكىن دەپ ، دېڭ شياۋپىڭ تيەنئەنمېن ۋەقەسىنىڭ « باش ئارقا تېرىكى » دېگەن خەتلەرنى ئالاھىدە قوشۇپ قويغان . ئۇلارنىڭ « پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە » دېگەن بۇ ھەم ماركسىزمنىڭ ئىلمىي پرىنسىپلىرىغا خىلاپ ، ھەم ئەمەلىي ئەھۋالغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خاتا كۆزقاراشنى قايتا ـ قايتا بازارغا سېلىشىدىكى مەقستى ، دېڭ شياۋپىڭنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشلا بولۇپ قالماي ، يەنە مەركەزدىن يەرلىككىچە بولغان زور بىر تۈركۈم پارتىيە ، ھۆكۈمەت ، ئارمىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىدى .

بۇ مەزگىلدە « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ قولچۇماقلىرى ھە دەپ « يەنە ھەربىي فورما كىيگەن ، كاكار ، ياقا بەلگىسى تاقىغان كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بار » ، « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار بىرنەچچە ئادەم ئەمەس ، بەلكى بىر قاتلام ئادەم » دەپ داۋراڭ سېلىپ يۈرۈشىدىكى رەزىل مۇددىئاسى ئۆز ـ ئۆزىدىنلا ئېنىق ئىدى .

### بالايىئاپەتنىڭ كەينى ـ كەينىدىن كېلىشى

1976 ـ يىلى سىياسىي ۋەزىيەتلا يامانلاپ كەتمەستىن ، يەنە ھەر خىل بالايىئاپەتلەرمۇ كەينى ـ كەينىدىن كەلدى . 6 ـ ئىيۇلدا ،

جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ بىرى، جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئىنقىلابچىسى ۋە ھەربىي مۇتەخەسسىسى جۇ دې ۋاپات بولدى. جۇدې جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىشلىرى ۋە كوممۇنىزم ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن قەھرىمانلارچە كۈرەش قىلغان، ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى خالىس بېغىشلاپ، ئۆچمەس تۆھپە ياراتقان، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ چىن كۆڭلىدىن قىزغىن ياخشى كۆرۈشىگە سازاۋەر بولغان. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، ئۇ لىن بياۋ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ۋە ھاقارەتلىشىگە ئۇچرىغان، بەختكە يارىشا ئۇنى ماۋ زېدۇڭ قوغداپ قالغان. ئۇنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى.

ئارىدىن 22 كۈن ئۆتۈپلا، يەنە 28 ـ ئىيۇلدا خېبېي ئۆلكىسىنىڭ تاڭشەن، فېڭنەن رايونىدا 7.8 بال قاتتىق يەر تەۋرەپ، ئۇنىڭ تەسىرى تيەنجىن، بېيجىڭلارغىچە بولدى. يەر تەۋرەش مەركىزىدىكى جايلاردىكى خەلقىنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى ئېغىر زىيانغا ئۇچراپ، مىليون نوپۇسى بار ئوتتۇرا تىپتىكى سانائەت شەھىرى تاڭشەن پۈتۈنلەي خارابىلىككە ئايلىنىپ كەتتى. جەمئىي 242769 ئادەم ئۆلدى، 164851 ئادەم ئېغىر يارىلاندى. ئاھالىسى زىچ شەھەردە بۇنداق قاتتىق يەر تەۋرەپ، بۇنداق ئېغىر دەرىجىدە ئۆلۈم ـ يېتىمنىڭ بولۇشى، جۇڭگو تارىخىدىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان بولماي، دۇنيادىكى 20 ـ ئەسىردە يۈز بەرگەننىڭ ئەڭ كۈچلۈكى ⑥ ئىدى. بۇ ئىش تەبىئىي ھالدا جۇڭگو ۋە دۇنيا خەلقىنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. يەر تەۋرىگەن كۈنى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ئاپەت رايونىدىكى خەلققە ھال سوراش تېلېگراممىسى ئەۋەتتى. ئارقىدىن خۇا گوفېڭ ئۆمەك باشلىقى بولغان مەركەزنىڭ ھال سوراش ئۆمىكى ئاپەت رايونىغا بېرىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان ئاممىدىن ھال سورىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ھەرقايسى ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون، مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرى ھەر تەرەپتىن قوزغۇلۇش ئەترەتلىرى، داۋالاش ئەترەتلىرى، قورۇلۇش ئەترەتلىرى دېگەندەكلەرنى ئەۋەتىپ، ئاپەت رايونىدا قۇتقۇزۇش ئېلىپ باردى، كۆپلىگەن ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش بۇيۇملىرى تېزلىك بىلەن ئاپەت رايونىغا يەتكۈزۈلدى. ئاپەت رايونىدىكى خەلق باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ، ئۆز ماكانىنى باشقىدىن قورۇشقا ئاتلاندى.

پۈتۈن مەملىكەت خەلقى تاڭشەندىكى يەر تەۋرەشتىن غەم قىلىپ ۋە ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش كۈرىشىگە ئاكتىپ ياردەم بېرىۋاتقان چاغدا، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» پۈتۈنلەي باشقىچە ھېسسىياتتا بولدى. ئۇلار خەلقنىڭ ئۆلۈپ، يارىلانغىنىغا پەقەتلا كۆڭۈل بۆلمەيلا قالماي، يەر تەۋرەشكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىگە مۇتتەھەملەرچە ھۇجۇم قىلدى، ئۇلار «بىرەر تاڭشەننىڭ يوقاپ كەتكىنىگە نېمە بولاتتى» دەپ جۆيلۈدى، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى «ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىشنى يوققا چىقارماقچى» دېيىشتى. جياڭ چىڭ مەركەزدىكى، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ، تاڭشەن شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش ئىشىغا رەھبەرلىك قىلىشىنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئالافزادە بولۇپ كېتىشى» دېدى. ئۇلارنىڭ جاھىللىقى بىلەن چەت ئەللەرنىڭ بارلىق ياردىمىنى رەت قىلدۇق. 11 ـ ئاۋغۇستتا «خەلق گېزىتى» ياۋ ۋېنيۈەننىڭ سۆزى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان «دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش، ئاپەتكە تاقابىل تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش» دېگەن باش ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. باش ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى: «پارتىيە ئىچىدىكى پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ كاتتىۋېشى تەبىئىي ئاپەت كەلتۈرگەن ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلاردىن پايدىلىنىپ، ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ، كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتىدۇ.» بۇ چاغدا، دېڭ شياۋپىڭ ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانىدى، «پارتىيە ئىچىدىكى پۇرسەتپەرەسلەرنىڭ كاتتىۋېشى» دېگىنى، شۇ چاغدىكى پارتىيىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئىكەنلىكى

ناھايىتى ئېنىق ئىدى .

بۇ مەزگىلدە ، جىياڭ چىڭ قاتارلىقلار « پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن
مەملىكەت ھەرقايسى ساھە خىزمەتلىرىنىڭ باش پروگراممىسى توغرىـ
سىدا » ، « سانائەت تەرەققىياتىنى تېزلىتىش توغرىسىدىكى بىرقانچە مەـ
سىلە » ، « پەن ـ تېخنىكا خىزمىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە توغرىسىدا »
( قىسقارتىپ « دوكلات تېزىسى » دېيىلدى ) قاتارلىق دېڭ شياۋپىڭنىڭ
رىياسەتچىلىكىدە تۈزۈلگەن ، ئەمما ئېلان قىلىنمىغان ھۆججەتلەرنى ئۆزـ
لىرىلا بېسىپ تارقىتىپ ، ئۇلارنى « ئۈچ زەھەرلىك چۆپ » دەپ ھاقاـ
رەتلەپ ، ئاتالمىش « دېڭ شياۋپىڭ شىيۇجېڭجۇيى پروگراممىسىنىڭ
مەھسۇلاتى » دېدى . « باش پروگراممىسى توغرىسىدا » دېگەن « دېڭ
شياۋپىڭنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشتىكى سىياسىي خىتابنامىـ
سى » ، « ئەنزە ئاغدۇرۇش ، تىرىلدۈرۈش قىلمىشىنىڭ جىنايى پاكىتى »
دېدى . « سانائەتكە دائىر 20 ماددا » « ئاتاقتا سانائەت تەرەققىياتىنى
تېزلىتىش ، ئەمەلىيەتتە كاپىتالىزمنى تىرىلدۈرۈشنى تېزلىتىدىغان سانا-
ئەتنى باشقۇرۇش نىزامى » ، « شىيۇجېڭجۇينىڭ سانائەت باشقۇرۇش
لۇشيەنى » دېدى . « دوكلات تېزىسى » دېگەن « پەن ـ تېخنىكا ساـ
ھەسىدە يۈرگۈزۈلگەن ‹ ئۈچ يوليورۇقنى تۇتقا قىلغان › شىيۇجېڭجۇيى
پروگراممىنىڭ مەھسۇلاتى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ئەنزىسىنى
ئاغدۇرىدىغان ، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ ھېسابىنى قىلىدىغان ، پرو-
لېتارىياتنىڭ پۈتكۈل ئۈستقۇرۇلما ساھەسىدە بۇرژۇئازىيىگە ئومۇميۈزلۈك
دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈشىگە قارشى تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ كاپىتالىزمنى تىرىلـ
دۈرۈشتەك رەزىل مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغان نەرسە » دېدى . ئۇلار
مانا شۇنداق بەتناملار بىلەن پۈتۈن مەملىكەتتە پىيەن ئېلىپ باردى .
« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ خەلق بىلەن قارشىلىشىدىغان ئەپت ـ
بەشىرىسىنى كەڭ كادىر ، ئامما تونۇپ يەتتى . ئاتالمىش « ئۈچ زەھەرـ
لىك چۆپ » ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان پىيەن كادىر ۋە ئاممىنىڭ قارشى
تۇرۇشىغا ئۇچرىدى ، بەزى ئامما ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ، ئەگەر مۇشۇ
ئۈچ ھۆججەت بويىچە ئىش قىلغان بولساق ، دۆلىتىمىز ئوبدان بولۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتەتتىكەن دېيىشتى .

**ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتى ، « تۆت كىشىلىك گورۇھ » نىڭ ھوقۇق تارتىۋې لىشنى كۆچەيتىشى**

خەلق زور ئۈمىد باغلىغان تەرتىپكە سېلىش ئوتتۇرا يولدا ئۈزۈ-لۈپ قالدى ، « دېڭ شياۋپىڭنى پىپەن قىلىش » ئومۇميۈزلۈك قارشى تۈرۈش ئىچىدە ئېلىپ بارماق تەس بولۇپ قالدى ، جەمئىيەتتە قالايمى-قانچىلىق يەنە پەيدا بولدى . جۇ ئېنلەي ، جۇ دې قاتارلىق دۆلەت رە-ھبەرلىرى كەينى ــ كەينىدىن ۋاپات بولدى . پۈتۈن مەملىكەتتە چوڭقۇر سىياسىي كرىزىس پەيدا بولۇۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە ، 9 ــ سېنتەبىردە جۇڭگودىكى ئەڭ ئاساسلىق ماركسىزم ئىنقىلابچىسى ، ئىستراتېگىيە نەزە-رىيىچىسى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسلىق قۇرغۇچىسى ، رەھبىرى ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولدى . ماۋ زېدۇڭ جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسى ۋە سوتسىيالىستىك ئىشلىرى ئۈچۈن مەڭگۈ ئۆچمەس تۆھپە ياراتتى . ئۇ دۇنيادىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە ئىنسانىيەت-نىڭ ئالغا بېسىشى ئۈچۈن زور كۈچ چىقاردى . ماۋ زېدۇڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا گەرچە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاشتەك ئېغىر خاتالىقلارنى ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ پۈتكۈل ھاياتى-دىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى ئۇ-نىڭ خاتالىقلىرىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىدۇ ، ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى بىرىنچى ئورۇندا ، خاتالىقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتى پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن ئارمىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى چوڭقۇر قايغۇغا سالدى .

9 ــ سېنتەبىردە ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ، گوۋۇيۈەن ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى بىرلىكتە « پۈتۈن پارتىيە ، پۈتۈن ئارمىيە ، پۈتۈن مەملىكەت ھەر مىللەت خەلقىگە خەت » نى تارقاتتى . شۇ كۈنى ، خۇا-گوفېڭ ، ۋاڭ خۇڭۋېن ، يې جيەنيىڭ ، جاڭ چۈنچياۋ باشچىلىقىدا

« رەئىس ماۋ زېدۇڭنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى » قۇرۇلدى ھەمدە ئاخ-
بارات ئېلان قىلىپ ، خەلق سارىيىدا يەتتە كۈن تەزىيە بىلدۈرۈش ئۆت-
كۈزۈشنى ، پۈتۈن مەملىكەتتە مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىنى
ئون كۈن توختىتىشنى بەلگىلىدى . 18 - سېنتەبىردە تيەنئەنمېن مەيدا-
نىدا مىليونلىغان ئامما قاتناشقان تەزىيە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى . خۇا
گوفېڭ تەزىيە نۇتقى سۆزلەپ ، « ماۋ جۇشى ئاچقان پرولېتارىيات ئىن-
قىلابى ئىشلىرىنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بارىمىز » دەپ ئىپادە بىلدۈردى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋاپاتى ، ئاللىبۇرۇنلا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان چوڭ-
قۇر سىياسىي كرىزىسنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇۋەتتى ۋە جىددىيلەش-
تۈرۈۋەتتى . كەڭ كادىر ۋە ئامما پارتىيە ، دۆلەتنىڭ تەقدىر ئىستىقبالى
ئۈچۈن ئەندىشە قىلدى . بۇ خىل ئەندىشىنىڭ ئەمەلىي ئاساسى بار ئى-
دى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقىنى
تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ھەربىي ھوقۇقنى تارتىۋېلىشنى پىلان-
لىغانىدى . بۇ سۈيىقەست مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ، ئۇلار يەنە مەمل-
كەتلىك خەلق ئەسكەرلىرى باش قوماندانلىق شتابى قۇرۇشنى پىلانلاپ ،
خەلق ئەسكەرلىرىنى ئۆزلىرى ئىگىلەپ تۇرغان « ئىككىنچى قوراللىق
كۈچ » قىلماقچى بولدى . بۇ سۈيىقەستمۇ ئەمەلگە ئاشمىغاچقا ، ئۇلار
كونترول قىلىپ تۇرغان يەرلىك خەلق ئەسكەرلىرىنى ھەرخىل ئامال
چارىلەرنى قىلىپ زورايتتى ۋە قورالىنى كۆپەيتتى .

ماۋ زېدۇڭنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ كەتكەن ئاۋغۇستنىڭ ئا-
خىرلىرىدا ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ شاڭخەيدىكى مۇرىتى ۋاڭ
خۇڭۋېن ، جاڭ چۈنچياۋنىڭ يوليورۇقىغا ئاساسەن ، قورال تارقىتىپ ،
شاڭخەيدىكى خەلق ئەسكەرلىرىنى قوراللاندۇرغان . جەمئىي 74000 دانە
مىلتىق ، 300 دانە زەمبىرەك ، ئون مىليون پايدىن كۆپ زەمبىرەك ، مىل-
تىق ئوقى تارقاتقان . ئۇلار يەنە « قايتۇرما زەربە » بەلگىلىك ئاتال-
مىش « ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭدىن ساقلىنىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش
لايىھىسى » نى مەخپىي پىلانلاپ ، ھەر كۈنى 10000 نەپەر خەلق ئەس-
كىرى ، 200 دانە ئاپتوموبىل تەييار بولۇپ تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەمدە خەلق ئەسكەرلىرىنى « كېچىدىكى مەشىق » قە ئۇيۇشتۇرغان ، ئەمەلىيەتتە بولسا ئەكسىلئىنقىلابىي توپىلاڭنىڭ مانېۋىرىنى قىلغان ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغانىنىڭ ئەتىسى ، ئۇلار يەنە 20 سائەت ئىچىدە 6 مىليون پايدىن ئارتۇق مىلتىق ئوقى ، 1500 پاي زەمبىرەك ئوقى تارقاتقان ، ئاتالمىش « ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش مانېۋىرى » ئۆتكۈزگەن . شاڭخەيدىكى نەچچە كاتتىۋاش خەلق ئەسكەرلىرى قوماندانلىق شتابىغا بېرىپ تەكشۈرگەن ، تاقابىل تۇرۇش كۈچلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ ، قوراللىق توپىلاڭ قوزغاشنىڭ كونكرېت تەييارلىقىنى قىلغان .

ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتەك سۇيىقەستلىك پائالىيەتلىرىنى تېزلەتتى . 11 ـ سېنتەبىر ، ۋاڭ خۇڭۋېن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بەنگۇڭتىڭى دىجورنىلىق ئىشخانىسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ، جۇڭنەنخەيدە يەنە بىر « دىجورنىلىق ئىشخانىسى » قۇرغان . ئۇ مەركىزىي كومىتېت بەڭگۇڭتىڭىنىڭ نامىنى سېتىپ ، ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايونغا چوڭ مەسىلىلەردە ئۆزلىرىگە يولىيورۇق سوراپ دوكلات قىلىشى توغرىسىدا تېلېفون بەرگەن ، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ھەرقايسى ئۆلكە ، شەھەر ، ئاپتونوم رايون پارتكوملىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈپ ، پۈتۈن مەملىكەتكە ئۇلار قوماندانلىق قىلماقچى بولغان .

« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » يەنە چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتى ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ، شىنخۇا ئاگېنتلىقى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى بەزى ئادەملەرنى جياڭ چىڭغا « ساداقەتمەنلىك خېتى » ، « نەسىھەت خېتى » يېزىشقا ئورۇنلاشتۇرغان . بەزىلىرىدە خەتلىرىدە ئوچۇق ھالدىلا ، جياڭ چىڭنى « پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ۋە ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇڭ » ، « بۇ ئېغىر يۈكنى كۆتۈرۈڭ » دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ، جياڭ چىڭنىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلىغان . جياڭ چىڭ قاتارلىقلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن كۈچەپ ھەرىكەت قىلغان . جياڭ چىڭ تيەنجىن شەھىرىنى

ئۆزى ئۇچۇن بىر قۇر مۇراسىم كىيىمى تىكىپ بېرىشكە بۇيرۇغان. ۋاڭ خۇڭۋېن ئۆزىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتكە ئاسىدىغان ئۆلچەملىك رەسىمىنى تەييارلاپ قويغان، يەنە ئەدەبىيات ــ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرگە «كاتتا بايرام» دېگەندەك فىلىملارنى تەييارلاشقا بۇيرۇق قىلغان.

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» شاڭخەيىنى پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ مەركىزىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتىكى بازا قىلماقچى بولۇپ، ئۆزلىرىنىڭ شاڭخەيدىكى يېقىنلىرىغا نۇرغۇن ئورۇنلاشتۇرۇشنى قىلغان. 21 ــ سېنتەبىردە، جاڭ چۇنچياۋ بېيجىڭدا شاڭخەيدىكى قورال تارقىتىش ئەھۋالىدىن قىلىنغان دوكلاتنى ئاڭلىغان، ئۇ كەلگەن ئادەملەرگە «سىنىپىي كۈرەشنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىڭلار» دېگەن. 23 ــ سېنتەبىردە، ۋاڭ خۇڭۋېن تېلېفوندا شاڭخەيدىكى ئادەملىرى بىلەن سۆزلەشكەندە: «كۈرەش ئاخىرلاشقىنى يوق، پارتىيە ئىچىدىكى بۇرژۇئازىيە ئۆزلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتىگە تەن بەرمەيدۇ، بەزىلەر ھامان دېڭ شياۋپىڭنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ» دېگەن. 28 ــ سېنتەبىردە، جاڭ چۇنچياۋ شاڭخەي شەھەرلىك پارتكومدىكى بەزى رەھبەرلەرگە مەخسۇس ئادەم ئارقىلىق گەپ ئەۋەتىپ «شاڭخەي چوڭ سىناققا دۇچ كەلدى، ئۇرۇش بولىدۇ» دېگەننى بىلدۈرگەن.

### پۈتۈن خەلق تەنتەنە قىلغان ئۆكتەبىردىكى غەلىبە

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەتنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئوچۇق ــ ئاشكارا ھەرىكىتى چېن يۈن، دېڭ يىڭچاۋ قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنى بەكلا ئەندىشىگە سالدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىنتايىن مۈشكۈل شارائىتتا تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ھەرخىل يوللار بىلەن ئۆزئارا ئەھۋال ئالماشتۇرۇپ تۇردى ھەمدە يې جيەنيىڭغا ئۆزلىرىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئارزۇلىرىنى بايان قىلدى. سېنتەبىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، شۇ شياڭچيەن، نې رۇڭجېنلار يې جيەنيىڭغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ تېزرەك بىر قارارغا كېلىپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ مەسىلىسىنى بال-

www.uyghurkitap.com

دۇرراق ھەل قىلىشنى ئېيتتى ، خۇا گوفېڭ ، لى شيەننيەن ، ۋاڭ دۇڭ-
شىڭ قاتارلىقلارمۇ كۆپ قېتىم پىكىر ئالماشتۇرۇپ ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ
بەدىنىدىكى زەھەرلىك چاققا « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى يوق قىلىش
چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان . 21 – سېنتەبىردە خۇا گوفېڭ لى شيەنن-
يەننىڭ ئۆيىگە بېرىپ ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » مەسىلىسىنى ھەل
قىلىشنى مەسلىھەتلەشكەن ھەمدە لى شيەننيەننى ئۆزىگە ۋاكالىتەن يې
جيەنيىڭنى ئىزدەپ بېقىشنى ئېيتقان . 24– سېنتەبىردە لى شيەننيەن يې
جيەنيىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » قا تاقابىل تۇرۇش
مەسىلىسىنى مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، يې جيەنيىڭ خۇا گوفېڭ بى-
لەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ ، ئەستايىدىل مەسلىھەتلىشىپ ، بىر توغرا تەد-
بىرنى بېكىتكەن . بىر مەيدان ساقلانغىلى بولمايدىغان جىددىي كۈرەش
باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى .

ماۋ زېدۇڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ، « تۆت كىشىلىك گۇ-
رۇھ » « بەلگىلەنگەن فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار » دېگەن ئاتالمىش
ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئويدۇرۇپ چىقىپ ، ئۇنى 16 – سېنتەبىردە
« خەلق گېزىتى » ، « قىزىل بايراق ژۇرنىلى » ، « ئازادلىق ئارمىيە گې-
زىتى » دە ، « ماۋ جۇشى بىزنىڭ قەلبىمىزدە مەڭگۈ ھايات » دېگەن باش
ماقالىدە ئېلان قىلدى . باش ماقالىدە : « ماۋ جۇشى بىزگە : ‹ بەلگىلەن-
گەن فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار › دەپ ۋەسىيەت قىلغان . » « بەل-
گىلەنگەن فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار دېگەنلىك ، ماۋ جۇشىنىڭ پرو-
لېتارىيات ئىنقىلابىي لۇشيەنى ۋە ھەرقايسى سىياسەتلەر بويىچە ئىش قى-
لىش دېگەنلىك » ، « ماۋ جۇشىنىڭ تەلىمىگە مەڭگۈ ئەمەل قىلىپ ،
سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىشتا ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ، پ-
رولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىشتا چىڭ
تۇرۇشىمىز لازىم » دېيىلگەنىدى . ئۇلار « بەلگىلەنگەن فاڭجېن بويىچە
ئىش قىلىڭلار » نى شۇ چاغدىكى تەشۋىقاتنىڭ مەركىزى قىلىپ ، گې-
زىت – ژۇرناللارنىڭ ئاساسلىق بەتلىرىدە ئۇلاپ ، قايتا – قايتا ئېلان قى-
لىشقا بۇيرۇق قىلدى . ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشى ، ئۆزلىرىنى ماۋ زېدۇڭ-

نىڭ سادىق ۋارىسلىرى ، پارتىيە ئىچىدىكى « مۇنتىزىم » لار قىلىپ
كۆرسىتىپ ، ئۆزىنى كۆتۈرۈپ ، خۇا گوفېڭ قاتارلىق مەركەزدىكى
رەھبەرلەرگە زەربە بېرىش ئىدى .

دۆلەت بايرىمىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى تېخىمۇ ئاشكارا
بولۇپ كەتتى . 1 ـ ئۆكتەبىردە جياڭ چىڭ چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا بې-
رىپ نۇتۇق سۆزلەپ ، كۆپچىلىك « دېڭ شياۋپىڭ ئۇچۇن ئەنزە ئاغدۇ-
رىدىغان ئادەملەرنىڭ يەنە چىقىپ قېلىشى » دىن ھوشيار بولۇڭلار ،
« مەنمۇ سىلەر ياشلارغا قەسەم بېرەي ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا بەدىنىمنى
چېنىقتۇرىمەن ، سىنىپىي كۈرەش ، لۇشيەن كۈرىشى تېخى ئۇزۇن »
دېگەن . ۋاڭ خۇڭۋېن 3 ـ ئۆكتەبىردە بېيجىڭ شەھىرى پىڭگۇ ناھىيە-
سىگە بېرىپ سۆزلىگەن سۆزىدە : « مەركەزدىن شيۇجىڭجۇيى چىقسا
قانداق قىلىسىلەر ؟ يوقىتىمىز ! » « بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاڭ شياۋ-
پىڭ ، ۋاڭ شياۋپىڭلار چىقىشى مۇمكىن ، ھوشيار بولۇڭلار ! » « كۆ-
زۈڭلارنى يوغان ئېچىپ ، شيۇجىڭجۇيىغا دىققەت قىلىڭلار » دېگەن .

4 ـ ئۆكتەبىردە ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ يېزىقچىلىق
گۇرۇپپىسى « نۇر گېزىتى » نىڭ بىرىنچى بېتىدە « مەڭگۈ ماۋ جۇشى
بەلگىلىگەن فاڭجېن بويىچە ئىش قىلايلى » دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان
قىلدى . ماقالىدە مۇنداق دېيىلگەنىدى : « ماۋ جۇشى بەلگىلىگەن فاڭ-
جېننى ئۆزگەرتىش ، ماركسىزمغا ، سوتسىيالىزمغا ، پرولېتارىيات دىكتا-
تورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش ئۇلۇغ نەزەرىيىسىگە خائىن-
لىق قىلغانلىق » ، « شيۇجىڭجۇيىنىڭ ھەرقانداق كاتتىۋېشى ماۋ جۇشى
بەلگىلىگەن فاڭجېننى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلىدىكەن ، ئۇ ياخشى ئا-
قىۋەتكە قالمايدۇ . » بۇ يەردە بەزى پاكىتلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە
توغرا كېلىدۇ : 1976 ـ يىلى 30 ـ ئاپرېل كەچتە ، ماۋ زېدۇڭ يېڭى
زېلاندىيە زۇڭلىسى مالتىننى قوبۇل قىلغاندا ، خۇا گوفېڭ ھەمراھ بول-
غان ، قوبۇل قىلىشتىن كېيىن ئۇ ماۋ زېدۇڭغا مەملىكەتنىڭ ۋەزىيىتى قا-
تارلىق ئەھۋاللارنى دوكلات قىلغان . ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغدا ئۆز قەلىمى
بىلەن ئۈچ جۈملە سۆزنى يېزىپ بەرگەن : بىرى ، « ئاستا بولسا بول-

www.uyghurkitap.com

سۇن، ئالدىرىماڭلار»؛ يەنە بىرى، «بۇرۇنقى فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار»؛ ئۈچىنچىسى، «سىز ئىش بېجىرسىڭىز، مەن خاتىرجەم بولىمەن». خۇا گوفېڭ سىياسىي بيۇرو يىغىنىدا ماۋ زېدۇڭنىڭ دەسلەپكى ئىككى جۈملە سۆزىنى يەتكۈزگەن، ئۇ چاغدا جياڭ چىڭ قاتارلىقلار بار ئىدى. لېكىن، جياڭ چىڭ قاتارلىقلار «بۇرۇنقى فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار» دېگەننى «بەلگىلەنگەن فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار»غا ئۆزگەرتىۋەتكەن ھەمدە ئۇنى ماۋ زېدۇڭنىڭ «ۋەسىيىتى» دەپ چىقىپ ئىش تاپماقچى بولغاندا، خۇا گوفېڭ ئۇنى تۈزىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىشقا مەجبۇر بولدى. 2 ـ ئۆكتەبىردە خۇا گوفېڭ دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى چياۋ گۇەنخۇا 30 ـ سېنتەبىر كۈنى كۆرۈپ چىقىشقا ئېلىپ كەلگەن «جۇڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 31 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا سۆزلەيدىغان سۆزىنىڭ تېكىستى» گە تەستىق سالغاندا مۇنداق يازغان: بۇ سۆزدە تىلغا ئېلىنغان ماۋ جۇشىنىڭ ۋەسىيىتىنى مەن ماۋ جۇشى ئۆز قولى بىلەن يېزىپ بەرگىنىگە سېلىشتۇرۇپ چىقتىم، ئۈچ خەت خاتا كېتىپتۇ، ماۋ جۇشىنىڭ يېزىپ بەرگىنى ۋە مەن سىياسىي بيۇرودا يەتكۈزگىنىم «بۇرۇنقى فاڭجېن بويىچە ئىش قىلىڭلار» ئىدى. بۇنىڭ يەنە خاتا بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن مەن ئۇنى ئۆچۈرۈۋەتتىم. ئەمما، جاڭ چۈنچياۋ بۇ سۆز تېكىستىگە مۇنداق تەستىق سالغان: «يولداش خۇا گوفېڭنىڭ تەستىقىنى بەزىبىر ئورۇنسىز ماجىرالارنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تۆۋەنگە تارقاتماسلىقنى تەكلىپ قىلىمەن.» جياڭ چىڭ بۇنى كۆرگەندىن كېيىن، بۇ سۆزلەرنىڭ ئاستىغا بىزىق سىزىپ، ئۆزىنىڭ جاڭ چۈنچياۋنىڭ پىكرىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ ماۋ زېدۇڭنىڭ ۋەسىيىتىنى ئويدۇرۇپ چىقارغان ئالدامچىلىقىنىڭ ئاشكارىلىنىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن خۇا گوفېڭنىڭ تەستىقىنىڭ تۆۋەنگە تارقىلىشىغا كۈچىنىڭ بارىچە توسقۇنلۇق قىلسا؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزلىرىنىڭ يېزىقچىلىق بەنزىسى لياڭ شياۋغا كۆر-

سەتمە بېرىپ، «مەڭگۈ ماۋ جۇشى بەلگىلىگەن فاڭجېن بويىچە ئىش قىلايلى» دېگەن ماقالىنى يازدۇرۇپ ئېلان قىلدۇردى، ئۇ ماقالىدىكى سۆزلەرنىڭ مۇقامى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئەگەر كىمكى بۇ ئاتالمىش «ۋەسىيەت» بويىچە ئىش قىلمىسا، شۇ «شىۇجېڭجۇيىنىڭ كاتتىۋېشى» دېگەندى. بۇ ئىش تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ ماقالە شۇ چاغدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىنى «شىۇجېڭجۇيىنىڭ كاتتىۋېشى» دېگەندىن بېشارەت بېرىپ، «ئۇلار ھەرگىز ياخشى ئاقىۋەتكە قالمايدۇ» دەپ داۋراڭ سالغانىدى. شۇڭا، بۇ تەبىئىي ھالدا كىشىلەرگە جىددىي بىر سىگنالدەك بىلىندى، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھوقۇق تارتىۋېلىشى يېقىنلاپ قالغان ئىشتەكلا بىلىنىپ كەتتى. بۇ ئىشتىن كېيىن جاڭ چۈنچياۋ يازغان بىر تېزىستا مۇنداق سۆزلەر بايقالغان: «ئىنقىلاب ۋە دىكتاتورا، ئىنقىلابنى قانداق قىلىش كېرەك، ھاكىمىيەتنى قانداق مۇستەھكەملەش كېرەك، ئادەم ئۆلتۈرۈش لازىم.» مانا بۇ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ ھەقىقەتەن قەست قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دەرھال قەتئىي قارارغا كېلىپ، كەسكىن تەدبىر قوللاندى. «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى» نىڭ 5-تومىنى تەھرىرلەش، نەشر قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىش نامىدا سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېت يىغىنىنى چاقىرىشنى بەلگىلەپ، ياۋ ۋېنيۈەننى قاتناشتۇردى، جياڭ چىڭنى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىدىغان بولدى. بۇ ئىشقا خۇا گوفېڭ رىياسەتچىلىك قىلدى، يې جيەنيىڭ ئۆزى قوماندانلىق قىلدى، كونكرېت ئىشلارغا مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى ۋە مۇھاپىزەتچى قىسىملار مەسئۇلى ۋاڭ دۇڭشىڭ مەسئۇل بولدى. 6-ئۆكتەبىر كەچ سائەت 8 دە، خۇا گوفېڭ، يې جيەنيىڭ جۇڭنەنخەيدىكى خۇەيرېنتاڭ زالىدا سىياسىي بيۇرو دائىمىي كومىتېتىنىڭ يىغىنىنى ئېچىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئىجرا قىلدى، جاڭ چۈنچياۋ، ۋاڭ خۇڭۋېن، ياۋ ۋېنيۈەنلەر يىغىن زالىغا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كىرگەندىن كېيىن ئۇلارغا ئايرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆكتۇرۇلدى ھەمدە جۇڭنەنخەيدىكى جياڭ چىڭنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋە-تىپ ، بۇ قارارنى ئۇنىڭغا يەتكۈزدى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ بېيجىڭدىكى مۇرىتلىرىغىمۇ ئايرىپ تەكشۈرۈش تەدبىرى قوللىنىلدى . بىر سائەتكە يەتمىگەن ۋاقىتتا ، بىر پاي ئوقمۇ ئاتماي ئەلنىڭ قارغىشىغا قالغان جياڭ چىڭ گۇرۇھى تارمار قىلىندى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ، مەركىزىي رادىئو ئىستانسىسى ، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ، شىنخۇا ئاگېنت-لىقى قاتارلىق « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » ئىگىلىۋالغان ئاخبارات ئورۇن-لىرى كونترول قىلىندى . شۇ كۈنى كەچ سائەت 10 دا ، پارتىيە مەرك-زىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي شەھەر ئەتىراپىدىكى يۇيچۈەنشەندە يىغىن ئېچىپ ، « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تارمار قىلىنغاندىن كېيىنكى پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى . يىغىن 7 ـ ئۆكتەبىر ئەتىگەندە خۇا گوفېڭنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ رەئىسى قىلىپ تەيىنلەشنى قارار قىلىپ ماقۇللىدى .

« تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نىڭ شاڭخەيدىكى يېقىنلىرى جياڭ چىڭ قاتارلىقلارنىڭ ئايرىپ تەكشۈرۈلۈۋاتقانلىق خەۋىرىنى بىلگەندىن كېيىن ، دەرھال جىددىي يىغىن ئېچىپ ، جىددىي ھەرىكەتلەندۈرۈش ئېلىپ باردى . ئۇلار قورallıق توپىلاڭ قوماندانلىق بەنزىسىنى تەشكىل-لەپ ، 33500 نەپەر خەلق ئەسكىرىنى يىغقان ، 27000 دەك ھەرخىل قورالlarنى ئىشلەتكەن ، 225 دانە ئاپتوموبىل تەييارلىغان ، كۆپلىگەن ماددىي ئەشيا ۋە يېمەكلىك توپلاپ ، توپىلاڭنى كونكرېت ئورۇنلاشتۇر-غان . ئۇلار يەنە پۈتۈن شەھەر ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە خەت دېگەن-نىمۇ ئېلان قىلىشقا تەييارلاپ قويغان . ئۇلار « بىزنىڭ جياڭ چىڭنى ، چۇنچياۋنى ، ۋېنيۈەننى ، خۇڭۋېننى قايتۇرۇپ بېرىڭلار » دې-گەن شوئارنى بەلگىلەپ ، جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى قۇ-تۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرقى قېتىم جان تالاشماقچى بولغان .

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى شاڭخەي مەسىلىسىنى بۇرۇنلا پەرەز قىلىپ ، ۋاقتىدا كۈچلۈك تەدبىر قوللاندى . « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ »

نىڭ شاڭخەيدىكى مۇھىم ئادەملىرىنى بېيجىڭغا ئېلىگىرى - كېيىن بولۇپ چاقىرىپ كەلدى ۋە بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلارنى شاڭخەيگە ئەۋەتىپ ۋەزىيەتنى كونترول قىلدى. خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ قويغانىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ قالدۇقلىرىنىڭ شاڭخەيدە قوراللىق توپىلاڭ قىلىشنى پىلانلىشى شاڭخەيدىكى كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ قاتتىق قارشىلىقىغا ئۇچراپ، ئۇلارنىڭ سۇيىقەستى ئەمەلگە ئاشمىدى.

14 - ئۆكتەبىردە، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ تارمار قىلىنغانلىقىنى جاكارلىدى. كىشىلەر ئۆزئارا خەۋەر يەتكۈزۈشۈپ، تەنتەنە قىلىشتى، بەزىلەر قەدەھ كۆتۈرۈپ تەبرىكلەشتى، نۇرغۇن ئورۇنلاردا هاراق سېتىلىپ تۈگەپ كەتتى، پۈتۈن مەملىكەت قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. شاڭخەي خەلقىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى ئەيىبلەش غەزەپ ئوتى پۈتۈن شەھەرنى قاپلىدى. 21 - ئۆكتەبىردىن 30 - ئۆكتەبىرگىچە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 29 ئۆلكە، شەھەر، ئاپتونوم رايون ۋە خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى تەنتەنىلىك يىغىلىش، نامايىشلارنى ئۆتكۈزۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىشتىكى جىددىي تەدبىرىنى قەتئىي قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىشتىكى زور غەلىبىنى تەنتەنە قىلىشتى.

جياڭ چىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھى ئۇزاق مۇددەت خەلق بىلەن دۈشمەنلەشتى، ئۇلارنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىنى يېزىپمۇ تۈگەتكىلى بولمايدۇ. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نى تارمار قىلىش، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئورتاق ئارزۇسى ئىدى. ماۋ زېدۇڭ پارتىيە ۋە هۆكۈمەتنىڭ ئالىي رەھبەرلىك هوقۇقىنى باشتىن - ئاخىر «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» قا بەرمىدى هەمدە ئۇلارنى تەنقىد قىلىپ، پاش قىلىپ، پارتىيىنىڭ بۇ كەسكىن كۈرەشتىكى قىيىنچىلىقىنى يەڭگىللەتتى. خۇا گوفېڭ، يې جيەنيىڭ، لى شيەننيەن قاتارلىقلار «تۆت كىشىلىك گۇ-

روۋھ » نى تارمار قىلىش كۈرىشىدە مۇھىم رول ئوينىدى. ۋاڭ دۇڭشىڭمۇ بەزى پايدىلىق خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى تارمار قىلىش غەلىبىسى پارتىيىمىزنى، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى خەۋپ ئىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىبارەت بۇ بالايىئاپەتنى تۈگىتىپ، ئېلىمىزنى يېڭى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىغا ئېلىپ كىردى.

« ‹ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى › نى ماۋ زېدۇڭ ئۆزى قوزغىدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى. ‹ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى › دىكى ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان، ئۇزۇن داۋام قىلغان بۇنداق ئېغىر ‹ سول › چىللىق خاتالىقنىڭ ئاساسىي جاۋابكارلىقى يولداش ماۋ زېدۇڭدا. لېكىن، يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقى، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بىر ئۇلۇغ پرولېتارىيات ئىنقىلابچىسى ئۆتكۈزگەن خاتالىق. » « ئۇ ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن ۋاقتىدىمۇ پۈتۈن پارتىيىدىن ماركس، ئېنگېلس، لېنىنلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئۆگىنىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى، ئۆزىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى باشتىن - ئاخىر ماركسىزملىق نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت دەپ قاراپ كەلدى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق يېرى ئەنە شۇ. » « ئۇ لىن بياۋ ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھىنى تارمار قىلىش كۈرىشىگە رەھبەرلىك قىلدى. جياڭ چىڭ، جاڭ چۈنچياۋ قاتارلىقلارنىمۇ جىددىي تەنقىد قىلدى ۋە پاش قىلدى، ئۇلارنىڭ ئالىي رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش يولىدىكى قارا نىيىتىنىڭ ئىشقا ئېشىشىغا يول قويمىدى. مانا بۇلار كېيىن پارتىيىمىزنىڭ « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » نى ئوڭۇشلۇق تارمار قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى. » « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا پارتىيىمىز نابۇت بولۇپ كەتمىدى، بەلكى بىرلىكىنى ساقلاپ قالىۋەردى، گوۋۇيۈەن بىلەن خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى نۇرغۇنلىغان زۆرۈر خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشقان 4 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئېچىلدى ھەمدە گوۋۇيۈەنگە يولداش جۇ ئېنلەي بىلەن يولداش

دېڭ شياۋپىڭنى رەھبەرلىك يادروسى قىلغان نامزاتلارنى بېكىتتى ، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ ئۇلى ساقلىنىپ قالىۋەردى ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش داۋاملىشىۋەردى ، مەملىكىتىمىز ئۆزىنىڭ بىرلىكىنى ساقلاپ قالىۋەردى ۋە خەلقئارادا مۇھىم رول ئوينىدى . بۇ مۇھىم ئىشلارنى يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ غايەت زور رولىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ . » « ئۇ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى › دا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، لېكىن پۈتۈن ھاياتىدىن قارىغاندا ، ئۇنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىغا قوشقان تۆھپىسى ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىدىن كۆپ ئارتۇق . ئۇنىڭ تۆھپىسى بىرىنچى ئورۇندا ، خاتالىقى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ . » ⑦

## ئىزاھاتلار

① « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » ، 2 ـ توم ، 42 ـ ، 43 ـ بەتلەر .

② « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما ».2 ـ توم ، 61 ـ ، 63 ـ ، 64 ـ بەتلەر .

③ ماۋ زېدۇڭنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا ، تىببىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق ماۋ زېدۇڭ « قېرىلىق كاتاراكتا » كېسەلىگە مۇپتىلا بولۇپ قالغانلىقى ئېنىقلانغان بولۇپ ، كىتاب ئوقۇيالمايدىكەن . 1975 ـ يىلى ئاۋ غۇستتا كۆزىدىكى ئاقنى ئېلىش ئوپېراتسىيىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇپ ، كۆرۈشى ئەسلىگە كەلگەن .

④ زېتيەن ــ ۋۇ زېتيەن ، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ئايال پادىشاھ .

⑤ قايتا تەكشۈرۈش ئارقىلىق بۇ 388 ئادەم ئىچىدىن بىرمۇ ئەكسىلئىنقىلابچى چىقمىغان ، پەقەت ئۈچ ئادەمنىڭ ئوغرىلىق قىلغان جىنايىتى بار ئىكەن . بۇ شىنخۇا ئاگېنتلىقى 1978 ـ يىلى 18 ـ نويابىر تارقاتقان خەۋەر .

⑥ 1923 ـ يىلى ياپونىيىنىڭ توكيو شەھىرىدە قاتتىق يەر تەۋرەپ ، 100 مىڭ ئادەم ئۆلگەن . 1960 ـ يىلى چىلىدا قاتتىق يەر تەۋرەپ 7000 ئادەم ئۆلگەن . تاڭشەندىكى يەر تەۋرەشتە ئۆلگەن ئادەم توكيودىكىسىنىڭ 2.4 ھەسسىسىگە ، چە

لىدىكىنىڭ 35 ھەسسىسىگە تەڭ .

⑦ « جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغان- دىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى » ، 155 ـ ، 156 ـ ، 173 ـ بەتلەر .



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# يەتتىنچى باب

# ئون يىللىق بالايىئاپەتتىن كېيىنكى ئويلىنىش

## 1 . ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىقنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتى

ئۆز ۋاقتىدا ماۋ زېدۇڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاپ ،
جاھاندىكى چوڭ قالايمىقانچىلىق ئارقىلىق « جاھاننى تازا تۈزەش »
مەقسىتىگە يەتمەكچى بولغانىدى . لېكىن ، ئەمەلىيەت ئويلىغىنىدەك بول-
ماي ، ئون يىللىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » پارتىيە ، دۆلەت ۋە
خەلقنى دۆلەتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئەڭ ئېغىر ئوڭۇشسىزلىق ۋە زى-
يانغا ئۇچراتتى . « ‹ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى › نى مەڭگۈ ئۇنتۇماسلىق
كېرەك ! » مانا بۇ شۇ چوڭ بالايىئاپەتنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلەرنىڭ
ئورتاق ساداسى ، كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
نىڭ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەشنى ، ئەستە چىڭ تۇتۇشنى ،
كېيىنكى ئەۋلادلارغا بىلدۈرۈشنى ، مۇشۇ خىلدىكى ئىچكى قالايمىقانچى-
لىقنىڭ جۇڭگو زېمىنىدا قايتا يۈز بېرىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىقنى
ئارزۇ قىلىدۇ . بۇ بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن زىيانلارنى تولۇق كۆرسى-
تىپ ، كىشىلەرنىڭ بۇرۇنقى كۆڭۈل ئاغرىقلىرىنى ئېسىدە چىڭ ساقلات-
قۇزۇشىمىز لازىم . لېكىن ، ئون يىللىق بالايىئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان
زىيانلار كۆپ تەرەپلىمىلىك ، ئەگەر ماددىي جەھەتتىكى زىياننى ھې-
سابلاپ چىققىلى بولىدۇ دېگەن تەقدىردىمۇ ، مەنىۋى مەدەنىيلىككە كەل-
تۈرگەن زىيىنىنى ، روھىي جاراھەتنى قانچىلىك ئىلغار ھېسابلاش ماشى-
نىسى بولسىمۇ ھېسابلاپ چىقالمايدۇ . ئېھتىمال ئىقتىسادشۇناسلار ، سى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياسەتچىلەر ، تارىخشۇناسلار ، جەمئىيەتشۇناسلار ، پەيلاسوپلارنىڭ ئور-
تاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى ، ئۇزاق مۇددەت تەكشۈرۈپ تەتقىق قى-
لىشى ئارقىلىق ئاندىن ئەترەپلىق ، توغرا باھا ۋە ئېنىق ھېسابقا ئېرىش-
كىلى بولۇشى مۇمكىن . بۇ كىتاب پەقەت چوڭ - چوڭ مەسىلىلەر ئۈس-
تىدىلا يۈزەكى مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلدى .

**( 1 ) خاتا نەزەرىيە ۋە ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى ناتوغرا ئەمەلىيەت ، ئىدىيىدىكى مىسلىسىز قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى ۋە ماركسىزم - لېنىنىزمغا بولغان ئېتىقادنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى**

ئىنقىلابىي ئاممىنىڭ ھەرىكىتىگە توغرا نەزەرىيە بىلەن يېتەكچى-
لىك قىلىش ، كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي ئامما ھەرىكىتى
بىلەن ئىلگىرىكى بارلىق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ مۇھىم پەرقلىرىنىڭ
بىرى ، شۇنداقلا بۇ خىل ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنىڭ جەزمەن غەلىبە قى-
لىشىدىكى تۈپ كاپالەت . خۇددى ماۋ زېدۇڭ ئېيتقاندەك : « جۇڭگو-
لۇقلار ماركسىزم - لېنىنىزمنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن روھىي جەھەتتە
پاسسىپ ئورۇندىن ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتتى . » ① جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ
غەلىبىسى دەل ماركسىزم - لېنىنىزمنىڭ غەلىبىسى .

نەزەرىيىنىڭ رولى دەل ئۇنىڭ كىشىلەرنى ۋەزىيەتنى توغرا تەھ-
لىل قىلىشقا ، جەمئىيەت ئەمەلىيىتىنى توغرا پەرق ئېتىشكە ، ئىنقىلابنىڭ
ئوبيېكتى ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى توغرا بېكىتىشكە ، توغرا
ئىستراتېگىيە ۋە تاكتىكا تۈرغۈزۇشقا يېتەكلىشىدە ھەم شۇ ئارقىلىق ئىن-
قىلابىي پائالىيەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىپ ، بارلىق قىيىن توسالغۇلارنى
يېڭىپ ، مەغلۇبىيەتتىن غەلىبىگە قاراپ مېڭىشىدا . ئەمما ، خاتا نەزەرىيە
دەل بۇنىڭ ئەكسىچە رول ئويناپ ، ۋەزىيەتكە بولغان خاتا قاراشنى ،
دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشنى ، ھەق - ناھەق ئاستىن -
ئۈستۈن بولۇپ كېتىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، نەتىجىدە ئىنقىلاب ئىش-
لىرىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ، زىيان ۋە مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىدۇ .
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى بولغان ئاتالمىش
« پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەر-

يىسى » گەرچە بىر مەزگىل « ماركسىزم ـ لېنىنىزمنىڭ يۇقىرى پەللىسى » ، « ئۈچىنچى پارلاق نامايەندە » دەپ تەرىپلەنگەن بولسىمۇ ، لېكىن دەل مۇشۇنداق خاتا ئىنقىلاب نەزەرىيىسى تەسىرى ئىنتايىن چوڭقۇر بولغان ئېغىر زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئۇ نەزەرىيىنىڭ نېمە ئۈچۈن خاتا ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىز ئالدىنقى بابلاردا تارىخنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ كۆپ قېتىم تەھلىل قىلىپ پىپەن قىلدۇق ، شۇڭا بۇ يەردە يەنە سۆزلەپ تۇرمايمىز .

تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدىغىنى ، دۈشمەن بىلەن ئۆزىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇش ، ھەق ـ ناھەقنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىشىنىڭ بىر مۇھىم نەزەرىيىۋى سەۋەبى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئۇچىغا چىققان دۈشمىنى بولغان شيۇجېڭجۇيىغا نىسبەتەن توغرا تونۇش ۋە ئېنىق ئۇقۇمنىڭ كەمچىل بولۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى ، 20 نەچچە يىل مابەينىدە ، نېمىنىڭ شيۇجېڭجۇيى ( ھازىرقى زامان شيۇجېڭجۇيىسىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئىكەنلىكى توغرىسىدا ، پارتىيىنىڭ داھىيسى بولغان ماۋ زېدۇڭدىن تارتىپ ھېچكىم ئېنىق بىر نەرسە دېمىگەن .

ماۋ زېدۇڭ شيۇجېڭجۇيى دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ناھايىتى كەڭ دائىرىدە ، ناتوغرا ھالدا قوللانغان . ئۇ شيۇجېڭجۇيى دېگەنلىك ئوڭ پورسەتپەرەسلىك ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بەزى رەھبەرلىرى شيۇجېڭجۇيىنى يۈرگۈزدى دەپ بىلىپلا قالماي ، يەنە بۇنىڭدىن 800 نەچچە يىل بۇرۇنقى شىمالىي سۇڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئۆتكەن سۇڭ جياڭنى يەنى « سۇ بويىدا » رومانىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ رەھبىرىنىمۇ « شيۇجېڭجۇيى بىلەن شۇغۇللاندى » دېگەن . بۇنداق بولغاندا ، شيۇجېڭجۇيى ئاساسلىقى بىر خىل ئىدىيىۋى نەزەرىيە ئۇقۇمى بولماستىن ، بەلكى بىر سىياسىي ئۇقۇم بولۇپ ئىشلىتىلگەن . شيۇجېڭجۇيى ئىنقىلابچىلارنىڭ بىرىنچى دۈشمىنى بولۇپ ، بۇ دۈشمەننىڭ دائىرىسىمۇ ناھايىتى زور سۇبيېكتىپچانلىققا ئىگە بولۇپ قالغان . مانا بۇنداق ھەتتا كۈرەش نىشانىمۇ ئېنىق بولمىغان « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلۋەتتە قالايمىقان ئۇرۇش قىلىش، ساراڭلاردەك ئاستىن ــ ئۈستۈن قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، بىر چوڭ بالايىئاپەت بولۇپ شەكىللەنگەن.

ئەمەلىيەتتە، شيۇجېڭجۇيى دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ ئالاھىدە مەنىسى بولۇپ، ئۇ كوممۇنىزم ھەرىكىتىدىكى بەزىبىر كىشىلەرنىڭ ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىنى ئوڭ ياكى «سول» چىللىقتىن چىقىپ بۇرمىلىغان، ئۆزگەرتكەن ئاشۇ سىستېمىلىق خاتا نەزەرىيىۋى كۆزقاراشلىرىغا قارىتىلغان. ئەگەر مانا مۇشۇ چەك ــ چېگرا بويىچە ئېيتقاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەرغىپ قىلىنغان بىر يۈرۈش ئاتالمىش «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى» نى ئىسمى جىسمىغا لايىق شيۇجېڭجۇيىنىڭ نەرسىسى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، بىز بىر خىل ئېنىقسىز ئۇقۇم بىلەن يەنە بىر خىل ئېنىقسىز ئۇقۇمنى تەنقىد قىلىشنى قوللىمايمىز. بىز ماركسىزمنىڭ كونكرېتنى مەسىلىلەرنى كونكرېتنى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلىدا چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلىمىز. شۇڭا، ئاتالمىش «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا ئۈزلۈكسىز ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى» «ماركسىزم ــ لېنىنىزم ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىزىدىن ئوپئوچۇق چەتنەپ كەتكەن» ② «سول» چىل خاتا نەزەرىيىدۇر دەپ كۆرستىپ قويساقلا كۇپايە.

«ماركسنىڭ تەلىماتىنىڭ ھەممىگە قادىرلىقى دەل ئۇنىڭ توغرا بولغانلىقىدا.» ③توغرا نەزەرىيە كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھەقىقەتنى تونۇشىغا، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ، ئورتاق، توغرا كۆرەش نىشانى بولغاندىلا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ بىر نىيەتتە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگىلى، چوڭ ئىشلارنى قىلغىلى بولىدۇ. جۇڭگو كومپارتىيىسى يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ۋە 7 ــ قۇرۇلتاي ئارقىلىق، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدا، ناھايىتى يۇقىرى ئىتتىپاقلىق، بىرلىكلىكنى قولغا كەلتۈردى، جۇڭگو دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ ئۇتۇقلۇق تەرەققىي قىلىشى بۇنىڭغا پارلاق مىسال بولالايدۇ. ئەكسىچە «مەدەنىيەت زور ئىنـ

قىلابى » خاتا نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكلىشىدە ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋەتتى ، ئېقىمغا قارشى يول تۇتتى ، شۇ چاغدىكى مودا بولغان خىلمۇخىل ئۆزگىچە ، ياۋايى قىلمىشلار خۇددى « ئىنقىلابىي ھەرىكەت » تەك ، ھەممىسى توغرىدەك ، ھەممىسى « شىۇجىڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا زۆرۈردەك بولۇپ كەتتى . بۇلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرۇپ ، دۆلەت ۋە خەلققە ناھايىتى زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلمەي قويمايدۇ . ھالبۇكى بۇ خاتا نەزەرىيىلەر يەنە « ماركسىزمنى ئىجادكارلىق بىلەن تەرەققىي قىلدۇرغانلىق » دېگەن بايراق ئاستىدا ئېلىپ بېرىلغاچقا ، ماركسىزمنىڭ ئىناۋىتىنى ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتماي قويمىدى ، بىر تۈركۈم كىشىلەر ئىچىدە ، بەزى كومپارتىيە ئەزالىرى ، بولۇپمۇ ياشلار ئىچىدە ئېتىقاد كرىزىسى شەكىللەندى . بۇ خىل ئىدىيىۋى نەزەرىيىدىكى غايەت زور جاراھەتنىڭ ئاقىۋىتى ئىنتايىن ئېغىر بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئۆزۈل ـ كېسىل ئەسلىگە كەلمەيتتى .

**( 2 ) جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشى ۋە جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئېغىر دەرىجىدە ئاجىزلاپ كەتتى**

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » پارتىيە تەشكىلىنى ساپلاشتۇرۇش ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش نامىدا ۋە چاقىرىقىدا ئېلىپ بېرىلدى . ئەمما ، ئەمەلىيەتتىكى ئۈنۈمى تەرغىب قىلىنغان نىشانى بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى بولۇپ چىقتى .

نەزەرىيە خاتا ، سىياسىي چېگرىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ، ئوبيېكتىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ كېتىشى ، ئۇسۇلنىڭ غەلىتە بولۇشى ، ئون يىللىق مالىمانچىلىق جەريانىدا جۇڭگو كومپارتىيىسىنى ئېغىر زىيانغا ئۇچراتتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ، ئاساسىي قاتلاملاردا ، مەسىلەن ، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پارتىيە تەشكىلى « شىۇجىڭجۇيىچە پارتىيە » دېيىلدى . ئۆلكە مەركەزلىرىدە ، مەسىلەن ، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم « شىۇجىڭجۇيى گۇرۇھىنىڭ ئۇۋىسى » دېيىلدى . مەركەزدە ، بىر « بۇرژۇئازىيە قوماندانلىق شتابى » بار دېيىلىپ ،

www.uyghurkitap.com

پۈتۈن مەملىكەتتە « لىۇ شاۋچى شىۇجېڭجۇيى سىياسىي لۇشيەنى ۋە تەشكىلىي لۇشيەنى » بار دېيىلدى . قىسقىسى ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرى ئەتكەسكە چىقىرىلىپ ، « پارتكومنى چۆ-رۈپ تاشلاپ ئىنقىلاب قىلىش » قوزغالدى . شۇڭا ، كەڭ پارتىيە ئەزا-لىرى ئۇزاق مۇددەت تەشكىلىي تۇرمۇش ئۆتكۈزمىدى ، ياچېيكا پارت-كومدىن ، ناھىيىلىك پارتكوم ، ئۆلكىلىك پارتكومغىچە ھەممىسى نەچچە يىل ئاساسىي جەھەتتىن پالەچ ھالەتتە تۇرۇپ قالدى ھەمدە ئۇشتۇمتۇت جۇڭگو كومپارتىيىسىنى باشقىدىن قۇرۇش چاقىرىقى ئوتتۇرىغا چىقتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ، پارتىيە رەھبەرلىكىدىن پەقەت « ماۋ جۇشىنىڭ رەھبەرلىكى » ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىلا قالدى . ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىللىرى ھەرقايسى كونكرېت خىزمەتلەرنى ئىشلىمىسە ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى باشلامچىلىق قىلىپ ، تايانچلىق رو-لىنى جارى قىلدۇرمىسا ، بۇنداق پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكى قانداقمۇ ئەمەلگە ئاشسۇن ! « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئون يىللىق قالايمىقانچىلى-قىنى پەيدا قىلىشىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى ، دەل ئۇنىڭ جۇڭگو كوم-پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكەنلىكى .

لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گۇرۇھى توپىلاڭدىن توغاچ ئوغرىلاپ ، تەرەپ ـ تەرەپتىن نام ـ شەرەپ ، ھوقۇقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھىيلە ـ مىكىر ئىشلەتكۈچىلەرنى ۋە ھەرخىل جەمئىيەت داشقاللىرىنى يىغىپ ئۆزلىرىنىڭ گۇرۇھىنى تەشكىللەپ ، گۇرۇھنى پارتىيىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىپ ، ھوقۇق تالاشتى . ۋاڭ خۇڭۋېن « گۇرۇھقا تايىنىپ ، پار-تىيىگە تايانماسلىق كېرەك » دەپ جار سالغان ، جاڭ چۈنچياۋ ئوچۇق ـ ئاشكارا : « ئىسيانچىلار ئەترىتىنىڭ ئۆزى پارتىيە ياچېيكىسى ، ئەترەت ھەيئەتلىرى ياچېيكا ھەيئەتلىرى ، بۇرۇنقى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ لازىمى يوق ، ئىسيانچىلار پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ » دەپ ئېلان قىلدى . ماۋ زېدۇڭ پارتىيە تەشكىلىنى باشقىدىن قۇرۇپ چىقىشنى ئوت-تۇرىغا قويغاندىن كېيىن ، ئۇلار يەنە « پارتىيىگە زەربىدارلىق بىلەن كىرگۈزۈش » ، « زەربىدارلىق بىلەن ئۆستۈرۈش » دەك ھەرخىل ئۇ-

سوُل ـ چارىلەر بىلەن ئۆز كۆچىنى زورايتتى . ئۆز گۇرۇھىدىكى ئاساسـ
لىق ئادەملەرنى رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ، ۋاڭ خۇڭـ
ۋېن تەيپارتماستىن : « ھەممە نەرسە ئېھتىياج ئۈچۈن بولىدۇ ، خائىن
بولسا نېمە بوپتۇ ، ھەقىقىي خائىن بولسىمۇ ، جىياڭ چىڭ ئىشەنسىلا
بولدى » دېگەن . جىياڭ چىڭ بولسا : « مەسىلە بولسىمۇ پارتىيىگە كىرـ
گىلى بولىدىغۇ » ، « تونۇشتۇرغۇچىسى بولمىسىمۇ تەستىقلاش كېرەك »
دېگەن . ئۇلار زەربىدارلىق بىلەن پارتىيىگە كىرگۈزگۈچىلەرنى ئۆز
ئىدارىسىدىكىلەر قوشۇلمىسا ، ئۇلار « دېگىنىڭزدىن ئۇچۇپ ئۆتۈش » ئۇسۇـ
لىنى قوللىنىپ ، باشقا ئىدارىگە ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈپ تەستىقلاتقان . ئۆز
ئىدارىسىدىكىلەرنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ ، تەستىقلانمىغانلارنى ، ئۇلار
بېسىم ئىشلىتىش ۋاستىسىدىن پايدىلىنىپ ، يۇقىرىدىن ئىسمىنى ئاتاپ ،
ۋاقىت بەلگىلەپ پارتىيىگە كىرگۈزگەن . ئاساسىي قاتلام « پارتىيىنىڭ
يادرو گۇرۇپپىسى » دىكى كۆپ سانلىق ئەزا پارتىيىگە كىرگۈزۈشكە
قوشۇلمىغانلارنى ، ئۇلار بېسىم ئىشلىتىپ ، « ئىسمىنى ئاتاپ تاشنى يۆتـ
كىۋېتىش » ئـۇسـۇلـىـنى قوللانغان . گۇرۇھنىڭ بەزى تايانچ ئۇنسۇرـ
لىرى « زەربىدارلىق بىلەن پارتىيىگە كىرگۈزۈش » رەسمىيىتىنى بېجىـ
رىشكە ئۈلگۈرمەيلا ، ھوقۇقنى قولغا ئېلىشقا ئالدىراپ ، ئالدىدا رەھبەرلىك
بەنزىسىگە كىرگۈزۈلۈپ ، ئارقىدىن پارتىيىگە كىرىش رەسمىيىتىنى بىـ
جىرىپ ، ئاتالمىش « يېڭىنى قوبۇل قىلىش » نەيرەڭۋازلىقىنى ئىشلەتـ
كەن . جېجياڭدىكى يېڭىدىن پەيدا بولغان ئەكسىلئىنقىلابچى ۋېڭ
سىنخې ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا : « ھازىرقى پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ
تۇتۇپ ، سىياسىي جەھەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ۋاقتىمىزدىن تو.
لۇق پايدىلىنىپ ، تېزلىك بىلەن تۆركۈمنى يېتىلدۈرۈپ ( زەربىدارلىق
بىلەن پارتىيىگە كىرىشنى دېمەكچى ) چىقىشىمىز لازىم » دەپ جار سالـ
غان . مانا مۇشۇنداق قالايمىقان ئەھۋال ، ئەلۋەتتە پارتىيە تەشكىلىنىڭ
ساپلىقىنى ئېغىر دەرىجىدە تۆۋەنلىتىۋەتمەي قويمايدۇ . بىر تۈركۈم قارا
نىيەت ، سۇيىقەستچى ، تەۋەككۈلچىلار ، ئۇرۇپ ـ چېقىپ بۇلاڭچىلىق
قىلغانلار پارتىيىگە سۇقۇنۇپ كىرسە ، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى ھەر دەرىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

جىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىگە كىرسە ، ھەتتا ناھايىتى مۇھىم بولغان رەھبەرلىك ئورنىغا ئۆستۈرۈلسە ، ئىنتايىن زور زىيان كەلتۈرمەي قال-مايدۇ . چوڭ قالايمىقانچىلىق جەريانىدا يەنە بەزى ئادەم ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان ئىشلارمۇ يۈز بەردى . مەسىلەن ، 1968 ـ يىلى ئۆكتەبىردە ئېچىلغان 8 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 12 ـ ئومۇمىي يىغىنىغا شى-جاجۇاڭ پاختا توقۇمىچىلىق 1 ـ زاۋۇتىدىن تېخى پارتىيىگە كىرمىگەن بىر ئىشچى قاتناشقان . بۇ ئىشچى گورۇپپا يىغىنىدا تەپتارتماستىن جۇدې ، لى شيەننيەن قاتارلىق پېشقەدەم ئىنقىلابچىلارنىڭ بۇرنىغا قولىنى نۇقۇپ تۇرۇپ ۋارقىراپ سوئال سورىغان . ھازىرقى كۆندە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك بۇنداق كۈلكىلىك ئىشلار ، شۇ يىللاردا ھەقىقەتەن بولغان ئىشلار ئىدى .

لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ گورۇھلىرى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرىنى ئىلەشتۈرۈپ بىر نېمىلا قىلىۋەتتى ، ھەمدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئۆزلىرىنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك گورۇھ سىستېمىسىنى قۇردى . ئۇلارنىڭ كونتروللۇقىدىكى رايون ۋە ئىدارىلەر-دە ، گورۇھۋازلىق پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ، ئۇلار ئۆز بىلگىنىچە ئىش قىلدى . لىن بياۋ ئۆزىچە لىن ئاتا ـ بالا ھۆكۈمرانلىقى-دىكى جاھان قۇرۇشقا ئۇرۇنسا ، جياڭ چىڭ لۇ جۇي ، ۋۇ زېتيەن ، نالاشىلارنى دوراپ ، ئايال پادىشاھ بولۇش خام ـ خىيالىدا بولدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ، شى-يۇجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ نەتىجىسىدە ، جۇڭگو فېئودال خان پادىشاھلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان ھاكىممۇتلەق ھۆكۈمرانلىقىدىكى دەۋرگە قايتىپ كېتىشكە تاسلا قالدى . بۇ ناھايىتى چوڭ تارىخىي مەسخىرە .

دۆلەت ھاكىمىيىتى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئېغىر دەرى-جىدە ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىلدى . ھاكىمىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىلدى : جامائەت خەۋپسىزلىكى ، رېۋىزىيە ، ئەدلىيە ئورگانلىرىدىن ئىبارەت دىكتاتورىنىڭ ئاساسلىق

قوراللىرى « ئۇزۇل ـ كېسىل پاچاقلاپ تاشلاندى » ؛ ئەزەلدىنلا ناھايىتى ئاجىز بولۇپ كېلىۋاتقان دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم پۈتۈنلەي يوقاپ كەتتى ، ئۆز ئالدىغا سوراقخانا قۇرۇپ ، جازالاپ تۇرۇپ سوراق قىلىدىغان ، مەجبۇرىي ئىقرار قىلدۇرىدىغان ، خالىغانچە قولغا ئالىدىغان ، قانۇنسىز قامايدىغان ، ئۆيلەرنى خالىغانچە ئاختۇرىدىغان ئىشلار ناھايىتى ئومۇملىشىپ كەتتى ، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال ـ مۈلكى كاپالەتكە ئىگە بولالماي قالدى ؛ ھەر دەرىجىلىك ھاكىمىيەت ئورگانلىرى « كونا ھۆكۈمەت » دەپ قارا چاپلىنىپ ، ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىندى ؛ جەمئىيەت تەرتىپى ئىنتايىن قالايمىقانلىشىپ كەتتى . شۇ چاغدىكى تولۇقسىز ستاتىستىكىغا قارىغاندا ، 1966 ـ يىلى 14 ـ ئۆكتەبىردىن بۇرۇن « جىن ـ شەيتان » دەپ ، شەھەردىن يېزىلارغا ھەيدەلگەنلەر مەملىكەت بويىچە 397400 دىن كۆپرەك ئادەم بولغان . 1966 ـ يىلى ئاۋغۇستىنىڭ ئاخىرلىدىن سېنتەبىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان 40 نەچچە كۈندە بېيجىڭ شەھىرىدىنلا 85198 ئادەم ئۆز يۇرتىغا قايتۇرۇۋېتىلگەن ، 1772 ئادەم ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلگەن ، 33695 ئائىلە ئاختۇرۇلغان . نۇرغۇن ئورۇنلاردا قانۇنسىز ئۆي ئاختۇرۇشتىن كەلگەن بىر قىسىم مال ـ مۈلكنى « قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ جەڭ مېۋىسى » دەپ ئىچكى جەھەتتە ياكى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا كۆرگەزمە قىلىنغان ، نۇرغۇن مال ـ مۈلۈك « ئىسيانچىلار » تەرىپىدىن شەخسىي مۈلۈك قىلىۋېلىنغان . ئۇزۇن يىللىق ئىنقىلابىي كۈرەش جەريانىدا ھايات ـ ماماتىغا قارىماي جەڭ قىلغان ، جۇڭگونىڭ ئىنقىلابىي ئىشلىرى ئۈچۈن غايەت زور تۆھپىلەرنى قوشقان پېشقەدەم كادىرلار تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان ، سولانغان ، جازالىق سوراققا تارتىلغان ، نۇرغۇنلىرى يارىدار قىلىنغان ، مېيىپ بولۇپ قالغان ، ھەتتا ئۇۋاللىق ئىچىدە بۇ ئالەمدىن ئايرىلغان . پەقەت بېيجىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى بىرلا تۈرمىدە 1967 ـ يىلدىن 1971 ـ يىلىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە 500 دىن ئارتۇق يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىر قامالغان . 34 ئادەم قىيناپ ئۆلتۈرۈلگەن ، 20 نەچچە ئادەم مېيىپ بولۇپ قالغان ، 60 نەچچە ئادەم ساراڭ بولۇپ قالغان . بۇ پەقەت بىر قىسىم ئۇش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

شاق ستاتىستىكا بولسىمۇ ، ئەمما مۇشۇنىڭدىنلا مەسلىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . مانا بۇ قانلىق ، ئېچىنىشلىق ئەمەلىيەت ، « پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش » ۋە « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارا-ئىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش » نامى ئاستىدا يۈز بەرگەن .

ماركسىزم ، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى كەڭ خەلق ئاممىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ، ئەڭ ئو-مۇملاشقان دېموكراتىيىدۇر ، دەپ قارايدۇ . ھالبۇكى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ، لىن بياۋ « ھاكىمىيەت دېمەك باستۇرۇش ھوقۇقى دې-مەكتۇر » دېگەن « پەتىۋا » نى كەشىپ قىلدى ھەمدە ئۇنى كەڭ كۆ-لەمدە يولغا قويدى . كەڭ خەلق ئاممىسى « باستۇرۇش ھوقۇقى » ئاس-تىدا ، بارلىق دېموكراتىيە ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم قىلىندى ، بۇنى ئۇلار ئاشكارا ھالدا ، پرولېتارىياتنىڭ بۇرژۇئازىيە ئۈستىدىن يۈرگۈزگەن ئو-مۇميۈزلۈك دىكتاتورىسى ، دەپ داۋراڭ سالدى . ئەمەلىيەت ناھايىتى ئې-نىقكى ، بۇ پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى قاتتىق بۇرمىلاش ۋە ئۇنى ئېغىر دەپسەندە قىلىشتۇر .

**( 3 ) خەلق ئىگىلىكى زور دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى**

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ پروگرامما خاراكتېرلىك ھۆججىتى « 16 ماددا » دا : « پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ئې-لىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان زور ھەرىكەت-لەندۈرگۈچ كۈچ » دېيىلگەن . ئەمەلىيەتتىكى نەتىجە دەل بۇنىڭ ئەك-سىچە بولدى . ئون يىللىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن كېيىن ، ئېلىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالدى . ئەگەر نورمال يىلدىكى 100 يۈەن مەبلەغنىڭ ئۆسۈشكە تېگىش-لىك ئۈنۈمى بويىچە ھېسابلىغاندا ، ئون يىل جەريانىدا خەلق ئىگىلىكىگە بولغان زىيان 500 مىليارد يۈەنگە يەتكەن . بىز مىسال ئارقىلىق بۇ سان-لىق مەلۇمات ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتەيلى ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ 1979 ـ يىلغىچە بول-

غان 30 يىل ئىچىدە قۇرۇلغان بارلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلار-
نىڭ ( بۇنىڭ ئىچىدە سانائەت ، يېزا ئىگىلىكى ، قۇرۇلۇش ، ترانسپورت
ۋە پوچتا - تېلېگراف ، سودا ، شەھەر جامائەت ئىشلىرى كارخانىلىرى
بار ) تۇراقلىق مەبلىغى 489 مىليارد 250 مىليون يۈەن . بۇ دۆلىتىمىزنىڭ
دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ بارلىق بىساتى . « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » نىڭ ئون يىلىدا زىيانغا ئۇچرىغان خەلق ئىگىلىكى كىرىمى ،
پۈتۈن مەملىكەت خەلقى 30 يىللىق جاپالىق ئەجىر ئارقىلىق بەرپا قىلغان
مۇشۇنچىلىك بىر بىساتنى ۋەيران قىلىۋەتكەنگە باراۋەر بولغان .

جياڭ چىڭ گۇرۇھى ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئەڭ
ئاساسلىق قاتىل . ئۇلار « ئىنقىلاب » نىقابىنى كۆتۈرۈۋېلىپ ، ئىشلەپچى-
قىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان ھەرخىل سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چى-
قاردى . ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى
بەلگىلەيدىغانلىقى ھەمدە ئاخىرىدا جەمئىيەت خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان-
لىقىدىن ئىبارەت تارىخىي ماتېرىيالىزمنىڭ توپ قائىدىلىرىنى ھاقارەت-
لەپ ، « شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى ھەل قى-
لىدۇ نەزەرىيىسى » دەپ زور كۆلەمدە پىپەن قىلىپ ، ئىدىيىدىكى زور
قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . ئۇلار « ئىنقىلابنى ياخشى ئېلىپ
بارغاندىلا ، ئىشلەپچىقىرىشمۇ ئۆزلۈكىدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ » دەپ
بىلجىرلاپ ، ئىشچىلارنى « ئىشلەپچىقىرىشنىڭ توختاپ قېلىشىدىن ، ئىش-
نىڭ توختاپ قېلىشىدىن قورقماسلىق » قا قۇتراتماقچى بولدى . جۇ ئېن-
لەي 4 - نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىدا تۆتتە زامانىۋىلاشقان قۇدرەتلىك
دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ۋەزىپىسىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا قويغاندا ، ئۇلار
بۇنى « كاپىتالىزملاشتۇرۇش » ، « سۈنئىي ھەمراھنىڭ ئاسمانغا چىقى-
شى ، قىزىل بايراقنىڭ يەرگە چۈشكەنلىكى » دەپ ھۇجۇم قىلدى . دېڭ
شياۋپىڭ مەركەزنىڭ كۈندىلىك خىزمەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان
مەزگىللەردە ، ھەر جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى تەرتىپكە سالدى ، نەتىجىدە
مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي ۋەزىيىتىدە ياخشىلىنىش كۆرۈلدى ، بۇ چاغدا
ئۇلار ئىشچىلارنى « خاتا لۇشيەن ئۈچۈن ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارماس-

لىق » ، « بۇرژۇئازىيىنىڭ تەختكە چىقىشى ئۈچۈن تويلۇق كېيىم تىكمەسلىك » كە قۇتراتماقچى بولدى ؛ كەڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر تۆمۈريول ترانسپورت خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىپ ، قاتناشنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدەك ئەھۋالنى ئۆزگەرتكەندە ، ئۇلار « بۇ سوتسىيالىزمنىڭ كېچىكىپ قېلىشى بولسا بولسۇنكى ، شىۋجېڭجۇيىنىڭ دەل ۋاقتىدا كېلىشىنىڭ لازىمى يوق » دەپ داۋراڭ سالدى . ئۇلار ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتەك سوتسىيالىزم پرىنسىپىنى « بۇرژۇئازىيە ئۇنسۇرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىدىغان ئىقتىسادىي بازىس » ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈشنى « ماددىي جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىش » ، نېفىتنى ئېكسپورت قىلىشنى « ۋەتەن ساتقۇنلۇق » ، سىرتتىن تېخنىكا ، ئۈسكۈنىلەرنى كىرگۈزۈشنى « چەتكە بېقىنغانلىق » ، كارخانا باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشنى « بوغۇش ، قىسىش ، بېسىش » ، ئىقتىسادىي ھېسابات قىلىشنى « پايدىنى قوماندان قىلغانلىق » دەپ ھاقارەتلىدى . ئومۇمەن ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا پايدىلىق بولغانلىكى ھەر تۈرلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەر ، ئۇلار تەرىپىدىن بىرىمۇ قالدۇرۇلماي زەھەرخەندىلىك بىلەن قارا چاپلاندى ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . ئەكسىچە ئۇلار كۈچەپ تەرغىب قىلغان ، ئىشلەپچىقىرىشقا بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلىقى ئېنىقلا تۇرغان بىمەنە شوئارلار ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا توسالغۇسىز كېڭىيىپ ، ئىشلەپچىقىرىش ، ئىقتىسادىي ئورۇنلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە ناھايىتى زور بېسىم پەيدا قىلدى . ھەققانىيەتنى قوللايدىغان كادىرلار ، ئىشچىلار ئامالسىز ھالدا ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشىنىڭ ، دۆلەت مال ـ مۈلكىنىڭ زىيانغا ۋە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشىغا قاراپ تۇردى . ئۇلار ناۋادا قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئامالىنىڭ بارىچە قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولغان تەقدىردىمۇ ، لېكىن بۇ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى .

ئىشلەپچىقىرىش ، قۇرۇلۇشنىڭ غايەت زور بۇزغۇنچىلىققا ئۇچ-

رىشى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پىلانلىق تۇغۇت خىزمىتىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغانلىقى
سەۋەبىدىن نوپۇس تېز سۈرئەتتە كۆپىيىپ كەتتى . « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » دىكى ئون يىلدا خەلق تۇرمۇشى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەستىن ،
ئەكسىچە ئازراق تۆۋەنلىدى . يېمەكلىك تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئاش-
لىقنىڭ كىشى بېشىغا ئىستېمال قىلىنىش مىقدارى 1966 - يىلى 381
جىڭ ، 1976 - يىلى 383 جىڭ بولۇپ ، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1956 - يىل-
دىكى 409 جىڭدىن 28 جىڭ ۋە 26 جىڭ تۆۋەنلەپ كەتكەن . ئىستېمال
قىلىدىغان ئۆسۈملۈك يېغى كىشى بېشىغا 1966 - يىلى 3.5 جىڭ ، 1976 -
يىلى 3.2 جـــىڭ توغرا كەلدى ، بۇ ئەڭ يۇقىرى بولغان 1956 - يىلدىكى
5.1 جىڭدىن 1.6 جىڭ ۋە 1.9 جىڭ تۆۋەن . كىيىم - كېچەك جەھەتتە ،
پاختا رەختنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىستېمال مىقدارى 1966 -
يىلى 20 چى ، 1976 - يىلى 23.7 چى بولۇپ ، ئەڭ يۇقىرى بولغان 1959 -
يىلدىكى 29.2 چىدىن 9.2 چى ۋە 5.5 چى ئاز بولدى . 1968 - يىلى ھەر-
بىر ئادەمگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9 چىلا رەخت بېلىتى* تارقىتىپ بې-
رىلدى . تۇرالغۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا ، 1 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە
تۇرالغۇ ئۆي قۇرۇلۇشىنىڭ سېلىنمىسى غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش سېلىن-
مىسىنىڭ %9.1 نى ئىگىلەيتتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ دەس-
لەپكى بەش يىلىدىكى 3 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە بولسا ئاران %4
ئىگىلىدى . كېيىنكى بەش يىلدىكى 4 - بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە
بولسا %5.7 نى ئىگىلىدى ؛ نوپۇسنىڭ تېز كۆپىيىشى ، تۇرالغۇ ئۆي قۇ-
رۇلۇش سېلىنمىسىنىڭ كۆپ دەرىجىدە ئازلاپ كېتىشى ، شەھەر ئاھالىلى-
رىنىڭ تۇرالغۇ ئۆيلىرى بەكمۇ قىستاڭ بولۇشتەك ئېغىر ئەھۋالنى كەلتۈ-
رۈپ چىقاردى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى ئون يىلدا ، ئومۇمىي
خەلق مۇلۇكچىلىكىدىكى ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلى-
رىنىڭ مائاشى 1971 - يىلى بىر قېتىملا تەڭشەلدى ، ئەمما ئىشچىلار سا-
نىنىڭ كۆپىيىشى سەۋەبىدىن 1966 - يىلدىن 1976 - يىلىغىچە ئىشچى -
خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %4.9 تۆۋەنلىگەن . مانا
بۇلارنى ھەممىسىنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان .

www.uyghurkitap.com

كەڭ خەلق ئاممىسى پەقەت « ۋەزىيەت ناھايىتى ياخشى » ، « بولبوللار خوش ناۋا قىلغان » دېگەندەك قۇرۇق شاۋقۇن ـ سۈرەنلەر ئىچىدە ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ كەلدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەلتۈرۈپ چىقارغان جەمئىيەتنىڭ قالايمىقانچىلىقى ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىكى « سول » چىل خاتالىق ، خەلق ئىگىلىكىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە ،« سول » چىل ئىدىيىنىڭ كونتروللۇقىدا ، خەلقئارا ۋەزىيەت ۋە ئۇرۇشنىڭ پارتلاش خەۋپى ھەددىدىن ئارتۇق ئېغىر پەرەزقىلىنىپ ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن دەپ بىر تەرەپلىمە تەكىتلىنىپ ، قۇرۇلۇش تۈرلىرىگە نىسبەتەن ، « تاغقا تايىنىش ، تارقاقلاشتۇرۇش ، ئۆڭكۈرلەردە ئېلىپ بېرىش » ۋە « بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ ، بىر تەرەپتىن پىلانلاپ ، بىر تەرەپتىن قۇرۇش » دىن ئىبارەت خاتا فاڭجېن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، ئادەم كۈچى ، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىدىكى غايەت زور ئىسراپچىلىق ۋە زىياننى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئاساسلىق نىسبىي مۇناسىۋەتلىرىدە ئېغىر تۇراقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، ئېغىر سانائەت 1966 ـ يىلدىكى %32.7 دىن 1976 ـ يىلدىكى %38.9 ئۆرلىدى ؛ ئەمما يېزا ئىگىلىكى ئوخشاش مەزگىلدە %35.9 دىن %30.4 گە چۈشۈپ قالدى ؛ يېنىك سانائەت ئوخشاش مەزگىلدە %31.4 دىن %30.7 گە تۆۋەنلەپ كەتتى . يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ھەددىدىن زىيادە تەكىتلىنىپ كەتكەچكە ، ئىقتىسادىي زىرائەت ۋە ئورمانچىلىق ، چارۋىچىلىق ، قوشۇمچە كەسىپ ، بېلىقچىلىق قاتارلىق تۈرلەر چەتكە قېقىلىپ سەل قارالدى . گەرچە ئاشلىق مىقدارى ئاز ـ تولا ئۆسكەن بولسىمۇ ، لېكىن يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي كىرىمى تۆۋەنلەپ كەتتى ، ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قاتناش ترانسپورت بىلەن بولغان نىسبەت مۇناسىۋىتىمۇ ماس كەلمەي قالدى . سانائەت ئىشلەپچىقىرىشى بۇ ئون يىلدا 1.25 ھەسسە ئاشتى ، ئەمما تۆمۈريولدا مال يۆتكەش ئوبوروت

مىقدارى ئارانلا 28.2% ئاشتى ، نەتىجىدە مال بېسىلىپ قالىدىغان ، يۆتـ
كەش راۋان بولماسلىق كېلىپ چىقتى . ئىقتىسادىي باشقۇرۇش تۈزۈلـ
مىسى تېخىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى ، ئىقتىسادىي ئۈنۈم ئومۇميۈزلۈك
تۆۋەنلىدى ، سېلىنما بارغانچە ئۆسكەن بولسىمۇ ، مەھسۇلات بارغانچە ئا-
زىيىپ كەتتى . ھەر 100 يۈەن يىغىندىنىڭ ئۆسكەن مىللىي دارامىتى بو-
يىچە ھېسابلىغاندا ، 1 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 35 يۈەن
ئىدى ، 3 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە 26 يۈەن بولدى ، 4 ـ بەش
يىللىق پىلان مەزگىلىدە 16 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى . سانائەتتە ھەر 100
يۈەن مەبلەغنىڭ ئىشقا ئاشۇرغان پايدا بېجى 1966 ـ يىلى 34.5 يۈەن
بولسا ، 1976 ـ يىلى 19.3 يۈەنگە چۈشۈپ قالدى . ئومۇميۈزلۈك ئېيتقاندا ،
پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى بەربات بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى .
پەقەت مۇشۇ تەرەپتىنلا ئېيتقاندا ، كىشىلەرنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنـ
قىلابى » نىڭ ئون يىلىنى ئون يىللىق بالايىئاپەت دېيىشى ،
ئازراقمۇ ئارتۇق كەتمىگەن .

( 4 ) پەن ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىدى

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئون يىلى ، يېڭى جۇڭگو
پەن ، مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك مەزگىل بولدى . بۇ ئون
يىللىق چوڭ مالىمانچىلىقتا ، كەڭ زىيالىيلار ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ
كەسپىي بىكار تاشلىنىپ قالدى . ئالىي مەكتەپ ۋە تېخنىكوملارنىڭ ئو-
قۇتۇشى ئۇزاق مۇددەت ئۈزۈلۈپ قالدى ، بۇنىڭ بىلەن دۆلىتىمىز بىر
مىليوندىن ئارتۇق ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىنى ، 2 مىليون ئوتتۇرا
تېخنىكوم ئوقۇغۇچىسىنى ، نەچچە مىليون ياش تالانت ئىگىلىرىنى ئاز
تەربىيىلىدى . ئېلىمىزنىڭ پەن ـ تېخنىكا قوشۇنىنىڭ قۇرۇلمىسىدا ئون
نەچچە يىللىق بوشلۇق پەيدا بولۇپ قالدى . ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بىر
ئەۋلاد ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ ئوقۇشى دەخلىگە ئۇچرىدى . كونا ساۋاتـ
سىزلار تۈگىمەي تۇرۇپ ، زور تۈركۈمدىكى يېڭى ساۋاتسىزلار پەيدا
بولدى . 1982 ـ يىلدىكى نوپۇس تەكشۈرۈش ستاتىستىكىسىغا قارىغاندا ،

www.uyghurkitap.com

چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى ساۋاتسىز ۋە يېرىم ساۋاتسىزلار 230 مىليونغا يېتىدىكەن. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ سانلىقى «مەدەنىيەت-زور ئىنقىلابى» تۈپەيلىدىن كۆپەيگەنىكەن. نۇرغۇن پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى خىزمەتتىن توختىغان، بەزىلىرى ھەتتا تارقىتىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاساسىي پەن نەزەرىيە تەتقىقاتىغا «ئۇچتىن ئايرىلغان» (سىياسەتتىن، ئىشلەپچىقىرىشتىن، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان) دېگەن قالپاق كىيدۇرۇلگەچكە، كەمستىش ۋە چەتكە قېقىشقا ئۇچرىدى. بۇ پۈتكۈل تەتقىقات ئىشلىرىنىڭ ئۇلى ۋە قوشۇنىغا ئېغىر زىيان سالدى. گەرچە بۇ ئون يىل جەريانىدا پەن تەتقىقاتىنىڭ بەزى تەرەپلىرىدە بىرقەدەر روشەن نەتىجىلەر قولغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي سەۋىيىدىن ئېيتقاندا، دۇنيا پەن - تېخنىكا سەۋىيىسى بىلەن پەرقىنى چوڭايتىۋېتىپ، ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان دۇنيا پەن - تېخنىكا ئېقىمىدىكى سەپتىن چۈشۈپ قالغۇچىغا ئايلىنىپ قالدۇق.

زور بىر تۈركۈمدىكى نەتىجىسى ۋە تۆھپىسى بار مۇتەخەسسىس، پروفېسسورلار خاتا ھالدا «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزى»، «ئىشپىيون»، «ئەكسىلئىنقىلابىي شيۇجېڭجۇيىچى» دەپ بېكىتىلىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى، نۇرغۇنلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ئالاھىدە تەكشۈرۈش كوللېگىيىسىنىڭ ئەرزنامىسى» دا ئېيتىلىشىچە: مائارىپ ساھەسىدە، مائارىپ مىنىستىرلىقىغا قاراشلىق ئورۇنلار ۋە 17 ئۆلكە، شەھەردىلا، بوھتان چاپلىنىپ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كادىرلار، ئوقۇتقۇچىلار 142000 دىن ئېشىپ كەتكەن. ئاتاقلىق پروفېسسور شۇڭ چىڭلەي، جيەن بوزەن، خې سىجىڭ، ۋاڭ شۇرۇڭ، گۇ يۈيجېن، لى گۇاڭتيەن، راۋ يۈيتەي، ليۇ پەنسۈي، ماتې قاتارلىقلار زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى. پەن - تېخنىكا ساھەسىدە پەقەت جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇنلار، 7 - ماشىنىسازلىق سانائىتى مىنىستىرلىقىنىڭ ئىككى تەتقىقات ئورنى ۋە 17 ئۆلكە، شەھەردىكى بوھتان چاپلىنىپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان پەن - تېخنىكا

خادىملىرى 53000 دىن ئـارتـۇق بـولـغان ئاتاغلىق يەر شارى فىزىكىسى
ئالىمى جاۋ جيۇجاڭ ، مېتاللۇرگىيە ئالىمى يې جۇپېي ، نەزەرىيىۋى فىزىكا
ئالىمى جاڭ زۇڭسۇي ، ھاشارەتشۇناس ليۇ زۇڭلې ، ئۆسۈملۈك تۆرلىرى
ئالىمى چېن خۇەنيۇڭ ، مېتاللۇرگىيە ساپال ئالىمى جۇرېن قاتارلىقلار زى-
يانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى . سەھىيە ساھەسىدە ، سەھىيە مى-
نىستىرلىقىغا قاراشلىق 14 ئالىي مەكتەپتىكى 674 نەپەر پروفېسسور ،
دوتسېنتلاردىن بوھتان چاپلانغان ، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار 500 دىن
كۆپرەك . ئاتاقلىق كېسەللىك ئىلمى تەتقىقاتچىسى خۇجىڭشياڭ ، دورى-
چىلىق ئىلمىي تەتقىقاتچىسى جاڭ چاڭشياۋ ، كۆكرەك تاشقى كېسەللىك-
لىرى ئالىمى جى سۇخۇا ، يىڭنە سانجىش مۇتەخەسسىسى لۇ شۇيەن ،
ئاتاقلىق جۇڭگوچە داۋالاش دوختۇرى يې يەنچۈن ، لى چۇگرېن قاتار-
لىقلار زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى . تەنتەربىيە ساھەسىدە ،
نۇرغۇنلىغان كادىر ۋە تربېنېرلار قارا چاپلاندى ۋە زىيانكەشلىككە ئۇچ-
رىدى . يېڭى جۇڭگونىڭ تۇنجى دۇنيا تېكتاكتوپ چېمپىيونى رۇڭ گو-
تۇەن ، مۇنەۋۋەر ترېنېر ، تەنھەرىكەتچى بوچىفاڭ ، جياڭ يۇڭنىڭ ۋەھ-
شىيلەرچە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، ئۇۋاللىق ئىچىدە ئۆلۈپ كەتتى .
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئاتالمىش « ئەدەبىيات ـ سەنئەت
ئىـنقىلابى » دىن باشلانغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەدەبىيات ـ سەنئەت سا-
ھەسىنى جياڭ چىڭ ئۆزىمگە شەخسىي قاراشلىق ئورۇن دەپ بىلەتتى .
شۇڭا ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى تەبىئىي ھالدىلا « ئاپەت ئېغىر
بولغان رايون » ئىدى . 1966 ـ يىلى ئاپرېلدا تارقىتىلغان « يولداش لىن
بياۋ يولداش جياڭ چىڭغا ھاۋالە قىلىپ ئاچقان ھەربىي قىسىملار ئەدەبى-
يات ـ سەنئەت خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى خاتىرىسى » دە ، ئەدەبىيات ـ
سەنـئـەت سـاھەسىنى « ماۋ جۇشىنىڭ ئىدىيىسى بىلەن قارىمۇ قارشى
بـولغان ، پارتىيىگە ، سوتسىيالىزمغا قارشى قارا يىپ بىزگە دىكتاتورا
يۈرگۈزگەن » دەپ بېكىتكەن . بۇ جىنايەت بىلەن ، شۇ ئايدا ئېچىلغان
پۈتۈن ئارمىيە ئىجادىيەت يىغىنىدا دۆلىتىمىزدە ئىشلەنگەن 60 دىن ئارتۇق
فىلىملار « چوڭ زەھەرلىك چۆپ » دەپ ئېلان قىلىندى . يىل ئاخىرىدا ،

www.uyghurkitap.com

ياۋ ۋېنيۈەن ئوچۇقتىن ـ ئوچۇق ھالدا دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىشلەنگەن دىراما ۋە ئەلنەغمە فىلىملىرىنى « ھەممىسى زەھەرلىك چۆپ ، ھەممىسى يېڭى جەمئىيەتكە دارىتىملانغان » دەپ جاكارلىدى . دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان ئىجاد قىلىنغان بارلىق شېئىر ، ھېكايە ، دراما ، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق ھەرخىل ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرى ۋە تەرجىمە قىلىنغان غەربنىڭ ئەسەرلىرى ھەممىسى « فېئودالىزم ، كاپىتالىزم ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ قارا مېلى » دەپ قارالدى . بۇ كىتابلارنى كىتابخانىلاردا سېتىشقا رۇخسەت قىلىمىدى ، شەخسىي ساقلىغانلار « تۆت كونا » قاتارىدا ئاختۇرۇلۇپ يوق قىلىندى . ئۇلار كىتابنى پېپەن قىلىش ، كىتابنى چەكلەش ، كىتاب كۆيدۈرۈشتەك فېئوداللىق ، فاشىستىك ۋاستىلەر بىلەن مەدەنىيەتنى خالىغانچە ۋەيران قىلىۋەتتى .

ئۇلارنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىگە بېكىتكەن جىنايەتلىرىنىڭ باھانىسى ھەرخىل ، ھەر ياڭزا ئىدى . تارىخىي تېمىدىكى ئەسەرلەرنى « قەدىمكىدىن پايدىلىنىپ ھازىرقىنى مەسخىرە قىلماقچى » ، « خان ـ پادىشاھ ، ئەمىر ـ ۋەزىر دېگەنلەرگە ئابىدە تىكلىمەكچى » دېسە ، چەت ئەل ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشنى « چەتكە چوقۇنۇپ ، ئەجنەبىيلەرگە خۇشامەت قىلىش » ، « كاپىتالىزم ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ نەرسىلىرىنى بازارغا سالغانلىق » دېدى ؛ بىلىمچانلىق ، قىزىقارلىق ئەسەرلەرنى « سىياسىيغا مايىل ئەمەس » دېسە ، گۈل ـ گىياھ ، مەنزىلەرنى تەسۋىرلىگەن ئەسەرلەرنى « فېئودال ئەمەلدارلار ، زىيالىيلارنىڭ ھۇزۇر ـ ھالاۋىتىنى تەشۋىق قىلغانلىق » دېدى ؛ يەڭگىل مېلودىيىلىك مۇزىكا ئەسەرلىرىنى « بوش كۈي ، شەھۋانىي نەغمە » دېدى ؛ رەڭگى قېنىقراق بولغان رەسىملەرنى « قارا مەنزىرە ، رەسسامنىڭ ئىدىيىسىدىكى قاراڭغۇلۇقنى ئەكس ئەتتۈرگەن » دېدى . مانا مۇشۇنداق نۇرغۇنلىغان ئارغامچا ، كالتەك ، قائىدە ـ مىزانلارنىڭ بوغۇشى بىلەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسى بۇرۇقتۇم بولۇپ ، بارچە گۈللەر سولۇشۇپ كەتكەن ئېچىنىشلىق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى .

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى زاتلاردىن زىيانكەشلىككە

ئۇچرىغانلار ئەڭ كۆپ ، « پەقەت مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى ۋە بىۋاستە
قاراشلىق ئورۇنلاردىن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارلا 2600 دىن كۆپ . ئا-
تاقلىق يازغۇچى ، سەنئەتكار لاۋ شى ، چاۋ شۇلى ، جۇ شىنفاڭ ، گەي
جاۋ تيەن ، فەن تيەنشۇۋ ، يىڭ يۇنۋى ، جىيەڭ جۇنلى ، سۇن ۋىشى قا-
تارلىقلار زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ئۆلۈپ كەتتى . »④

« فېئودالىزم ، كاپىتالىزم ، شيۇجېڭجۇيىنىڭ نەرسىلىرىنى بۇزۇپ
تاشلاش » ، « سەھنىدىن پادىشاھ ، خان ، ئەمىر ـ ۋەزىر دېگەنلەرنى
ھەيدەپ چۇشۇرۇش » دېگەندەك شوئارلارنىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەدەنى-
يەت جەھەتتىكى ئىنكارچىلىقنى ھەددىدىن زىيادە ئۆستۈرۈپ ، كۆچەي-
تىپ ، مىللىي ، ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنى ، تارىخىي ئاسارئەتىقىلەرنى ۋە
ھەر تۈرلۈك مەدەنىي مىراسلارنى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزۇپ
تاشلىدى . بېيجىڭدىكى بەزى قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ جياڭ چىڭ قا-
تارلىقلارنىڭ قۇتراتقۇلۇق قىلىشى بىلەن شەندۇڭدىكى چۈيفۇغا بېرىپ
كۇڭزى ئىبادەتخانىسىنى ، كۇڭزى سارىيىنى چېقىپ تاشلىغانلىقى بۇنىڭ
تىپىك مىسالى . مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاسارئەتىقىلەر ئې-
غىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ ، تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغان زى-
يانلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دېگەن بۇ نام قارىماققا گويا جۇڭ-
گونىڭ مەدەنىيەت ، مائارىپ ، پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىل-
گىرى سۈرىدىغاندەك كۆرۈنىدۇ ، ئەمەلىيەتتە بۇ « ئىنقىلاب » مەدەنىيە-
تىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە بۇزۇپ ، دۆلىتىمىز ، خەلقىمىز باغرىنى زەرداپ
قىلدى . بۇ خىل ئېچكى جاراھەتنىڭ يامان تەسىرى خېلى ئۇزۇن زا-
مانلارغىچە بولاتتى .

**( 5 ) ئىجتىمائىي ئىدىيە ۋە كەيپىيات ئېغىر دەرىجىدە زەھەرلەندى**

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى « ئىدىيە ئىنقىلابى » ، « كىشى-
لەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا تاقىلىدىغان ئىنقىلاب » ، ئۇ « ماركسىزم ـ لې-
نىنىزم ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى كەڭ تۈردە ئومۇملاشتۇرىدۇ » دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تەشۋىق قىلغانىدى. تارىخ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ «سول» چىل ئىدىيىسىنى، شەكىلۋازلىقنى ئومۇملاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

«مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى» ھەققەتەنمۇ يىلدا سۆزلىنىپ، ئايدا سۆزلىنىپ، كۈندە سۆزلىنىپ كىشىلەر قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. ھەتتا نۇرغۇنلىغان پېشقەدەم كادىر، كونا زىيالىيلار گۇناھسىز زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاندا، يەنىلا سەممىيلىك بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ «ۋەزىيەتكە ئەگىشەلمىدىم»، «ماۋ جۇشىنىڭ ئۇلۇغ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئەگىشەلمىدىم»، «بۇرژۇئازىيە دۇنيا قارىشىم تېخى ئۆزگەرمەپتۇ»، «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار خاتالىقىنى ئۆتكۈزدۈم» دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانىدى. ئۇلار ھەر تۈرلۈك قوپال، ئورۇنسىز كۈرەش قىلىشلارغا بەرداشلىق بەردى ھەمدە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئېقىمىغا ئەگىشىپ ماڭسىمۇ، يەنىلا «خاتالىق ئۈستىگە خاتالىق ئۆتكۈزۈش» تىن خالىي بولالمىدى. «13 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى» دىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپىنچىسى ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غا نىسبەتەن تەدرىجىي ھالدا ئۆزلۈكىدىن پىپەن قىلىش، قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

ياشلارنىڭ ئىدىيىسى جانلىق بولسىمۇ، بىلىمى كەم، تەجرىبىسى كەم، نەزەرىيە جەھەتتە ئاجىز، شۇڭا ئۇلار «سول» چىل ئىدىيىنى ناھايىتى ئوڭاي قوبۇل قىلىدۇ. ئۇلار سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، كاپىتالىزم دېگەن نېمە، پرولېتارىيات دىكتاتورىسى دېگەن نېمە، بۇرژۇئازىيە دىكتاتورىسى دېگەن نېمە، ماركسىزم ـ لېنىنىزم دېگەن نېمە، شىۋجېڭجۇيى دېگەن نېمە دېگەنلەرنى پەرق ئېتەلمەيدۇ. لېكىن، ئۇلاردا ئۆزىنى ئەڭ ئىنقىلابىي ئادەملەردىن قىلىپ چىقىش تەلپىي بار. شۇڭلاشقا، ئۇلار قارىغۇلارچە قىزغىنلىقىنىڭ تۈرتكىسىدە «سۇ كەلسە سۇدىن، ئوت كەلسە ئوتتىن يانمايدىغان»، «... نى ئىسسىق قېنىمىز ۋە جېنىمىز بىلەن قوغدايمىز» دېگەندەك قۇربان بېرىش روھى بىلەن نۇرغۇنلىغان

ئاخمىقانە ئىشلارنى ، يامان ئىشلارنى قىلدى . نۇرغۇن ياشلار « سىنىپىي
كۆرەشنىڭ ئـالـدىـنـقـى سـېـپـىـدە تۇرۇش » نىڭ قوزغىشى بىلەن ،
« زوراۋانـلىق ھەرىكەت » بىلەن « بارلىق جىن ـ شەيتانلار » غا قارشى
كەسكىن كۆرەش قىلىشنى ئەڭ قەتئىي ئىنقىلابىي روھ دەپ بىلدى .
نۇرغۇن ياشلار « بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان »
ئەلـەم كۆرىشىدە ، « ئىنقىلاب ئۇنداق مۇلايىم ، رەھىمدىل ، ئەدەبلىك ،
تەمكىن ۋە كەمتەر بولمايدۇ » دېگەن كۆرسەتمە ئاستىدا ، ئۆزلىرىنىڭ
قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى . بەزى « بېشىدا مۈڭگۈزى ، بەدىنىدە
تـىكىنى » بار ئادەملەر ياشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى قىلىپ تىكلەندى .
« سول » چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ قاينام ـ تاشقىنىدا ، ھۆكۈمەتسىزلىك ،
لىبېرالىزم ، چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىك ۋە ھوقۇقنى خالىغانچە
ئىشلىتىش ، گۇرۇھ توپلاش دېگەندەك ھەرخىل ناتوغرا قىلىق ۋە خۇنۈك
خاھىشلار بەكلا ئەدەپ كەتتى .

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى پۈتۈنلەي بۇزۇپ
تاشلاندى . كىشىلەر ئاشۇ دۆلىتىمىزنى قۇرۇشتا ئالاھىدە خىزمەت كۆر-
سەتكەنلەرنىڭ ، ھايات ـ ماماتلىق جەڭ قىلغان پېشقەدەم ئىنقىلابچىلار-
نىڭ بىر ـ بىرلەپ « قارانىيەتچى » ، « سۇيىقەستچى » ، « كونا ئەك-
سىلئىنقىلابچى » ، « خائىن » ، « چوڭ مىللەتچى » ، « ئۆزگەرمەس
كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » قىلىپ قويىغانلىقىنى كۆرۈپ تۇر-
دى . « ئەڭ ياخشى ئۆگەنگەن ، ئەڭ يېقىن ئەگەشكەن ، ئەڭ جانلىق
ئىشلەتكەن » دەپ نام ئالغان ئۇلۇغ داھىيمىزنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە « يار-
دەمچىسى » ۋە « ئوقۇغۇچىسى » ، « پرولېتارىيات قوماندانلىق شتابىنىڭ
ئەزاسى » دېگەن كۆزلەرنى چاقنىتىدىغان تاجلارنى كىيگەنلەرنىڭ ئۇ-
زۇن ئۆتمەيلا ئەپت ـ بەشىرىسى ئاشكارا بولدى ، بەزىسى قۇملۇققا ئاي-
روپىلاندىن تىك موللاق چۈشتى ، بەزىسى خەلقنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتىگە
ئۇچراپ ، لەنەتتە قالدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئۆرلەپ ـ
پەسىيىشى ۋە ئاخىرىدا يوقىلىشى بىلەن ئاشۇ كىشىلەر تارىخنىڭ نەپرەت
تۈۋرۈكىگە مىقلاندى . بۇنىڭ بىلەن ، « ئۇلۇغ ، شەرەپلىك ، توغرا »

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولغان جۇڭگو كومپارتىيىسىدە «پاش قىلىنىپ»« ياخشى ئادەم قالمىغاندەك» لا بولۇپ كەتتى. پارتىيىنىڭ ئاما ئىچىدىكى نوپۇزى ۋە ئىناۋىتى بەكلا چۈشۈپ كەتتى. بولۇپمۇ ئىجتىمائىي تەجرىبىسى كەمچىل بولغان ياشلار بۇنداق غەلىتە مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلىغاچقا، بۇ كىتابتىن، دەرسخانىدا، پىئونېرلار ئەترىتىدە، ياشلار ئىتتىپاقىدا ئالغان تەربىيىسىدىكى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بىلەن ئوخشىماي، ئۇلار گويا كىتابتىكى ساختا ۋەز ـ نەسىھەتتەك بىلىندى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يەنە جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ دۇنيا خەلقى ئىچىدىكى ئىناۋىتىگىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيان سالدى، خەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قارا سوۋۇدى. بۇمۇ ھەممە ئېتىراپ قىلغان ئىش.

ھەرقايسى جەھەتلەردىكى شەكىللۋازلىق كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىنى قاتماللاشتۇرۇپ، ئىدىيىدىكى مەنىسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، رېئاللىققا توغرا قاراشقا ياكى رېئاللىقنى سوغۇققانلىق بىلەن تونۇشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇلار «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى ئومۇملۇققا ئىگە بولغان ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىك. ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆزىگە بولغان «ئۆچ سادىقلىق»، «تۆت چەكسىز» بىر ئادەمنىڭ ئىنقىلابىيلاشقانلىقىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بولۇپ قالدى. ئۇ چاغلاردا «سادىقلىق ئۇسسۇلى» ئويناش، «سادىقلىق ناخشىسى» نى ئېيتىش، «ئۈزۈندە گىمناستىكىسى» نى ⑤ ئويناشلار چەكسىز سادىقلىقنىڭ كونكرېتنى ئىپادىسى ئىدى. «قېنىمىز سادىقلىققا ئاقىدۇ، كۆچىمىزنى سادىقلىققا ئىشلىتىمىز» دېگەنلەر چەكسىز سادىقلىقنىڭ قەسەمنامىسى ئىدى. مەيدىسىگە ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىزنىكىنى تاقاش، ئۆيىگە ماۋ زېدۇڭنىڭ ھەيكىلىنى قويۇش، قولىغا قىزىل گۆھەر كىتابنى تۇتۇپ، ئاغزىدا تۆمەننىڭ يىللار ياشىسۇننى توۋلاش، چەكسىز سادىقلىقنىڭ ئۆلگە شەكلى ئىدى. تاماق يېمىسە بولىدۇ، ئۇخلىمىسا بولىدۇ، لېكىن بىر قېتىم «ئەتىگەنلىك يوليورۇق سوراش»، «كەچكى دوكلات قىلىش» قا قاتناشمىسا ئەڭ چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولاتتى. ئۆگىنىش-

نىڭ ئۇنۇمى « ئۇزۇندە » نى قانچىلىك ياد بىلىدىغانلىقى ، « تەسىرات »
نى قانچە پارچە يازغانلىقى ، « ئىشلەتكەنلىك » نى قانچە قېتىم سۆزلە-
گەنلىكى بىلەن ئۆلچىنەتتى . بۇنداق « ئىنقىلابنىڭ يېڭى كەيپىياتى »
نىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياڭزىسى تولا ئىدى . بۇنداق شەكىلۋازلىقلارنىڭ ئەمە-
لىي ئۇنۇمى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتەك ئىدىيىۋى لۇشيەننى زور
دەرىجىدە بۇزۇپلا قالماي ، كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر جاراھەت قالدۇردى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا يەنە بېسىلغان ماۋ زېدۇڭ ئە-
سەرلىرى ، ماۋ زېدۇڭ رەسىملىرىنىڭ سانى ، ياسىغان ماۋ زېدۇڭ ئىزنە-
كىنىڭ سانى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچىمى ۋە
ۋاستىسى قىلىندى . ستاتىستىكا قىلىشقا قارىغاندا ، پەقەت 1967 - يىلىلا
« ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى » دىن 91 مىليوندىن ئارتۇقى نەشر قى-
لىنغان بولۇپ ، بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالدىدىكى 15 يىلدا
نەشر قىلىنغان 11 مىليوننىڭ سەككىز ھەسسىسىگە تەڭ بولغان ؛ « ماۋ
جۇشى سۆزلىرىدىن ئۇزۇندە » 369 مىليون بېسىلغان ، بۇنىڭغا بۇرۇن
بېسىلغان 259 مىليوننى قوشقاندا 628 مىليون بولىدۇ ؛ « ماۋ جۇشىنىڭ
رەسىمى » 1 مىليارد 214 مىليون پارچە بېسىلغان . 1969 - يىلى مارتقىچە
ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىزنىكىدىن 2 مىليارد 200 مىليونى ياسالغان . شۇ چاغدا ،
مەملىكىتىمىزدە 700 مىليون ئاھالە بار ئىدى ، ھەربىر ئادەمگە ئوتتۇرا
ھېساب بىلەن ئۈچ تال ئىزناك توغرا كەلگەن . بۇلارغا كۆپلەپ ئادەم
كۈچى ، ماددىي كۈچ ، مالىيە كۈچى كەتتى ، شۇنداقلا شەكىلۋازلىقنى
تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى .

قىسقىسى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » سىياسىي ئىنقىلاب ئە-
مەس ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى ئەمەس ، ئىدىيە ئىنقىلابىمۇ ئەمەس . بىر
جۈملە گەپ بىلەن ئېيتقاندا ، ئۇ ھېچقانداق مەنىسى يوق ئىنقىلاب . ئۇ
جەمئىيەتنى ئىلگىرى سۈرمەيدۇ ، ئۇنداق بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ، ئۇ
پەقەت مالىمانچىلىق ، بۇزغۇنچىلىق ۋە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى خالاس .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئالاھىدە بىر خىل سىياسىي ھەرى-
كەت بولغانلىقى ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۆتكۈزگەن بىر قېتىملىق ئومۇ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مىي خاراكتېرلىك ، ئۆزۈن مۇددەتلىك « سول » چىل ئېغىر خاتالىق
بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان بالايىئاپەت خاراكتېرلىك
نەتىجىنى تولۇق ئېتىبارغا ئېلىشىمىز ۋە ئىلمىي ، توغرا باھالىشىمىز لازىم .
بۇ مۇشۇ باسقۇچلۇق تارىخنى تەتقىق قىلىدىغان ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى
قاچۇرۇپ كېتەلمەيدىغان مۇھىم مەسىلە . لېكىن ، جەمئىيەتنىڭ تارىخىي
تەرەققىياتى بىر مۇرەككەپ جەريان ، نۇرغۇن ۋاقىت ۋە زېھىن سەرپ
قىلىپ خاتا سىنىپىي كۈرەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەيتتە ، جەمئىيەت-
نىڭ نورمال تۇرمۇشى توختاپ قالغىنى يوق ، تۇرمۇش بىر كۈنمۇ توخ-
تاپ قالمىدى ، ئىستېمال قىلىشمۇ بىر كۈنمۇ توختىمىدى . سەرپىيات بو-
لىدىكەن ئىشلەپچىقىرىش بولىدۇ ، تىرىشىپ ئىشلەش بولىدىكەن ئۇنىڭغا
مۇناسىپ ھالدا نەتىجە بولىدۇ ، بۇلارنىمۇ ئەلۋەتتە كۆرۈشىمىز لازىم .
بولۇپمۇ كەڭ كادىر ۋە ئامما ئۇزۇن يىل جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تەر-
بىيىسىنى ۋە تەسىرىنى ئالغاچقا ، ئۇلاردا سوتسىيالىزم ئىشلىرى ۋە دۆ-
لەتنىڭ روناق تېپىشى ئاجىزلىشىشىغا نىسبەتەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەت
تۇيغۇسى بار ئىدى . كۆپ ساندىكى پارتىيە ئەزالىرى پارتىيىۋىلىكى بو-
يىچە ئىش قىلدى ، كۆپ ساندىكى ئامما ۋىجدانىي بويىچە ئىش قىلدى ،
ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ، خىزمەتنى
داۋاملاشتۇردى ھەمدە ئوخشىمىغان شەكىللەر بىلەن « مەدەنىيەت زور
ئىنقىلابى » نىڭ چېكىدىن ئاشقان سول خاتالىقىغا قارشى تۇردى ۋە ئۇ-
نىڭ بىلەن كۈرەش قىلدى ، بۇ مەلۇم دەرىجىدە ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق رو-
لىنى چەكلىدى . نەچچە يۈز مىليون خەلقنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە كۈرەش
قىلىشى بىلەن ، جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش
ئىشلىرى شۇ ئالاھىدە مەزگىلدىمۇ يەنىلا مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى .
1966 ـ يىلدىن 1976 ـ يىلغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە ، سانائەت ، يېزا
ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى سېلىشتۇرۇش باھاسى بويىچە
ھېسابلىغاندا ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يىلى 7.1% ئاشقان . بۇ گەرچە
1952 ـ يىلدىن 1966 ـ يىلغىچە بولغان 10% لىك يىللىق ئوتتۇرا ھېساب
ئۆسۈش سۈرئىتىدىن تۆۋەن ھەمدە كرىزىس ساقلانغان بولسىمۇ ، لېكىن

قانداقلا بولمسۇن ئاز ــ تولا ئۆسۇش بولغان .

بۇ نەتىجىلەر دۆلىتىمىزدىكى كەڭ ئىشچى ، دېھقان ، زىيالىيلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى . ئۇ ھەرگىزمۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ نەتىجىسى ئەمەس ، بۇ پەقەت ئەگەر ئاشۇ ئون يىللىق بالايىئاپەت بولمىغان بولسا ، ئېلىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى تېخىمۇ تېزلەشكەن ، قۇرۇلۇش نەتىجىسى تېخىمۇ زور بولغان بولاتتى دېگەن نەرسىنىلا ئىپادىلەپ بېرىدۇ ، خالاس .

## 2 . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنكار قىلىش كېرەك

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نەزەرىيىسىدىن تارتىپ ئەمەلىيىتىگىچە خاتا بولۇپ ، جۇڭگو خەلقىگە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىكەن ، ئۇنى ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنكار قىلىش ئەلۋەتتە ھەقلىق ، بۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرى قىلغان ، بۇنداق ئۇزۇن مۇددەتلىك زور بالايىئاپەتنىڭ جۇڭگودا يەنە يۈز بەرمەسلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپلا قالماي ، يەنە دۇنيا ئىنقىلابى خەلقلىرى ئۈچۈن پايدىلىق ئىبرەتتۇر . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنكار قىلىشتا بەزى مەسىلىلەرنى تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشكە ۋە مۇۋاپىق ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ .

**( 1 ) « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنكار قىلىشنىڭ توغرا مەنىسى**

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنكار قىلىش ئالاھىدە مەنىگە ئىگە . ئۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى باش تېما قىلغان ئاشۇ بىر يۈرۈش نەزەرىيە ، فاكچېن ، ئۇسۇل ، تەشكىل ۋە پائالىيەتلەرنى ئۇزۇل ــ كېسىل ئىنكار قىلىشقا قارىتىلغان بولۇپ ، ئاشۇ ئون يىلدا يۈز بەرگەن بارلىق ئىشلارنى ئىنكار قىلىش دېگەنلىك ئەمەس . بۇنىڭدىكى پاكىت ناھايىتى ئېنىق ، ئاشۇ ئون يىلدا ، جۇڭگو كومپارتىيىسى ، جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە خەلقى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » قى-

www.uyghurkitap.com

لىشتىن باشقا ، يەنە نۇرغۇن باشقا ئىشلارنىمۇ قىلدى ، بۇ ھاياتلىق ۋە تەرەققىيات ئۈچۈن ھەرقانداق ۋاقىتتا ئېلىپ بېرىشقا تېگىشلىك بولغان ئىشلەپچىقىرىش پائالىيىتى ۋە باشقا پائالىيەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . باشقا خىزمەتلەرمۇ گەرچە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئېغىر تەسىرىگە ئۇچرىغان بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلاردا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئالاھىدە مەزمۇنى يوق ، شۇنداقلا ئۇلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى ئەمەس ئىدى . ئۇ ئون يىلدا ، بۇزغۇنچىلىق بولدى ، قۇرۇلۇشمۇ بولدى ، خاتالىق بولدى ، خاتالىققا قارشى تۇرۇشمۇ ، تۈزىتىشمۇ بولدى ، كۆپلىگەن يامان ئىشلار بولدى ، يامان ئادەملەر چىقتى ، يەنە شۇنداقلا نۇرغۇن ياخشى ئىشلار بولدى ، كۆپلىگەن ياخشى ئادەملەر چىقتى . بۇ 1966 ـ يىلدىن 1976 يىلىغىچە بولغان ئون يىللىق ۋاقىتنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلى دېيىشىمىزدىكى سەۋەب ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئاشۇ ئون يىلدىكى ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ ، باشقا تارىخىي دەۋرلەردىن پەرقلىق بولغانلىقى ، ھەرگىزمۇ ئۇ ئون يىلدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن باشقا ھېچقانداق ئىش قىلمىدۇق دېگەنلىك ئەمەس . بۇنىڭ ئەكسىچە ئازادلىقتىن بۇيانقى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئېلىپ بېرىلغان سانائەت ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ، ئاساسىي قۇرۇلۇش ، مائارىپ ۋە پەن ـ تەتقىقات ، مەدەنىيەت ، سەھىيە ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىستېمال قىلىشى قاتارلىق ئىنسانلار جەمئىيىتىنىڭ نورمال تۇرمۇشى ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان بارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئون يىلدىمۇ ئوخشاشلا بولىۋەردى ، ئەمما ئۇلارغا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تامغىسى بېسىلغانىدى . شۇڭا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى بۇ ئون يىللىق تارىخ بىلەن پەرقلەندۈرۈشىمىز كېرەك . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۈزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىشىمىز كېرەك ، ئەمما ئون يىللىق تارىخنى ، مۇرەككەپ مەزمۇنغا ئىگە ئوبيېكتىپ تارىخ جەريانىنى ئۇنداق ئاسانلا ، بىر گەپ بىلەنلا ئىنكار قىلىۋەتسەك بولمايدۇ .

ئەمما ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ بارلىق نەزەرىيە ۋە ئە-

مەلىيىتىنى چوقۇم ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىش ھەمدە ئۇنىڭ زەھىرىنى
قەتئىي ھالدا تازىلىشىمىز لازىم . بۇ يەردىكى ئەڭ مۇھىم ئىش ، « مەدە-
نىيەت زور ئىنقىلابى » دا كەڭ ئومۇملىشىپ كەتكەن « سىنىپىي كۆرەش
تۇتقا » ، « بارلىق نەرسىلەرنى سىنىپىي نۇقتىئىنەزەردە تۇرۇپ كۆزى-
تىش ، تەھلىل قىلىش ۋە ھۆكۈم قىلىش » دەيدىغان سوتسىيالىستىك
جەمئىيەتكە ماس كەلمەيدىغان « سول » چىل ئىدىيىنىڭ قالدۇق زەھەر-
لىرىنى تازىلاش . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » « سول » چىل پىكىر
ئېقىمى ئۇزۇن مۇددەت يامان ھالەتتە تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى
بولۇپ ، ئۇ يەنە « سول » چىل خاتالىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ چېكىگە
يەتكۈزدى . « سول » چىل خاتالىق سىستېمىلىشىپ ، نەزەرىيىلىشىپ ،
بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش فاكتېن ، ئۇسۇلغا ئىگە بولۇپلا
قالماي ، يەنە ئاساسلىق ئورۇننى ئىگىلىگەن ، ئومۇمىي خاراكتېرلىك خا-
تالىق بولۇپ ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىغا ۋە ھەر-
قايسى سەپلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ ، ئون يىل داۋاملىشىپ كەلدى .
بۇنداق ئەھۋال جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ تارىخىدا پەقەتلا كۆرۈلۈپ باق-
مىغان ، « سول » چىللىقنىڭ تەسىرى ۋە زەھىرى بۇنچىلىك چوڭقۇر ،
بۇنچىلىك ئومۇميۈزلۈك ، بۇنچىلىك ئېغىر بولۇشمۇ تارىختا مىسلى كۆ-
رۈلمىگەنىدى . شۇڭا ، « سول » چىل ئىدىيىنىڭ زەھىرىنى ئۇزۇن مۇد-
دەت ، ھەممە ئادەم بىر نىيەتتە تىرىشقاندىلا ئاندىن تازىلىغىلى بولىدۇ .
ئەلۋەتتە ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » تۈپەيلىدىن ئېتىقادتا تەۋرىنىش
بولغانلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ھەرخىل ئوڭ ئىدىيىلەرگىمۇ
شەك ـ شۈبھىسىز ھالدا قارشى تۇرىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنىشىمىز
لازىم . ئەمما بۇنىڭ بىلەن « سول » چىللىقنىڭ زەھىرىنى ۋە تەسىرىنى
تازىلاشتىكى قەتئىيلىكىمىزنى ۋە دىققەت ئېتىبارىمىزنى تەۋرىتىپ قويساق
بولمايدۇ . ئىدىيىۋى تونۇشنىڭ توغرا ـ خاتالىقى كىشىلەرنىڭ ھەرىكى-
تىنىڭ توغرا ـ خاتالىقىنى بەلگىلەيدۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى
توغرا تونۇمىساق ، ئۇنىڭ يامان تەسىرىنى يوقاتقىلى ، جەمئىيەتنىڭ ئۇ-
زۇن مۇددەت تىنچ بولۇشىنى ، ئالغا بېسىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولمايدۇ ، بۇ جۇڭگودىكى مىليارد خەلقنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇ-
ناسىۋەتلىك چوڭ مەسىلە .

**( 2 ) « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتا ھېچبىر ئاكتىپ رول ئوينىغان ئەمەس**

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنكار قىلىش-تا ، يەنە بەزىبىر مۇجمەل تونۇشلار ۋە خاتا كۆزقاراشلار بار . مىسال قى-لىپ ئېيتساق ، بەزىلەر ھازىرقى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى بيۇروكراتلىق ئەھۋاللىرىنىڭ ھەم كۆپ ، ھەم ئېغىرلىقىنى كۆرۈپ ، دەرھاللا « مەدەنى-يەت زور ئىنقىلابى » نى ئەسلەيدۇ . ئۇلار ، يەنە بىر قېتىم « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بولغان بولسا بيۇروكراتلىقنى پۈتۈنلەي تازىلىۋەتكەن بولاتتى ، دېيىشىدۇ . مانا بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى توغرا تو-نۇمىغانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بيۇروكراتلىقنى يوق قىلىۋېتىدىغان ھەرىكەت ئەمەس ، ئۇ بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشتا ھېچقانداق ئىجابىي رول ئوينىغان ئەمەس . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئىككى پ-روگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججىتى ، مەيلى « 16 ـ ماي ئۇقتۇرۇشى » بولسۇن ، مەيلى « 16 ماددا » بولسۇن ، ئۇلاردا ھېچقانداق بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسى بار دېگەن بەلگىلىمە يوق . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە چىقىرىلغان ھەرىكەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان باشقا ھۆججەتلەردىمۇ بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشنى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ نىشانى ياكى مۇھىم ۋەزىپىسى قىلغان ئەمەس . « مەدە-نىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى ھۆججەت ـ بەلگىلىمىلەردىن ئەمەلىي ھە-رىكەتكىچە ھەل قىلماقچى بولغان ۋەزىپىسى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلار » نىڭ ئەدىپىنى بېرىش ، « ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇق » لىرىنى پىپەن قىلىش ، « بۇرژۇئازىيە قوماندانلىق شتابىنى توپىقا تۇ-تۇش » ، « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ھوقۇقىنى تارتى-ۋېلىش » دېگەندەكلەر ئىدى . گەرچە « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » يېڭى باشلانغاندا ، ليۇ شاۋچى بۇ ھەرىكەتنى پايدىلىنىپ ئاممىدىن ئاي-

رىلىپ قالدىغان بيۇروكراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلماقچى بولغان بولسىمۇ ، ئەمما بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشنى پىلانلىغان لىۇ شاۋچى ئەكسىچە ھالدا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا يوقىتىلىدىغان باش ئوب-يېكتىپ بولۇپ قالدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئاغدۇرۇپ تاشلانغان زور بىر تۈركۈم پارتىيە ، ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرى ئى-چىدە ئاساسلىق جىنايىتى بيۇروكراتلىق دېگەن بىرىمۇ يوق ئىدى . ئەمە-لىيەتتە ، ئەگەر بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇش نۇقتىسىدىن قارىغاندا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوزغاشنىڭ ئۆزى يۇقىرىدا تۇرۇۋالغان ، ھوقۇقنى قالايمىقان ئىشلەتكەن ، ئەمەلىيەتتىن ، ئاممىنىڭ ئارزۇسىدىن ئايرىلىپ قالغان ، ئاممىنىڭ ھال - دەردىگە يەتمەيدىغان ئەڭ چوڭ بيۇ-روكراتلىق ئىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دەك ئاممىۋى ھەرىكەت ۋە « چوڭ دېموكراتىيە » ئۇسۇلى بىلەن بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرغىلى بولمايتتى . چۈنكى ، بيۇروكراتلىق ئۇزۇن تارىختىن بۇيان قېپقالغان مۇرەككەپ جەمئىيەت داشقىلى بولۇپ ، ئىقتىساد ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي تاپمىغان-لىقىنىڭ مەھسۇلاتى ، شۇنداقلا دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈمنىڭ كەم-چىللىكى ، ھوقۇقنىڭ ھەددىدىن زىيادە مەركەزلىشىپ كېتىشى ، مەمۇرىي مەسئۇلىيەتنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ، ئەمەلنىڭ ئۆمۈرلۈك بولۇشى قاتارلىق سىياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ تولۇق بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان بىر خىل ئىللەت . بيۇروكراتلىقتىن ئىبارەت بۇ خىل ئىجتىمائىي ھادى-سىنى يوق قىلىش ئۈچۈن ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆس-تۈرۈش ، دېموكراتىيە ۋە قانۇن - تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، سى-ياسىي ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈر ، بۇ نەچچە ئەۋلاد زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش بىلەن ئادا قىلىدىغان ۋەزىپە . لېنىن ناھا-يىتى چوڭقۇر قىلىپ شۇنداق دېگەن : « بيۇروكراتلىققا قارشى كۈرەشكە نەچچە ئون يىللىق ۋاقىت كېتىدۇ . بۇ بىر ئەڭ جاپالىق كۈرەش ، ناۋادا بىرى سىلەرگە ، بيۇروكراتلىققا قارشى پروگراممىنى قوبۇل قىلساقلا ، بىز دەرھال بيۇروكراتلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز دېسە ، ئۇ چوقۇم چىرايلىق

www.uyghurkitap.com

گەپ قىلىدىغان ئالدامچى . » ئەگەر بىرى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى »
دەك ئۇسۇللار بىلەن بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلـ
غۇچى بولسا ، ئۇ « چىرايلىق گەپ قىلىدىغان ئالدامچى » بولۇشى مۇمـ
كىن . چۈنكى ، « ئاممىۋى ھەرىكەت » ، « چوڭ دېموكراتىيە » دەك
ئۇسۇللار بىلەن بيۇروكراتلىققا زەربە بېرىش ، پەقەتلا جەمئىيەتنىڭ
قالايمىقانچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ ، دۆلەت قۇرۇلۇشىغا بۇزغۇنچىلىق
قىلىدۇ ، كۆپلىگەن خاتا ، ئۇۋال ئەنزىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ،
خالاس . بۇنىڭدىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بيۇروكراتلىققا قارشى
تۇرۇش بىلەن پۈتۈنلەي زىت ئىكەنلىكىنى ، ئۇنىڭ ئازراقمۇ بيۇروكراتـ
لىققا قارشى تۇرۇش ئۇنۇمى بەرمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز . ئەلۋەتتە ،
كىشىلەرنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قاتنىشىشىدىكى سەۋەبلەر
ھەرخىل ـ ھەر ياڭزا ، مۇرەككەپ . بيۇروكراتلىققا نارازى بولۇپ ، ھەـ
رىكەتتىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلاش بۇنىڭ ئىچىدىكى
بىر خىلى . ئەمما ، بۇنىڭ بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى بيۇـ
روكراتلىققا قارشى دېسەك بولمايدۇ .

**( 3 ) « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دېگەن دۈشمەن بىلەن ئۆزنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ، ئىلمىي بولمىغان ئۇقۇم**

يەنە بىرى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » « كاپىتالىزم يولىغا
ماڭغان ھوقۇقدار » لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ ، شۇڭا بۇ بيۇروكراتلىققا
قارشى تۇرۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، دەيدىغان تونۇش . « كاپىتالىزم
يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » نىڭ ئەدىپىنى بېرىش بىلەن بيروكراتلىققا
قارشى تـۇرۇشـنـى ئـارىلاشتۇرۇۋېتىش ناھايىتى چوڭ خاتا چۈشەنچە .
« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ مۇھىم نۇقتىسى ، ھەقىقەتەنمۇ « پارـ
تىيە ئىچىدىكى ئاشۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلارنىڭ ئەدىپىنى
بېرىش . » لېكىن ، مەيلى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » مەزگىلىدە ياكى
ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولسۇن ، ماۋ زېدۇڭ « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوـ
قۇقدار » دېگەن ئۇقۇم توغرىسىدا ئېنىق بىر چۈشەنچە بەرگەن ئەمەس ،
پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ھۆججەتلىرىدىمۇ « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان

هوقۇقدار » دېگەن نېمە دەيدىغان كونكرېتنى پەرقلەندۈرىدىغان ئۆلـ
چەمنى ئەسكەرتكەن ئەمەس . شۇڭا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا
پارتىيە ، هۆكۈمەت ۋە مەمۇرىي ، كارخانا ئورۇنلىرىنىڭ ھەر دەرىجىلىك
رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان
هوقۇقدار » ياكى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار خاتالىقىنى ئۆتـ
كۈزگەن » قىلىپ قويۇلدى . ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەڭ ئېغىر زەربىگە ئۇچرىـ
غىنى ئاشۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتقان ، تەدبىرلىك ، مۇكاپاتى ۋە جازاسى
ئېنىق بولغان كادىرلار بولدى ؛ ئاشۇ خىزمەتكە ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيدىـ
غان ، ئىشنى باشقىلارغا ئىتتىرىپ مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلىدىغان ، باشـ
قىلارغا خۇشامەت قىلىپ ، جان بېقىش كويىدا يۈرىدىغان كادىرلار بىرـ
قەدەر ئاز زەربىگە ئۇچرىدى . شۇ چاغلاردا مۇنداق بىر گەپ كەڭ تارقالـ
غانىدى : « كۆپ خىزمەت قىلغان چوڭ جىنايەتلىك ، ئاز خىزمەت قىلـ
غان ئاز جىنايەتلىك ، خىزمەت قىلمىغان ھەممىدىن پاكتۇر . » مانا بۇ
بيۇروكراتلىققا قارشى تۇرغانلىقمۇ ؟ ياق ! بۇ بيۇروكراتلىققا مەدەت بەرـ
گەنلىك ، ئۇنىڭ خورىكىنى ئۆستۈرگەنلىك .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئاساسلىق ئەدىپىنى بېرىدىغان
ئوبيېكتى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار » بولۇش نۇقتىسىدىن
ئېلىپ ئېيتقاندا ، ئۇ بىر خىيالەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ئىنقىلاب
ئوبيېكتى بولۇپ ، مەزمۇنىدىن قارىغاندا ، خاھىشچانلىقى ناھايىتى زور
بولغان ، ئىلمىي بولمىغان ئۇقۇم ، ئۇنى ھېچكىممۇ كونكرېتنى سۆزلەپ
بېرەلمەيدۇ . لېكىن ، ماۋ زېدۇڭنىڭ بەزى سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ سۇبيېكـ
تىپ قارىشىدىكى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار » نىڭ بەزىبىر
ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ . مەسىلەن ، 1969 ــ يىلى ئاپـ
رېلدا ، ماۋ زېدۇڭ بىر قېتىملىق يىغىندا : « هوقۇق ئەمەلىيەتتە يەنىلا
بۇرژۇئازىيىنىڭ قولىدا ، ئەلۋەتتە كومپارتىيە ئەزالىرىمۇ بار . لېكىن ، كاـ
پىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدار ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش ، پايدىنى
قوغلىشىش ، مۇكاپاتنى ھەممىدىن ئۇستۈن قويۇشتەك ئىشلارنى قىلىدۇ ،
سىقىدۇ ، بوغىدۇ ، تۆلىتىدۇ ، جەرىمانە قويىدۇ ، سىققاندىمۇ ئىشچىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سىنىپىنى سىقىدۇ . مېنىڭچە مۇلۇكچىلىك تۈزۈمى ھەل بولمىدى ، ھەممىسىنى دېمىسەكمۇ ، كۆپ قىسمى ھەل بولمىدى » دېگەنىدى . بۇ يەردە ماۋ زېدۇڭ « ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش » قىلىدىغان ، « پايدىنى قوغلىشىدىغان » ، « مۇكاپاتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويىدىغان » ، « سىققان ، بوغقان ، تۆلەتكەن ، جەرىمانە قويغان » ئادەملەر « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دېمەكچى . 1976 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان « ماۋ جۇشىنىڭ مۇھىم يوليورۇقى » دا : « بىر قىسىم پارتىيە ئەزالىرى ئالغا بېسىشنى خالىماي قالدى ، بەزىلەر ئارقىغا چېكىنىپ كەتتى ، ئىنقىلابقا قارشى چىقتى . نېمە ئۈچۈن ؟ ئۇلار چوڭ ئەمەلدار بولغاچقا ، چوڭ ئەمەلدارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىماقچى . ئۇلار ياخشى ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ ، ماشىنىسى بار ، مائاشى يۇقىرى ، يەنە خىزمەتچىسى بار ، كاپىتالىستلاردىنمۇ نوچى » دېيىلگەنىدى . بۇ سۆزلەرمۇ « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » نىڭ سۈرىتى بولۇپ ، مانا بۇنىڭدىن « بۇرژۇئازىيە كومپارتىيە ئىچىدە » دېگەن ھۆكۈمنى چىقارغان . بۇنداق تەھلىل ۋە پەرەز مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە بولسۇن ، مەيلى ئەمەلىيەتتە بولسۇن ، قىلچە ئاساسى يوق ئىدى .

سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىش بىلەن كاپىتالىزم يولىدا مېڭىش تۈپتىن ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل سىياسىي يۆنىلىش ، ئىككى خىل تەرەققىيات يۆنىلىشى بولۇپ ، ئوخشاش بولمىغان سىنىپلارنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ . شۇڭا ، « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » دېگەن كۈچلۈك سىنىپىي خاراكتېرگە ئىگە سىياسىي ئۇقۇم . ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرى بويىچە ، سىنىپنىڭ مەۋجۇتلۇقى ۋە ئالاھىدىلىكىنى ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردىن ، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلەش مۇناسىۋىتىدىن چۈشەندۈرۈشكە ، ئاندىن سىنىپنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئايرىش ئۆلچىمىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا بولاتتى . ماۋ زېدۇڭ ئېنىق قىلىپ « مۇلۇكچىلىك ھەل بولمىدى » دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان . ئۇنداقتا دۆلىتىمىزدە زادى قانداق مۇلۇكچىلىك مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بولىدۇ ؟ ئەپسۇسكى ، بۇنىڭغا ئۇ جاۋاب بەرمىگەن . چۈنكى ،

دۆلىتىمىزنىڭ پارتىيە ، ھۆكۈمەت ۋە كارخانىلىرىنىڭ رەھبىرىي كادىر-لىرى ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكىدىكى مال ـ مۈلۈكنى خەلق دۆلىتىگە ۋاكالىتەن باشقۇرىدۇ ، ئەگەر ئۇلارنى بۇرژۇئازىيە ( ماۋ زېدۇڭ بىر قېتىم تىلغا ئالغاندىن كېيىن تىلغا ئالمىغان « بيۇروكراتلار سىنىپى » ) دې-سەك ، ئۇ چاغدا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك خاراكتېرىنى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلغۇەتكەن بولىمىز . بۇنداق لوگىكىلىك خۇلاسىنى ماۋ زېدۇڭ قانداقلا بولمىسۇن قوبۇل قىلمايتتى . بۇ بەلكىم « كاپىتالىزم يولىغا ماڭ-غان ھوقۇقدار » غا ئىلمىي تەبىر بەرمىگەنلىكىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولسا كېرەك .

ماۋ زېدۇڭ سۆزىدە تىلغا ئالغان « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان » لىقنىڭ باشقا ئالاھىدىلىكلىرىدىن ، مەسىلەن ، « مۇكاپاتنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇش » ئەمەلىيەتتە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك ماد-دىي مەنپەئەتىنى قوغداپ ، ئەمگىكىنىڭ نەتىجىسى بويىچە مۇكاپات تارقى-تىش بولۇپ ، بۇ سوتسىيالىستىك ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىن-سىپىنىڭ گەۋدىلىنىشى ، ئۇ كاپىتالىزم يولىغا مېڭىش بىلەن پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ئىش . ئاتالمىش « پايدىنى قوغلىشىدىغان » دېگىنى ، ئە-مەلىيەتتە كارخانىلارنىڭ پايدا تېپىشىنى تەلەپ قىلىش بولۇپ ، بۇ سوت-سىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ ئېھتى-ياجى ئىدى . ئۇنداقتا شۇنداق سوئال قويۇشقا توغرا كېلىدۇ ، ئەگەر سوتسىيالىستىك كارخانىلار پايدا تاپمىسا ، پايدىسى بولمىسا ، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق قامدايدۇ ، ئىشلەپچىقىرىشنى كېڭەي-تىش ئۈچۈن قانداق مەبلەغ توپلايدۇ ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-رۇشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ ؟ بەزىبىر ئەمگەك باشقۇرۇش تۈزۈملى-رىنى بېكىتىش ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئويۇشتۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى ، ھەرقانداق زامانىۋى كارخانىدا كەم بولسا بولمايدىغان ئىش ، ئۇنى قانداقمۇ ئىشچىلارنى « سىقىش ، بوغۇش ، تۆلىتىش ، جەرىمانە قويۇش » دېگىلى بولسۇن . سوتسىيالىستىك زامانىۋى كارخانىلاردا قاتتىق تۈزۈم ۋە ئىنتىزامنىڭ بولۇشى تېخىمۇ تەلەپ قىلىنىدۇ .

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

سوتسىيالىستىك كارخانىلار قانداق باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ياكى تەدبىرى قوللانسا دۆلەتىمىز ئەھۋالىغا، ئەمەلىيەتكە ماس كېلىدۇ دېگەن مەسىلە، ئەمەلىيەت جەريانىدا تەدرىجىي ئىزدىنىشكە، ئىسلاھات جەريا- نىدا تەدرىجىي تولۇقلاپ بېرىشقا تېگىشلىك چوڭ تېما. « سول » چىل كۆزقاراشنى چىقىش قىلىپ، سوتسىيالىستىك كارخانىلارنىڭ پايدا تې- پىشىنى تەشەببۇس قىلغان، ئىشچىلارغا نىسبەتەن جەرىمانە بىلەن مۇكا- پاتنى ئېنىق بولغان، كارخانىدا مەلۇم بىر خىل باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ياكى تەدبىرىنى قوللانغان رەھبەرنى « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھو- قۇقدار » دەپ، ئۇنى بۇرژۇئازىيە دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ « ئەدىپىنى بەرسەك »، پۈتۈنلەي خاتا قىلغان بولىمىز.

« كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » نىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تۈرمۇشتىكى مۇئامىلىسى بىلەن چۈشەندۈرۈش تېخىمۇ ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسىي بولمىغان خاتا ھۆكۈم. بۈگۈنكى جۇڭگو ھېلىمەم نامرات، ئارقىدا، ماشىنىسى بار، ياخشى ئۆيدە ئولتۇرغانلار يە- نىلا ئاز سانلىق ئادەملەر. ئەگەر كېيىن ئىقتىسادىمىز تەرەققىي قىلىپ، كۆپلىگەن ئائىلىلەر، يەنى ئىشچىلار، دېھقانلاردىمۇ كىچىك ماشىنا، ئوبدان ئۆيلەر بولسا، ھەتتا بىز ھازىر دەۋاتقان « ياخشى ئۆيلەر » دىنمۇ ئوبدان بولسا، ئۇنى يەنە نېمە دەيمىز ؟ سوتسىيالىزمدا ماشىنىدا ئولتۇر- سا، ئوبدان ئۆيلەردە ئولتۇرسا بولمامدۇ ؟ بۇنداق ئىلمىي بولمىغان ھۆكۈمدىن نامراتلار ئىنقىلابىي كېلىدۇ، باي بولۇپ كەتسە شىۋجېڭجۇ- يىلىشىپ كېتىدۇ دېيىدىغان، نامراتلىقنى سوتسىيالىزمنىڭ ئالاھىدىلىكى قىلىۋالغان بىمەنە نەزەرىيىنىڭ تەسىرىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ « مە- دەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا « كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار » لارنى تارتىپ چىقىشنى قوزغىتىپ، كۆپلىگەن ئادەملەرگە زەربە بېرىپ، نۇر- غۇن ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ، بۇزۇق ئۇنسۇرلارنى مەيلىگە قويۇۋې- تىشتەك يامان ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئەمما، ھەرقانداق بىر شەكىلدىكى بىيۇروكراتلىققا قارشى تۇرمىدى، بۇ ئاللىقاچان تارىخ ئىس- پاتلىغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەت.

## ( 4 ) « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەت ئەمەس

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى « ئۇلۇغ ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەت » دەپ راسا ماختاشقانىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ئۆزۈل ـ كېسىل ئىنكار قىلىۋەتسەك ئاممىنى ، ئاممىۋى ھەرىكەتنى ئىنكار قىلغان بولىمىزمۇ ـ قانداق ؟ بۇ ئىدىيىۋى ئۇسۇلغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلە . ھەممىمىزگە مەلۇم ، مەسىلىلەرنى كۆزەتكەندە ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىنىلا كۆرۈپ قالماستىن ، ئاساسلىقى ئۇنىڭ ماھىيىتىنى كۆرۈشىمىز لازىم . سىرتتىن قارىغاندا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ھەقىقەتەنمۇ مىليونلىغان ئامما قاتناشقان ، كۆلىمى ناھايىتى زور ، قاينام ـ تاشقىنلىق بولغان . لېكىن ، سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ كونكرېتنى تەھلىل قىلساقلا ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ھېچقانداق بىر ھەقىقىي ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەت ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز .

ماركسىزم ، ھەقىقىي ئاممىۋى ھەرىكەت ھەرگىزمۇ « بىرنەچچە ئاز سانلىق ئادەملەرنىڭ پائالىيىتىنىڭ نەتىجىسى بولماستىن ، بەلكى خەلقنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىنىڭ ئۆزلۈكىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان ئىپادىلىنىشتۇر » ⑥ دەيدۇ . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » قوزغالغاندا ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەلىپى ۋە ئېھتىياجى نېمە ئىدى ؟ 1966 ـ يىلى ، بىرنەچچە يىللىق تەرتىپكە سېلىش ئارقىلىق خەلق ئىگىلىكىدىكى ئېغىر قىيىنچىلىقنى ئاساسىي جەھەتتىن يېڭىپ ، سانائەت ، يېزا ئىگىلىكىدە ئومۇميۈزلۈك ئۆرلەش ۋەزىيىتى شەكىللەنگەن ، خەلقنىڭ تۇرمۇشى مەلۇم دەرىجىدە ياخشىلانغانىدى . لېكىن ، پۈتۈن دۆلەتنىڭ ئىقتىسادى يەنىلا ئارقىدا ، خېلى بىر قىسىم ئاممىنىڭ قورساق ، كىيىم ـ كېچەك مەسىلىسى تېخى ھەل بولمىغان ، باياشات تۇرمۇش دەرىجىسىگە يەتمىگەنىدى . كەڭ ئاممىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشنى ئۆستۈرۈش ئىدى . 1964 ـ يىلنىڭ ئاخىرىدىن 1965 ـ يىلنىڭ بېشىغىچە ئېچىلغان 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ سانلىق يىغىنىدا جۇ ئېنلەي ھۆكۈمەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىدىن بەرگەن دوكلاتىدا، خەلق ئىگىلىكىنى تەرتىپكە سېلىش ۋەزىپىسى ئورۇندىلىپ بولدى، دۆلىتىمىزنىڭ خەلق ئىگىلىكى بىر يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويدى، دەپ جاكارلىغان ھەمدە بۇنىڭدىن كېيىنكى ئۇزۇن بىر تارىخىي باسقۇچتا دۆلىتىمىزنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكى، زامانىۋى سانائەت، زامانىۋى دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە زامانىۋى پەن - تېخنىكىغا ئىگە سوتسىيالىستىك، قۇدرەتلىك دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم، دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويغانىدى. مانا بۇ شۇ چاغدىكى دۆلىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئارزۇسىنىڭ يىغىنچاق ئىپادىسى ئىدى.

جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، تۆتتە زامانىۋىلىشىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بۇ سوتسىيالىستىك جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى توغرا ئەكس ئەتتۇرۇپ بېرىدىغان پروگراممىا ئىدى، شۇنداقلا، جۇڭگو خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، خەلق ئاممىسىنىڭ ئومۇميۈزلۈك تەلىپى ۋە جىددىي ئېھتىياجى ئىدى. ئاممىغا رەھبەرلىك قىلىپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارماي، ئاممىنى قوزغاپ ئاتالمىش «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» لاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىپ، «بىر سىنىپ يەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان» «سىياسىي ئىنقىلاب» ئېلىپ بېرىش، ناھايىتى ئېنىقكى بۇ جۇڭگونىڭ ئوبيېكتىپ تارىخىي يۈزلىنىشى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپى ئېھتىياجى بىلەن پۈتۈنلەي زىت ئىدى. شۇڭا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» قوزغالغان دەسلەپكى ۋاقىتلاردا، كەڭ كادىر، ئاممىنىڭ ئومۇمەن بىر خىل تويۇقسىزلىق ھېس قىلىپ، چۈشىنەلمىگەنلىكى، «قوغدايدىغانلار» نىڭ كۆپ سانلىق بولۇپ قېلىشىنىڭ ئوبيېكتىپ سەۋەبى يوق ئەمەس. ئاممىنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجىغا خىلاپ ھەرىكەت، ھەرگىزمۇ ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەت بولالمايدۇ. كىشىلەرنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىكى «ئاممىۋى ھەرىكەت» نى «ئاممىنى چۆرگىلىتىش» دەۋالغانلىقى، ئەمەلىيەتكە پۈتۈنلەي ئۇيغۇن، شۇنداقلا ناھايىتى مەنىلىك بولغان.

شۇنداق تۇرۇقلۇق ، نېمىشقا يەنە شۇنچىلىك كۆپ ئادەم « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قاتنىشىدۇ ؟ شۇ چاغدىكى ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتىن تەكشۈرگەندە ، مىليونلىغان ئاممىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشىدە تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە ئاساسىي سەۋەبلەر بار :

( 1 ) جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭغا بولغان ئىشەنچ . جۇڭگو خەلقى جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكىدە دېموكراتىك ئىنقىلاب ۋە سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈردى ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەريانىدىمۇ ناھايىتى زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى . كەڭ ئاممىا پارتىيە ۋە ماۋ زېدۇڭنىڭ رەھبەرلىكى دانا ، توغرا دەپ چوڭقۇر ئىشىنەتتى . ئۇلارنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا قاتنىششى ھەرگىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتى ۋە ھۆكۈم قىلىشى بىلەن بولماستىن ، بەلكى رەھبەرلىكنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشقانلىقتىن بولغانىدى . بولۇپمۇ ئۇ چاغلاردا شەخسكە چوقۇنۇش پەللىگە چىققان بولۇپ ، « ماۋ جۇشىنىڭ يوليورۇقى بويىچە ئىش قىلىمىز ، ماۋ جۇشى كۆرسەتكەن يەرگە قاراپ ماڭىمىز » دېگەندەك شوئارلار ئۇزۇنغىچە ، كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىنغانىدى . ئاممىنىڭ داھىيغا بولغان ئىشەنچىسى پۈتۈنلەي توغرا ، ئېنىق بىر تونۇشقا تۇرغۇزۇلغان بولۇشى ناتايىن ئىدى ، بىر چاقىرىققا مىليون ئاممىنىڭ ئاۋاز قوشۇشى ئۇ چاغلاردا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئادەتتىكى ئىش ئىدى .

( 2 ) 50 ـ يىللارنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدىن باشلاپ پارتىيە ئىچىدە پەيدا بولغان « سول » چىل ئىدىيە كەينى ـ كەينىدىن ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي ھەرىكەتلەرنىڭ تۈرتكىسى بىلەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ھارپىسىغا كەلگەندە ، كادىر ۋە ئاممىا ئىچىدە كەڭ تەسىر پەيدا قىلغانىدى . ئۇ خىل « سول » چىل ۋەز ـ نەسىھەت ، كۆپچىلىك گۇمانلىنىشقا ۋە ھالقىپ ئۆتۈپ كېتىشكە بولمايدىغان ئەقىدە ۋە رامكا ئىدى . مانا بۇ مۇستەقىل پىكىر قىلىشنى بوغۇپ ، قارىغۇلارچە ئەگىشىش ۋە ئېقىم بىلەن مېڭىشنى كۈچەيتىۋەتتى ، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ، بولۇپمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ياشلار « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » غا مەنىسى ئېنىق بولمىغان « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش، شيۇجېڭجۇيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش » شوئارى ئاستىدا، « شيۇجېڭجۇيىنىڭ كاپىتالىزمنىڭ تىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى قاش - كىرپىك ئارىسىدىكى ئىش » دەيدىغان خاتا ھۆكۈمگە قارىغۇلارچە ئىشىنىپ، « قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىنى قوغدايمىز » دېگەن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى بىلەن قاتناشقانىدى.

( 3 ) سىياسىي ئىدىيە جەھەتتىكى كۈچلۈك بېسىمدىن بولغان. ئۇ چاغدا ئىككى لۇشيەن كۈرىشىدە قايسى تەرەپتە تۇرىسەن، ئىنقىلابچى بولامسەن ياكى مونارخىست بولامسەن، دېگەن جىددىي تاللاشقا تېگىشلىك مەسىلە ئوتتۇرىغا ئۆتكۈر قويۇلغانىدى ھەمدە بۇ دېگەن مەيدان مەسىلىسى، سىياسىي يۆنىلىش مەسىلىسى، ئىنقىلابنى چوڭ تەرەپ مەسىلىسى، قىسقىسى ئىنقىلابمۇ ياكى ئەكسىلئىنقىلابمۇ دېگەن مەسىلە دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغانىدى. ئېغىر سىياسىي بېسىم كىشىلەرنى پوزىتسىيىسىنى ئېنىق بىلدۈرۈپ تاللاشقا مەجبۇرلىغانىدى.

( 4 ) لىن بياۋ، جياڭ چىڭ، كاڭ شېڭ قاتارلىق قارانىيەت، سۇيىقەستچىلەر پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ ئازدۇرۇپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، خالىغانچە مالىمانچىلىق پەيدا قىلدى، بەزى ھەقىقىي ئەھۋالنى بىلمەيدىغان ئاممىنى، بولۇپمۇ ياش ئوقۇغۇچىلار ۋە ئىشچىلارنى قوزغىلىپ « شيۇجېڭجۇيى ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈش » كە قۇتراتتى. ئارقىدا قالغانلارنى قورقىتىپ، بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ چىققان ئىجتىمائىي ئېقىم، بەزى ئۆزىگە ئىگە بولالماي قالغان ئادەملەرنىمۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قايىنىمىغا ئەكىرىپ كەتتى.

يۇقىرىدىكى ھەر خىل سەۋەبلەرنى يىغىندىسى بىر ناھايىتى زور، قارشى چىققىلى بولمايدىغان ئىجتىمائىي ئېقىم شەكىللەندۈرۈپ، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ كەتتى. نەتىجىدە، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ناھايىتى تېزلىك بىلەن قوزغىلىپ، تەيفېڭ بورىنىدەك غايەت زور

بوران ـ چاپقۇن پەيدا قىلدى ، بەزىلەر بۇ ھەرىكەتكە قاتناشماي دېسە ـ مۇ ، ئامال بولمىدى . ئەلۋەتتە يەنە بەزى ئاتالمىش « ھەرىكەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرگەنلەر » مۇ بولدى ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىمۇ بوش ئەمەس ، تۇرمۇشىدىمۇ ئاراملىق يوق ئىدى .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » كەڭ ئاممىنىڭ تەلىپى ۋە ئېھتىياجى ئەمەس ، ئـامـمـا ھـەرىـكەت جەريانىدا چوڭقۇر زىيانكەشلىككە ئۇچرىدى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » جۇڭگو جەمئىيەت تارىخىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىش رولىنى ئوينىدى . شۇڭا ئۇ ھەرگىزمۇ ئىنقىلابىي ئاممىۋى ھەرىكەت ئەمەس . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى بولغان كىشى خاتا ھالدا قوزغىغان ، ئەكسىلئىنقىلابىي گۇرۇھ پايدىلىنىپ كەتكەن ، پارتىيىگە ، دۆلەتكە ۋە ھەر مىللەت خەلقىگە ئېغىر بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن ئىچكى مالىمانچىلىق ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى . » ⑦

**( 5 ) « تۆت چوڭ » دېموكراتىيىنى ۋە قانۇن ـ تۈزۈمنى قوپاللىق بىلەن دەپسەندە قىلدى**

« مـەدەنىيەت زور ئىـنـقـىلابى » نىڭ ئۇسۇلى ، « چوڭ ئېچىلىش » ، « چوڭ سايراش » ، « چوڭ خەتلىك گېزىت » ، « كەڭ مۇنازىرە » دىن ئىبارەت بولدى ، يەنى ئاتالمىش « چوڭ دېموكراتىيە » دىن ئىبارەت بولدى . بۇ خىل « چوڭ دېموكراتىيە » ئەسلىدە 1957 ـ يىلى پارتىيىنى تەرتىپكە سېلىش ، ئېچىلىپ سايراش مەزگىلىدە ئاز ساندىكى رادىكاللار ئوتتۇرىغا قويغان تەلەپ ئىدى . كېيىن بۇنى رەھبەرلەر ئوڭچىللارغا زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە « يىلاننى ئۇۋىسىدىن چىقىرىش » ئۇسۇلى قىلىپ ئىشلەتتى . ئەمەلىيەت « چوڭ دېموكراتىيە » نىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى ھەقىقىي تۈردە تەرەققىي قىلدۇرىدىغان ئۇسۇل ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلىدى . لېكىن ، « تۆت چوڭ » نىڭ يادروسى بولغان « چوڭ خەتلىك گېزىت » نى ماۋ زېدۇڭ شۇ چاغدا مۇقىملاشتۇرغانىدى . 1957 ـ يىلى ئىيۇلدا ئۇ بىر قېتىملىق شاڭخەي كادىرلىرى يىغىنىدا : « چوڭ خەتلىك گېزىت ياخشى نەرسە ، مېنىڭچە ئۇنى داۋام-

www.uyghurkitap.com

لىق ئىشلىتىش كېرەك » دېگەنىدى . كېيىن ئۇ « بىر كوپېراتىپنى تو-
نۇشتۇرۇش » دېگەن ئەسىرىدە يەنە : « چوڭ خەتلىك گېزىت بىر خىل
ناھايىتى لازىملىق يېڭى قورال . . . ئۇنى مەڭگۈ ئىشلىتىش كېرەك » دې-
گەنىدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا چوڭ خەتلىك گېزىت پۈتۈن
يەر - جاھاننى قاپلاپ كەتتى ، جۇڭگونىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ھەممە
بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە باردى . ئۇ چاغلاردا ھەتتا يازغان چوڭ خەت-
لىك گېزىتنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ، بىر ئادەم ، بىر ئاممىۋى تەش-
كىلاتنىڭ « ئىنقىلابىلىقى » نىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىنى ئۆلچەيدىغان
ئۆلچەم بولۇپ قالغانىدى . بەزىلەر بىر پارچە مەلۇم ئېھتىياجغا ماس كې-
لىدىغان چوڭ خەتلىك گېزىت يازغانلىقى ئۈچۈنلا ، « دىرىڭلاپ تۇرى-
دىغان ئىسيانچى » دەپ نام ئېلىپ ، ئۆستۈرۈپ يۇقىرى پەلەككە چىقى-
رىۋېتىلگەن ؛ يەنە بەزىلەر مەلۇم ئادەمنى غەزەپلەندۈرىدىغان بىر پارچە
چوڭ خەتلىك گېزىت يازغانلىقى ئۈچۈنلا « نەق ئەكسىلئىنقىلابچى »
قىلىنىپ ، كۈرەش قىلىندى ، كالا قوتانلىرىغا ، تۈرمىلەرگە سولاندى ،
ھەتتا زىيانكەشلىككە ئۇچراپ ، ئۆلۈپمۇ كەتتى . چوڭ خەتلىك گېزىت-
نىڭ قۇدرىتى ھەقىقەتەنمۇ ناھايىتى زور ئىدى !

ئەمدى بىز بۈگۈنكى كۈندە چوڭ خەتلىك گېزىت « مەدەنىيەت
زور ئىنقىلابى » دا ئوبيېكتىپ جەھەتتە قانداق رول ئوينىدى دەيدىغان
بولساق ، ئۇنىڭغا ماۋ زېدۇڭ « پارتىيە باگۇسى » نى پىپەن قىلغاندا
ئىشلەتكەن ئۇسۇلنى قوللىنىپ ، يىغىنچاقلاپ « سەككىز چوڭ جىنايەت »
نى ئارتىش مۇمكىن : جامائەت پىكرى توپلاپ ، تەسىرىنى كېڭەيتكەن ؛
تىغ ئۇچىنى يۇقىرىغا قارىتىپ ، ئىسيان كۆتۈرۈشكە قۇترىتقان ؛ بىر تە-
رەپنىڭ گېپىنى قىلىپ ، قارشى تەرەپنى باسقان ؛ سۆزنىڭ ئۇ يەر - بۇ
يېرىنى ئۈزۈۋېلىپ ، تەرەپبازلىق كۈرىشى ئۈچۈن ئۆتكۈر قورال بولۇپ
بەرگەن ؛ جىنايى قىلمىش توقۇپ چىقىپ ، قورشاپ ھۇجۇم قىلىشقا سە-
ۋەب بولغان ؛ شەخسىي مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ ، كىشىلىك قەدىر -
قىممىتىگە ھاقارەت قىلغان ؛ پىتنە - پاسات تارقىتىپ ، خاتالىقنىڭ خو-
رىكىنى ئۆستۈرۈۋەتكەن ؛ مەخپىيەتلىكنى ئاشكارىلاپ ، دۆلەتكە زىيان

كەلتۈرگەن . « چوڭ ئېچىلىش » ، « چوڭ سايراش » ، « كەڭ مۇنازىرە » دېگەنلەر « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا چوڭ پىيەن قىلىش ، چوڭ تۈردە كۈرەش قىلىش ، ئېغىر جىسمانىي جازا بېرىشكە ئۆزگىرىپ كەتتى . بۇلار دېموكراتىيىنى ناھايىتى قوپاللىق بىلەن بۇزغان ، ئېغىر دەپسەندە قىلغان قىلمىشلار بولۇپ ، ئۇلارنىڭ « چوڭ دېموكراتىيە » دەپ ئاتىلىپ قېلىشى ، ھەقىقەتەنمۇ بىر مەسخىرىدىن ئىبارەت .

دېموكراتىيە دېگەن سىياسىي دېموكراتىيە ، ئىقتىسادىي دېموكراتىيە ، ئىجتىمائىي دېموكراتىيە دېگەندەك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ ، مەزمۇنى كەڭ ھەم ھەرخىل ئوخشىمىغان چۈشەندۈرۈشلەرگە ئىگە ئۇقۇم . مەسىلەن ، بىر لۇغەتتە : « ئۇ نۇرغۇن كىشىلەر ۋە تەشكىلاتلار تەرىپىدىن خالىغانچە ئىشلىتىلىپ ، پەرقى بەكلا چوڭ بولۇپ كەتتى ، ھەتتا ئۇنى قارىمۇ قارشى سىياسىي كۆز قاراشلارغىمۇ ئىشلەتتى » دەپ كۆرسەتكەنىدى . بىز دېموكراتىيىنى بىر خىل ئۇستقۇرۇلما دەپ ئىشلىتىمىز . مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ، دېموكراتىيە سىنىپىيلىككە ئىگە بولۇپ ، پەقەت سىنىپقا تەۋەلىك جەھەتتىنلا يۇقىرى ـ تۆۋەن پەرق ئېتىشكە بولىدۇ . مەسىلەن ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە كاپىتالىستىك دېموكراتىيىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ . ھەرگىز ئىشلىتىش شەكلى ، مەسىلەن ، دائىرىسىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى ، ئادەم سانىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈكىگە قاراپ چوڭ ـ كىچىك دەپ ئايرىشقا بولمايدۇ . شۇڭا ، ئاتالمىش « چوڭ دېموكراتىيە » دېگەن ئەمەلىيەتتە ماركسىزمنىڭ دېموكراتىيە نەزەرىيىسىنى بۇرمىلاش . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ چوڭ بىر بالايىئاپەت بولۇشىدا ، « چوڭ دېموكراتىيە » نى يۈرگۈزگەنلىكى بىر مۇھىم سەۋەب . دېڭ شياۋپىڭ 1980 ـ يىلدىكى كادىرلار يىغىنىدا : « ئەمدىلىكتە تارىخىي تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىگىنىمىزدە ، شۇنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايمىزكى ، بۇ ‹ تۆت چوڭ › ئۇسۇلى ، بىر پۈتۈن نەرسە سۈپىتىدە قارىغاندا ، ئەزەلدىن ئىجابىي رول ئوينىغىنى يوق » ⑧ دېگەنىدى .

ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقى ئا قىلىق « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ

نەزەرىيىسى، يەنى «پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىيىسى» پۈتۈنلەي خاتا، «سول» چىل نەزەرىيە ئىكەنلىكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ فاكتىنى، يەنى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدارلاردىن ھوقۇق تارتىۋېلىش»، «ئەكسىيەتچى ئىلىم نوپۇزلۇقلىرىنى پاش قىلىش» دېگەنلەر ئۆز بىلەن دۈشمەننى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن خاتا فاكتىن ئىكەنلىكى، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ ئۇسۇلى، يەنى «چوڭ دېموكراتىيە» دېگىنى مالىمانچىلىق پەيدا قىلىدىغان، خەلققە زىيانلىق خاتا ئۇسۇل ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بۇنداق «زور ئىنقىلاب» نىڭ ھېچقانداق مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان يېرى يوق، شۇڭا ئۇنى ئۈزۈل - كېسىل ئىنكار قىلىش لازىم.

## 3. مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ساۋاق

ماۋ زېدۇڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى قوزغاپ، تازا مالىمانچىلىق بولغان جاھاننى راسا بىر تۈزۈشنى مەقسەت قىلغانىدى. بىراق ئىش ئويلىغان يەردىن چىقمىدى، ئون يىللىق قالايمىقانچىلىق دۆلەتكە مۆلچەرلىگۈسىز زىيان سالدى. ئەمما، باشقا بىر نۇقتىدىن قارىغاندا، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» پەيدا قىلغان زور پاراكەندىچىلىك مەملىكىتىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىدىيە، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئاجىزلىقىنى، يېتىشسىزلىكىنى، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈزۈمىمىزدىكى خاتالىق ۋە نۇقسانلارنى تولۇق ئاشكارىلاپ، كىشىلەردە ئۇنتۇلغۇسىز سەلبىي تەسىرات قالدۇردى، ئۇلارنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. بۇ بالايىئاپەتنى بېشىدىن كەچۈرگەن كىشىلەر ئوخشىمىغان قاتلام، ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن، ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز ھالدا ئۆزلىرىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىنى يەكۈنلەشتى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى ئۇنتۇمايلى! مانا بۇ ھەممىگە ئورتاق كۈچلۈك سادادۇر. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا ھەربىر ئادەمنىڭ كەچۈرمىشى، ئورنى، نۇقتىئىنەزىرى ئوخشىمايدۇ، ئۇلار ئېرىشكەن ساۋاق - تەسىراتمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەمما، بىز بۇلارغا

ئىلمىي پوزىتسىيىدە بولساقلا تەربىيىگە ئىگە بولىمىز . ئېنگېلسنىڭ مۇنداق
بىر مەشھۇر سۆزى بار : « ئۇلۇغ سىنىپ ئۇلۇغ مەملىكەتكە ئوخشاش
مەيلى قايسى جەھەتتىن ئۆگەنسۇن ئۆز خاتالىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئۆگەنـ
گىنىگە يەتمەيدۇ ⑨ . » پارتىيىنىڭ 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى
3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بارلىق ئەمەلىيىتى ئۆز خاتالىقىغا جىددىي
مۇئامىلە قىلغانلىقى ھەممە ئۆز خاتالىقىنىڭ ئاقىۋىتىدىن تېز ھەم ئىلمىي
ھالدا نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالغانلىقىنىڭ ئەڭ ياخشى ئىسپاتى .

ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا ، بىزنىڭچە « مەدەنىيەت زور ئىنـ
قىلابى » نىڭ ئاساسىي ساۋاقلىرى تۆۋەندىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن
ئىبارەت :

**( 1 ) دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىدىكى ئاچقۇچ**

ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش —
جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى . بۇ يېتەكچى ئىدىيىنىڭ
تەلىپى ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ : بىرىنچىسى ، ماركسىزمغا
توغرا مۇئامىلە قىلىش ، ھەم ماركسىزمدىن چەتنەپ كەتمەسلىك ، ھەم
ئۇنىڭ مەلۇم پرىنسىپلىرىنى دوگمىلاشتۇرۇۋالماسلىق ، چۈنكى ماركسىزم
ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۆزلۈكسىز بېيىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان پەن ؛
ئىككىنچىسى ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، جۇڭگونىڭ ئاساسىي دۆـ
لەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇش ئاساسىدا پارتىيە ھەرقايسى مەزگىللەردىكى
لۇشيەن ، فاڭجېن ۋە سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك . جۇڭگو
دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ غەلىبىسى تۈپ نېگىزدىن ئېيتقاندا ، ئىككىنى
بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئەقىل ـ
پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ بارلىققا كەلگەنـ
لىكىنىڭ ، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەشلىرىگە توغرا رەھبەرلىك
قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر . ئەمما ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ
خاتالىقى تۈپ نېگىزدىن ئېيتقاندا ، يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىنى ئىسپاتلايدۇ .
چۈنكى ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ھەم ماركسىزمنى خاتا چۈشەندى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇنى دوگمىلاشتۇرۇپ قويدى ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىدىن چەتنەپ
كەتتى ، ھەم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلىپ ، جۇڭگونىڭ سىياسىي
ئەھۋالى ۋە تەرەققىيات تەلىپى جەھەتتە خاتا ھۆكۈم چىقىرىپ بىر
مەيدان بالايىئاپەت پەيدا قىلدى .

جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن ،
قىسقىغىنا بىرنەچچە يىللىق ئۆتكۈنچى مەزگىلنى ئۆتكۈزۈپلا سوتسىيا-
لىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا قەدەم قويدۇق . مەملىكىتىمىزنىڭ ئىش-
لەپچىقىرىش ۋاستىلىرىدىكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىككە قارىتا ئېلىپ بې-
رىلغان سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىشتە تەلەپ بەك جىددىي ، خىزمەت بەك
تومتاق ، ئۆزگەرتىش بەك تېز ، شەكلىمۇ بەك ئاددىي بولۇشتەك يېتەر-
سىزلىكلەر كۆرۈنگەن بولسىمۇ ، ئەمما خەلق ئىگىلىكى ئىزچىل تەرەققىي
قىلغان ئەھۋال ئاستىدا ، بۇرژۇئازىيىنى يوقىتىپ ، سوتسىيالىزم جەمئىيە-
تىگە قەدەم قويۇشتىن ئىبارەت تارىخىي ۋەزىپىنى ئورۇنلىدۇق . ۋەھا-
لەنكى ، ئۆتكۈنچى دەۋر قىسقا بولغاچقا ، بەزى پايدىسىز ئامىللارنىڭ
كۆرۈلگەن ، بەزى قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەر كېلىپ چىققان بولسىمۇ
ئەمما ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى بۇ قىيىنچىلىقنى توغرا فاكچىنىڭ يې-
تەكچىلىكىدە تامامەن يەڭگىلى بولاتتى . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8 ـ
قۇرۇلتىيى ئاساسىي زىددىيەت ، ئاساسىي ۋەزىپە توغرىسىدا توغرا ھۆكۈم
چىقاردى ھەمدە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى تەڭشەشكە ئائىت نۇرغۇن مۇھىم
پىكىر ـ ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى ، بۇلار دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسەن
ئويغۇن ئىدى . ئەگەر 8 ـ قۇرۇلتاينىڭ توپ ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇر-
غان بولساق ، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدىكى قالدۇق مەسىلى-
لەرنى ھەل قىلىپ كېتەلەيتتۇق .

ھالبۇكى ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش ئۇنداق ئا-
سان ئىش ئەمەس ئىدى . ھەقىقەت مەنزىلىنىڭ يولى ھەمىشە ئەگرى ـ
توقاي ۋە ئۇزۇن بولىدۇ . كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى قايتا ـ قايتا
تەكرارلىنىش ۋە ئىجابىي ، سەلبىي جەھەتتە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىقلا بى-
لەلەيدۇ . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىنكى 20

نەچچە يىللىق مۇشكۇل مۇساپە دۆلەت ئەھۋالىنى ھەقىقىي چۈشىنىشىنىڭ ئاسان ئەمەسلىكىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ماۋ زېدۇڭ 1957 ـ يىلى ئۆكتەبىردە «ئىككى سىنىپ»، «ئىككى يول» ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، يەنىلا مەملىكەت ئىچىدىكى ئاساسىي زىددىيەت دېگەن خاتا ھۆكۈمنى چىقاردى ھەمدە ئۇنى پۈتۈن پارتىيىگە تاڭدى. بۇ كېيىنكى ئۇزۇن مۇددەت «سول» چىللىق خاتالىقىغا يېتىپ قېلىشنىڭ ھەمدە ئۇنىڭ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن ئىبارەت چېكىدىن ئاشقان نەزەرىيىگە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مەنبەسى بولدى. ئاساسىي زىددىيەت توغرىسىدىكى ھۆكۈم خاتالىقى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىشتىكى ئېغىر خاتالىقتا ئەكس ئەتتى.

ماۋ زېدۇڭ ئىزچىل ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى، ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ كەلگەنىدى؛ ئىزچىل ھالدا پۈتۈن پارتىيىدىكىلەردىن ھەممە ئىشنى جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا لايىقلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدى. ئۇ يۈكسەك ئومۇملاشتۇرۇش ئىقتىدارى ۋە چۈشىنىشلىك ئىپادىلەش شەكلى بىلەن جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىنى «بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق» دەپ كۆرسىتىپ، جۇڭگو ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قالاقلىقىنى ئېنىق ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ خىل ئومۇملاشتۇرۇش ئىلمىيمۇ، توغرىمۇ ـ قانداق دېگەن مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ باقساق بولىدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما، مۇشۇ ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ ئۆزى ماۋ زېدۇڭنى دۆلەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بەرمىدى دېيەلمەيدىغانلىقىمىزنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، ئۇ ئەتراپلىق ھەم دىئالېكتىكىلىق تەھلىل قىلمايلا «بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق» دەپ، سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا پايدىلىق بولغان تەرەپلىرىنىلا ئارتۇقچە تەكىتلەپ كەتكەن. ئۇ دۆلەت كەمبەغەل بولسا، خەلقنىڭ ئىنقىلاب قىلىش قىزغىنلىقى يۇقىرى بولىدۇ؛ مەدەنىيەت سەۋىيىسى تۆۋەن بولسا، كىشىلەر سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنىڭ پرىنسىپلىرىنى ئاسان قوبۇل قىلىدۇ دەپ قارىدى، ئەمما «بىرىنچىدىن كەمبەغەل، ئىككىنچىدىن ئاق» بولۇشنىڭ

www.uyghurkitap.com

پايدىسىز تەرەپلىرىگە سەل قارىدى . ئەمەلىيەتتە ، نامراتلىق مەملىكىتىمىز
ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىيات سەۋىيىسىنىڭ تېخى تۆۋەن ئى-
كەنلىكىنى ، خەلق ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ، تۆتنى زاماند-
ۋىلاشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىڭ ناھايىتى مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ، ناھايىتى تېز
ئۇنۇمىنى كۆرۈشكە ئالدىرىماسلىق كېرەكلىكىنى چۈشەندۈرسە ، مەدەنىد-
يەت سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەنلىكى ، كىشىلەرنىڭ كالللىسىنىڭ قۇرۇق ئەمەس-
لىكىنى ، نەچچە مىڭ يىللىق فېئودال ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەسىرى-
نىڭ يەنىلا قويۇقلۇقىنى ، نادان ـ قالاق ھالەتنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئوخ-
شاشلا ئىنتايىن مۈشكۈل ئىكەنلىكىنى ، بۇ جەھەتتىمۇ سۈرئەت قوغلى-
شىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى . دۆلىتىمىزنىڭ مۇ-
شۇنداق ئەھۋالىغا قارىماي ، سىنىپىي كۈرەشنىڭ تۈرتكىلىك كۈچى ئار-
قىلىق ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى ئوبيېكتىپ ئىقتىسادىي ئاساستىن
ئايرىۋەتكەن ھالدا ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى خىيالەن ئۆزگەر-
تىپ ، ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك دەرىجىسىنى تېزدىن ئۆستۈرۈپ ،
ئىشچى بىلەن دېھقان ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن
ئەقلىي ئەمگەكنىڭ پەرقىنى ئۆزىچىلا قىسقارتماقچى بولدى ، مۇشۇ چارە
بىلەن سوتسىيالىزم ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرماقچى ، ھەتتا ناھايىتى تېزلا
كوممۇنىزم جەمئىيىتىگە كىرمەكچىمۇ بولدى . مۇشۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك
ھالدا ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتە ئاز ساندىكى ئىلغار شەخسلەرنىڭ
ئەخلاق پرىنسىپى ، مەجبۇرلاش خاراكتېردىكى ھەرخىل ئۇسۇل ـ چارى-
لەر بىلەن پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىدىن تەلەپ قىلدۇق . شۇنداق قى-
لىپ ئىختىيارسىز ھالدا مەلۇم دەرىجىدە خىيالپەرەسلىك پاتقىقىغا پېتىپ
قالدۇق .

ئىلمىي سوتسىيالىزم بىلەن خىيالپەرەسلىكنىڭ تۈپ پەرقى
جۇڭگو ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنىڭ قالاقلىقىدىن ئىبارەت پاكىتنى ئې-
غىزدا ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىقتا ئەمەس . ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ
قالاقلىقىنى تونۇپ يېتىش پەقەت دۆلەت ئەھۋالىنى ئەڭ تۆۋەنكى باس-
قۇچتا چۈشىنىشتىن ئىبارەت . ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئوبيېكتىپ

قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان توغرا ئۇسۇل بىلەن پۇختا تەرەققىي قىلدۇ-رۇش ـ قىلدۇرالماسلىق ئاچقۇچلۇق مەسىلە . ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى ، ئىقتىسادى ۋە مەدەنىيىتى قالاق مۇشۇنداق بىر دۆلەتتە سوتسىيالىزم قۇ-رۇنشىڭ ئوبيېكتىپ تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى قانداق قىلىپ ئىلمىي ۋە توغرا ئىگىلەش ھەمدە مۇشۇ ئاساستا توغرا لۇشيەن ، فاڭجېن ۋە سىيا-سەتلەرنى تۈزۈپ چىقىشتىن ئىبارەت ئىدى .

يېڭى جۇڭگو يېرىم مۇستەملىكە ، يېرىم فېئوداللىق جەمئىيەتتىن تۇغۇلۇپ ، كاپىتالىزم تازا تەرەققىي قىلغان باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمەيلا ، قىسقىغىنا يېڭى دېموكراتىك جەمئىيەتنى بېشىدىن كەچۈرۈپ سوتسىيا-لىزم جەمئىيىتىگە كىرگەنىدى . بۇ مۇھىم تارىخىي ئالاھىدىلىك مۇنۇ ئىككى نۇقتىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى : بىرىنچى ، جۇڭگونىڭ جاھانگىر-لىككە ، فېئودالىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلابى پرولېتارىياتنىڭ رەھ-بەرلىكىدە غەلىبىگە ئېرىشكەن . بۇ ئوبيېكتىپ تارىخىي ئىلگىرىلەش جۇڭگونىڭ ئىشچى ـ دېھقان ئاممىسىغا ئازابلىق بولغان كاپىتالىزم مۇ-كەممەل تەرەققىي قىلغان باسقۇچنى بېسىپ ئۆتمەيلا ، يېڭى دېموكراتىك جەمئىيەت ئارقىلىق سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە كىرىدىغانلىقىنى بەلگىلى-گەن . ئىككىنچى ، سوتسىيالىزم چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش يۇكسەك دەرى-جىدە ئىجتىمائىيلاشقان ۋە تاۋار ئىگىلىكى تولۇق تەرەققىي قىلغان ئا-ساسقا قۇرۇلۇشى كېرەك ئىدى ، ۋەھالەنكى ، جۇڭگو سوتسىيالىزم جەم-ئىيىتىگە كىرگەندە بۇ شەرت ـ شارائىتلارنى ھازىرلىمىغانىدى . شۇڭا ، جۇڭگو بىر ئۇزاق مەزگىللىك ھەتتا يۈز يىلغا يېقىن سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈشى زۆرۈر ئىدى ، شۇنداق قىلغان-دىلا بىر دەرىجە يۇقىرى بولغان سوتسىيالىزم باسقۇچىغا تەرەققىي قىلالايتتى . ئىنقىلاب تەرەققىيات مەسىلىسى جەھەتتىكى خىيالپەرەسلىك بولسا ، سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتمەي ، ئىشلەپچى-قىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىيلىششى ، تاۋارلىششى نا-ھايىتى تۆۋەن بولغان ئىقتىسادىي ئاساستا ، ھەتتا ئاساسەن ناتۇرال ئى-گىلىكتە توختاپ قالغان ئاساستىلا سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولىدۇ ۋە بۇ-

نىڭ بىلەن كوممۇنىزمغا بارغىلى بولىدۇ، دېگەن قاراشتا ئىپادىلەندى.

دۆلەت ئەھۋالىنى چۈشىنىش جۇڭگونىڭ بارلىق ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ھەل قىلىشتىكى چىقىش نۇقتىسى. دۆلەت ئەھۋالىنى توغرا تونۇشتا ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىشقا ھەمدە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەشكە، ماركسىزمنى ئەمەلىيەت جەريانىدا بېيىتىشقا ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا ماھىر بولۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ قوزغىلىشىنى پەيدا قىلغان «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىمىمۇ سۇبيېكتىپ جەھەتتە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرماقچى بولدى، ئەمما ئۇ ھەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىدىن چەتنەپ كەتكەن، ھەم ماركسىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلغان بولغاچقا، نەتىجىدە دۆلەتكە ۋە خەلققە بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى، جۇڭگو كومپارتىيىسىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى، بۇ ئىنتايىن ئېغىر ۋە ئاچچىق ساۋاقتۇر.

**(2) سوتسىيالىزم قۇرۇشتا ھەرگىز سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلماستىن، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش كېرەك**

يېتەكچى فاڭجېن نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلغاندا «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نى «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش» نىڭ مەھسۇلى دېيىشكە بولىدۇ. بۇ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە خىلاپ زور ئېغىش. مانا ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى مەركىزىي ۋەزىپىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكى ئايدىڭلاشتى. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك ئاساسىي تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشقان، ئەمما مۇرەككەپ تارىخىي سەۋەب ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سوتسىيالىزمنىڭ بەزى كونكرېت تۈزۈملىرى ۋە ئاساسىي تۈزۈمنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى بەزى ھالقىلاردا، مەلۇم جەھەتلەردە نۇقسانلار مەۋجۇت بولماقتا، شۇڭا بىز ئىسلاھات ئېلىپ بارىمىز. مەيلى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن، ياكى سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى بولسۇن، ئىككىلىسىلا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بولۇپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي نۇقتىنى دەۋر قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىـ

دۇ . شۇڭا ، بۇنداق ئىسلاھات سوتسيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى مۇكەمـ
مەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشى بولۇپ ، ھەرگىزمۇ « بىر سىنىپ
يـەنە بىر سىنىپنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدىغان سىياسىي ئىنقىلاب » ئەمەس .
خـەلقئارا كوممۇنىزم ھەرىكىتى داۋامىدا ، سوتسيالىزم تۈزۈمىنى
ئورنـاتقان دۆلەتلەرنىڭ سىياسىي ، ئىقتىسادىي ۋەمەدەنىيەت جەھەتتە
ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشى ، مۇشۇ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرقى
مەزگىللىرى ۋە 50 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئومۇمىي يۈزلىنىش پەيدا
قىلغانىدى . جۇڭگو كومپارتىيىسى ماۋ زېدۇڭ ۋەكىللىكىدە « ئون چوڭ
مۇناسىۋەت توغرىسىدا » ، « خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتنى توغرا ھەل قىـ
لىش مەسىلىسى توغرىسىدا » قاتارلىق ماقالىلەر ئارقىلىق « ھەممە گۈللەر
تـەكشى ئېچىلىش ، ھەممە ئېقىملار بەس ـ بەستە سايراش » فاڭجېننى
ئوتتۇرىغا قويغانىدى ، بۇ فاڭجېندا ئىنتايىن مۇھىم ، ئېنىق بولغان
ئىسلاھات مەزمۇنلىرى بار ئىدى . ئەمما ، كېيىن مەملىكەت ئىچى ۋە
خـەلقئارادىكى بەزى ۋەقەلەرنىڭ تەسىرى بىلەن بىر ئوبدان باشلانغان
توغرا يۆنىلىشتىن چەتنەپ كەتتۇق . ئوڭچىلارغا قارشى تۇرۇش ھەرىـ
كىتىدىن بۇيان « سول » چىل ئىدىيە تېز تەرەققىي قىلدى . ئاللىبۇرۇن
ھەل بولۇپ بولغان پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى زىدـ
دىـيەت يەنە باشقىدىن جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت دەپ تەكىتـ
لەندى ھەمدە پۈتكۈل سوتسيالىزم تارىخىي باسقۇچىدا باشتىن ـ ئاخىر
ئىزچىللاشتۇرىدىغان ئاساسىي زىددىيەت دەپ مۇبالىغىلاشتۇرۇۋېتىلدى ۋە
مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلدى . پارتىيىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ۋە مەركىزىي
خىزمىتى بولۇشقا تېگىشلىك سوتسيالىستىك ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش بولسا
ئىـككىنچى ئورۇندىكى خىزمەت قىلىپ قويۇلدى . قارىماققا ، بىر مەزگىلـ
لىك ئەمەلىي ئۈنۈمدىن قارىغاندا ، ئىسلاھات ئېقىمىغا بولغان بىر خىل
قارشىلىقتەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمما ماۋ زېدۇڭنىڭ ئىدىيىۋى تەرەققىياتى ۋە
ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىيىتىدىن قارىغاندا ، بۇنداق ھۆكۈم چىقىرىش
ئانچە مۇۋاپىق ئەمەس ھەم قايىل قىلىش كۈچى يېتەرسىز ئىدى .
ماۋ زېدۇڭ قەيسەر ـ جاسارەتلىك ، ئىلگىرىلەش روھىغا باي ئىنـ

www.uyghurkitap.com

قىلاتتى. ئۇ نەتىجىلىرىدىن زادىلا قانائەتلەنگەن ئەمەس، « ئۆزلۈكسىز
ئىنقىلاب قىلىش » ئۇنىڭ دائىملىق يېتەكچى ئىدىيىسى، « تېخىمۇ زور
غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش » ئۇ ئەڭ ياقتۇرىدىغان شوئار. بولۇپمۇ،
سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيىسىنىڭ 20 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن، ئەنئە-
نىۋى سوتسىيالىزم ئەندىزىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى تېخىمۇ كۆپ ئاشكا-
رىلاندى، ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، خۇراپاتلىقنى تۈگىتىپ، رامكىلارنى
بۇزۇپ تاشلاش شوئارىنى ئەڭ بالدۇر ئوتتۇرىغا قويغان ماۋ زېدۇڭ
ھەرگىزمۇ مۇتەئەسسىپ سىياسەتچى ئەمەس. ئەمما، پەلسەپە ئىدىيىسىدە
روھنىڭ ئەكس تەسىرىنى، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ ئەكس تەسىرىنى، ئىش-
لەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئەكس تەسىرىنى بەكلا زىيادە تەكىت-
لىدى؛ « بۇزمىغىچە قۇرغىلى بولمايدۇ »، « بۇزساڭ تۈزەيسەن » دې-
گەننى ھەددىدىن ئارتۇق تەكىتلىدى. نەتىجىدە ئۇ تەشەببۇس قىلغان
ئىسلاھات تۇيۇق يولغا كىرىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئىجتىمائىيلاشقان يىرىك
ئىشلەپچىقىرىشقا بولغان رېئال چۈشەنچىسى ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا
رەھبەرلىك قىلىش تەجرىبىسىنىڭ يېتەرسىزلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەت-
لىك. « چوڭ بېيەكرەپ ئىلگىرىلەش »، گۇڭشېلاشتۇرۇش ھەرىكىتى
مەلۇم مەنىدىن ياكى ماۋ زېدۇڭنىڭ سۇبيېكتىپ ئىدىيىسىدىن ئېيتقاندا،
سوتسىيالىزم قۇرۇش، كوممۇنىزمغا ئۆتۈشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىش
مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان چوڭ سىناق ئىدى. كېيىنكى سىنىپىي كۈ-
رەشنى تۇتقا قىلىش، ھەتتا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى قوز-
غاشلارمۇ « مۇكەممەل »، « ساپ » سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت
سۇبيېكتىپ مەقسەت ئۈچۈن ئىدى. يامان بولغىنى شۇكى، بۇ خىل سى-
ناق ۋە مەقسەتتە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ئۇل تېشىنى ئىشلەپچىقىرىش
كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت پۇختا ماددىي ئاساس ئۈستىگە
قويماستىن، ئەكسىچە خاتا ھالدا « ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھەممىنى
ھەل قىلىدۇ » دېگەننى پىپەن قىلدۇق، بۇ بىزنى تەبىئىيكى تارىخىي ما-
تېرىيالىزمدىن چەتنىتىپ ئىدېيىئالىزمغا ۋە قۇرۇق خىيالغا ئېلىپ كەتتى،
بۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىسى بولسا مۇقەررەر ھالدا بالايىئاپەت ئېلىپ كې-

لەتتى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىقمۇ ــ يوق دېگەن مەسىلە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ھالقىلىق، سىياسەت ۋە ئۇسۇللارنى سىنايدىغان ئاساسىي ئۆلچەم، بۇ ئۆلچەمنى قايرىپ قويۇپ باشقا ئۆلچەملەرنى قوللانساق، خىيالپەرەسلىككە پېتىپ قالىمىز.

سوتسىيالىزم قۇرۇشتا سىنىپىي كۈرەشنى تۈگىتىشكە بولمايدۇ، بۇ غايەت زور بەدەل تۆلەپ ئېرىشكەن چوڭقۇر ساۋاق. ئېكسپىلاتاتور سىنىپ يوقىتىلغاندىن كېيىنمۇ سىنىپىي كۈرەشنى تۈگەتتۇق قىلىشنى تەكىتلەش، سىنىپىي كۈرەش دائىرىسىگە ياتمايدىغان نۇرغۇن ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىمۇ خاتا ھالدا سىنىپىي كۈرەش دەپ قاراپ، خاتا كۈرەش ئۇسۇلىنى قوللىنىشنى، زىددىيەتنى سۈنئىي ھالدا كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىشنى ھەتتا بارا ــ بارا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەك بالايىئاپەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. ئەلۋەتتە، «مەملىكەت ئىچىدىكى ئامىللار ۋە خەلقئارانىڭ تەسىرىدە، سىنىپىي كۈرەش مەلۇم دائىرىدە يۈزلۈن مۇددەت مەۋجۇت بولىدۇ، ئۇ مەلۇم شارائىتتا يەنە كەسكىنلىشىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن.» [10] شۇڭا سوتسىيالىزمنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدا سىنىپىي كۈرەش تۈگەيدۇ دەيدىغان قاراشمۇ خاتا. سىنىپىي كۈرەش پەقەت مەلۇم دائىرىدىلا مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنى ھەرگىزمۇ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا تەشۋىق قىلىنغىنىغا ئوخشاش «ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن زور، ھەممىنىڭ ئالدىدا، ھەممىدىن مۇھىم» ئورۇنغا قويۇشقا، شۇنداقلا «ھەر ۋاقىت، ھەمما ئىشتا، ھەممە يەردە» «سىنىپىي كۈرەشنىڭ يىپگى ھەرىكىتى» نى ئىزدەشكە بولمايدۇ، «پۈتۈن مەملىكەت بويىچە سىنىپىي كۈرەش» ئېلىپ بېرىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. مەلۇم دائىرىدە ئېلىپ بېرىلغان سىنىپىي كۈرەشنىڭ ئۇسۇل ــ چارىسىدە، بۇرۇنقىدەك داغدۇغىلىق سىياسىي ھەرىكەت ئۇسۇلىنى قوللانماستىن، ئاساسلىقى قانۇن ــ تۈزۈم ۋاستىسىنى قوللىنىش ۋە ئۇنىڭغا تايىنىش كېرەك. مۇئەييەن دائىرىدىكى سىنىپىي كۈرەشنىڭ خەلق ئىچىدە ئىنكاسى ۋە تەسىرى بولىدۇ. دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، بۇ ئىنكاس ۋە تەسىرنى سىنىپىي كۈرەش دەپ قاراشقا بولمايدۇ. شۇڭا، خەلق ئىچىدە خالىغانچە سىنىپىي تەھلىل

www.uyghurkitap.com

ئۇسۇلىنى قوللىنىش، قالايمىقان ھالدا سىنىپىي تامغا بېسىش، سىنىپىي كۆرەش شەكلىنى قوللىنىش ئۇسۇللىرى خاتا، بۇنىڭغا يول قويۇشقا بولمايدۇ.

**( 3 ) دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىككە چىڭ تۇرۇپ، ھەرقانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش لازىم**

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ شەخسكە چوقۇنۇش ھادىسىسىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنى توسۇمىغانلىقى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ يۈز بېرىشى ۋە ئون يىلدىن ئارتۇق داۋاملىشىشىنىڭ مۇھىم سەۋەبلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭغا باشقا ئامىللار قوشۇلۇپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە ئامما ئىچىدە ئەسەبىيلەرچە شەخسكە چوقۇنۇش قىزغىنلىقىنى پەيدا قىلىپ، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى ۋە كوللېكتىپ رەھبەرلىك پرىنسىپىنى نابۇت قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە ئۆز داھىيسىنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىش ۋاستىسىدىن مەھرۇم بولۇپ قالدى.

دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمى پارتىيىنىڭ ئاساسىي تەشكىلىي پرىنسىپى. كوللېكتىپ رەھبەرلىك بولسا، دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنىڭ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىكى بىر خىل ئىپادىسى. پرولېتارىيات پارتىيىسى، سوتسىيالىستىك دۆلەت مەركەزلەشتۈرۈپ رەھبەرلىك قىلىشقا موھتاج. ئەمما، بۇ خىل مەركەزلەشتۈرۈش دېموكراتىيە ئاساسىدىكى مەركەزلەشتۈرۈشتۇر. پەقەت كوللېكتىپ رەھبەرلىكتە چىڭ تۇرغاندىلا، توغرا سىياسەت ـ تەدبىر بەلگىلەپ، توغرا فاڭجېننى ئىجرا قىلىپ، خىزمەتتىكى سەۋەنلىكلەردىن ساقلانغىلى ياكى ئۇنى ئازايتقىلى بولىدۇ. ھالبۇكى شەخسكە چوقۇنۇش بولسا كوللېكتىپ رەھبەرلىكنى چىرىتكۈچىدۇر. شەخسكە چوقۇنۇش ئىدېئالىستىك تارىخىي قاراشنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇ داھىينىڭ شەخسىي رولىنى مۇبالىغىلەشتۈرۈۋېتىدۇ، ھەتتا شەخسنى ئىلاھلاشتۇرۇۋېتىدۇ؛ ئۇ شەخسىي بىلەن تەشكىلنىڭ، شەخسىي بىلەن كوللېكتىپنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىپ، داھىينى تەشكىل ۋە كوللېكتىپتىن يۇ-

قىرى ئورۇنغا قويىدۇ ؛ ئۇ داھىي بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بۇر-
مىلايدۇ ، داھىينىڭ ئاممىغا ۋەكىللىك قىلىشىنى ، خەلققە سادىق بولۇ-
شىنى ئەمەس ، بەلكى خەلقنىڭ داھىيغا سادىق بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ .
داھىي خەلق ئاممىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان « ئۇلۇغ نىجادكار » بولۇپ
قالىدۇ . ئۇنىڭ ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى دۆلەتنىڭ گۈللىنىشى ياكى
زاۋاللىققا يۈزلىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپلا قالماي ، مىليونلىغان خەلقنىڭ
ھاياتى ۋە ئـائىـلـىسىنىڭ ھاياتىنى ، بالايىئاپەت ۋە بەخت ـ راھىتىنى ،
غەم ـ قايغۇسى ۋە شاد ـ خۇراملىقىنى بەلگىلەيدۇ . شەخسكە چوقۇنۇش
تازا ئەۋج ئالغاندا داھىيدا مۇتلەق ئىمتىياز بولىدۇ ، ئۇنىڭ ھەربىر جۈملە
سۆزى ھەممە كىشى شەرتسىز ئەمەل قىلىدىغان « ئەڭ ئالىي يوليورۇق »
بولىدۇ . بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ
تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىلىنىش شەكلى .

شەخسكە چوقۇنۇش جۇڭگودا ئۇزاق فېئوداللىق ھۆكۈمران ئەنئ-
ەنىگە ئىگە بولۇپ ، ئۆزىگە ئۆزى ۋەكىللىك قىلالمايدىغان ، پايانسىز
دېڭىز ـ ئوكياندەك ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ چوڭقۇر تەسىرىگە
ئۇچرىغان . بۇ خىل ئەنئەنە ۋە تەسىرگە ، ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلابىي
كـۈرەش داۋامىدا شەكىللەنگەن ھوقۇق ھەددىدىن ئارتۇق مەركەزلىشىش-
تـەك سىياسىي تۈزۈلمە ۋە دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۇزۇن مەزگىل-
گىچە دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشىغا سەل قاراش قوشۇلۇپ ،
شەخسكە ئەسەبىيلەرچە چوقۇنۇش قىزغىنلىقىنى ئۆستۈرىدىغان ئاپەت
يىلتىزىنى كۆمۈپ قالدۇرغان . داھىي غايەت زور غەلىبىلەر ۋە مەدھىيىلەر
ئالدىدا مەغرۇرلىنىپ ، سۇبيېكتىۋىزم خاھىشى ئۆسۈپ ، سوغۇق قان
بولالماي قالغانلىرىدا ، بولۇپمۇ بەزىدە ئېھتىياج تۇپەيلى « ئاز ـ تولا
شەخسكە چوقۇنۇش » لازىم بولۇپ قالغان ، بۇنى جىمجىت قوبۇل قىل-
غـان ، ھەتتا بەزىدە قوللاپ قويغان ، بۇ ھال شەخسكە چوقۇنۇش يالقۇ-
نىنى ئۇلغايتىپ ، مۇكەممەل بولمىغان دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈمنى ،
ئاز ـ تـولا بـار بـولغان ئەقلىي پىكىر قىلىشنىمۇ بىللە كۆيدۈرۈپ كۈل
قىلىپ تاشلىدى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دەل مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ، داھىي يالغۇز چىقارغان مۇھىم سىياسەتلەردىكى سەۋەنلىك ئومۇمىيۈزلۈك بالايىئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ . لىن بياۋ ، جياڭ چىڭلار دەل مۇشۇ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ ، « ئەڭ ئېگىز كۆتۈرۈش ، ئەڭ ياخشى ئۆگىنىش ، ئەڭ يېقىن ئەگىشىش ، ئەڭ جانلىق ئىشلىتىش » بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقتى ، « يېقىن سەپداش » ، « ئەڭ ئالىي يوليورۇق » نى يەتكۈزگۈچى سالاھىيىتى بىلەن ، شەخسكە چوقۇنۇش راسا ئەۋجىگە چىقىپ ھوقۇق پەللىسىگە يەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ ، خالىغانچە ئۆكتەملىك قىلدى ، قىلمىغان ئەسكىلىكلىرى قالمىدى ، دۆلەت ۋە خەلققە غايەت زور زىيان سالدى .

شەخسكە چوقۇنۇش ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقىنىڭ مەھسۇلى ، شۇڭا شەخسكە چوقۇنۇشنى پەيدا قىلىدىغان تۇپراقنى يوقىتىش ، تۈپ نېگىزدىن ئېيتقاندا ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا باغلىق . پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىنىڭ دېموكراتىيىلىشىش دەرىجىسىنىڭ ناھايىتى تۆۋەن بولۇشى ، ھەرخىل تۈزۈملەرنىڭ مۇكەممەل بولماسلىقى ، شەخسكە چوقۇنۇشنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنىڭ مۇھىم شەرتى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دەك تارىخىي پاجىئەنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ، سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىپ ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ، تەشكىلىي ۋە تۈزۈم جەھەتتە تەدبىر قوللىنىپ ، ھەرقانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى توسۇش كېرەك . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ 12 ـ قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان پارتىيە نىزامنامىسىدە « پارتىيە ھەرقانداق شەكىلدىكى شەخسكە چوقۇنۇشنى چەكلەيدۇ . پارتىيە رەھبەرلىرىنىڭ پائالىيىتىنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ نازارەت قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىرگە پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بارلىق رەھبەرلەرنىڭ ئىناۋىتىنى قوغدىشى كېرەك . » دەپ بەلگىلەندى . شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش ماددىسىنىڭ پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلۈشى جۇڭگو كوممۇنىستىك

پارتىيىسى تارىخىدىكى تۇنجى ئىش . بۇ جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل قوبۇل قىلغانلىقىنى ، شەخسكە چوقۇنۇشقا قارشى تۇرۇش پوزىتسىيىسىنىڭ قەتئىيلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . ئەلۋەتتە ، بۇ پرىنسىپ ـ بەلگىلىمىنى يەنە پەيدىنپەي تولۇقلاشقا ۋە بىر قاتار كونكرېت قانۇن ـ بەلگىلىمىلەرنى بېكىتىش ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ .

**( 4 ) سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە بىلەن قانۇن ـ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەككى ، ھەرگىز « ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق » ، « قانۇنسىزلىق قىلىش » نى تەشەببۇس قىلماسلىق كېرەك**

جۇڭگونىڭ ئەسلىدىنلا تولىمۇ ئاجىز بولغان دېموكراتىيە تۈزۈمى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى . « ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق » دېگەن سادا ئاستىدا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ھېچقانداق رولى بولمىغان بىر پارچە قۇرۇق قەغەزگە ئايلىنىپ قالدى . تۈرلۈك قانۇن ـ پەرمانلار بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراپ يوقىلىپ كەتتى ، قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلار قارا ئورگانلار دەپ قارىلىپ پاچاقلاپ تاشلاندى . دۆلەت رەئىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە ، ھۆكۈمەتنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرى خالىغانچە كۈرەشكە تارتىلدى ، قاماپ قويۇلدى . ئۇرۇش ، چېقىش ، بۇلاش ـ ئاختۇرۇشلار ، تۇتۇشلار ئەدەپ كېتىپ پۇقرالارنىڭ ئاساسىي ھوقۇقى ، جىسمانىي ئەركىنلىكى ۋە بىخەتەرلىكى كاپالەتكە ئىگە بولالماي قالدى . بۇ خىل « قانۇنسىزلىق قىلىش » تىن ئىبارەت قالايمىقان ۋەزىيەت پۈتكۈل دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئاپىرىپ قويدى . « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىبارەت بۇ بالايىئاپەتتە كىشىلەر سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىنىڭ يامان ئاقىۋىتىنى بىۋاسىتە تېتىپ كۆردى ، شۇنداقلا دېموكراتىيە بىلەن قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ ئىنتايىن زىچ ئىكەنلىكىنى ھەمدە ئۇنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئىنتايىن مۇھىملىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ يەتتى . پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىيە ۋە سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئە-

مەلگە ئاشماسلىقى ۋە تەرەققىي قىلماسلىقى، دېموكراتىيىنىڭ قانۇنلاشمىغانلىقى، تۈزۈملەشمىگەنلىكى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» يۈز بېرىشىنىڭ شەرتى.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىرى 28 يىل جاپالىق كۈرەش قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن دۆلەت ھاكىمىيىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خاراكتېر جەھەتتە خەلق ئۆز ئىشىغا ئۆزى خوجا بولغان دۆلەتنى قۇردى. كومپارتىيىنىڭ دۆلەت تۇرمۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىنىڭ ئەڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇشىنى قوللاش، مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ۋە سوتسىيالىستىك يېڭى تۇرمۇش بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت. ئەمما بۇ نىشانغا يېتىش ئۈچۈن، قەتئىي بوشاشماستىن مۇكەممەل بولغان بىر يۈرۈش سوتسىيالىستىك دېموكراتىك تۈزۈم ئورنىتىشقا ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، خەلقنىڭ ئۆزىگە ـ ئۆزى خوجا بولۇشىنى تۈزۈملەشتۈرۈشكە، قانۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي بەرپا قىلىش كېرەك. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنىڭ ئاساسىي تەلىپى، خەلقنى تۈرلۈك شەكىللەر ئارقىلىق سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە دۆلەتنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت ئالىي ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇش ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. دېموكراتىيە دېگەن، قانۇنىي تەرتىپ ئىپادىلىگەن كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى بويىچە ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈش دېگەنلىك. كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ ئىرادىسى قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈمنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئاساسى، سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنىڭ ئىپادىسى ۋە كاپالىتى. سوتسىيالىستىك قانۇن ـ تۈزۈم بولمىسا، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيەمۇ بولمايدۇ.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جاھانگىرلىككە ۋە فېئوداللىزمغا قارشى دېموكراتىك ئىنقىلاب قىلغاندا، پارتىيە ئىچىدە بىرقەدەر ياخشى دېموكراتىك ئەنئەنىنى يېتىلدۈردى ۋە تەرەققىي قىلدۇردى ھەمدە كەڭ ئارمىيە خەلققە تەسىر كۆرسەتتى. بۇ دېموكراتىك ئەنئەنىنىڭ مۇقىم قانۇن ـ بەلگىلىمىسى ۋە تەرتىپى بولمىسىمۇ، ئەمما ئەۋج ئېلىپ ئادەتكە ئايلىنىپ قالغانىدى، شۇڭا دۆلەت قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مەملىكىتىمىز سىياسىي تۈزۈمىنىڭ دېموكراتىيىلىشىشىدە خېلى مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغانىدى. دۆلەت قۇرۇلغاندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئاساسىي قانۇن ۋە بىر قاتار پەرمانلار تۇرغۇزۇلدى ھەمدە دۆلەتنىڭ «بارلىق ھوقۇقى خەلققە مەنسۇپ» دېگەن ماددا ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلدى. سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنىڭ تۈرلۈك قۇرۇلۇشلىرى بىر مەزگىل پائال تۈردە مۇقىم ھالدا ئالغا سىلجىدى. ئەپسۇسكى، دېموكراتىيىنىڭ بۇ ئالغا سىلجىش مۇساپىسى بارغانسېرى تەرەققىي قىلغان «سول» چىل ئىدىيىۋى ئېقىم ۋە سىنىپىي كۈرەشنى كېڭەيتىۋېتىشتەك سىياسىي ھەرىكەتلەر تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلاندى. «سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش»، «شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش» قا ئوخشاش قارىماققا مۇقەددەستەك كۆرۈنىدىغان شوئارلار ئاستىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇش پەيدىنپەي ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىگە كەلگەندە بولسا «ئىسيان كۆتۈرۈش يوللۇق»، «قانۇنسىزلىق قىلىش» دېگەنلەر ئاشكارا ھالدا شەرەپلىك ئىش دەپ قارىلىپ، مەدھىيىلەندى، دېموكراتىك قانۇن ـ تۈزۈم بولسا پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى.

ئاچچىق تارىخىي ساۋاق مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنى كۈچەيتىشكە بولغان تونۇشىنى غاتتى. دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم قۇرۇلۇشى تېگىشلىك مۇھىم رۇنغا قويۇلدى. بۇ دەل تارىخىي ساۋاقتا بولغان ئىجابىي قايتا ئويلىنى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

نىڭ ئېيادىسى . ئەلۋەتتە بىز سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشنىڭ ئۇزۇن مەزگىللىك ، مۇشكۇل ۋەزىپە ئىكەنلىكىنىمۇ چۈشىنىشىمىز كېرەك . يۈكسەك ، مۇكەممەل بولغان دېموكراتىيە ۋە قانۇن — تۈزۈم ئوخشاشلا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ مۇكەممەل تەرەققىيات ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ . پۇقرالارنىڭ دېموكراتىيە ئېڭى ، دېموكراتىيە بىلىمى ۋە دېموكراتىيە تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ زۆرۈر شەرتى . بۇلارنى تېزلا ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس . پەقەت مەملىكىتىمىزدىكى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى ئىسلاھات ئارقىلىق ، ئىقتىسادىي ، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ، بولۇپمۇ خەلق مائارىپىنىڭ ئومۇملىششى بىلەن بىرگە پەيدىنپەي ماسلاشتۇرۇپ ئىلگىرىلىتىش كېرەك .

ئەمما ، سوتسىيالىستىك دېموكراتىك سىياسىي قۇرۇلۇشىدا دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇنى ۋە قانۇنلىرى ھەرقانداق ئادەم قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان ، دەخلى — تەرۇز قىلىشقا بولمايدىغان مۇقەددەس ئابرۇيىغا ئىگە قىلىنىشى ، ھەممە پۇقرانىڭ دېموكراتىك ھوقۇقى ھەقىقىي كاپالەتكە ئىگە قىلىنىشى ؛ پارتىيە چوقۇم ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇن دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىشى ، ھەرقانداق دەرىجىدىكى پارتىيە تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ رەھبىرىدە قانۇندىن يۇقىرى تۇرىدىغان ھوقۇق بولماسلىقى ؛ پارتىيە ئىنتىزامى ، دۆلەت قانۇنى ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر بولۇشى ، پارتىيە ئىنتىزامىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان ئالاھىدە پۇقرانىڭ بولۇشىغىمۇ يول قويۇلماسلىقى ؛ ھەرقانداق باھانە — سەۋەبلەر بىلەن ئاساسىي قانۇنغا ۋە قانۇنغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلماسلىقى كېرەك ، ۋە ھاكازالار . بۇ خىل تۈپ خاراكتېرلىك دېموكراتىك پرىنسىپلار ھەرقانداق چاغدا ، ھەرقانداق ئەھۋالدا قەتئىي ئىجرا قىلىنىشى ، « دېموكراتىيە بولمىسا سوتسىيالىزم بولمايدۇ ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش بولمايدۇ » ، « دېموكراتىيىنى تۈزۈمگە ، قانۇنغا ئايلاندۇرۇش كېرەك » ⑪ ، كىشىنى غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان بۇ سىگنال « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ

ساۋىقىنى يەكۈنلەپ چىقىرىلغان ھۆكۈمدۇر .

( 5 ) پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىبارەت بۇ باللايىئاپەت بەزىلەر ئېيتقاندەك ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنىڭ « ۋاقتى ئۆتتى » ، « ئەھمىيىتى تۆگىدى » دېگەننى ئىسپاتلىماستىن ، ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ئۇ بىزنى سەلبىي جەھەتتىن ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا خىلاپلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقى توغرىسىدا تەربىيىگە ئىگە قىلدى . بىزنىڭ مۇشۇنداق باللايىئاپەتكە ئۇچرىشىمىز ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىر مەزگىل نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە تەرەققىياتىغا تېگىشلىك ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكى ۋە ئۇنى توغرا ئىگىلىمىگەنلىكىنىڭ ئاقىۋىتى ، شۇنداقلا ماركسىزملىق سەۋىيىمىزنىڭ يۇقىرى بولمىغانلىقى ئۈچۈن بېرىلگەن جازا .

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى ماۋ زېدۇڭ ئۆزى قوزغىدى ۋە رەھبەرلىك قىلدى . بۇ ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك ، ئۇزۇن مۇددەتلىك « سول » چىل ئېغىر خاتالىقنىڭ ئاساسىي جاۋابكارى ماۋ زېدۇڭ . ئەمما ، ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان « سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش » دېگەن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاشۇ خاتا نەزەرىيىنى ئەينى چاغدا پۈتۈن پارتىيە ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلغان . بەلكىم ئاز ساندىكى كىشىلەر گۇمانلانغاندۇ ، ئەمما پارتىيە ئىچىدە يۇقىرىدىن تۆۋەنگە قەدەر ئۆز گۇمانىنى ياكى سىستېمىلاشقان باشقىچە پىكرىنى ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغانلار يوق بولۇپلا قالماي ، ئاشۇ خاتا نەزەرىيە يۈكسەك باھاغا ۋە كەڭ - كۆلەمدە مەدھىيىلەشكە سازاۋەر بولۇپ ، ماركسىزمنى ئىجادىي ھالدا راۋاجلاندۇرۇدى دەپ ، ئۇنىڭغا ناھايىتى چوڭ ئىززەت - ئىكرام بىلدۇرۇلدى . ماۋ زېدۇڭ ئوتتۇرىغا قويغان « شيۇجېڭجۇيىغا قارشى تۇرۇش ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش » ، « ساپ » ، « مۇكەممەل » بولغان سوتسىيالىزم نىشانىنى قوغلىشىشنىڭ توغرىلىقى-

دىنمۇ ناھايىتى ئاز ساندىكى كىشىلەر گۇمانلانغان . ماۋ زېدۇڭ بىزگە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىپ بەردى ، شۇڭا ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ، چۈشەنچىمىزنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ، ئۇنىڭغا يېقىندىن ئەگىشىشكە تىرىشىشىمىز كېرەك ، دېگەن قاراشلار ئەينى چاغدىكى ئومۇمىي قاراش ئىدى . بەزى « نەزەرىيىچى » لىرىمىز تېخى نۇرغۇن دەلىل - ئىسپاتلار ، شەرھلەر ، ئىزاھلاشلار ئارقىلىق ئاشۇ « سول » چىل نەزەرىيىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلىدى . بۇنى پۈتۈن جۇڭگو كوممۇنىستلىرىنىڭ نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان بىر قېتىملىق ئەڭ ئەمەلىي سىناق دېيىشكە بولاتتى . بۇ سىناقنىڭ نەتىجىسىنى ئەڭ ناچار دېيىش كېرەك ئىدى .

ماۋ زېدۇڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دا ئېغىر خاتالىق ئۆتكۈزگەن چاغلىرىدىمۇ پۈتۈن پارتىيىدىن ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشنى كۆپ قېتىم تەلەپ قىلدى ، ئۇ يەنە ئىزچىل ھالدا ئۆز نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى ماركسىزمدىن كەلگەن ، بۇلار پرولېتارىيات دىكتاتورىسىنى مۇستەھكەملەش ، سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر نەرسە دەپ قارىدى . بۇمۇ ئۇنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى سەۋىيىسىنى ئۆلچەيدىغان بىر قېتىملىق ئۇنۇملۇك سىناق بولدى . ماۋ زېدۇڭنىڭ خاتالىقنى ئالدى بىلەن نەزەرىيە ، تونۇش جەھەتتىكى خاتالىق دېيىشكە بولىدۇ . بۇ خاتالىق ئەمەلىيەتتىكى خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقارغان . ئۇ ماركس ، لېنىنلارنىڭ بەزى تەسەۋۋۇرى ۋە ھۆكۈملىرىنى خاتا چۈشىنىۋالغان ياكى دوگمىلاشتۇرۇۋالغان ، بۇ ماركسىزمغا تۇتقان پوزىتسىيىسىدە مەسىلە چىققانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى ئاشۇ خاتا نەزەرىيىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مۇھىم بىر سەۋەب .

« نەزەرىيە ئاما تەرىپىدىن ئىگىلەنگەندىن كېيىن ، ماددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ » ، ⑫ بۇ ماركسىنىڭ مەشھۇر سۆزى . سوتسىيالىزمنىڭ بىر دۆلەتتىكى غەلىبىسىدىن تەرەققىي قىلىپ كۆپ دۆلەتتە غەلىبە قىلىشى ماركسىزم نەزەرىيىسى ئاما تەرىپىدىن ئىگىلىگەندىن كېيىن ، قۇدرەتلىك

كۆچ ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . ئەمما ،« مەدەنىيەت زور ئىنـ قىلابى » بولسا ئاما خاتا نەزەرىيىنى ئىگىلىسە ، بۇ نەزەرىيىنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا نىسبەتەن غايەت زور ۋەيران قىلغۇچ كۆچ ھاسىل قىلىدىغانلىقىنى سەلبىي جەھەتتىن ئىسپاتلىدى . ئۇن يىللىق بالايىئاپەت « پرولېتارىيات دىكتاتورىسى شارائىتىدا داۋاملىق ئىنقىلاب قىلىش نەزەرىـ يىسى » ۋە ئۇنىڭدىن شاقلاپ چىققان نۇرغۇن خاتا نەزەرىيە ۋە كۆزـ قاراشلارنىڭ يېتەكچىلىكىدە ، ماركسىزمنىڭ ساپلىقىنى قوغداش شوئارى ئاستىدا يۈز بەردى . ئاما خاتا نەزەرىيىنى ئىگىلىگەن شارائىتتا ئاز سانـ دىكى كىشىلەر بەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى خاتالىقنى كۆرۈپ يەتـ سىمۇ ، ئۇ مۇدھىش بورانىنى توسۇشقا قۇربى يەتمەي ، ئۇنىڭ ئاستىدا قالاتتى . مانا بۇ يەنە بىر نۇقتىدىن پارتىيە ئەزالىرى ، كادىرلار ۋە ئاممىـ نىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ ئىنتايىن مۇھىمـ لىقىنى ئىسپاتلىدى .

سوتسىيالىزمغا قەدەم قويغان مەزگىلدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ نەزەرىيە جەھەتتىكى تەييارلىقى ھەقىقەتەن يېتەرسىز . سوتسىيالىزم توغرىسىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتى ئاجىز ئىدى . جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ 8 ـ قۇرۇلتىيى ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇپ ، سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ تۈپ فاڭـ جېن ، سىياسەت ، ئۇسۇل ۋە نۇرغۇن مۇھىم ئىدىيىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئەمما ئاشۇ توغرا ياكى ئاساسەن توغرا نەرسىلەر يەنىمۇ شەرھـ لىنىشكە ، شۇنداقلا ئەمەلىيەت جەريانىدا سىناپ كۆرۈشكە ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئۈلگۈرمەيلا ، بارغانچە كۈچىيىۋاتقان « سول » چىل ئىدىـ يىۋى ئېقىم تەرىپىدىن ئۈزۈپ تاشلاندى ۋە تەدرىجىي ئىنكار قىلىندى . ماركسىزم ئەمەلىيەت جەريانىدا ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدىغان پەن . ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىمۇ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر تەرەققىياتى بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا ، ئاندىن مۇكەممەللىشىدۇ . « بۇ جەرياندا ، ئاۋۋالقىلارنىڭ تارىخىي شارائىتنىڭ چەكلىمىسى بىلەن يەنىلا خىيالپەرەسلىك ئامىللىرى ئارىلىشىپ قالغان ئايرىم ھۆكۈملىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۆرۈپ تاشلاپ ، ماركسىزمنى دوگما ھالەتتە چۈشىنىش ۋە ماركسىزمنىڭ نامىغا قوشۇپ قويغان خاتا كۆزقاراشلارنى بۇزۇپ تاشلاپ ، يېڭى ئەمەلىيەتكە ئاساسەن ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسىنى يېڭى تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈشىمىز لازىم . مانا بۇ جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن يەكۈنلىگەن ساۋاقتىن ماركسىزم مەسىلىلىرىگە قانداق توغرا پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىش توغرىسىدىكى يېڭى تونۇشى .

ماركسىزم ئىلمىي بىلىش قورالى بولغاچقا ، ئۇ ئېچىپ بەرگەن مەيدان ، نۇقتىئىنەزەر ، ئۇسۇلنىڭ مەڭگۈ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەيدۇ . ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش كېرەك ، ئەمما ئۇنى ئۆزگەرمەس نەرسە دەپ قاراشقا بولمايدۇ . ئەمەلىيەت ئۆزلۈكسىز ئالغا سىلجىيدۇ ، دەۋر ئىلگىرىلەيدۇ ، دەۋر روھىنىڭ ئىلمىي جەۋھىرى بولغان ماركسىزممۇ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ . ماركسىزمدا چىڭ تۇرۇش ماركسىزمنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتى . ئەگەر ماركسىزمنىڭ تۈپ پرىنسىپىدا قەتئىي چىڭ تۇرماي ، ئۇنى راۋاجلاندۇرىمىز دېيىش قۇرۇق گەپ بولماي نېمە ! قەتئىي چىڭ تۇرۇش داۋامىدا تەرەققىي قىلدۇرۇش ، تەرەققىي قىلىش داۋامىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇشلا ماركسىزمغا تۇتقان توغرا پوزىتسىيىدۇر .

جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ يەتمىش يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرگەندىلا ، ئاندىن ناھايىتى مۇرەككەپ رېئاللىق ۋە كۈرەشلەردە پۈتۈن ۋەزىيەتنى تېزگىنلەپ ، تەشەببۇسكارلىققا ئىگە بولالايمىز ؛ ئاندىن ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە تېخىمۇ چىڭ تۇرۇپ ، « سول » چىل ياكى « ئوڭ » چىل خاتالىق ئۆتكۈزۈشتىن ساقلىنالايمىز ؛ ئاندىن ئامما ياراتقان يېڭى تەجرىبىلەرنى ئۆزلۈكسىز يەكۈنلەپ ، نەزەرىيىۋى ئومۇملاشتۇرۇشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ۋە ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىشنى غەلىبىلىك ھالدا ئالغا

سىلجىتەلەيمىز . » بۇ ئابزاس سۆز پۈتۈن پارتىيىنىڭ ماركسىزملىق نەزەرىيە سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى توغرىسىدىكى چوڭقۇر بايان، شۇنداقلا تارىخىي تەجرىبە ـ ساۋاقنىڭ ئىلمىي يەكۈنى .

## 4 . تارىخنىڭ تۆلىمى

« مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ قىسقىچە تارىخى بولغان بۇ كىتابتا « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ يۈز بېرىش سەۋەبى تەھلىل قىلىندى . ئون يىللىق پۈتۈن جەريان بايان قىلىندى ، بەزى مۇھىم تارىخىي ۋەقەلەر نۇقتىلىق تەتقىق قىلىندى ھەمدە ئۇنىڭغا بولغان باھا يەكۈنلەشكە تېگىشلىك تەجرىبە ـ ساۋاقلارمۇ بايان قىلىندى . قەلەمنى مۇشۇ يەردە توختاتماقچىمىز . لېكىن ، تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن بىزگە يەنە دەيدىغان گەپلەر تولۇق دېيىلمىگەندەك بىلىنىپ ، بەزى تەرەپلەر كەمدەك تۇيۇلدى . ئۇنداقتا نېمە كەمدۇ ؟ ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ، يۇقىرىدا ئېيتىلغانلارنىڭ پەقەت « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » نىڭ تارىخىلا ئىكەنلىكىنى ، ئۇنى تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ يىراق نۇقتىدىن كۆزىتىپ ، تەھلىل قىلمىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق . تۆۋەندە بىز مۇشۇ بىرنەچچە نۇقتىدىن ئۆز كۆزقاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمىز :

**( 1 ) ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ھەرقانداق بىر يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈم ئۆگىنىشسىزلىق ۋە مەغلۇبىيەتنى باشتىن كەچۈرمەي تۇرۇپ بەرپا بولغان ئەمەس**

لېنىن مۇنداق ئىككى جۈملە سۆزنى ناھايىتى جايىدا ئېيتقان : « تارىختىكى يېڭى بىر خىل ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى نۇرغۇنلىغان مەغلۇبىيەت ، خاتالىق ۋە چاتاقلارنى باشتىن كەچۈرمەي بىردىنلا بەرپا قىلىنغانمۇ ؟ روسىيىدە يانچىلىق تۈزۈمى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىنمۇ يېرىم ئەسىرگىچە يېزىلاردا يەنىلا نۇرغۇنلىغان يانچىلىق تۈزۈمىنىڭ قالدۇقلىرى بار ئىدى . ئامېرىكا نېگىرلارنى قۇل قىلىش تۈزۈمىنى بىكار قىلغاندىن كېيىنكى يېرىم ئەسىرگىچە ئۇ يەردىكى نېگىرلار يەنىلا يېرىم قۇللۇق ھا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لىتىدە تۇرغانىدى . » ⑬ « دۇنيا تارىخىنى ئوكۇشلۇق ئالغا قاراپ راۋاج-
لىنىدۇ ، بەزىدە زادىلا ئارقىغا چېكىنمەيدۇ دەپ تەسەۋۋۇر قىلىش دىئا-
لېكتىكا ئەمەس ، ئىلمىيلىكى يوق ، نەزەرىيە جەھەتتىنمۇ توغرا
ئەمەس . » ⑭

دۇنيا تارىخىنىڭ تەرەققىياتى ھەقىقەتەن شۇنداق . بىز غەرب
كاپىتالىزم تۈزۈمىنىڭ بەرپا قىلىنىش تارىخىغا قاراپ باقايلى ، ئەنگلىيە
بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى نىسبەتەن بۇرۇن باشلانغان ، تەسىرى بىرقەدەر
زور بولغان بىر قېتىملىق ئىنقىلاب . بۇ ئىنقىلاب 1640 ـ يىلى باشلانغان ،
لېكىن پادىشاھنى ئاغدۇرغاندىن كېيىن ، كروموۋېلنىڭ مۇستەبىت ھۆ-
كۈمرانلىقى مەيدانغا كەلدى ، 1660 ـ يىلىغا كەلگەندە كونا خاندانلىق
قايتىدىن تىرىلدى ، 1688 ـ يىلىغا كەلگەندىلا بۇرژۇئا سىياسىي پارتىد-
يىسى سىياسىي ئۆزگىرىش قىلىش ئۇسۇلى بىلەن گوللاندىيىدىن كەل-
گەن گوللاندىيە قۇرۇلۇق ، دېڭىز ئارمىيىسىنى باشلاپ كەلگەن پادى-
شاھنى كۆتۈۋالدى ، شۇنىڭدىن باشلاپ بۈگۈنگىچە داۋاملىشىۋاتقان پا-
دىشاھلىق سىياسىي تۈزۈلمىنى ئاساسىي جەھەتتىن بەرپا قىلىپ ، كاپىتا-
لىزم تۈزۈمىنى مۇقىملاشتۇردى ، بۇنىڭغا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 48
يىل ۋاقىت كەتتى . يەنە فىرانسىيەنى مىسالغا ئالىدىغان بولساق ، تارىخ-
تىكى « زور ئىنقىلاب » 1789 ـ يىلدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابىنى كۆرسى-
تىدۇ ، بۇ ئىنقىلابنى غەرب ئەللىرىدىكى بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابلىرى ئىچى-
دىكى ئەڭ ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنقىلاب دېيىشكە بولىدۇ . لېكىن ، بۇ ئىن-
قىلاب كەلتۈرۈپ چىقارغان ئىجتىمائىي دولغۇنمۇ ئەڭ زور بولغان . ئىن-
قىلابتىن كېيىن ئىلغارلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىك ، جۇمھۇرىيەتچىلەر بى-
لەن پادىشاھلىق ، ئىچكى ئۇرۇش بىلەن تاشقى ئۇرۇش ، چەت ئەللەرنى
بويسۇندۇرۇش بىلەن چەت ئەلگە تەسلىم بولۇش ، ئىنقىلابىي تېررورلۇق
بىلەن ئەكسىلئىنقىلابىي تېررورلۇق ئۆزئارا گىرەلىشىپ كەتكەن . 1875 ـ
يىلى فىرانسىيە 3 ـ جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىنلا كاپىتالىزم تۈزۈمى
بىرقەدەر مۇقىم تەرەققىي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن . بۇنىڭغا ئىل-

گىرى ـ كېيىن بولۇپ 86 يىل ۋاقىت كەتكەن ، بۇنىڭدىن باشقا دۆلەت-
لەرنى بىرمۇ بىر مىسالغا كەلتۈرمىسەكمۇ بولىدۇ .
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 1949 ـ يىلى قۇرۇلۇپ ، 1966 ـ يىلى
« مەدەنىيەت زور ئىـــنقىلابى » بولغانغا قەدەر پەقەت 17 يىل ئۆتكەن ،
پرولېتارىيات ( ئۆزىنىڭ سىياسىي پارتىيىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-
تىيىسى ئارقىلىق ) دۆلەتنى ئىدارە قىلىشتەك ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە
ئالغان ۋاقتى ئىنتايىن قىسقا ، تەييارلىقمۇ يېتەرسىز ، تەجرىبىسى كەمچىل
بولغاچقا ھېچقانداق خاتالىق ئۆتكۈزمەسلىكى ، ئوڭۇشسىزلىق ۋە مەغلۇ-
بىيەتنى باشتىن كەچۈرمەسلىكى زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ ھەر-
گىزمۇ « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دەك ئومۇمىي ۋەزىيەت خاراكتېرلىك
« سول » چىل ئېغىر خاتالىقنى ئۆتكۈزۈش كېرەك دېگەنلىك ئەمەس .
چۈنكى ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتى ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتى نۇق-
تىسىدىن قارىغاندا ، ھەرقانداق دۆلەت سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا
قىـلغاندىن كېيىن جۇڭگوغا ئوخشاش « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » ئې-
لىپ بېرىشى ناتايىن ، ئۇ تارىخىي مۇقەررەرلىك ئەمەس . لېكىن ، بىر
خىل يېڭى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىشنىڭ قىيىنلىق نۇقتىسىدىن
قـارىغاندا ، خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلىنىشمۇ ھەقىقەتەن تەس . يەنە
كېلىپ بىز كوممۇنىزم تۈزۈمنى بەرپا قىلىدىغان تۇرساق ، تارىختىكى
نەچچە قېتىملىق ئىنقىلابقا سېلىشتۇرغاندا بۇ ھەم تەس ، ھەم قىيىن .
بۇرژۇئازىيە ئىنقىلابى بىر خىل يېڭى ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى يەنە بىر
خـىل كونا ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ ئورنىنى بېسىشتىنلا ئىبارەت
خالاس . شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇ يەنە نۇرغۇنلىغان مەغلۇبىيەت ۋە ئو-
ڭۇشسىزلىققا ئۇچرايدۇ ، ئۇنىڭ ئەكسىچە بىزنىڭ ئىنقىلابىمىز ئېكسپىلا-
تـاتسىيە تۈزۈمنى تۈپ يىلتىزىدىن يوقىتىپ ، ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمى-
غان ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسى خوجا بولىدىغان ، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق
بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈمنى بەرپا قىلىدىغان تۇر-
ساق ، قانداقمۇ ئەگرى ـ توقايلىقنى باشتىن كەچۈرمەي ، ئوڭۇشلۇق
بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولسۇن . بۇ ھەقتە يەنىلا لېنىن ياخشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئېيتقان : « ئىشچىلار ۋە دېھقانلار مۇشۇنداق بەزى خاتالىقلار ئارقىلىقلا يېڭى تۈرمۇش قۇرۇشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ . كاپىتالىستلارنى ئىشلەتمەي ئۆزى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالالايدۇ ، مىڭلىغان مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ غا- لىب سوتسىيالىزم يولىنى تاپالايدۇ . » ⑮

**( 2 ) تارىخىي بالايىئاپەت دائىم تارىخىي تەرەققىياتقا تۆرتكە بولىدۇ**

ئېنگېلس بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن :« ھەرقانداق بىر زور تارىخىي بالايىئاپەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتقا تۆرتكە بولمىغىنى يوق . » ⑯بۇ دۇنيا تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتى ، جۇڭ- گومۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ، « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » بىر قېتىملىق غايەت زور تارىخىي ئاپەت . پارتىيە 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 – ئومۇمىي يىغىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇ- لۇش ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئون يىلدا قولغا كەلتۈرگەن پۈتۈن جاھان ئېتىراپ قىلغان شانلىق قۇرۇلۇش نەتىجىلىرى دەل ئاشۇ تۆرتكىدىن كې- يىنكى تەرەققىياتنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدۇ .

1976 – يىلى « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » تارمار قىلىنغاندىن كې- يىنكى ئىككى يىلدا ئاساسلىق جەھەتلەردە يەنىلا « مەدەنىيەت زور ئىن- قىلابى » نىڭ خاتا نەزەرىيىسى ۋە شوئارىدا چىڭ تۇردۇق ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەر يەنىلا ئارىسالدا بولۇش ھالىتىدە تۇرىۋەردى . لېكىن ، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ يۈزلىنىشىگە قارشى تۇرغىلى بولمايدۇ . يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ئىرادىسى ۋە تەلىپى ئاخىرى ئەمەلگە ئاشىدۇ . 1978 – يىلى دېكابىردا چاقىرىلغان جۇڭگو كومپارتىيىسى 11 – نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 – ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئۇلۇغ تارىخىي تۆھپىسى شۇ يەردىكى بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن ئۇزاقتىن بۇيان چۇ- شەپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر « سول » چىل خاتالىقنىڭ ئاسارىتىنى بۇزۇپ تاشلاپ ، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى توغرىلىدى ، ماركسىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەن ، سىياسىي لۇشيەن ۋە تەشكىلىي لۇش- يەننى يېڭىۋاشتىن تىكلىدى . بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىندا قالايمىقانچى-

لىقلارنى ئوڭشاش ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ، يېزا ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە غايەت زور تارىخىي رول ئوينىدى . ئۇ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان پارتىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىدا چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش بولغانلىقىدىن دېرەك بەردى .

بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك ئىدىيىسىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان دوگماتىزم ۋە شەخسكە چوقۇنۇشتەك كىشەننى قەتئىي بۇزۇپ تاشلاپ ، دىئالېكتىكىلىق ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىۋى لۇشيەننى قايتىدىن تىكلىدى . ئومۇمىي يىغىن « ئىككى ئومۇمەن » (« ئومۇمەن ماۋجۇشى قارار قىلغانلىكى ئىشنى بىز قەتئىي ھىمايە قىلىشىمىز لازىم ، ئومۇمەن ماۋجۇشىنىڭ يوليورۇقى بولسىلا بىز تولۇق ئەمەل قىلىشىمىز لازىم ») دېن ئىبارەت خاتا فاڭجېننى قاتتىق تەنقىد قىلىپ ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇزاكىرىگە يۇقىرى باھا بەردى . بىر پارتىيە ، بىر دۆلەت ، بىر مىللەت ، ئەگەر ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىپ ، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالسا ئۇ ئالغا باسالمايدۇ ، ھاياتىي كۈچىمۇ توختايدۇ ، پارتىيىمۇ ، دۆلەتمۇ ھالاك بولىدۇ ، دەپ ھېسابلىدۇ . مۇشۇنداق تونۇشلارنىڭ بولۇشى ئىدىيىۋى لۇشيەننىڭ توغرىلانغانلىقىنى ئىپادىلەپ بەردى ، بۇ ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەرنىڭ تەرەققىياتىغا چوڭقۇر ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك تەسىر كۆرسەتتى .

پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى « سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش » شوئارىنى ئىشلىتىشنى كەسكىن ھالدا توختاتتى ، خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يۆتكەشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك قارارنى چىقاردى . شۇنىڭدىن باشلاپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش پۈتۈن پارتىيە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ تەۋرەنمەس مەركىزىي ۋەزىپىسىگە ئايلاندى . بۇ تارىخ تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى بىلەن خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈردى . خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلدى . خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى يۆتكەشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن بۇ قېتىمقى يىغىن پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھەرقايسى خىزمەتلىرىنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت تا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

رىخىي ۋەزىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى . ئومۇمىي يىغىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى : « تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، نۇرغۇنلىغان جەھەتلەردە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ماسلىشالماي قالغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئۈستقۇرۇلمىنىمۇ ئۆزگەرتىشنى ، بارلىق نامۇۋاپىق باشقۇرۇش ئۇسۇلى ، پائالىيەت ئۇسۇلى ۋە ئىدىيىۋى ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ بىر كەڭ ، چوڭقۇر ئىنقىلاب . »

ئومۇمىي يىغىن سوتسىيالىستىك دېموكراتىيىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش ۋەزىپىسىنى مۇزاكىرە قىلدى ۋە نۇقتىلىق ئوتتۇرىغا قويدى . جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن پارتىيىنىڭ دېموكراتىيە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، پارتىيىگە ئائىت قانۇن ـ نىزاملارنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ، پارتىيە ئىنتىزامىنى چىڭىتىش ، مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كوللېكتىپ رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش قارار قىلىندى . شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا « پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشقا دائىر بىر قانچە مىزان » نى ماقۇللاپ ، پارتىيە ئىچىدىكى تۇرمۇشتا ۋە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى رىئايە قىلىدىغان نىزام قىلىندى .

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى ، بۇ قېتىمقى ئومۇمىي يىغىن « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىكى خاتالىقلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ، ئەستايىدىل كۆزىتىشنىڭ باشلىنىشى ، قالايمىقانچىلىقلارنى ئوڭشاش خىزمىتىنىڭ قانات يېيىشى ۋە ئەمەلىيەت ھەقىقەتنى سىناشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى نۇقتىئىنەزىرىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا ئەگىشىپ ، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 30 نەچچە يىلدىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي جەھەتلەردىكى تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەش ، خەلقئارا تەجرىبە ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىنى تەتقىق

قىلىش ئاساسىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئاچتى. بۇ ماركسىزمنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنىڭ يەنە بىر تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلگىرىلىشى. بۇ تارىخ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دىن بىر مەيدان بالايىئاپەت ئۈچۈن بەرگەن ئەڭ چوڭ تۆلەم.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ مۇنۇ بىر جۈملە سۆزى بۇ خىل تارىخىي تەرەققىياتنىڭ ئىلگىرى ـ كېيىن باغلىنىشلىق مۇناسىۋىتىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇ مۇنداق دېگەنىدى: «بىز ھازىر ئىسلاھات ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، ئىسلاھاتىمىز نېمە ئۈچۈن شۇنچە كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، بىز ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› نىڭ ساۋاقلىرىغا ئىگىمىز»، «بىز ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يولغا قويدۇق. بۇنىڭدا ھەممەيلەننىڭ پىكرى بىر يەردىن چىقتى. بۇ تۆھپە ئۇن يىللىق مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىغا مەنسۇپ. بۇ بالايىئاپەتنىڭ ساۋاقلىرى ناھايىتى چوڭقۇر.» ⑰

**(3) تارىخىي تۆلەمنىڭ ئەڭ زور تۆھپىسى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى تېپىۋالغانلىقىمىز بولدى**

«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى بىر يېرىم ئەسىرگە يېقىن تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى پرولېتارىيات ۋە ئۇنىڭ سىياسىي پارتىيىسى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، كونا ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇش ۋە يېڭى ھاكىمىيەتنى تىكلەش ئىقتىدارىغا ئىگە. لېكىن، ھاكىمىيەتنى تارتىۋالغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىدە غايەت زور نەتىجە ۋە قىممەتلىك تەجرىبىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ مەسىلە ئۆزۈنىچە تۈپتىن ھەل بولماي كەلگەنىدى. بۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشى ۋە شەرقىي ياۋروپادىكى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردە ئۆزگىرىش بولۇشىدىكى تۈپ سەۋەبنىڭ بىرى. جۇڭگو كومپارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى جۇڭگونىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەش-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۇرۇش توغرا يولىنىشىدە چىڭ تۇرۇپ ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەمەلىي تەجرى-
بىلىرىنى ئۈزلۈكسىز يەكۈنلەپ ، خەلقئارادىكى تەجرىبە - ساۋاقلارنى
ئەينەك قىلىپ ، تەدرىجىي ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرى-
يىسىنى شەكىللەندۈردى . بۇ نەزەرىيە تۈنجى بولۇپ جۇڭگوغا ئوخشاش
ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە ئارقىدا قالغان ئەلدە سوتسىيالىزمنى
قانداق قۇرۇش ، ئۇنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش قاتار-
لىق بىر قاتار مەسىلىلەرگە بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قە-
دەمدە جاۋاب بەردى . يېڭى ئىدىيە ۋە قاراش ئارقىلىق ماركسىزمغا ۋا-
رىسلىق قىلدى ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇردى .

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماركسىزم - لېنى-
نىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرى بىلەن ھازىرقى زامان جۇڭگو ئەمەلىيىتى
ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بو-
لۇپ ، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى ، پۈتۈن پارتىيە ، پۈ-
تۈن مەملىكەت خەلقى كوللېكتىپ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى ،
جۇڭگو كومپارتىيىسى ۋە جۇڭگو خەلقى ئەڭ قەدىرلەيدىغان مەنىۋى باي-
لىق . دېڭ شياۋپىڭ ئەمەلىيەتكە ھۆرمەت قىلىپ ، دەۋرنىڭ تەرەققىيات
يۈرۈشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئىگىلىدى . ئۇ ئاممىنىڭ تەجرىبە ۋە ئى-
جادچانلىقىنى يەكۈنلەشكە ماھىر بولدى . ئۇ ھەم ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق
قىلىپ ، ھەم كونا ، قاتمال نەرسىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ ، جۇڭگوچە
سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ يېڭى يولىنى ئېچىشتا غايەت زور سىياسىي جا-
سارىتىنى ۋە ماركسىزمنى يېڭى تەرەققىياتقا ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت غايەت
زور نەزەرىيىۋى جۈرئىتىنى نامايان قىلىپ ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم
قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك زور
تۆھپە ياراتتى .

بۇ خىل يېڭى نەزەرىيە سىستېمىسى بىلەن توغرا يولنىڭ بەرپا
قىلىنىشى ، ئىشلىرىمىزنىڭ تۈرلۈك خېيىمخەتەرلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداش-
لىق بېرىپ ، نىشانىمىزغا ئوڭۇشلۇق يېتىشىمىزنىڭ ئىشەنچلىك كاپالىتى ،
شۇنداقلا خەلقئارادا كوممۇنىزم ھەرىكىتىگە قوشۇلغان ئەڭ قىممەتلىك

تۆهپە . ئۇ ئېلىمىزنىڭ سىياسىي ، مەدەنىيەت تۇرمۇشى ۋە ئىقتىسادىي
قۇرۇلۇشىنىڭ هەر قايسى ساهەلىرىگە ئۇزاق مۇددەتلىك كەڭ تەسىر
كۆرسەتتى .

جۇڭگو خەلقى « مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى » دىن ئىبارەت بۇ بىر
مەيدان بالايىئاپەتتىن ۋە ئۇ ئېلىپ كەلگەن قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلدى . 17
يىللىق ئەمەلىيەت جۇڭگو كومپارتىيىسى 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كو-
مىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئاچقان يولنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتـ
لىدى . گەرچە ئىلگىرىلەش يولىمىزدا يەنە قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ ـ خەـ
تەرلەر بولسىمۇ ، رېئال ئىجتىمائىي تۇرمۇش كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ كەتـ
مىسىمۇ ، لېكىن پارلاق يول ئېچىلدى . 40 نەچچە يىللىق ئىجابىي ۋە
سەلبىي جەهەتلەردىكى تەجرىبىلەر بايلىققا ئايلاندى ، جۇڭگونىڭ سوتـ
سىيالىستىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى چەكسىز پارلاق بولىدۇ .

ئىزاهاتلار

① « ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى ». 4 ـ توم ، 735 ـ بەت .

② « جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن
بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى » دىن .

③ « لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى » 2 ـ توم ، 441 ـ بەت .

④ « تارىخنىڭ سورىقى » ئاممىا نەشرىياتى 1981 ـ يىل نەشرى ، خەنـ
زۇچە ، 37 ـ بەت .

⑤ « سادىقلىق ئۇسسۇلى » ، « سادىقلىق ناخشىسى » ، « ئۆزۈڭدە گىمـ
ناستىكسى » دېگەنلەر لىن بياۋ ، جياڭ چىڭ ، كاڭ شېڭ قاتارلىقلار « مەدەنىـ
يەت زور ئىنقىلابى » دا ماۋ زېدۇڭغا شەخسكە چوقۇنۇشنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ،
ئۆزلىرىنىڭ باشقىلارغا ئېيتقىلى بولمايدىغان مۇددىئاسىغا يېتىش ئۈچۈن قوزغىغان
فېئوداللىق تۈس ئالغان ئاممىۋى پائالىيەت . تۆۋەندە سۆزلىنىدىغان « ئەتىگەندە
يولىيورۇق سوراش » ، « كەچتە دوكلات قىلىش » دېگەنلەرمۇ مۇشۇنداق خاراكـ
تېردىكى ئىشلار بولۇپ ، شۇ چاغدا ئومۇمىيۈزلۈك مەجبۇرلاش خاراكتېرىدە ئىدى .

⑥ « ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » ، 1 ـ توم ، خەنزۇچە
نەشرى، 501 ـ بەت .

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

⑦ « جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى »
⑧ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » 2 ـ توم ، 555 ـ بەت .
⑨ « ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » 4 ـ توم ، خەنزۇچە نەشرى 285 ـ بەت .
⑩ « جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى پارتىيە تارىخىغا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قارارى ».
⑪ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » ، 2 ـ توم ، 362 ، 312 ـ بەتلەر .
⑫ « ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » 1 ـ توم ، خەنزۇچە نەشرى ، 9 ـ بەت .
⑬ لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى » ، 4 ـ توم ، خەنزۇچە نەشرى ، 14 ـ بەت .
⑭ « لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى » 2 ـ توم ، خەنزۇچە نەشرى 85 ـ بەت .
⑮ « لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى » 3 ـ توم ، خەنزۇچە نەشرى ، 581 ـ بەت .
⑯ « لېنىن تاللانما ئەسەرلىرى » 30 ـ توم خەنزۇچە نەشرى 596 ـ بەت .
⑰ « ماركس ـ ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى » ، 39 ـ توم ، خەنزۇچە نەشرى ، 149 ـ بەت .
⑱ « دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما » ، 3 ـ توم ، 545 ـ ، 547 ـ بەتلەر .

بۇ كىتاب جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى پارتىيە تارىخى نەشـ
رىـياتىنىڭ 1996 ـ يىل 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى ، 1996 ـ يىل 7 ـ ئاي بېيـ
جىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .
本书根据中共党史出版社1996年7月第1版1996年7月北京第1次印刷本翻译出版。

مەسئۇل مۇھەررىرى : ئابلىمىت ئىمىن
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى : ليۇ كەنخەي
مەسئۇل كوررېكتورى : ئۆمەرجان

« مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دىكى سىرلار
ئاپتورى : شى شۇەن ، جىن چۇنمىڭ
تەرجىمە قىلغۇچى : دىلشات سۇلتان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى كومپيۇتېر بۆلۈمىدە تىزىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 850×1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى : 18.625 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 1 — 3,000
ISBN7—228—05810—0/D · 650
باھاسى : 22.00 يۈەن